# ئۇسمۇر ساھابىلەر

دوكتور ھىلال قارا - ئابدۇللاھ قارا

ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى

NESİL

由 扫描全能王 扫描创建

# مۇندەرىجە

## بىرىنچى بۆلۈم: ئىلىم يولباشچىلىرى


ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ........................ 11

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ............................ 73

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ........................... 136

ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ............................ 179

زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ............................. 225


## ئىككىنچى بۆلۈم: ئالىملار


سەمۇرە ئىبنى جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ............................ 283

جابىر ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ.............................. 293

مىسۋەر ئىبنى مەھرەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ.......................... 302

رافىئ ئىبنى ھۇدەيج رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ.............................. 323

زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ............................. 336

سەئىد ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ............................... 356


## ئۈچىنچى بۆلۈم: بۆلۈم پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھىمايىسىدىكى باللار ۋە يېقىن تۇغقانلىرى


ئابدۇللاھ، ئەۋن ۋە مۇھەممەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم.................. 381

بەشىر ئىبنى ئەقرەبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ.............................. 393




由 扫描全能王 扫描创建

مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ........................ 397
ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ........................ 400
تەمام ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ........................ 414
كۇسەم ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ........................ 416
جەئدە ئىبنى ھۇبەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ........................ 420
تۇلەيب ئىبنى ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ........................ 425

## تۆتىنچى بۆلۈم: مەشھۇر ساھابىلەرنىڭ پەرزەنتلىرى

ئاسىم ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ........................ 437
ئابدۇرراھمان ئىبنى خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ........................ 444
مۇھاجىر ئىبنى خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ........................ 449
ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇتبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ........................ 450
ئۇمەير ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ........................ 453
ئەۋف، مۇئاز ۋە مۇئەۋۋىز قېرىنداشلار (ر. ئەنھۇم) ........................ 457
مۇھەممەد ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ........................ 465
مۇھەممەد ئىبنى تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ........................ 468
ئەمرۇ ئىبنى ھەزم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ........................ 473
مۇھەممەد ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ........................ 479
مۇھەممەد ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ........................ 485
ئابدۇللاھ ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ........................ 487
ئەيمەن ئىبنى خورەيم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ........................ 488
مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ........................ 491
يۇسۇف ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ........................ 493
ئابدۇللاھ ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ........................ 498



由 扫描全能王 扫描创建

ئابدۇللاھ ئىبنى ھىشام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ........................ 501
ئابدۇللاھ ئىبنى سەئلەبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ........................ 504
ئابدۇللاھ ئىبنى شەدداد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ........................ 507
ئەرابە ئىبنى ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ........................ 512
ھەبەشلىك ئەسلەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ........................ 514
ھەبىب ئىبنى مەسلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ........................ 517
ھارىسە ئىبنى سۇراقە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ........................ 529
ئىياس ئىبنى مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ........................ 534
مۇھەممەد ئىبنى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ........................ 540
مۇھەممەد ۋە ھارىس ئىبنى خاتىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم ........................ 544
مەھمۇد ئىبنى لەبىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ........................ 548
مەھمۇد ئىبنى رەبىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ........................ 551
مۇجەممىئ ۋە زەيد ئىبنى جارىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم ........................ 552
سەئىد ئىبنى بۇجەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ........................ 556
سائىب ئىبنى يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ........................ 559
ئۆمەير ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ........................ 568
ئۇتبە ئىبنى ئەبد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ........................ 579
ئۇسەيد ۋە ئەنەس ئىبنى زۇھەير ئاكا - ئۇكىلار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم ........................ 583



由 扫描全能王 扫描创建

## بىرىنچى بۆلۈم

# ئىلىم يولباشچىلىرى

由 扫描全能王 扫描创建

## «تەرجۇمانۇل قۇرئان»

# ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تاغىسى ئابباس بىلەن لۇبابە بىنتى ھارىسنىڭ ئوغلى بولۇپ، مەككىنىڭ قول - ئىلكىدە بار كىشىلىردىن بىرى بولغان ئاتىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن پەقەت بىر قانچە ياشلا چوڭ ئىدى. ئۇلار تاغا - جىيەندەك ئەمەس، بەلكى دوستلاردەك چوڭ بولغانىدى. رەسۇلۇللاھ ئىسلام دەۋىتىنى باشلىغان ۋاقىتتا، ھەزرىتى ئابباس كۆرۈنۈشتە ئۆز دىنىنى تاشلىمىغان بولسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئىزچىل ھالدا قوللاپ ۋە ھىمايە قىلىپ كەلدى.

تۇنجى پەرزەنتىنىڭ ئىسمى فازىل بولغانلىقى ئۈچۈن، ئانىسى «ئۇممۇ فازىل (فازىلنىڭ ئانىسى)» دەپ چاقىرىلىدىغان بولدى. تۇنجى مۇسۇلمان بولغانلار ئارىسىدىن ئورۇن ئالغان ئانىسى ھەزرىتى خەدىجەدىن كېيىنلا ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ، مەڭگۈلۈك بەخت - سائادەتكە ئېرىشتى.[1]

رەسۇلۇللاھنىڭ ئەبۇ لەھەبتىن باشقا تۇغقانلىرى مۇسۇلمان بولسۇن ياكى بولمىسۇن، ھەممىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يار - يۆلەك بولدى. بۇ سەۋەبتىن مۇسۇلمانلار مۇھاسىرىگە ئېلىنغاندا، ھەزرىتى ئابباس ۋە ئائىلىسىمۇ مۇھاسىرىگە ئېلىندى. ئۈچ يىل بويىچە ئەسىرلەر لاگېرىدا ياشىغاندەكلا، ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇق ئىچىدە چىدىغۇسىز ئازابلارنى چەكتى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس بۇ لاگېردا ئانا رەھمىگە چۈشۈپ، مۇسۇلمانلارنىڭ

(1) ئىبنى سەئد: تەباقات، 8/277

چېھرىگە بىر ئاز بولسىمۇ تەبەسسۇم بېغىشلىدى. ئۇنىڭ دۇنياغا كېلىشىمۇ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن يېڭى ئۈمىد بولدى.

مۇھاسىرە ئىچىدە ئىگراۋاتقان شۇ پەيتلەردە، رەسۇلۇللاھنىڭ ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسقا خۇشخەۋەر بېرىپ: «ئاللاھ تائالا بىر بالا ئارقىلىق يۈزىمىزنى يورۇقلۇققا چىقىرىدىغاندەك قىلىدۇ» دېدى.

ئىنتايىن خۇشال ھالدا ئۆيىگە كەلگەن ھەزرىتى ئابباس پەيغەمبىرىمىز-نىڭ خۇشخەۋىرىنى ئايالىغا سۆزلەپ بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ خۇشخەۋەرنى ئۇنىڭ ئايالىغىمۇ ئېيتىپ بەرگەنىدى. بۇ خۇشخەۋەردىن ناھايىتى سۆيۈنگەن ئايالى ئۇ گۈزەل لەھزىلەرنى مۇنداق ھېكايە قىلىپ بېرىدۇ:

رەسۇلۇللاھ مۇبارەك ھۇجرىسىدا ئولتۇرۇۋاتقان ئەسنادا، مەن ئۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىپ باراتتىم. ئۇ مېنى كۆرۈپ چاقىردى ۋە:

- ئى، ئۇممۇ فازىل! سەن ھامىلىدار ئىكەنلىكىڭنى بىلەمسەن؟-دېدى. مەن:

- قانداقسىگە؟ قۇرەيشلەر ئاياللار تۇغسا بولمايدۇ، دەپ بېسىم ئىشلىتىۋاتىدۇ. بۇ ھەقتە كېلىشىممۇ تۈزۈشتى،- دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ساڭا دېگىنىمدەك بولىدۇ. بالا تۇغۇلغاندا ئۇنى مېنىڭ يېنىمغا ئېلىپ كەل! - دېدى. ئارىدىن بىر قانچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، پەيغەمبىرىمىز ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېيتقىنىدەك ھامىلىدار ئىكەنلىكىمنى بايقىدىم ۋە ۋاقتى - سائىتى كېلىپ، تۇغدۇم. بۇ قېتىم خۇشخەۋەر بېرىش نۆۋىتى ماڭا كەلگەنىدى. بالىنى ئېلىپ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا كەلدىم. ئۇنىڭغا ئابدۇللاھ دەپ ئىسىم قويدى-ى ۋە ماڭا:

- ئۇنى ئېلىپ كەت! ئۇ ئەقىللىك ئادەم بولىدۇ،- دېدى.

بالىنى ئېلىپ ئۆيگە كېلىپ، بولغان ئەھۋالنى شۇ پېتى يولدىشىمغا سۆزلەپ بەردىم. يولدىشىم بالىنى قولۇمدىن ئېلىپ كىيىملىرىنى



由 扫描全能王 扫描创建

كىيگۈزۈپ، ئۆيدىن چىققانچە تۈپ - تۈز رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا ئېلىپ باردى. پەيغەمبىرىمىز يولدىشىمنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى-دە، پېشانىسىگە سۆيگەندىن كېيىن، ئوڭ تەرىپىگە ئولتۇرغۇزدى. بالىنىمۇ قۇچىقىغا ئېلىپ سۆيدى ۋە مۇبارەك تۈكۈرۈكى بىلەن ئۇنىڭ ئېغىزىنى ئاچتى.

ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان مۇجاھىد: «رەسۇلۇللاھنىڭ ئۇنىڭدىن بۇرۇن ياكى ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇنىڭدىن باشقا ھەر قانداق بىر بالىنىڭ ئېغىزىنى تۈكۈرۈكى بىلەن ئاچقانلىقى مەلۇم ئەمەس» دەيدۇ.[2]

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس ئاتىسى ياشىنىپ قالغان، باشقا پەرزەنتلىرى ئاچلىق - ئۇسسۇزلۇق ئىچىدە نالە قىلىپ، پەرياد چېكىۋاتقان بىر ۋاقىتتا دۇنياغا كەلگەنىدى. ئۇنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى مۇھاسىرە ئاستىدا ياشاۋاتقان مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ قاراڭغۇلۇق ۋاقتى ئىدى. مۇسۇلمانلارغا قىلىنىۋاتقان بۇ زۇلۇمنىڭ چىدىغۇسىز ئەھۋالغا يېتىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ يەتكەن خەدىجە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ۋە ھەزرىتى ئابباس سىرتتىكى دوستلىرى ۋە تۇغقانلىرىنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق بۇ مۇھاسىرىنى بىكار قىلىش، بولمىغاندىمۇ بىر ئاز بولسىمۇ بوشىتىش ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئۆتتى.

ھەزرىتى ئابباس مۇھاسىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈش ئۈچۈن، تۇرۇۋاتقان مەھەللىدىن چىقاتتى ۋە يېمەك - ئىچمەك سېتىۋېلىش ئۈچۈن بازارغا باراتتى. بۇنى كۆرگەن ئەبۇ جەھىل ئۇنى تۇتۇۋېلىش ياكى بىر نەرسە سېتىۋېلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىزىغا چۈشسىمۇ، جانابى ئاللاھ ئۇنىڭغا پەقەتلا پۇرسەت بەرمەيتتى.

خەدىجە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بولسا، زەمئە ئىبنى ئەسۋەدكە ئۈچۈر يوللاپ:

- ئەبۇ جەھىل بىزنىڭ خالىغان نەرسىلىرىمىزنى سېتىۋېلىشىمىزغا توسقۇنلۇق قىلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ، بۇنىڭدىن ۋاز كېچىشىنى قولغا كەلتۈر، - دېدى. جىيەنى ھاكىم ئىبنى ھىزام ئۇنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن پۈتۈن خەتەرگە قارىماي، بىر تۆگىگە ئۇن ئارتىپ

(2) تەبەرانى: ئەلمۇئجەمۇل كەبىر، 10/287، 290؛ زەركانى: شەرھۇل مەۋاھىب، 4/487؛ ئىبنى مۇنزىر: مۇختەسەر، 12/294



由 扫描全能王 扫描创建

كېچە بولغاندا، مۇھاسىرە ئاستىدىكى مۇسۇلمانلار تۇرۇۋاتقان جايغا بېرىپ، تۆگىنى قويۇۋېتەتتى. بۇ ياردەملەر مۇسۇلمانلارنى بىر ئاز بولسىمۇ تەسكىن تاپقۇزاتتى.(3)

مۇسۇلمانلارنىڭ غەيرىتى، بىر ئاز بولسىمۇ ئىنسانلىق روھىدىن ئايرىلىپ قالمىغان بىر قىسىم مۇشرىكلارنىڭ سەزگۈرلۈكى ۋە ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن ئۈچ يىل داۋام قىلغان مۇھاسىرە بىكار قىلىندى. لېكىن مۇشرىكلارنىڭ بېسىمى بارغانچە ئېغىرلىشىۋاتاتتى. ئەبۇ تالىپ ۋە خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، ھەزرىتى ئابباس ئۇلارنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇشقا تىرىشتى. ئۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدىن بىر ئاز بولسىمۇ ئايرىلمىغان بولۇپ، ئەقەبە بەيئىتىگە ئوخشاش مۇھىم ھادىسىلەردىمۇ دائىم ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىدى.

ئابدۇللاھنىڭ ئانىسىمۇ ئاتىسىغا ئوخشاش رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ نەزىرىدە ئالاھىدە ئورنى بار ئىدى. بۇ سەۋەبتىن پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئانىسى ۋە سىڭىللىرى ھەققىدە: «مەيمۇنە بىنتى ھارىس، ئۇممۇ فازىل، سەلما ۋە ئەسما مۆمىن ئاچا - سىڭىللاردۇر» دەيدۇ.(4)

بۇ ئاچا - سىڭىللاردىن مەيمۇنە پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن، ئەسما بىنتى ئۇمەيس دەسلەپتە ھەزرىتى جەئفەر بىلەن، كېيىن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن، سەلما بىنتى ئۇمەيس بولسا، ھەزرىتى ھەمزە بىلەن توي قىلغانىدى.(5)

رەسۇلۇللاھ پات - پات ئۇممۇ فازىلنىڭ ئۆيىگە زىيارەتكە بېرىپ، چۈشلۈك ئۇيقۇسىنى شۇ يەردە ئۇخلايتتى.(6) ئۇممۇ فازىل پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىشلىرىنى قىلاتتى، تازىلىقىغا كۆڭۈل

(3) بەلازۇرى: ئەنسابۇل ئەشراف، 1/271.

(4) ئىبنى ھەجەر: ئىسابە، 12196؛ ئىبنى سەئىد: تەباقات، 8/277.

(5) ئىبنۇل ئەسىر: ئۇسدۇلغابە، 7244.

(6) ئىبنى جەۋزى: سىفاتۇسسەفۋە، 306؛ ئىبنى سەئىد: تەباقات، 8/277.



由 扫描全能王 扫描创建

بولەتتى ۋە كۆزلىرىگە سۇرمە سۇرۇپ قويىتتى. ھەتتا پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋاپاتى يېقىنلىشىپ قالغان كۈنلەردە، كۆزىگە سۇرمە سۇرۇۋېتىپ كۆڭلى يېرىم بولۇپ يىغلاشقا باشلىدى. كۆزىدىن ئاققان بىر تامچە ياش پەيغەمبىرىمىز ئەلەيھىسسالامنىڭ تىزىغا چۈشۈۋىدى، پەيغەمبىرىمىز بۇنى كۆرۈپ بېشىنى كۆتۈردى-دە:

- نېمە بولدى، نېمە ئۈچۈن يىغلايسەن؟- دەپ سورىدى. ئۇ:

- ئەگەر ئاللاھ بىزگە سېنىڭ ئۆلۈمىڭنى كۆرسىتىپ قالسا، سەندىن كېيىن رەھبەرلىك كىمنىڭ قولىدا بولىدۇ؟ بىزدىمۇ ياكى باشقىلاردىمۇ؟- دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- سىلەر مەندىن كېيىن خارلىنىسىلەر ۋە ئېزىلىسىلەر،- دېدى.[7]

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆلارنىڭ ئۆيىگە زىيارەتكە بارغان بىر كۈنى ئۇسساپ قالدى. ھەزرىتى ئابباس ئۇممۇ فازىلغا:

- ئاناڭنىڭ يېنىغا بېرىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىچىدىغان بىرەر نەرسە ئېلىپ كەل! – دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- سۇ ئېلىپ كەلسۇن!- دېدى. ھەزرىتى ئابباس:

- ئى، رەسۇلۇللاھ! ئىچىملىكنى ئۆز قولى بىلەن تەييارلايدۇ،- دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلماي، ئىچىملىكتىن ئازراق ئىچتى ئاندىن، زەمزەم سۈيى ئېلىپ كېلىندى.[8]

مۇسۇلمانلار مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان چاغدا ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس ئەمدىلا ئۈچ ياشقا كىرگەنىدى. ئانىسى مۇسۇلمان بولمىغانلىقى ياكى ئۆزىنىڭ مۇسۇلمانلىقىنى يوشۇرغانلىقى ئۈچۈن ھىجرەت قىلمىغانىدى. بۇ سەۋەبتىن، ئابدۇللاھ ئاتا - ئانىسى بىلەن بىرلىكتە مەككىدە قالدى.

ئابدۇللاھ ئون ياشقىچە بولغان بالىلىق دەۋرىنى ئاتا – ئانىسىنىڭ يېنىدا ئۆتكۈزدى. ئۇ، شۇ كۈنلەرنى ئەسلەپ: «ئۇ چاغدا ئانام بىلەن

(7) ئىبنى سەئىد: تەباقات، 8/278.

(8) تەبەرانى: ئەلمۇئجەمۇل كەبىر. 10/345.



由 扫描全能王 扫描创建

ئىككىمىز ئىزىلگەنلەردىن ئىدۇق» دەيدۇ.

ئاتىسى مەككىنىڭ پەتھى قىلىنىشىدىن مەلۇم مەزگىل ئىلگىرى ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئاشكارىلاش قارارىغا كەلدى ۋە ئائىلىسى بىلەن بىرلىكتە مەدىنىگە ھىجرەت قىلدى. بۇ ۋاقىتتا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىنى پەتھى قىلىش ئۈچۈن تەييارلانغان ۋە قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىكتە جىرانە دېگەن يەرگىچە كەلگەنىدى. ئوغلى بىلەن بىرلىكتە ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا بەيئەت قىلغان ھەزرىتى ئابباس، ئۇ يەردە ساقلاپ تۇرماي دەرھال مەككىگە قايتىپ كەتتى.

10 - 11 ياشلىرىدا مەككىنىڭ پەتھى قىلىنىشىغا شاھىت بولغان ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس، كېيىنكى يىللاردا ئۇ يەردە كۆرگەنلىرىنى يەنى مەككىنىڭ پەتھى قىلىنىش ۋەقەسىنى ئۇزۇن - ئۇزۇن ھېكايە قىلىپ بېرەتتى.

## يېپيېڭى ھايات

مەككىنىڭ پەتھى قىلىنىشى نۇرغۇنلىغان ساھابىلەرگە ئوخشاشلا ئۇنىڭ ھاياتىنىڭمۇ بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئىزچىل تۈردە رەسۇلۇللاھنىڭ يېقىن ئەتراپىدا بولۇپ كەلدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېقىن تۇغقىنى بولۇشى ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۇلارنىڭ ئۆيىگە پات - پات كېلىپ - كېتىشى، ئۇنىڭ ئۈچۈن كاتتا مەرھەمەت ھېسابلىناتتى. بۇ مەرھەمەت ھامىسى مەيمۇنەنىڭ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ئۆيلىنىشى نەتىجىسىدە تېخىمۇ يۇكسەك پەللىگە كۆتۈرۈلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۆيىگە تېخىمۇ ئەركىن - ئازادە كىرىپ چىقىشقا باشلىغان ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس، پەيغەمبىرىمىزنى تېخىمۇ يېقىندىن تونۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى. ئاتىسىنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى بىلەن بەزى كۈنلىرى ھامىسىنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قېلىپ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ كېچىلىرى قىلىدىغان ئىبادەتلىرىگە

شاھىت بولاتتى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئاببباس مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ ئاتامغا بىر تۆگە ھەدىيە قىلغانىدى. ئاتام ئۇ تۆگىنى كىچىك كۆرۈپ، مەندىن پەيغەمبىرىمىزگە ئاپىرىپ بېرىشىمنى ۋە:

- ئوغلۇم! بۇنى رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭغا: بىز ئىشلەيدىغان كىشىلەرمىز، ئەگەر يېنىدا بىر ئاز چوڭراق تۆگە بولسا، ئۇنى بەرسۇن، دېگەنلىكىمنى ئېيتقىن،- دېدى. مەن تۆگىنى ئېلىپ يولغا چىقتىم. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۆيىگە يېتىپ بارغىنىمدا ئۇ مەسجىدى نەبەۋىيدە ئىكەن. تۆگىنى باغلاپ قويۇپ مەسجىدكە كىردىم. پەيغەمبىرىمىز ساھابىلەر بىلەن ئولتۇرۇۋاتاتتى. سۆزلىشىشكە پۇرسەت چىقماستىنلا شام نامىزىغا ئەزان چىقتى. ئورنىمىزدىن تۇرۇپ ناماز ئوقۇدۇق. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ناماز شامدىن كېيىنمۇ مەسجىدتىن چىقماي، خۇپتەنگە قەدەر ناماز ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى. خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ساھابىلەردىن ئايرىلىپ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. مەنمۇ ئارقىسىدىن مېڭىۋىدىم، ئاياق تىۋىشىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

- سەن كىم؟ - دېگىنىچە ماڭا بۇرۇلدى. مەنمۇ:

- مەن ئىبنى ئاببباس،- دەپ جاۋاب بەردىم.

- تاغامنىڭ ئوغلىمۇ؟! ياخشىمۇ سەن، رەسۇلۇللاھنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى؟ نېمە ئۈچۈن كەلدىڭ؟- دەپ سورىدى. مەن:

- ئاتام مېنى بىر ئىش بىلەن سىزنىڭ قېشىڭىزغا ئەۋەتتى،- دېدىم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- مۇشۇ چاغ بولغاندىمۇ؟- دېدى. مەن:

- خېلى بۇرۇنلا كەلگەنىدىم، لېكىن يېنىڭىزغا بارالمىدىم،- دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- قايتۇرۇپ ئەكەلگەن تۆگىنى زاكاتلىق تۆگىلەرنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ



由 扫描全能王 扫描创建

قويغىن!- دېدى.

- بولىدۇ،- دېدىم ۋە تۈگمىنى دېگەن يېرىگە ئاپىرىپ قويدۇم. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- بەك كەچ بولۇپ كەتتى. بۈگۈن كېچە ھاماڭنىڭ يېنىدا قالامسەن؟- دەپ سورىدى. مەن ھېچ ئويلانماستىنلا خۇشاللىقتىن:

- بولىدۇ، - دەپ جاۋاب بەردىم-دە، يېنىدىن چىقىپ ئۆيگە باردىم. ھامما‌م ماڭا كەچلىك تاماق تەييارلىدى. تاماقتىن كېيىن، ھاممام بىر ئەدىيالنى تۆت قاتلاپ يەرگە سېلىپ، ماڭا ياتىدىغان جاي تەييارلاپ بەردى. ئەمما ياستۇق يوق ئىدى. ھاممامغا:

- سىزنىڭ ياستۇقىڭىزنىڭ بىر بۇرجىكىگە بېشىمنى قويۇپ ياتاي،- دېدىم ۋە بېشىمنى ياستۇقنىڭ بىر بۇرجىكىگە قويۇپ يېتىشقا تىرىشتىم ۋە ئېچىمدە:

- كېچە ئۇخلىماي رەسۇلۇللاھنىڭ كېچىسى قانچە رەكەت ناماز ئوقۇيدىغانلىقىنى ساناپ چىقىمەن،- دەپ ئويلىدىم. بىر چاغ بولغاندا، ئاللاھ رەسۇلى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇبارەك ھۇجرىسىغا تەشرىپ قىلدى. ئۇ چاغدا مەن سوزۇلۇپ يېتىۋاتاتتىم. ئاللاھنىڭ رەسۇلى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئايالىنى:

- ئى، مەيمۇنە!- دەپ چاقىردى. ھاممام:

- خوش، - دېدى. (ئۆي قاراڭغۇ بولغانلىقى ئۈچۈن) پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- ھەمشىرەڭنىڭ ئوغلى كەلدىمۇ؟- دەپ سورىدى. ھاممام:

- ھەئە، مانا بۇ يەردە،- دەپ جاۋاب بەردى.

- يېنىڭدا بىرەر نەرسە بارمىدى؟ ئۇنىڭغا بىر نەرسە بەردىڭمۇ؟- دەپ سورىدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام. ھاممام:

- دېگەنلىرىڭىزنى قىلدىم،- دېدى.



由 扫描全能王 扫描创建

- ياتىدىغان يېرىنى تەييارلاپ بەردىڭمۇ؟

- ھەئە!

شۇنىڭدىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھامامنىڭ ئۈستىدىكى ئەديالنىڭ بىر بۇرجىكىنى تارتىپ، ئۈستىگە يېپىنىپ ئۇنىڭ يېنىدا ياتتى. ئەديال ھەر ئىككىسىنىڭ يېپىنىشى ئۈچۈن يەتتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بېشىنى ياستۇققا قويۇپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇخلاشقا باشلىدى. ئۇخلىغانلىقىنى ھېس قىلىپ تۇراتتىم. ئىچىمدە:

- ئۇخلىدى، ئويغاق ئەمەس. كېچىدە ناماز ئوقۇمىدى،- دەپ ئويلىدىم. كېچىنىڭ ئۈچتىن بىرى ئۆتكەندىن كېيىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئورنىدىن تۇرۇپ، مىسۋاكنى ئېلىپ چىشلىرىنى مىسۋاكلىدى (چوتكىلىدى). مەن يېتىۋېتىپ، مىسۋاكنى چىشلىرىغا سۈرتكەندە چىققان ئاۋازنى ئاڭلاپ تۇراتتىم. شۇ ۋاقىتتا: «شۈبھىسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىشىدە، كىشىلەرگە پايدىلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ دېڭىزدا ئۈزۈپ يۈرگەن كېمىلەردە، ئاللاھ بۇلۇتتىن ياغدۇرۇپ بەرگەن ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۈرىدىغان يامغۇردا... ئەلۋەتتە دەلىللەر بار»[9] دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى.

مىسۋاكنى بىر بۇلۇڭغا قويغاندىن كېيىن، ئېسىپ قويۇلغان سۇ تۇلۇمنىڭ يېنىغا بېرىپ، تۇلۇمنى يېشىپ ئالدى. »دەرھال ئورنۇمدىن تۇرۇپ، تاھارەت ئالىدىغان سۈيىنى قويۇپ بېرەي « ئويلىدىم، ئەمما بىرەر ئىشنى خاتا قىلىپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ، نىيىتىمدىن ۋاز كەچتىم. تاھارەت ئېلىپ مەسچىتكە بېرىپ، تۆت رەكەت ناماز ئوقۇدى. ھەر رەكئەتتە ئەللىك ئايەت ئۇزۇنلۇقىدا قۇرئان ئوقۇدى، رۇكۇ ۋە سەجدىدە ئۇزۇن تۇرۇپ، نامازنى تۈگەتتى. ناماز ئوقۇپ بولۇپ، ھۇجرىسىغا كېلىپ، يېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇخلاپ قالدى. ئۇخلاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ

(9) بەقەرە سۈرىسى، 164- ئايەت.



由 扫描全能王 扫描创建

تۇراتتىم، يەنە ئىچىمدە:

- ئۇخلىدى، ئەمدى بامدات نامىزىغا قەدەر ئورنىدىن تۇرۇپ نامازا ئوقۇمايدۇ،- دەپ ئويلىدىم. كېچىنىڭ ئالتىدىن بىرى ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئاز قالغان بىر ۋاقىتتا يەنە ئورنىدىن تۇردى. چىشلىرىنى مىسۋاكلاپ، تاھارەت ئېلىپ مەسچىتكە باردى. نامىزىنى باشلاپ، فاتىھە سۈرىسىدىن كېيىن «ئەئلا» سۈرىسىنى ئوقۇدى، رۇكۇ ۋە سەجدە قىلدى. ئىككىنچى رەكئەتتە فاتىھە سۈرىسىدىن كېيىن «كافىرۇن» سۈرىسىنى ئوقۇدى، رۇكۇ ۋە سەجدىدىن كېيىن، (تەشەھھۇدتا ئولتۇرۇپ بولۇپ) ئۈچىنچى رەكئەتتە «ئىخلاس» سۈرىسىنى ئوقۇپ، قۇنۇت دۇئالىرىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، رۇكۇ ۋە سەجدە قىلدى. نامىزىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، بامدات نامىزىغىچە ئولتۇردى. بامدات نامىزىنىڭ ۋاقتى كىرگەندە مېنى چاقىردى:

- بۇيرۇقىڭىزغا تەييارمەن، ئى، رەسۇلۇللاھ!- دېدىم-دە، چاچراپلا ئورنۇمدىن تۇردۇم.

- تۇر! ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇخلىمىغان ئىدىڭ،- دېدى.

ئورنۇمدىن تۇرۇپ تاھارەت ئالغاندىن كېيىن، ئارقىسىدا نامازغا تۇردۇم. بىرىنچى رەكئەتتە فاتىھە سۈرىسىدىن كېيىن «ئىخلاس» سۈرىسىنى، ئىككىنچى رەكئەتتە «كافىرۇن» سۈرىسىنى ئوقۇدى. نامازدىن كېيىن ئاللاھنى مەدھىيەلەر بىلەن زىكىر قىلىشقا باشلىدى ۋە مەدھىيەسىنى: «پەرۋەردىگارىم! قەلبىمنى بىر نۇر قىلغىن، قۇلىقىمدا بىر نۇر قىلغىن، كۆزۈمدە بىر نۇر قىلغىن، ئوڭ تەرىپىمدە، سول تەرىپىمدە، ئالدى ۋە ئارقا تەرىپىمدە مەن ئۈچۈن بىر نۇر قىلغىن، نۇرلىرىمنى ئارتۇق قىلغىن،نۇرلىرىمنى ئارتۇق قىلغىن.»[10] دېگەن دۇئا بىلەن ئاخىرلاشتۇردى.

يەنە بىر كېچىنى ھامما مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزدۇم. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىسى

(10) مۇسلىم: مۇسافىرىن، 199-191؛ بۇخارى: ئەدەبۇل مۇفرەد، 696؛ تەبەرانى: مەجمۇئۇل كەبىر، 10/334، 12/31؛ زەركانى: شەرھۇل مەۋاھىب، 4/486.



由 扫描全能王 扫描创建

ئورنىدىن تۇرۇپ، تۆت رەكەت ناماز ئوقۇدى، ئارقىدىن يەنە تۆت رەكەت ناماز ئوقۇغاندىن كېيىن يېتىپ ئۇخلىدى. ئويغانغاندىن كېيىن ئايالىغا:

- بالا ئورنىدىن تۇردىمۇ؟ ئۇنى ئويغات! - دېدى. ھامما چاقىرىپ بولغۇچە دەرھال ئورنۇمدىن تۇرۇپ تاھارەت ئېلىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا باردىم. ئارقا سول تەرىپىدە نامازغا تۇرغان ئىدىم، مېنى ئوڭ تەرىپىگە ئۆتكۈزۈپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن، ئوڭ تەرىپىدە تۇرۇپ ناماز ئوقۇدۇم. ناماز تۈگىگەندىن كېيىن:

- بۇ نەپلە نامازمۇ؟- دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- ھەئە،- دەپ جاۋاب بەردى.

ئاندىن بامدات نامىزىنىڭ ئىككى رەكەت سۈننىتىنى ئوقۇپ ياتتى. بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ، بامدات نامىزىنى ئوقۇش ئۈچۈن مەسجىدى نەبەۋىيگە باردى.(11)

پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۆيىدە قالغان باشقا بىر كېچە ئۇنىڭ ئۈچۈن تەڭداشسىز خۇشاللىققا سەۋەب بولدى. ئۇ كېچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاممىسىنىڭ يېنىدا ئىدى. پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كېچىدە نامازغا تۇرىدىغانلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، تاھارىتىگە سۇ تەييارلىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئورنىدىن تۇرۇپ، سۇنى كۆرۈپ ئايالىدىن:

- تاھارەت سۈيىنى كىم تەييارلىدى؟- دەپ سورىدى.

- ھەمشىرەمنىڭ ئوغلى،- دەپ جاۋاب بەردى. رەسۇلۇللاھ قولىنى مۈرەمگە قويۇپ تۇرۇپ، مېنى سۆيۈپ قويغاندىن كېيىن ماڭا:

- پەرۋەردىگارىم! ئۇنى دىندا پاراسەتلىك قىلغىن! ئۇنىڭغا تەئۋىل(12)نى

(11) مۇسلىم: مۇسافىرىن، 191-199؛ ئىبنى ماجە: سالات، 180؛ تەبەرانى: 10/293، 320، 12/25؛ ئىبنى جەۋزى: سىفاتۇسسەفۋە، 282.

(12) تەئۋىل (تەھلىل) بىر خىل فىقھىي ئىستىلاھ بولۇپ، سۆز ياكى جۈملىلەردىكى بىر قانچە خىل مەنە ئېلىش

ئۆگەتكىن،- دەپ دۇئا قىلدى.»[13]

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالغان يەنە بىر كېچە ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «بىر كېچىسى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا ياتقان ئىدىم. بىر ئاز ئۇخلىغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ، تۇلۇمدىن سۇ ئېلىپ تاھارەت ئالدى ۋە ئازراق سۇ ئىچتى. ئۆز - ئۆزۈمگە:

- ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئاللاھنىڭ رەسۇلى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نېمە قىلسا، مەنمۇ ئوخشاشلا شۇنداق قىلىمەن،- دېدىم. ئورنۇمدىن تۇرۇپ تاھارەت ئالدىم ۋە ئۇنىڭ (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم) غا ئوخشاشلا سۇ ئىچتىم. ئاندىن ئارقا تەرىپىدە نامازغا تۇردۇم. مېنىڭ كەلگەنلىكىمنى ھېس قىلغان رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇڭ تەرىپىدە ئۆزى بىلەن ئوخشاش سەپتە تۇرۇشقا ئىشارەت قىلدى. ئەمما مەن ئۆتمىدىم. نامازدىن كېيىن:

- نېمە ئۈچۈن دېگىنىم بويىچە قىلمىدىڭ، نېمە ئۈچۈن سەپكە كېلىپ تۇرمايسەن؟- دەپ سورىدى.

- ئى، رەسۇلۇللاھ! سەن مېنىڭ نەزىرىمدە ئىنتايىن قىممەتلىك بىرسەن، مەن سەن بىلەن بىر سەپتە تۇرالمىغۇدەك دەرىجىدە كاتتا كىشىسەن،- دېدىم.

- ئى، پەرۋەردىگارىم! ئۇنىڭغا ھېكمەتنى ئۆگەتكىن،- دەپ ماڭا دۇئا قىلدى.»[14]

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم باشقا باللارغا ئوخشاشلا ئۇنىمۇ ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى. بۇ ھەقتە ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى

---

ئىمكانىيىتى بار نۇقتىلار ئىچىدىن مۇئەييەن مەنە ياكى ھۆكۈمنى سۈزۈۋېلىپ، ئۇنى كۈچلەندۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ.- تەرجىمان.

(13) مۇسلىم: فەزائىلۇسساھابە، 138؛ تىرمىزى: مەناقىب، 42؛ ئىبنى ماجە: مۇقەددىمە، 166؛ تەبەرانى: 12/70.

(14) ئىبنى ھەجەر: ئىسابە، 4783؛ ئەبۇ نۇئەيم: ھىليەتۇل ئەۋلىيا، 1 /315.



由 扫描全能王 扫描创建

قۇچىقىدا ئولتۇرغۇزدى ۋە بېشىمنى سىلاپ تۇرۇپ ماڭا دۇئا قىلدى:

- سەن قۇرئان كەرىمنىڭ ئەڭ ياخشى تەرجىمانىسەن (تەرجۇمانۇل قۇرئان)،- دېدى ۋە قولىنى بېشىمغا قويۇپ تۇرۇپ:

- پەرۋەردىگارىم! ئۇنىڭغا ھېكمەتنى ئۆگەتكىن، ئۇنىڭغا تەئۋىلنى ئۆگەتكىن، - دەپ دۇئا قىلغاندىن كېيىن، قولىنى كۆكسۈمگە قويۇۋىدى، كۆكسۈمدە قولىنىڭ سالقىنلىقىنى ھېس قىلدىم. ماڭا:

- پەرۋەردىگارىم! ئۇنىڭ قەلبىنى ئىلىم ۋە ھېكمەت بىلەن تولدۇرغىن، ئۆلگۈچە بۇ ئۇممەتنىڭ ئالىمى قىلغىن،- دەپ دۇئا قىلدى.»[15]

مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن، ئۆزى بىلەن تەڭ ياشتىكى باللار بىلەن بىرلىكتە پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا بەيئەت قىلدى. بۇ بەيئەت ھەققىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئاللاھنىڭ رەسۇلى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ھەزرىتى ھۈسەيىن، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس، ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) لەرنىڭ بەيئىتىنى قوبۇل قىلغان ۋاقىتتا، ئۇلار تېخى بۇرۇتى خەت تارتمىغان، بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك باللار ئىدى.»[16]

## جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ خوشخەۋىرى

ھەر دائىم ئاللاھنىڭ رەسۇلى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا تۇرۇپ كەلگەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، نۇرغۇن قېتىم ئۇنىڭ تەۋسىيەلىرىگە مۇيەسسەر بولغانىدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى هاممام مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۆيىگە بارغان ۋاقتىمدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بېشىنى هاممامنىڭ تىزىغا قويۇپ

(15) ئىبنى سەئىد: تەبەقات، 2/365؛ ئىبنى مەنزۇر: مۇختەسەر، 12/298.
(16) كاندەھلەۋى: ھاياتۇسساھابە، 1/389.

ياتقان ئىكەن. ھاممامغا:

- ئى، ھامما! رەسۇلۇللاھنىڭ ئاياغلىرىنى قوچاقلىۋېلىشىمغا رۇخسەن قىلامسەن؟- دېدىم. ھاممام:

- خالىغىنىڭچە بولسۇن،- دېدى. پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پۇتلىرىنى كۆتۈرۈپ قورسىقىمنىڭ ئۈستىگە قويغاندىم، پەيغەمبىرىمىز ئويغىنىپ كېتىپ، ماڭا:

- ئى، ئابدۇللاھ! سەن مېنى نېمە سەۋەبتىن ياخشى كۆرگەن بولساڭ، مەنمۇ سېنى شۇ سەۋەبتىن ياخشى كۆرىمەن. جىبرىئىل مەندىن ساڭا ياخشىلىق قىلىشىمنى تەۋسىيە قىلىپ: «ئابدۇللاھ بۇ ئۇممەتنىڭ ياخشىلىرىدىندۇر، ئۇ بۇ ئۇممەتنىڭ ئالىمى بولىدۇ. كېيىنكى زاماندا ئەۋلادلىرى بۇ ئۇممەتنىڭ خەلىپىسى بولىدۇ. ئۇنىڭغا سالىھ ئەمەللەرنى تەۋسىيە قىلغىن» دېدى.»(17)

بۇ دۇئالارنىڭ بەرىكىتى بىلەن ئۇنىڭ ھاياتىدا بۇرۇلۇش ھاسىل بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ «تەرجىمانۇل قۇرئان»، «تەپسىر ئىلمىنىڭ سۇلتانى» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىشقا باشلىدى. يېشى كىچىك، ھاممىسى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئايالى بولغانلىقى ئۈچۈن، پەيغەمبىرىمىز ئەلەيھىسسالامنىڭ باشقا ئاياللىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىگىمۇ شاھىت بولغانىدى. ئابدۇللاھ ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر كىشىنىڭ شۇ چاغلارغا ئائىت بىر سوئالىغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر كىشى مەندىن:

- رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چاقچاقلىشامتى؟- دەپ سورىدى. مەن:

- ھەئە،- دەپ جاۋاب بەردىم. ئۇ كىشى:

- قانداق چاقچاقلارنى قىلاتتى؟- دەپ سورىدى، ھەمدە قىلغان چاقچاقلىرىنى سۆزلەپ بېرىشىمنى تەلەپ قىلدى. مەن:

(17) ئىبنى مەنزۇر: مۇختەسەر، 12/300؛ ئەبۇ نۇئەيم: ھىليەتۇل ئەۋلىيا1/316.



由 扫描全能王 扫描创建

- بىر قېتىم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاياللىرىغا كەڭ ۋە ئۇزۇن كۆينەك سېتىۋالغاندىن كېيىن:

- بۇلارنى كىيىپ، ئاللاھقا ھەمدۇ ئېيتىڭلار! كۆينەكنىڭ پەشلىرىنى تۆۋى كۆينەكلىرىگە ئوخشاش يەرلەردە سۆرەپ يۈرۈڭلار!- دەپ چاقچاق قىلغانىدى،- دېدىم.»[18]

## رەسۇلۇللاھنىڭ تەربىيەسى ئاستىدا

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالغانىدى. ئۇ قىسقا سۆرىلەرنى يادلاپ، پەيغەمبىرىمىز ئەلەيھىسسالامغا ئوقۇپ بېرەتتى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلىپ: «12 ياش ۋاقتىمدا قىسقا سۈرىلەرنىڭ ھەممىسىنى يادلاپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئوقۇپ بەرگەنىدىم» دەيدۇ.[19]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەتراپىدىكى كۆپلىگەن باللار ۋە ياشلارغا ئوخشاشلا، ئۇنىڭغىمۇ تەۋسىيەلەرنى قىلىپ تۇراتتى ۋە ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇتتى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى ئاللاھنىڭ رەسۇلى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئېگىرىنىڭ ئارقىسىغا مىنگىشىۋالغانىدىم، يولدا ماڭا:

- ئوغلۇم! ساڭا بەزى سۆزلەرنى ئۆگىتىپ قويىمەن، ئۇلارنى يادلىۋال ۋە قەتئىي ئېسىڭدىن چىقارما: ئاللاھنىڭ ھەققىنى قوغدىساڭ، ئاللاھمۇ سېنىڭ ھەققىڭنى قوغدايدۇ، ئۇنىڭغا موھتاج بولغىنىڭدا يېنىڭدا بولىدۇ. راھەت ۋاقتىڭدا ئاللاھنى ياد ئەتسەڭ، قىيىنچىلىقتا قالغان چېغىڭدا

(18) كاندەھلەۋى: ھاياتۇس-ساھابە. 3/178.

(19) تەبەرانى: ئەلمەجمۇئۇل كەبىر. 10/289.



由 扫描全能王 扫描创建

ئاللاھىمۇ سېنى ياد ئېتىدۇ. ياردەمگە موھتاج بولساڭ، ئاللاھتىن ياردەم تىلە!

شۇنى ياخشى بىلگىنكى، بارلىق ئىنسانلار ساڭا ياردەم قىلىشنى خالىسىمۇ، ئاللاھ خالىمىسا، ساڭا ھېچكىم ياردەم قىلالمايدۇ. ئاللاھ تەرەپتىن كەلگەن مۇسىبەتنى ئۇلار ھەر قانچە قىلىپمۇ توسۇپ قالالمايدۇ.

ياخشى بىلگىنكى، غەلىبە سەۋر – تاقەت ئارقىلىق قولغا كېلىدۇ. ياقتۇرمايدىغان ئىشلارغا سەۋر قىلىشتا كۆپلىگەن ياخشىلىقلار بار. جاپا چەكمەي ھالاۋەت يوق. ھەر بىر مۇشكۈللۈكتە بىر ئاسانلىق بار.

ياخشى بىلگىنكى، بېشىڭغا كەلگەن ئىشلار خاتالىقىڭ يۈزىسىدىن بولمىغىنىدەك، ئۆتكۈزگەن خاتالىقىڭمۇ بېشىڭغا كەلگەنلەرگە سەۋەب بولالمايدۇ. ئاللاھنىڭ يازغىنىدىن باشقا ھېچقانداق ئىش بولمايدۇ. قەلەملەر قۇرىدى، دەپتەرلەر يېپىلدى. سەن ئاللاھنى ياخشى كۆرۈپ، خالاپ ۋە ئۇنى كۆرۈپ تۇرغاندەكلا ئىبادەت قىلغىن!»،- دېدى.[20]

ئۆگىنىش يوللىرىنىڭ ئەڭ مۇھىمى بولغان دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈش ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى دىققەت بىلەن كۈزىتىش ئارقىلىق نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالغانىدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جۈمە كۈنلىرى بامدات نامىزىدا سەجدە سۈرىسى بىلەن ئىنسان سۈرىسىنى، جۈمە نامىزىدا ئەئلا ۋە غاشىيە سۈرىلىرىنى ئوقۇيتتى.»[21]

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوقۇغۇچىلىرىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ يانلىرىغا بېرىپ، بىلەلمىگەن نەرسىلىرى بولسا ئۆگىتىپ قوياتتى. ئۇلار بىلەن ۋاقىت

(20) مۇسنەد: 1/293؛ تەبەرانى: 11/123؛ ئىبنۇل ئەسىر: ئۇسدۇلغابە، 3035.
(21) تەبەرانى: 12/16.

ئۆتكۈزۈشنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېسەل يوقلاش ھەققىدە بىزگە: «كېسەل يوقلاپ بارغان ۋاقتىڭلاردا، ئۆلۈش ئالدىدا تۇرغان كېسەلدىن باشقا كېسەللەرگە: <ئەرشنىڭ ئىگىسى بولغان ئۇلۇغ ئاللاھتىن ساڭا شىپالىق بېرىشىنى تىلەيمەن> دەپ يەتتە قېتىم دۇئا قىلسۇن، كېسەل ساقىيدۇ.- دەپ دۇئا قىلىشنى ئۆگەتتى.»(22)

كۆپىنچە ۋاقىتنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىدا ئۆتكۈزگەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نۇرغۇنلىغان ۋەقەلەرگە شاھىت بولۇش ئارقىلىق ئىلىم - ئېرپان ئىگىسى بولدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھنىڭ رەسۇلى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا ئىدىم. سەھرادىن كەلگەن بىر ئادەم ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ:

- ئى، رەسۇلۇللاھ! تاھارەتنى قانداق ئالىمىز؟- دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەرھال سۇ ئېلىپ، ئۈچ قېتىم قولىنى يۇدى، ئۈچ قېتىم ئېغىزى ۋە بۇرنىغا سۇ ئالدى، ئۈچ قېتىم يۈزىنى يۇدى، ئارقىدىن بېشى ۋە قۇلىقىنىڭ ئارقا قىسمىغا مەسھى قىلدى. ئەڭ ئاخىرىدا ئۈچ قېتىم پۇتلىرىنى يۇغاچ ئۇ ئادەمگە قاراپ:

- مانا مۇشۇنداق تاھارەت ئالىمىز، كىمكى بۇنىڭدىن ئارتۇق قىلسا، ھەددىدىن ئاشقان ۋە زۇلۇم قىلغان بولىدۇ.- دېدى.»(23)

پەيغەمبىرىمىز مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئۆگىنىشنىڭ ئەڭ مۇھىم ئۇقتىلىرىدىن بىرى بولغان «ئەمەلىيەت ئارقىلىق چۈشەندۈرۈش» مېتودىنى ئەڭ گۈزەل شەكىلدە كۆرسىتىپ بەردى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس مەسىلىلەرگە يۈزەكى ئەمەس، بەلكى ئەتراپلىق قاراشنى ئۆگەنگەن بولغانلىقى ئۈچۈن، بىرەر تېمىنى ئۆگەنگەن ياكى

(22) تەبەرانى: 11/338.
(23) تەبەرانى: 11/75.



由 扫描全能王 扫描创建

سۆزلەپ بەرگەن ۋاقتىدا، ئۇنىڭ سەۋەبلىرىنىمۇ ئۆگىنەتتى ۋە سۆزلەپ بېرەتتى. بىر كۈنى ئۇنىڭدىن:

- جۈمە كۈنى جەزمەن غۇسلى تاھارەت ئېلىش كېرەكمۇ؟- دەپ سورالدى.

- ياق، مەن ئۇ كۈنى يۇيۇنۇشنى ياخشى كۆرىمەن، لېكىن بىرىنىڭ جۈمە كۈنى يۇزىسىدىن غۇسلى تاھارەت ئېلىشى شەرت ئەمەس. خالىساڭلار، بۇ پىكىرنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقىنى سىلەرگە ئېيتىپ بېرەي: بۇرۇن كىشىلەر يۇڭ كىيىم كىيەتتى، جىسمانىي ئەمگەك قىلاتتى، ناماز ئوقۇيدىغان يەرلىرىمۇ تار ئىدى. ئۆگزە پەقەت سايىلا چۈشۈرۈپ تۇراتتى.

ھاۋا ئىسسىق بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسجىدى نەبەۋىيگە كەلدى. ھەممەيلەن يۇڭ كىيىم كىيىۋالغان بولۇپ، تەرلەپ كەتكەنىدى. ئەتراپتىكى تەر پۇرىقى ھەممىنى بىئارام قىلىشقا باشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرگە:

- ئى، ئىنسانلار! جۈمە كۈنى مۇمكىن بولسا، غۇسلى تاھارەت ئېلىڭلار. تاپالىساڭلار خۇشپۇراق نەرسىلەرنى ئىشلىتىڭلار،- دېدى.[24]

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس ئۆزى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغان پەيغەمبىرىمىز بىلەن ئوتتۇز ئاي بىرلىكتە ۋاقىت ئۆتكۈزگەن بولۇپ، كۆپلىگەن زامان ۋە ماكاندا ئۇنىڭ بىلەن گۈزەل ئەسلىمىلىرى بار ئىدى. ئۇ پەيغەمبىرىمىز بىلەن ئۆتكۈزگەن بىر ھېيت كۈنىنى ھېكايە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

بىر كىشى يېنىمغا كېلىپ:

- ئاللاھنىڭ رەسۇلىنى كۆرەلىدىڭمۇ؟- دەپ سورىدى.

- ھەئە، ئۇنى كۆرگەن چېغىمدا تېخى كىچىك بىر بالا ئىدىم ۋە پەيغەمبىرىمىز بىلەن بىرلىكتە ئۆتكۈزگەن بىر ئىشنى ئۇنىڭغا دېدىم ۋە سۆزلەپ بەردىم.

(24) تەبەرانى: 11/75

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېيتنىڭ كېلىشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى. ھېيت كۈنى كەلگەندە كەسىر ئىبنى سالتنىڭ ئۆيى بار يەرگە كېلىپ، ھاسىسىنى تىكلەپ قويۇپ، ئۇ يەرگە يىغىلغان كىشىلەرگە سۆز قىلاتتى. قۇرئاندىن ئايەتلەرنى ئوقۇپ، ساھابىلەرنى زاكات بېرىشكە رىغبەتلەندۈرەتتى. ئارقىدىن ھېيت نامىزىغا ئەزان ئېيتىلىپ، تەكبىر چۈشۈرۈلگەندە بىرلىكتە ناماز ئوقۇيتتى. نامازدىن كېيىن خۇتبە ئوقۇيتتى. ئارقىدىن ئاياللىرنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ، زاكات بېرىشكە رىغبەتلەندۈرەتتى. ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان ئاياللار قۇلاقلىرىدىكى زىرە، قوللىرىدىكى بىلەزۈكلىرىنى، قانچىلىك زىبۇ - زىننەتلىرى بولسا، ھەممىسىنى بىلال ئىبنى ھەبەشىنىڭ يەرگە سالغان كۆينىكىنىڭ ئۈستىگە قوياتتى. كىيىم زىبۇ - زىننەتلەر بىلەن تولۇپ كېتەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېيت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئۆيگە ئائىلىسىنىڭ يېنىغا باراتتى.»[25]

ئۇنىڭ ھەج ئىبادەتلىرىنىڭ بارلىق جەريانلىرىغا ئائىت بىرەر ئەسلىمىسى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن تاۋاپ قىلىۋاتقاندا، بىر ئادەمنىڭ:

- پەرۋەردىگارىم! پالانىنىڭ ئوغلى پالاننى مەغپىرەت قىل، - دەپ دۇئا قىلغانلىقىنى ئاڭلىدۇق. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن:

- نېمىشقا مۇنداق دۇئا قىلىسەن؟ - دەپ سورىدى.

- ئۇ كىشى ماڭا ئۇنىڭ ئۈچۈن دۇئا قىلىشىمنى تەلەپ قىلغانىدى، - دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- دوستۇڭ مەغپىرەت قىلىندى، - دېدى.»[26]

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋىدا ھەججىنى ئادا قىلغان چاغدا، مەن بالاغەت يېشىغا يېتىپ قالغانىدىم. پەيغەمبىرىمىز مىنادا ناماز ئوقۇۋاتقاندا، بەنى ھاشىم قەبىلىسىدىن بىر بالا بىلەن بىرلىكتە ئېشەككە مىنىپ ئۇنىڭ

(25) بۇخارى: نىكاھ، 124، لىباس، 56؛ تەبەرانى: ئەلمۇئجەمۇلكەبىر، 30، 11/30، 144، 12/144.
(26) تەبەرانى: 12/5.

يېنىغا باردۇق. ئالدىدا ھېچبىر توسۇق يوق ئىدى. سەپلەرنىڭ ئارىسىدىن (ياكى ئالدىدىن) ئۆتكەندىن كېيىن، ئېشەكتىن چۈشۈپ ئۇنى ئوتلاشقا قويۇپ بەردىم ۋە سەپلەرنىڭ ئارىسىغا كىرىپ ناماز ئوقۇشقا باشلىدىم. قىلغان ئىشلىرىمغا ھېچكىم ئېتىراز بىلدۈرمىدى.»[27]

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رامىزان ئېيى كىرگەندە، رەسۇلۇللاھنى تېخىمۇ دىققەت بىلەن كۆزەتكەن بولۇپ، ئۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رامىزان ئېيىنى قانداق ئۆتكۈزگەنلىكى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياخشىلىق قىلىشتا ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئىدى. بولۇپمۇ رامىزان ئېيىدا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، تېخىمۇ سېخىيلىشىپ كېتەتتى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام رامىزان ئېيىدا ھەر كېچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچرىشاتتى. رەسۇلۇللاھ قۇرئان ئوقۇپ ئۇنىڭغا تىڭشىتاتتى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچراشقان چاغدا چىقىۋاتقان شامالدىنمۇ بەكرەك سېخىيلىشىپ كېتەتتى.»[28]

بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزگە تەقدىم قىلىنغان ئىچىملىكنى ئىچىۋاتقاندا، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس ئوڭ تەرىپىدە، خالىد ئىبنى ۋەلىد سول تەرىپىدە ئولتۇراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىچىملىكتىن بىر ئاز ئىچكەندىن كېيىن، ئادەتتە بويىچە يېنىدىكىلەرگە بەرگۈسى كەلدى. ئالدى بىلەن ئوڭ تەرىپىدىكى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسقا بېرىپ:

- خالىساڭ نۆۋىتىڭنى خالىد ئىبنى ۋەلىدكە بەر، - دېدى.

- رەسۇلۇللاھ ئىچكەن بىر نەرسىنى ئىچىش مەسىلىسىدە نۆۋىتىمنى ھېچكىمگە بەرمەيمەن، - دېدىم ۋە نۆۋىتىمنى خالىد ئىبنى ۋەلىدكە بەرمەي، ئۆزۈم ئىچتىم.[29]

(27) بۇخارى: ئىلىم، 18؛ مۇسنەد: 1/250؛ ئەبۇ يەئلا: مۇسنەد، 1/425.
(28) بۇخارى: بەدئىيلۋەھيى، 4؛ مۇسلىم: فەدائىل، 50؛ مۇسنەد: 1/363.
(29) ئىبنى مەنزۇر: مۇختەسەر، 12/301.

## جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنى كۆرۈشى

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنى ئۈنجى قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا كۆرگەنلىكىنى ئېيتىدۇ.[30]

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس بايان قىلىپ: «بىر كۈنى دادام بىر ئىش ئۈچۈن مېنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئەۋەتكەندى. ئۈستۈمدە ئاپئاق، پاك - پاكىزە كىيىم بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېنىدىكى دىھيە ئىبنى خەلىپە بىلەن تۆۋەن ئاۋازدا پىچىرلىشىپ پاراڭلىشىۋاتاتتى. پەس ئاۋازدا پاراڭلىشىۋاتقان بولغاچقا، يېنىغا بېرىپ سالام بەرمىدىم. ئەسلىدە پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىدىكى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئىكەن. ئەمما مەن ئۇنى بىلمەيتتىم.

جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام مېنى كۆرۈپ:

- ئى، مۇھەممەد! بۇ كىم؟- دەپ سورىدى.

- تاغام ئىبنى ئابباسنىڭ ئوغلى.

- كىيىمى نېمىدېگەن ئاپئاق! ئەمما ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى نەسەبىدىن كېلىدىغان ئەۋلادلىرى قارا بولىدۇ. سالام قىلغان بولسا، سالامنى قوبۇل قىلغان بولاتتۇق، - دېدى.

يىراقتا تۇرۇپ بىر ئاز ساقلاپ دىھيە (جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام) كەتكەندىن كېيىن يېنىغا باردىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- نېمە ئۈچۈن سالام قىلمىدىڭ؟- دەپ سورىدى.

- ئى، رەسۇلۇللاھ! دىھيە بىلەن پەس ئاۋازدا پاراڭلىشىۋاتقانلىقىڭىزنى كۆرۈپ، سۆھبىتىڭلارنى بۆلۈۋەتكۇم كەلمىدى،- دېدىم. پەيغەمبىرىمىز:

- ئۇنى كۆردۈڭمۇ؟ - دېدى.

- ھەئە!

(30) ئىبنى ئابدىلبەر: ئىستىئاب. 3/935.



由 扫描全能王 扫描创建

- مۇشۇ سەۋەبتىن سېنىڭ كۆزۈڭ كور بولۇپ قالدۇ، ئەمما ئۆلۈم پەيتى كەلگەندە، ئاللاھ كۆزلىرىڭنى قايتىدىن كۆرىدىغان قىلىدۇ.- دېدى.

ھەقىقەتەنمۇ ۋاپات بولۇشىغا ئاز قالغاندا كۆزلىرى ئېچىلدى. ۋاپات بولغان چېغىدا بولسا، پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۆزىنىڭ بېشارىتى سۈپىتىدە مېيىت تاۋۇتقا قويۇلۇۋاتقان ۋاقىتتا، ئاپئاق بىر قۇش ئۇچۇپ كېلىپ كېپەنىنىڭ ئىچىگە كىردى. جىنازىنىڭ ئەتراپىدىكىلەر ھەر قانچە ئىزدىگەن بولسىمۇ، قۇشنى تاپالمىدى. بۇنى كۆرگەن ئىكرەمە قۇشنى ئىزدەۋاتقانلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ:

- نېمە ئىش قىلىۋاتىسىلەر؟ بۇ رەسۇلۇللاھنىڭ خۇشخەۋىرى، ئۇنى ئىزدىگىنىڭلارنىڭ پايدىسى يوق،- دېدى. جىنازا لەھەتكە قويۇلۇۋاتقاندا غايىبتىن بىر ئاۋاز كەلدى، بىرى تۆۋەندىكى ئايەتنى ئوقۇۋاتاتتى: «ئى ئارام تاپقۇچى جان! سەن پەرۋەردىگارىڭدىن مەمنۇن، پەرۋەردىگارىڭ سەندىن رازى بولغان ھالدا، ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتقىن. سەن مېنىڭ ياخشى بەندىلىرىم قاتارىغا قوشۇلغىن، مېنىڭ جەننىتىمگە كىرگىن.»[31]

## ئىلىم ئىشقىدا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنىڭ بەرىكىتى بىلەن، ئۇ بىر ئىلىم ئاشىقىغا ئايلاندى. پەيغەمبىرىمىز ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، ساھابىلەرنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇلاردىن ئىلىم - ئېرپان ئۆگىنىش ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەنسارلار ۋە مۇھاجىرلاردىن بولغان ئىشقىدا ... ھەتتا ئىشىكلىرى ئالدىدا كۈتۈپ تۇردىغان بولدى. ئۆزى بۇ بارلىق چوڭ ساھابىلەرنىڭ يېنىدىن ئايرىلماي، ئارقىلىرىدىن يۈرۈپ، ئۇلاردىن پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىلغان ئىش - ھەرىكەتلىرى، ئۇرۇشلىرى ۋە ئۇ ۋاقىتلاردا نازىل بولغان ئايەتلەر ھەققىدە سوراپتىتىم. رەسۇلۇللاھ ياخشى كۆرىدىغان بىرى بولغانلىقىم ئۈچۈن،

(31) فەجىر سۈرىسى 27- ئايەتتىن 30- ئايەتكىچە؛ ئىبنى ھاجەر: ئىسابە، 4783؛ ئىبنى ئابدىلبەر: ئىستىئاب، 2/939.



由 扫描全能王 扫描创建

ئۇلارنىڭ قايسى بىرىنىڭ يېنىغا بارسام، سورىغان سوئاللىرىمغا خۇشاللىق بىلەن جاۋاب بېرەتتى. بىر قېتىم، ئۇبەي ئىبنى كەئبنىڭ قېشىغا باردىم. ئۇ ئىلىمدە يېتىشكەن ۋە ئابرۇيلۇق بىرى ئىدى.

- ماڭا، مەدىنىدە نازىل بولغان قۇرئان سۈرىلىرى ھەققىدە مەلۇمات بېرەمسىز؟- دەپ سورىدىم، ئۇ:

- مەدىنىدە 17 سۈرە نازىل بولدى. قالغان سۈرىلەر مەككىدە نازىل بولدى،- دەپ سۆزلەپ بەردى.»(32)

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس ئىنتايىن ئەقىللىق، قارىنى- كۆكسى كەڭ، يىراقنى كۆرىدىغان بىرى ئىدى. پەيغەمبىرىمىز ۋاپات بولغاندا ئەمدىلا 13 ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋاپاتىنىڭ قانداق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدىغانلىقىنى ناھايىتى ياخشى بىلەتتى. كېيىنكى كۈنلەردە نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئۇ، شۇ كۈنلا كۆرۈپ يەتكەنىدى.

«پەيغەمبىرىمىز ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن ئەنسارلاردىن بىرىگە:

- كەل، ساھابىلەر كۆپ ۋاقىتتا ئۇلاردىن سوراپ ئۆگىنەيلى،- دېدىم. ئەنسار ماڭا:

- ھەي ئىبنى ئابباس! ساڭا ھەيران قېلىۋاتىمەن. زېمىندا شۇنچە كۆپ ساھابىلەر تۇرسا، كىشىلەر ساڭا موھتاج بولامدۇ؟- دەپ كىنايە قىلدى. ئۇنى تاشلاپ قويۇپ، مەسىلىلەرنى ئېنىقلاش ۋە قايسى ساھابىدىن نېمىنى سوراش توغرىسىدا ئىزدىنىشكە باشلىدىم. ئىزدەپ سۈرۈشتۈرۈۋاتقان ۋاقتىمدا بىر ھەدىسنىڭ پەيغەمبىرىمىز تەرىپىدىن بىر ساھابە ئارقىلىق بۇيرۇلغانلىقىنى ئاڭلىسام، دەرھال شۇ ساھابىنىڭ يېنىغا باراتتىم. ساھابە چۈشلۈك ئۇيقۇسىغا ياتقان بولسا، سائەت - سائەتلەپ ئىشىكىنىڭ ئالدىدا كۈتەتتىم. ئۇيقۇم كەلسە، يەكتىكىمنى قاتلاپ ياستۇق قىلىپ، بېشىمغا قويۇپ ياتاتتىم. ساھابە ئۆيىدىن چىقىدىغان چاغقىچە شامال يۈز - كۆزلىرىمنى چاڭ- توزان قىلىۋېتەتتى. ساھابە ئۆيىدىن چىقىپ مېنى

(32) ئىبنى سەئىد: تەبەقات، 11/367، 371. ئىبنى مۇنزىر: 12/301.



由 扫描全能王 扫描创建

كۆرۈپ:

- ئى، رەسۇلۇللاھنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى! نېمە ئۈچۈن كەلدىڭ؟ - دەپ سورايتتى. مەن:

- ئاڭلىشىمچە، سەن شۇ ھەدىسنى پەيغەمبىرىمىزدىن ئاڭلاپ رىۋايەت قىلىپسەن، ئۇنى سېنىڭ ئۆز ئېغىزىڭدىن ئاڭلاي دەپ كەلدىم، - دەيتتىم. ساھابە:

- بىرىنى ئەۋەتكەن بولساڭ، مەن سېنىڭ يېنىڭغا باراتتىم، - دەيتتى. مەن:

- ئەسلىدە مېنىڭ سىزنىڭ يېنىڭىزغا كېلىشىم توغرا، - دەيتتىم.

مەن ھەدىس ئۆگەنگەن ساھابىلەرنىڭ ھەممىسى بىر - بىرلەپ دۇنيا بىلەن ۋىدالاشقىلى تۇردى. كىشىلەر ھەدىس ئۆگىنىش ئۈچۈن، مېنىڭ يېنىمغا كېلىشكە باشلىدى. مەن بىلەن ھەدىس ئۆگىنىشكە كەلمىگەن ھېلىقى ئاغىنەم بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ماڭا:

- سەن مەندىن ئەقىللىك ئىكەنسەن، - دېدى.[33]

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس بايان قىلىپ: «بىر ئاز ئىنقىلاش ئارقىلىق پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ مەدىنىلىك ساھابىلەردە ئىكەنلىكىنى بىلدىم. بۇ ھەدىسلەرنى ئۆگىنىش ئۈچۈن داۋاملىق ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ تۇردۇم. بىرىنىڭ ئۆيىگە بارغان ۋاقتىمدا ئۇخلاۋاتقان بولسا، ئۇنى ئويغاتماي ئىشىك ئالدىدا ساقلايتتىم. ئەگەر، خالىسام ئۇلارنى ئويغاتساممۇ بىرەر مەسىلە چىقمايتتى. لېكىن مەن ئۇنداق قىلماي ئىشىك ئالدىدا ئولتۇرۇپ، ساھابىنىڭ ئويغىنىشىنى كۈتەتتىم. ئۇ ئارىدا شامال چىقىپ يۈز-كۆزلىرىمنى چاڭ- توزان قىلىۋېتەتتى. ساھابە ئويغىنىپ مېنىڭ بۇ ھالىمنى كۆرۈپ:

- ياخشى قىلماپسەن، نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىڭنى ماڭا خەۋەر

(33) تەبەرانىي: ئەلمەجمۇئۇل كەبىر، 10/299؛ ئىبنى مەنزۇر، 10/301؛ ئىبنى ھەجەر، ئىسابە، 4783؛ ئىبنى جەۋزى، سىفاتۇسسەفۋە، 273.



由 扫描全能王 扫描创建

قىلمىدىڭ؟- دەيتتى. مەن:

- ئىشلىرى تۈگىگەندىن كېيىن كۆرۈشسەك تېخىمۇ ياخشى بولارمىكىن دەپ ئويلىغانتىم،- دەيتتىم، ھەم سورايدىغانلىرىمنى سوراپ بولۇپ قايتىپ كېتەتتىم.[34]

بەزى ۋاقىتلاردا بىرەر مەسىلىنى تېخىمۇ مۇكەممەل ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ساھابىلىرىدىن 30 كىشىدىن سورايتتىم.[35]

ئۇ، دەسلەپكى ۋاقىتلاردا ئەڭ كۆپ ئۇبەي ئىبنى كەئىب ۋە زەيد ئىبنى سابىتتىن ھەدىس ئۆگەنگەندىن كېيىن، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قەدىرلەيدىغان ئوقۇغۇچىلىرىدىن بىرىگە ئايلاندى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ماڭا بىرى بىر ھەدىسنى ئۆگىتىپ قويسا، ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرھال يادلىۋالاتتىم. داۋاملىق ئۇبەي ئىبنى كەئبنىڭ يېنىغا بېرىپ، ھەدىس ئۆگىنىۋېلىشقا تىرىشاتتىم. بارغان ۋاقتىمدا بىئارام قىلماسلىق ئۈچۈن، ئىشىك ئالدىدا ساقلاپ مۈگدەپ قالاتتىم. ئەگەر كەلگىنىمدىن خەۋەر تاپسا، پەيغەمبىرىمىزگە بولغان يېقىنلىقىم تۈپەيلى دەرھال كېلىپ مېنى ئويغىتىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. ئەمما، مەن ئۇنى زېرىكتۈرۈپ قويۇشتىن قورقۇپ، ئىشىك ئالدىدا كۈتۈشنى ئەۋزەل بىلەتتىم.»[36]

سەلما رەزىيەللاھۇ ئەنھا بايان قىلىپ: «بىر كۈنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسنىڭ بىر لەۋھەنى كۆتۈرۈۋالغان ھالدا ئەبۇ رافىئنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭدىن:

- پەيغەمبىرىمىز ئۇ كۈنى نېمە ئىش قىلغانتى؟ - دەپ سورىدى ۋە بەرگەن جاۋابىنى لەۋھەگە يازدى.» دەيدۇ.[37]

(34) ئىبنى سەئد، تەبەقات، 2/368.

(35) زەھەبى، سىيەر، 3264.

(36) ئىبنى سەئد، تەبەقات، 2/371.

(37) ئىبنى سەئد، 2/371؛ ئىبنى ھەجەر، ئىسابە، 4783.



由 扫描全能王 扫描创建

ئابدۇللاھ ئىبنى ئاببباس نۇرغۇنلىغان ساھابىلەردىن قۇرئان ئۆگەنگەنلىكىنى بايان قىلىپ:

- نۇرغۇنلىغان مۇھاجىرلارغا قۇرئاننى تىڭشاتتىم. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋفمۇ بار ئىدى.- دەيدۇ.[38]

ئابدۇللاھ ئىبنى ئاببباس شېئىر ۋە ئەدەبىياتقا ئوخشاش نۇرغۇنلىغان ساھەلەردىنمۇ خەۋەردار بولۇپ، بۇ ئىلىملەرنى ئۆگىنىش يولىدا مۇشۇ ساھەنىڭ نوپۇزلۇق كىشىلىرىنىڭ ئىشىكلىرىنى چېكىشتىن تارتىنمىدى.

يەھيا ئىبنى سەئىد بايان قىلىپ: «ياشانغان بىر ئەنسارىنىڭ ئايالى ماڭا:

- ئابدۇللاھ ئىبنى ئاببباسنىڭ نۇرغۇن قېتىم سىرما ئىبنى قەيسنىڭ ئۆيىگە شېئىر ئۆگەنگىلى بارغانلىقىنى كۆرگەنىدىم، - دېدى.» دەيدۇ.[39]

## ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ياشلارغا خاس مەدرىسى

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ياشلارغا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلەتتى. ئۇنىڭ ياشلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلايدىغان، ئىلىم ئۆگىتىدىغان بىر مەدرىسەسى بار ئىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئابدۇللاھ ئىبنى ئاببباسنىڭ ئەقلى ئىقتىدارى يۇقىرى، ئەقىل - پاراسەتلىك ئىكەنلىكىنى بايقىغاندىن كېيىن، قابىلىيەتلىك ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيەلەيدىغان بۇ مەدرىسىدىن ئىبارەت، چوڭ ساھابىلەردىن تەشكىللەنگەن كېڭەش مەجلىسىگە ئېلىپ كىردى ۋە يېنىدىن پەقەت ئايرىمىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئاببباس ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن خېلى كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ قەدىرلىك ئوقۇغۇچىلىرىدىن بىرىگە ئايلاندى. مۇپەسسىرلەر بەقەرە سۈرىسىنىڭ تەپسىرىدە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۇنىڭ ئىقتىدارىنى بايقىشىغا تۈرتكە بولغان ۋەقەنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «ئۆمەر رەزىيەللاھۇ

(38) بۇخارى، ھۇدۇد، 31.

(39) كاندەھلەۋى، ھاياتۇس ساھابە، 1/562.



由 扫描全能王 扫描创建

ئەنھۇ بىر ئاز ناماز ئوقۇغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ خورما قورۇتۇش ئورنىغا باردى ۋە بىرىنى ئەۋەتىپ قۇرئان ئوقۇيدىغان ياشلارنى چاقىرتىپ كەلدى. چاقىرتىلغان ياشلارنىڭ ئارىسىدا شۇ ۋاقىتتا ئەمدىلا 15-16 ياشلارغا كىرگەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسمۇ بار ئىدى. ياشلار ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭ نازارىتى ئاستىدا قۇرئان ئوقۇدى ۋە ئوقۇغان ئايەتلەرنى چۆرىدىگەن ئاساستا سۆھبەتلىشىشكە باشلىدى. ئۇلار، بىر ئايەت ئۈستىدە سۆھبەتلەشكەندىن كېيىن، باشقا بىر ئايەت ئۈستىدە سۆھبەتلىشىشكە باشلايتتى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارغا: «ئۇنىڭغا ئاللاھتىن قورققىن دېيىلسە، غۇرۇرى ئۇنىڭغا گۇناھ يۆكلەيدۇ، ئۇنىڭغا جەھەننەم يېتەرلىكتۇر، جەھەننەم ناھايىتى يامان جايدۇر. بەزى كىشىلەر باركى، ئۇلار ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىدۇ. ئاللاھ بەندىلىرىگە تولىمۇ مەرھەمەتلىكتۇر»(40) دېگەن ئايەتكە ئۆتۈپ ئۇ ھەقتە سۆھبەتلىشىڭلار!- دېدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس ئايەتنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئۇنى يېنىدىكى دوستلىرىغا:

- ئىككى ئادەم بىر- بىرى بىلەن جېدەللىشىپ قالغاندا، ئاللاھتىن قورقسۇن! دېيىلسە... دەپ تەپسىر قىلىپ بەردى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ بۇ تەپسىرىنى ئاڭلاپ ھەيران قىلدى ۋە دەرھال قارشى چىقىپ:

- سەن نېمە دېدىڭ؟- دەپ سورىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس:

- ھېچنېمە دېمىدىم، يا مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى! - دېدى.

- نېمە دېدىڭ؟- دەپ قايتا سورىدى. ئۇ:

- ئايەتنىڭ «ئىككى ئادەم بىر- بىرى بىلەن جېدەللىشىپ قالغاندا، ئاللاھتىن قورقسۇن!» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدىغانلىقىنى ئېيتتىم،- دېدى.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆزىدىن مەمنۇن بولغانلىقىنى بايقىغان ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس، تېخىمۇ غەيرەتكە كېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

(40) بەقەرە سۈرىسى، 206 – 207 ئايەتلەر.



由 扫描全能王 扫描创建

- مېنىڭ چۈشەنچەمگە كۆرە بۇ يەردە، تەقۋالىقتا ئەمەل قىلىشقا بۇيرۇلغاندا، مەنمەنلىك ۋە غۇرۇرى سەۋەبىدىن ئۆزىگە گۇناھ يۈكلىۋالغان كىشى بىلەن ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن، ئۆزى ۋە مېلىنى پىدا قىلغان كىشى مەقسەت قىلىنغان. بىرى تەقۋالىقتا رىئايە قىلمىغاندا، يەنە بىرى ئۇنىڭغا ئاللاھتىن قورقۇشنى ئېيتىدۇ، دوستى مەنمەنلىكى ۋە غۇرۇرى سەۋەبىدىن قوبۇل قىلمايدۇ. بۇ ۋاقىتتا ھېلىقى تەقۋا كىشى ئۇنىڭغا:

- مەن ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن نەپسىمدىن ۋاز كېچىمەن، - دەيدۇ. تالاش – تارتىش قىلىپ، ئاخىرىدا ئۇرۇشۇپ قالىدۇ،- دېدىم. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- سەن ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئىنتايىن قىممەتلىك، ئۇلۇغ بىرى سەن،- دېدى.»(41)

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ناھايىتى سۈرلۈك بىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر ئۇنىڭدىن تارتىنىپ، بىر نەرسە سوراشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. دەسلەپتە ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسمۇ شۇنداق ئىدى. بولۇپمۇ، سورىسام ئاچچىقلايدىغۇ، دەپ ئويلىغان سوئاللارنى قەتئىي سورىيالمايتتى. ئۇنى داۋاملىق ئۆگىنىشكە دەۋەت قىلىدىغان ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، بۇنى بايقىغاندىن كېيىن ئۇنى سوئاللىرىنى سوراشقا رىغبەتلەندۈرەتتى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «باشتىن تارتىپ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئاللاھ تەۋبە قىلىشقا بۇيرۇغان ئايالنىڭ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئاياللىرىنىڭ قايسى ئىككىسى ئىكەنلىكىنى سوراشنى ئارزۇ قىلاتتىم. بۇنى سوراشقا بىر قانچە قېتىم تەمشەلگەن بولساممۇ، ھەيۋىتىدىن قورقۇپ، سوراشقا جۈرئەت قىلالمىدىم. بىر قېتىملىق ھەج ۋە ئۆمرە مەزگىلىدە ئۇنىڭ يالغۇز تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، غەيرەتكە كەلدىم – دە، سۇ قۇتۇمنى ئېلىپ يېنىغا باردىم، تاھارەتكە سۇ قۇيۇپ بەرگەندىن

(41) سۇيۇتى، دۇررۇلمەنسۇر، 1/578.



由 扫描全能王 扫描创建

كېيىن:

- ئى، مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى! ئىككى يىلدىن بېرى سىزدىن بىر ھەدىس توغرىسىدا سوراشنى ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتىمەن، ئەمما ھەيۋىتىڭىزدىن تارتىنىپ، جاسارەت قىلالمىدىم، - دېدىم. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- ئۇنداق قىلما! بىرەر مەسىلىنى سورىماقچى بولساڭ تارتىنماي سورىغىن، ئەگەر ئۇ مەسىلىنى بىلسەم جاۋاب بېرىمەن، بىلمىسەم ‹بىلمەيمەن› دەيمەن، - دېدى.

- پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىككى ئايالى ھەققىدە نازىل بولغان ئايەتتە «ئاللاھقا تەۋبە قىلىڭلار» دېيىلگەن، بۇ ئىككى ئايال كىملەر؟ - دەپ سورىدىم. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- ئاجايىپ بىر بالىدە سەن! بۇنىڭ ئۈچۈنمۇ تارتىندىڭمۇ؟ ئۇلار ئائىشە بىلەن ھەفسە ئىدى، - دېدى ۋە بولغان ئەھۋالنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى.[42]

## كېڭەش مەجلىسگە قېتىلىشى

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئاجايىپ ئەقىل- پاراسىتىگە شۇنچىلىك ھەيران قالغان ئىدىكى، ئەمدىلا 15-16 ياشلارغا كىرگەن بىر ئۆسمۈر بولۇشىغا قارىماي، ئۇنى چوڭ ساھابىلەردىن تەشكىل تاپقان، مۇھىم مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىنىپ، قارار قىلىنىدىغان كېڭەش مەجلىسىگە كىرگۈزدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر، زەيد ئىبنى سابىتقا ئوخشاش قابىلىيەتلىك ياشلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ مەجلىسنى ھازىرقى كۈندىكى دۆلەت مەسلىھەت كېڭىشى دەپ تەسەۋۋۇر قىلساق، ئۇ ياشلارنىڭ قانچىلىك مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالغانلىقىنى بىلىۋېلىش مۇمكىن. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مىللەت ۋەكىلى بولغان ئابدۇللاھقا ھەم كېڭەش ئەزاسى، ھەم ئالاھىدە ئوقۇغۇچىسى

(42) بۇخارى، مەزالىم، 25.



由 扫描全能王 扫描创建

سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىشقا باشلىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس كېيىنكى مەجلىسكە قاتناشقان دەسلەپكى كۈنلىرى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مېنى چوڭ ساھابىلەر بىلەن بىرلىكتە كېڭەش مەجلىسكە قاتنىشىشقا چاقىردى، مەجلىسكە بارغاندىن كېيىن:

- چوڭلار سۆز باشلاشتىن بۇرۇن قەتئىي سۆز قىلما!- دەپ مېنى ئاگاھلاندۇردى. يىغىن داۋاملىشىۋاتقان ۋاقىتتا نۆۋىتى كەلگەندە مەندىن سوئاللارنى سورىدى، كۆز قاراشلىرىمغا قۇلاق سالدى. چوڭلارنىڭ پىكىرلىرىگە قارشى كۆز قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋاقتىمدا، توغرا بولسا، دەرھال قوبۇل قىلدى، ھەم بەزى چوڭ ساھابىلەرگە مېنى ئۈلگە قىلىپ كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

- سىلەرنىڭ شۇ بالىنىڭ پىكرىگە ئوخشاش پىكىر قىلىشىڭلارغا نېمە توسالغۇ بولىدۇ؟- دەپ، مېنىڭ كۆڭلۈمنى ئاۋۇندۇراتتى. بەزى مۇھىم مەسىلىلەردە مەن بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، پىكىرلىرىمدىن مەمنۇن بولاتتى ۋە ماڭا:

- سەن ئىلىمى چۈشەنچىسى چوڭقۇر بىرى،- دەيتتى.

بىر قېتىم سوئالىغا بەرگەن جاۋابىمنى ياقتۇرۇپ قېلىپ:

- گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، سەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۆيىدىكىدەك سۆزلەيسەن،- دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىپ، مەندىن مەمنۇن بولغانلىقىنى بىلدۈردى.(43)

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباستىن ئىبارەت بۇ ياش كېڭەش ئەزاسىنىڭ مۇشۇنداق مۇھىم ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىشىنى يالغۇز ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلا ئەمەس، بەلكى دادىسىمۇ تەۋسىيە قىلغانىدى. بۇ تەۋسىيەلەر ھەققىدە شەخسەن ئۆزى مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى دادام ماڭا مۇنداق دېدى:

- ئوغلۇم، بىلمەن، سېنىڭ بىلىمىڭ مېنىڭكىدىن ئۈستۈن، لېكىن

(43) ئىبنى سەئد، تەبەقات، 2/369؛ زەھەبى، سىيەر، 3264.



由 扫描全能王 扫描创建

مەن سەندىن تەجرىبىلىك. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب سېنى چاقىرىپ، كېڭەش مەجلىسىگە قاتناشتۇرۇپتۇ. سەن مېنىڭ بۇ ئۈچ ۋەسىيىتىمنى ھەرگىز ئەقلىڭدىن چىقارما:

- باشقىلارغا قەتئىي سىرىڭنى ئېيتما!

- باشقىلارنىڭ يېنىدا ھېچكىمنىڭ يامان گېپىنى قىلما!

- باشقىلارنىڭ يالغان سۆزلەيدىغان ياكى سۆزلىمەيدىغانلىقىڭنى سىنىشىغا قەتئىي پۇرسەت بەرمە! (ھەممە سېنىڭ يالغان سۆزلىمەيدىغانلىقىڭغا ئىشەنسۇن)»[44]

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسنى تونۇمايدىغان، ئۇنىڭ ئالاھىدە قابىلىيىتىنى بىلمەيدىغان بەزى كېڭەش ئەزالىرى دەسلەپكى كۈنلەردە ئۇنى بىر ئاز ياتسىرىغانىدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مېنى بەدىر ئۇرۇشىغا قاتناشقان چوڭ ساھابىلەر بىلەن بىرلىكتە كېڭەش مەجلىسىگە چاقىردى. ساھابىلەردىن بەزىلىرى:

- بۇ ياش نېمە ئۈچۈن بىز بىلەن كېڭەش مەجلىسىگە قاتنىشىدۇ؟ بىزنىڭ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ياشتا بالىلىرىمىز بار،- دېيىشتى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- يېقىندا ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن قاتناشقانلىقىنى بىلىپ قالىسىلەر،- دەپ جاۋاب بەردى.

ئاردىن مەلۇم مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، كېڭەش مەجلىسى توپلاندى. چاقىرىلغانلارنىڭ ئارىسىدا مەنمۇ بار ئىدىم. يىغىننىڭ مەقسىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مېنىڭ قانداقراق بىرى ئىكەنلىكىمنى باشقىلارغا كۆرسىتىپ قويۇش ئىدى. كېڭەش ئەزالىرى كەلگەندىن كېيىن: «ئاللاھنىڭ ياردىمى ۋە غەلىبىسى كەلگەن ۋاقىت...»[45] دېگەن

(44) ئەبۇ نۇئەيم، ھىليەتۇل ئەۋلىيا. 1/317.

(45) نەسر سۈرىسى، 1 – 3 ئايەتلەر.



由 扫描全能王 扫描创建

ئايەتنى قانداق چۈشىنىسىلەر؟ - دەپ سورىدى. بەزى ساھابىلەر:

- ئاللاھ بۇ ئايەتلەردە، ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرىگە ئاللاھنىڭ ياردىمى ۋە غەلىبىسى كەلگەندە، دىنغا توپ - توپ بولۇپ كىرىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن پەيغەمبىرىدىن ئۆزىگە ھەمدۇ - سانا ئېيتىشنى تەلەپ قىلغان، - دېيىشتى. يەنە بەزى ساھابىلەر:

- بىلمەيمىز، - دېيىشسە، بىر قىسىم ساھابىلەر ھېچ نېمە دېمەي، سۈكۈت قىلىپ ئولتۇرۇشتى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ماڭا قاراپ:

- ئى، ئىبنى ئابباس! سەن قانداق قارايسەن؟ - دەپ سورىدى. مەن:

- ئاللاھ بۇ سۈرە ئارقىلىق بىزگە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋاپاتىدىن بېشارەت بېرىۋاتىدۇ، سۈرىدە «ئاللاھنىڭ ياردىمى ۋە غەلىبىسى كەلگەن ۋاقىتتا...» دېگەن ئايەت ئارقىلىق مەككىنىڭ پەتھى قىلىنىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىش بىلەن بىرگە، ئەمەلىيەتتە «بۇ سېنىڭ ئەجىلىڭنىڭ توشقانلىقىنىڭ بېشارىتىدۇر. ئۇ ھالدا سەن ‹ئاللاھقا ھەمدە ئېيتقىن، تەسبىھ ئېيتقىن، ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلىگىن. چۈنكى ئۇ، تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، - دېمەكتىدۇر› دېدىم.»

داۋاملىق ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەتراپىدا يۈرىدىغان ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس، ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇش ئارقىلىق نۇرغۇنلىغان ۋەقەلەرگە شاھىت بولۇپ، ئۆگىنىپ پىشىپ يېتىلىۋاتاتتى. بۇ ئۆگىنىش جەريانىدىكى بىر ۋەقەنى ئۆزى بىۋاستە بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى بىر ئادەم ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى زىيارەت قىلىپ كەلدى. كۆرۈشۈش جەريانىدا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ ئادەمدىن تۇرۇۋاتقان يېرىدىكى خەلقىنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. ئۇ ئادەم:

- ئۇ يەردىكى بەزى كىشىلەر قۇرئاننى مۇنداق، مۇنداق ئوقۇيدۇ، - دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جاۋاب بېرىپ بولغۇچە مەن ئالدىراپ:

- ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بىر كۈندە بۇنداق كۆپ قۇرئان ئوقۇش ۋە بۇنداق تېز ئوقۇش توغرا ئەمەس، - دېدىم. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ

ئەنھۇ مېنىڭ سۆزگە ئارىلىششىمنى ياقتۇرمىدى-دە، ماڭا:

- ئاغزىڭنى يۇم!- دەپ كايىدى. كۆڭلۈم ناھايىتى يېرىم بولغانىدى. ئىنتايىن پەرىشان ۋە بىئارام بولغان ھالدا ئۆيگە قايتىپ كەلدىم ۋە ئۆز-ئۆزۈمگە:

- ئۇنىڭ يېنىدىكى قىممىتىمنى يوقاتتىم، نەزىرىدىن چۈشۈپ كەتتىم،- دەپ ئازابلاندىم. ئۆيگە كېلىپلا ئۆزۈمنى كارىۋاتقا ئاتتىم. ئۆيدىكى ئاياللار مېنى كېسەل بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ، ئەھۋال سوراشقا باشلىدى. «نېمە بولدۇڭ؟ قەيىرىڭ ئاغرىيدۇ؟ دېگەندەك سوئاللارنى سوراپ، نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلىشكە تىرىشتى. بىراق ماڭا ھېچ ئىش بولمىغانىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مېنىڭ بۇ ئەھۋالىمدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، بىرىنى ئەۋەتىپ مېنى يېنىغا چاقىرتتى. ئۆيدىن چىقىپ، مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرىنىڭ يېنىغا باردىم. خەلىپە ئىشىك ئالدىدا مېنى كۈتۈپ تۇرغانىكەن. قولۇمنى تۇتۇپ يالغۇز قالغۇدەك خالىي بىر يەرگە ئېلىپ بېرىپ، ماڭا:

- مەن بىلەن پاراڭلاشقان ئادەمنىڭ سۆزلىرى تۈپەيلىدىن پەرىشان بولدۇڭمۇ؟- دەپ سورىدى. مەن:

- ئى، مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى! بىرەر خاتا ئىش قىلىپ سالغان بولسام، كەچۈرۈم سورايمەن، ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەيمەن، ماڭا ھەر قانداق جازا بەرسىڭىز رازىمەن،- دېدىم. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەندىن:

- ئۇ ئادەمنىڭ سۆزلىرىنىڭ ساڭا ياقمىغان تەرەپلىرىنى ماڭا ئېنىق ئېيتىپ بېرەلەمسەن؟- دەپ سورىدى. مەن:

- قۇرئاننى بۇنداق تېز ئوقۇسا، بىر -بىرىنى خاتا ئوقۇدى دېيىشىپ، ئەيىبلىشىدۇ، شۇ ئارقىلىق تالاش- تارتىش قىلىپ، ئىختىلاپقا يول ئېچىپ، جېدەل - ماجىرا چىقىرىدۇ،- دېدىم. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇنى ئاڭلاپ ماڭا:

- خۇدا ھەققى، بۇ سۆزلىرىڭنى مەن ئۇلارغا ئېيتىشتىن بورۇن،



由 扫描全能王 扫描创建

چۈشەنچىلىرىڭنى ھېچكىمگە ئېيتمىغىن،- دېدى.»[46]

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس چوڭقۇر چۈشەنچىسى ۋە قابىلىيىتى بىلەن داۋاملىق ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ھەيران قالدۇراتتى. ئۇ، يۈكسەك ئەقىل - پاراسىتى ئارقىلىق بايقاپ، خەلىپىگە يەتكۈزگەن بۇ سۆزلىرى بىلەن، ئىنسانلارنى بىر- بىرىگە دۈشمەن قىلىدىغان ۋە دىققەتسىزلىكى سەۋەبىدىن دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدىغان مۇھىم بىر خاتالىق ۋە ئۇنىڭ قورقۇنچلۇق ئاقىۋىتىنى كۆرسىتىپ بەرگەنىدى.

## ئىبنى ئابباسنىڭ بەزى ئەسلىمىلىرى

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسنىڭ ئىلىمگە ۋە پەيغەمبىرىمىزگە بولغان مېھرى - مۇھەببىتى، ئۇنىڭ ساھابە كىراملار بىلەن ياخشى ۋاقىت ئۆتكۈزۈشىدە تۈرتكىلىك رول ئوينىغانىدى. بەزىدە ئۇلاردىن سوئال سورايتتى، بەزىدە ئۇلارغا مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرەتتى، يەنە بەزىدە ساھابىلەرگە ياردەمچى بولاتتى.

ئۇتبە ئىبنى مەسئۇد بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس بىر كۈنى ھۆر ئىبنى قەيس بىلەن ئولتۇرۇپ، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇچرىشىشنى ئارزۇ قىلىدىغان دوستىنىڭ كىم ئىكەنلىكى توغرۇلۇق پاراڭلىشىۋاتاتتى. شۇ چاغدا ئۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئۇبەيد ئىبنى كەئبنى ئابدۇللاھ يانلىرىغا چاقىرىپ، مەسىلىنى ئۇنىڭغا ئېيتقاندىن كېيىن:

- پەيغەمبىرىمىزدىن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئىشى توغرۇلۇق بىرەر نەرسە ئاڭلىدىڭمۇ؟- دەپ سورىدى. ئۇ:

- ھەئە، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۇنىڭ بۇ ئەھۋالى ھەققىدە سۆز قىلىپ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: «مۇسا ئەلەيھىسسالام بەنى ئىسرائىلدىن بىر توپ كىشىلەر بىلەن ئولتۇرغاندا، بىر ئادەم كېلىپ:

- سەندىنمۇ ئالىمراق بىرىنى تونۇمسەن؟- دەپ سورىدى.

(46) ئىبنى مەنزۇر، 12/304؛ زەھەبى، سىيەر، 3264.

- ياق،- دېدى. دەل شۇ ۋاقىتتا جانابى ئاللاھ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا:

- بۇ بەندىمىز ھازىر سەندىنمۇ بىلىملىك،- دەپ ۋەھيى قىلدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ بىلەن قانداق ئۇچرىشالايدىغانلىقىنى سورىدى...» دەپ سۆزلەپ بەردى.[47]

ئەبۇ ئەييۇب ئەلئەنسارى قەرزدار بولۇپ قالغانىدى. قەرز ئىگىلىرى قەرزنى سۈيلەپ كېلىشكە باشلىغاندا، مەجبۇرى ھالدا شۇ ۋاقىتتىكى خەلىپە مۇئاۋىيەنىڭ يېنىغا ياردەم سوراپ بارغانىدى. مۇئاۋىيە ئۇنىڭ ياردەم تەلىپىنى رەت قىلغاندىن كېيىن، يولنى داۋاملاشتۇرۇپ بەسرەگە باردى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس ئۇ ۋاقىتتا بەسرەنىڭ ۋالىيسى بولۇپ، ئەبۇ ئەييۇب ئەلئەنسارى بىلەن ھەزرىتى مۇئاۋىيەنىڭ ئارىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلاردىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ناھايىتى بىئارام بولدى. ئۇ، سەپەرگە چىقىش ئالدىدا ئىدى. يولغا چىقىشتىن بۇرۇن ئەبۇ ئەييۇبنى ئۆيىگە چاقىرىپ، ناھايىتى ھۆرمىتىنى قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئۆيىنى ئۇنىڭغا بەرگەندىن كېيىن:

- پەيغەمبىرىمىز سېنى قانداق ھۆرمەت بىلەن مېھمان قىلغان بولسا، مەنمۇ سېنى شۇنداق مېھمان قىلىمەن،- دېدى. ئائىلىسىنى ئۆيدىن چىقىرىپ باشقا بىر يەرگە ئەۋەتىۋەتتى. ھەم ئۇنىڭغا ئۇ ئۆيدە خالىغان ۋاقىتقىچە ئولتۇرسا بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى ۋە كېتىدىغان چېغىدا:

- بۇ ئۆيدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى سېنىڭكى، قانچىلىك قەرزىڭ بار ئىدى؟- دەپ سورىدى. ئەبۇ ئەييۇب:

- 20 مىڭ دەرھەم،- دەپ جاۋاب بەردى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس ئۇنىڭغا 40 مىڭ دەرھەم پۇل ۋە 20 قۇل ھەدىيە قىلىپ قايتۇرۇۋەتتى.[48]

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسنى ياخشى تونۇيدىغان چوڭ ساھابىلەردىن سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ناھايىتى ھەيران قالغانىدى. ئۇ،

---

(47) بۇخارى، ئىلىم، 19.

(48) بەلازۇرى، ئەنسابۇل ئەشراق، 3/60؛ ئىبنى كەسىر، ئەلبىدايە ۋەننىھايە، 1/1219.



由 扫描全能王 扫描创建

بۇ ھەيرانلىقىنى تۆۋەندىكى سۆزلەر ئارقىلىق بايان قىلىپ، كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ ئۇنى تېخىمۇ ياخشى تونۇشىغا ۋەسىلە بولۇپ قالدى: «ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباستەك مەسىلىلەرنى تېز چۈشىنىدىغان، ئەقىللىق، قابىلىيەتلىك، ئالىم ۋە گۈزەل ئەخلاقلىق بىرىنى كۆرمىدىم. ھەتتا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ ئەتراپىدا بەدىر ئەھلىدىن نۇرغۇنلىغان ئەنسارلار ۋە مۇجاھىدلار تۇرسىمۇ، بەزى چۈشىنەلمىگەن مەسىلىلەردە دەرھال ئۇنى چاقىرتىپ:

- ساڭا يەنە ھەل قىلىش قېيىن بولغان بىر مەسىلە چىقتى،- دەيتتى ھەم مەسىلىنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بېرەتتى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۆزى تۈگىمەستىن ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس ئۇ مەسىلىنى ھەل قىلىپ بولاتتى.»(49)

چوڭ ئالىم ساھابىلەردىن بىرى بولغان ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدمۇ ئۇنىڭدىن ئىنتايىن مەمنۇن ئىدى ۋە بۇ مەمنۇنلۇقىنى ئىپادىلەپ: «ئەگەر ھەزرىتى ئىبنى ئابباس بىز بىلەن تەڭ بولۇپ، بىز بىلەن بىرلىكتە ياشىغان بولسا ئىدى، ھېچقايسىمىز ئۇنىڭ سەۋىيەسىگە يېتىشەلمىگەن بولاتتۇق. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس نېمىدېگەن گۈزەل قۇرئان كەرىم تەرجىمانىدۇر.» دېگەنىدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرمۇ ئۇنىڭ توغرىسىدا: «ئاللاھ پەيغەمبىرىمىزگە ئەۋەتكەن قۇرئان كەرىمنى ئۇنىڭدەك ياخشى چۈشەنگەن بىر ئىنسان يوقتۇر» دەيتتى.

بىرى ئۇنىڭدىن بىر ئايەتنىڭ مەنىسىنى سورىغانىدى، ئۇ:

- بېرىپ ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباستىن سورىغىن ۋە بەرگەن جاۋابىنى كېلىپ ماڭا ئېيتىپ بەرگىن!- دېدى. ئۇ كىشى سوئالىنى سوراپ قايتىپ كەلدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ئالغان جاۋابىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

- ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسنى پەقەت قۇرئان كەرىم

(49) ئىبنى كەسىر، 2/1325؛ ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 12/306؛ زەھەبى، سىيەر، 3264.



由 扫描全能王 扫描创建

تەپسىردە قابىلىيەتلىك دەپ ئويلايتتىم. ئەمما ھازىر بىلدىمكى ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن ئىلىم بېرىلىپتۇ.- دېدى.

يەنە چوڭ ئالىملاردىن جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ ئۇنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، قوللىرىنى تىزلىرىغا ئۇرۇپ تۇرۇپ، قايغۇرغان ھالدا مۇنداق دېگەنىدى: «بۈگۈن ئىنسانلارنىڭ كاتتا ئالىمى، ئەخلاقى ناھايىتى گۈزەل بىرى ۋاپات بولدى. بۇ ئۈممەت ئۇنىڭ ئۆلۈمى بىلەن تۈگمەس بىر ئازاب ۋە مۇسىبەتكە دۇچار بولدى.»

رافىئ ئىبنى ھۇدەيج ئۇنىڭ ۋاپاتى ھەققىدە مۇنداق دېگەنىدى: «بۈگۈن غەرب ۋە شەرقتىكى پۈتۈن ئىنسانلار موھتاج بولىدىغان بىرى ۋاپات بولدى.»(50)

ئۇستازى ئۇبەي ئىبنى كەئب تېخى كىچىك بىر بالا چېغىدىلا ئۇنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «بۇ ياش، پۈتۈن ئۈممەتنىڭ كاتتا ئالىمى بولىدۇ. چۈنكى ئۇ مۇكەممەل ئەقىل ۋە پىكىر قىلىش قابىلىيىتىگە ئىگە. يەنە كېلىپ پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا دىندا پاراسەتلىك بولۇشى ھەققىدە دۇئا قىلغانىدى» دەيتتى.(51)

ساھابىلەر چەكسىز ئىلمى سەۋەبىدىن ئۇنى «بەھر » ياكى «ھىبرۇل-ئۈممە» دەيتتى.(52)

## بەسرەگە ۋالىي بولۇشى

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھىجرىيەنىڭ 36 - يىلى ئۇنى بەسرەگە ۋالىي قىلىپ تەيىنلىدى. زىياد ئىبنى ئەبۇ سۇفيانىنى بەيتۇل مال ۋەزىپىسىگە، ئەبۇ ئەسۋەد ئەددۇئەلىنى ئىماملىققا قويدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋاپات بولغانغا قەدەر بەسرەنىڭ ۋالىيسى بولغان ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس، بەسرەگە

(50) ئىبنى كەسىر، ئەلبىدايە ۋەننىھايە، 2/1325؛ئەبۇ نۇئەيم، ھىليەتۇل ئەۋلىيا، 1/320.
(51) ئىبنى سەئد، تەبىقات، 2/370.
(52) ئىبنى ھەجەر، ئىسابە، 4783.



由 扫描全能王 扫描创建

كەلگەندىن كېيىن كىشىلەرنىڭ ئىلىم ئۆگىنىشكە قىزىقىدىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتتى. بۇ ئىشتىن خۇشاللىق ھېس قىلغان ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىلىم ئۆگىنىش پائالىيەتلىرىنى تېز قانات يايدۇردى. بۇ جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بەسرەگە ۋالىي بولۇشى ئۇنىڭ ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولغانىدى.

بىر تەرەپتىن ئىلىم ئۆگەنگۈچىلەرگە تەپسىر، ھەدىس، فىقھى، ئەدەبىيات...دەرسلىرىنى بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ھەپتىنىڭ مەلۇم كۈنلىرىدە خەلققە نەسىھەت قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ قەلبىنى يورۇتاتتى. رامىزان كەلگەن ۋاقىتتا كىشىلەرگە ئىسلامنىڭ ھۆكۈملىرىنى ئۆگىتەتتى. ھارپا كۈنى مۇنبەرگە چىقىپ، ئەسىر نامىزىدىن شام نامىزىغىچە بولغان ۋاقىتتا كىشىلەرگە ۋەئىز ئېيتاتتى. بەقەرە ۋە ئال ئىمران سۈرىسىنى سۆزمۇ سۆز، جۈملىمۇ جۈملە ئوقۇپ چۈشەندۈرەتتى. بەسرەدە ۋالىيلىق قىلىۋاتقان يىللىرىنىڭ بىر ھەج مەۋسۇمىدا مەككىگە كەلگەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس، ئۇ يەردە بىر قېتىم بەقەرە سۈرىسىنى، يەنە بىر قېتىمدا نۇر سۈرىسىنى ئوقۇپ جۈملىمۇ جۈملە تەپسىر قىلغان، شەقىق ئىبنى ۋائىل ئۇنىڭ بۇ تەپسىرىنى ئاڭلاپ ئۆزىنى تۇتالمىغان ھالدا مۇنداق دېگەنىدى: «ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسنىڭ ھەج مەۋسۇمىدىكى نۇتقىنى ئاڭلىدىم. نۇر سۈرىسىنى ئوقۇپ تەپسىر قىلىۋاتاتتى، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئۆز - ئۆزۈمگە: ‹ئەگەر ئىرانلىقلار، رىملىقلار ۋە تۈركلەر ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان بولسا، شۈبھىسىزكى مۇسۇلمان بولغان بولاتتى› دېدىم.»(53)

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسنى ياخشى تونۇيدىغان ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ توغرىسىدا مۇنداق گۈزەل سۆزلەرنى سۆزلىگەنىدى:

- ئۇ ئەقلى، قىلىۋاتقان ئىشىدىكى پاراستى بىلەن نېپىز بىر پەردىنىڭ ئارقىسىدىن غەيبكە قارايتتى.(54)

(53) ئىبنى ئابدىلبەر، ئىستىئاب، 3/936؛ ئىبنى كەسىر، ئەلبىدايە ۋەننىھايە، 2/1326.
(54) ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 12/305.



由 扫描全能王 扫描创建

بەسرەلىكلەر ئۇنىڭدىن مەمنۇن ئىدى. بەسرە خەلقىدىن بولغان سەئسەئ ئىبنى ساھۇن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى زىيارەت قىلىپ بارغاندا، ئۇنىڭدىن ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسنى سورىدى.

- ئى، مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى! ئۇ بىزنىڭ ئالدىمىزدا داۋاملىق ئۈچ ئىشنى قىلاتتى، ئۈچ ئىشتىن يىراق تۇراتتى. كىشىلەر بىلەن پاراڭلاشقاندا، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئالاتتى، خەلق سۆزلىگەن ۋاقىتتا، ئۇلارنى دىققەت بىلەن تىڭشايتتى. پەرقلىق قاراشلارنىڭ ئاسان بولغىنىنى تاللايتتى. رىيادىن، يامان كىشىلەردىن يىراق ھەم ئۇلارنىڭ ئالدىدا تىك تۇراتتى.[55]

بەسرەگە ۋالىيلىق قىلىۋاتقان ۋاقىتلىرىدا ئۇ يەردىكى ئىرانلىقلارنىمۇ ئىسلامغا دەۋەت قىلاتتى. ئەمما ئۇ ۋاقىتلاردا تېخى پارسچىنى بىلمەيتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن بىر تەرجىماندىن ياردەم تەلەپ قىلغان ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس، تەرجىماننى ئۆز يېنىدا قېلىشقا رازى قىلىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ مال - مۈلكىدىن نۇرغۇن نەرسە بېرىشنى تەكلىپ قىلغانىدى.

ئەبۇ جەمرە بايان قىلىپ: «ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسنىڭ مەجلىسىدە، بىر تەرەپتە ئولتۇرسام مېنى چاقىرىپ يېنىغا ئولتۇرغۇزدى ۋە ماڭا:

- ئەگەر يېنىمدا ئولتۇرساڭ ساڭا مېلىمدىن بىر مىقدار بېرىمەن،- دېدى.

- بولىدۇ،- دەپ، يېنىدا 2 ئاي تۇردۇم» دەيدۇ.[56]

## ئىلمى؛ مەككە تەپسىر مەدرىسىسىنىڭ ئاساسچىسى

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن مەككىدە تۇرۇپ قالغان ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس، بۇ يەردە نۇرغۇنلىغان ئىلمي مەجلىسلەرنى قۇردى، نۇرغۇنلىغان ئالىملارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈش ئارقىلىق مەككە تەپسىر مەدرىسىسىنىڭ ئاساسىنى ياراتتى. ھەر تەرەپتىن ئىلىم ئۆگەنگۈچىلەر

(55) ئىبنى كەسىر، ئەلبىدايە ۋەننىھايە، 2/1328.

(56) بۇخارى، ئىمان، 40؛ ئايىنى، ئۇمدەتۇل قارىئ، 1/450.



由 扫描全能王 扫描创建

مەككىگە كېلىپ، ئۇنىڭدىن ئىلىم ئۆگىنىشكە تىرىشاتتى. ئۇنىڭ ئۆيى ئالى ئىلىم ئېلىش ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان بىر ئۇنىۋېرسىتېتقا ئوخشايتتى.

ئوقۇغۇچىلىرىدىن ئەبۇ سالىھ بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسنى بىر مەجلىستە كۆردۈم. پۈتۈن قۇرەيش خەلقى ئۇنىڭدىن پەخىرلەنسە بولاتتى. كىشىلەر ئىلىم ئۆگىنىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆيىگە يۈگۈرۈشەتتى. ئۇلار شۇنچىلىك كۆپ ئىدىكى، يوللار تار كېلەتتى. سىرتتىكىلەر ئىچكىرىگە كىرەلمەيتتى، ئىچىدىكىلەر سىرتقا چىقالمايتتى. ھۇزۇرىغا كىرىپ، سىرتتا ئۇنى ساقلاۋاتقان نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئۇنىڭغا يەتكۈزدۈم. ئۇ ماڭا:

- تاھارەتكە سۇ تەييارلىغىن!- دېدى ۋە تاھارەت ئالغاندىن كېيىن:

- سىرتقا چىقىپ ئۇلارغا: ‹كىمنىڭ قۇرئان ۋە قىرائەتكە دائىر سوئالى بولسا ئىچكىرىگە كىرسۇن!› دېگىن،- دېدى. سىرتقا چىقىپ چاقىرغاندىن كېيىن، بىر توپ ئوقۇغۇچىلار ئىچكىرىگە كىردى. بىر ئېغىز ئەمەس، پۈتۈن ئۆيلەر تولۇپ - تاشتى. بىرىنىڭ سورىغان سوئالىغا كۈتكىنىدىن تېخىمۇ كۆپ ۋە قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بەردى ۋە سۆزى تۈگىگەندە ‹قېرىنداشلىرىمىزغا يول ئېچىڭلار، چىقىپ كەتسۇن!› دېدى. ئۇ چىققان ھامان باشقا بىر گۇرۇپ كىردى. بىرىنچى گۇرۇپپا تۈگىگەندىن كېيىن:

- سىرتقا چىقىپ، ‹قۇرئاننىڭ تەپسىرى ۋە تەئۋىلىنى ئۆگىنىشنى خالايدىغانلار ئىچكىرىگە كىرسۇن!› دېگىن،- دەپ بۇيرۇدى. سىرتقا چىقىپ چاقىرغاندىن كېيىن، توپلانغانلار ئىچىدىن بىر گۇرۇپپا كىشى ئىچكىرىگە كىردى. ئۇلارمۇ پۈتۈن ئۆيلەرنى تولدۇردى. ئۇلارغىمۇ قانائەتلىنەرلىك جاۋابلارنى بەردى ۋە ئۇلارغا قاراپ:

- قېرىنداشلىرىمىزغا يول ئېچىڭلار، چىقىپ كەتسۇن!- دېدى. ئىككىنچى گۇرۇپپا تۈگىگەندىن كېيىن ماڭا قاراپ:

- سىرتقا چىققىن ۋە ئۇلارغا ‹ھالال- ھارام ۋە فىقھىي ئىلىملىرىدا



由 扫描全能王 扫描创建

سوئال سوراشنى خالايدىغانلار ئىچكىرىگە كىرسۇن! › دېگىن.- دېدى. سىرتقا چىقىپ چاقىرغاندىن كېيىن، يەنە بىر گورۇپپا كىشى ئۆيگە كىردى. ئۇلارمۇ پۈتۈن ئۆيلەرنى تولدۇردى. ئۇلارنىڭ سوئاللىرىغىمۇ قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بەردى ھەمدە ئۇلارغا قاراپ:

- قېرىنداشلىرىمىزغا يول ئېچىڭلار چىقىپ كەتسۇن!- دېدى ۋە ماڭا:

- سىرتقا چىقىپ ئۇلارغا ‹فەرائىز (مىراس ئىلمى) ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش تېمىلاردا سوئال سوراشنى خالايدىغانلار ئىچكىرىگە كىرسۇن› دېگىن!- دېدى. چاقىرغاندىن كېيىن يەنە بىر گورۇپپا كىشى ئۆيگە كىردى ۋە پۈتۈن ئۆينى تولدۇردى. ئۇلارنىڭ سوئاللىرىغىمۇ قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بەرگەندىن كېيىن، ئۇلارغا قاراپ:

- قېرىنداشلىرىمىزغا يول بېرىڭلار، چىقىپ كەتسۇن!- دېدى. ئۇلارمۇ چىققاندىن كېيىن، ماڭا قاراپ:

- سىرتقا چىقىپ ئۇلارغا ‹تىلشۇناسلىق، شېئىر ۋە مۇرەككەپ سۆزلەر ھەققىدە سوئال سوراشنى خالايدىغانلار ئىچكىرىگە كىرسۇن› دېگىن،- دېدى. چاقىرغاندىن كېيىن يەنە بىر گورۇپپا كىشى ئۆيگە كىردى ۋە پۈتۈن ئۆينى تولدۇردى. ئۇلارنىڭ سوئاللىرىغىمۇ قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بەرگەندىن كېيىن، ئۇلارغا قاراپ:

- قېرىنداشلىرىمىزغا يول ئېچىڭلار، چىقىپ كەتسۇن!- دېدى.[57]

ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىلارنى بىر مۇددەت بۇ شەكىلدە قوبۇل قىلغان ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس، ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كۈنسېرى كۆپىيىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنى قىزىقىشلىرىغا كۆرە بۆلۈملەرگە ئايرىدى. ھەپتىنىڭ بىر كۈنىنى تەپسىرگە، بىر كۈنىنى فىقھى ئۆگىنىشنى خالايدىغانلارغا، بىر كۈنىنى ئىسلام تارىخىغا قىزىقىدىغان ئوقۇغۇچىلارغا، بىر كۈنىنى شېئىرغا ھەۋەس قىلىدىغانلارغا. يەنە باشقا بىر كۈنىنى بولسا ئەييامۇل- ئەرەب/ ئەرەب تارىخىغا ئايرىدى. بەلگىلەنگەن بۇ كۈنلەردە

(57) ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 12/310؛ ئىبنى جەۋزى، سىفاتۇسسەفۋە، 273؛ ئەبۇ نۇئەيم، ھىليەتۇل ئەۋلىيا، 1/331.



由 扫描全能王 扫描创建

پەقەت بەلگىلەنگەن ئىلىم ئۆگەنگۈچىلەرنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرەتتى. ھېچكىمنىڭ سوئالى جاۋابسىز قالمايتتى.

كىشىلەرنى داۋاملىق تۈردە ئىلىم ئۆگىنىشكە رىغبەتلەندۈرەتتى، ئۆگىنىشنى خالايدىغانلارغا پۈتۈن ئىشىكلىرىنى ئوچۇق قوياتتى. ئۆگەنمەكچى بولغان نەرسىلىرىنى تولۇق ۋە توغرا ئۆگەنگەنگە قەدەر سوراشنى تەلەپ قىلاتتى. ئوقۇغۇچىلىرىدىن ئەبۇ سەپەر بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس كىشىلەرگە سۆز قىلىپ:

- ئەي خالايىق! سۆزۈمگە قۇلاق سېلىڭلار، سوئال سوراشنى خالايدىغانلار سورىسۇن، ياخشى ئۆگەنمەي، كىشىلەرنىڭ يېنىغا بېرىپ ‹ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس مۇنداق دېدى!› دېمەڭلار. ئىبنى ئابباس دېدىكى: ‹كىم بەيتۇللانى تاۋاپ قىلىشنى خالىسا، ھىجىرنىڭ ئارقىسىدىن تاۋاپ قىلسۇن! بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، باشقا كىشىلەرنىڭ يېنىغا بېرىپ ھىجىرنىڭ ئورنىغا خاتىمنىڭ ئارقىسىدىن تاۋاپ قىلسۇن! دېمەڭلار. ئۇ يەرنىڭ خاتىم دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى، ئىنسانلار جاھىلىيەت دەۋرىدە قەسەم قىلىپ ئۆزۈن قامچا، ئاياق ۋە قىلىچقا ئوخشاش نەرسىلىرىنى ئۇ يەرگە قويغانلىقى ئۈچۈندۇر،- دېدى.»[58]

يەنە بىر قېتىم، قىيامەت يېقىنلىشىپ قالغاندا، ئالامەتلىرى كۆرۈنىدىغان كۈن ھەققىدە ئوقۇغۇچىلىرىغا مەلۇمات بېرىش ئۈچۈن:

- مەندىن بەقەرە ۋە يۇسۇف سۈرىسى ھەققىدە سوراڭلار! مەن كىچىك ياشتىلا قۇرئان ئوقۇشقا باشلىغان ئىدىم،- دېدى.[59]

خارىجىلارنىڭ رەئىسلىرىدىن نافىئ ئىبنى ئەزراق ۋە نەجدەت ئىبنى ئۇۋەيمىر ئىلىم ئۆگەنمەكچى بولۇپ ساھابىلەر ئارىسىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ ئاخىرىدا مەككىگە كەلدى. ئۇ ۋاقىتتا ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس زەمزەم قۇدۇقىغا يېقىن يەردە ئولتۇراتتى. ئۈستىدە بىر تون بار ئىدى. نۇرغۇن

(58) بۇخارى، مەناقىب، 37.

(59) ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 12/312.



由 扫描全能王 扫描创建

كىشىلەر ئەتراپىنى ئورىۋالغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن قۇرئاننىڭ تەپسىرى ھەققىدە سوئال سوراۋاتاتتى. بىرى:

- بۇ ئايەتنى قانداق چۈشىنىسەن؟- دەپ سورىدى. ئۇمۇ:

- ئايەتنىڭ مەنىسى مۇنداق – مۇنداق دېگەن بولىدۇ،- دەپ جاۋاب بەردى.

نافىئ ئىبنى ئەزراق خېلى ئۇزۇنغىچە ئۇلارغا دىققەت قىلغاندىن كېيىن، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسنىڭ يېنىغا بېرىپ:

- ئى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس! سەن ھەقىقەتەن پاراسەتلىك ئىكەنسەن. بىر كۈندىن بويان ئورغۇنلىغان سوئاللارغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرىۋاتىسەن،- دېدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس:

- ئى، نافىئ! ئاناڭ ساڭا يىغلىسۇن! ساڭا مەندىنمۇ ئىلىملىك كىشىلەرنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟- دېدى. نافىئ:

- كىم ئۇ؟ ئى، ئىبنى ئابباس!- دەپ سورىدى.

- ئۇلار ئىلمى يوق تورۇقلۇق سۆزلەيدىغان ۋە ئىلمى بار تۇرۇقلۇق باشقىلاردىن يوشۇرىدىغان كىشىلەردۇر،- دېدى.

- توغرا سۆزلىدىڭ، بىزمۇ سەندىن ئۇزۇندىن بېرى قۇرئاندىكى جاۋابىنى تاپالمىغان مۇرەككەپ سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى سوراش ئۈچۈن كەلگەن ئىدۇق،- دېدى.

نافىئ ئىبنى ئەزراق ئۇنىڭدىن جەمئىي 200 سۆزنىڭ مەنىسىنى سورىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس ئۇلارغا بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىلىرىنى ئىزاھلاش جەريانىدا، ئەرەب شېئىرلىرىدىن توغرىلىقىغا دەلىللەرنى كەلتۈردى. ھەتتا كېيىنكى ئالىملار بۇ سوئال- جاۋابلارنى يىغىپ توپلاپ كىتاب قىلىپ چىقاردى.(60)

ئوقۇغۇچىلىرى ئۇنىڭ ئىلمىنى ماختاپ تۈگىتەلمەيتتى. ئۇلاردىن

(60) تەبرانى، ئەلمەجمۇئۇل كەبىر، 10/304.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇتبە ئۇستازى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس نۇرغۇنلىغان مەسىلىلەردە باشقا ئىنسانلاردىن ئۇستۇن ئىدى. ھاياتتا قالغان ساھابىلەر ئىچىدە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسلىرىنى ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى بىلىدىغان بىرى يوق ئىدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا ئۆگەتكەن ھۆكۈملەرنى، شېئىر، ئەرەب تىلى، قۇرئان تەپسىرى، مىراس ئىلمى، ھېساب ئىلمى قاتارلىقلارنى ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى بىلىدىغان بىرىنى كۆرمىدىم. مەجلىستە بىر كۈنى پەقەت فىقھى ئىلمىگە دائىر مەسىلىلەرنى سۆزلىسە، باشقا بىر كۈنى قۇرئان كەرىمنىڭ تەئۋىلى ھەققىدە، يەنە بىر كۈنى غازاتلار، باشقا بىر كۈنى شېئىر، يەنە بىر كۈنى ئەرەبلەرنىڭ تارىخى ھەققىدە سۆزلەيتتى.

ئۇنىڭ مەجلىسىگە قاتناشقان بارلىق ئالىملار ئۇنىڭ ئىلمى ئىقتىدارىنىڭ ھەقىقەتەن يۇقىرى ئىكەنلىكىگە قايىل بولاتتى. ھەممەيلەننىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرەتتى. ئۇنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىغان 30 بېيىتنى يادلىۋالغان ئىدىم.[61]

باشقا شەھەرلەردە ياشايدىغان بەزى مۇسۇلمانلار ئۆزلىرى كېلەلمىسە، سورايدىغان سوئالنى يېزىپ، بىرىدىن ئەۋەتىش ئارقىلىق ئۇنىڭدىن سوراپ ئۆگىنەتتى.»

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ ھۇزەيل بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «كۇفەدىن كېتىش نىيىتىم بار ئىدى. كۇفەلىكلەر مېنىڭ كېتىدىغانلىقىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ سورىماقچى بولغان پۈتۈن سوئاللىرىنى يېزىپ قولۇمغا تۇتقۇزدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسنىڭ يېنىغا بېرىپ ئازراق ئۆتكەندىن كېيىن، ئالدىغا كەلگەن زىيارەتچىلىرى، ئوقۇغۇچىلىرى بولغۇچە كۇفەلىكلەرنىڭ ماڭا يېزىپ بەرگەن سوئاللىرىنىڭ جاۋابلىرىنىمۇ ئۇنىڭدىن سوئال سوراشقا باشلىدى. ئۇ سورىغان سوئاللارغا جاۋاب بېرىپ

(61) ئىبنى سەئىد، تەبەقات، 2/368؛ ئىبنى كەسىر، ئەلبىدايە ۋەننىھايە، 2/1326؛ ئىبنى مۇنزىر، مۇختەسەر، 12/308.



由 扫描全能王 扫描创建

بىر- بىرلەپ چىقىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ يېنىدىن كېتىدىغان ۋاقىتقىچە پۈتۈن سوئاللارنىڭ جاۋابى بېرىلىپ بولغانىدى.»[62]

يەنە ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىدىن داڭلىق تەپسىر ئالىمى مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: «قۇرئاننى ئىككى قېتىم باشتىن ئاخىرىغىچە ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسقا ئوقۇپ بەردىم. ھەر بىر ئايەتنىڭ ئاخىرىدا توختاپ، ئۇ ئايەت ھەققىدە ھەر خىل سوئاللارنى سورىدۇم. قۇرئان تەپسىرىنى ئۆگەتكەن ۋاقىتتا ئوقۇغۇچىلىرىغا يېزىۋېلىشنى تەۋسىيە قىلىپ: - يېزىڭلار،- دەيتتى.[63]

تابىئىنلارنىڭ كاتتا ئالىملىرى ۋە ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىدىن بولغان تاۋۇس، لەيس ۋە باشقا نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنى ماختايتتى. ئۇ ئىلىمگە ھېرىسمەن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىلىم مەسىلىسىدە ئىنتايىن ئەستايىدىل ئىدى.

مۇجاھىد بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى بۇشەير ئەلئەدەۋى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسنىڭ يېنىغا بېرىپ، <پەيغەمبىرىمىز ئۇنداق دېدى، پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېدى> دەپ ھەدىس رىۋايەت قىلىشقا باشلىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا قاراپمۇ قويمىدى. بۇ ئەھۋالنى چۈشىنەلمىگەن بۇشەير:

- ئى، ئىبنى ئابباس! ماڭا نېمىشقا پەرۋا قىلمايسەن؟ نېمىشقا پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسلىرىنى سۆزلەۋاتسام قۇلاق سالمايسەن؟- دەپ سورىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس:

- بىز ھەدىسلەرنى بىۋاستە پەيغەمبىرىمىزدىن ئاڭلىغانلاردىن ئاڭلىدۇق، كۆزلىرىمىزنى ئۇنىڭدىن ئايرىماي، پۈتۈن دىققىتىمىز بىلەن ئاڭلىدۇق، كېيىن كىشىلەر توغرا - خاتانى ئارىلاشتۇرۇپ، بىر - بىرىدىن ئايرىيالماي قالغان ۋاقىتتا، پەقەت بىز تونۇيدىغان كىشىلەرنىڭ رىۋايەت قىلغان ھەدىسلىرىغىلا قۇلاق سالىدىغان بولدۇق،- دېدى.[64]

(62) ئىبنى جەرىر، 12/312.
(63) ئىبنى كەسىر، ئەلبىدايە ۋەننىھايە، 2/1328.
(64) مۇسلىم، مۇقەددىمە، 7.



由 扫描全能王 扫描创建

گەرچە ئۆمەرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە كۆزلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان بولسىمۇ، ئىلىم ئۆگىنىش ئۈچۈن كەلگەنلەرنى قايتۇرۇۋەتمىدى. ياشىنىپ قالغاچقا، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى بىر ئاز ئاجىزلاپ قالغانىدى. بۇنى ئۆزىمۇ بىلەتتى. شۇ سەۋەبتىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلىرىغا ھەدىس سۆزلەشنىڭ ئورنىغا ئۇلارنىڭ سۆزلىگەنلىرىنى ئاڭلاش ئارقىلىق ئىلىم ئۆگەتتى. ئۆمەرنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا تائىفقا ئورۇنلاشتى. تائىف خەلقىدىن ئالدىغاكەلگەنلەرگە: كىمنىڭ يېنىدا مەن سۆزلىگەندە يېزىۋالغان ھەدىسلىرى بولسا، ئەكېلىپ ئوقۇسا بولىدۇ. ئوقۇغان ھەدىسلىرىنىڭ توغرىلىقىنى قوبۇل قىلىشىم بىلەن ئۇلارغا ھەدىس سۆزلىگىنىمنىڭ پەرقى يوق،- دەيتتى. بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان ئوقۇغۇچىلىرى يېزىۋالغان ھەدىسلىرىنى ئېلىپ كېلىپ، بۇ كاتتا ئۇستازلىرىنىڭ ھوزۇرىدا ئوقۇپ بېرەتتى.»(65)

## تەپسىر قىلىش مېتودى

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس بىر ئايەتنى تەپسىر قىلىشتىن بۇرۇن پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۇ ئايەت ھەققىدە دېگەن بىرەر سۆزىنىڭ بار-يوقلىقىنى ئىزدەيتتى. بىرەر سۆزى بولسا، ئۇ ئايەتنى ئۇ ھەدىس ئارقىلىق چۈشەندۈرەتتى. ئەگەر بىرەر سۆزى بولمىسا، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئۇبەيد ئىبنى كەئبكە ئوخشاش ئىلمى سەۋىيەسى يۇقىرى ساھابىلەرنىڭ كۆز قاراشلىرىنى ئاساس قىلاتتى. بۇلار بەزىدە پەقەت سوئال شەكلىدە ئىپادىلەنسە، بەزىدە ئىلمىي مۇزاكىرىلەردە ئوتتۇرىغا چىقاتتى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەتراپىدىكى ساھابىلەردىن ‹سىلەردىن بىرىڭلار خورما ۋە ئۈزۈملۈك بىر بېغىنىڭ بولۇشىنى...خالامدۇ؟›(66) دېگەن ئايەت ھەققىدە كۆز قاراشلىرىنى سورىدى. ساھابىلەر:

(65) زەھەبى، سىيەر، 3264.

(66) بەقەرە سۈرىسى، 266 – ئايەت.

- ئاللاھ بىلىدۇ؟- دېيىشتى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- بىلىمىز ياكى بىلمەيمىز دەڭلار؟- دەپ تەنە قىلدى.

- ئى، مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى! بۇ ھەقتە ئەقلىمگە بىر ئىش كەلدى.- دېدىم.

- جىيەنىم، تارتىنماي سۆزلە!- دېدى.

- ئايەتتە تىرىشىش ئارقىلىق ياخشى ئەمەل قىلغىلى بولىدىغانلىقىغا ئۈلگە كۆرسىتىلگەن، - دېدىم.

- قانداق ئەمەل؟

- ھەرقانداق بىر ئەمەل.

- ئايەتتە ئاللاھقا ئىتائەت قىلىدىغان بىر باي ئادەم ئۈلگە قىلىنغان. شەيتاننىڭ بۇ ئادەمنى ئازدۇرۇش ئارقىلىق يولدىن چىقىرىپ، قىلغان ئەمەللىرىنى يوققا چىقىرىشقا ئۇرۇنىدىغانلىقى مەقسەت قىلىنغان.- دېدىم.»(67)

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس قۇرئان تەپسىردە ئۈچىنچى قىلىپ، ناھايىتى ياخشى بىلىدىغان ئەرەبچە ۋە ئەرەب ئەدەبىياتىغا مۇراجىئەت قىلاتتى.

تۆتىنچى قىلىپ، جۈملىلەرنىڭ مەنىسىنى ئاساس قىلىش ئارقىلىق ئىسلامنىڭ بۇيرۇق ۋە نىشانلىرىغا دائىر ئىلمى بىرىكمىلىرى، ئەقلى – ئىقتىدارى ۋە قەلبىنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا ئايەتنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىشكە تىرىشاتتى.

پۈتۈن ئالىملار ئۇنىڭ تەپسىر ئىلمىنىڭ سۇلتانى ئىكەنلىكىدە ھەمپىكىر ئىدى. ئالىملار كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ تەپسىرى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك تېمىلارنى يىغىپ توپلاش ئارقىلىق 1- تەپسىرى ئىبنى ئابباس، 2- غەرىيبۇل قۇرئان، 3- مەسائىلۇ نافىئ ئىبنۇل ئەزرەق، 4-

(67) بۇخارى، تەپسىرۇل قۇرئان، 2/47.

ئەللۇغات فىل قۇرئان.[68] قاتارلىق 4 دانە كىتاب چىقاردى.

## رىۋايەت قىلغان ھەدىسلىرى

ئۇ، رىۋايەت قىلغان ھەدىسلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنى بىۋاستە پەيغەمبىرىمىزدىن ئەمەس، بەلكى ساھابىلەردىن ئۆگەنگەنىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىدىكى ۋاقىتتا ئۇنىڭدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلمايدىغان بولۇپ، پەيغەمبىرىمىز ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن ساھابىلەرنىڭ پېشىنى چىڭ تۇتۇپ، كېچە - كۈندۈز دېمەي ئۇلاردىن ھەدىس ئۆگىنەتتى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس ھەدىس ئۆگىنىش ۋە يەتكۈزۈش مەسىلىسىدە باشقا ساھابىلەرگە ئوخشاش ئىنتايىن سەزگۈر بولۇپ، 1160 ھەدىس رىۋايەت قىلغانىدى.

## پەتىۋا بېرىشى

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تەرىپىدىن كىچىك ياشتىلا كېڭەش مەجلىسگە قاتناشتۇرغان ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس، پەتىۋا بېرىشنى ئۇنىڭ دەۋرىدە باشلىغان بولۇپ تاكى ۋاپات بولغانغا قەدەر داۋاملاشتۇرغانىدى. ناھايىتى كۆپ پەتىۋا بەرگەن ساھابىلەردىن بىرى بولغان ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسنىڭ پەتىۋالىرىنىڭ بىر دەۋردە 12جىلدلىق كىتاب ھالىتىدە توپلانغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. دوكتور قەلئەجى ئۇنىڭ پەتىۋالىرىنى «ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسنىڭ فىقھى ئېنىسكىلوپېدىيىسى» دېگەن نام ئاستىدا توپلاپ چىققان.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس ساھابىلەرنىڭ فىقھى مەسىلىلەردە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالغاندا مۇراجىئەت قىلىدىغان مۇراجىئەت مەركىزى ئىدى. بىر كىشى تابىئىنلارنىڭ تاۋۇس ئىسمىلىك ئالىمدىن:

(68) ئەتراپلىق مەلۇمات ئۈچۈن دىئاغا قاراڭ. 1/79.



由 扫描全能王 扫描创建

- چوڭ ساھابىلەر تۇرسا نېمە ئۈچۈن ئۇ ياشنىڭ يېنىدىن ئايرىلالمايسىلەر؟- دەپ سورىغاندا، تاۋۇس ئۇنىڭغا:

- تەخمىنەن 70 كە يېقىن ساھابىنى كۆردۈم. ئۇلار بىرەر مەسىلىدىن شۈبھىلەنسە ياكى ئورتاق پىكىرگە كېلەلمىسە، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسقا مۇراجىئەت قىلاتتى،- دەپ جاۋاب بەرگەن.(69)

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئوخشاشلا، ھەج ئىبادەتلىرى توغرىسىدا چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە ئىدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇنىڭغا يۇقىرى باھا بېرىپ:

- ھەج ئىبادەتلىرىنىڭ قائىدە – قانۇنىيەتلىرىگە دائىر ئىلىمدە كىشىلەرنىڭ ئەڭ كاتتا ئالىمى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباستۇر،- دېگەنىدى.

ئۇ پەتىۋا بېرىشتىن بۇرۇن قۇرئانغا قارايتتى. قۇرئاندىن تېمىغا مۇناسىۋەتلىك بىرەر مەزمۇن تاپالمىسا، سۈننەتكە مۇراجىئەت قىلاتتى. ئۇنىڭدىنمۇ كۆڭلىدىكىدەك جاۋابقا ئېرىشەلمىسە، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئوخشاش چوڭ ساھابىلەرنىڭ سۆزلىرىگە قارايتتى. ئۇلاردىنمۇ بىرەر سۆز ئاڭلىمىغان بولسا، ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ پىكرىنى ئوتتۇرىغا قوياتتى.(70)

ئۇ، نۇرغۇنلىغان ساھەلەردىكىگە ئوخشاشلا فىقھى ئىلمىدىمۇ چوڭقۇر پىكىرگە ئىگە ئىدى. بۇ جەھەتتىكى دىققەتنى تارتىدىغان ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى بولسا، فىقھىغا مۇناسىۋەتلىك ھەرقانداق مەسىلىدە پەتىۋا بېرەلەيدىغان بولۇشى ئىدى.

## ئىلمنى ئەمەلىيىتىگە ئايلاندۇرغان ئالىم

ئەيىبلەشكە ئۇچرىغاندا، ئۆزىنىڭ قانداق بىر كىشى ئىكەنلىكى ھەققىدە ئىنچام ۋە چۈشىنىشلىك قىلىپ مۇنداق دەيتتى: «مېنى ئەيىبلىدىڭ،

(69) ئىبنى كەسىر، ئەلبىدايە ۋەننىھايە، 2/1328.
(70) ئىبنى سەئىد، تەبەقات، 2/366؛ ئىبنى مۇنزىر، مۇختەسەر، 12/313.



由 扫描全能王 扫描创建

لىكىن مەندە 3 خىل گۈزەل خىسلەت بار: ماڭا ئاللاھنىڭ كىتابى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىلىم بېرىلدى. مەن ماختاشنىڭ پەقەت ماڭىلا ئائىت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى پۈتۈن ئىنسانلارنىڭمۇ ماڭا ئوخشاش ئىلىم بولۇشىنى ئارزۇ قىلىمەن. بىر مۇسۇلمان ھاكىم بىر مەسىلىگە ھۆكۈم چىقارغاندا، ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم قىلسا، تەرەپلەر ۋە ھاكىم بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتىم بولمىسىمۇ، ئۇنىڭدىن ئىنتايىن سۆيۈنىمەن. بىر شەھەرگە يامغۇر ياغقانلىقىنى ئاڭلىسام، ماڭا ھېچقانداق پايدىسى بولمىسىمۇ، يەنىلا خۇشال بولىمەن.»[71]

كېچىدە قىلىنىدىغان ئىبادەتلەرگە ئەھمىيەت بېرەتتى. ھەتتا سەپەرگە چىققان ۋاقىتلىرىدىمۇ نامىزىنى تەرك قىلماي، كېچىلىرى قوپۇپ تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇيتتى. ئەبۇ مۇلەيكە بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەككىدىن مەدىنىگە بارىدىغان ۋاقىتتا ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس بىلەن بىللە سەپەرگە چىقتۇق. سەپەر ئۇستىدە بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، نامازلىرىنى ئىككى رەكەت قىلىپ ئوقۇدى. يېرىم كېچە بولغاندا، بىز ھارغىنلىقتىن ئورنىمىزدىنمۇ تۇرالمايۋاتساق، ئۇ ياتقان يېرىدىن قوپۇپ، تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇشقا باشلىدى. نامازدا قۇرئاننى ناھايىتى چۈشىنىشلىك قىلىپ ئاستا ـ ئاستا، ھەرپمۇ ھەرپ ئوقۇدى. بىر دەمدىن كېيىن يىغلاشقا باشلىدى. ناماز تۈگىگىچە ئىچ – ئىچىدىن ئېسەدەپ يىغلىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسنىڭ كۆڭلى يۇمشاق بولۇپ داۋاملىق يىغلايتتى. ھەتتا كۆپ يىغلاپ زىناقلىرىدا كۆز ياشلىرىنىڭ ئىزى قالاتتى.[72]

دۈشەنبە، پەيشەنبە كۈنلىرى روزا تۇتۇشنى تەرك قىلمايتتى. بىر كۈنى بىر ئادەم يېنىغا كېلىپ:

– ئى، ئىبنى ئابباس! سەن قانداق روزا تۇتىسەن؟ ـ دەپ سورىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس:

(71) ئىبنى مەنزۇر، 12/314.

(72) زەھەبى، سىيەر، 3264؛ ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 12/314.



由 扫描全能王 扫描创建

- دۈشەنبە، پەيشەنبە كۈنلىرى روزا تۇتىمەن،- دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ ئادەم:

- نېمە ئۈچۈن؟- دەپ سورىۋىدى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس:

- چۈنكى ئۇ كۈنلەردە قىلغان ئەمەللىرىمىز ئاللاھقا يوللىنىدۇ. ئەمەللىرىم ئاللاھقا يوللانغان ۋاقىتتا روزىدار بولۇشنى خالايمەن،- دېدى.[73]

ھەج ئىبادەتلىرىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس داۋاملىق ھەج قىلىدىغان بولۇپ، ئەڭ چوڭ ئارزۇسى مېڭىپ بېرىپ ھەج قىلىش ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىر كۈنى دوستلىرىغا مۇنداق دېدى: «ياش ۋاقتىمدا مېڭىپ بېرىپ ھەج قىلىشتىن باشقا ئارزۇ قىلىپ، ئەمەلگە ئاشۇرالماي پۇشايمان قىلىپ قالغان ھېچقانداق ئىشىم يوق. ھەسەن ئىبنى ئەلى 25 قېتىم مېڭىپ بېرىپ ھەج قىلغانىدى.»[74]

ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە كۆزلىرى تورلىشىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ياخشى كۆرەلمەيتتى. ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقان كۆز دوختۇرلىرى زىيارەت قىلغىلى بېرىپ، كۆزىنى تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن:

- كۆزلىرىدىن ئاققان سۇلار كۆرۈشكە توسالغۇ بولۇۋاتىدۇ، بۇ كېسەلنى داۋالىغىلى بولىدۇ، ئەمما 5 كۈن بويىچە قەتئىي ئورنۇڭىزدىن تۇرماي ئۇخلىماي ياتماي يېتىشىڭىز لازىم. بۇ جەرياندا ئۆرە تۇرۇپ ياكى ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇيالمايسەن!- دېيىشتى.

دوختۇرنىڭ بۇ تەكلىپى ئۇنىڭغا ئىنتايىن ئېغىر كەلدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس ئىشارەت ئارقىلىق ناماز ئوقۇيالىسىمۇ، قىيام، رۇكۇ ۋە سەجدە قىلالماسلىقنى چىدىيالمايدىغان بولۇپ، دوختۇرنىڭ بۇ تەكلىپىگە قارشى چىقىپ:

- بولمايدۇ، ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بەش كۈن ئەمەس، بىر رەكەت ناماز ئوقۇشقا توسالغۇ بولىدىغان ئۇنداق ياخشىلىقنى خالىمايمەن.

(73) زەھەبى. 3264؛ ئىبنى مەنزۇر، 12/314.

(74) زەھەبى، سىيەر، 3264.



由 扫描全能王 扫描创建

پەيغەمبىرىمىز «كىمكى بىر رەكەت نامازنى بولسىمۇ قەستەن تەرك ئەتسە، ئاللاھنىڭ غەزىپىگە سەۋەب بولىدۇ» دېگەن ھەدىسنى يەتكۈزۈۋاتسا، سىزنىڭ دېگەنلىرىڭىزنى قەتئىي قىلالمايمەن.- دېدى.[75]

ئىبادەتلەرنى ئىخلاس بىلەن قىلىش لازىم دەپ ئويلايتتى. «ئىخلاس بىلەن قىلىنغان ئىككى رەكەت ناماز، كېچە بويىچە غەپلەتتە ئوقۇلغان نامازدىن ياخشىدۇر».- دەيتتى.[76]

ئەبۇ جۇۋەيرىيە مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس ماقامى ئىبراھىمدا ناماز ئوقۇۋاتقاندا، بىز ئارقا تەرىپىدە ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىشقا باشلىدۇق. ئۇ سالام بېرىپ بولغاندىن كېيىن بىزدىن يىراق، تىنچ بىر يەرگە بېرىپ ناماز ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى.»[77]

تاھارەتسىز ياتماسلىققا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرەتتى. يېقىنلىرىغا مۇنداق دەيتتى:

- ھەرگىزمۇ تاھارەتسىز ئۇخلىماڭلار، چۈنكى روھلار بەدەندىن قانداق ئايرىلغان بولسا، قىيامەت كۈنى شۇنداق تىرىلىدۇ.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس ناھايىتى كىچىك پېئىل بولۇپ، ئادەتتە ئاددىي - ساددا يۇڭ كىيىملەرنى كىيەتتى.[78]

ئۇ ئىبادەتكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىرگە، دىنىنىڭ ئىنسانىي ۋە ئىجتىمائىي بۇيرۇقلىرىغىمۇ سەل قارىمايتتى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەسچىتىدە ئېتىكاپقا كىرگەن ئىدىم. بىر ئادەم يېنىمغا كېلىپ، سالام بىلەن توختىماي بەرگەندىن كېيىن ئولتۇردى. ئۇ قۇللۇقتىن ئازاد بولۇش ئۈچۈن خوجايىنى بىلەن توختاملاشقان بىرى ئىكەن. ئۇنىڭ پەرىشان ھالىنى كۆرۈپ:

(75) ئىبنى ماجە، سالات، 274؛ ئىبنى كەسىر، ئەلبىدايە ۋەننىهايە، 2/1328.
(76) ئەلهىندى، كەنزۇل ئۇممال، 8/195.
(77) ئىبنى ئەبۇ شەيبە، مۇسەننەف، 1/120.
(78) زەھەبى، سىيەر، 3264.



由 扫描全能王 扫描创建

- كۆڭلۈڭ نېمىگە يېرىم بولدى، سەن نېمانچە غەمكىن؟- دەپ سورىدىم. ئۇ ئادەم:

- پالانىنىڭ مەندىن ئالىدىغان قەرزى بار ئىدى، شۇ قەبرىدە ياتقان كىشى (پەيغەمبىرىمىز) نىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن، ئۇنى قايتۇرغىدەك كۈچۈم يوق!- دېدى. مەن:

- سېنىڭ ئورنۇڭدا قەرز ئىگىلىرى بىلەن مەن سۆزلىشەيمۇ؟- دېدىم. كىشى:

- سىزنى ئاۋارە قىلسام قانداق بولىدۇ؟- دېدى.

مەن ئېتىكاپتىن چىقىپ ئاياغلىرىمنى كىيىپ، مەسجىدى نەبەۋىدىن ئايرىلدىم. ئۇ كىشى:

- ئېتىكاپتا ئىكەنلىكىڭنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟- دەپ سورىدى. مەن:

- ياق، ئەمما شۇ قەبرىدىكى كىشى (پەيغەمبىرىمىز) دىن ئاڭلىشىمچە، باشقىلارغا ياردەم بېرىش تېخىمۇ مۇھىم (بۇ سۆزلەرنى قىلىۋاتقاندا پەيغەمبىرىمىزنى ئەسلەپ كۆز ياشلىرى سەل بولۇپ ئاقتى) دۇر. پەيغەمبىرىمىز بۇ ھەقتە: «كىمكى بىر قېرىندىشىنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن تۇتۇش قىلىپ، ئۇنى ھەل قىلسا، ئون يىل ئېتىكاپقا ئولتۇرغاندىمۇ ياخشى ئىش قىلغان بولىدۇ. كىمكى ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن بىر كۈن ئېتىكاپقا كىرسە، ئاللاھ ئۇنىڭ بىلەن جەھەننەم ئارىسىدا شەرق بىلەن غەرب ئارىسىدىكى ئۇزۇنلۇقتەك ئۈچ توسۇق قويىدۇ» دېگەنىدى،- دېدىم.»[79]

داڭلىق تارىخچى سالىھى ئۇنىڭ ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس دادىسىغا ئوخشاش ناھايىتى ياخشى كىشى ئىدى. دادىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. مۇھاجىرلارغا دادىسىغا ئوخشاشلا سېخىيلارچە مۇئامىلە قىلىدىغان ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس، كەبىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەن ھاجىلارنى يېمەك-

(79) كاندەھلەۋى، ھاياتۇس-ساھابە. 2/753.



由 扫描全能王 扫描创建

ئىچمەك بىلەن تەمىنلەشكە تىرىشاتتى.

## ئوقۇغۇچىلىرى ۋە پەرزەنتلىرى

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس شۇ دەۋرنىڭ كاتتا ئالىملىرىدىن ئىكرىمە، ئەتا ئىبنى ئەبۇ رەباھ، تاۋۇس ئىبنى كەيسان، سابىت ئىبنى جۇبەير، جابىر ئىبنى زەيد، سۇلايمان ئىبنى يەسار، مۇھەممەد ئىبنى سىرىن ۋە مەيمۇن ئىبنى مىھران قاتارلىقلارنىڭ تەربىيەسىنى ئالغان بولۇپ، ئىلىمگە ۋە بالىلىرىنىڭ ئىلىم ئۆگىنىشىگە ناھايىتى كۆڭۈل بۆلەتتى، ئىلمىي مۇزاكىرىلەرنى نەپلە ئىبادەتلەردىن ئۈستۈن كۆرەتتى ۋە پات - پات: «بىر سائەت ئىلمىي مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىش، پۈتۈن كېچىسىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزۈشتىن ياخشىدۇر» دەيتتى.

ئۇ، ئىلىم ئېلىش قابىلىيىتى بار كىشىلەرنىڭ ئىلىم تەھسىل قىلىشى جىھاد قىلىشتىنمۇ پەزىلەتلىكتۇر، دەپ قارايتتى. ئەلى ئەلئەزدى ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ، جىھاد ھەققىدە سوئال سورىغاندا، ئۇنىڭغا:

- ساڭا جىھاد قىلىشتىنمۇ پەزىلەتلىك بىر ئەمەلنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ جامەگە بېرىپ ئۇ يەردە قۇرئان، فىقھىي ۋە سۈننەت ئىلىملىرىنى ئۆگەنسەڭ، بۇ سېنىڭ ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ، - دېدى.[80]

ئۇ، سوئال سوراش ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ ئاچقۇچى، دەپ قارايتتى.

- بۇ ئىلىمنى قانداق ئۆگەندىڭ؟ - دەپ سورىغانلارغا:

- دائىم سوئال سورايدىغان بىر تىل ۋە مۇكەممەل بىر ئەقىلنىڭ سايىسىدا ئۆگەندىم، - دەپ جاۋاب بېرەتتى.[81]

بالىلارغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلەتتى، ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ئامانىتى، دەپ قارايتتى ۋە: «ماللىرىڭلار پەقەت سىلەرنىڭدۇر، ھالبۇكى، بالىلىرىڭلار

(80) كاندەھلەۋى، 3/642.

(81) ئىبنى جەۋزى، سىفاتۇسسەفۋە، 274.

سىلەرگە بېرىلگەن ئاللاھنىڭ ئامانىتىدۇر» دەيتتى.[82]

بالىلارنى جامەگە بېرىشتىن، ھەتتا ئۇ يەردە ناماز ئوقۇۋاتقانلارنى بىئارام قىلماي، ئويۇن ئويناشتىن توسمايتتى ۋە: «بىز ئاشۇرا روزىسىنى تۇتساق، بالىلارمۇ بىز بىلەن تۇتاتتى. ئۇلارنى جامەگە ئېلىپ باراتتۇق، تېزرەك ۋاقىت ئۆتسۇن دەپ بىللە ئويۇن ئوينايتتۇق» دەيتتى.[83]

بالىلىرى كۇرەيب بىلەن ئىكرىمە چوڭ بولغاندا، ئۇلارنى يېنىغا چاقىرىپ:

- ئەمدى ئۆيلەنگىدەك ياشقا كەلدىڭلار، ئۆيلىنىشنى خالىساڭلار تويۇڭلارنى قىلىپ قوياي. ياخشى بىلىشىڭلار كېرەككى، بىر ئادەم زىنا قىلسا قەلبىدىن ئىماننىڭ نۇرى تارتىپ ئېلىنىدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭدىن ئالغان بۇ نۇرنى خالىسا باشقا بىرىگە بېرىدۇ، خالىسا بەرمەيدۇ،- دەپ نەسىھەت قىلغانىدى.[84]

بالىلىرى ۋە ئوقۇغۇچىلىرىغا داۋاملىق ئىلىم ئۆگىنىشنى تەۋسىيە قىلاتتى.

ئىكرىمە بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس ماڭا ۋە ئوغلى ئەلىگە:

- ئەبۇ سەئىدنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن ھەدىس تىڭشاڭلار!- دېدى. ئەلى بىلەن بىللە ئەبۇ سەئىدنىڭ يېنىغا باردۇق. بىز بارغاندا ئۇ ئېمىنى ئوڭشاۋاتقان ئىكەن، بىزنى كۆرۈپ تونىنى ئېلىپ باداشقان قۇرۇپ ئولتۇردى. ئاندىن مەسجىدى نەبەۋىينىڭ بەرپا قىلىنىشىغىچە بولغان ئارىلىقتا پەيغەمبىرىمىز بىلەن ساھابىلەرنىڭ بېشىغا كەلگەن ۋەقەلەرنى سۆزلەپ بەردى.»[85]

ساھابىلەرنىڭ بىرىدىن بىرەر ھەدىس ئاڭلىسا، بالىلىرى ۋە ئوقۇغۇچى-

(82) قەلئەجى، فىقھىي ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس، 37.
(83) قەلئەجى، 627.
(84) ئىبنى ئەبۇ شەيبە، مۇسەننەف، 2/166.
(85) بۇخارى، سالات، 63.



由 扫描全能王 扫描创建

لىرىدىن بىرى يېنىدا بولسا، ئۇنىڭغا قاراپ:

- بىز ئۈچۈن بۇ ھەدىسنى يېزىپ بەر!- دەيتتى.[86]

ئوقۇغۇچىلىرىغا ئۆگىنىشى كېرەك بولغان ئىلىمنى ئۆگىتىشتىن باشقا، ئۇلارنى ئوقۇتقۇچى بولۇشقا ھازىرلايتتى، ئۇلارغا يول كۆرسەتەتتى ۋە تەۋسىيەلەرنى قىلاتتى.

ئىكرىمە بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس ماڭا مۇنۇلارنى تەۋسىيە قىلغانىدى:

- جۈمە كۈنلىرى كىشىلەرگە بىر قېتىم سۆزلەپ بەرگىن! تەلەپ قىلىپ قالسا، ئىككىنچى قېتىم سۆزلەپ بەرگىن! يەنە تەلەپ قىلسا، ئۈچىنچى قېتىم سۆزلەپ بەرگىن! ئەمما بۇنىڭدىن كۆپ سۆزلىمىگىن! كىشىلەرنى قۇرئان ئاڭلاشتىن قەتئىي زېرىكتۈرۈپ قويما! ئەگەر بىر توپ كىشىلەر پاراڭلىشىش ئۈچۈن يېنىڭغا كېلىپ، ساڭا دەرد – ئەھۋاللىرىنى ئېيتىپ بېرىۋاتقاندا، سۆزلىرىگە قوشۇق سېلىپ بۆلىۋەتسەڭ ئۇلارنى زېرىكتۈرۈپ قويىسەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، جىمجىت ئولتۇرۇپ ئۇلارنىڭ سۆزىنىڭ تۈگىشىنى كۈتكىن! ساڭا گەپ قىلىش نۆۋىتى كەلگەندە، ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىنى ئاچىدىغان سۆزلەرنى قىلغىن! چۈشىنەلمەيدىغان مۇرەككەپ سۆزلەرنى قىلمىغىن! پەيغەمبىرىمىزنىڭ زامانىدا ئۇ ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى بۇ شەكىلدە پاراڭلىششقا ۋە دۇئا قىلىشقا دىققەت قىلاتتى.»[87]

مۇجاھىد بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئەتا، تاۋۇس، ئىكرىمە ۋە مەن ئۇ ئارىلىقتا ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس بىلەن بىللە ئولتۇراتتۇق، يېنىمىزغا بىرى كەلدى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس ناماز ئوقۇشقا باشلىغانىدى. ئۇ ئادەم:

- ئاراڭلاردا پەتىۋا بېرەلەيدىغان بىرى بارمۇ؟- دەپ سورىدى.

- سورىغىن!- دېدىم ئۇ ئادەمگە قاراپ. ئۇ:

- ھاجەتخانىدا كىچىك تەرەتتىن كېيىنلا مەنىي كېلىدۇ، قانداق

(86) زەھەبى، سىيەر، 3264.
(87) بۇخارى، دەئۋەت، 20.



由 扫描全能王 扫描创建

قىلىشىم كېرەك؟- دېدى. مەن:

- غۇسۇل تاھارەت ئېلىشىڭ كېرەك،- دېدىم. ئۇ جاۋابىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كەتتى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپلا بىزگە قاراپ:

- ئى، ئىكرىمە، ئۇ ئادەمنى چاقىرىپ كەل!- دېدى. ئۇ ئادەم كەلگەندىن كېيىن:

- سەن بۇ ئادەمگە پەتىۋا بەردىڭمۇ؟

- ھەئە.

- ئاللاھنىڭ كىتابىغا ئاساسەنمۇ؟

- ياق.

- پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتىگە ئاساسەنمۇ؟

- ياق.

- ساھابىلەرنىڭ سۆزلىرىگە ئاساسەنمۇ؟

- ياق.

- ئۇنداق بولسا كىمنىڭ سۆزىگە تايىنىپ پەتىۋا بەردىڭ؟

- ئۆزۈمنىڭ چۈشەنچىسىگە ئاساسەن...

- (ئۆزىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا) شۇنىڭ ئۈچۈن، پەيغەمبىرىمىز «بىر ئالىم شەيتاننىڭ ئالدىدا، مىڭ ئابىددىنمۇ مۇستەھكەم تۇرىدۇ» دېگەن، دېگەندىن كېيىن، ئۇ ئادەمگە قاراپ:

- مەنىي كەلگەندىن كېيىن، كۆڭلۈڭدە شەھۋەت تۇيغۇسى بولامدۇ؟- دەپ سورىدى. ئۇ:

- ياق،- دەپ جاۋاب بەردى.

- ئۇنىڭدىن كېيىن بەدىنىڭدە ئۈيۈشۈش، ھەرىكەتسىزلىك بولامدۇ؟

- ياق.

- بۇ كىسەللىكتىن شۇنداق بولىدۇ. پەقەت تاھارەت ئالساڭلا بولىدۇ.- دېدى.[88]

## ئىبرەتلىك سۆزلىرى

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس نۇرغۇنلىغان تېمىلاردا مەنىسى چوڭقۇر گۈزەل سۆزلەرنى قىلغانىدى. بۇلارنىڭ بىر قىسمىنى تۆۋەندە بايان قىلىپ ئۆتىمىز:

«ئىبنى ئابباس: ئاتا - ئانىسى بار بىر مۇسۇلمان ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى كۈلۈمسىرىگەن ھالدا ‹ياخشى تۇرۇۋاتامسىلەر؟› دەپ قارشى ئالسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا ئىككى جەننەتنىڭ ئىشىكىنى بىرلىكتە ئاچىدۇ. ئەگەر بىرى بولسا، بىر جەننەتنىڭ ئىشىكىنى ئاچىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرىگە ئاچچىقلانسا، ئۇ ئۇنىڭدىن رازى بولغانغا قەدەر، ئاللاھ ئۇنىڭغا ئاچچىقلىنىدۇ.- دېدۇ. يېنىدىكىلەر:

- ئۇلار ئۇنىڭغا ناھەقچىلىق قىلغان بولسىمۇ شۇنداق بولامدۇ؟- دەپ سورىغاندا:

- ھەئە ئۇنىڭغا ناھەقچىلىق، ھەقسىزلىق قىلغان بولسىمۇ شۇنداق بولىدۇ.-دەپ جاۋاب بېرىدۇ.»[89]

«بىر ئادەمگە كۆڭۈل يېرىملىقى، غەم-قايغۇ، ئېغىرچىلىق يەتسە ياكى باشلىقىدىن قورقسا تۆۋەندىكى دۇئانى قىلسا بولىدۇ:

‹ئۇنىڭدىن باشقا ئىلاھ بولمىغان، يەتتە قات ئاسماننىڭ ۋە ئەرشنىڭ يېگانە پەرۋەردىگارىدىن تىلەيمەن. ئۇنىڭدىن باشقا ئىلاھ بولمىغان، يەتتە قات ئاسمان ۋە ئەرشنىڭ كەرەملىك پەرۋەردىگارىدىن تىلەيمەن. ئۇنىڭدىن باشقا ئىلاھ بولمىغان، يەتتە قات ئاسمان ۋە يەتتە قات زېمىننىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىدىن تىلەيمەن. شۈبھىسىزكى، سەن ھەممە ئىشقا قادىر سەن!›

---

(88) كاندىھلەۋى، ھاياتۇسساھابە، 3/649.

(89) بۇخارى، ئەدەبۇل مۇفرەد، 7. ھەدىس.



由 扫描全能王 扫描创建

بۇ دۇئانى قىلىپ، ئاللاھتىن ئىمنى تەلەپ قىلماقچى بولساڭ شۇنى تىلىگىن![90]

دىققەت قىلمىغاندا، بايلىق غەپلەتكە سەۋەب بولىدۇ، دەپ ئويلىغانلىقى ئۈچۈن، «سۇ زىرائەتلەرنى قانداق ياشارتسا، بايلىقمۇ قەلبتىكى نىپاق ئۇرۇقلىرىنى شۇنداق ياشارتىدۇ» دەيتتى.[91]

ئەگەر بىر ئىنسان ئىلىمنى ھەقىقەتەن ياخشى ئۆگەنسە، شۇ ئىلىمنىڭ پەزىلىتى ۋە شەرىپى سەۋەبىدىن ئاللاھ، پەرىشتىلەر ۋە سالىھ كىشىلەر ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇنىڭغا ھۆرمەت – ئىھتىرام قىلىدۇ.

ئىبنى بەرىد مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس تىلىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

- ساڭا ئېيتىمەن، يا ياخشى سۆزلەرنى قىلىپ پايدا تاپقىن ياكى سۈكۈت قىلىپ قۇتۇلغىن! ئەگەر مۇشۇنداق قىلمىساڭ، پۇشايمان قىلىپ قالىدىغانلىقىڭنى بىلگىن!- دېدى. يېنىدىكىلەر:

- نېمە ئۈچۈن بۇنداق دەيسەن ؟- دەپ سورىۋىدى. ئۇ:

- چۈنكى قىيامەت كۈنى ئىنساننىڭ تىلىدىنمۇ زىيانلىقراق بىر ئەزاسىنىڭ يوقلىقىنى ئاڭلىغانىدىم،- دەپ جاۋاب بەردى.»[92]

ياخشىلىق ئۈچ نەرسە ئارقىلىق تاكامۇللىشىدۇ: ئۇنىڭ بىرىنچىسى ياخشىلىقنى قىلىشقا ئالدىراش، ئىككىنچىسى ئۇنى كىچىك كۆرۈش، ئۈچىنچىسى يوشۇرۇشتۇر. ياخشىلىق دېگەن قىلىشقا ئالدىرىسا، ئاسانلاشتۇرىدۇ، نىشانىغا يېتىدۇ، كىچىك كۆرگىنىدە بولسا، چوڭىيىپ كېتىدۇ، يوشۇرسا قىممىتى ئاشىدۇ.[93]

ئەگەر قېرىندىشىم ماڭا مەن ياقتۇرمايدىغان بىرەر سۆز ياكى ئىش

---

(90) بۇخارى، ئەدەبۇل مۇفرەد، 709. ھەدىس.

(91) بەيھەقى، سۈنەن، 1/223.

(92) ئەبۇ نۇئەيم، ھىليەتۇل ئەۋلىيا، 1/328.

(93) ئىبنى كەسىر، ئەلبىدايە ۋەننىھايە، 2/1327؛ ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 12/326.



由 扫描全能王 扫描创建

قىلسا، ئۇنىڭغا بۇ ئۈچ خىل ئۇسۇلنىڭ بىرى ئارقىلىق ئىپادە بىلدۈرەتتىم.

ئەگەر مەندىن پەزىلەتلىك، چوڭ ياكى ئورنى مەندىن يۇقىرى بولسا، ئۇنىڭ قەدرىنى بىلەتتىم.

ئەگەر مەن بىلەن تەڭ (باراۋەر) بىرى بولسا، ھۆرمىتىنى قىلاتتىم.

مەندىن كىچىك بىرى بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ بىلەن بۇ ھەقتە پەقەت پاراڭلاشمايتتىم، بۇ مېنىڭ ياشاش ئۇسۇلۇم. مېنىڭ قىلغانلىرىمنى ياقتۇرمىغانلار ئۈچۈن ئاللاھنىڭ زېمىنى كەڭرى (مەندىن يىراق تۇرسا بولىدۇ- دېمەكچى. ت) دۇر.[94]

«ئى گۇناھ ئۆتكۈزگەن كىشى! ھەرگىزمۇ ئۆتكۈزگەن گۇناھىڭنىڭ ئاقىۋىتىدىن بىخۇد بولۇپ قالما! يامانلىق قىلىشنى داۋاملاشتۇرساڭ، قىلغان ھەر بىر يامانلىقنىڭ يەنە بىر يامانلىقنىڭ ئىشىكىنى ئاچىدۇ. خىجىل بولۇش تۇيغۇڭ ئاجىزلاپ كېتىپ ئەتراپىڭدىكى كىشىلەردىن ھايا قىلمايدىغان بولۇپ قالسەن. ئېغىر گۇناھلارنى ئۆتكۈزگەن ۋاقتىڭدىمۇ كۈلۈپ تۇرسەن، ئاللاھنىڭ سېنى قانداق جازالايدىغانلىقىنى بىلمەي گۇناھ ئىشلارنى قىلالىغانلىقىڭ ئۈچۈن سۆيۈنسەن، مانا بۇ ئەڭ چوڭ گۇناھتۇر.

ئۇنىڭ ئۈستىگە چوڭ گۇناھنى سادىر قىلىۋاتقان ۋاقتىڭدا بىر شامال چىقىپ گۇناھ ئىشلىرىڭنى داۋاملاشتۇرۇشۇڭغا توسقۇنلۇق قىلىشىدىن قورقىسەنۇ ئۇ گۇناھنى قىلىۋاتقان چېغىڭدا، ئاللاھنىڭ سېنى كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئەسلەپ، يۈرىكىڭ جىغىلدىمايدۇ.»[95]

«بىر مۇسۇلمان ئائىلىگە بىر ئاي، بىر يىل، ھەتتا ئاللاھ خالىغان ۋاقىتقىچە ياردەم قىلىش داۋاملىق ھەجگە بېرىشتىن ئەۋزەلدۇر. ئاللاھ مېنىڭ نەزىرىمدە ئاللاھ ئۈچۈن خەير- ساخاۋەت قىلغان بىر دىناردىن بىرىگە كىچىك بىر تەخسە تاماق بېرىش، ئۈچۈن قېرىنداش بولغان

(94) ئىبنى جەۋزى، سىفاتۇسسەفۋە، 275.

(95) ئىبنى جەۋزى، 275؛ ئەبۇ نۇئەيم، ھىليەتۇل ئەۋلىيا، 1/324.



由 扫描全能王 扫描创建

قىممەتلىكتۇر.(96)

دۇنيا بىلەن پۇل يارىتىلغان ۋاقىتتا شەيتان، پۇلنى قولىغا ئېلىپ كۆزىگە سۈرتۈپ تۇرۇپ: سەن مېنىڭ قەلبىمنىڭ مېۋىسى، كۆزۈمنىڭ نۇرىسەن. ئىنسانلارنى سەن ئارقىلىق ئاسىيلىق قىلىشقا كۈشكۈرتۈپ، سەن ئارقىلىق ھاقارەتكە يول ئېچىپ، سېنىڭ ۋاستەڭ ئارقىلىق جەھەننەمگە يوللايمەن، - (97) دېدى.

ئاللاھ مۆمىن، كاپىر دەپ ئايرىماي ھەر كىمگە ئۆزىنىڭ رىزقىنى ھالال قىلىپ بەردى. سەۋر قىلغان كىشىگە، ئاللاھ ئۇ رىزىقنى ھالال يول بىلەن بېرىدۇ، ئەگەر كىشى ئالدىراقسانلىق قىلىپ، ئۇنى ھارام يولدىن قولىغا كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنسا، ئاللاھ ئۇنىڭ ھالال رىزقىنى كېمەيتىۋېتىدۇ.»(98)

تەۋسىيەلىرى

ئوقۇغۇچىلىرىدىن جۇندۇپ ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسقا:

- ماڭا نېمىنى تەۋسىيە قىلىسىز؟ - دېگەندە، ئۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بەرگەندى:

- ساڭا ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشتىن يىراق ھالدا ئەمەل قىلىشىڭنى، نامازنى ئوقۇشۇڭنى ۋە زاكات بېرىشىڭنى تەۋسىيە قىلىمەن. شۇنىڭدىن كېيىن قىلغان ھەرقانداق ياخشى ئىشىڭ قوبۇل قىلىنىپ، ئاللاھقا يوللىنىدۇ.

- ئى، جۇندۇب! ھەر كۈنۈڭگە ھاياتىڭنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنىدەكلا قارىغىن، ۋىدالىشىدىغاندەكلا ناماز ئوقۇغىن! دۇنيادا غېرىب، مۇساپىر ۋە قەبرىدە يېتىۋاتقانلارغا ئوخشاش بولغىن!

خاتالىق ئۆتكۈزسەڭ تەۋبە قىلغىن! دۇنيا كۆزۈڭدە ئايىغىڭنىڭ بوغۇچىدەكلا قەدىرسىز بولسۇن. چۈنكى، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ رەببىڭگە قايتقان ۋاقتىڭدا، قىلغان ئەمەللىرىڭدىن باشقا قېلىپ قالغان

(96) ئىبنى جەۋزى، 275؛ ئىبنى نۇئەيم، 1/328.
(97) ئىبنى جەۋزى، 275؛ ئەبۇ نۇئەيم، 1/328.
(98) ئەبۇ نۇئەيم، 1/328.



由 扫描全能王 扫描创建

نەرسىلىرىڭنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ ساڭا پايدىسى بولمايدۇ.

يەنە باشقا بىرىگە مۇنۇلارنى تەۋسىيە قىلغانىدى: «ئۆزۈڭ بىلەن مۇناسىۋىتى يوق ئىشلار ھەققىدە گەپ قىلمىغىن! چۈنكى، ئۇ كېرەكسىز سۆز سەۋەبىدىن بىرەر گۇناھقا ئارىلىشىپ قالماسلىقىڭ كاپالەتلىك قىلالمايسەن!

ساڭا مۇناسىۋەتلىك ئىشلار ھەققىدە ۋاقتى كەلگەندە، سۆز قىلغىن! نۇرغۇنلىغان ھەقىقەتپەرۋەر كىشىلەر باركى، پەيتى كەلگەندە گەپ قىلماسلىقتەك خاتالىقنى ئۆتكۈزۈپ، پۇشايمان قىلغانىدى.

قېرىندىشىڭنىڭ يوشۇرغان بىرەر ئىشىنى ئاشكارىلىمىغىن. سەن، يوشۇرغان بىرەر ئىشىڭنىڭ ئاشكارا قىلىنىشىنى خالامسەن؟!

ئېھسانىغا ئېرىشىدىغان كىشىنىڭ ئەمىلىگە ئوخشاش ئەمەل قىلغىن!

بۇ تەۋسىيەلەرنى ئاڭلىغانلاردىن بىرى:

- ئى، ئىبنى ئاببىاس! بۇ تەۋسىيەلىرىڭ 10.000 دەرھەمدىنمۇ قىممەتلىكتۇر،- دېگەندە، ئۇ:

- ياق، ھەر بىرى 10.000 دەرھەمدىنمۇ ياخشىدۇر،- دېگەن.(99)

(99) ئىبنى كەسىر، ئەلبىدايە ۋەننىھايە، 2/1327؛ ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 12/326.

## خەلىپە ئوغلى

# ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوغلى بولۇپ، ھىجرەتتىن 10-11 يىل بۇرۇن پەيغەمبىرىمىز، پەيغەمبەرلىك شەرىپىگە نائىل قىلىنىشىنىڭ 2 ياكى 3 - يىلىدا مەككىدە دۇنياغا كەلگەندى. ئانىسى مەشھۇر ساھابىلەردىن ئوسمان ئىبنى مەزئۇننىڭ سىڭلىسى زەينەب بىنتى مەزئۇن ئىدى.(100)

ئابدۇللاھ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇسۇلمان بولغان ۋاقىتتا ئەمدىلا 5-6 ياشلاردىكى بىر بالا ئىدى. يېشى كىچىك بولسىمۇ ناھايىتى ئەقىللىق بولغانلىقتىن، بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى پەرقلەندۈرەلەيتتى، چۈشىنەتتى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنىڭ ئۇ كۈنلەرگە مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇنلىغان ئەسلىمىلىرى بار بولۇپ، ئۇ دادىسىنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «دادام ئۆمەر ئىبنى خەتتاب مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن ئەتراپىدىكىلەرگە قاراپ:

- قايسى مەككىلىك ئاڭلىغانلىرىنى باشقىلارغا ئەڭ تېز يەتكۈزەلەيدۇ؟- دەپ ۋارقىرىدى. ئۇلار:

- جەمىل ئىبنى مەئمەر،- دەپ جاۋاب بېرىشتى. دادام سىرتقا چىقتى، بىر ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىدىن ئەنسىرەۋاتاتتىم. دادامنى كۆزىتىپ تۇرۇش ئۈچۈن مەنمۇ بىللە سىرتقا چىقتىم. ئۇ ۋاقىتتا بولۇۋاتقان ئىشلارنى

(100) ئىبنى سەئد، تەبەقات.

چۇشىنەلىگۇدەك ياشتىكى بىر بالا ئىدىم. دادام جەمىلنىڭ يېنىغا بارغاندىن كېيىن:

- ئى، جەمىل! مېنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىمنى بىلەمسەن؟ مۇھەممەدنىڭ دىنىغا كىردىم،- دېدى. دادام تېخى سۆزىنى تۈگەتمەستىن ئۇ ئادەم يېنىمىزدىن ئايرىلىپ يىراقلاشتى. دادام ئۇ ئادەمنى، مەن دادامنى كۆزىتىپ ماڭدۇق. ئۇ ئادەم كەبىگە بېرىپ ۋارقىراشقا باشلىدى:

- ئى، قۇرەيشلىكلەر! ئۆمەر دىنىدىن قايتىپتۇ!.. دادام ئۇ ئادەمگە:

- يالغان ئېيتىۋاتىسەن، مەن مۇسۇلمان بولدۇم،- دېدى.»[101]

## ئاتىسىنىڭ تەربىيەسى

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر كىچىكىدىن تارتىپلا ئۆگىنىشكە ۋە ئۆگەنگەنلىرىگە ئەمەل قىلىپ، گۈزەل ئەخلاقلىق بولۇشقا تەييار ئىدى. دادىسىنى ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن كۆزىتەتتى. بەزىدە سوراش، بەزىدە دىققەت قىلىش ئارقىلىق نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگەندى. دادىسى مىجەزى ناھايىتى چۇس ئادەم بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلەتتى. چوڭلارنىڭ مەجلىسىگە كىرىشىنى توسمايتتى.

بىر كۈنى چوڭ ساھابىلەر بىلەن بىرلىكتە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھۇزۇرىدا تۇرۇۋاتقاندا، پەيغەمبىرىمىز ئەتراپىدىكىلەردىن:

- مۆمىن، ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن داۋاملىق مېۋە بېرىپ تۇرىدىغان، يوپۇرماقلىرى قەتئىي تۆكۈلمەيدىغان بىر دەرەخكە ئوخشايدۇ، ئۇ قايسى دەرەخ؟- دەپ سورىدى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

- مەجلىسكە قاتناشقانلارنىڭ ئارىسىدا ئەبۇ بەكىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئوخشاش چوڭ ساھابىلەرمۇ بار ئىدى. كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئەقلىگە چۆل دەرىخى كەلدى. ئەمما مەن

(101) ئىبنۇل ئەسىر، ئۇسدۇلغابە، 3080.



由 扫描全能王 扫描创建

ئۇنى خورما دەرىخى بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلىدىم. ئۇ يەردىكىلەرنىڭ ھېچقايسىسى جاۋاب بەرمىگەندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ئۇ خورما دەرىخى ئىدى، - دېدى. مەن خىجىل بولۇپ جاۋاب بەرمىگەنىدىم. كېيىن بولغان ئەھۋالنى دادامغا سۆزلەپ بەردىم. دادام ماڭا:

- جاۋابىنى بىلسەڭمۇ سۆزلىمەسلىكىڭ مەن ئۈچۈن مۇنداق - مۇنداق بولۇشتىنمۇ ياخشىدۇر، - دەپ، قىلغان ئىشىمدىن مەمنۇن بولغانلىقىنى ئىپادىلىدى. مەن دادامغا:

- سەن ۋە ھەزرىتى ئەبۇبەكرى گەپ قىلمىغان يەردە مېنىڭ سۆز قىلىشىمنى ياقتۇرمايتتىڭ، - دېدىم.[102]

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋاقتى كەلگەندە بىلىشكە تېگىشلىك جىنسىي تېمىلاردا ئۇنىڭغا چۈشەنچە بېرىشتىن تارتىنمايتتى. بىر كۈنى ئۇنىڭغا تۆۋەندىكىلەرنى ئېيتىپ بەردى: «پەيغەمبىرىمىزدىن:

- ئايالى بىلەن بىرلىكتە بولغاندىن كېيىن، بىر ئاز ئۇخلىماقچى بولغان كىشى قانداق قىلىشى كېرەك؟ - دەپ سورىدىم. پەيغەمبىرىمىز ماڭا:

- تاھارەت ئېلىپ، ئاندىن ئۇخلىسۇن، - دېدى.»[103]

ئوغلىغا كۆڭۈل بۆلۈشى، ئۇنىڭ خاتالىقىنى كۆرمەسكە سېلىشى دېگەنلىك ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ھەرقانداق بىر خاتالىقىنى كۆرگەن ھامان دەرھال ئاگاھلاندۇرۇپ، ئۇنى تۈزىتىشنى تەلەپ قىلاتتى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبىرىمىز بىلەن بىللە سەپەرگە چىققان ئىدۇق، تۆگەم كۈچلۈك ۋە ياش بولغاچقا ئۇنى باشقۇرالمايۋاتاتتىم، تۆگەم تېز ماڭغاچقا، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتىم. دادام بۇنى كۆرۈپ دەرھال مېنى ئاگاھلاندۇرۇپ:

- ئى، ئابدۇللاھ! ھېچكىم پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئالدىغا ئۆتمەيدۇ! - دەپ

(102) بۇخارى، ئەدەب، 89؛ مۇسنەد، 2/61.
(103) مۇسنەد، 1/16.



由 扫描全能王 扫描创建

ئاگاھلاندۇردى. پەيغەمبىرىمىز سۆزگە ئارىلىشىپ، دادامغا:

- ئۇ تۆگىنى ماڭا سېتىپ بەرگىن!- دېدى. دادام:

- ئى، رەسۇلۇللاھ! ئۇ سېنىڭ بولسۇن- دېدى. پەيغەمبىرىمىز يەنە بىر قېتىم:

- ئۇ تۆگىنى ماڭا سېتىپ بەرگىن!- دېدى. دادام تۆگىنى ساتقاندىن كېيىن، پەيغەمبىرىمىز ماڭا قاراپ:

- ئى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر! بۇ تۆگە سېنىڭ بولسۇن، ئۇنىڭ بىلەن نېمە قىلىشنى خالىساڭ شۇنى قىلغىن!- دېدى.»(104)

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوغلىغا ئىماننىڭ ئاساسلىرىنى ئۆگىتىش ئۈچۈن، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھۇزۇرىدا كۆرگەن بىر ئىشنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر كىشى پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا كېلىپ:

- ئىمان دېگەن نېمە؟- دەپ سورىدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا:

- ئاللاھقا، پەرىشتىلەرگە، ئاللاھنىڭ كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلەرگە، قىيامەت كۈنىگە، ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ تەقدىر ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتىش،- دېدى. ئاندىن سوئال سورىغان كىشى:

- سۆزلىگەنلىرىڭ توغرا،- دېدى. بىز ھەيران قالدۇق. ھەم سوئال سورايدۇ ھەم بەرگەن جاۋابنى تەستىقلايدۇ. پەيغەمبىرىمىز بىزنىڭ ھەيران قالغانلىقىمىزنى كۆرۈپ:

- سوئال سورىغان كىشى جىبرىئىل ئىدى، سىلەرگە دىنىڭ ئاساسلىرىنى ئۆگىتىش ئۈچۈن كەلگەنىدى،- دېدى.»(105)

دادىسى ئۇ ۋە باشقا قېرىنداشلىرىغا خەت يېزىشقا توغرا كەلگەندە، قانداق يېزىش كېرەكلىكى ھەققىدىكى پۈتۈن ئەدەپ- قائىدىلەرنى ئەڭ ئىنچىكە نۇقتىسىغىچە ئۆگەتكەن ۋە خاتالىقلارنى سادىر قىلىشتىن

(104) بۇخارى، سىيەر، 47، ھىبە، 25.

(105) مۇسنەد، 1/28.



由 扫描全能王 扫描创建

ئاگاھلاندۇرغانىدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «دادام بىزنى داۋاملىق ئاگاھلاندۇرۇپ تۇراتتى: ئوت خەتەرلىك دۈشمەنگە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭدىن يىراق تۇرۇڭلار!- دەيتتى، ھەم يېتىشتىن بۇرۇن پۈتۈن ئۆينى ئايلىنىپ ئوتلارنى ئۆچۈرەتتى.»(106)

دادام قېرىنداشلىرىمنىڭ ھەممىسى يىغىلغان ۋاقىتتا بىزگە مۇنۇلارنى تەۋسىيە قىلدى: «چوڭ بولغان ۋاقىتىڭلاردا ھەممىڭلار بىر ئۆيگە توپلىنىۋالماي، ئايرىم - ئايرىم ئۆيدە ياشاڭلار، مۇشۇنداق قىلماي، ئاراڭلاردىكى قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىگە زىيان يېتىدىغان يامان ئەھۋاللارنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىدىن قورقىمەن.»(107)

مەيمۇن ئىبنى مىھران بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر، مەدىنىنىڭ سىرتىغا چىققان ۋاقىتىدا دادىسىغا مەكتۇپ يازاتتى، ئۇ مەكتۇپىنى ‹ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەردىن ئۆمەر ئىبنى خەتتابقا› دەپ باشلايتتى؛ ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىسمىنى يازاتتى. چۈنكى، دادىسى ئۇنىڭغا مۇشۇ شەكىلدە مەكتۇپ يېزىش كېرەكلىكىنى ئۆگەتكەنىدى.»(108)

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر دادىسىنى ئۆزىگە ئۈلگە قىلاتتى، ئۇنى كۆزىتىش ئارقىلىق ھايات يولىنى بەلگىلەيتتى، كۆرگەنلىرىدىن داۋاملىق دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك دەرس ۋە پرىنسىپلارنى چىقىرىۋالاتتى. بىر كۈنى پەيغەمبىرىمىز ئۆمەر ئىبنى خەتتابقا بىر نەرسە ھەدىيە قىلدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- ئى، رەسۇلۇللاھ! ئۇنى مەندىنمۇ نامراتراق كىشىلەرگە بەرگىن،- دېدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا:

- ئالغىن! خالىساڭ ماللىرىڭغا قوشۇۋەتكىن، خالىساڭ بىرەر كەمبەغەلگە

(106) مۇسنەد، 2/90؛ بۇخارى، ئەدەبۇل مۇفرەد، 1225. ھەدىس.

(107) بۇخارى، ئەدەبۇل مۇفرەد، 415. ھەدىس.

(108) ئىبنى سەئىد، تەبەقات، 4/153.

سەدىقە قىلىپ بەرگىن! ئارزۇ قىلمىغان ۋە ئارقىسىدىن ماڭمىساڭمۇ كەلگەن مالنى ئالغىن! ئەكسىچە بولغاندا، ئالمىغىن، ئارقىسىدىنمۇ يۈگۈرمىگىن!-دېدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنىڭ ئوغلى مۇنداق دەيدۇ: «دادام دادىسىنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ ۋەقەنى پەقەت ئۇنتۇپ قالمىغانىدى. ھاياتى بويىچە ھېچكىمدىن ھېچنېمە تەلەپ قىلمىدى. ئارزۇ قىلمىغان ۋە تاما قىلمىغان پەيتلەردە ئۇنىڭغا بىرسى ھەدىيە بەرسە، ئۇنى رەت قىلمىدى.»(109)

ئۇ بۇ ھەقتىكى پىرىنسىپىنى بىر جۈملە سۆز بىلەن ئىخچاملاپ: «ھېچكىمدىن بىر نەرسە تەلەپ قىلمايمەن، ئەمما ئاللاھ بەرگەن رىزىقنى رەت قىلمايمەن.» دەيتتى.

ئابدۇلئەزىز ئىبنى مەرۋان ئۇنىڭغا مەكتۇپ يوللاپ: «ئېھتىياجلىق نەرسىلىرىڭنى ئېيت، دەرھال ھەل قىلايلى» دەپ ئۆتۈر يوللىغاندا ئۇ مۇنداق دەپ جاۋاب يازغانىدى: «پەيغەمبىرىمىز: ‹ئۈستىدە تۇرغان قول ئاستىدا تۇرغان قولدىن ياخشىدۇر› دېگەنىدى. مېنىڭ قارىشىمچە، ئۈستىدە تۇرغان قول بەرگەن قول، ئاستىدا تۇرغان قول ئالغان قولدۇر. سەندىن ھېچنەرسە تەلەپ قىلمايمەن، ئاللاھنىڭ ماڭا بەرگەن رىزقىنىمۇ رەت قىلمايمەن، سالام.»(110)

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر چوڭ بولغان ۋاقىتتا دادىسى خەلىپە بولغانىدى، يېشىنىڭ كىچىك بولۇشىغا قارىماي مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارلارنىڭ ئابرۇيلۇق ساھابىلىرىدىن تەشكىل تاپقان كېڭەش مەجلىسىگە قاتنىشىپ، مۇھىم قارار چىقىرىدىغان ۋاقىتتا پىكىرلىرىنى بايان قىلاتتى. ئۇ كىچىك يېشىدا ئالىم بولغان بولۇپ، بىرەر تېمىدا شۈبھىلەنسە، تارتىنماستىن دادىسىدىن سورايتتى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىراقتا

(109) بۇخارى، زاكات، 51 ئەھكام، 17؛ مۇسلىم، زاكات، 110 - 111.
(110) مۇسنەد، 2/67؛ ئىبنى ھەجەر، فەتھۇلبارى، 3/130.



由 扫描全能王 扫描创建

تۇرۇۋاتقان ۋاقتىمىز ئىدى. بىر كۈنى سەئىد ئىبنى ئەبۇۋەققاسنىڭ تاھارەت ئېلىۋېتىپ مەسىسىنىڭ ئۈستىگە مەسھ قىلغىنىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا بۇنداق قىلسا توغرا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتىم. مەدىنىگە قايتىپ كېلىپ، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئۇچراشقىنىمىزدا سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس ماڭا:

- قېنى، مەسھ ھەققىدىكى توغرا بولمىغان ئىشنى داداڭدىن سورىغىن!- دېدى. ئەھۋالنى دادامغا سۆزلەپ بەردىم ۋە پىكرىنى سورىدىم، دادام ماڭا:

- سەئىد ساڭا بىر سۆز قىلسا، ئىككىلەنمەي ئۇنىڭغا ئىشەنگىن! پەيغەمبىرىمىز مەسىنىڭ ئۈستىگە مەسھ قىلاتتى،- دېدى.»[111]

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋاپات بولۇپ كەتكۈچە بولغان ئارىلىقتا ئۇ ۋە قېرىنداشلىرىنىڭ تەربىيەسى مۇشۇ شەكىلدە داۋاملاشتى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپىلىك قىلىۋاتقان ۋاقىتتا پات - پات ئائىلە ئەزالىرىنى بىر يەرگە يىغىپ، ئۇلارغا:

- مەن ئىنسانلارغا ئۇنى قىلىڭلار، بۇنى قىلىڭلار، دەپ بۇيرۇق چۈشۈرىمەن. قۇشلار ئۇۋۇلىرىغا دىققەت قىلغىنىغا ئوخشاش كىشىلەرمۇ سىلەرگە دىققەت قىلىدۇ. سىلەر بۇيرۇقۇمغا ئەمەل قىلساڭلار، ئۇلارمۇ ئەمەل قىلىدۇ، سىلەر چەكلەنگەن ئىشلارنى قىلمىساڭلار، ئۇلارمۇ قىلمايدۇ. ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سىلەردىن بىرىڭلارنىڭ باشقىلار ئۈچۈن چەكلەنگەن بىرەر ئىشنى قىلغىنىڭلارنى كۆرسەم، ئائىلەم دېمەستىن چوقۇم جازالايمەن، بۇنىڭدىن كېيىن خالىساڭلار بۇيرۇقۇمغا ئەمەل قىلىڭلار، خالىمىساڭلار قىلماڭلار،› دەيتتى.[112]

رەھبەرلىك قىلىۋاتقان بولغاچقا، تېخىمۇ ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىدىغان بولۇپ، بالىلىرىنى شۈبھىلىك نەرسىلەردىن يىراق تۇتاتتى.

(111) مۇسنەد، 1/15.

(112) سەللابى، ئۆمەر ئەلخاتتاب، 153.



由 扫描全能王 扫描创建

بۇنىڭغا ھەرگىزمۇ سەل قارىمايتتى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «جەلەۋلە رايونىنى پەتھى قىلىش ئۇرۇشىغا قاتناشقان ئىدىم. جەلەۋلە پەتھى قىلىنغاندىن كېيىن قولغا كەلتۈرۈلگەن غەنىيمەت ماللاردىن 40.000 دەرھەملىك نەرسە - كېرەك سېتىۋالدىم. ئۇرۇشتىن كېيىن مەدىنىگە قايتىپ سېتىۋالغان نەرسىلىرىمنى دادامغا تەقدىم قىلدىم. دادام بۇلارنى كۆرۈپ، ماڭا:

- ئى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر! مېنىمۇ ئۆزۈڭ بىلەن بىرگە ئوتقا تاشلاشنى خالامسەن؟ بۇلارنى نېمە ئۈچۈن ماڭا بېرىسەن؟، - دېدى. مەن:

- ئىگە بولغان نەرسىلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ساڭا بەردىم. - دېدىم.

- مەن، سەن بىلەن ئوبدان ھېسابلىشىمەن. مەسىلەن، مەن ئۆزۈمنى سەن بۇ ماللارنى سېتىۋالغان جەلەۋلەدە دەپ ئويلىسام، ئۇ ۋاقىتتا كىشىلەرنىڭ ساڭا قاراپ: ‹قاراڭلار، شۇ رەسۇلۇللاھنىڭ ساھابىسى ئابدۇللاھ ئەمەسمۇ؟ مۆمىنلەرنىڭ ئەمرىنىڭ ئوغلى، ئاللاھ ئائىلىسىگە شۇنچە كۆپ نېمەتلەرنى ئاتا قىلغان كىشى ئەمەسمۇ؟ غەنىيمەت ئېلىنغان ماللارنى ئەسلى باھاسىدىن بىر ئاز قىممەترەك ئېلىشى لازىم ئىدى، ئەمما بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئەرزان ئالدى› دېيىشىۋاتقىنىنى كۆرۈۋاتىمەن، بۇ پۇلنى مەندىن ئالغان بولساڭ، ئۇرۇشقا قاتناشقان شۇ قۇرەيشلەردىن ئالغان پايداڭدىنمۇ ياخشى بولاتتى، - دېدى. ئاندىن، ئايالىم سەفىيە بىنتى ئەبۇ ئۇبەيدىنىڭ يېنىغا بېرىپ:

- ئۆيدە غەنىيمەت ئالغان ماللاردىن نېمە بولسا، ھەممىسىنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەلگىن! - دېدى. ئايالىم قىلچە ئىككىلەنمەستىن:

- ئى، مۆمىنلەرنىڭ ئەمرى ھەممىسى سېنىڭ بولسۇن! - دېدى. ئاردىن 7 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن دادام ماڭا:

- ئى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر! سېنىڭ بۇ ماللارنى سېتىۋېلىشىڭدا مېنىڭمۇ مەسئۇلىيىتىم بار. ماڭا سودىگەرلەرنى چاقىرغىن، - دېدى. ئۇلاردىن 40.000 دەرھەملىك مال سېتىۋالدى، ماڭا 80.000 دەرھەم بەردى. ئاندىن



由 扫描全能王 扫描创建

ماگا يەنە 320.000 دەرھەم بېرىپ بۇ 320.000 دەرھەمنى سېتىۋالغان ماللار بىلەن بىرلىكتە سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاسنىڭ يېنىغا ئېلىپ بېرىپ، بۇرۇنقى ئۇرۇشقا قاتناشقان كىشىلەرگە تارقىتىپ بېرىشىمنى تەلەپ قىلدى، ھەمدە ماگا:

- ئارىسىدا ئۆلۈپ كەتكەنلەر بولسا، ئۇلارنىڭ ھەققىنى ۋارىسلىرىغا بېرىڭلار،- دېدى.»[113]

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر دادىسى بىلەن بىللە بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بىر ۋەقەنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ:

«بىر قانچە تۆگە سېتىۋېلىپ، ئۇلارنى مۇسۇلمانلار ماللىرىنى ئوتلىتىدىغان گۈزەل يايلاقتا ئوتلاتتىم. تۆگىلەر قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئەت ئېلىپ، سەمرىپ قالدى. تۆگىلەر تېخىمۇ يېتىلگەندىن كېيىن ئۇلارنى بازارغا ئېلىپ باردىم. ئاردىن كۆپ ئۆتمەي دادام بازارغا كېلىپ تۆگىلەرنى كۆرگەندىن كېيىن:

- بۇ كىمنىڭ تۆگىلىرى؟- دەپ سورىدى. يېنىدىكىلەر ئۇنىڭغا:

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنىڭكى،- دەپ جاۋاب بېرىشتى. دادام ماگا قاراپ:

- پاھ پاھ، ئى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر! ئى، مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرىنىڭ ئوغلى! بۇ نېمە تۆگىلەر؟- دەپ سورىدى. مەن:

- بۇلار مەن سېتىۋالغان تۆگىلەر، ئۇلارنى سېتىۋېلىپ، باشقا مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش يايلاققا ئاپىرىپ باقتىم،- دېدىم. دادام:

- ئەمما، مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، كىشىلەر بۇنى كۆرۈپ «مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرىنىڭ ئوغلى تۆگىلىرىنى ئوتلىتىۋاتىدۇ، سۇغۇرۇۋاتىدۇ» دېيىشىۋاتقاندۇ. ئى، ئابدۇللاھ! ئانا پۇلۇڭنى ئېلىپ قېلىپ، ئالغان پايداڭنى بەيتۇلمالغا قوشۇۋەتكىن!- دېدى.

دادامنىڭ بۇيرۇقى بويىچە تۆگىلەرنى سېتىپ، چىققان پايدىسىنى

(113) ئىبنى جەۋزى، سىفاتۇسسەفۋە، 110 - 111.

بەيتۇلمالغا قوشۇۋەتتىم.(114)

دادىسى ئابدۇللاھنى ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇسا، ئۇ بۇ ياخشىلىقنى دەرھال ئەمەلگە ئاشۇرۇپ ئارقىلىق ياخشى بىر ئادەم بولۇپ يېتىلدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوغلىنىڭ ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىش جەريانىدىكى قابىلىيىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

«ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەردىن باشقا ھەرقانداق بىرسىگىلار ئۈچۈن، ئەركىن - ئازادە ھالدا «ئىننا لىللاھى ۋەئىننا ئىلەيھى راجىئۇن» دېيەلەيمەن. بىراق، ئۇنىڭ ئۈچۈن دېيەلمەيمەن، چۈنكى، ئۇنىڭ ياشىشىنى ۋە كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ ئىلمىدىن پايدىلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.(115)

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خائىنلار تەرىپىدىن ئىبغىر يارىلاندۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئەڭ ئاخىرقى نەپەسلىرىدە ئوغلىنىڭ قۇچىقىدا ئىدى.

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلىپ: «ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كىرگەنلەردىن بىرى مەن ئىدىم ھۇزۇرىغا كىرگەن ۋاقتىمدا ئۇ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنىڭ قۇچىقىدا سوزۇلۇپ ياتاتتى. ئەڭ ئاخىرقى نەپەسنى بېرىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغاندىن كېيىن ئوغلىغا:

- يۈزۈمنى يەرگە قويغىن!- دېدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر:

- مېنىڭ قۇچىقىم بىلەن يەر ئوخشاشمۇ؟ مېنىڭ قۇچىقىمدا ياتقىن!- دېدى. دادىسى ئۇنىڭغا:

- يۈزۈمنى يەردە قويغىن!- دەپ سىلكىدى. بۇنى 3-2 قېتىم تەكرارلىغاندىن كېيىن، ئابدۇللاھ دادىسىنىڭ يۈزىنى يەردە قويدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاخىرقى نەپىسىدىمۇ:

- ئاللاھ مېنى ئەپۇ قىلمىسا، مېنىڭ ھالىمغا ۋاي! دېگەچ كۆز يېشى قىلدى ۋە ئوغلىغا قاراپ:

(114) سەللابى، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب، 154.

(115) ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 13/169.



由 扫描全能王 扫描创建

- ئى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر! قاراپ باققىن، مېنىڭ قانچىلىك قەرزىم بار ئىكەن؟- دەپ سورىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ھېسابلاپ بېقىپ، 18.000 دەرھەم قەرزى بارلىقىنى ئېيتتى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- ئەگەر ئۆمەر ئائىلىسىنىڭ ماللىرى ئارقىلىق قەرزنى قايتۇرالىساڭ قايتۇرغىن، قايتۇرالمىساڭ ئەدىي ئىبنى كەئب ئوغۇللىرىدىن تەلەپ قىلغىن! ئۇلارنىڭمۇ قايتۇرۇشقا كۈچى يەتمىسە، قۇرەيشلەردىن ئالغىن! ئۇلاردىن باشقا ھېچكىمدىن تەلەپ قىلمىغىن!- دېدى. ئاندىن يەنە ئوغلىغا:

- ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىغا بېرىپ، دوستلىرىمنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىنىشىمغا رۇخسەت قىلامدۇ، سوراپ كەلگىن!- دېدى. ئابدۇللاھ دەرھال ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن سورىدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلماي، ئۆزىنىڭ ھەققىدىن ۋاز كېچىپ، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەپنە قىلىنىشىغا رۇخسەت قىلدى.(116)

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خائىنلار تەرىپىدىن ئېغىر دەرىجىدە يارىلاندۇرۇلغاندىن كېيىن، چوڭ ساھابىلەر، خەلىپىلىككە سايلاش ئۈچۈن ئەمدىلا 34 ياشقا كىرگەن ئابدۇللاھنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىشقا باشلىغانىدى. ساھابىلەردىن بىرى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا:

- ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنى خەلىپە قىلىش ئۈچۈن ئىشارەت قىلغىن؟- دېدى. ئۇ، بۇ تەكلىپىنى رەت قىلىپ:

- ئەگەر خەلىپىلىك ياخشى ئىش بولسا، بىز ئائىلە بويىچە ئۇنى قولغا كەلتۈردۇق. ئەگەر يامان ئىش بولسا، بىزنىڭ نۆۋىتىمىز تۈگىدى،- دەپ جاۋاب بەردى.

خەلىپىلىك ئۈچۈن ئالتە كىشىلىك بىر كېڭەش ھەيئىتى قۇرۇلدى. ئالتە كىشى مەسلىھەتلىشىپ ئارىسىدىن بىرىنى خەلىپە قىلىپ تاللايتتى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر دادىسىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە مەزكۇر ھەيئەتكە

(116) ئىبنى سەئىد تەبەقات، 3/158، 160.



由 扫描全能王 扫描创建

كۆزەتكۈچى ۋە مەسلىھەتچى سۈپىتى بىلەن قاتناشتى.[117]

دادىسى ئەڭ ئاخىرقى نەپەسىدە ئۇنىڭغا ۋەسىيەت قىلىپ:

- ئى، ئوغلۇم، ئىمان مەھسۇلاتىنى قوغدىغىن!- دېدى. ئۇ:

- ئى، دادا، ئىماننىڭ مەھسۇلاتى دېگەن نېمە؟- دەپ سورىدى. ئۇ:

- يازنىڭ ئىسسىق كۈنلىرى روزا تۇتۇش، بېشىغا كەلگەن مۇسىبەتلەرگە سەۋر قىلىش، قىشنىڭ سوغۇق كۈنلىرىدىمۇ تاھارەتنى مۇكەممەل ئېلىش، بۇلۇتلۇق كۈنلەردىمۇ نامازنى كېچىكتۈرمەي ۋاقتىدا ئوقۇش، خىيال پاتقىقىغا پېتىپ قېلىشتىن يىراق تۇرۇش،- دەپ جاۋاب بەردى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر:

- خىيال پاتقىقىغا پېتىپ قېلىش دېگەن نېمە؟- دەپ سورىدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- مەست قىلغۇچى ئىچىملىكلەرنى ئىچىش،- دەپ جاۋاب بەردى.[118]

ھەزرىتى ئۆمەر ئوغلى يېنىدا يوق ۋاقىتلاردا پات - پات ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ خەت يازاتتى. ئۇ مەكتۇبلارنىڭ بىرىدە ئوغلىغا مۇنداق دەپ يازغانىدى: «كىمكى ئاللاھتىن قورقسا، ئاللاھ ئۇنى قوغدايدۇ. كىمكى ئۇنى ئۆزىگە ۋەكىل قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا كۇپايىدۇر. شۈكۈر قىلغاننىڭ نېمەتلىرىنى ئارتۇق قىلىدۇ. ئۇنىڭغا قەرز بەرگەننى مۇكاپاتلايدۇ. تەقۋالىقنى قەلبىڭنىڭ بىناكارى، كۆزۈڭنىڭ نۇرى قىلغىن، سەممىي نىيەت بىلەن قىلىنمىغان ئەمەل، ئەمەل ھېسابلانمايدۇ. ئاللاھتىن قورقمىغان ئادەمدىن ياخشىلىق كەلمەيدۇ.»

## ئاچىسى ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىلەن بىرگە

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئايالى بولغان ئاچىسى ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىلەن ناھايىتى ياخشى ئۆتىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ

(117) ئىبنۇل ئەسىر، ئەلكامىل فىتتارىخ، 3/65 – 66.
(118) ئىبنى سەئىد، تەقىبات، 3/309.

ۋاستىسى بىلەن پەيغەمبىرىمىزگە تېخىمۇ يېقىن تۇرۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولغانىدى. بۇ ۋەسىلە بىلەن خاتىرجەم ھالدا پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۆگىنىشنىڭ مۇھىم مېتودلىرىدىن بىرى بولغان كۆزىتىش ئارقىلىق ئۆگىنىشنى ئەمەلگە ئاشۇراتتى. ئاچىسىنىڭ ئۆيىگە بارغان ۋاقىتتا، پەيغەمبىرىمىزنى ئىنتايىن دىققەت بىلەن كۆزىتىپ، ئۇنىڭدىن ئۆگەنگەن ھايات دەستۇرلىرىنى دەرھال ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قەلبىگە ئۈيىۋالاتتى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر دوستلىرىنىڭ ياخشى چۈشلەرنى كۆرىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇلارغا ھەۋەس قىلىپ ياخشى چۈشلەرنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغان بولسىمۇ، كۆرەلمەيۋاتاتتى. كۆڭلى بۇ ئەھۋالدىن يېرىم بولغانسېرى، قەلبىدىكى ئارزۇسى شۇنچە كۈچىيىۋاتاتتى. ئۇ شۇ كۈنلىرىنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «بىرسى بىر چۈش كۆرگەن ھامان پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا چۈشىنى سۆزلەپ بېرەتتى، ئۇلارنىڭ بۇ ئەھۋالىنى كۆرۈپ، مەنمۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا بېرىپ سۆزلەپ بېرىشنى ئارزۇ قىلاتتىم. ئۇ ۋاقىتتا مەن تېخى بالا دېگۈدەكلا كىچىك ياشتا ئىدىم. دۇئايىم قوبۇل بولغانىدى. بىر كۈنى مەسجىدى نەبەۋىدە ئۇخلاۋېتىپ بىر چۈش كۆردۈم. چۈشۈمدە ئىككى پەرىشتە مېنى كۆتۈرۈپ دوزاخقا قاراپ كېتىۋاتاتتى. دەل شۇ ۋاقىتتا ئوت، سۇ قۇدۇقىغا ئوخشاش يۇملاق شەكىلدە يۆگەلدى. شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئىككى مۈڭگۈز كۆردۈم. ئۇ يەردە مەن تونۇيدىغان بەزى كىشىلەر بار ئىدى. ئوتتىن قورقۇپ ئاللاھنى زىكىر قىلىشقا باشلىدىم. ئىككى پەرىشتە مېنى ئوتقا ئېلىپ كېتىۋاتقان ۋاقىتتا، ئۈچىنچى بىر پەرىشتە بىلەن ئۇچراشتۇق، ئۇ پەرىشتە ماڭا:

- قورقمىغىن!- دېدى. مەن شۇ يەرگە كەلگەندە ئويغىنىپ كەتتىم. دەرھال ئاچام ھەفسەنىڭ يېنىغا بېرىپ چۈشۈمنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردىم. ئاچام پەيغەمبىرىمىزگە سۆزلەپ بەردى. پەيغەمبىرىمىز چۈشۈمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

- ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر نېمىدېگەن گۈزەل ئىنسان، ئەمدى



由 扫描全能王 扫描创建

كىچىلىرى ناماز ئوقۇسۇن!- دېدى.

ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان ئوغلى سالىم مۇنداق دەيدۇ: دادام پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تەھەججۇد نامىزىنى قەتئىي تەرك قىلمىدى. ھەتتا بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك ناماز ئوقۇشقا باشلىدى، ناھايىتى ئاز ئۇخلىدى.»[119]

ئاچىسى بىلەن دائىم پىكىرلىشىپ تۇرىدىغان ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر، مۇھىم مەسىلىلەردە ئاچىسىدىن چوقۇم مەسلىھەت سورايتتى. ئېھتىمۇ كۆپ ئىلىم ئېلىش ۋە ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولۇش ئۆيى بولغانلىقى ئۈچۈن، توي قىلىشنى خالىمايتتى. ئۆزىنى ئىلىم- ئىرپانغا ۋە ئىبادەتكە ئاتاشنى ئارزۇ قىلاتتى. بىر كۈنى بۇ پىكىرنى ئاچىسىغا ئېيتىپ، ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سورىدى، قېرىندىشىنىڭ سۆزى تۈگىگەندىن كېيىن ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇنىڭغا:

- توي قىلىپ، بالىلىق بولغىن! ئەگەر ئۇلار ئۆلۈپ كەتسە، ئۇلارنىڭ سەۋەبىدىن كاتتا ساۋابقا ئېرىشىسەن، ئەگەر ياشىسا، سەن ئۈچۈن ئاللاھقا دۇئا قىلىدۇ.- دېدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ئاچىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئەبۇ ئۇبەيدەنىڭ قىزى سەفىيىيە بىلەن ئۆيلەندى. ئۇنىڭدىن نۇرغۇن بالىلىرى بولدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئىنتايىن ياخشى تەربىيەلەپ، چوڭ قىلدى.[120]

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شېھىت قىلىنىشى جەريانىدىكى پىتنە- پاساتلار ئوتتۇرىغا چىققان ۋاقىتتىمۇ، ئۇ ئاچىسى بىلەن داۋاملىق پىكىرلىشىپ تۇراتتى. ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ، بۇ ۋەقەلەر بېسىققۇچە ھېچقانداق ئىشقا ئارىلاشماسلىق ئۈچۈن كېلىشتى. شۇ ۋەجىدىن، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئادەملىرى ئۇنىڭ ئەلىگە بەيئەت قىلىشنى تەلەپ قىلغان دەسلەپكى كۈنلەردە بۇ پىكىرنى قوبۇل قىلمىدى. كىشىلەر

(119) بۇخارى، تەھەججۇد، 2. بەيھەقى، دەلائىلۇن نۇبۇۋۋە، 7/13 – 14.
(120) ئىبنى سەئىد، تەبەقات، 4/170.



由 扫描全能王 扫描创建

ئۇنىڭغا قوپاللىق قىلغاندىن كېيىن، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا بېرىپ:

- سەن نېمە قىلماقچى؟! ياق، ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بۇنداق قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىۋاتقان ۋاقىتتا مەن ھېچكىمگە بەيئەت قىلمايمەن،- دېدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يېنىدىكىلەرگە:

- ئۇنى ئاۋارە قىلماڭلار، ئۇنىڭغا مەن كېپىللىك قىلىمەن،- دېدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر شۇنداق بولسىمۇ ئاچىسى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، قالايمىقانچىلىقتىن يىراق تۇرۇش ئۈچۈن، مەككىدىن كېتىشنى قارار قىلدى. ئاچىسىمۇ قوشۇلغاندىن كېيىن بىر كېچىسى يولغا چىقتى. كېيىن ئۇمۇ ئاچىسىنى تۆگە ۋەقەسىگە ئارىلىشىشتىن توستى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر بولۇپمۇ دادىسىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلىدىغان بولۇپ كەتتى. ئۇ، ھەفسە ئانىمىزغا سېھىر قىلغان خىزمەتچىنى تۇتۇپ، سوراققا تارتتى. خىزمەتچى گۇناھىنى ئېتىراپ قىلغاندىن كېيىن، ئۇنى جازالىدى. ئۇ ۋاقىتلاردا ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپە ئىدى. بۇ ئەھۋالنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنىڭ خىزمەتچىنى دۆلەتكە تاپشۇرۇپ بەرمەي، ئۆز ئالدىغا جازا بەرگەنلىكىنىڭ توغرا بولمىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا:

- مۆمىنلەرنىڭ ئانىسىغا سېھىر قىلغان ۋە گۇناھىنى ئېتىراپ قىلغان خىزمەتچىنى جازالىغانلىقىم ئۈچۈن مېنى ئەيىبلەمسەن؟- دەپ تەنە قىلدى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۈكۈت قىلىپ، جاۋاب بەرمىدى.[121]

تاغىسى زەيد يەمامە ئۇرۇشىدا شېھىت بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، قىزى ئەسمانى ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھا يېنىغا ئەكېلىۋېلىپ بېقىش ۋە تەربىيەلەشنى ئۈستىگە ئالدى. بىر مەزگىلدىن كېيىن، ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۆيىنى ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە ئولتۇرۇشى ئۈچۈن، جىيەنى ئەسماغا

(121) ئەلھىندى، كەنزۇل ئۇممال، 4/75.



由 扫描全能王 扫描创建

بەردى. ئەسما ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرگە قالدى.(122)

## پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئالاھىدە ئوقۇغۇچىسى

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ناھايىتى جەسۇر، ھەممىگە قىزىقىدىغان، مەدىنىنى جاسارەتكە ئىگە بىرى بولۇپ، دادىسىدىن كېيىنلا مۇسۇلمان بولغان ۋە باشقا مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش يوشۇرۇنچە ئەبۇلئەرقەمنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇ يەردە پەيغەمبىرىمىزنىڭ تەبلىغلىرىنى تىڭشاپ، نازىل بولغان ئايەتلەرنى ئۆگىنىشكە باشلىغانىدى. ناھايىتى زېرەك بولۇپ، نازىل بولغان ئايەتلەرنى دەرھال يادلىۋالماي، باشقا ساھابىلەرگە ئوخشاش ئاڭلاش، چۈشىنىش ۋە ئەمەل قىلىش ئارقىلىق ئۆزىگە سىڭدۈرەتتى. ئۇ، بۇ ئەھۋالنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بەقەرە سۈرىسىنى تۆت يىلدا يادلاپ بولدۇق.»(123)

پەيغەمبىرىمىز ساھابىلىرىگە ناھايىتى كۆڭۈل بۆلىدىغان بولۇپ، ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆگىنەمەكچى بولغان نەرسىلىرىنى پىشقان بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىغا ئۆگەتكىنىگە ئوخشاش ئۆگىتەتتى. بۇ ھەقتە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر: «پەيغەمبىرىمىز بىزگە ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىغا ئۆگەتكىنىگە ئوخشاش نامازدا قانداق تۇرۇش، تەشەھھۇددا قانداق ئولتۇرۇش، نېمىلەرنى ئوقۇش لازىملىقىنى ئۆگەتتى.» دەيدۇ.(124)

دۇئا قىلغاندا نېمىلەرگە دىققەت قىلىش لازىملىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ھەرقانداق كىشى دۇئاسىنىڭ قوبۇل بولۇشىنى، قىيىنچىلىقىنىڭ ھەل بولۇشىنى ئارزۇ قىلسا، قىيىن ئەھۋالدا قالغان بىرىنىڭ ئىشىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرسۇن.»(125)

(122) مۇۋەتتا، ئەركىبە، 37.

(123) ئىبنى سەئىد، تەبەقات، 4/164.

(124) ئەبۇ يەئلا، مۇسنەد، 5/103.

(125) ئەبۇ يەئلا، مۇسنەد، 5/143.



由 扫描全能王 扫描创建

ئەبۇلئەرقەمنىڭ ئۆيىدە باشلانغان تەلىم - تەربىيە جەريانىنىڭ سۈرئىتى ئاچىسى ھەفسەنىڭ پەيغەمبىرىمىز بىلەن ئۆيلىنىشى ئارقىلىق تېخىمۇ ئاشتى. مەسجىدى نەبەۋىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن سۇففە ساھابىلىرىنىڭ ئارىسىغا ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرمۇ قوشۇلغان بولۇپ، ئاچىسىنىڭ ۋاستىسى بىلەن كېچە - كۈندۈز پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىدا بولۇش پۇرسىتىنى قولغا كەلتۈردى. پەيغەمبىرىمىزنى كۆزىتىش، ئاڭلاش ۋە ئۇنىڭدىن سوراش ئارقىلىق نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگەندى.

پەيغەمبىرىمىز بىلەن بىللە بولغان ۋاقىتلىرىدا، قەلبىنىڭ دائىم ئاللاھ بىلەن بىر ئىكەنلىكىنى، ھەر دائىم ئۇنىڭ رازىلىقىغا تەلپۈنىدىغانلىقىنى ھېس قىلاتتى. ئاللاھقا يۈزلىنىپ مەنىۋى دۇنياسىنى يورۇقلۇققا ئېرىشتۈرەتتى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبىرىمىز بىلەن بىللە تۇرغان ۋاقىتلىرىمىزدا، ئۇ داۋاملىق تەۋبە قىلاتتى. بەزىدە بىر مەجلىستىكى ۋاقىتتا قىلغان تەۋبىلىرىنى ساناپ، يۈز قېتىم ‹رەببىم مېنى ئەپۇ قىلغىن، تەۋبەمنى قوبۇل قىلغىن، سەن تەۋبەلەرنى قوبۇل قىلدىغان رەھمەت ئىگىسىسەن› دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ قالاتتۇق.»[126]

پەيغەمبىرىمىز، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدىغان بولۇپ، پات - پات ئۇنىڭغا تەۋسىيەلەرنى قىلىپ، كۆڭۈل دۇنياسىنى يورۇتاتتى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى پەيغەمبىرىمىز مۆرەمنى تۇتۇپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

- ئى، ئابدۇللاھ، دۇنيادا غېرىب، مۇساپىرغا ئوخشاش بولغىن! ئۆزۈڭنى قەبرىدە ياتقانلارنىڭ بىرى، دەپ قارىغىن!

- ئى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر! ئۇ يەردە دىنارمۇ يوق، دىرھەممۇ يوق. ئۇيەردە پەقەت ياخشىلىق ۋە يامانلىق بار. ياخشىلىققا ياخشىلىق، يامانلىققا

(126) ئەبۇ داۋۇد، ۋەتىر، 25؛ ئىبنى ماجە، ئەدەب، 57؛ تەبەرانى، ئەلمەجمۇئۇل كەبىر، 12/418.



由 扫描全能王 扫描创建

جازا باردۇر.

- بالىلىرىڭغا بولغان مەسئۇلىيىتىڭگىمۇ سەل قارىمىغىن! ئۇلاردىن يىراق تۇرمىغىن! بۇنى قىلمىساڭ، قىيامەت كۈنى ئاللاھمۇ سەندىن يىراق تۇرىدۇ. گۇۋاھچىلارنىڭ ئالدىدا سىېنى رەسۋا قىلىدۇ. ئاللاھ قىيامەت كۈنى تەكەببۇرلۇق قىلىپ، كىيىمىنى يەردە سۆرەپ يۈرگەن ئادەمنىڭ يۈزىگە قارىمايدۇ،- دېگەنىدى.»(127)

بىرەر خاتالىقىنى كۆرگەن ھامان ئۇنىڭغا چىرايلىقچە قارشى چىقاتتى.

بىر كۈنى بىلمىنىڭ ئاستى تەرىپىنى يۆگەپ تۇرىدىغان پەشتامام يەسكە چۈشۈپ، يەردە سۆرىلىپ قاپتۇ، پەيغەمبىرىمىز بۇنى كۆرۈپ:

- ئى، ئابدۇللاھ، پەشتاماڭنى ئۈستىگىرەك تارتقىن،- دېدى. دەرھال دېگىنى بويىچە پەشتامامنى ئۈستىگە تارتتىم. پەيغەمبىرىمىز:

- يەنە بىر ئاز تارتقىن!- دېدى. يەنە ئازراق تارتتىم. شۇنىڭدىن كېيىن پەشتامامنىڭ ئۇزۇن بولۇپ قالماسلىقىغا دىققەت قىلىدىغان بولدۇم. بۇنى ئاڭلىغان دوستلىرىمدىن بەزىلىرى مەندىن:

- پەشتاماڭنى قەيەرگىچە تارتتىڭ؟- دەپ سورىدى. مەن:

- تىزىمنىڭ يېرىمىغىچە تارتتىم،- دەپ جاۋاب بەردىم.(128)

ئۇ پۇرسەتلا چىقسا بىر نەرسىلەرنى ئۆگىنەتتى.

«بىر كۈنى پەيغەمبىرىمىز ماڭا: ياتاقتا ياتقان ۋاقتىڭدا: «ئى پەرۋەردىگارىم! جېنىمنى سەن ياراتتىڭ، ئۇنى يەنە سەن ئالىسەن. ئۇنىڭ ھاياتى ۋە ماماتى ساڭا ئائىتتۇر. ئەگەر جېنىمنى ھايات قويماقچى بولساڭ، ئۇنى ساقلىغىن، ئەگەر ئۇنى ئالماقچى بولساڭ، ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلغىن. سەندىن ئامانلىق ۋە مەغپىرەت تىلەيمەن» دەپ دۇئا قىلغىن، دېدى.»

ئۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىدا ھەركۈنى بىرەر يېڭى نەرسىنى كۆرۈپ،

(127) مۇسنەد، 2/24؛ ئىبنۇل ئەسىر، ئۇسدۇلغابە، 3080؛ ئىبنى جەۋزى، سىفاتۇسسەفۋە، 204.
(128) مۇسلىم، لىباس، 9.



由 扫描全能王 扫描创建

ئاڭلاپ، ھاياتنى يورۇقلۇققا چىقىرىدىغان ئۆلچەملەرنى ئۆگىنەتتى. ئۇ بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىدۇر، ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلمايدۇ، ئۇنى غەم - قايغۇغا قويمايدۇ. بىر ئىنسان قېرىندىشىنىڭ ئېھتىياجىنى قامدىسا، ئاللاھمۇ ئۇنىڭ ئېھتىياجىنى قامدايدۇ. كىمكى بۇ دۇنيادا بىر مۇسۇلماننىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلسا، ئاللاھمۇ ئاخىرەتتە ئۇنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىدۇ. كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ ئەيىبىنى يوشۇرسا، ئاللاھمۇ قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ ئەيىبىنى يوشۇرىدۇ.» دېگەنلىكىنى[129] ئاڭلىغانىدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر پەيغەمبىرىمىزنى دىققەت بىلەن كۆزىتىش ئارقىلىق نۇرغۇن ئىلىملەرنى ئۆگەندى. ئۇ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ 25 قېتىمدىن ئارتۇق ‹كافىرۇن ۋە ئىخلاس› سۈرىسىنى ئوقۇغانلىقىنى بايان قىلغان.[130]

ئۇ، ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ ئاچقۇچى سوئال سوراش ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. مۇۋاپىق پۇرسەت تاپقان ھامان ئادەمنىڭ ئەقلىگە كەلمەيدىغان نەرسىلەرنى سوراپ ئۆگىنەتتى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر مۇنداق دەيدۇ: «بىر يەردە تۆگە ساتاتتىم. ئۇنىڭدىن كېيىن بازارغا بېرىپ، دىنار سېتىپ دەرھەم ئالاتتىم، ياكى دەرھەم سېتىپ دىنار ئالاتتىم. بۇ ئېلىپ - سېتىشنىڭ توغرا بولۇپ - بولمايدىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن، پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا باردىم. ئۇ ھۇجرىسىغا كىرىش ئالدىدا تۇراتتى، كەينىدىن تۇتتۇم-دە، ئەھۋالىمنى ئېيتتىم. ئۇ:

- ئەگەر بىرىنىڭ ئورنىغا يەنە بىرىنى ئالساڭ، ئالدىڭدىكى ئادەم كەتمىگەن بولسا، ئۇنىڭ بىلەن سېنىڭ ئاراڭدا ئېلىپ- سېتىش ئىشقا ئاشقان بولىدۇ.- دەپ جاۋاب بەردى.[131]

ئۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ تەربىيەسىدىن ئالغان نىسىۋىلىرىنى ئەسلەپ ئۇ

(129) تەبەرانى، ئەلمەجمۇئۇل كەبىر، 12/287.
(130) مۇسنەد، 2/35.
(131) مۇسنەد، 2/83.



由 扫描全能王 扫描创建

ھەققە مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا باردىم. ماڭا ئىچى لىقمۇ لىق يىپ بىلەن توشقۇزۇلغان بىر ياستۇقنى ئۇزاتتى. ئەمما، مەن ئۇ ياستۇقنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرمىدىم، ياستۇق ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا شۇ پېتى تۇردى.»[132]

پەيغەمبىرىمىز ساھابىلىرىگە مەسجىدى نەبەۋىنىڭ بىر ئىشىكىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: بۇ ئىشىكنى ئاياللارغا قويۇپ قويۇڭلار!- دېدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىغان ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە بىر قېتىم بولسىمۇ ئۇ ئىشىكتىن مەسجىدى نەبەۋىگە كىرىپ باقمىدى.[133]

## ساھابىلەر بىلەن بىرگە

قەلبى ئىلىم – ئېرپان تەشنالىقى بىلەن تولغان ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ئىلىم ئىگىلەش ئۈچۈن قولىدىن كېلىشىچە كۈچ چىقىراتتى، ھەتتا پۈتۈن كۈچىنى سەرپ قىلاتتى. پەيغەمبىرىمىز بىلەن كۆرۈشەلمىگەن ۋاقىتلىرىدا، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەن، ئۇنىڭدىن ئىلىم ئالغان ساھابىلەردىن سوراپ ئۆگىنەتتى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر قېتىم مەسجىدى نەبەۋىگە كىرگەنىدىم، ئۇ يەردە پەيغەمبىرىمىز بار ئىكەن. ئۇ سۆزلەۋاتاتتى، ئەتراپىدىكىلەر ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىۋاتاتتى. نېمە دېگەنلىكىنى سۆزىنى تۇگەتكەن بولۇپ، ئەتراپىدىكىلەر تارقىلىۋاتاتتى. ئۇ يەردە ئاڭلىۋېلىش ئۈچۈن تېزلا يېنىغا باردىم. ئەمما مەن بارغۇچە پەيغەمبىرىمىز تۇرغانلارنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپ بىرىگە يېتىشىۋالدىم ۋە ئۇنىڭدىن:

- پەيغەمبىرىمىز نېمىلەرنى دېدى؟- دەپ سورىدىم. ئۇ كىشى:

- ئىچىملىك ئېلىنغان قاچىلارنى ئىشلەتمەسلىكىمىزنى ئېيتتى.-

(132) مۇسنەد، 2/96.

(133) زەھەبى، سىيەر، 3314.

دېدى.»(134)

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبىرىمىز ھىجرەت جەريانىدا قۇبادىن چىقىپ مەدىنىگە كېتىۋاتقاندا، مەدىنە خەلقىنىڭ ئۇنى كۈتۈۋېلىپ سالام بەرگەنلىكىنى بىلەتتىم، بىلال ھەبەشىدىن:

- پەيغەمبىرىمىز ئۇلارنىڭ سالامىغا قانداق جاۋاب قايتۇردى؟- دەپ سورىدۇم. بىلال ھەبەشى قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ:

- مانا مۇنداق سالام بەردى،- دېدى.(135)

ئۇقۇغۇچىلىرىدىن زۇبەير ئىبنى بەقار ئۇنىڭ ئىلمىگە بولغان ھېرىسمەنلىكى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر پەيغەمبىرىمىزدىن ئاڭلىغانلىرىنى دەرھال يادلىۋالاتتى. ئۆزى يوق بولۇپ قالغان ۋاقىتلىرىدا نېمە ئىش قىلغانلىقى، نېمىلەرنى سۆزلىگەنلىكىنى سوراپ ئۆگىنەتتى. پەيغەمبىرىمىز ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئەسلىملىرىنى جانلاندۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىزىدىن مېڭىش ئۈچۈن، ناماز ئوقۇغان مەسجىدلىرىنى ئايلىنىپ چىقاتتى، ئۇ ماڭغان يوللاردىن ماڭاتتى. نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلىۋاتقانلىقىنى سورىغانلارغا:

- ئاياق ئىزلىرىمنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئاياق ئىزى بىلەن ماسلاشتۇرۇشقا تىرىشىۋاتىمەن،- دەيتتى. پات - پات ھەج ۋە ئۆمرە قىلىش ئۈچۈن مەككىگە باراتتى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋىدا ھەجىدە ئەراپاتتا تۇرغان يېرىدە تۇراتتى.(136)

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ساھابىلەرنى ناھايىتى ھۆرمەت قىلاتتى. بىر كۈنى ئوقۇغۇچىسى سەئىد ئىبنى مۇسەييىبتىن:

- ئوغلۇمنىڭ ئىسمىنى نېمە ئۈچۈن سالىم، دەپ قويغانلىقىمنى بىلەمسەن؟- سورىدى.

(134) مۇسنەد، 2/77.
(135) مۇسنەد، 6/12؛ تەبرانى، ئەلمەجمۇئۇل كەبىر، 1/342.
(136) ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 13/160.



由 扫描全能王 扫描创建

- ياق،- دەپ جاۋاب بەردى،- ئۇ.

- ئەبۇ ھۇزەيفەنىڭ ئازاد قىلغۇچىسىنىڭ سەۋەبىدىن،- دېدى.

- يەنە بىر ئوغلۇمغا نېمە ئۈچۈن ۋاقىد دەپ ئىسىم قويغانلىقىمنى بىلەمسەن؟ ۋاقىد ئىبنى ئابدۇللاھنى دائىم ئەسلەپ تۇرۇش ئۈچۈن..

- ئابدۇللاھقا نېمە ئۈچۈن بۇ ئىسىمنى قويغانلىقىمنى بىلەمسەن؟ ئۈنىڭغىمۇ ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھەنى ئەسلەپ تۇرۇش ئۈچۈن بۇ ئىسىمنى قويدۇم.[137]

ساھابىلەرنى ناھايىتى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدىغان ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر مۇنداق دەيدۇ: «بىرىنىڭ يولىدىن مېڭىشنى خالىساڭلار، سىلەردىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن پەيغەمبىرىمىز ۋە ساھابىلەرنىڭ يولىدىن مېڭىڭلار! ئۇلار، بۇ ئۇممەتنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىدۇر. ئۇلار، قەلبى پاك - پاكىز، چوڭقۇر ئىلىمگە ئىگە، ھېچكىمگە ئېغىرچىلىقنى سالمىغان كىشىلەر ئىدى. ئۇلار، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىمىزگە دوست بولۇش ۋە دىنىنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن تاللىغان كىشىلىرى ئىدى. ئەخلاقىڭلار ۋە ھاياتىڭلاردا ئۇلارغا ئوخشاش بولۇشقا تىرىشىڭلار، چۈنكى ئۇلار پەيغەمبىرىمىزنىڭ ساھابىلىرى ئىدى. كەبىنىڭ ئىگىسىنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇلار توغرا يولدا بولغانلار ئىدى. ئى، ئادەم ئوغلى! دۇنياغا پەقەت بەدىنىڭ بىلەنلا ئىگە بولغىن! قەلبىڭ ۋە نىشانىڭنى ئۇنىڭدىن يىراق تۇتقىن! بىلگىنكى، سەن قىلغانلىرىڭنىڭ ئەسىرىسەن. ئۆلۈم كەلگەندە ساڭا پايدىسى بولىدىغان ئىشلارنى قىلغىن ھەم ئۇنى قولۇڭدا مەھكەم تۇتقىن،- دەيتتى.»[138]

« ساھابىلەرنىڭ ھەممىسى خوش چىراي كىشىلەرمىدى؟» دەپ سورىغۇچىلارغا: « شۇنداق، قەلبلىرىدىكى ئىمان تاغلاردىنمۇ كاتتا ئىدى» دەپ جاۋاب بېرەتتى.[139]

(137) ئىبنى سەئد، تەبەقات، 4/159.

(138) ئەبۇ نۇئەيم، ھىليەتۇل ئەۋلىيا، 1/305 – 306.

(139) ئەبۇ نۇئەيم، 1/311.



由 扫描全能王 扫描创建

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرگە تەسىر قىلغان مۇھىم ئىشلاردىن بىرى، 12-13 ياشلاردىكى ۋاقتىدا بەدىر ئۇرۇشىغا قاتنىشىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى ئىدى. پەيغەمبىرىمىز مەدىنىدىن چىقىش يولىدا قوشۇنلارنى كونترول قىلىۋېتىپ، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش ياشتىكى ساھابىلەرنى كۆردى ۋە ياشلىرى كىچىك بولغاچقا ئۇلارنى مەدىنىگە قايتۇرۇۋەتتى.(140)

بۇ ئەھۋالدىن كۆڭلى ئىنتايىن يېرىم بولغان ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر مۇنداق دەيدۇ: «بەدىر ئۇرۇشىغا بارىدىغان ۋاقتىمىزدا پەيغەمبىرىمىزدىن تەلەپ قىلدۇق، مېنى يەنە كىچىك كۆرۈپ قايتۇرۇۋەتتى. ئۇنىڭغا ناھايىتى كۆڭلۈم يېرىم بولدى. ھاياتىمدا بىرەر قېتىممۇ ئۇ كېچىدىكىدەك كۆڭلۈمنىڭ يېرىم بولغانلىقىنى ۋە يىغلىغىنىمنى ئەسلىيەلمەيمەن.»(141)

«14 ياش ۋاقتىمدا ئۇھۇد ئۇرۇشىغا قاتنىشىش ئۈچۈن چىقتىم. يېشىم كىچىك بولغاچقا پەيغەمبىرىمىز يەنە مېنى قايتۇرۇۋەتتى. خەندەك ئۇرۇشىدا بولسا 15 ياشتا ئىدىم. ئۇ ۋاقىتتا مەدىنىنى قوغداش سېپىگە قاتنىشىشىمغا رۇخسەت قىلغانىدى.»(142)

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنىڭ بىر پادىچى بىلەن بولغان خاتىرىسىنى زەيد ئىبنى ئەسلەم ۋە ئوقۇغۇچىلىرىدىن نافىئ مۇنداق بايان قىلىدۇ: «ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر بىر توپ ئاغىنىلىرى بىلەن بىرلىكتە مەدىنە سىرتىغا چىققانىدى. تاماق ۋاقتى بولغاندا مۇۋاپىق بىر يەرگە داستىخان تەييارلىدۇق. تاماق يېيىشكە باشلاش ئالدىدا تۇراتتۇق، يېنىمىزدىن بىر پادىچىنىڭ ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردۇق. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ئۇنى چاقىرىپ:

- سەنمۇ داستىخانغا كەلگىن!- دېدى. پادىچى:

- مەن روزىدارمەن،- دېدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر:

(140) زەھەبى، سىيەر، 3314.

(141) كاندەھلەۋى، ھاياتۇسساھابە، 1/669.

(142) مۇسنەد، 2/17؛ ئىبنى مەنزۇر.



由 扫描全能王 扫描创建

- بۇ كۆيدۈرگۈچى ئىسسىق كۈندە، بۇ ئەھۋالدا قۇياش ئاستىدا قويلارنى ئوتلىتىش ئۈچۈن ئايلىنىپ يۈرۈپ روزا تۇتتۇڭمۇ؟- دېدى. پادىچى:

- كۈنلىرىمنى بوشقا ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن ۋاقتىتىن مۇشۇ شەكىلدە پايدىلىنىۋاتىمەن،- دېدى.

پادىچىغا يۇقىرى باھا بەرگەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر، ئۇنىڭ شۈبھىلىك نەرسىلەرگە قانچىلىك دىققەت قىلىدىغانلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن:

- قويلىرىڭدىن بىرىنى بىزگە سېتىپ بېرەمسەن؟ ساڭا پۇلىنى بېرىمىز، قويلارنىڭ گۆشىنى يەيمىز، سەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن ئىپتار قىلارسەن؟- دېدى. پادىچى:

- قويلارنىڭ ئىگىسى بۇ يەردە يوق،- دېدى.

- ئىگىسىگە قوينى بۆرە ئېلىپ قاچتى، دېگىن،- دېدى. پادىچى:

- ئاللاھ قەيەردە؟ ئۇنى قانداق ئالدايمەن؟- دېدى.

- ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەسلىدە «ئاللاھ قەيەردە؟ دېگەن سوئالنى مېنىڭ سورىشىم كېرەك ئىدى»- دېدى ۋە قويلارنىڭ ئىگىسىنى تېپىپ پادىچىنى ۋە قويلارنىڭ ھەممىسىنى سېتىۋالدى. پادىچىنى قۇللۇقتىن ئازاد قىلىپ، قويلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلدى.»(143)

ئۇنىڭ پەيغەمبىرىمىز بىلەن بىرلىكتە باشتىن كەچۈرگەن ئۇرغۇنلىغان ئەسلىمىلىرى بار ئىدى. ئۇ بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئۇنىڭغا ئىنتايىن تەسىر قىلغان بىر ئەسلىمىسىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «بىر كۈنى پەيغەمبىرىمىز بىلەن بازارغا بارغان ئىدۇق، 4 دەرھەمگە بىر كۆينەك ئېلىپ ئۇنى ئۈستىگە كىيگەندىن كېيىن، يولىمىزنى داۋاملاشتۇردۇق. يولدا ئەنسارلاردىن بىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدۇق. ئەنسار كۆينەكنى كۆرۈپ:

- ئى، پەيغەمبىرىم! شۇ كۆينەكنى ماڭ كىيگۈزۈپ قويغىن! ئاللاھ

(143) تەبرانى، ئەلمۇجەمۇل كەبىر، 12/263؛ [illegible]، 13/162.



由 扫描全能王 扫描创建

ساڭا جەننەت كۆينەكلىرىدىن كىيدۈرسۇن،- دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈستىدىكى كۆينەكنى سېلىپ ئەنسارغا كىيگۈزۈپ قويدى. كېيىن يەنە دۇكانغا بېرىپ 4 دەرھەمگە باشقا بىر كۆينەك ئالدى. يېنىدا ئىككى دەرھەم قالدى. يولدا كېتىۋېتىپ يىغلاپ ئولتۇرغان بىر خىزمەتچى ئايالنى كۆرۈپ قالدى ۋە ئۇنىڭدىن:

- نېمە ئۈچۈن يىغلايسەن؟- دەپ سورىدى. ئۇ ئايال:

- ئى، رەسۇلۇللاھ! ئۆيدىكىلەر ماڭا 2 دەرھەم بېرىپ، بازاردىن ئوتۇن ئەكىلىشىمنى ئېيتقانىدى، ئەمما مەن يولدا كېلىۋېتىپ پۇلنى يوقىتىپ قويدۇم،- دېدى. پەيغەمبىرىمىز يېنىدا قالغان 2 دەرھەمنى ئۇنىڭغا بەردى. ئۇ يەردىن قايتىپ كېتىۋاتقاندا ئۇ ئايالنىڭ يەنە يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆردى. پەيغەمبىرىمىز ئۇنى يېنىغا چاقىرىپ:

- ساڭا لازىم بولغان 2 دەرھەمنى بەردىم، يەنە نېمە ئۈچۈن يىغلايسەن؟- دەپ سورىدى. ئەسلىدە ئايال ئۆيگە كېتىشكە كېچىكىپ قالغان بولۇپ قورقۇپ يىغلىغانىدى. ئۇ:

- (خوجايىنىم) مېنى ئۇرىدۇ،- دېدى. پەيغەمبىرىمىز قىز بىلەن ئۆيىگىچە بىللە بېرىپ، ئۆيدىكىلەرگە سالام بەردى. ئۆيدىكىلەر ئاۋازنى ئاڭلىغان ۋە كىم ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسىمۇ، جاۋاب بەرمىدى. پەيغەمبىرىمىز ئىككىنچى قېتىم يەنە سالام بەردى. يەنە ھېچكىم جاۋاب بەرمىدى. ئۈچىنچى قېتىمدا جاۋاب بەردى. پەيغەمبىرىمىز ئۇلاردىن:

- سالام بەرگىنىمنى ئاڭلىمىدىڭلارمۇ؟- دەپ سورىدى. ئۆيدىكىلەر:

- ئاڭلىدۇق، ئەمما قايتا سالام بېرىشىڭنى ئارزۇ قىلدۇق، ئاتا - ئانىمىز ساڭا پىدا بولسۇن، بۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن كەلدىڭ؟- دەپ سورىدى. پەيغەمبىرىمىز:

- بۇ ئايالغا كۆيۈنۈپ، ئۇنى ئۇرماسلىقىڭلار ئۈچۈن كەلدىم،- دېدى. ئۇلار:

- ئۇ ئاللاھ ئۈچۈن ئازاد بولسۇن،- دېدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇلارغا



由 扫描全能王 扫描创建

ياخشى دۇئالارنى قىلدى ۋە:

- ئاللاھ، ئۇ ئۇن دەرھەمنى ئاجايىپ بەرىكەتلىك قىلدى. ئۇنىڭ بىلەن ئۈزىگە ۋە ئەنسارغا بىردىن كۆينەك ئالدى ۋە بىر قۇلنى ئازاد قىلدى،- دېدى.[144]

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر جىھادقا تەييارلىق قىلىۋاتقان ۋاقىتتىكى يەنە بىر ئەسلىمىسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبىرىمىز جىھادقا تەييارلىق قىلىۋاتقان بىر پەيتتە ساھابىلەر ئەتراپىغا توپلىشىۋېلىپ ئۇنى بىئارام قىلدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ قولىدا پۇتالغان بىر ياغاچ بار ئىدى. ياغاچنىڭ ئۈستىدە بىر قانچە تال پۇتىقى قالغان بولۇپ، پەيغەمبىرىمىز بۇنى كۆرمىگەنىدى. ساھابىلەر زورلىغانلىقتىن ئۇلارغا:

- مېنى بىئارام قىلىۋاتىسىلەر، بىر ئاز يىراقراق تۇرۇڭلار! دەپ ساھابىلەرنى يىراقلاشتۇرۇشقا تىرىشتى. بۇ ۋاقىتتا قولىدىكى ياغاچنىڭ پۇتىقى ساھابىلەردىن بىرىنىڭ قورسىقىغا تېگىپ كېتىپ قاناتتى. ساھابە:

- پەيغەمبەر مۇشۇنداق قىلسا، باشقا ئىنسانلار نېمە قىلىدۇ؟- دەپ سۆزلەشكە باشلىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇنى ئاڭلاپ:

- قېنى ماڭغىن! پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا بارايلى! ئەگەر بۇنى ئۇ قىلغان بولسا، ساڭا ھەققىڭنى بېرىدۇ، ئەگەر سەن يالغان ئېيتقان بولساڭ، نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلغانلىقىڭنى ئېيتمىغۇچە سېنى قويۇۋەتمەيمەن،- دېدى. ساھابە:

- سەن سالامەت كەتكىن! مەن سەن بىلەن بېرىشنى خالىمايمەن،- دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- مەنمۇ سېنى قويۇۋېتىشنى خالىمايمەن،- دېدى.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ ئۇنىڭدىن:

- بۇ ئادەم سېنىڭ ئۇنى ئۇرۇپ قانىتىۋەتكەنلىكىڭنى ئېيتىپ

(144) تەبرانى، 12/441.



由 扫描全能王 扫描创建

ۋايساۋاتىدۇ، بۇ راستمۇ؟- دېدى. پەيغەمبىرىمىز:

- مەن راست شۇنداق قىلدىمۇ؟- دەپ سورىدى. ئۇ ئادەم:

- ھەئە، ئى، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى!- دېدى. پەيغەمبىرىمىز:

- بۇنى بىرسى كۆردىمۇ؟- دەپ سورىدى. ئۇ ئادەم:

- ئەنە شۇ يەردىكى بىر توپ مۇسۇلمانلار كۆردى،- دېدى.

پەيغەمبىرىمىز ساھابە كۆرسەتكەن تەرەپتىكى كىشىلەردىن:

- بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن كىشى ماڭا ئۆزىنى مەلۇم قىلسۇن،- دېدى.

ئۇلار پەيغەمبىرىمىزگە:

- ئى، رەسۇلۇللاھ! سەن خالاپ قاناتمىدىڭ،- دېدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇ ساھابىگە:

- ساڭا قىلغانلىرىم ئۈچۈن، سېنىڭ خالىغىنىڭچە مال بېرەي ئېلىپ كەتكىن،- دېدى. ساھابە:

- ياق، بولمايدۇ،- دېدى. پەيغەمبىرىمىز:

- رازى بولۇپ كەتكىن!- دېدى. ساھابە:

- بولمايمەن!- دېدى. پەيغەمبىرىمىز:

- ئۇنداق بولسا نېمە قىلىشنى خالايسەن؟- دەپ سورىدى. ساھابە:

- ئى، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! تېگىشلىك ھەققىمنى ئېلىشنى خالايمەن،- دېدى. پەيغەمبىرىمىز قولىدىكى تاياقنى ئۇنىڭغا بېرىپ، قورسىقىنى ئېچىپ ساھابىنىڭ ئۇرۇشىنى تەلەپ قىلدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبىرىمىزگە ياردەم قىلىش ئۈچۈن ئارقىسىدا تۇرۇپ:

- رۇخسەت قىلغىن ساڭا ياردەم قىلاي، تېيىلىپ چۈشۈپ چىشلىرىڭ سۇنۇپ كەتمىسۇن،- دېدى. ساھابە ئۇرۇش ئۈچۈن يېقىن كەلدى، ئەمما ياغاچنى يەرگە ئاتتى ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ قورسىقىغا سۆيۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا:



由 扫描全能王 扫描创建

كېيىنكىلەر خەلققە زۇلۇم قىلمىسۇن،

- ئى، رەسۇلۇللاھ! سەندىن شۇنداق قىلدىم، - دېدى. ئۆمەر

بۇنىڭدىن ئىبرەت ئالسۇن، دەپ

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا قاراپ:

- سەن مەندىنمۇ ياخشى بىر ئىش قىلدىڭ، - دەپ ئۇ ساھابىگە

يۇقىرى باھا بەردى.(145)

## ياشنىغان ئىلىم

ساھابىلەر ئىلىمنى پەقەت ئىلىم ئىگىسى بولۇش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئۆگەنگەنلىرىنى ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق تېخىمۇ ياخشى بىر ئىنسان بولۇش، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش، كۆڭۈل دۇنياسىنى يورۇتۇش ئارقىلىق گۈزەللىكلەرنى كۆرۈش ۋە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىش ئۈچۈن ئۆگىنەتتى. بۇ ئەھۋالنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر مۇنداق ئىپادىلەيدۇ: «ئىسلامنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدە نازىل بولغان ئايەتلەر دېگەندەك كۆپ بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بىرىنچى يېتەكچىمىز ئىمان ئىدى. كېيىن سۈرە ۋە ئايەتلەر نازىل بولۇشقا باشلىدى. ھالال ۋە ھارامنى، قىلىش كېرەك بولغان ۋە قىلسا بولمايدىغان ئىشلارنى ئۆگەندۇق. قۇرئاننى بۈگۈن سىلەرنىڭ ئۆگەنگىنىڭلاردەك ئۆگەنمەستىن، بەلكى ھەر بىر ئايەت ئۈستىدە توختىلىپ، ئۇنى ئەمەلىيىتىمىزگە ئايلاندۇراتتۇق. ھازىرقى ئىنسانلار قۇرئاننى فاتىھەدىن باشلاپ ئاخىرغىچە ئوقۇيدۇ، ئەمما نېمىلەرگە بۇيرۇغانلىقىنى، نېمىلەردىن توسقانلىقىنى، نەدە توختاپ ئويلىنىش لازىملىقىنى بىلمەيدۇ. قۇرئاننى خورمىنىڭ چۈرۈكلىرىنى ئاتقاندەك ئوقۇيدۇ.»(146)

ئوقۇغۇچىلىرىدىن نافىئ پەيغەمبەر تەربىيەسى كۆرگەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنىڭ كۈندىلىك ھاياتى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر بامدات نامىزىدىن كېيىن دەرھال ئۆيىگە كەتمەيتتى. چۈش

(145) ئەبۇ يەئلا، مۇسنەد، 5/159.

(146) ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 13/169.



由 扫描全能王 扫描创建

ۋاقىتنىچە مەسجىدى نەبەۋىدە ئولتۇرۇپ، ئىلىم - ئېرپان ئۆگىنىش بىلەن مەشغۇل بولاتتى، ناماز ئوقۇمايتتى. چۈش بولغاندا مەسجىدتىن چىقىپ بازارغا بېرىپ ئىشلىرىنى ھەل قىلىپ، ئېھتىياجلىق نەرسىلىرىنى ئالغاندىن كېيىن، ئۆيىگە - ئائىلىسىنىڭ يېنىغا كېتەتتى. ئۆيىگە كىرىپ ئالدى بىلەن مەسجىد قىلىپ ئىشلىتىدىغان يېرىگە بېرىپ، ئۇ يەردە ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇغاندىن كېيىن ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزەتتى. بۇ سۆزنى ئاڭلىغانلاردىن بىرى:

- ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ئۆيىدە نېمە ئىشلارنى قىلاتتى؟- دەپ سورىۋىدى. نافىئ ئۇنىڭغا:

- بۇنىڭغا كۈچىمىز يەتمەيدۇ. ئۇ ئائىلىسى بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزگەن ۋاقتتىن باشقا چاغلاردا داۋاملىق قۇرئان ئوقۇيتتى. قۇرئان داۋاملىق ئېچىقلىق تۇراتتى. ھەر ۋاقىت ناماز ئوقۇش ئۈچۈن تاھارەت ئالاتتى. پېشىن ۋە ئەسىر نامىزى ئارىسىدا ئىلىم- ئېرپان ۋە ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولاتتى. جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرەتتى. خۇپتەن نامىزىنى جامائەت بىلەن ئوقۇيالمىغان ۋاقتتا، پۈتۈن كېچىسىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزەتتى. بامدات ۋە شام نامىزىنى جامائەت بىلەن ئوقۇيالمىسا، ئىچى تىتىلداپ، بىئارام بولۇپ، ئەتىسى روزا تۇتۇپ كېچىلىرى ئىبادەت قىلىش بىلەن بىرگە بىر قۇلنى ئازاد قىلاتتى.[147]

باشقا بىر ئوقۇغۇچىسى مۇھەممەد ئىبنى زەيد مۇنداق دەيدۇ: «ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنىڭ ئۆيىدە داۋاملىق سۇ بار چوڭ بىر ئىدىشى بار ئىدى. كېچىلىرى ئورنىدىن تۇرۇپ ئىدىشتىكى سۇدىن قويۇپ تاھارەت ئالاتتى. ھېرىپ ئۇيقۇسى كەلگىچە ناماز ئوقۇيتتى. كېيىن ياتاتتى. ئۇيقۇسى قۇشنىڭكىدەك سەگەك بولۇپ بىر ئاز ئۇخلىغاندىن ئاندىن، يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇيتتى، ھەر كېچىسى 4-5 قېتىم شۇنداق قىلاتتى.»[148]

(147) ئىبنى سەئىد، تەبەقات، 4/148؛ ئەبۇ نۇئەيم، ھىليەتۇل ئەۋلىيا، 3/143، 1/304.

(148) ئىبنى ھەجەر، ئىسابە، 4836؛ زەھەبى، سىيەر، 3314.

نافىئمۇ ئۇ ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر كېچىسى ناماز ئوقۇش بىلەن مەشغۇل بولاتتى. ئاندىن مېنى چاقىرىپ:

- ئى، نافىئ! زورلۇق ۋاقتى بولدىمۇ؟- دەپ سورايتتى مەن:

- ياق، تېخى بولمىدى- دېيەتتىم، ئۇ يەنە نامىزىنى داۋاملاشتۇراتتى. بىر ئاز ۋاقىتتىن كېيىن يەنە قايتا سورايتتى.

- بولدى.- دېيەتتىم. ئۇ ۋاقىتتا ئەتىگەنگىچە ئولتۇرۇپ دۇئا ۋە ئىستىغپار ئېيتاتتى.»[149]

پۈتۈن ئىبادەتلىرىنى ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن قىلاتتى.

زەيد ئىبنى ئابدۇللاھ: «ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ناماز ۋاقتى كەلگەندە ئىنتايىن سەۋرچان بولۇپ كېتەتتى. نامازغا ماڭغاندا ئىنتايىن ئاستا قەدەملەر بىلەن ماڭاتتىكى، ھەتتا چۈمۈلىلەرمۇ ئۇنىڭدىن تېز ماڭاتتى.» دەيدۇ.[150]

پۈتۈن ھاياتىنى ئىلىمگە ئاتىغانلىقى ئۈچۈن، دۇنيانىڭ تۆت تەرىپىدىن ئىلىم ئۆگىنىشنى خالايدىغان مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ يېنىغا كېلەتتى. ئەنەس ئىبنى مالىك بۇ ئەھۋال ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن 60 يىل ياشىدى. ئىنسانلار ئىلىم سورەك ئۇنىڭ يېنىغا باراتتى.»[151]

سەپەرگە چىققان ۋاقىتلىرىدىن باشقا ھەر قانداق چاغدا روزا تۇتاتتى. زىكىر ئېيتىشقا ئەھمىيەت بېرەتتى. ئەترابىدىكىلەرنىمۇ داۋاملىق ئىلىم ئېلىشقا ۋە زىكىر ئېيتىشقا دەۋەت قىلاتتى.

ئەييۇب ئىبنى سەلمان بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەككىدە ئەتا ئەل - خوراسانى بىلەن ئولتۇراتتۇق. ئەتا مەسجىدى نەبەۋىنىڭ تېمىغا يۆلىنىپ جىمجىت تۇراتتى. ئۇنىڭدىن بىرەر نەرسە سورىمىدۇق، بىرەر نەرسىمۇ دېمىدۇق. ئۇمۇ بىر نەرسە دېمىدى. بىر ئاز ئۆتكەندىن كېيىن

(149) ئىبنى جەۋزى، سەفۋەتۇسسەفۋە، 208.
(150) زەھەبى، سىيەر، 3314.
(151) تەبرانى، ئەلمۇئجەمۇل كەبىر، 12/258.



由 扫描全能王 扫描创建

ئۇ بەردىن ئايرىلىپ بىر ئاز ئالدى تەرەپتىرەك تۇرغان ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنىڭ يېنىغا باردۇق. ئۇنىڭدىنمۇ بىر نەرسە سورىماستىن، بىر نەرسە دېمەستىن شۇنداق تۇردۇق. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر:

- سىلەرگە نېمە بولدى؟ يا گەپ قىلمايسىلەر يا ئاللاھقا زىكىر ئېيتمايسىلەر. مىڭ قېتىم ئاللاھۇ ئەكبەر، ئەلھەمدۇلىللا. سۇبھانەللاھى ۋەبىھەمدىھى دەڭلار! بۇنىڭدىن كۆپ دېسەڭلار، ئاللاھمۇ سىلەرگە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئاتا قىلىدۇ. ئەگەر خالىساڭلار پەيغەمبىرىمىزدىن ئاڭلىغان بىر ئىشنى سۆزلەپ بېرەي...- دېدى.»[152]

ئۇ مەسئۇلىيەتنى ناھايىتى ياخشى ئادا قىلىدىغان بىرى ئىدى. پەيغەمبىرىمىزدىن بىرەر ھەدىسنى ئاڭلىسا، ئۇ تولىمۇ ئېھتىياتچان بولۇپ كېتەتتى. ئۇ بۇنداق قىلىش ئارقىلىق پەقەت ئۆزىنىلا ئەمەس، بەلكى باشقىلارنىمۇ ئۈستىدىكى مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىشقا جاسارەتلەندۈرۈشنى ئارزۇ قىلاتتى.

بىر قېتىم سەپەر ئۈستىدە قويلىرىنى ئوتلىتىۋاتقان پادىچى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدۇق. پادىچى قويلىرىنى ئوتلىرى ناھايىتى ئاز بىر يەردە ئوتلىتىۋاتاتتى. ئەتراپقا قاراپ ئوتلىرى كۆپ بىر يەرنى كۆرگەندىن كېيىن، پادىچىغا:

- ئى، پادىچى! قويلىرىڭنى نېمە ئۈچۈن ئۇ يەردە ئوتلاتمايسەن؟ ئۇ يەرگە ئاپارغىن! پەيغەمبىرىمىز بۇ ھەقتە: «ھەممىڭلار پادىچىسىلەر ۋە ھەممىڭلارنىڭ ئۈستىدە بېقىۋاتقان نەرسىلىرىڭلارنىڭ مەسئۇلىيىتى بار. باشلىقمۇ پادىچىدۇر. قول ئاستىدىكى ئىنسانلارغا مەسئۇلدۇر. كىشى ئائىلىسىنىڭ پادىچىسىدۇر. ئائىلە ئەزالىرىغا مەسئۇلدۇر. ئۇنىڭ ئايالىمۇ پادىچىدۇر، ئائىلىسىگە ۋە بالىلىرىغا مەسئۇلدۇر. خىزمەتچىمۇ پادىچىدۇر. چۈنكى ئۇمۇ خوجايىنىنىڭ ماللىرىغا مەسئۇلدۇر. دىققەت قىلىڭلار، ھەممىڭلار

(152) مۇسنەد، 2/82.



由 扫描全能王 扫描创建

پادىچى، ھەممىڭلارنىڭ مەسئۇلىيىتى بار.» دېگەن،- دېدى.[153]

ئۇ ھەر دائىم ئۆزىنى تەكشۈرۈپ چىقىش ئارقىلىق قىلغان ياخشىلىق ۋە يامانلىقلىرىنى كۆرۈپ يېتىشكە تىرىشاتتى. بىر كۈنى بىرسى ئۇنىڭدىن سوئال سورىۋىدى، ئۇنىڭغا قاراپ:

- بىلمەيمەن، - دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ ئادەم يېنىدىن كېتىۋېتىپ ئۆز- ئۆزىگە: ‹ئۆمەرنىڭ ئوغلى، ئىنتايىن ئوبدان بىر ئىش قىلدى. بىلمەيدىغان بىر سوئالغا «بىلمەيمەن» دەپ جاۋاب بەردى› دەپ ئۇنىڭغا يۇقىرى باھا بەردى.[154]

ئۇ تازىلىققا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدىغان بولۇپ، ھەر دائىم پاكىز، رەتلىك بولۇشقا دىققەت قىلاتتى. ئۇقۇغۇچىسى نافىئ سۆز ئارىسىدا مۇنداق دەيدۇ: « ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ھەر كۈنى ئىككى قېتىم ئەتىر ئىشلىتەتتى. كىيىم- كېچەكلىرىنى تۈزەشتۈرەتتى.[155] ئەتىگەنلىرى ئورنىدىن تۇرۇپلا قوللىرىنى يۇيۇشقا ئادەتلەنگەنىدى. جۈمە ياكى ھېيت نامىزىغا بېرىشتىن بۇرۇن چوقۇم غۇسۇل تاھارەت ئالاتتى ۋە خوش- پۇراق نەرسىلەرنى سۈرەتتى.»[156]

ھەر جۈمە كۈنلىرى چاچ ۋە بۇرۇتلىرىنى كېسەتتى، ساقىلىنىڭ بىر تۇتامدىن ئۇزۇن بولۇپ كەتمەسلىكىگە دىققەت قىلاتتى. 15 كۈندە بىر قېتىم جەزمەن تىرناقلىرىنى ئالاتتى. ھەر ئايدا بىر قېتىم قولتۇق ئاستىنى تازىلايتتى.[157]

ئۇ قول ئىلكىدە بار باي كىشىلەردىن بولسىمۇ، پەيغەمبىرىمىز ۋە دادىسىنىڭ سۈننىتىگە ئەمەل قىلىپ، ئاددىي- ساددا ھايات كەچۈرۈش يولىنى تاللىۋالغانىدى.

(153) مۇسنەد، 2/6؛ تەبەرانى، ئەلمەجمۇئۇل كەبىر، 12/338؛ ئەبۇ يەئلا، مۇسنەد، 5/191.
(154) ئىبنى سەئىد، تەبەقات، 4/170.
(155) ئىبنى سەئىد، 4/157.
(156) مۇۋەتتا، جۈمە، 8؛ قەلئەجى، فىقھى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر، 607.
(157) بۇخارى، ئەدەبۇل مۇفرەد، 1258. ھەدىس؛ زەھەبى، سىيەر، 3314.



由 扫描全能王 扫描创建

مەيمۇنە ئىبنى مىھران بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنىڭ ئۆيىگە بارغان چېغىمدا، ئۆيىدىكى نەرسىلىرىنىڭ قىممىتىنى مۆلچەرلەشكە تىرىشتىم. يوتقان - كۆرپە، ياستۇق، گىلەم... پۈتۈن نەرسە - كېرەكلىرى پەقەت 100 دەرھەمگە يارايتتى. نەچچە يىلدىن كېيىن ئۆيىگە بارغان ۋاقتىمدا ئۆيىنىڭ بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا تۇرغانلىقىنى كۆردۇم.[158]

ھارام بولمىسىمۇ يۇمشاق رەختلەرنىڭ ئورنىغا يىرىك رەختلەردىن تىكىلگەن كىيىملەرنى كىيىشنى ياقتۇراتتى. بىرى ئۇنىڭ بۇنداق كىيىملەرنى كىيىشىگە چىداپ تۇرالماي:

- ساڭا خۇراساندا توقۇلغان يۇمشاق رەختتىن تىكىلگەن بىر كۆينەك ئېلىپ كەلدىم. ئۇنى كىيسەڭ مەن ئىنتايىن مەمنۇن بولاتتىم،- دېدى.
ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر:

- قېنى بەرگىن! دەپ كۆينەكنى ئېلىپ كىيگەندىن كېيىن:

- بۇ يىپەكمۇ؟- دەپ سورىدى. ئۇ ئادەم:

- ياق، پاختا،- دېدى.

- مەيلى، مەن يەنىلا ئۇنى كىيىشتىن قورقىمەن. ئۇنى كىيىپ كۆرەڭلەپ، تەكەببۇرلۇق قىلىدىغان كىشىلەردىن بولۇپ قېلىشتىن قورقىمەن. ئاللاھ كۆرەڭلەيدىغان تەكەببۇر كىشىلەرنى ياخشى كۆرمەيدۇ،- دېدى.»[159]

بىر كۈنى مەككىدىن مەدىنىگە قايتىپ كېتىۋاتاتتى. تاماق ۋاقتى بولغاندا سەپەرداشلىرى داستىخان تەييارلىدى. داستىخاندا ئىنچىكە كېسىلگەن تەييار ئۇن، گۈزەل تاماقلار ۋە تاتلىق- تۈرۈملەر بار ئىدى. تاماقلارنى كۆرۈپ يىغلاشقا باشلىدى ۋە:

- بىز بۇنداق تاماقلارنى يېمىدۇق. مەن مۇسۇلمان بولغاندىن تارتىپ قورسىقىم تويغىچە تاماق يېمىدىم ،- دېدى ۋە يېنىدىكىلەرگە:

---

(158) ئىبنى سەئد، تەبەقات، 4/165.
(159) ئىبنى نۇئەيم، ھىليەتۇل ئەۋلىيا، 1/302.



由 扫描全能王 扫描创建

- بۇ تاماقلارنى قونۇپ قالغانلارغا تارقىتىپ بېرىڭلار!- دېدى. ئاندىن ھەر دائىمقىدەك ئاددىي- ساددا بىر داستىخان تەييارلىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر بۇنى كۆرۈپ:

- پەقەت ئەتىسى پايدىسىنى كۆرىدىغان نەرسىلەردە ياخشىلىق باردۇر،- دېدى.[160]

ئەمرۇ ئىبنى ئاسنىڭ ئوغلى مۇئاۋىيە ئۇنىڭ سىياسىي ئورنىدا نەزىرىنىڭ بار- يوقلۇقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا بەزى تەكلىپلەرنى سۇندى. بۇنداق نىيىتىنىڭ يوقلۇقىنى بىلگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا ۋە بالىلىرىغا يەر ۋە مال- مۈلۈك بەرمەكچى بولدى. ئۇ بۇلارنى رەت قىلىپ:

- ساڭا ئىنتايىن ئەپسۇسلىنىمەن، يېنىمدىن كەتكىن! بۇنىڭدىن كېيىن قايتا كەلمىگىن. دىنىمنى دىنار ياكى دەرھەمگە سېتىۋالالمايسەن. بۇ دۇنيادىن قولۇم پاك- پاكىز ۋە ئاپئاق كېتىشنى ئارزۇ قىلىمەن،- دېدى.[161]

ئۇنىڭ مەرتىۋە ۋە يۇقىرى ئورۇندا كۆزى يوق ئىدى. ئۇنىڭغا قانچە قېتىم خەلىپىلىك تەكلىپ قىلىنغان بولسىمۇ قوبۇل قىلمىدى. ئۇ ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قازىلىق قىلىپ بېرىش تەكلىپىنىمۇ ئەپۇ سوراپ رەت قىلغانىدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ئەدەپ- ئەخلاق ئۆلچەملىرىگە ئىنتايىن دىققەت قىلاتتى. مەجلىسكە قاتنىشىش ئۈچۈن كىرگەندە بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ يېرىنى بوشىتىپ بەرسە ئۇ يەردە ئولتۇرماي ئولتۇرغانلارغا قاراپ:

- ھېچكىم ئورنىدىن تۇرمىسۇن، ئارىلىرىدىن ئازراق يەر ئاچسۇن،- دەيتتى. ئورنىنى بوشىتىپ بەرگەنلەرگە:

(160) ئىبنى جەۋزى، سىفاتۇسسەفۋە، 575.

(161) ئىبنى سەئىد، تەبەقات، 4/164.



由 扫描全能王 扫描创建

- ئاللاھ سىلەرنىڭ ماكانىڭلارنى كەڭرى قىلسۇن! - دەپ دۇئا قىلاتتى.[162]

پەيغەمبىرىمىزنىڭ «چىرايلىق سۆزلىشىڭلار، سالامنى ئومۇملاشتۇرۇڭلار، يېتىملەرنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇڭلار، ئىنسانلار ئۇخلاۋاتقان چاغلاردا ناماز ئوقۇڭلار!» دېگەن بۇيرۇقىنى ئورۇنلاشقا ئەھمىيەت بېرەتتى. پەقەت سالاملىشىشنى ئومۇملاشتۇرۇش مەقسىتى بىلەن بازارغا بېرىپ چوڭ- كىچىك، باي- كەمبەغەل دېمەستىن ھەممەيلەنگە سالام بېرەتتى. بازارغا بىللە بارغان ئوقۇغۇچىلىرى بۇنداق قىلىشنىڭ سەۋەبىنى سورىسا «ھېچقانداق ئىشىم بولمىسىمۇ پەقەت كىشىلەرگە سالام بېرىش ۋە ئۇلارنىڭ سالىمىنى ئېلىش ئۈچۈنلا بازارغا بارىمەن.» - دەيتتى.[163]

پەيغەمبىرىمىزنىڭ «كىشىلەرگە ئارىلىشىپ، ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقلىرىغا سەۋر قىلغان مۆمىن، ئارىلاشماي قىيىنچىلىقلىرىغا سەۋر قىلمىغانلاردىن ياخشىدۇر.»[164] دېگەن ھەدىسىنى ئۆزىگە رەھبەر قىلغان ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئىنتايىن ياخشى ئىدى.

بىر كۈنى ئائىلىسى ئۈچۈن قوي سويغان ئىدى. ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن بالىلىرى ۋە خىزمەتچىلىرىدىن:

- قوينىڭ گۆشىدىن پالانى - پوكۈنى يەھۇدىي قوشنىلىرىمىزغا ھەدىيە قىلدىڭلارمۇ؟ - دەپ سورىدى. ئۇ يەردىكىلەردىن بىرى ھەيران بولغان ھالدا:

- ئاللاھ سىزنى ياخشىلاردىن قىلسۇن! يەھۇدىيلارغىمۇ گۆش ئەۋەتىپ بېرەمسەن؟ - دەپ سورىدى. ئۇ:

- شۇنداق، چۈنكى پەيغەمبىرىمىز: «جىبرىئىل ماڭا قوشنا ھەققى توغرىسىدا شۇنچىلىك كۆپ نەرسىلەرنى تەۋسىيە قىلدىكى، قوشنا قوشنىغا مىراسخور بولامدىكىن، دەپ ئويلاپ قالغانىدىم» دېگەنىدى.[165]

(162) مۇسلىم، سالام، 29؛ بۇخارى، ئەدەبۇل مۇفرەد، 1153. ھەدىس.
(163) مۇۋەتتا، سالام، 6؛ ئىبنى ئابدۇررابىھ، ئىقدۇلفەرىد، 2/248.
(164) مۇسنەد، 2/43؛ بۇخارى، ئەدەبۇل مۇفرەد، 388. ھەدىس.
(165) تىرمىزى، بىر، 28؛ مۇسنەد، 2/160؛ بۇخارى، ئەدەبۇل مۇفرەد، 105 - 128. ھەدىس.



由 扫描全能王 扫描创建

ئەتراپىدىكىلەردىن بىرىنىڭ كېسەل بولۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلىغان ھامان يوقلاپ باراتتى، ھال - ئەھۋالىنى سوراپ، ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭىدىغان ۋاقتىدا:

- ئاللاھ ساڭا ياخشىلىق ۋە شىپا ئاتا قىلسۇن!- دەپ دۇئا قىلاتتى.(166)

بىرى ئۆيىگە تەكلىپ قىلسا چوقۇم بېرىشقا تىرىشاتتى؛ ساھابىلەردىن بىرى مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنى توي ئىشى يېپىشكە چاقىردى. دەۋەتنى قوبۇل قىلغان ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ئۆيىنىڭ ئىگىسىگە:

- تونۇگۈن خەۋەر بەرگەن بولساڭ روزا تۇتمايتتىم، ئەگەر خالىساڭ روزامنى بۇزاي، خالىساڭ ماڭا رۇخسەت قىلغىن قايتىپ كېتەي،- دېدى. ئۇ ۋە كەلگەنلىكى ئۈچۈن رەھمەت ئېيتىپ قايتىپ كېتىشىگە رۇخسەت قىلغاندىن كېيىن، ئۇ يەردىن ئايرىلدى.(167)

قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ ئاجىزلاپ كەتكەنلىكىدىن دەرت ئېيتىپ: «بىز شۇنداق بىر دەۋرنى باشتىن كەچۈردۇقكى، ئۇ زامانلاردا مۇسۇلمان قېرىندىشىمىز بىز ئۈچۈن دەرھەم ۋە دىناردىنمۇ قىممەتلىك ئىدى. ھازىر بىر قانچە دىنار ۋە دەرھەم بىز ئۈچۈن مۇسۇلمان قېرىندىشىمىزدىنمۇ مۇھىم ھالغا كېلىپ قالدى. ھالبۇكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قىيامەت كۈنى نۇرغۇنلىغان كىشىلەر قوشنىسىنىڭ ياقىسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ: ئى، پەرۋەردىگارىم! بۇ كىشى ئىشىكلىرىنى تاقىۋېلىپ مېنى ياخشىلىقلىرىدىن مەھرۇم قىلدى،- دەپ شىكايەت قىلىدۇ» دېدى.(168)

## ئاللاھ ۋە پەيغەمبەر سۆيگۈسى

پەيغەمبىرىمىزنىڭ شىرەسىدە ئولتۇرۇپ ئوقۇغۇچى بولۇش ئابدۇللاھ

(166)
(167) ئىبنى سەئىد، تەبەقات، 4/168.
(168) بۇخارى، ئەدەبۇل مۇفرەد، 527. ھەدىس.



由 扫描全能王 扫描创建

ئىبنى ئۆمەرنى ئىنتايىن كۆڭۈلچەك، سەزگۈر بىرى قىلىپ يېتىلدۈرگەنىدى.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىدا تۇرۇش جەريانىدا ئاللاھ ۋە پەيغەمبەر سۆيگۈسى بىلەن تولۇپ تاشقان، قەلبى نۇرلىنىپ نازۇكلىشىپ كەتكەن، كۆپ يىغلايدىغان، يىغان چېكىدىغان ئاللاھ دوستىغا ئايلانغانىدى.

ئەبۇ بۇردە دادىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنىڭ يېنىدا ناماز ئوقۇۋاتاتتىم. سەجدىگە بارغان ۋاقتىمىزدا ئۇنىڭ پەرۋەردىگارىم! سۆيگۈڭنى ھەرقانداق نەرسىنىڭ سۆيگۈسىدىن، قورقۇنچىڭنى ھەرقانداق نەرسىدىن ئۈستۈن قىلغىن!› دەپ دۇئا قىلغانلىقىنى ئاڭلىدىم.

ئىككىنچى سەجدىدە ‹پەرۋەردىگارىم! ماڭا (مەغپىرەت قىلغانلىق) نېمىتىڭنىڭ يۈزىسىدىن مەن ھەرگىز گۇناھكارلارغا ياردەمچى بولمايمەن.›[169] دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى. ناماز ئوقۇشنى باشلىغاندىن تارتىپ بۇنچىلىك ئىخلاس بىلەن ناماز ئوقۇمىغان ئىدىم. بۇ نامىزىمنىڭ گۇناھلىرىمغا كاپارەت بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.»[170]

پەيغەمبىرىمىزنى جىنىدىنمۇ ئېزىز كۆرەتتى. ئۇنى ئەسلىگەن ۋاقىتلىرىدا كۆزلىرىدىن ياشلار تۆكۈلەتتى. ھەج قىلىش ئۈچۈن مەككىگە بارغان ۋاقىتلىرىدا پەيغەمبىرىمىزنىڭ تۇرغان يەرلىرىنى كۆرگەنسېرى ئۇنىڭغا ئائىت خاتىرىلەرنى ئەسلەيتتى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ تۇرغان يەرلىرىنى سىلاپ كۆزىگە ياش ئالاتتى. مەسجىدى نەبەۋىگە بېرىپ پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇنبىرىگە يېقىنلىشاتتى - دە، ئۇ ئاياغ باسقان ۋە ئولتۇرغان يەرلەرنى سىلاپ، يۈزىگە سۈرەتتى.[171]

ھەر قانداق بىر سەپەرگە چىقماقچى بولسا مەسجىدى نەبەۋىگە بېرىپ ناماز ئوقۇپ، ئۇ يەردىن پەيغەمبىرىمىزنىڭ قەبرىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

---

(169) قەسەس سۈرىسى، 17 - ئايەت.

(170) ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 13/168.

(171) ئىبنى ھەجەر، ئىسابە، 4836؛ قەلئەجى، فىقھى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر، 52.



由 扫描全能王 扫描创建

- ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئى، رەسۇلۇللاھ! ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئى، ئەبۇ بەكرى! ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئى، دادا! - دەپ ئۇلارنى زىيارەت قىلاتتى. سەپەردىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۆيگە بارماي ئوخشاشلا ئالدى بىلەن مەسجىدكە، ئۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا باراتتى.(172)

ئوقۇغۇچىسى ئىبنى ۋەھھاب: «ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتىگە ئەمەل قىلىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدىغان كىشى بولۇپ، ياشاش شەكلى، ياشىغان يەرلەردىكى خاتىرىسىگە بولغان سادىقلىقى سەۋەبىدىن ئەقلىنى يوقۇتۇپ قويۇشىدىن قورقاتتۇق» دەيدۇ.(173)

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ھەجگە كېتىۋېتىپ مەككە بىلەن مەدىنە ئارىسىدىكى بىر يەردە پەيغەمبىرىمىز ئاستىدا ئولتۇرۇپ سايىدىغان دەرەخنى كۆردى. ئۇ دەرھال شۇ يەرگە چۈشۈپ دەرەخ سايىسىدا ئولتۇرغاندىن كېيىن يېنىدىكىلەرگە:

- پەيغەمبىرىمىز بۇ دەرەخنىڭ سايىسىدا ئولتۇرۇۋاتاتتى، ياش بىر ئادەم يېنىغا كېلىپ:

- ئى، رەسۇلۇللاھ، سەن بىلەن بىللە ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشقا كەلدىم. بۇنى ئاللانىڭ رازىلىقى ۋە ئاخىرەت يۇرتىغا ئېرىشىش ئۈچۈن قىلىمەن،- دېدى. پەيغەمبىرىمىز:

- ئاناڭ- داداڭ ھاياتمۇ؟- دەپ سورىدى. ئۇ كىشى:

- ھەئە،- دېدى. پەيغەمبىرىمىز:

- ئۇنداقتا قايتىپ كېتىپ ئۇلارغا ياخشى قارىغىن!- دېدى.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئۇ ياش ئانىسىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەتتى.(174)

سۈننەتكە رىئايە قىلىشتا ناھايىتى سەزگۈر بولۇپ، ھېچقانداق ئىشنىڭ

(172) ئىبنى سەئد، تەبەقات، 4/156.

(173) زەھەبى، سىيەر، 3314.

(174) ئەبۇ يەئلا، مۇسنەد، 5/146.



由 扫描全能王 扫描创建

سۈننەتنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىشىگە رۇخسەت قىلمايتتى. ئوغلى سالىم بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى دادام شاملىق بىر ئادەم بىلەن ئولتۇراتتى، مەنمۇ ئۇلارنىڭ يېنىدا ئىدىم. ئۇ ئادەم:

- ھەج بىلەن ئۆمرىنى بىرلەشتۈرۈپ «تەمەتتۇ ھەج» قىلىشقا قانداق قارايسەن؟- دەپ سورىدى. دادام:

- بۇنداق قىلىش ناھايىتى ياخشى ئىبادەت ھېسابلىنىدۇ،- دېدى. ئۇ ئادەم:

- ئەمما داداڭ (ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) كىشىلەرنى بۇنداق قىلىشتىن چەكلىگەنىدى،- دېدى. دادام:

- پەيغەمبىرىمىز قىلغان بىر ئىشنى دادام چەكلىسە، پەيغەمبىرىمىزنىڭ قىلغىنىنى قىلامسەن ياكى دادامنىڭ بۇيرۇقىنى قوبۇل قىلامسەن؟- دەپ سورىدى. ئۇ ئادەم:

- پەيغەمبىرىمىزنىڭ قىلغىنىنى قىلىمەن،- دەپ جاۋاب بەردى. دادام:

- پەيغەمبىرىمىز مۇشۇنداق ھەج قىلاتتى. قېنى، ئورنۇڭدىن تۇرۇپ ئىشىڭنى قىلغىن!- دېدى.(175)

يەنە بىر ئوغلى بىلال بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «دادام، چوڭ دادام ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىپ پەيغەمبىرىمىزنىڭ: «ئاياللار مەسجىدكە بېرىشنى خالىسا ئۇلارنى توسماڭلار! بېرىشىغا رۇخسەت قىلىڭلار!» دېگەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگەندىن كېيىن مەن:

- ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بىز ئاياللارنىڭ مەسجىدكە بېرىشىغا توسالغۇ بولىۋاتىمىز،- دېدىم. دادام:

- مەن پەيغەمبىرىمىز بۇيرۇدى دېسەم، سەن تېخىچە بىز ئۇلارنى مەسجىدكە بېرىشتىن توسۇپ قويىۋاتىمىز،- دەۋاتىسەن،- دەپ ئاچچىقلاندى.»(176)

(175) مۇسنەد، 2/49، 95؛ ئەبۇ يەئلا، مۇسنەد، 5/45.
(176) مۇسنەد، 2/36؛ تەبەرانى، ئەلمەجمۇئۇل كەبىر، 12/326.

ئۇ سۈننەتكە سەل قارىلىشتىن، ئۇنى كۆرمەسلىككە سېلىشتىن تولىمۇ ھەزەر ئەيلەيدىغان بولۇپ، پۇرسەت تاپسىلا بۇ ئىشنىڭ ئەھمىيىتىنى تەكىتلەيتتى.

بىر كۈنى خالىد ئىبنى ئۇسەيد ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەردىن:

- تىنچلىق ۋاقتىدا ئوقۇيدىغان ناماز ۋە قورقۇش نامىزى توغرىسىدا قۇرئاندا كۆرسەتمىلەرنى كۆرگەن بولساقمۇ، ئەمما سەپەردە ئوقۇيدىغان ناماز ھەققىدە ھېچقانداق نەرسە ئۇچراتمىدۇق، بۇ ھەقتە نېمە دەيسەن؟- دەپ سورىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر:

- ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىمىزنى ئەۋەتكەن ۋاقىتتا بىز ھېچقانداق نەرسىنى بىلمەيتتۇق، قىلىۋاتقان ئەمەللىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭدىن ئۆگەندۇق، ئۇنىڭ قىلغىنىنى بويىچە قىلىپ كېلىۋاتىمىز،- دېدى.[177]

## ئەخلاقى

### ۋەراسى

ۋەرا - ھارامغا دۇچار بولۇپ قېلىشتىن ئەندىشە قىلىپ شۈبھىلىك نەرسىلەردىن قېچىش، دەپ تەرىپلىنىدۇ. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنى ياخشى تونۇيدىغان كاتتا ئالىم تاۋۇس: «ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەردىنمۇ بەكرەك ۋەرا ئىگىسى بىرىنى كۆرمىدىم» دەيتتى.[178]

سەئىد ئىبنى مۇسەييەب بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر خىزمەتچىلىرىدىن بىرىنى ئانىسىغا ھەدىيە قىلدى. بىر كۈنى ھەدىيە قىلىنغان بۇ خىزمەتچى بىلەن بازار ئايلىنىۋېتىپ، سېتىش ئۈچۈن ئېلىپ كېلىنگەن سۈتلۈك بىر قوينى كۆردى - دە، خىزمەتچىگە:

- تاپقان پۇلۇڭغا شۇ قوينى سېتىۋالغىنا!- دېدى. خىزمەتچى ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قوينى سېتىۋالدى.

(177) مۇسنەد، 2/65، 94.
(178) زەھەبى، سىيەر، 3314.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ئۇ كۈنى روزا تۇتقان ئىدى. ئىپتار بولغاندا سېتىۋالغان شۇ قوينىڭ سۈتىدىن ئىچكۈسى كەلدى. ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسىنى ئاڭلىغان ئۆي ئىگىسى قوينىڭ سۈتىنى سېغىپ ئېلىپ كىردى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر سۈتنى قولىغا ئېلىپ ئۆز- ئۆزىگە: «بۇ سۈت شۇ قوينىڭ، قوينى خىزمەتچى تاپقان پۇلغا ئالغان، خىزمەتچىنى بولسا مەن ئانامغا ھەدىيە قىلغان» دېگەندىن كېيىن ئۆيدىكىلەرگە:

- بۇ سۈتنى ئېلىپ ئېھتىياجلىق كىشىلەرگە بېرىۋېتىڭلار!- دەپ ئۇنىڭ ئىچكۈسى بولسىمۇ ئىچمىدى.(179)

**كەمتەرلىكى**

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر دېڭىزدەك بىپايان ئىلىمگە ئىگە بولسىمۇ، سورالغان بەزى سوئاللارغا «بىلمەيمەن» دەپ جاۋاب بەرگۈدەك دەرىجىدە كىچىك پېئىل كىشى ئىدى. بىرى ئۇنىڭغا: < ئى، مۆمىنلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىنىڭ ئوغلى!> دېۋىدى، ئۇ: <مەن مۆمىنلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىمۇ، ئەڭ ياخشىسىنىڭ ئوغلىمۇ ئەمەس. مەن پەقەت بىرلا ئاللاھتىن قورقىدىغان، ئۇنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىدىغان بىر قۇلمەن. ئاللاھ، بىز ئۆلگەنگە قەدەر ئاياغلىرىمىزنى تېپىلدۇرۇۋەتمىسۇن> دېدى.(180)

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ھېچقانداق ئىشى بولمىسىمۇ، پەقەت خەلقنىڭ ئارىسىغا كىرىش، ئۇلارغا سالام بېرىش ئۈچۈن پات - پات بازارغا بېرىپ ئۇلارنىڭ ھال- ئەھۋالىنى سوراپ ئايلىنىپ چىقاتتى. قەتئىي يالغان ئېيتمايتتى، ھېچكىمگە لەنەت ئوقۇمايتتى.

ھەتتا بىر كۈنى بىر خىزمەتچىسىگە ئىنتايىن ئاچچىقلانغان بولۇپ، لەنەت ئېيتىش ئۈچۈن ئاغزىنى ئاچتىيۇ سۆزنى تۈگەتمەستىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ: <بۇ گەپنى قىلىشنى خالىمايمەن> دېدى ۋە ئۇ خىزمەتچىگە يامان گەپ قىلىشقا نىيەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ئازاد قىلىۋەتتى.(181)

---

(179) ئىبنى سەئد، تەبەقات، 4/160.

(180) ئىبنى ھەجەر، ئىسابە، 4336؛ ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 13/167.

(181) زەھەبى، سىيەر، 3314.



由 扫描全能王 扫描创建

مۇجاھىد: «ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنىڭ خىزمىتىنى قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان ئىدىم. لېكىن ئۇ ماڭا مېنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان خىزمىتىمدىنمۇ كۆپرەك خىزمەت قىلدى.» دەيدۇ.(182)

## سېخىيلىقى

پەيغەمبەر تەربىيەسىدە چوڭ بولغان ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر پەيغەمبىرىمىزنىڭ سېخىيلىقىنى ئۈلگە قىلىپ داۋاملىق سېخىيلىق ئىچىدە ياشىدى. ھەرقايسى جەھەتتىن پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەخلاقى بىلەن زىننەتلەندى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ھەم شۇنچىلىك باي، ھەم شۇنچىلىك سېخىي ئىدى. «ياخشى كۆرگەن نەرسەڭلاردىن سەرپ قىلمىغۇچە، ھەرگىز ياخشىلىققا ئېرىشەلمەيسىلەر»(183) دېگەن ئايەتنى ئۆزىگە دەستۇر قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ۋە ياقتۇرىدىغان ھەر قانداق نەرسىنى قەتئىي يېنىدا تۇتمايتتى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنىڭ رۇمەيسا ئىسىملىك ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغان بىر چۆرىسى بار بولۇپ، بىر كۈنى ئۇنىڭغا:

- ئاللاھ كىتابىدا: «ياخشى كۆرگەن نەرسەڭلاردىن سەرپ قىلمىغۇچە ھەرگىز ياخشىلىققا ئېرىشەلمەيسىلەر.» دېگەن. دۇنيادا سېنى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرىمەن. ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن سېنى ئازاد قىلدىم، كەتكىن!- دېدى.(184)

ھەبىب ئىبنى مەرزۇق بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنىڭ بېلىق يېگۈسى كەلدى. بۇ ئارزۇسىنى ئايالى سەفىيەگە ئېيتقاندىن كېيىن، ئايالى دەرھال بازارغا بېرىپ بېلىق ئېلىپ كېلىپ، پىشۇرۇپ ئالدىغا قويدى. ئەمدىلا يەي دەپ تۇرغان ۋاقىتتا ئىشىك

(182) ئىبنى جەۋزى، سىفاتۇسسەفۋە، 207.
(183) ئال ئىمران سۈرىسى، 92 - ئايەت.
(184) ئىبنى جەۋزى، سىفاتۇسسەفۋە، 205.



由 扫描全能王 扫描创建

ئالدىغا بىر تىلەمچى كەلدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ئۆيدىكىلەرگە قاراپ:

- بۇنى ئۇنىڭغا بېرىڭلار!- دېدى. ئايالى ئۇنىڭغا:

- خۇدا ھەققى ئۇنداق قىلمىغىن! ئۆزۈڭنىڭ يېگۈسى بار تۇرۇقلۇق، نېخى بىر چىشلەممۇ ئاغزىڭغا سالمىدىڭ،- دېدى.

- بۇنى ئۇنىڭغا ئاپىرىپ بېرىڭلار!- دېدى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر. ئايالى:

- سەن ئۇنى يەۋەرگىن، بىز ئۇنى رازى قىلىمىز،- دېدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر:

- بولدۇ، ئۆزۈڭ بىلگىن،- دېدى.

ئايالى تىلەمچىنىڭ يېنىغا بېرىپ:

- ئۇنىڭ بېلىق يېگۈسى بار ئىدى. بىز ساڭا باشقا يېمەكلىك بېرەيلى،- دېدى. ئەمما تىلەمچى ئۇنىڭغا:

- مېنىڭمۇ بېلىق يېگۈم بار ئىدى،- دېدى. ئايالى ئۇنىڭغا بىر دىنار بېرىپ رازى قىلدى. يولدىشىنىڭ يېنىغا بېرىپ:

- تىلەمچىنى رازى قىلدىم،- دېدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر:

- ئۇنىڭغا پۇل بېرىپ رازى قىلدىڭ، سەنمۇ رازى بولدۇڭمۇ؟- دەپ سورىدى. ئايالى:

- ھەئە،- دېدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر:

- ئۇنداق بولسا بۇ بېلىقنى تىلەمچىگە ئاپىرىپ بەرگىن!- دېدى ۋە ئۇ بېلىقنى يېمەي تىلەمچىگە ئەۋەتتى.»[185]

ئوقۇغۇچىسى نافىئ مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر تاتلىق - تۈرلۈك سېتىۋېلىپ ئۆزى يېمەستىن كەمبەغەللەرگە تارقىتىپ بېرەتتى. بىر ئۇنىڭدىن:

(185) ئىبنى سەئىد، تەبەقات، 4/165.

- تاتلىق- تۇرۇم ئالدىغان شۇ پۇلغا يېمەكلىك ئېلىپ كەمبەغەللەرگە بەرسەڭ تېخىمۇ ياخشى بولامدۇ؟- دەپ سورىساق، ئۇ:

- ئۇنى مەنمۇ بىلىمەن، ئەمما «ياخشى كۆرگەن نەرسەڭلاردىن سەرپ قىلمىغۇچە، ھەرگىز ياخشىلىققا ئېرىشەلمەيسىلەر.» دېگەن ئايەتنى ئەسلەپ تاتلىق - تۇرۇم ئېلىپ كەمبەغەللەرگە بەرگۈم كېلىدۇ،- دەپ جاۋاب بەرگەنىدى.(186)

بىرەر نەرسە ياكى بىرەر مېلىنى ياخشى كۆرسە ئۇنى چوقۇم باشقىلارغا بېرىۋەتتى. بىر كۈنى تۆگىسى بىلەن كېتىۋېتىپ تۆگىسىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. دەرھال تۆگىنى چۆكتۈرۈپ يەرگە چۈشتى – دە، ئوقۇغۇچىسى نافىئنى چاقىرىپ:

- ئى، نافىئ! بۇنى ئېلىپ كەتكىن!- دېدى. نافىئ تۆگىنى ئېلىپ بەلگە قويۇپ قۇربانلىق قىلىدىغان تۆگىلەرنىڭ ئارىسىغا قوشۇۋەتتى.(187)

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ئىنتايىن سېخىي بىرى ئىدى. ئەييۇب ئىبنى ۋائىل بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەدىنىگە بارغان ۋاقتىمدا ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنىڭ قوشنىسىنى ئۇچراتتىم. ماڭا ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ناھايىتى تەسىرلىك بىر ۋەقەنى ئېيتىپ بەردى.

بىر قېتىم ھەزرىتى مۇئاۋىيە ئۇنىڭغا 4000 دەرھەم ئەۋەتتى. يەنە باشقا بىرسى 4000 دەرھەم، باشقا بىر يەردىن 2000 دەرھەم پۇل كەلدى. ئەتىسى بازارغا بارغان ۋاقتىمدا ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنىڭ ھايۋانلىرىغا يەم ئېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۇم. قەرزگە يەم ئالغانلىقىنى ئاڭلاپ ھەيران قالدىم- دە، يېنىغا بېرىپ:

- سەندىن بىر نەرسە سورايمەن. خۇدا ھەققى ماڭا راست گەپ قىل! ساڭا ھەزرىتى مۇئاۋىيەدىن 4000 دەرھەم، باشقا بىر يەردىن 4000 دەرھەم، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە 2000 دەرھەم پۇل كەلمىدىمۇ؟- دەپ

(186) ئىبنى كەسىر، تەپسىر، 1/389. سۇيۇتى، دۇررۇل مەنسۇر، 2/248.

(187) زەھەبى، سىيەر، 3314.



由 扫描全能王 扫描创建

سورىدىم.

- ھەئە كەلدى.

- ئەمما ھازىر مەن سېنى ھايۋانلىرىڭغا يەمنى قەرزگە ئېلىۋاتقانلىقىڭنى كۆرۈۋاتىمەن، - دېدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر:

- يېتىشتىن بورۇن ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن قۇتۇلدۇم، - دېدى. پۇل خالتىسىنى ئېلىپ تەتۈر ئۆرۈپ كۆرسەتتى، ئىچىدە بىر دەرھەممۇ يوق ئىدى. كەلگەن پۈتۈن پۇللارنى شۇ ۋاقىتتىلا ئېھتىياجلىق كىشىلەرگە تارقىتىپ بەرگەنىدى. ئۇنىڭ بۇ ئەھۋالىنى كۆرۈپ بازاردىكىلەرگە:

- ئى، سودىگەرلەر! نېمە ئۈچۈن بۇ دۇنيانى ئۈنچىلىك ئارزۇ قىلىسىلەر، بۇ ئادەمگە قاراپ بېقىڭلار، تۈنۈگۈن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوغلىغا 10.000 دەرھەم پۇل كەلگەن بولسىمۇ، بۈگۈن ھايۋانلىرىغا قەرز قىلىپ يەم ئېلىۋاتىدۇ، - دېدىم.»[188]

مۇھەممەد ئىبنى زەيد دادىسىدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنىڭ <شەرەپ> ئىسىملىك بىر قۇلى بار ئىدى. بىر كۈنى قۇلىغا: <40.000 دەرھەم ئېلىپ كەلسەڭ ئازادلىققا ئېرىشىسەن!> دېدى. قۇلمۇ «بولىدۇ» دەپ توختاملاشتى. بىر قېتىم ئۇ توختاملاشقان قۇلى بىلەن كۇفەگە باردى. قۇلى بۇ يەردە ئىشلەپ 15.000 دەرھەم پۇل تاپتى. ھەم تاپقان پۇلنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرگە بەردى. بۇنى كۆرگەنلەر ئۇ قۇلغا:

- سەن ساراڭ بولدۇڭمۇ؟ سەن بۇنچىلىك جاپا تارتىپ تاپقان پۇلۇڭنى خوجايىنىڭغا بېرىسەن. ئەمما ئۇ داۋاملىق قۇل ئېلىپ ئۇلارنى ئازاد قىلىدۇ. خوجايىنىڭنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا قەرزنى قايتۇرۇشتا قىينىلىۋاتقانلىقىڭنى ئېيتقىن، بەلكى سېنىمۇ ئازاد قىلىۋېتەر، - دېيىشتى. قۇل ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن توختامنامىنى ئېلىپ دەرھال ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنىڭ يېنىغا بېرىپ:

(188) ئەبۇ نۇئەيم، ھىلیەتۇل ئەۋلىيا، 1/296 - 297.

- ئى، ئابدۇرراھماننىڭ دادىسى! قەرزىمنى تۆلىيەلمەيۋاتىمەن، مانا بۇ توختامنامە قەرزىمنى ئۆچۈرىۋەتكىن،- دېدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر:

- ياق مەن ئۆچۈرەلمەيمەن، خالىساڭ سەن ئۆچۈرگىن،- دېدى. قۇلى توختامنامىنى بىكار قىلغاندىن كېيىن ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا:

- ئەمدى كەتكىن، ئازاد قىلىندىڭ!- دېدى:

- ئاللاھ ساڭا ياخشىلىقلار ئاتا قىلسۇن! ئىككى ئوغلۇمغىمۇ ئېھسان قىلغىن!- دېدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر:

- ئىككى ئوغلۇڭنىمۇ ئازاد قىلدىم،- دېدى.

- ئانامنى ۋە ئۇنىڭ بالىلىرىنىمۇ ئازاد قىلغان بولساڭ!- دېدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر:

- ئۇلارنىمۇ ئازاد قىلدىم،- دېدى.(189)

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر پەيغەمبىرىمىزنى، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ۋە دادىسىنىڭ ياشاش ئۇسۇلىنى ئۈلگە قىلغان بولۇپ، كېيىن ئاجىزلاپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ ئەھۋالىنى كۆرگەن ئوقۇغۇچىلىرىدىن مەيمۇن ئىبنى مىھران ئايالىغا:

- بۇ شەيخقا نېمە ئۈچۈن كۆڭۈل بۆلمەيسىلەر؟- دەپ ئاچچىقلاندى. ئايالى ئۇنىڭغا:

- مەن ئۇنى قانداق قىلالايمەن؟ تاماق ئېتىپ داستىخان ھازىرلاشقا باشلىسام، ئۇ كەمبەغەللەرنى داستىخانغا چاقىرىدۇ. كەمبەغەللەر بۇنى بىلگەچكە جامەدىن چىقىپ، ئۇنى يولدا ساقلاپ تۇرىدۇ. بۇنى بايقىغاندىن كېيىن ئۇلارغا«بۇندىن كېيىن ئۇنى يولدا ساقلاپ تۇرماڭلار!» دەپ تەنبىھ قىلدىم. يولدىشىم يولدا ساقلاپ تۇرىدىغان كەمبەغەللەرنى كۆرمىگەندىن كېيىن داستىخاننى تەييار قىلغاندا «ماڭا پالانى - پالاننى چاقىرىپ

(189) زەھەبى، سىيەر، 3314.

بېرىڭلار› دەپ كەمبەغەللەرنى تاماققا تەكلىپ قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلدى. مەن ئۇ كىشىلەرنى چاقىرىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتىم، ئەمما ھېچكىم كەلمىدى. ئۇنىڭغا ‹چاقىرغان كىشىلىرىمىز كەلمىدى› دېدىم. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ‹ھەر ھالدا سىلەر مېنىڭ كەچلىك تاماق يېيىشىمنى خالىمايسىلەر؟› دېدى ۋە ئۇ كۈنى كەچتە تاماق يېمىدى، - دېدى.[190]

## كۆيۈمچان دادا

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر پەرزەنتلىرىنىڭ كىچىك ياشتىن باشلاپلا ئوقۇش- يېزىشنى ئۆگىنىشىنى ئارزۇ قىلغان بولۇپ، ئەتراپىدىكىلەرگە: «بالىلار ئاق - قارىنى پەرق ئېتىشكە باشلىغاندا ئۇلارغا ناماز ئوقۇشنى ئۆگىتىڭلار!» دەيتتى.[191] ئۇلارنىڭ ھارامغا كۆنۈپ قالماسلىقىغا كىچىك ياشتىلا دىققەت قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوغۇللىرىنىڭ كىچىك چاغلىرىدىمۇ يىپەك كىيىملەرنى كىيىشىنى ياقتۇرمايتتى.

ئابدۇرراھمان ئىبنى يەزىد بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «تۆت، بەش كىشى بىرلىكتە توپلىنىپ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتۇق. يېنىمىزغا يىپەكتىن كۆينەك كىيگەن كىچىك بىر ئوغۇل بالا كەلدى. ئۇ ھېلىقى بالىنى يېنىغا چاقىرىپ ناھايىتى كۆيۈنگەن ھالدا:

- بۇ كۆينەكنى ساڭا كىم كىيگۈزۈپ قويدى؟- دەپ سورىدى. بالا ئۇنىڭغا:

- ئانام،- دەپ جاۋاب بەردى. ئىچكىرىگە كىرىپ ئائىلىسىدىكىلەرگە ئۇنىڭدىن كېيىن بالىغا يىپەك كۆينەك كىيگۈزمەسلىكنى جېكىلىدى[192]

قىز بالىلارنىڭ ئالتۇن زىبۇ - زىننەتلەرنى تاقىشىغا بىر نەرسە دېمەيتتى، ھەتتا ئۆز قىزلىرىغىمۇ ئالتۇن زىبۇ - زىننەت ئېلىپ بېرىپ

(190) ئىبنى سەئد، تەبەقات، 4/166. ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 13/164.
(191) ئىبنى ئەبۇ شەيبە، مۇسەننەف، 1/53.
(192) قەلئەجى، فىقھى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر، 304



由 扫描全能王 扫描创建

تاقاشنى ئېيتاتتى.(193)

باللىرىنىڭ ئىقتىسادچان بولۇشىنى تەلەپ قىلاتتى. بىر كۈنى ئوغۇللىرىدىن بىرى:

- كۆينىكىم يىرتىلىپ كەتتى؟- دەپ كۆينەك ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. دادىسى:

- يىرتىلغان يەرنى تىككۈزگىن ياكى ياماق سېلىپ تىكىپ كىيگىن!- دېدى. ئوغلى بۇ گەپنى ياقتۇرمىدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ئىسراپچىلىق قىلىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكى ھەققىدە ئوغلىغا مۇنداق دېدى:

- ئاللاھتىن قورققىن! ئاللاھ تائالا ئىچكى دۇنياسىنى تاشقى كۆرۈنۈشىگە ئالماشتۇرۇۋەتكەن كىشىلەردىن بولۇپ قالمىغىن!- دېدى.(194)

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنىڭ مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇپ، بالا تەربىيەلەشنىڭ ئىنسانىنىڭ ئەڭ مۇھىم مەجبۇرىيەتلىرىنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيتتى. نۆۋەتتە كەلگەندە ئاتا - ئانىلارغا: «بالىنى تەربىيىلەڭلار! ياخشى بىلىڭلاركى، ئۇنى قانداق تەربىيىلىگەنلىكىڭلار، نېمىلەرنى ئۆگەتكەنلىكىڭلار توغرۇلۇق ھېسابقا تارتىلىسىلەر. چوڭ بولغاندا سىلەرگە ياخشىلىق قىلىشى ۋە ئىتائەت قىلىشىمۇ سىلەرنىڭ تەربىيەڭلەرگە باغلىقتۇر.»- دەيتتى.(195)

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر چوڭلاردىن باللارغا ئۈلگە بولۇشنى تەلەپ قىلىپ: «ئۆيلىرىڭلاردىمۇ ناماز ئوقۇڭلار، ئۆيۈڭلارنى قەبرىگە ئايلاندۇرۇۋالماڭلار!» دەيتتى.(196) ئۇ پەرزەنتلىرىنىڭ تەربىيەسىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلەتتى، ئۇلارنىڭ ياخشى كىشىلەردىن بولۇشى ئۈچۈن كۈچ چىقىراتتى.(197)

(193) مۇۋەتتا، زاكات، 5.

(194) ئىبنى جەۋزى، سىفاتۇسسەفۋە، 208.

(195) بەيھەقى، سۈنەن، 3/83.

(196) مۇسنەد، 2/6.

(197) ئابدۇررازاق، مۇسەننەف، 1/462.



由 扫描全能王 扫描创建

باللىرىنى قىز - ئوغۇل دەپ ئايرىمايتتى، ھەربىر بالىسى تۇغۇلۇپ 7- كۈنى ئەقىقىسىنى قىلىپ بىر قوي ئۆلتۈرۈپ، بېشىدىن بىر تۇتام چاچ كېسىپ، ئۇنىڭ ئېغىرلىقىغا تەڭ كېلىدىغان كۈمۈشنى كەمبەغەللەرگە تارقىتىپ بېرەتتى. باللىرىنىڭ بىر نەرسىگە ئېھتىياجىنىڭ بار - يوقلىقىنى كۆزىتىپ، ئېھتىياجى بارغا بىر نەرسە ئالسا، ھەممىلەنگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلماتتى، ئايرىمچىلىق قىلغان بولۇپ قالماي دەپ، باشقىلىرىغمۇ كېرەكسىز نەرسە سېتىۋالمايتتى.[198]

ئۆزى بەزى شۈبھىلىك نەرسىلەرگە دىققەت قىلىپ، ياسىلىشىدا دىنىي جەھەتتىن چەكلەنمىگەن نۇرغۇن نەرسىلەردىن ئۆزىنى قاچۇرسىمۇ، باللىرىنى چەكلىمەيتتى، ئۇلارنىڭ ئىختىيارىغا قويۇۋېتەتتى. ئۆزى بېيەك ئارىلاشتۇرۇلغان يۇڭدىن تىكىلگەن كىيىملەرنى كىيمەيتتى. ئەمما باللىرىنىڭ كىيگىنىنى كۆرسە بىر نەرسە دېمەيتتى، چەكلىمەيتتى. باللىرىنى قۇچىقىغا ئېلىپ قۇچاقلاپ سۆيەتتى.[199]

نافىئ بايان قىلىپ: «ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر باللىرى يېتىلىۋاتقان مەزگىلدە، ئۇلارنىڭ ياتاقلىرىنى ئايرىپ، ئاتا - ئانىسىنىڭ ياتىقىغا كىرگەن ۋاقىتىدا رۇخسەت ئېلىپ كىرىش لازىملىقىنى تەكىتلەيتتى.» دەيدۇ.[200]

قۇربان ھېيتىنىڭ 2- ياكى 3- كۈنى ئىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر بىلەن بىر يەردە ئىدىم. تاماق كەلتۈرۈلگەندە ئۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى داستىخانغا كەلسىمۇ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنىڭ ئوغلى بىر چەتكە ئۆتۈپ ئولتۇردى. دادىسى ئۇنىڭغا:

- كېلىپ تاماق يېگىن!- دېدى. ئوغلى:

- مەن روزا تۇتقان ئىدىم، -دېدى. دادىسى:

- ھېيىت كۈنىدە روزا تۇتۇشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى، بۇ كۈننىڭ

(198) بەيھەقى، سۇنەن، 6/178؛ قەلئەجى، فىقھى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر، 591.

(199) ئىبنى سەئىد، تەباقات، 4/172، 146.

(200) بۇخارى، ئەدەبۇل مۇفرەد، 1058. ھەدىس.



由 扫描全能王 扫描创建

يېيىش، ئىچىش ۋە سۆھبەتلىشىش كۈنى ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن ئۇنىڭغا چۈشەندۈردى.(201)

ئوغلى ئابدۇللاھ بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: كىچىك ۋاقتىمدا دادامنىڭ ئەتتىھىياتۇدا پۇتلىرىنى قويۇۋېتىپ، ئەركىن - ئازادە ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ مەنمۇ شۇنداق قىلدىم. دادام مېنىڭمۇ ئۆزىدەك قىلغىنىمنى كۆرۈپ:

- نامازنىڭ سۈننەتلىرىدىن بىرى، ئوڭ پۇتنى تىك تۇتۇپ، سول پۇتنى ياتقۇزۇپ تۇتماقتۇر،- دېدى. مەن ئۇنىڭغا:

- ئەمما سەنمۇ ماڭا ئوخشاش قىلدىڭ،- دېگەنتىم، دادام ماڭا:

- توغرا دېدىڭ، مەن ياشىنىپ قالغان بولغاچقا، پۇتلىرىم مېنى كۆتۈرەلمەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن سۈننەت بويىچە قىلالمايۋاتىمەن، بىراق سەن قىلالايسەن،- دەپ مېنى ئاگاھلاندۇردى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر بىر كۈنى بالىلىرىدىن بىرىنىڭ توخۇنى قارىغا ئېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ دەرھال توسۇپ: - پەيغەمبىرىمىزنىڭ جانلىقلارنى قارىغا ئېلىپ ئېتىشنى چەكلىگەنلىكىنى، ئۇنىڭ قىلغان ئىشىنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى ئېيتتى.(202)

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر بالىلىرىنى شاھماتقا ئوخشاش ئويۇنلاردىن يىراق تۇتاتتى، ئائىلىسىدىكىلەردىن بىرىنىڭ شاھمات ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرسە ئۇنى توساتتى.(203) بالىلىرىغا سالام بېرىشتىن تارتىپ خەتنى قانداق يېزىش كېرەكلىكىگىچە بولغان بارلىق ئىشلارنى ئۆگىتىش ئۈچۈن كۈچ چىقىراتتى. ئۇلارغا: ئادەم يوق بىر ئۆيگە كىرسەڭلارمۇ «ئەسسالامۇ ئەلەينا ۋە ئەلا ئىبادۇللاھىسسالىھىن» دەپ سالام بېرىڭلار،- دەيتتى.(204)

بالىلىرىغا مەكتۇپ يازغان ۋاقتتا ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىسمىنى

(201) مۇسنەد، 2/39.

(202) مۇسنەد، 2/94.

(203)بۇخارى، ئەدەبۇل مۇفرەد، 1273. ھەدىس.

(204) مۇۋەتتا، سالام، 8؛ بۇخارى، ئەدەبۇل مۇفرەد، 1055. ھەدىس.



由 扫描全能王 扫描创建

يېزىش لازىملىقىنى ئەسكەرتىپ، ئۆزىگە بۇ شەكىلدە مەكتۇپ يازمىسا ئۇلارغا جاۋاب قايتۇرمايدىغانلىقىنى ئېيتاتتى.[205]

بولۇپمۇ ئىلمى قابىلىيىتى يۇقىرى ۋە ئارزۇلىرى كۆپ بولغان ئوغلى سالىمنى پەقەت يېنىدىن ئايرىماي بارغان يېرىگە ئېلىپ باراتتى. ھەتتا بۇ ئەھۋال دوستلىرىنىڭ دىققىتىنى تارتقان بولۇپ ئۇنى تەنقىد قىلدى. ئۇ بىر بېيىت ئوقۇپ ئوغلىغا بولغان سۆيگۈسىنى ئىپادىلىدى.[206]

ئۇقۇغۇچىسى نافىئنىڭ ئېيتىشىچە، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ھەر كۈنى كەچتە ئائىلە ئەزالىرىنى داستىخاننىڭ ئەتراپىغا توپلايتتى، تاماق ۋاقتىدا بىرەر كەمبەغەل كېلىپ قالسا، داستىخاندا نېمە بولسا، شۇنىڭدىن ئۇنىڭغىمۇ بېرەتتى.

پەيغەمبىرىمىزگە ئوخشاشلا ئۇمۇ بالىلىرىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ ئۇلارغا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلەتتى. قىزىنىڭ ئوغلى ھىشام ئىبنى ئۇرۋە بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنى تۇنجى قېتىم مەرۋەدە كۆردۈم. ئۇ چاغدا مەن كىچىك بىر بالا ئىدىم. ئۈستىدە تونى بار ئىدى. بىز تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتاتتى. مېنى كۆرۈپ يېنىغا چاقىردى ۋە قۇچاقلاپ سۆيدى.»[207]

## ئىلمى

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر پۈتۈن ھاياتىنى ئىلىمگە ئاتىغان، بالىلىق چاغلىرىدىن تارتىپ ئاخىرقى تىنىقلىرىغىچە ئىلىم بىلەن مەشغۇل بولغان ساھابىلەرنىڭ كاتتا ئالىملىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇ پەقەت پەيغەمبىرىمىزدىنلا ئەمەس، باشقا چوڭ ساھابىلەردىنمۇ ھەدىس رىۋايەت قىلىدۇ.

**ھەدىستىكى ئورنى**

(205) ئىبنى سەئد، تەباقات، 4/152.
(206) ئىبنى ئابدىرراببىھ، ئىقدۇلفەرىد، 2/252.
(207) ئىبنى سەئد، تەباقات، 4/165، 181.



由 扫描全能王 扫描创建

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنىڭ ئىلمىي سەۋىيەسىنىڭ بۇنداق يۇقىرى بولۇشى ئىلىمگە بولغان ئىشقى – مۇھەببىتى ۋە غەيرىتىدىن سىرت مەيلى ئۇرۇش مەيلى تىنچلىق پەيتلىرىدە بولسۇن، ئىزچىل ھالدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، چوڭ ساھابىلەر ۋە ئەھلى بەيت بىلەن بىللە بولۇشىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىدۇ. ئۇ، دادىسىنىڭ سايىسىدا دائىم چوڭ ساھابىلەر بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە قانداق ئېرىشكەن بولسا، ئاچىسى ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئانىمىزنىڭ سايىسىدا ئەھلى بەيتىنىڭ ئەتراپىدا بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەندى.

ئۇ بۇخىل ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ سايىسىدا كۆپ ھەدىس رىۋايەت قىلغان يەتتە كىشىنىڭ بىرىگە ئايلانغاندى. ئۇ، جەمئىي 2630 ھەدىس رىۋايەت قىلدى. ئۇ رىۋايەت قىلغان 280 ھەدىس بۇخارى ۋە مۇسلىمدىكى ئورنىنى ئالدى.[208]

ئۇنىڭ ھەدىس رىۋايەت قىلىشتىكى ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى، ھەدىسلەرنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئېغىزىدىن چىققان ئىبارىلەر بىلەن رىۋايەت قىلىشقا تىرىشىشى، ھەدىسنىڭ سۆزلىرىنى ئوخشاش مەنىدىكى سۆزلەر بىلەن ئالماشتۇرۇپ قويۇشتىن ساقلىنىشىدۇر.

يەنە باشقا بىر مەسىلە ئۇنىڭ نافىئ، ئۇنىڭدىن ئىمام مالىكنىڭ ۋاستىسى بىلەن بايان قىلغان ھەدىسلىرىنىڭ بۇخارىيغا ئوخشاش چوڭ ھەدىس ئالىملىرى تەرىپىدىن سىلسىلەتۇز- زەھەب/ ئالتۇن تىزما بولۇپ قوبۇل قىلىنىشى ئىدى.[209]

كىشىلەر ئۇنىڭ ھەدىس رىۋايەت قىلىشىنى ئىنتايىن ئارزۇ قىلىسمۇ، ئۇ بۇ مەسىلىسىگە ناھايىتى سەزگۈر قارايتتى. شەئبى: «ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر بىلەن بىر يىل بىرگە تۇردۇم. بىرەرسىگە ھەدىس رىۋايەت قىلغانلىقىنى كۆرمىدىم» دەيدۇ.[210]

(208) زەھەبى، سىيەر، 331.

(209) مۇھىيىددىن مۇستەۋى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر، 140.

(210) ئىبنى سەئىد، تەباقات، 4/145.



由 扫描全能王 扫描创建

## قۇرئان ئىلمىدىكى ئورنى

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ئەتىگەن - ئاخشام قۇرئان ئۆگىنەتتى ۋە ئىسلامىي ئىلىملەرنى تەھسىل قىلاتتى. قۇرئاننى پەقەت يادلاپلا قالماستىن بەلكى ئۇنى ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، بىر ئايەتنى چۈشىنىپ ئۇنىڭغا ئەمەل قىلماي تۇرۇپ باشقا بىر ئايەت يادلىمايتتى. مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، بەقەرە سۈرىسىنى 4 يىلدا يادلاپ بولغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.(211)

ئۇ، پەيغەمبىرىمىز ھايات ۋاقتىدا قۇرئاننى يادلاپ ئۇنىڭغا ئوقۇپ بەرگەن بىر قانچە ساھابىنىڭ بىرى ئىدى. قۇرئاننى ھەۋەس بىلەن مەنىسىنى چۈشىنىپ ئوقۇغاچقا، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا تەسىرلىنىپ يىغلاپ كېتەتتى.

«ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى شەيئىلەر ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر، دىلىڭلاردىكىنى مەيلى ئاشكارا قىلىڭلار، مەيلى يوشۇرۇڭلار، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ سىلەردىن ھېساب ئالىدۇ. ئاللاھ خالىغان كىشىگە ئازاب قىلىدۇ، ئاللاھ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر.»(212) دېگەن ئايەتنى ئوقۇغاندا يىغلاپ كېتەتتى، ھەرقانچە قىلىپمۇ كۆز ياشلىرىنى توختىتالمايتتى.(213)

## تەپسىردىكى ئورنى

ساھابىلەر ئارىسىدا قۇرئاننى ئەڭ كۆپ تەپسىر قىلغانلار: ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد، ئۇبەيد ئىبنى كەئب ۋە 4 خەلىپە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئالاھىدىسى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر، ئەنەس ئىبنى مالىك، ئەبۇ ھۇرەيرە، جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ئوخشاش بەزى ساھابىلەر قۇرئاندىكى بەزى ئايەتلەرنى تەپسىر قىلغان بولسىمۇ، بۇ ھەقتە ئۇلارنىڭ بايان قىلغانلىرى ئاز ئىدى.(214)

(211) ئىبنى سەئىد، 4/164.
(212) بەقەرە سۈرىسى، 284 – ئايەت.
(213) ئەبۇ نۇئەيم، ھىليەتۇل ئەۋلىيا، 1/305.
(214) ئابدۇررازراق، مۇسەننەف، 10/196؛ م. ھۈسەيىن، تەپسىر ۋە مۇفەسسىرۇن، 1/63.



由 扫描全能王 扫描创建

## فىقھى ئىلىمدىكى ئورنى

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر بولۇپمۇ ئۆزى ئىشەنچ قىلالمىغان تىپلاردا پەتىۋا بېرىشكە ناھايىتى دىققەت قىلىدىغان بولسىمۇ، يەنە ساھابە كىراملاردىن ئەڭ كۆپ پەتىۋا بېرىپ «فۇقەھائۇس سەبئە» دېگەن نام بىلەن تونۇلغان يەتتە كىشىنىڭ بىرىگە ئايلانغاندى.

فىقھى ئىلىمدە كۆپىنچە ۋاقىتلاردا دادىسىنىڭ تەسىردىن يىراقلىشالمىسىمۇ بىر قانچە مەسىلىدە پەرقلىق چۈشەنچىگە ئىگە بولۇپ، ئۆز قارىشىغا ئاساسەن پەتىۋا بەرگەندى.

ھەج ۋاقتىدا ھەممە ئۇنىڭغا دىققەت قىلاتتى، ئۇ نېمە قىلسا كىشىلەرمۇ شۇنداق قىلاتتى. بىر قېتىم ھەج مەۋسۇمىدا چاچلىرى بەك ئۆسۈپ كەتكەچكە ناھايىتى بىئارام بولۇپ، مەرۋەدە ئىككەن ساتىراشقا: چاچلىرىم ئۆسۈپ كەتتى، مېنى بىئارام قىلىۋاتىدۇ، ئۇلارنى كېسىپ قويساڭ بولامدۇ؟- دەپ سورىدى. ساتىراش:

- بولىدۇ،- دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ چېچىنى كېسىشكە باشلىدى. بۇنى كۆرگەن كىشىلەر بىر - بىرىگە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ چېچىنى كېسىۋاتقانلىقىغا ئىشارەت قىلىشقا باشلىدى. كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە ئىشارەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ بۇ ئىشنى خاتا چۈشىنىۋېلىشى، ئۇنى ھەج پائالىيەتلىرىنىڭ بىر پارچىسى دەپ قېلىشىدىن قورقتى. شۇنىڭ بىلەن ئەتراپىدىكى كىشىلەرنى چاقىرىپ:

- ئى، خالايىق! مېنىڭ بۇ قىلغىنىم سۈننەت ئەمەس، پەقەت چاچلىرىم ئۆسۈپ كېتىپ، مېنى بىئارام قىلىپ قويغان بولغاچقا ئۇنى كەستۈردۈم،- دېدى.[215]

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ئەتراپلىق ئويلايدىغان، چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزىدىغان، ئەستايىدىل بىر ئالىم ئىدى. پەتىۋا بەرگەن ۋاقىتلىرىدا پۈتۈن ئەھۋاللارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى. بىر كۈنى ياش بىر ئادەم

(215) ئىبنى سەئىد، تەبقات، 4/155.



由 扫描全能王 扫描创建

يېنىغا كېلىپ:

- روزىدار ھالەتتە ئايالىمنى سۆيسەم بولامدۇ؟- دەپ سورىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر:

- ياق،- دېدى. كېيىن ياشانغان بىر ئادەم كېلىپ ئوخشاش سوئالنى سورىۋىدى، ئۇنىڭغا:

- ھەئە، سۆيسەڭ بولىدۇ،- دەپ جاۋاب بەردى. بىر سوئال، ئىككى خىل جاۋابقا شاھىت بولغانلار ئۇنىڭدىن:

- ئى، ئابدۇرراھماننىڭ ئاتىسى! ئۇلار ئوخشاش بىر سوئالنى سورىغان تۇرسا، سەن نېمە ئۈچۈن بىرىگە «ياق» يەنە بىرىگە «ھەئە» دەپ جاۋاب بېرىسەن؟- دەپ ھەيران بولغان ھالدا سوراشتى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر:

- بىرى ياش، يەنە بىرى ياشانغان ئادەم ئىدى. ياشانغان ئادەم خالىسىمۇ ھېچقانداق ئىش قىلالمايدۇ،- دەپ جاۋاب بەردى.[216]

ھەممە ياقنى پىتنە- پاسات قاپلاپ كەتكەن بىر چاغ ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ئەھۋاللاردىن يىراق تۇرغانلىقىنى كۆرگەن بىر ئادەم:

- ئى، ئابدۇرراھماننىڭ ئاتىسى! بىر يىل ھەجگە قىلىشقا، بىر يىل ئۆمرە قىلىشقا بارىسەن، ئەمما نېمىشقا جىھاد قىلمايسەن؟ پەيغەمبىرىمىزنىڭ جىھاد قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدىغانلىقىنى سەن بىزدىنمۇ ئوبدان بىلىسەنغۇ؟- دەپ سورىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر:

- ئىسلام ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھقا ئىمان ئېيتىش، بەش ۋاقىت ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، زاكات بېرىش، ھەج قىلىشتىن ئىبارەت بەش ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغان،- دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ ئادەم:

- ئى، ئابدۇرراھماننىڭ ئاتىسى! ئاللاھ كىتابىدا: «ئەگەر مۆمىنلەردىن ئىككى گۇرۇھ ئۇرۇشۇپ قالسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەپ قويۇڭلار، ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرى ئىككىنچىسىگە تاجاۋۇز قىلسا، تاجاۋۇز قىلغۇچى تاكى

(216) قەلئەجى، فىقھى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر، 541.



由 扫描全能王 扫描创建

ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە قايتقانغا قەدەر ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇڭلار!»[217] دەپ بۇيرۇغان ئەمەسمۇ؟ ئاللاھ كىتابىدا بۇيرۇغاندەك بۇزغۇنچى گۇرۇھ بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا نېمە توسالغۇ بولدى؟- دەپ سورىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر:

- بۇ ئايەتنى بىلگەنلىكىم ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىشتىن قېچىۋاتىمەن. چۈنكى يەنە باشقا بىر ئايەتنىمۇ بىلىمەن ھەم ئۇ ئايەتنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ھەرىكەت قىلىشنى مۇۋاپىق كۆرىمەن. ئۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا: «كىمكى بىر مۆمىننى قەستەن ئۆلتۈرىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسى جەھەننەم بولىدۇ»[218] دېگەنىدى،- دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ ئادەم:

- ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەسىلىسىگە قانداق؟-دەپ سورىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر:

- ئاللاھ ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خاتالىقىنى ئەپۇ قىلغان بولسىمۇ، سىلەر ئۇنىڭدىن قېچىۋاتىسىلەر. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ كۈيئوغلى. ئۆيى ئەنە شۇ يەردە،- دەپ جاۋاب بەردى.[219]

**ئوقۇغۇچىلىرى**

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر، ئۆگىنىشكىلا ئەمەس ئۆگىتىشكىمۇ ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بالىلىرى بىلەن بىرلىكتە يەنە نۇرغۇنلىغان ئالىملارنى تەربىيەلەپ چىقتى. سوئاللارغا بەرگەن جاۋابلىرى ئارقىلىق سانسىزلىغان كىشىلەرنىڭ قەلب دۇنياسىنى يورۇتتى. ئەنەس ئىبنى مالىك كېلىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

سەپەرگە چىققان ۋاقتىدا ئوقۇ- ئوقۇتۇش ئىشلىرىنىڭ دەخلىگە

(217) ھۇجرات سۈرىسى9- ئايەت.
(218) نىسا سۈرىسى، 93 - ئايەت.
(219) ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 13/187.

ئۈچرىماسلىقى ئۈچۈن بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلىرىنى يېنىدا ئېلىۋالاتتى. بىر قېتىملىق سەپەردە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرگە ھەمراھ بولغان مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ:

- ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر بىلەن بىرگە سەپەرگە چىقتۇق، ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا قانچىلىك غەيرەت قىلغان بولساممۇ، ئۇ ماڭا كۆپرەك خىزمەت قىلدى.(220)

ئوقۇغۇچىلىرىدىن مۇجاھىد بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر قولۇمنى تۇتاتتى، بىللە بازارغا باراتتۇق. بارغۇچە ماڭا:

- ئەسلىدە بازاردا ھېچقانداق ئىشىم يوق. ئۇ يەرگە پەقەت كىشىلەرگە سالام بېرىش ۋە ئۇلارنىڭ سالىمىنى ئېلىش ئۈچۈن بارىمەن، شۇنداق قىلىش ئارقىلىق بىرنى بېرىپ بىرنى ئالىمىز. ئى، مۇجاھىد! سالام، ئاللاھنىڭ ئىسىملىرىدىن بىرىدۇر. كۆپ سالام بەرگەن كىشى، ئاللاھنى شۇنچە كۆپ ئەسلىگەن بولىدۇ،- دېدى.(221)

كىشىلەر ئۇنىڭ ئىلمىدىن پايدىلىنىشقا تىرىشاتتى، ئۇنىڭ ئالدىغا بارالمايدىغانلار، بولۇپمۇ ۋالىيغا ئوخشاش خىزمەت ئورنىدىن ئايرىلالمايدىغان ئادەملەر مەكتۇپ يېزىش ئارقىلىق بىلمىگەن نەرسىلىرىنى سوراپ ئۆگىنەتتى.

ئىران شەھەرلىرىنىڭ بىرىدە ۋالىي بولغان ئۆمەر ئىبنى ئابدۇللاھ ئۇنىڭغا بىر پارچە مەكتۇپ يوللاپ، ناماز ھەققىدە بىر سوئال سورىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر جاۋاب مەكتۇبىنىڭ بىر بۆلۈمىدە مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەپەرگە چىققان ۋاقتىدا ئائىلىسىنىڭ يېنىدىن ئايرىلغاندىن باشلاپ قايتىپ كەلگىچە بولغان ئارىلىقتا نامازلىرىنى دائىم ئىككى رەكەت ئوقۇغان ئىدى.»(222)

(220) ئىبنى جەۋزى، سىفاتۇسسەفۋە، 576.
(221) مۇۋەتتا، سالام، 6؛ زەھەبى، سىيەر، 3314.
(222) مۇسنەد، 2/45.



由 扫描全能王 扫描创建

ۋاقتى كەلگەندە ھەر تېمىدا ئۇقۇغۇچىلىرىنىڭ قەلبىنى يورۇتاتتى، سەپەرگە چىققىدىغان ۋاقىتتا قۇزائە بىلەن ۋىدالاشقان ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ئۇنىڭغا: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەن بىلەن ۋىدالاشقاندەك، سەن بىلەن ۋىدالىشىۋاتىمەن، سېنى دىنىنى قوغداش، خاتىرجەم قىلىش ۋە ئاخىرقى تىنىقلىرىڭدا ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشىڭ ئۈچۈن ئاللاھقا تاپشۇردۇم...» دېگەنىدى،- دېدى.»[223]

پۇرسەت تاپقان ھامان ئوقۇغۇچىلىرىغا ئىلىم ئۆگىنىشنى تەۋسىيە قىلاتتى، ئۇلارغا ئىلىم ۋە ئالىمنىڭ قەدىر - قىممىتى ھەققىدە سۆزلەپ بېرەتتى.[224] مۇجاھىد بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر بىلەن كېتىۋاتاتتىم. ئۇلاغلىرىمىزنىڭ يېنىغا بارغۇچە يولدا ئۇچراشقان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ سالام بەردى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ماڭا قاراپ:

- ئى، مۇجاھىد! كىشىلەر مېنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلارغا ئالتۇن ۋە پۇل بەرگەن بولسام، مېنى بۇنچىلىك ياخشى كۆرمىگەن بولاتتى،- دېدى.»

باشقا بىر قېتىم مۇجاھىدقا مۇنۇلارنى تەۋسىيە قىلغانىدى:

- ئى، مۇجاھىد! ئاللاھ ئۈچۈن ياخشى كۆرگىن! ئاللاھ ئۈچۈن ئاچچىقلانغىن! ئاللاھ ئۈچۈن دوست بولغىن! ئاللاھ ئۈچۈن دۈشمەن بولغىن! ئاللاھنىڭ دوستلۇقىغا پەقەت مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئېرىشكىلى بولىدۇ. ئوقۇغان نامىزى، تۇتقان روزىسى كۆپ بولسىمۇ، مۇشۇنداق قىلمىغان كىشى ئىمانىنىڭ تەمىنى تېتىيالمايدۇ. ھازىر پۈتۈن دوستلۇق بۇ دۇنيا ئۈچۈن بولۇۋاتىدۇ، بىراق بۇ شەكىلدىكى دوستلۇق ئىگىسىنى ھېچنەرسىگە ئېرىشتۈرمەيدۇ.

- ئى، مۇجاھىد! ئەتىگەندە كەچتە نېمە بولىدىغانلىقىنى ئويلىمىغىنىڭ-

(223) مۇسنەد، 2/25.
(224) ئىبنى سەئىد، تەباقات، 4/168.



由 扫描全能王 扫描创建

دەك، كەچ بولغاندىمۇ ئەتىگەندە نېمە ئىشلارنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئويلىما! (بۇ يەردە كۈندىلىك ئىشلىرىڭ ئۈچۈن پىلان تۈزمە مەنىسىدىكى ئويلاشنى ئەمەس، قايغۇ مەنىسىدىكى ئويلاش مەقسەت قىلىنغان).

كېسەل ۋاقىتلىرىڭنى ئويلاپ، ساق ۋاقىتلىرىڭدىن، ئۆلۈمنى ئويلاپ ھايات ۋاقىتلىرىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغىن.[225]

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر، پەقەت ئائىلىسى ۋە ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ قەلبىنى يورۇتۇپلا قالماستىن بەلكى تەبلىغ ۋە ئىرشاد ۋەزىپىسىنى ھەر ۋاقىت ھەر قانداق يەردە ئادا قىلاتتى. باشلىقلاردىن تارتىنىپ ئولتۇرماي ئۇرنى كەلگەندە ئۇلارنى مۇۋاپىق ئۇسۇلدا ئاگاھلاندۇراتتى. مەجلىستە ئولتۇرۇۋېتىپ، كىيىملىرى يەردە سۆرىلىپ قالغان بىر قۇرەيشلىك ياشنى كۆردى – دە، ئۇ ياشنى يېنىغا چاقىرىپ:

- سەن كىملەردىن بولىسەن؟- دەپ سورىدى. ئۇ ياش:

- بەكرى ئوغۇللىرىدىن بولىمەن،- دېدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر:

- ئاللاھنىڭ قىيامەت كۈنى ساڭا نەزەر سېلىشىنى خالامسەن؟- دەپ سورىدى. ئۇ:

- ئەلۋەتتە،- دېدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر:

- ئۇنداق بولسا كۆينىكىڭنى بىر ئاز ئۈستىگە تارتقىن!- دېدى ۋە قولى بىلەن قۇلاقلىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: مەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ: «قىيامەت كۈنى ئاللاھ تەكەببۇرلۇق قىلىپ كىيىملىرىنى يەردە سۆرىتىۋالغانلارغا قارىمايدۇ.» دېگىنىنى ئاڭلىغان ئىدىم،- دېدى.[226]

باشقىلارنىڭ ئۆگىنىش ئۈچۈن ئەمەس، باشقا مەقسەتتە سورىغان سوئاللىرىغىمۇ تېگىشلىك جاۋابنى بېرەتتى. بىر كۈنى بىرى ئۇنىڭدىن:

- پاشىنىڭ قېنىنىڭ ھۆكمى نېمە؟- دەپ سورىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر:

(225) تەبەرانى، 2/65؛ ئەلمۇئجەمۇل كەبىر، 12/417.

(226) مۇسنەد، 2/65، تەبەرانى، 12/342.



由 扫描全能王 扫描创建

- سەن قەيەرلىك؟- دەپ ئۇنىڭ سوئالىغا سوئال بىلەن جاۋاب بەردى. ئۇنىڭ «مەن ئىراقلىق» دېگەن جاۋابىدىن كېيىن، سوئالىنىڭ مەقسەتلىك ھالدا سورالغانلىقىدا ھېچقانداق شۈبھە قالمىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر يېنىدىكىلەرگە:

- شۇنىڭ ھالىغا قاراڭلار! پەيغەمبىرىمىز: «بۇ ئىككىسى مېنىڭ دۇنيادىكى رەيھانلىرىم» دېگەن نەۋرىلىرىنى ئۆلتۈرگەنلىكلىرىنى ئەستىن چىقىرىۋېتىپ، مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ پاشىنىڭ قېنىنىڭ ھۆكمىنى سوراۋاتىدۇ»- دەپ، ئۇ ئادەمنى سىلكىشلىدى.(227)

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر نۇرغۇنلىغان ئالىملارنى تەربىيەلەپ چىقتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئوغلى سالىم، ئوغلىغا ئوخشاش كۆرىدىغان ئازادگەردىسى نافىئ، مەدىنىنىڭ يەتتە چوڭ فىقھى ئالىمىنىڭ قاتارىغا كىردى. ئۇلارمۇ خۇددى ئۇستازىغا ئوخشاش پەيغەمبىرىمىزنىڭ يولىنى تۇتۇپ ماڭغان كىچىك پېئىل كىشىلەر ئىدى.

سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر ھەج مەۋسۇمىدا كەبىگە بارغان ھىشام ئىبنى ئابدۇلمەلىك ئۇ يەردە سالىم بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن:

- ئى، سالىم! بىرەر ئېھتىياجىڭ بولسا تارتىنماي دېگىن،- دېدى. سالىم ئۇنىڭغا:

- ئاللاھنىڭ بەيتىدە ئۇنىڭدىن باشقىسىدىن بىر نەرسە تەلەپ قىلىشتىن ھايا قىلىمەن،- دەپ جاۋاب بەردى. ھىشام ئۇنىڭدىن جاۋابىدىن تولىمۇ سۆيۈندى. سالىم تاۋاپ تۈگىگەندىن كېيىن كەبىدىن چىقىپ، تۇرىدىغان يېرىگە قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭغان ھىشام يېنىغا بېرىپ:

- ھازىر كەبىدىن چىقتىڭ. قانداق ئېھتىياجىڭ بولسا دەرھال ھەل قىلىمەن،- دېدى. سالىم:

(227) بۇخارى، ئەدەب، 18؛ مۇسنەد، 2/93.



由 扫描全能王 扫描创建

- بۇ دۇنياغا مۇناسىۋەتلىك ئېھتىياجىمنى ئېيتايمۇ ياكى ئۇ دۇنياغا مۇناسىۋەتلىك ئېھتىياجىمنىمۇ؟- دەپ سورىدى. ھىشام:

- بۇ دۇنياغا مۇناسىۋەتلىك بولغىنىنى ئېيتقىن،- دېدى. سالىم:

- بۇ دۇنياغا مۇناسىۋەتلىك ھاجەتلىرىمنى ھازىرغىچە دۇنيانىڭ ئىگىسىدىن تەلەپ قىلمىدىم، ئۇنىڭ ئىگىسى بولمىغان بىرىدىن قانداق تەلەپ قىلىمەن، دېيىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ياردەم قىلىش تەلىپىنى قوبۇل قىلمىدى. كاتتا ئالىم بولسىمۇ، ئېھتىياجلىق بولغان نەرسىلىرىنى شەخسەن ئۆزى بازارغا بېرىپ ئالاتتى.

بىر كۈنى ئەتىگەن ئائىلىسىدىكىلەرگە ‹بۇ كېچە چۈشۈمدە جەننەتنىڭ ئىشىكىگە بېرىپ چۈشەپتىمەن› مەندىن:

- سەن كىم؟- دەپ سورىدى. مەن:

- سالىم ئىبنى ئابدۇللاھ،- دەپ جاۋاب بەردىم. ئۇلار ماڭا:

- ئاياغلىرى ئاللاھ يولىدا توز - توپىغا مىلەنمىگەن بىرىگە جەننەتنىڭ ئىشىكلىرى قانداق ئېچىلسۇن،- دېدى. دەرھال يول تەييارلىقىنى باشلاڭلار، ئاللاھ ئۈچۈن يولغا چىقىمەن،- دېدى.

ئۇ ھەر دائىم ئوقۇغۇچىلىرىغا «ئۇستازلىرىم ماڭا ‹قىيامەت كۈنى كىشىدىن مىلىنىڭ كۆپلىكىدىن سورالغىنىغا ئوخشاش، ئىلمىنىڭ كۆپلىكىدىنمۇ سورىلىدۇ› دەپ ئۆگەتتى »[228] دەيتتى.

مۇھەممەد ئىبنى ئەبۇ سارە بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ھەجدە سالىم ئىبنى ئابدۇللاھنى كۆردۈم. خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن مەسجىدنىڭ بىر بۇلۇڭىغا بېرىپ ئۇخلىدى- سول تەرىپىگە قاراپمۇ قويماستىن كۈن چىققۇچە ناماز ئوقۇدى. بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن كىيىملىرىگە يۆگىنىپ شۇ پېتى ئولتۇردى.[229]

نافىئ مالىكى مەزھىبىنىڭ ئاساسچىسى بولغان ئىمام مالىكنىڭ تۇنجى

(228) ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 9/190 – 194، ئەبۇ نۇئەيم، ھىليەتۇل ئەۋلىيا، 2/193.
(229) ئىبنى جەۋزى، سىفاتۇسسەفۋە، 323.



由 扫描全能王 扫描创建

ئۇستازلىرىدىن بىرى ئىدى. ئىمام مالىك ئۇنىڭغا ئىئتى بولغان بىر ئەسلىمىسىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «كىچىك بىر بالا چېغىمدىلا نافىئنىڭ ئۆيىگە باراتتىم. يېنىمغا كېلىپ ماڭا ھەدىس ئوقۇپ بېرەتتى. بامدات نامازلىرىدىن كېيىن مەسجىدى نەبەۋىدە ئولتۇراتتى. بۇ ۋاقىتتا ھېچكىم بىلەن كۆرۈشمەيتتى. ئەتىگەن بولغاندا ئۇ يەردىن ئايرىلاتتى.»[230]

## سۆزلىرى

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر نۇرغۇنلىغان تېمىلاردا گۈزەل سۆزلەرنى قىلغان بولۇپ، ئۇلاردىن بەزىلىرى تۆۋەندىكىچە: «ئاللاھنىڭ رازىلىقى دادىنىڭ رازىلىقىدىدۇر، غەزىپى بولسا دادىنىڭ غەزىپىدۇر.»[231]

«ئاللاھنىڭ ئىنسانلارنى <ئەبرار> دېيىشىنىڭ سەۋەبى، دادىلىرىغا ۋە باللىرىغا قىلغان ياخشىلىقىدىندۇر. داداڭنىڭ سېنىڭ ئۈستۈڭدە ھەققى بولغىنىدەك، باللىرىڭنىڭمۇ ھەققى باردۇر.»

«كىمكى رەببىدىن ئىھتىيات قىلسا، سىلە - رەھىمنى داۋاملاشتۇرسۇن ئۆمرى ئۇزىرايدۇ، ماللىرى كۆپىيىدۇ، ئائىلىسى ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ.»[232]

«گۈزەل ئەخلاق، ئىپپەت، راستچىللىق، ئامانەتكە خىيانەت قىلماسلىقتىن ئىبارەت بۇ تۆت خىسلەت سەندە تېپىلسا، دۇنيا سەندىن يۈز ئۆرىسىمۇ پەرۋا قىلما.»[233]

«ھەر قانداق ئىش قىلغان ۋاقتىمدا ئاللاھقا دۇئا قىلىمەن. ھەتتا مىنىدىغان ئۇلىغىمنىڭ مېڭىشىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىشى ئۈچۈنمۇ ئاللاھقا دۇئا قىلىمەن. دۇئالىرىمدىن كېيىن داۋاملىق مېنى خۇشال قىلىدىغان نەرسىلەر بىلەن ئۇچرىشىمەن.»

ئۇ ئۆيدىن چىققان ۋاقىتتا، «پەرۋەردىگارىم! مېنى ئىنسانلارنىڭ

(230) ئىبنى مۇنزىر، مۇختەسەر، 26/110.
(231) تىرمىزى، بىر ۋە سىلە – رەھىم، 3؛ بۇخارى، ئەدەبۇل مۇفرەد، 2. ھەدىس.
(232) بۇخارى، ئەدەبۇل مۇفرەد، 58. ھەدىس.
(233) بۇخارى، ئەدەبۇل مۇفرەد، 288. ھەدىس.



由 扫描全能王 扫描创建

يامانلىقلىرىدىن، ئىنسانلارنىمۇ مېنىڭ يامانلىقلىرىمدىن ساقلىغىن!»- دەپ دۇئا قىلاتتى.[234]

ھېلىم بولۇش زۇلۇم قىلىپ بولۇپ، ئارقىدىن ئىچ ئاغرىتىش دېگەنلىك ئەمەس. ئىنسانلار قارشى چىققاندىن كېيىن ئارقىغا چېكىنىشمۇ ئەمەس. ھېلىم، كۈچلۈك ھالەتتە تۇرۇپ ئەپۇ قىلىشتۇر. تۇغقاندارچىلىق رىشتىسىنى داۋاملاشتۇرۇش، سېنى زىيارەت قىلغاننى زىيارەت قىلىش ئەمەستۇر، بۇنىڭ ئىسمى ئۆتنىنى ئادا قىلىشتۇر. تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتىنى قوغداش، ئۈزۈلۈپ قالغان مۇناسىۋەتنى يېڭىدىن ئورنىتىش، مۇناسىۋەتنى ئۈزگەنگە ياخشى مۇئامىلە قىلىش دېگەنلىكتۇر.

ياخشىلىق قىلىش، ئەسلىدە ناھايىتى ئاساندۇر؛ ئۇ، كۈلۈمسىرەش ۋە شېرىن سۆز قىلىشتۇر.

بىر كۈنى ئۇلتۇرۇۋاتقان بىر توپ كىشىلەرگە قاراپ:

- ئىنسان ئۈچۈن ئالىيجانابلىقنى داۋاملاشتۇرماقتىنمۇ قىيىن ئىش يوق،- دېدى. ئۇلار:

- ئالىيجانابلىقنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىزگە ئېيتىپ بېرەلەمسەن؟- دېيىشتى، ئۇ:

- ھازىر سىلەرگە ئۇنى تەرىپلەپ بەرگۈدەك بىرەر جۈملە ئەقلىمگە كەلمىدى،- دېدى. ئۇ يەردىكىلەردىن بىرسى زورلىغاندا:

- كىشى بىر ئىشنى ئۈچۈق -ئاشكارا قىلغان ۋاقتىدا خىجىل بولغىنىدەك، يوشۇرۇن قىلغاندىمۇ خىجىل بولسا، ئالىيجانابلىقنى كۆرسىتىدۇ،- دېدى.[235]

«ھايادىن ئايرىلىپ قالغان ئۆي ئەڭ يامان ئۆيدۇر، ئەسلەشكە لايىق خاتىرىلىرى بولغان ئۆي گۈزەل ئۆيدۇر.»[236]

(234) بۇخارى، ئەدەبۇل مۇفرەد، 628. ھەدىس.
(235) ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 13/174 - 175.
(236) ئىبنى سەئىد، تەباقات، 4/154.



由 扫描全能王 扫描创建

## ئاتانغان روھ

# ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ داڭلىق ئوقۇغۇچىلىرىدىن بىرى بولۇپ، 10 يىل بويىچە پەيغەمبىرىمىزنىڭ خىزمىتىنى قىلىش شەرىپىگە نائىل بولغانىدى. بۇ خىزمەت جەريانىدا ئوقۇش ۋە ئۆگىنىش ئىشلىرىنى تۆگىتىپ كامالەتكە يەتكەنىدى. مەدىنىدە چوڭ بولغان ئەنەس ئىبنى مالىك، بۇ يەرنىڭ يەرلىكلىرىنىڭ بىرى بولغان مالىك ئىبنى نەدىر بىلەن ئۇممۇ سۇلەيم بىنتى مىلھان ئائىلىسىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئىدى. ئاكىسى بەرا ئۇنىڭدىن بىر قانچە ياش چوڭ ئىدى.

ئائىلىسى دەسلەپتە مەدىنىدە تۇراتتى. دادىسىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئانىسى قايتا ئۆيلەنگەن بولۇپ، مەدىنىگە 5 كىلومېتىر كېلىدىغان قۇبا دېگەن يەرگە يەرلەشتى. قۇبانىڭ ناھايىتى گۈزەل باغلىرى ۋە سۇ قۇدۇقلىرى بار ئىدى. باغلىرى ۋە سۇدىن كەلگەن كىرىم بىلەن تۇرمۇشىنى قامدايتتى.

بەرا ئىنتايىن ھېسسىياتچان بىر بالا ئىدى. ئاۋازى ناھايىتى گۈزەل شائىرانە روھقا ئىگە، ئەينى ۋاقىتتا ناھايىتى كۈچلۈك، قابىل ۋە جەسۇر ئىدى. ئەنەس بولسا، كۈچلۈك ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىگە ئىگە بولۇپ، ئەقىللىق، قابىلىيەتلىك، ئائىلىسىگە كۆيۈنىدىغان، ئەدەپلىك بىر بالا ئىدى.

ئانىسى ناھايىتى ئەقىللىق ۋە تەجرىبىلىك بىر ئايال بولۇپ، بالىلىرىغا

ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلەتتى ۋە ئۇلارنىڭ ياخشى ئادەم بولۇپ يېتىلىشى ئۈچۈن تىرىشاتتى. ئۇ، ئەنەسنىڭ قابىلىيىتىنى بالدۇرلا بايقىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئاكىسى بىلەن بىرلىكتە ئوقۇش - يېزىشنى ئۆگىنىشكە پۇرسەت يارىتىپ بەردى. ئۇ دەۋردە مەدىنىدە ئوقۇش ۋە يېزىشنى بىلىدىغانلارنىڭ سانى بارماق بىلەن سانىغۇدەكلا ئاز ئىكەنلىكىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىدىغان بولساق، ئۇ مەزگىلدە ئوقۇش ۋە يېزىشنى بىلىشنىڭ قانداق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇ.

ئەنەس ئىبنى مالىك 9-8 ياشلارغا كىرگەن ۋاقىتتا مەدىنىدە پەۋقۇلئاددە چوڭ ئۆزگىرىشلەر ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىدى. بەزى مەدىنىلىكلەر مەككىدە پەيغەمبىرىمىز بىلەن تونۇشتى. ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىپ مۇسۇلمان بولدى. مەدىنىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆيمۇ ئۆي كىرىپ كىشىلەرگە ئىسلامنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇنىڭغا دەۋەت قىلدى. ئۇ ۋاقىتتا دادىسى بىر ئىش بىلەن مەدىنە سىرتىغا چىقىپ كەتكەنىدى. تاغىسى ئەنەس ئىبنى نەدىر، ئانىسى، ھامىسى، چوڭ ئاپىسى ئۇممۇ ھەرەم ۋە باشقا تاغىلىرى ھەرەم ۋە سۇلايمان دەۋەتكە ئاۋاز قوشۇپ، ئىسلامنى قوبۇل قىلدى.

بالىلىرىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان ئۇممۇ سۇلايمان ئىسلامنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارغا ئىمان ۋە ئىسلام ھەققىدە چۈشەنچە بېرىشكە، پەيغەمبىرىمىزنى تونۇتۇشقا باشلىدى.

مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن دادىسى سەپەردىن قايتىپ كەلدى. ئۆيگە كېلىشتىن بۇرۇن دوستلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلار بىلەن مۇڭدىشىپ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇردى. دوستلىرى ئۇنىڭغا نۇرغۇنلىغان كىشىنىڭ ئۆز دىنىدىن چىقىپ ئىسلامنى قوبۇل قىلغانلىقى، پەيغەمبىرىمىز ۋە ئۇنىڭ ئېلىپ كەلگەن دىنى ھەققىدە سۆزلەپ بەردى. مالىك ئىبنى نەدىر يېڭى دىندىن ئىنتايىن سۆيۈنگەن بولسىمۇ، دوستلىرى بۇنى ياقتۇرمىدى. ئۇنىڭ ھاراق ئىچىدىغان ئاجىزلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، سۆزنى ھاراققا بۇراپ



由 扫描全能王 扫描创建

ئىسلام دىنىنىڭ ھاراققا ئوخشاش نۇرغۇنلىغان نەرسىلەرنى چەكلىگەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇ ھاراق ئىچىشتىن قەتئىي ۋاز كېچەلمەيتتى، ھېسياتى بېسىپ چۈشتى. بۇنى كۆرگەن دوستلىرى ئۇنىڭ بېشىنى تېخىمۇ ئايلاندۇرۇپ قويدى. ئۇنىڭ ئىسلامغا بولغان مايىللىقى بىردىنلا غەزەپكە ئايلاندى. ئۇنىڭ ئايالىنىڭمۇ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۆيدىكىلەرگە قارشى ئۇنى كۈشكۈرتتى. غەزەپ بىلەن ئۆيگە كەلگەن مالىك ئىبنى نەدىر، ئۆيگە قەدەم باسار- باسماس ئايالىغا كايىغان ھالدا:

- سەن دىندىن چىقتىڭمۇ؟- دەپ سورىدى. ئايالى:

- ياق، دىندىن چىقمىدىم. ئەمما ئۇ زاتقا ئىمان ئېيتتىم،- دېدى. ئەنەس ئىبنى نەدىر:

- نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلدىڭ؟ ئۇ ھاراق ئىچىشنى چەكلەيدىكەنغۇ؟- دېدى.(237)

ئۇ ۋاقىتلاردا ھاراق تېخى يېڭىلا چەكلىنىۋاتاتتى. ئەمما پەيغەمبىرىمىز ئىزچىل ھالدا پۇرسەت تاپسىلا ھاراق ئىچىشنى ياقتۇرمايدىغانلىقىنى ئېيتاتتى. ئۇممۇ سۇلەيم يولدىشىغا ئىسلام دىنىنىڭ گۈزەللىكلىرىنى چۈشەندۈرۈپ ئۇنى قايىل قىلىشقا كۈچ سەرپ قىلغان بولسىمۇ، ئۇنۇمى بولمىدى. چۈنكى پەرەزگە ئاساسەن يول تۇتقان يولدىشى قەلب ئىشىكلىرىنى ئىسلامغا پۈتۈنلەي ئېتىۋەتكەنىدى، ھەتتا سۆزلىرىنىمۇ ئاڭلىمايتتى. ئىسلامنى قوبۇل قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئايالىغا ئەجدادلىرىنىڭ دىنىغا قايتىشى ئۈچۈن بېسىم ئىشلىتىۋاتاتتى. ئۇممۇ سۇلەيم يولدىشىنىڭ سۆزلىرىگە پەرۋا قىلماستىن بالىلىرىنىڭ ئىسلام ئەخلاقى بىلەن تەربىيەلىنىشى ئۈچۈن كۈچ چىقارماقتا ئىدى.

مالىك ئىبنى نەدىر ئايالىنى قايىل قىلالمىغانلىقىغا ئىچى پۇشۇپ تۇرۇۋاتقاندا، ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغا ئىسلامنى چۈشەندۈرۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ناھايىتى غەزەپلەندى. پات - پات قارشى چىقىپ ئۇلارغا توسالغۇ بولۇشقا

(237) بەلازۇرى، ئەنسابۇل ئەشراف، 20/76.

باشلىدى.

بىر كۈنى ئايالىنىڭ ئوغلى ئەنەسنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئانىسى ئۇنىڭغا كەلىمە شاھادەتنى ئۆگىتىپ، ئۇنىڭدىن بۇ سۆزلەرنى تەكرارلاشنى ئېيتتى. ئەنەس بۇ سۆزلەرنى ياقتۇرغان بولۇپ، ئانىسىنىڭ دېگەنلىرىنى ئوخشاش تەكرارلاۋاتاتتى. بۇ مەنزىرىنى كۆرگەن مالىك ئايالىنىڭ ئۆزىنىڭ بىلگىنىنى قىلىۋاتقانلىقىغا تاقەت قىلالماي، ئۇنىڭ بىلەن تالاش – تارتىش قىلدى. ھەمدە ئايالىغا:

- ئوغلۇمنى ئازدۇرمىغىن! ئۇنىڭ ئەقلىنى بۇلغىمىغىن!- دەپ قوپاللىق قىلدى. ئۇممۇ سۇلەيم:

- ئۇنى ئازدۇرمىدىم، گۈزەل نەرسىلەرنى ئۆگەتتىم.- دېدى. تالاش - تارتىش چوڭىيىپ كەتتى. مەدىنىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئاتموسفېراسى بولسۇن ياكى ئايالىنىڭ قارشىسىدا تىك تۇرۇشى ۋە جاسارىتى بولسۇن، مالىكنىڭ ئايالىنى تېخىمۇ مەجبۇرلىشىغا ۋە تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىشىغا توسالغۇ بولدى. مالىك ئىبنى نەدىر ئايالىنى يولغا كىرگۈزەلمىگەنلىكىگە ئىچى پۇشۇپ غەزەپلەنگەن ھالدا ئۆيدىن چىقىپ، مەدىنىدىن شامغا قاراپ ماڭدى. يالغۇز يولغا چىققان مالىك يولدا دۈشمەنلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇنىڭ يالغۇز ئىكەنلىكىنى پۇرسەت بىلگەن دۈشمەنلىرى ئۇنى شۇ يەردىلا ئۆلتۈرۈۋەتتى.[238]

شۇنىڭ بىلەن، ئەنەس ۋە بەرا يېتىم قالدى. دادىسىنىڭ ئۆلۈمى ئۇلارنى چوڭقۇر قايغۇغا چۆمدۈردى. ئانىسى بالىلىرىغا تەسەللىي بېرىش ئۈچۈن، ئۇلارغا تېخىمۇ كۆيۈندى. ھەمدە ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە:

- ئوغلۇم ئەنەس چوڭ بولۇپ مەسچىتلەردە ئولتۇرالىغۇدەك ياشقا كەلمىگىچە ئۆيلەنمەيمەن، ھېچكىم ماڭا ئەلچى بولمىسۇن.- دېدى.[239]

بۇ چاغدا ئۇممۇ سۇلەيم بىلەن توي قىلىشنى ئويلىغان ئەبۇ تەلھە

(238) ئىبنى سەئد، تەباقات، 8/425.
(239) ئىبنى سەئد، تەباقات، 8/426.



由 扫描全能王 扫描创建

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئارزۇسىنى بىر مەزگىل كېچىكتۈردى. ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتتى. شۇ جەرياندا، پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىدىغانلىقىنىڭ خەۋىرى كەلدى. پۈتۈن مەدىنە خەلقى كۈچلۈك ھاياجان ئىچىدە ئىدى. قېرى - ياش، ئەر - ئايال، چوڭ - كىچىك پۈتۈن مۇسۇلمانلار ئەتىگەن يولغا چىقىپ، ھاياجان ئىچىدە پەيغەمبىرىمىزنىڭ كېلىشىنى كۈتۈۋاتاتتى. ئۇ ۋاقىتتا 10 ياشلاردا بولغان ئەنەسمۇ تۇغقانلىرى بىلەن قارشى ئېلىشقا چىققان بولۇپ، ئىنتايىن بىتاقەت ھالدا پەيغەمبىرىمىزنى ساقلاۋاتاتتى.

ئەنەس كۈندىن - كۈنگە تېخىمۇ ھاياجانلىنىۋاتقان بولۇپ، پەيغەمبىرىمىزگە بولغان سۆيگۈسى بارغانسېرى كۈچىيىۋاتاتتى. ناھايەت كۈتكەن كۈن كەلدى. مۇبارەك مۇساپىرنىڭ يېقىنلاپ قالغانلىق خەۋىرى يېتىپ كەلدى. ئۇ، شۇ كۈنكى خاتىرىلىرىنى نۇرغۇن يىللار كېيىنمۇ ئۇنتۇمىدى. ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى ئەسلىمىلىرى ھەردائىم يىپيېڭى ئىدى: «پەيغەمبىرىمىزنىڭ كېلىشىنى ساقلاۋاتقان ئۇ كۈنلەردە دوستلىرىم بىلەن ئويۇن ئويناۋاتاتتىم. شۇ ئەسنادا باللار بىزنى چاقىرىپ ‹مۇھەممەد كېلىۋاتىدۇ، مۇھەممەد كېلىۋاتىدۇ› دەپ ۋارقىراشقا باشلىدى. ھاياجان ئىچىدە يېنىغا يۈگۈردۇق. ئەتراپقا قارىدىم، ئەمما ھېچنەرسە كۆرەلمىدىم. يەنە بىر كۈنى ‹مۇھەممەد كېلىۋاتىدۇ› دەپ ۋارقىرىدى. يەنە ھاياجان ئىچىدە يۈگۈردۈم. ئەتراپقا قارىدىم، ئەمما يەنە ھېچنەرسە كۆرەلمىدىم. كۈنلەر مۇشۇنداق كۈتۈش بىلەن ئۆتۈۋاتاتتى. پەيغەمبىرىمىز تۇنجى بولۇپ قۇباغا كەلدى. ئۇ يەردە بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن، مەدىنە شەھەر مەركىزىگە كەلدى. مەدىنىلىك قەبىلە باشلىقلىرىنىڭ ۋەكىلى ئۇسەيد ئىبنى خۇزەيرگە خەۋەر ئەۋەتىپ ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىشقا بۇيرۇدى. ئۇسەيد مەدىنىنىڭ پالۋانلىرىدىن 500 كىشى بىلەن قۇباغا كېلىپ تۇرىدىغان يېرىگە كەلگۈچە پەيغەمبىرىمىزگە ھەمراھ بولدى.

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تىجارەت بىلەن پات - پات شامغا بېرىپ - كېلىدىغان بولغاچقا يوللارنى ياخشى بىلەتتى. كىشىلەرمۇ ئۇنى ياخشى



由 扫描全能王 扫描创建

تونۇيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئالدىدا، پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭ ئارقىسىدا ماڭدى. يول بويىچە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبىرىمىزنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ <بۇ كىم؟> دەپ سورىغانلارغا تەدبىرلىك بولۇش ئۈچۈن، كىنايىلىك قىلىپ <ئۇ مېنى مەقسىتىمگە يەتكۈزىدىغان رەھبىرىم> دەپ جاۋاب بېرەتتى. مۇبارەك يولۇچىلارنىڭ يېقىنلاپ قالغانلىقى خەۋىرىنى ئالغان مەدىنىلىكلەر كۈتۈۋېلىشقا تەييارلاندى. پەيغەمبىرىمىز ئۆزىنى كۈتۈۋالغانلار بىلەن ساق - سالامەت مەدىنىگە يېتىپ كەلدى. پۈتۈن مەدىنە خەلقى ئاياللار، بالىلار ۋە ياش قىزلارمۇ يولغا چىقىپ پەيغەمبىرىمىزنى كۆرۈۋېلىشقا تىرىشاتتى:

- قايسىسى، قايسىسى؟- دەپ يېنىدىكىلەردىن سورىشاتتى. شۇن-دىن بېرى ئۇ كۈندىكىدەك جۇشقۇنلۇق بىر مەنزىرە كۆرمىدۇق. خۇددى پەيغەمبىرىمىز ۋاپات بولغان كۈندىكىدەك قاراڭغۇلۇق ۋە يامان بىر كۈن كۆرمىگىنىمىزگە ئوخشاش، پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەدىنىگە كەلگەن كۈندىكىدەك نۇرانە ۋە گۈزەل بىر كۈن ياشىمىدۇق.[240]

ھەبەشلىك قۇللار پەيغەمبىرىمىزنىڭ كېلىشىنى تەبرىكلەپ خۇشاللىق ئىچىدە قىلىچلىرىنى ئويناتسا، قىزلار ئۆيلىرىنىڭ تاملىرىغا چىقىپ بېيتلارنى ئېيتاتتى:

«تالەئەل بەدرۇ ئەلەينا،
مىن سەنىييەتىل ۋەدائ؛
ۋەجەبەششۇكرۇ ئەلەينا،!
ما دەئا لىللاھى دائ!
ئەييۇھەل مەبئۇسۇ فىينا
جىئتە بىلئەمرىل مۇتائ»[241]

پەيغەمبىرىمىز ئۆزىنى قارشى ئېلىشقا چىققان مەدىنىلىك ئاياللار،

(240) مۇسنەد، 3/133.
(241) ئىبنى كەسىر، ئەلبىدايە ۋەننىھايە، 3/197.



由 扫描全能王 扫描创建

باللار ۋە خىزمەتچىلەرنىڭ بۇ تەنتەنىسىدىن ناھايىتى مەمنۇن بولدى. ئۇ «ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سىلەرنى ياخشى كۆرىمەن» دېيىش ئارقىلىق خۇشال بولغانلىقىنى ئىپادىلىدى.[242]

## پەيغەمبىرىمىزنىڭ تەربىيەسىدە

پەيغەمبىرىمىز مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەلگەندىن كېيىن پۈتۈن مەدىنىلىكلەر پەيغەمبىرىمىزنى راھەتكە چىقىرىش ۋە ئۇنىڭ سۆيگۈسىگە نائىل بولۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ھەدىيە بېرىش مۇسابىقىسىگە چۈشتى. ئۇممۇ سۇلەيم ئۇ مەزگىلدە تۇل ئايال ئىدى. بېرىدىغان ئارتۇق بىرەر نەرسىسى يوق ئىدى. خورما دەرەخلىرىنىڭ بىر قانچىسىنىڭ مەھسۇلاتىنى ئېلىپ بېرىپ پەيغەمبىرىمىزگە ھەدىيە قىلدى. ئەمما، بۇ ئۇممۇ سۇلەيمنىڭ كۆڭلىنى تەسكىن تاپقۇزمىدى. پەيغەمبىرىمىزگە تېخىمۇ گۈزەل ھەدىيە بېرىشىم كېرەك دەپ ئويلاپ، ئوغلى ئەنەسنىڭ قولىدىن تۇتۇپ پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا باردى.

ئەنەس ئىبنى مالىك بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبىرىمىز مەدىنىگە كەلگەندە تېخى 10 ياشتا ئىدىم. ئانام ئۆيدىن ئېلىۋالغان يېپىنچىنىڭ يېرىمىدا ئۈستۈمنى يۆگىدى، قالغان يېرىمىنى بولسا ماڭا بەردى. ئاندىن قولۇمدىن تۇتقان پېتى مېنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ باردى ۋە:

- ئى، رەسۇلۇللاھ! ئەنسار ئەر - ئاياللىرىدىن ساڭا ھەدىيە بەرمىگەن ھېچكىم قالمىدى. مەن مۇشۇ ئوغلۇمدىن باشقا ساڭا ھەدىيە قىلغۇدەك بىر نەرسە تاپالمىدىم. ئۆتۈنۈپ قالاي بۇنى قوبۇل قىلغىن! سېنىڭ خىزمىتىڭنى قىلسۇن! بۇ مېنىڭ ئوغلۇم ئەنەس. ئۇ تېخى قۇرامىغا يەتمىگەن بولسىمۇ، ئوقۇش - يېزىشنى بىلىدۇ. زېرەك ۋە ئەقىللىك بىر بالا. ئۇنىڭغا دۇئا قىلغىن!- دېدى. پەيغەمبىرىمىز:

(242) مۇسنەد، 3/150.



由 扫描全能王 扫描创建

- پەرۋەردىگارىم! ئۇنىڭ مال – مۈلكى ۋە پەرزەنتلىرىنى كۆپەيتكىن، گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىلىپ جەننىتىڭگە كىرگۈزگىن!- دەپ دۇئا قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئائىلەمدىن خىجىل بولىدىغان ۋە رەببىم بىلەن ئۇچرىشىشنى تاقەتسىزلىك ۋە زوق بىلەن ئارزۇ قىلغۇدەك ئۇزۇن ھايات كەچۈردۈم. ئىككى قىزىم، نەۋرىلىرىم بولۇپ جەمئىي 100 ئەۋلادىم مەندىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتتى. بېغىم ئىككى قېتىم مېۋە بېرەتتى. ئۇ شەھەردە مەندىن باشقا ھېچكىم بېغىدىن ئىككى قېتىم ھوسۇل ئالمايتتى. باغچىدىكى رەيھانلار ناھايىتى چىرايلىق پۇرايتتى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۆزلىرىدىن ئىككىسى ئەمەلگە ئاشتى. ئۈچىنچىسىنىڭمۇ ئەمەلگە ئېشىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.»[243]

ئەنەس ئۈچۈن يېپيېڭى بىر ھايات باشلانغانىدى. ئۇ بۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبىرىمىزنىڭ خىزمىتىنى قىلاتتى. ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، تەربىيەسى ئاستىدا يېتىشەتتى. بۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبىرىمىز ئۇنى ئوغلىدەك كۆرەتتى ۋە ئۇنى ‹ئوغلۇم› دەپ چاقىراتتى. ئۇنىڭغا بىر دادا، بىر ئۇستاز ۋە بىر رەھبەر بولۇپ ئىنسانلارغا، بىر بالىغا، بىر ئوقۇغۇچىسىغا، بىر ئىخلاسمەنگە قانداق مۇئامىلە قىلىش لازىملىقىنى گۈزەل بىر شەكىلدە ئۈلگە بولۇپ كۆرسىتىپ قوياتتى.

## تۇنجى تەۋسىيەسى

ئانىسى ئەنەسنى قويۇپ كەتكەندىن كېيىن يېڭى بىر ھايات باشلىدى. ئۇ ئىنتايىن ھاياجانلاندى. نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقى، يېڭى ھاياتىنىڭ قانداق ئۆتىدىغانلىقى، بۇيرۇلغان ئىشلارنى قىلىپ – قىلالمايدىغانلىقى قاتارلىقلاردىن ئەندىشە قىلاتتى.

ئەنەس ئىبنى مالىك بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبىرىمىزنىڭ

(243) مۇسلىم، فەدائىلۇسساھابە، 143 – 144؛ ئىبنى سەئد، تەباقات، 7/19؛ ئىبنۇل ئەسىر، ئۇسدۇلغابە، 258؛ ئىبنى ئابدىلبەر، ئىستىئاب، 1/109؛ بەلازۇرى، ئەنساب، 1/599.



由 扫描全能王 扫描创建

ماڭا تەۋسىيە قىلغان تۇنجى سۆزى ‹ئى ئوغلۇم! ياخشى بىر مۆمىن بولۇش ئۈچۈن سىرىمنى ساقلا!› دېگەندىن ئىبارەت بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئانام ۋەياكى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئاياللىرى مەندىن سىر ئىكەنلىكىنى بىلمەي، ئۇنىڭ سىرلىرى ھەققىدە بىر نەرسە سورىغان ۋاقىتتا ئۇلارغا قەتئىي ئېيتىپ بەرمىدىم.»(244)

«پەيغەمبىرىمىزنىڭ خىزمىتىنى قىلىۋاتاتتىم. بىر كۈنى ئۆز- ئۆزۈمگە ‹ئىشلىرىم تۈگىدى، پەيغەمبىرىمىز چۈشلۈك ئۇيقۇسىنى ئۇخلاۋاتىدۇ، بىر ئاز سىرتقا چىقاي› دېدىم. ئۇ يەردىن ئايرىلىپ بالىلارنىڭ يېنىغا باردىم. ئۇلار ئويۇن ئويناۋاتاتتى. ئۇ يەردە بالىلارغا قاراپ تۇردۇم. دەل شۇ ۋاقىتتا پەيغەمبىرىمىز يېنىمىزغا كېلىپ بىزگە سالام بەردى. مېنى يېنىغا چاقىرىپ بىر ئىش ئۈچۈن بىر يەرگە ئەۋەتتى. مەن كەلگىچە شۇ يەردە تامنىڭ يېنىدا مېنى كۈتۈپ تۇردى. بۇيرۇغان ئىشىنى قىلىپ كەلگەندىن كېيىن ماڭا:

- بۇنى ھېچكىمگە ئېيتمىغىن!- دېدى. مەن:

- بولىدۇ!- دەپ ئۇ يەردىن ئايرىلدىم. ۋاقىت خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغان بولۇپ، ئۆيگە قايتىشقا كەچ قالدىم. ئانام ماڭا:

- نېمە ئۈچۈن كەچ قالدىڭ؟ نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرىسەن؟- دەپ كايىدى. مەن:

- پەيغەمبىرىمىز بىر ئىش بىلەن مېنى بىر يەرگە ئەۋەتكەنىدى،- دېدىم. ئانام:

- نېمە ئىش ئىدى؟- دەپ سورىدى. مەن:

- ئۇ بىر سىر. ماڭا «ھېچكىمگە ئېيتمىغىن» دېگەنىدى،- دېدىم. ئانام:

- بارىكاللا ئوغلۇم! پەيغەمبىرىمىزنىڭ سىرىنى ھېچكىمگە ئېيتمىغىن،-

(244) شىبلى مەنزۇر، مۇختەسەر، 5/66.



由 扫描全能王 扫描创建

دەپ مېنى ئاگاھلاندۇردى.(245)

ئەنەس قىسقا ۋاقىت ئىچىدە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشتى. ئۇنىڭدىن بۇرۇن پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا سۆيگۈ ۋە ئىشەنچ بېغىشلاپ، قەلب ئىشىكلىرىنى ئېچىپ ئۇنىڭ دۇنياسىغا كىرگەن، بېشىنى سىلاپ قەلبىدىن ئۇرۇن ئالغانىدى. پەيغەمبىرىمىز تۇنجى كۈنىدىن باشلاپلا ئۇنى ‹ئوغلۇم›، ‹بالام› دەپ چاقىرغان بولۇپ، پات - پات ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ:

- ئى، ئىككى قۇلاقلىق!- دەپ چاقىراتتى.(246)

پەيغەمبىرىمىز ماگا پۇرچاق توپلىغانلىقىم تۈپەيلىدىن «ئەبۇ ھەمزە» دەپ لەقەم قويۇپ قويدى.(247)

ئۇزۇن ماگلاي چېچىم بار ئىدى. پەيغەمبىرىمىز مېنىڭ ماگلاي چېچىمدىن تۇتۇپ، ئاغرىتماي ئاستا ئالدىغا تارتىپ سۆيۈپ قوياتتى. ئانام ماگلاي چېچىمنى قەتئىي تۇتمايتتى ۋە:

- ئۇلارنى كەسمەيمەن، پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭدىن تۇتۇپ تارتىدۇ،- دەيتتى.(248)

كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە، مۇغىيرە ئىبنى ھەسەن ئۇنىڭغا بالىلىق چاغلىرىغا دائىر ئەسلىملىرىنى مۇنداق ھېكايە قىلىپ بېرىدۇ: «پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا بارغان كۈنى چېچىمنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن ئىدى. ئانام چېچىمنى ئىككىگە ئايرىپ ئۆرۈپ قويغانىدى. پەيغەمبىرىمىز بېشىمنى سىلاپ تۇرۇپ دۇئا قىلغاندىن كېيىن ئاناگغا:

- شۇ ئۇزۇن چاچلارنى كېسىڭ ياكى قىسقارتىپ قويۇڭ! بۇ يەھۇدىيلارنىڭ چاچ قويۇش شەكلىدۇر،- دېگەنىدى.»(249)

(245) مۇسلىم، فەدائىل، 145؛ ئەبۇ داۋۇد، ئەدەب، 84؛ مۇسنەد، 3/174، 195.
(246) مۇسنەد، 3/117؛ تەبارانى، ئەلمۇئجەمۇل كەبىر، 1/240.
(247) تىرمىزى، مەناقىب، 45؛ ئىبنى ھەجەر، ئىسابە، 277؛ ئەبۇ نۇئەيم، مەرىفەتۇسساھابە، 1/226.
(248) تەبارانى، ئەلمۇئجەمۇل كەبىر، 1/249.
(249) ئەبۇ داۋۇد، تەرەججۇل، 15.



由 扫描全能王 扫描创建

پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا ناھايىتى ياخشى مۇئامىلە قىلاتتى، كۆڭلىنى پەقەت ئاغرىتمايتتى. بۇنى شەخسەن ئۆزى مۇنۇ سۆزلىرى ئارقىلىق ئىپادىلىگەنىدى: «پەيغەمبىرىمىزنىڭ توققۇز يىل خىزمىتىنى قىلدىم. ماڭا بىرەر قېتىممۇ ‹ئوھۇش› دېمىدى. قىلغان ئىشلىرىم ھەققىدە ھېچقاچان ‹نېمىشقا بۇنداق قىلدىڭ؟› قىلالمىغان ئىشىم ھەققىدە بولسا ‹مۇنداق قىلاتتىڭ!› ياكى ‹ئىشقا ئاشۇرالمىدىڭ، ياخشى قىلالمىدىڭ› دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ باقمىدىم.[250]

ئون يىل بويىچە مېنى بىرەر قېتىممۇ قىيىنلىپ قالدىغان ئىشنى قىلىشقا بۇيرۇمىدى. مېنى ئۇرۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھېچقاچان قىلغان ئىشىم سەۋەبىدىن ماڭا قاپىقىنى تۇرمىدى ھەتتا بىرەر ئىشنى بۇزۇۋەتكەندىمۇ مېنى ئەيىبلىمىدى. ھەتتا ئائىلىسىدىن بىرسى بىر ئىش توغرۇلۇق مېنى ئەيىبلىمەكچى بولغاندا، ئۇلارنى توسۇپ:

- ئۇنى قويۇۋېتىڭلار! ئەگەر تەقدىر قىلىنغان بولسا چوقۇم قىلالايتتى، - دەيتتى.[251]

پەيغەمبىرىمىز ئىنسانلار ئىچىدىكى ئەخلاقى ئەڭ گۈزەل كىشى ئىدى. بىر كۈنى مېنى بىر يەرگە بىر ئىش بىلەن ئەۋەتتى. ھۇزۇرىدىن چىقىپ بارىدىغان يېرىمگە قاراپ كېتىۋېتىپ يولدا بالىلارنى ئۇچرىتىپ قالدىم. ئۇلار بازاردا ئويۇن ئويناۋاتاتتى. ئۇلارغا قوشۇلۇپ مەنمۇ ئويۇنغا بېرىلىپ كەتتىم. خېلى ئۆتكەندىن كېيىن پەيغەمبىرىمىز ئارقامدىن كېلىپ بېشىمدىن تۇتتى. بۇرۇلۇپ قارىسام، ماڭا قاراپ كۈلۈۋاتاتتى. ماڭا ئاچچىقلانمىدى پەقەتلا:

- ھەي ئەنەسچاق! ئەۋەتكەن يېرىمگە باردىڭمۇ؟ - دەپ سورىدى. مەن:

- ئى، رەسۇلۇللاھ! ھازىر بارىمەن، - دېدىم - دە، دەرھال كەتتىم.[252]

(250) بەلازۇرى، ئەنسابۇل ئەشراف، 1/599.
(251) مۇسنەد، 3/231؛ ئىبنى سەئد، تەباقات، 3/11.
(252) مۇسلىم، فەدائىل، 54.



由 扫描全能王 扫描创建

پەيغەمبىرىمىز ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يېنىغا كەلگەن كۈندىن ئېتىبارەن تەربىيەلەشنى باشلىغانىدى. پەيغەمبىرىمىز مۇۋاپىق ۋاقىتلاردا ئۇنىڭغا ھاياتى بويىچە قەتئىي ئۇنتۇپ قالمايدىغان، ئۆزىگە رەھبەرلىك قىلىدىغان ئاساسلىق پىرىنسىپلارنى ئۆگىتىپ، تەۋسىيەلەرنى قىلاتتى: «ئى ئوغلۇم! تاھارەت ئالغاندا ئەزالىرىڭنى تولۇق يۇغىن! مۇشۇنداق قىلساڭ ئاللاھ سېنى ياخشى كۆرىدۇ، سېنى قوغدايدۇ، ئۆمرۈڭ ئۇزىرايدۇ.

ئى ئوغلۇم! غۇسۇل تاھارەتنى تولۇق ئالساڭ. تاھارەت ئالغان يەردىن چىققان ۋاقتىڭدا ئۈستۈڭدە ھېچقانداق گۇناھ ۋە خاتالىق قالمايدۇ.

- ئى، رەسۇلۇللاھ! غۇسۇل تاھارەتنى قانداق ئالساق تولۇق ئالغان بولىمىز؟- دەپ سورىسام:

- سۇنى چېچىڭنىڭ تېگىگىچە يەتكۈزۈپ، تېرىنى تازىلاش بىلەن بولىدۇ.- دېدى.

ئى ئوغلۇم! داۋاملىق تاھارەت بىلەن يۈرۈشكە دىققەت قىلغىن! مۇشۇنداق قىلىپ تاھارىتىڭ بىلەن ئۆلۈپ كەتسەڭ شېھىت بولىسەن.

ئى ئوغلۇم! قىلالىساڭ داۋاملىق سالاۋات ئوقۇغىن! سەن ئوقۇغانسېرى پەرىشتىلەرمۇ ساڭا سالاۋات ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

ئى ئوغلۇم! ئۆيۈڭدىن چىققان ۋاقتىڭدا، كۆرگەن پۈتۈن ئەھلى كىتابقا سالام بەرگىن، مۇشۇنداق قىلساڭ ئىپپەتلىك (نومۇسلۇق) بولىسەن.

ئى ئوغلۇم! ئەگەر قىلالىساڭ ئەتىگەنگىچە ياكى ئاخشام ۋاقتى بولغۇچە قەلبىڭدە ھېچكىمگە نەپرەت قىلىش ۋە ھىيلە ئىشلىتىش بولمىسۇن، بۇ ئاخىرەتتىكى ھالىڭنى ئاسانلاشتۇرىدۇ.

ئى ئوغلۇم! ئۆيۈڭدە ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇيالىساڭ ئوقۇغىن! بۇ مېنىڭ سۈننىتىمدۇر. سۈننىتىمنى ياخشى كۆرگەن كىشى مېنى ياخشى كۆرگەن بولىدۇ، مېنى ياخشى كۆرگەن كىشى جەننەتتە مەن بىلەن بىللە بولىدۇ. چوڭلىرىنى ھۆرمەتلىگەن، كىچىكلىرىنى ئىززەتلىگەنلەر مەن



由 扫描全能王 扫描创建

بىلەن جەننەتتە بىللە بولىدۇ.(253)

پەيغەمبىرىمىز ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا نەسىھەت قىلغاندا، نەسىھەتنىڭ ئاخىرىدا پايدىسى ۋە نەتىجىسىنى بىلدۈرۈشى، بالا تەربىيەلەشتە ناھايىتى مۇھىم بولغان بىر قائىدىنى ئەسكە سالىدۇ. بالىلاردىن بىرەر ئىشنى قىلىش تەلەپ قىلىنغاندا، ئۇنىڭغا بۇ ئىشنى نېمە ئۈچۈن قىلىدىغانلىقىنى، پايدىسىنى قىسقا قىلىپ بولسىمۇ ئۈچۈق ئېيتىش، ئۇنى بۇيرۇلغان ئىشنى بىلىپ ۋە ياخشى كۆرۈپ قىلىدىغان ھالەتكە كەلتۈرىدۇ. كۆپىنچە ھاللاردا تەلەپ قىلىنغان ئىشنى ئىككىنچى قېتىم تەكرارلىمىسىمۇ قىلالىغۇدەك دەرىجىدە چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ.

## ئۇستاز ۋە ئائىلە مۇناسىۋىتى

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئانىسى ئەبۇ تەلھە بىلەن ئۆيلەنگەندىن كېيىن قۇباغا - ئەبۇ تەلھەنىڭ ئۆيىگە كۆچۈپ كەلدى. ئۇ ناھايىتى ياخشى ئادەم ئىدى. ئەنەسكە ۋە قېرىندىشى بەراغا ناھايىتى ياخشى مۇئامىلە قىلاتتى. ھەر قانداق ئىشتا ئۇلارغا ياردەمچى بولاتتى. قۇباغا يەرلەشكەندىن كېيىن، ئەنەس ھەر كۈنى ئۆيىدىن 5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان مەدىنىگە كېلىپ - كېتىشكە باشلىدى.(254)

پەيغەمبىرىمىز قولىدىن كېلىشىچە پۈتۈن ساھابىلەر بىلەن كۆرۈشۈشكە تىرىشاتتى. ھېچكىمگە سەل قارىمايتتى. ئەمما ئەنەس ئىبنى مالىكنىڭ ئائىلىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى باشقا ساھابىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك دەرىجىدە قويۇق ئىدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بۇنىڭدىن باشقا ئۇستاز - ئائىلە ياكى توغرا يول كۆرسەتكۈچى (رەھبەر) - ئائىلە مۇناسىۋىتى بار ئىدى. پەيغەمبىرىمىز بالىلارغا بېرىلىدىغان تەربىيەنىڭ تېخىمۇ نەتىجىلىك

(253) تىرمىزى، ئىلىم، 16؛ ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 5/67.

(254) بەلازۇرى، ئەنسابۇل ئەشراف، 20/77؛ ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 9/135.



由 扫描全能王 扫描创建

بولۇشى ئۈچۈن ئائىلىسى بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتقان بولۇپ، ئۇلارنىڭمۇ ياردىمى بىلەن ئەنەسكە ئوخشاش ئىقتىدارلىق ئوقۇغۇچىلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى.

ئەبۇ تەلھە ئەنەسنىڭ ئانىسى بىلەن ئۆيلەنگەندىن كېيىن، ئەنەسكە تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلدى. بىر كۈنى ئەبۇ تەلھە ئانىسىغا ئوخشاشلا ئەنەسنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ بېرىپ:

- ئى، رەسۇلۇللاھ! ئەنەس ناھايىتى ئەقىللىق بىر بالا، رۇخسەت قىلغىن، سېنىڭ خىزمىتىڭنى قىلسۇن!- دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن مەيلى ئۇرۇش مەيلى تىنچ كۈنلەردە بولسۇن پەيغەمبىرىمىزنىڭ خىزمىتىنى قىلدى.(255)

ئانىسىغا ئوخشاش قىبرىس (سىپرۇس) شېھىدى بولغان، دۆلىتىمىزدە (تۈركىيەدە، دېمەكچى- تەرجىمان) ھازىرغىچە «سۇلتان» دېگەن نام بىلەن تونۇلغان ھاممىسى ئۇممۇ ھەرەم، ئەنەسنى ئىلىم ئۆگىنىشكە ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ خىزمىتىنى ياخشى قىلىشقا رىغبەتلەندۈرەتتى. ئەنەس ئىبنى مالىك بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئانىلىرىم مېنى داۋاملىق پەيغەمبىرىمىزنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا رىغبەتلەندۈرەتتى. مەنمۇ ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، دېگىنىنى بويىچە قىلاتتىم.

پەيغەمبىرىمىز پات - پات ئۆيىمىزگە قەدەم تەشرىپ قىلاتتى. كەلگەن ۋاقتىدا قودۇقىمىزنىڭ سۈيى بىلەن مېھمان قىلغاندىن كېيىن، قوينىڭ سۈتىنى سېغىپ ئۇنىڭغا بېرەتتىم. پەيغەمبىرىمىز ئېلىپ ئىچەتتى. بىر كۈنى ئەتىگەنلىكى بىزنىڭ كەلگەندى. ئوڭ تەرىپىدە بىر يېزىلىق ئەرەب، ئۇنىڭ يېنىدا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، سول تەرىپىدە ئەبۇ بەكىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بار ئىدى. پەيغەمبىرىمىز ئۆزىگە ئۇزاتقان سۈتنى ئىچتى. قالغىنىنى باشقا ساھابىلەرگە ئۇزاتقاندا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- ئى، رەسۇلۇللاھ! ئەبۇ بەكرگە ئۇزاتقىن دېدى، - پەيغەمبىرىمىز:

(255) مۇسنەد، 3/101؛ ئىبنى سەئىد، تەباقات، 7/19.



由 扫描全能王 扫描创建

- ئۇ ئوكئ تەرەپتىن باشلىنىپ ئۇ ئوكئ تەرەپتىن داۋاملىشىدۇ،- دېدى ۋە سۆتنى ئالدى بىلەن يېزىلىق ئەرەبكە ئۇزاتتى.»(256)

ئەنەس ئىبنى مالىك بايان قىلىپ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى پەيغەمبىرىمىز بىزنىڭ ئۆيگە كەلگەنىدى. ئانام ئۇنى كۆرۈپ ناھايىتى سۆيۈندى. پەيغەمبىرىمىزنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ، ئۇنىڭدىن ھال-ئەھۋال سورىغاندىن كېيىن، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ خورما ۋە ئېرىتىلگەن ياغ تەييارلاپ پەيغەمبىرىمىزگە ئۇزىتىۋىدى:

- ياغنى قۇتىغا، خورمىنى تەخسىگە قويۇپ قويۇڭ، مەن روزا تۇتقان،- دېدى. ئاندىن ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىغا بېرىپ، نەپلە ناماز ئوقۇدى. نامازدىن كېيىن ئانامغا ۋە پۈتۈن ئۆيدىكىلەرگە دۇئا قىلدى. ئۇنىڭ دۇئا قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئانام:

- ئى، رەسۇلۇللاھ! مېنىڭ بىر كۆز نۇرۇم بار ئىدى،- دېدى. پەيغەمبىرىمىز:

- ئۇ كىم؟- دەپ سورىدى. ئانام:

- خىزمەتچىڭ ئەنەس. ئۇنىڭ ئۈچۈنمۇ دۇئا قىلغان بولساڭ،- دېدى. پەيغەمبىرىمىز دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئىشلىرىم ئۈچۈن دۇئا قىلدى. ۋە دۇئاسىنىڭ ئاخىرىدا يەنە ‹ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇنىڭغا كۆپلەپ مال-مۈلۈك ئەۋلاد ئاتا قىلغىن، ئۇلارنى مۇبارەك قىلغىن› دەپ قوشۇپ قويدى. شۇ دۇئانىڭ بەرىكىتى بىلەن مەدىنىنىڭ ئەڭ بايلىرىنىڭ بىرىگە ئايلاندىم.(257)

پەيغەمبىرىمىزنى پات-پات ئۆيگە تەكلىپ قىلىدىغان ئۇممۇ سۇلەيم بەزىدە ئۇنىڭغا يېمەكلىك ئەۋەتەتتى. ئەنەس ئىبنى مالىك ئانىسىنىڭ خورما يىغى پىشقان ۋاقتىدا ئۇلارنى بىر نەرسىگە ئوراپ، ئۆزىگە ۋە پەيغەمبىرىمىزگە ئەۋەتكەنلىكىنى، پەيغەمبىرىمىز خورمىدىن بىر ئۈچۈم ئېلىپ ئايالىدىن بىرىگە، يەنە بىر ئۈچۈم ئېلىپ باشقا ئاياللىرىغا ئەۋەتكەنلىكىنى،

(256) ئىبنى سەئد، 7/17؛ ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 5/66.

(257) بۇخارى، سەۋم، 61؛ دەئەۋات، 19، 26؛ مۇسلىم، فەدائىل، 141؛ مۇسنەد، 3/108.



由 扫描全能王 扫描创建

ئاياللىرىدىن ئېشىپ قالغىنىنى يېيىشنى خالىغان ساھابىلەر بىلەن بىللە يېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.[258]

ئەنەس ئىبنى مالىك مۇنداق بىر ئىشنى ھېكايە قىلىپ بېرىدۇ: «ئانام ئۇممۇ سۇلەيم بىر مىقدار يېڭى پىشقان خورمىنى بىر سېۋەتكە سېلىپ، ئۇنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا ئېلىپ بېرىشىمنى بۇيرۇدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۆيىگە بارسام ئۆيدە يوق ئىكەن. بىرى بىر تىككۈچىنىڭ پەيغەمبىرىمىزنى تاماققا چاقىرغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ يەرگە بارغان ۋاقتىمدا ئۇ يەردە شورپا قاينىتىلغان ۋە كاۋا پىشۇرۇلغانىدى. تاماق بىلەن بىرگە ئارپا نېنى كەلتۇردى. پەيغەمبىرىمىز مېنىمۇ تاماققا چاقىردى. تاماق يەۋېتىپ پەيغەمبىرىمىزنىڭ كاۋا تامىقىنى تاللىغانلىقىنى بايقىدىم ۋە ئۇنى پەيغەمبىرىمىز تەرەپكە سۈرۈپ قويدۇم. پەيغەمبىرىمىز تاماقتىن كېيىن ئۆيىگە قايتتى. مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە بېرىپ خورما قويۇلغان سېۋەتنى ئالدىغا قويدۇم. ئۇنىڭدىنمۇ يېيىشكە ۋە تارقىتىشقا باشلىدى. خورما تۈگىگىچە تارقاتتى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ كاۋا تامىقىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن مېنىڭمۇ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان تامىقىم كاۋا تامىقى بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن قانداق ۋاقىتتا تاماق ئەتسە، ئىمكان بولسىلا كاۋا تامىقى ئەتتۈرىدىغان بولدۇم.[259]

يەنە بىر كۈنى ئانام ماڭا:

- پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا بېرىپ، ۋاقتى بولسا بىزگە تاماققا كەلسۇن، دېگىن، - دېدى. دەرھال پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنى تاماققا تەكلىپ قىلدىم. پەيغەمبىرىمىز ماڭا:

- مەن بىلەن بىللە تۇرۇۋاتقانلارمۇ بارامدۇ؟- دېدى. مەن:

- ھەئە!- دېدىم.

بىخۇدلۇق قىلىپ، ئانام ئۇلارنى تەكلىپ قىلمىغان بولسىمۇ مەن

(258) مۇسنەد، 3/135؛ مۇھەممەد سەئىد، ھاياتۇس ساھابىيات، 607.

(259) بۇخارى، ئەتئىمە، 35؛ مۇسنەد، 3/108؛ ئىبنى سەئىد، تەباقات، 8/429.



由 扫描全能王 扫描创建

«ھەئە» دېگەنىدىم. ئۇ يەردىن ئايرىلىپ تاكى ئۆيگە بارغۇچە ئىغىر خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويغان ئادەمدەك ئەندىشە ئىچىدە ماڭدىم. ئەھۋالنى ئانامغا ئېيتسام ئانام:

- ئى، ئەنەس! سەن نېمە ئىش قىلدىڭ؟- دېدى، ماڭا بىئارام بولغان ھالدا. ئانام تېخى ھوشىنى يىغماستىن پەيغەمبىرىمىز ئۆيگە كەلدى. ئانام بولغان ئەھۋالنى پەيغەمبىرىمىزگە ئېيتقانىدى، پەيغەمبىرىمىز ئانامدىن:

- ئۆيدە ياغ بارمۇ؟- دەپ سورىدى. ئانام:

- ھەئە، بىر قۇتىدا ئازراق يېغىم بار،- دېدى. پەيغەمبىرىمىز:

- ئۇنى بۇ يەرگە ئەكېلىڭ،- دېدى. ئانام ياغ بار قۇتىنى ئېلىپ ئاغزىنى ئاچتى. «بىسمىللاھ، پەرۋەردىگارىم بەرىكىتىنى بەرگىن»،- دەپ دۇئا قىلدى. ئاندىن:

- نانلارنى ئەكەلگىن، - دېدى. ناننىڭ ئۈستىگە ياغنى تۆكتى ۋە ساھابىلەرنى چاقىردى. ھەممىيلەن يەپ قورساقلىرىنى تويغۇزدى.[260]

پەيغەمبىرىمىز ئەنەسنىڭ ئۆيگە بارغان ۋاقتىدا ئانىسىغا، ھامىسىغا ۋە ئۆيگە كەلگەنلەرگە ئىسلامنى چۈشەندۈرۈپ ئۇلارنىڭ قەلبىنى يورۇتاتتى. چۈنكى پەيغەمبىرىمىز پەقەت بالىلارنىڭلا ئەمەس بەلكى چوڭ - كىچىك پۈتۈن ھەممىيلەننىڭ تەربىيەلىنىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. پەيغەمبىرىمىز ئۈچۈن ھەر ۋاقىت ھەرقانداق يەر مەكتەپ، ھەرقانداق كىشى ئۆگىنىدىغان ياكى ئۆگىتىدىغان بولۇشى كېرەك ئىدى.

ئەنەس ئىبنى مالىك بىر قېتىملىق ئەسلىمىسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى پەيغەمبىرىمىز بىزنىڭ ئۆيگە كەلگەنىدى. ئانام ئۇممۇ سۇلەيم ئۇنىڭدىن ئۆيدە ناماز ئوقۇشىنى ۋە ئۆينىڭ بىر بۆلۈكىنى ناماز ئوقۇيدىغان يەر قىلىۋېلىشىنى ئۆتۈندى. پەيغەمبىرىمىز قوبۇل قىلىپ بىر بورا ئەكېلىشنى بۇيرۇدى. بورىنى ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇنى سۇ چېچىپ تازىلىدى. ئاندىن ئۇنى ناماز ئوقۇماقچى بولغان يەرگە سالدى.

(260) بەيھەقى، دەلائىلۇن نۇبۇۋۋە، 6/91؛ مەقرىزى، ئىمتائۇل ئەسماﺋ، 5/168.



由 扫描全能王 扫描创建

ناماز ئوقۇيدىغان يەر تەييار بولغاندىن كېيىن، ئۇ يەردىكىلەر بىلەن بىللە ناماز ئوقۇدى.»[261]

پەيغەمبىرىمىز پات - پات ئۆيىمىزگە زىيارەتكە كېلەتتى. ئۇ يەردە نەپلە نامىزى ئوقۇپ، ئانامغا ئىسلام ھەققىدە چۈشەنچە بېرەتتى. بىر قېتىم پەيغەمبىرىمىز ئانامغا:

- پەرز نامازنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئون قېتىم «سۇبھاناللاھ»، ئون قېتىم «ئەلھەمدۇلىللا»، ئون قېتىم «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ دۇئا قىلىپ ئاللاھتىن خالىغىنىڭنى تىلىگىن، سەن تەلەپ قىلغانسېرى، ئاللاھ تائالا <بولىدۇ، بولىدۇ، بولىدۇ ئىجابەت قىلدىم> دەيدۇ، - دېگەندى.[262]

## كىچىك ئەبۇ ئۇمەير

ئانىسى ئەبۇ تەلھە بىلەن ئۆيلىنىپ بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئاجايىپ ئوماق بىر ئوغلى بولدى. ئۇنىڭغا ئەبۇ ئۇمەير، دەپ ئىسىم قويدى. ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ناھايىتى ئامراق ئىدى. ئەبۇ تەلھە بۇ ئوماق ئوغلىغا تەسۋىرلەپ تۈگەتكۈسىز دەرىجىدە ئامراق ئىدى. بىر ئاز چوڭ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا چىرايلىق بىر قۇش ئېلىپ بەردى. ئەبۇ ئۇمەير داۋاملىق ئۇ قۇش بىلەن ئويناپ كۆڭلىنى ئاچاتتى. پەيغەمبىرىمىز ئەنەسنىڭ ئۆيىگە بارغان ۋاقىتلىرىدا ئەبۇ ئۇمەير بىلەن ئويىنىشاتتى، چاقچاقلىشاتتى.

بىر قېتىمدا ئەبۇ ئۇمەيرنىڭ بىر بۇلۇڭدا قايغۇرۇپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆيدىكىلەردىن:

- ئەبۇ ئۇمەيرگە نېمە بولدى؟ نېمىگە بۇنچە قايغۇرىدۇ؟- دەپ سورىدى. ئۇممۇ سۇلەيم:

- داۋاملىق بىللە ئوينايدىغان بىر قۇشى بار ئىدى. قۇشىنىڭ ئۆلۈپ

(261) تەبەرانى، ئەلمۇئجەمۇل كەبىر، 25/120.

(262) مۇسنەد، 1/130؛ ئىبنى جەۋزى، سىفاتۇسسەفۋە، 310.

كەتكىنىگە كۆڭلى يېرىم بولدى،- دېدى. پەيغەمبىرىمىز بالىنى يېنىغا چاقىرىپ ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلگەن ھالدا:

- ئەبۇ ئۇمەير، بۇلبۇلۇڭنى قانداق قىلدىڭ؟- دەپ سورىدى ۋە چاقچاق قىلىش ئارقىلىق ئۇنى خۇشال قىلىشقا تىرىشتى.[263]

## ئونتۇلماس ئەسلىملىرى

ئەنەسنىڭ ئاتا - ئانىسى، تاغىلىرى، ھاممىلىرى، چوڭ ئاپىلىرى ۋە قېرىنداشلىرى پەيغەمبىرىمىزنىڭ نەزىرىدە ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە ئىدى. چۈنكى ھەممىسى مال - مۈلۈك ۋە جانلىرىنى ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاتىغان كۆڭۈل پادىشاھلىرى ئىدى. پەيغەمبىرىمىزنى قەدەممۇ قەدەم كۆزىتىپ ئۇنىڭ يولىدا مېڭىش، ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ياردەمچى بولۇش ئۈچۈن جانلىرىنىمۇ ئاتىغانىدى.

ئەنەس ئىبنى مالىك بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى ئەبۇ تەلھە ئۆيگە كېلىپ، ئانامغا:

- بىردەمنىڭ ئالدىدا مەسجىدى نەبەۋىگە بارغان ئىدىم. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ساھابىلەرگە نىسا سۈرىسىنى ئوقۇپ بېرىۋاتقانلىقىنى، ئاچلىقتىن چىرايى تاتىرىپ كەتكەنلىكىنى، قورسىقىغا تاش باغلىۋالغانلىقىنى كۆردۈم. ئۆيدە پەيغەمبىرىمىزنى مېھمان قىلغۇدەك بىرەر نەرسە بارمۇ؟- دەپ سورىدى. ئانام:

- بىر ئاز ئارپا بار. مەن ئۇنى يۇمشىتىپ نان پىشۇراي. ئەمما ئۇ پەقەت بىرلا كىشىگە يېتىدۇ. سەن ئەنەسنى بازاردىن ئوتۇن ئەكېلىش ئۈچۈن ئەۋەتكىن. مەن تاۋىنى ئېلىپ ناننى پىشۇراي،- دېدى.

مېنى بازارغا ئوتۇن ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. ئوتۇننى ئېلىپ قايتىپ كەلدىم. دادام مېنى يېنىغا چاقىرىپ:

(263) مۇسنەد، 3/188؛ بەلازۇرى، ئەنسابۇل ئەشراف، 20/79؛ ئىبنى سەئىد، تەباقات، 3/506.



由 扫描全能王 扫描创建

- پەيغەمبىرىمىزنى باياتىن جامەدە ساھابىلەرگە قۇرئان ئوقۇپ بېرىۋاتقاندا كۆرگەنىدىم. ئۇ يەرگە بېرىپ پەيغەمبىرىمىزنى كۈتۈپ تۇرغىن! يېنىدىكىلەر كېتىپ يالغۇز قالغان ۋاقىتىدا: « دادام سىزنى بىزگە تەكلىپ قىلدى» دەپ چاقىرىپ كەل. قەتئىي ئۇنىڭ بىلەن بىللە باشقىلارنىمۇ چاقىرىپ مېنى يەرگە قاراتما!- دەپ قايتا- قايتا تەكىتلىدى. ئۆيدىن چىقىپ ئۇدۇل پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا باردىم. يېنىدا تەخمىنەن 80 دەك ئادەم بار ئىدى. پەيغەمبىرىمىز مېنى كۆرۈپ، مەن ئاغزىمنى ئېچىپ بولغىچە:

- ھەي، ئەنەس!- دەپ مېنى چاقىردى. مەن:

- كەلدىم، پەيغەمبىرىم،- دېدىم. پەيغەمبىرىمىز:

- داداڭ مېنى ئۆيۈڭلارغا دەۋەت قىلدىمۇ؟- دەپ سورىدى. مەن:

- ھەئە، دېدىم. پەيغەمبىرىمىز يېنىدىكىلەرنى چاقىرىپ:

- قېنى، تۇرۇڭلار، كېتىمىز،- دېدى.

دادامنىڭ قىيىن ئەھۋالدا قالدىغانلىقىنى ئويلاپ ناھايىتى بىئارام بولدۇم. ئۇلار تۇرماستىن دەرھال ئورنۇمدىن تۇرۇپ يۈگۈرۈپ تېزلا ئۆيگە كەلدىم. خىجىل بولغان ۋە بىئارام بولغان ھالدا غەمكىنلىك بىلەن دادامغا:

- پەيغەمبىرىمىز يېنىدىكى كىشىلەر بىلەن بىرلىكتە بۇ يەرگە كېلىۋاتىدۇ،- دېدىم. دادام ماڭا ئاچچىقلىنىپ:

- مەن ساڭا پەيغەمبىرىمىز يالغۇز قالغان ۋاقىتتا ئۆيگە دەۋەت قىلغىن، دېگەن ئىدىمغۇ؟- دەپ كايىدى. مەن:

- پەيغەمبىرىمىز مەندىن بۇرۇن ئېغىز ئېچىپ ‹داداڭ مېنى چاقىرىۋاتامدۇ؟› دېگەنىدى يالغان سۆزلىيەلمىدىم. ‹ھەئە، سىزنى چاقىرىۋاتىدۇ› دېدىم. باشقا ئامالىم بولمىدى،- دېدىم. دادام ئانامنى چاقىرىپ:

- ئى، ئۇممۇ سۇلەيم! پەيغەمبىرىمىز يېنىدىكىلەر بىلەن بىرگە بۇ



由 扫描全能王 扫描创建

يەرگە كېلىۋېتىپتۇ. ئۇلارنى مېھمان قىلغۇدەك بىر نەرسىمىز يوق، قانداق قىلىمىز؟- دەپ قايغۇلۇق ھالەتتە سورىدى، ئانام دادامغا:

- ئەندىشە قىلمىغىن! ئاللاھ ۋە پەيغەمبىرى ئەڭ ياخشىسىنى بىلىدۇ.- دېدى.

دادام چارىسىز ھالدا تەۋەككۇل قىلىپ پەيغەمبىرىمىزنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئىشىك ئالدىغا چىقتى. خىجىل بولغان ھالدا ئەپۇ سوراپ:

- ئى، رەسۇلۇللاھ! بىز يالغۇز سىزنىلا دەۋەت قىلىشنى ئويلىغان ئىدۇق.- دېدى. پەيغەمبىرىمىز:

- ئىچكىرىگە كىرىڭلار! ئاللاھ، تەييارلىغان تاماقىڭلار بىلەن ئۇلارنى تويغۇزىدۇ.- دېدى ۋە ھەممەيلەن ئۆيگە كىردى. ئانامنىڭ قولىدا ياغ قۇتىسى بولۇپ نانلارنى ياغلاۋاتاتتى. پەيغەمبىرىمىزنى كۆرۈپ ئىچكىرىگە تەكلىپ قىلغاچ، نانلارنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

- ھازىرلا پىشىدۇ.- دېدى. پەيغەمبىرىمىز:

- ياغ قۇتىسىنى ماڭا بەرگىن، مەن تېخىمۇ ئوبدان ياغلايمەن.- دېدى. پەيغەمبىرىمىز ياغ قۇتىسىنى ئېلىپ ناننىڭ ئۈستىگە سۈرتۈۋېتىپ: «مانا مۇنداق قىلىمىز!» دەپ ئانامغا ناننىڭ ئۈستىگە ياغنى قانداق سۈرىدىغانلىقنى ئۆگىتىپ قويدى. تاماقنىڭ بەرىكەتلىك بولۇشى ئۈچۈن دۇئا قىلغاچ ناننى ياغلاۋاتاتتى. ئاندىن پەيغەمبىرىمىز ئانام تەييارلىغان مۇنبەرنىڭ ئالدىغا بېرىپ دادامغا:

- سىرتتىكىلەرنى ئوندىن - ئوندىن ئىچكىرىگە ئالغىن!- دېدى. دادام سىرتتا ساقلاۋاتقانلارنى ئوندىن - ئوندىن ئۆيگە چاقىردى. پەيغەمبىرىمىز كىرگەنلەرگە:

- «بىسمىللاھ» دەپ يەڭلار!- دېدى. ساھابىلەر «بىسمىللاھ» دەپ يېيىشتى. قورساقلىرىنى تويغۇزۇپ سىرتقا چىقتى. ئەڭ ئاخىرىدا قالغان 10 كىشىمۇ قورسىقىنى تويغۇزغاندىن كېيىن ئېشىپ قالغان تاماقتىن ئەھلى بەيت ۋە قوشنىلارغىمۇ تەۋەتىلدى. ئۇ يەردە يەنە تېخى بىرگىمۇ



由 扫描全能王 扫描创建

بەنگۈدەك تاماق ئىچىپ قالغانىدى.»[264]

## بېخىللىقتىن ساقلىنىپ نىجاتلىققا ئېرىشكۈچىلەر

بىر كۈنى پەيغەمبىرىمىز ساھابىلەر بىلەن ئولتۇرۇۋاتاتتى. بىر ئادەم يېنىغا كېلىپ:

- ئى، رەسۇلۇللاھ! ئاچلىقتىن ئۆلىدىغاندەك قىلىمەن.- دېدى. پەيغەمبىرىمىز ساھابىلەردىن بىرىنى ئۆيىگە ئەۋەتىپ، يەيدىغان بىرەر نەرسىنىڭ بار - يوقلىقىنى سورىدى. ئاياللىرى:

- ئۆيدە سۇدىن باشقا ھېچقانداق يەيدىغان نەرسە يوق.- دەپ ئۇچۇر يوللىدى. پەيغەمبىرىمىز يېنىدىكىلەرگە:

- بۈگۈن بۇ كىشىنى ئۆيىدە مېھمان قىلغۇدەك بىرى يوقمۇ؟ ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن.- دېدى. ئەبۇ تەلھە ئورنىدىن تۇرۇپ:

- ئى، رەسۇلۇللاھ! مەن مېھمان قىلاي.- دېدى ۋە ئۇنى ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى. ئۆيىگە بارغاندىن كېيىن ئايالىدىن:

- بۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ مېھمىنى، ئۇنى تويغۇزالىغۇدەك ئۆيدە بىر نەرسىمىز بارمۇ؟- دەپ سورىدى. ئايالى:

- ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۆيدە بالىلارغا ئېلىپ قويغان تاماقتىن باشقا يېگۈدەك بىر نەرسە يوق. ئۇمۇ پەقەت مېھمىنىمىزغىلا يېتىدۇ.- دەپ جاۋاب بەردى. ئەبۇ تەلھە:

- ئۇنداق بولسا چىراغنى يېقىپ تاماقنى تەييارلىغىن، تاماق يەيدىغان ۋاقىتتا بالىلارنى ئۇخلاتقىن! داستىخانغا تاماقنى قويغاندىن كېيىن، قەستەن چىراغنى ئۆچۈرۈۋەتكىن. مېھمان تاماقنى يېيىشكە باشلىغاندا، بىزمۇ يەۋاتقاندەك ئولتۇرايلى. مېھمان يەپ قورسىقىنى تويغۇزسۇن.- دېدى.

تاماق ۋاقتى يېقىنلاشقاندا ئانىسى ئەنەس بىلەن قېرىندىشىنى ئۇخلاتتى. داستىخاننى سېلىپ خۇددى چىراغنى تېخىمۇ يورۇتماقچى

(264) تەبرانى، ئەلمۇئجەمۇل كەبىر، 25/106 – 116.



由 扫描全能王 扫描创建

بولغانـدەك ئۈرنىدىـن تـۇردى ۋە چىراغنـى يورۇتـاي دەپ ئۆچـۈرۈپ قويـدى. قاراڭغـۇدا تامـاق يېيىشـكە باشـلىدى. مېھمـان تامـاق يەۋاتاتتـى، ئەمما ئەبـۇ تەلھـە بىلـەن ئايالـى تامـاق يەۋاتقانـدەك قىلىـپ ئولتـۇردى. پۈتـۈن ئائىلىدىكىلـەر ئـاچ قورسـاق كېچىنـى ئۆتكـۈزدى.

ئەتىگـەن بولغانـدا ئەبـۇ تەلھـە مېھماننـى ئېلىـپ نامازغـا كەلـدى. پەيغەمبىرىمـز ئۇنـى خۇشـاللىق بىلـەن كۈتۈۋالـدى. چۈنكـى ئۇنـىڭ بـۇ ئەھۋالىدىـن ئاللاھ تائـالا ئىنتايىـن مەمنـۇن بولغـان بولـۇپ بـۇ ھەقتە مۇنـۇ ئايەتنـى ئايەتنـى نازىـل قىلغانـدى: «... ئـۇلار موھتـاج تۇرۇقلۇق مۇھاجىرلارنىـڭ مەنپەئەتىنـى ئۆزلىرىنىـڭ مەنپەئەتىدىـن ئـەلا بىلىـدۇ. ئـۆز نەپسىنىـڭ بېخىللىقىدىـن سـاقلانغانلار مەقسـەتكە ئېرىشـكۈچىلەردۇر.»(265)

ياخشى كۆرگەن نەرسىلىرىدىن خەير - ساخاۋەت قىلىش

ئەنەس بىـر - بىرىدىـن مەنىلىـك گـۈزەل ئەسـلىمىلەرگە سـەھنە بولغان بىـر ئۆيـدە ياشـايدىغان بولـۇپ، ئۇنـىڭ تەسـىرى ئاسـتىدا ياخشـى ئـادەم بولـۇپ يېتىلىۋاتاتتـى. ئـۇ مەزكـۇر ئەسـلىمىلىرىنىڭ بىرىنـى ھېكايە قىلىـپ مۇنـداق دەيـدۇ: «دادام ئەبـۇ تەلھـە مەدىنىنىـڭ بايلىرىدىـن بىـرى ئىـدى. ئۇنـىڭ ناھايىتـى ياخشـى كۆرىدىغان مېلـى: مەسـجىدى نەبـەۋى تەرەپتىكى ئېچىـدە قۇدۇقـى بولغـان بىـر يـەر ئىـدى. پەيغەمبىرىمـز پـات - پـات بـۇ يەرگە كېلىـپ قۇدۇقنىـڭ سـۈيىدىن ئىچەتتـى. «ياخشـى كۆرگـەن نەرسـەڭلاردىن سـەرپ قىلمىغۇچـە ھەرگىـز ياخشـىلىققا ئېرىشەلمەيسـىلەر...»(266) دېگـەن ئايـەت نازىـل بولغانـدىـن كېيىـن دادام پەيغەمبىرىمىزنىـڭ يېنىغا بېرىـپ:

- ئـى، رەسـۇلۇللاھ! ئاللاھ تائـالا: «ياخشـى كۆرگـەن نەرسـەڭلاردىن سـەرپ قىلمىغۇچـە، ھەرگىـز ياخشـىلىققا ئېرىشەلمەيسـىلەر.» دەيـدۇ. مېنىـڭ ياخشـى كۆرىدىغـان مېلىـم مۇشـۇ يـەردۇر. ئۇنـى ئاللاھ ئۈچـۈن سـەدىقە قىلىـپ بېرىمـەن. ئۇنىـڭ ئاللاھنىـڭ نەزىرىـدە بىـر ياخشـىلىق ھېسابلىنىشـىنى ئۈمىد

(265) ھەشر، 59/9؛ بۇخارى، مەناقىبۇل ئەنسار، 10؛ مۇسلىم، ئەشرىبە، 32؛ ئايىنى، ئۇمدەتۇل قارىئ، 11/510؛ سۇيۇتى، دۇررۇل مەنسۇر، 8/100.

(266) ئال ئىمران سۈرىسى، 92 - ئايەت.



由 扫描全能王 扫描创建

قىلسەن، ئۇنى خالىغىنىڭچە ئىشلەتكىن، - دېدى. پەيغەمبىرىمىز بۇ ئىشتىن ئىنتايىن مەمنۇن بولۇپ، ئۇنىڭغا:

- پاھ! مانا بۇ پايدا ئېلىپ كېلىدىغان مال. ئۇنى دوستلىرىڭغا تارقىتىپ بەرگىن! - دېدى. ئەبۇ تەلھە بۇ خوش - خەۋەرنى ئاڭلاپ:

- ئى، رەسۇلۇللاھ! خالىغىنىڭنى قىلغىن! - دېدى. پەيغەمبىرىمىز:

- ئۇنى تۇغقانلىرىڭغا بۆلۈپ بەرگىن! - دېدى. دادام پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئۇنى تۇغقانلىرى ۋە تاغىلىرىغا بۆلۈپ بەردى.»(267)

ئۇ يەنە بىر ئىشنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى دادام ۋە بىر توپ ساھابىلەر بىرلىكتە كېتىۋاتاتتۇق. مەرى - زەھرانغا كەلگەندە بىر توشقاننى ئۇچراتتۇق. ساھابىلەر توشقاننى تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن ئۇرۇنغان بولسىمۇ ھېچكىم تۇتالمىدى. مەنمۇ توشقاننى تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن تۇتۇش قىلدىم ۋە بىر ئازدىن كېيىن توشقاننى تۇتۇپ دادامنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدىم. دادام توشقاننى ئۆلتۈرۈپ پۇتلىرىنى پەيغەمبىرىمىزگە ئەۋەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەۋەتىلگەن ھەدىيەنى قوبۇل قىلىپ گۆشنى يېدى.»(268)

## گۈزەل ئەسلىمە

ھەر قانداق ئىنساننىڭ ھاياتىدا گۈزەل ئەسلىمىلىرى بولغىنىدەك ئەنەسنىڭمۇ ھاياتىدا ناھايىتى كۆپ گۈزەل ئەسلىمىلىرى بار ئىدى. شۈبھىسىزكى بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىملىرىنىڭ بىرى پەيغەمبىرىمىزگە بەيئەت قىلغان چاغ ئىدى. ئۇ ئېسىدىن چىقمايدىغان ئەشۇ ئىشنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى مەدىنىلىكلەر پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا ‹سىېنىڭ سۆزلىرىڭنى ئاڭلاپ ساڭا ئىتائەت قىلىمىز› دەپ بەيئەت قىلىشنى خالايدىغانلىقىمىزنى ئېيتتۇق. پەيغەمبىرىمىز بىز قوبۇل

(267) مۇسنەد، 3/141.

(268) بۇخارى، ھىبە، 5؛ مۇسنەد، 3/171.



由 扫描全能王 扫描创建

قىلالىغۇدەك دەرىجىدە چۇشەندۇرۇپ، مەسئۇلىيىتىمىزنى ئازايتتى.»[269]

ئۇنىڭ ئىسىدىن چىقمايدىغان گۈزەل ئەسلىمىلىرىنىڭ بىرى ياشلىق دەۋرىگە قەدەم قويغان چاغلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇ ھەقتە يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى ئەتىگەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئىھتىلام بولۇپ قالغانلىقىمنى بايقىدىم. بۇ ئەھۋالنى پەيغەمبىرىمىزگە ئېيتقاندىم، ماڭا: «بۇنىڭدىن كېيىن رۇخسەت ئالماي تۇرۇپ، ئاياللارنىڭ يېنىغا كىرمىگىن!- دېدى. ئۇ كۈندەك قىيىن بىر كۈننى باشتىن كەچۈرۈپ باقمىدىم.»[270]

بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك يەنە بىر ئىشنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «يۈگىنىشكە مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر نازىل بولۇۋاتقان ۋاقىتلار ئىدى. ھەر دائىمقىغا ئوخشاشلا پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئاياللىرىنىڭ يېنىغا بارماقچى بولغاندىم. پەيغەمبىرىمىز مېنى توسۇپ:

ئوغلۇم! بۇنىڭدىن كېيىن پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ كۆرۈشىسەن،- دېدى.»[271]

### قەيەردە شاپائەت تەلەپ قىلىمەن؟

شاپائەت ھەققىدىكى ھەدىسلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۇنىڭغا شاپائەت قىلىپ - قىلمايدىغانلىقىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئۇنىڭغا ئېرىشىش ئۈچۈن نېمە ئىشلارنى قىلىشىم لازىم دېگەن سوئالغا جاۋاب ئىزدەشكە باشلىدى. ئۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

پەيغەمبىرىمىزدىن قىيامەت كۈنى ماڭا شاپائەت قىلىشىنى تەلەپ قىلدىم. ئۇ ماڭا:

- ساڭا شاپائەت قىلىمەن،- دېدى. مەن:

- ئى، رەسۇلۇللاھ! سەندىن قەيەردە شاپائەت تەلەپ قىلىمەن؟- دەپ

(269) مۇسنەد، 3/120.

(270) ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 5/69.

(271) مۇسنەد، 3/133.



由 扫描全能王 扫描创建

سورىدىم. پەيغەمبىرىمىز:

- مېنى تۇنجى قىلىپ ئىزدەيدىغان يېرىڭ بولغان «سىرات» نىڭ ئۈستىدە تەلەپ قىلغىن!- دېدى. مەن:

- سىراتتا سەن بىلەن ئۇچرىشالمىسامچۇ؟- دېدىم. پەيغەمبىرىمىز:

- ئۇ ھالدا مىزاندا تەلەپ قىلغىن!- دېدى. مەن:

- مىزاندىمۇ سەن بىلەن ئۇچرىشالمىسامچۇ؟- دېدىم. پەيغەمبىرىمىز:

- ئۇنداقتا مېنى «كۆلچەك» تە ئىزدىگىن! مەن چوقۇم بۇ ئۈچ يەرنىڭ بىرىدە بولىمەن،- دېدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇ خوش-خەۋىرىدىن كېيىن، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ بىلەن جەننەتتە ئۇچرىشىشنى ‹ئى رەسۇلۇللاھ! مەن سېنىڭ كىچىك خىزمەتچىڭ› دېيىشنى ئۈمىد قىلىمەن.(272)

## ئۇنىڭ ئۈستىگە قانداق توپا تاشلىدىڭلار؟

ئەنەس ئىبنى مالىكنىڭ قەتئىي ئېسىدىن چىقمىغان ئەسلىمىلىرىدىن بىرى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋاپات بولغان كۈنى كۆرگەنلىرى ئىدى. ئۇ شۇ كۈنلەرنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبىرىمىز ئېغىر كېسەل ئىدى. فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا يېنىغا كىرىۋېتىپ ھوشىدىن كەتتى. ئۇ دادىسىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ:

- ۋاي ئازاب ئىچىدە قىينىلىۋاتقان دادام،- دەپ پەرياد قىلدى. پەيغەمبىرىمىز ھوشىغا كېلىپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ قىزىغا:

- ئى، قىزىم! بۇ كۈندىن كېيىن دادىڭ ئازاب چەكمەيدۇ. ئاللاھ بەلگىلىگەن ۋاقىت كەلگەندە ھېچكىم ئۇنى كېچىكتۈرەلمەيدىغان ئۆلۈم كەلدى،- دېگەندىن كېيىن يەنە ھوشىدىن كەتتى. بىر ئاز ئۆتكەندىن كېيىن يەنە بىرى كەلدى:

- ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! ئىچكىرىگە كىرسەم بولامدۇ؟- دەپ سورىدى.

(272) ئىبنى مەنزۇر، 5/70.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىدىكى كىشىلەر كەلگەن كىشىنى تونۇمىغانلىقى ئۈچۈن:

- پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋاقتى ئۇيغۇن ئەمەس، ھازىر قايتىپ كېتىپ كېيىن كەلگىن،- دېيىشتى. پەيغەمبىرىمىز ئۇيغاندى ۋە بېشىدا تۇرغانلارغا قاراپ:

- كىمنى كەتكۈزۈۋەتتىڭلار؟ رەببىمنىڭ ئەلچىسىنىمۇ؟ ئەي پەرىشتە ئىچكىرىگە كەلگىن!- دېدى. پەرىشتە:

- رۇخسەت ئالماي تۇرۇپ كىرمەسلىكىم بۇيرۇلغانىدى،- دېدى. پەيغەمبىرىمىز:

- نېمە ئۈچۈن كەلدىڭ؟- دەپ سورىدى. پەرىشتە:

- روھىڭنى ئېلىش ئۈچۈن كەلدىم،- دېدى. پەيغەمبىرىمىز:

- ئى، ئۆلۈم پەرىشتىسى! روھىمنى ئېلىش ئۈچۈن كەلدىڭمۇ؟ قەدىرلىك دوستۇمنى كۆرمەي تۇرۇپ ئالامسەن؟ قەدىرلىكىم جىبرىئىلنى كۆرگەنگە قەدەر ساقلاپ تۇرالامسەن؟- دەپ سورىدى. پەرىشتە:

- ئەلۋەتتە بولىدۇ، بۇ سېنىڭ ھەققىڭ،- دېدى.

ئۆلۈم پەرىشتىسى سىرتقا چىقىپ جىبرىئىل بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. جىبرىئىل ئۇنىڭدىن:

- ئى، ئۆلۈم پەرىشتىسى! نەگە كېتىۋاتىسەن؟- دەپ سورىدى. پەرىشتە:

- سەن بىلەن كۆرۈشۈپ بولغۇچە جېنىنى ئالماسلىقىمنى تەلەپ قىلدى،- دېدى. جىبرىئىل ئۇنىڭغا:

- ئى، ئۆلۈم پەرىشتىسى! پۈتۈن ئاسماننىڭ ئىشىكلىرىنى ئېچىپ مۇھەممەدنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ساقلاۋاتقانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ پەرىشتىلەرنىڭ چۈشۈپ مۇھەممەدنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن ساقلاۋاتقانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟- دېدى. پەرىشتە:



由 扫描全能王 扫描创建

ـ ئۇنداق بولسا بىرلىكتە بارايلى،ـ دېدى. ئۇلار بىرلىكتە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھۇزۇرى سائادىتىگە كىرىپ سالام بەرگەندىن كېيىن، جىبرىئىل:

ـ ئى، مۇھەممەد! ئۇلۇغ ئاللاھ سېنى سېغىندى،ـ دېدى.

ئاللاھ تەرەپ تېخىمۇ ياخشى ۋە مەڭگۈلۈكتۇر. ئى، ئۇلۇم پەرىشتىسى! قېنى بۇيرۇلغان ئىشنى قىلغىن! روھىمنى ئالغىن!ـ دېدى.(273)

پەيغەمبىرىمىز دەپنە قىلىنغاندىن كېيىن، فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

ـ ئى، ئەلى! ئى، ئەنەس! ئۇنىڭ ئۈستىگە قانداقمۇ تۇپراق تاشلىيالىدىڭلار؟ ئۇنىڭ ئۈستىنى يۆگەشكە كۆڭلۈڭلار قانداق رازى بولدى؟ـ دەپ يىغان چەكتى.(274)

فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان ئەنەس ئىبنى مالىكنىڭ يۈرەكلىرى پارچىلاندى. كۆزلىرىدىن تاراملاپ ئاققان ياشلار، مەڭزىدىن سىرغىپ پەسكە چۈشۈۋاتاتتى.

## ئەھلى بەيت مەدرىسىسىنىڭ تاللانغان ئوقۇغۇچىسى

ئەھلى بەيت مەدرىسىسى، ياشاش شەكلىمىز ۋە چۈشەنچىمىزنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى سەل قارىلىپ كەلگەن تەربىيەلەش رولىنى ئوينايدىغان بىر مەكتەپ ئىدى. خىزمەت ۋە تەربىيە ئاساس قىلىنغان بۇ مەكتەپ ھاياتنىڭ نەق ئۆزى ئىدى، تۇرمۇش مەكتىپى ياكى ئاتا ـ ئانا مەكتىپىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان چەك ـ چېگراسى ناھايىتى كەڭ بىر مەكتەپ ئىدى.

تۇنجى بۇيرۇقى «ئوقۇ» بولغان بىر دىنىنىڭ پەيغەمبىرى بولغان رەسۇلۇللاھ ئوقۇش ۋە يېزىشتىن تامامەن يىراق بىر جەمئىيەتتە تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن مائارىپ سەپەرۋەرلىكىنى باشلىغان بولۇپ، ئۇ پۈتۈن

(273) ئىبنى سەئد، تەباقات، 2/259؛ بەلازۇرى، ئەنسابۇل ئەشراف، 1/565.
(274) زەھەبى، سىيەر، 4467.

ئورۇنلارنى مەكتەپ، پۈتۈن ۋاقتىنى تەربىيە ۋاقتى، ھەممە ياشتىكى كىشىلەرنى ئوقۇغۇچى ياكى ئوقۇتقۇچى قىلدى.

ساھابىلەر يالغۇز تۇنجى ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتى بولغان سۇففەدىلا ئەمەس، بەلكى مەسچىتلەردە كوچىلاردا، ئورۇشقا كېتىۋاتقان پەيتلەردە تۆگىلەرنىڭ ئۈستىدە داۋاملىق ئۆگەندى ۋە ئۆگەتتى.

پۈتۈن ساھابىلەر ئىلىمگە ئاشىق بولغانىدى. ھەر كىم بىر كەلىمە بولسىمۇ ئۆگىنىش ئۈچۈن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئوخشاش قوشنىسى بىلەن نۆۋەتلىشىپ پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا يۈگۈرەيتتى. ئۇقبە ئىبنى ئامىرغا ئوخشاش بەزىلىرى تاغدا مال بېقىۋاتقان دوستلىرى بىلەن نۆۋەتلىشىپ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا بېرىپ ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ يېتەرلىك بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ، قويلىرىنى تاشلاپ ئىلىم ئۆگىنىش ئۈچۈن چاپاتتى.

ئۇلار ئۆگىنىش يولى ئالدىدىكى ياش، زامان، ماكان ۋە جىنسىيەتكە ئوخشاش پۈتۈن توسۇقلارنى ئېلىپ تاشلىغانىدى. بەش ياشتىكى بىر بالا بىلەن 80 ياشتىكى ئايال ساھابىمۇ ئۆزىنى ئوقۇغۇچى كۆرۈپ، پەيغەمبىرىمىزدىن بىر جۈملە بولسىمۇ ئۆگىنىش ئۈچۈن مۇسابىقىلىشەتتى.

ئەنەس ئىبنى مالىك بۇ مەكتەپنىڭ مەركىزىدە يېتىشىپ چىققان، كۆزگە كۆرۈنگەن ئوقۇغۇچىلاردىن بىرى ئىدى. ساھابىلەر نۆۋەتلىشىپ كېلەلەيدىغان بولسىمۇ، ئۇ داۋاملىق پەيغەمبىرىمىزنىڭ تۇرۇپ ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلغاچ ئىلىم- ئىرپان ئۆگىنىش پۇرسىتىدىن بەھرىمان بولۇۋاتاتتى.

ھاياتىنى، ئىلمىنى ۋە خىزمىتىنى بامدات نامىزىدىن بۇرۇن باشلايتتى. دادىسى بىلەن بىللە مەسجىدى نەبەۋىگە كېلىپ، بەزىدە ئەسىر نامىزىغىچە بەزىدە شام نامىزىغىچە ئۇ يەردە قالاتتى. ھەتتا بەزى كېچىلىرى ئۆيىگىمۇ كەتمەي مەسچىتتە قونۇپ قالاتتى.

ئەنەس ئىبنى مالىك بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبىرىمىز

ئەسر نامىزىنى ئوقۇتقان ۋاقىتتا قۇياش پارلاق بولاتتى. ناماز ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ يەردىن ئايرىلىپ شەھەرنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئائىلەمنىڭ ۋە قەبىلەمنىڭ يېنىغا بىرىپ:

- پەيغەمبىرىمىز ناماز ئوقۇدى، سىلەرمۇ ناماز ئوقۇڭلار، - دەيتتىم.»(275)

يەنە بىر قېتىم پەيغەمبىرىمىز بىلەن بىللە شام نامىزىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، سەلەمە ئوغۇللىرىنىڭ يېنىغا بارغان ۋاقتىمىزدا ئوق ئېتىلغان يەرنى كۆردۇق.

بىر كۈنى كېچىسى بىر قىسىم ساھابىلەر بىلەن بىرگە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھۇجرىسىدا ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆردۇق. بىزمۇ مەسجىدى نەبەۋىدە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ناماز ئوقۇدۇق. پەيغەمبىرىمىز نامىزىنى ئۇزارتماي، نامازدىن كېيىن ئۆيىگە كەتتى. كېيىن ھەممەيلەن بىر - بىرلەپ ئۆيىدىن چىقىپ ناماز ئوقۇدى. تاڭ ئاتقاندا ساھابىلەر:

- ئى، رەسۇلۇللاھ! كېچىدىن ئوقۇغان نامىزىڭنى ئۇزۇن ئوقۇيدۇ، دەپ ئويلىغان ئىدۇق،- دېيىشتى. پەيغەمبىرىمىز:

- سىلەرنىڭ ئۇ يەردە ئىكەنلىكىڭلارنى بىلەتتىم. شۇنىڭ ئۈچۈن قەستەن نامازنى ئۇزاتمىدىم،- دېدى.(276)

ئەنەس ئىبنى مالىك باشقىلارنىڭ پەيغەمبىرىمىزنىڭ كېچىدە ئوقۇيدىغان نامىزى ھەققىدىكى سوئاللىرىغا: ئۇنى ناماز ئوقۇۋاتقان ۋاقىتتا كۆرۈشنى ئارزۇ قىلساق ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرەتتۇق، ياتقان ھالدا كۆرۈشنى خالىساق يېتىۋاتقان ھالەتتە كۆرەتتۇق،- دەپ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ كېچىدە ئوقۇيدىغان نامىزىنى ئىخچام ۋە چۈشىنىشلىك قىلىپ ئېيتىپ بەرەتتى. بۇ سۆزلىرىدىن ئۇنىڭ كۆپلىگەن كېچىلەرنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىدا ئويغاق ھالەتتە ئۆتكۈزگەنلىكىنى روشەن ھالدا كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئەنەس ئۇرۇشقا، ھەجگە بارغان ۋاقىتتا ياكى مەدىنىدە پەيغەمبىرىمىزنى

(275) مۇسنەد، 3/184.
(276) مۇسنەد، 3/103.



由 扫描全能王 扫描创建

قەدەممۇ قەدەم ناھايىتى دىققەت بىلەن كۆزىتەتتى. قەيەردە نېمە ئىشلارنى قىلىدىغانلىقىنى ئۆگىنىۋېلىپ، ئۇلارنى مەھكەم ئېسىدە تۇتۇپ، ۋاقتى كەلگەندە كىشىلەرگە سۆزلەپ بېرەتتى. بىرىنىڭ ھەجنىڭ ۋاقتىغا مۇناسىۋەتلىك «پەيغەمبىرىمىز تەرۋىيە كۈنى يەنى ھارپا كۈنىنىڭ ئالدىنقى كۈنى پېشىن نامىزىنى قەيەردە ئوقۇدى؟» دېگەن سوئالىغا:

- مىنادا، - دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ ئادەم:

- نەفىر - يەنى ھاجىلار مىنادىن مەككىگە قايتىدىغان - كۈنى ئەسىر نامىزىنى قەيەردە ئوقۇدى؟ - دەپ سورىۋىدى ئەنەس:

- ئەبتاھدا، - دەپ جاۋاب بەردى.

ئەنەس ئىبنى مالىك ناھايىتى زېرەك بولغانلىقىدىن سوئال سورىغۇچىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئېنىق قىلىپ:

- رەھبەرلىرىڭ قانداق قىلسا، سەنمۇ شۇنداق قىلغىن، - دېدى.[277]

ئەنەس ئىبنى مالىك كۈنلىرىنى ھەرگىزمۇ بىكار ئۆتكۈزمەيدىغان بولۇپ، پەيغەمبىرىمىزدىن ئاڭلىغانلىرى، كۆرگەنلىرى، ئۇنىڭ بىلەن بىللە چېغىدا يۈز بەرگەن ئىشلار، ئۇنىڭدىن سوراپ ئۆگەنگەنلىرى ئارقىلىق ناھايىتى مۇكەممەل تەربىيەلىنىپ، ئىلىم - ئېرپان دەرياسىدا ناھايىتى كاتتا ئالىم بولۇپ يېتىشىپ چىقتى. بۇلارنى روياپقا چىقىرىش جەريانىدا «ئۆگىنىشنىڭ تۈنجى قورالىنىڭ سوئال سوراش» ئىكەنلىكىگە سەل قارىمىدى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى پەيغەمبىرىمىز: «بىر مۇسۇلمان بىر كېسەل كىشىنى ئۆرە تۇرۇپ بولسىمۇ يوقلىسا، رەھمەتكە ئېرىشكەن بولىدۇ. كېسەلنىڭ يېنىدا ئولتۇرغاندا، رەھمەت بىلەن ئورالغان بولىدۇ» - دېگەنىدى. مەن:

- كېسەلنى يوقلىغان كىشىنىڭ ئەھۋالى مۇشۇنداق بولسا، ئۇنداقتا كېسەل ئۈچۈن قانداق ساۋاب بار؟ - دەپ سورىسام، پەيغەمبىرىمىز:

(277) مۇسنەد، 3/100.

- كېسەلنىڭ گۇناھلىرى تۆكۈلىدۇ،- دېدى.»(278)

## ئىنسان ياخشى كۆرگەن كىشىسى بىلەن بىللە بولىدۇ

ئەنەس ئىبنى مالىك بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبىرىمىزدىن سورىيالمىغان بەزى سوئاللارنى، باشقا يەردىن كەلگەن بىرىنىڭ سورىشىدىن خۇشال بولىدۇق. بىر كۈنى دالىدىن بىرى مەدىنىگە كېلىپ پەيغەمبىرىمىزدىن:

- ئى، رەسۇلۇللاھ! قىيامەت قاچان بولىدۇ؟- دەپ سورىدى. پەيغەمبىرىمىز ناماز ئوقۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن جاۋاب بەرمىدى. نامازنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن:

- بىر ئاز بۇرۇن قىيامەت توغرىسىدا سوئال سورىغان كىشى قەيەردە؟- دېدى. ئۇ كىشى:

- مانا مەن، ئى، رەسۇلۇللاھ!- دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبىرىمىز:

- ئۇنىڭ ئۈچۈن نېمىلەرنى تەييارلىدىڭ؟- دەپ سورىدى.

- نە كۆپ روزا تۇتۇپ، نە كۆپ ناماز ئوقۇپ، نە كۆپ ئەمەل قىلىپ تەييارلىق قىلمىدىم، ئەمما ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھنى ياخشى كۆرىمەن،- دېدى. پەيغەمبىرىمىز:

- ئىنسان ياخشى كۆرگەن كىشىسى بىلەن بىللە بولىدۇ،- دېدى. ئۇ ئادەم:

- ئى، رەسۇلۇللاھ! بىزمۇ شۇنداقمۇ؟- دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبىرىمىز ‹ھەئە› دەپ جاۋاب بەردى.

مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلامغا كىرگەندىن بۇيان ھېچقانداق نەرسىگە پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇ سۆزىگە سۆيۈنگەندەك سۆيۈنگەنلىكىنى كۆرمىدىم. مەن ئاللاھنى، رەسۇلۇللاھنى، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى سۆيىمەن. ئۇلارغا ئوخشاش ئەمەل قىلالمىغان بولساممۇ،

(278) تۇنىسەد، 3/178.

قىيامەت كۈنى ئۇلار بىلەن بىللە بولۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.[279]

## ھاياتىدا ئەكس ئەتكەن ئىشلار

ئەنەس ھاياتىدىكى پۈتۈن ئىشلىرىدا پەيغەمبىرىمىزنى ئۈلگە قىلغان بولۇپ، ئۈلگە قىلغان تۇنجى ئىشى ناماز ئىدى. ئەبۇ ھۇرەيرە ۋە باشقا ساھابىلەر بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: « ئۇممۇ سۇلەيمىنىڭ ئوغلى ئەنەس ئىبنى مالىكتىن باشقا ناماز ئوقۇشتا پەيغەمبىرىمىزگە ئوخشايدىغان بىرىنى كۆرمىدىم.»

ئىبنى سىرىن: «سەپەردە بولسۇن ياكى تىنچلىق مەزگىلىدە بولسۇن، كىشىلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ گۈزەل ناماز ئوقۇيدىغىنى ئەنەس ئىدى.»

زوھرى: شامدا تۇرۇۋاتقان ۋاقتىمىزدا ئەنەس ئىبنى مالىكنىڭ يېنىغا باردىم. كۆز ياشلىرىنى تۇتالماي يىغلاۋاتاتتى.

- نىمە ئۈچۈن يىغلايسەن؟- دەپ سورىسام، ئەنەس ‹پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋە ساھابىلەرنىڭ بۇنداق ناماز ئوقۇغانلىقىنى كۆرمىگەنىدىم. ئۇنى زايە قىلىۋەتتىڭلار، ئۇنىڭغا قىلغۇلۇقنى قىلدىڭلار› دېدى.[280]

سۇمامە ئىبنى ئۇسال: «ئەنەس ناماز ئوقۇغان ۋاقتىدا پۇتلىرى قاناپ كەتكۈچە قىيامدا تۇراتتى.» دەيدۇ.[281]

پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەنەسكە ياخشى مۇئامىلە قىلغىنىدەك، ئەنەس ئىبنى مالىكمۇ باللارغا ياخشى مۇئامىلە قىلاتتى.

سەلامە ئىبنى ۋەردان مۇنداق دەيدۇ: يولدا كېتىۋېتىپ ئەنەس ئىبنى مالىكنى ئۇچراتتىم. ئۇ كىشىلەر بىلەن سالاملىشىۋاتاتتى. يېنىغا بارسام، مېنىڭ كىم ئىكەنلىكىمنى سورىدى.

- مەن لەيس ئوغۇللىرىنىڭ خوجايىنى،- دېدىم. ئۈچ قېتىم بېشىمغا

(279) بۇخارى، ئەدەب، 95؛ مۇسلىم، بىر، 163؛ مۇسنەد، 3/104، 168.

(280) ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 5/70.

(281) ئىبنى مەنزۇر، 5/70.

سۆيگەندىن كېيىن ماڭا:

- ئاللاھ مۇبارەك قىلسۇن!- دەپ دۇئا قىلدى.(282)

يولدا كېتىۋېتىپ ئۇچرىغان باللارغا سالام بېرەتتى. نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلىدىغانلىقىنى سورىغانلارغا:

- پەيغەمبىرىمىز بىلەن كېتىۋاتقاندا باللار ئۇچراپ قالسا، ئۇلارغا سالام بېرەتتى،- دېدى.(283)

قۇرئان كەرىمنى خەتمە قىلىشتىن ئىلگىرى يەنى، ئەڭ ئاخىرقى ئايەتكە كەلگەندە خوتۇن - باللىرىنى ۋە پۈتۈن ئۆيدىكىلەرنى يېنىغا چاقىرىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا خەتمە قىلىپ، ئۇلارغا دۇئا قىلاتتى.(284)

ئەنەس ئىبنى مالىك ناھايىتى ياخشى بىر مەرگەن بولۇپ، ئوق ئېتىش تەجرىبىلىرىنى باللىرىغىمۇ ئۆگەتكەندى. ئۇ ياشىنىپ قالغان ۋاقىتلىرىدىمۇ بۇ ئادىتىنى تاشلىمىغانىدى. باللىرىنى ئەتراپىغا يىغىپ، ئۆزىگە بىر ئورۇندۇق ئېلىپ كېلىشنى ئېيتىپ، ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ئۇلارغا ئوق ئېتىشنى ئۆگىتەتتى ۋە ئۆگىنىشكە رىغبەتلەندۈرەتتى. بىر كۈنى باللىرى ئوق ئېتىپ تەككۈزەلمىگەندە ئۇلارغا چاقچاق قىلىپ:

- بۇ قانداق ئېتىش؟- دېدى ۋە ئوقنى ئېلىپ بىر قانچە تال ئاتتى-دە، ھەممىسىنى نىشانغا تەگكۈزدى.(285)

ئوقۇغۇچىلىرىنى ئىلىم ئۆگىنىشكە رىغبەتلەندۈرۈپ «باللىرىم مەندىن ھەدىس ئۆگىنىڭلار! مەن بۇنى پەيغەمبىرىمىزدىن، پەيغەمبىرىمىز ئاللاھتىن ئالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھېچكىم مەندىن ئىشەنچلىك ئەمەس» دەيتتى.

ئۇلارغا تېخىمۇ ياخشى ئۆگىنىش مېتودلىرىنى ئۆگىتىپ «باللىرىم، ئۆگەنگەنلىرىڭلارنى يېزىپ قالدۇرۇڭلار» دەيتتى. ئۆزىمۇ ھەدىسلەرنى

(282) بۇخارى، ئەدەبۇل مۇفرەد، 966.

(283) مۇسلىم، سالام، 14؛ مۇسنەد، 3/131، بۇخارى، ئەدەبۇل مۇفرەد، 1043.

(284) تەبەرانى، ئەلمۇئجەمۇل كەبىر، 1/242. ئىبنى جەۋزى، سىفاتۇسسەفۋە، 258.

(285) تەبەرانى، 1/243، ئەبۇ نۇئەيم، مەرىفەتۇسساھابە، 226.

يازغانىدى. شۇنچىلىك ئەستايىدىل بولۇشىغا قارىماي، بىرى ئۇنىڭ كۆپ ھەدىس رىۋايەت قىلغانلىقىنى ئېيتسا، دەرھال يازغان ھەدىسلىرىنى چىقىرىپ، ئۇلارغا كۆرسىتىپ:

- مانا پۈتۈن بۇ ھەدىسلەرنى پەيغەمبىرىمىزدىن ئاڭلىغان ئىدىم.- دەيتتى.

ئوقۇغۇچىلىرىنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ، بەزىدە ئۇزۇنغىچە ئۇلارغا قاراپ تۇرۇپ كېتەتتى ۋە <ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بۇ يەردە بولغان ۋاقىتلاردا مەن ئۇچۇن ئۆز بالىلىرىمدىنمۇ قىممەتلىكسىلەر. سىلەرنى ۋە سىلەرگە ئوخشاش ياخشى بالىلارنى ئۆز بالىلىرىمدىنمۇ بەك ياخشى كۆرىمەن> دەيتتى.

ھەدىس رىۋايەت قىلىشتا ناھايىتى ئەستايىدىل ئىدى. ھەدىس رىۋايەت قىلغاندا ناھايىتى ئېھتىيات قىلاتتى. بالىلىرى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ھەدىس رىۋايەت قىلغانلىقىنى كۆرۈپ، دادىسىغا:

- مەدىنىنىڭ سىرتىدىن كەلگەن كىشىلەر ۋە مۇساپىرلارغا ئوخشاش سەنمۇ بىزگە ھەدىس رىۋايەت قىلساڭ بولمامدۇ؟- دېگەندە ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- ئوغلۇم! ھەدىسنى كۆپ رىۋايەت قىلغان كىشى خاتالىقنى كۆپ سادىر قىلغان كىشى بولىدۇ.- دېدى.[286]

ئوقۇغۇچىلىرىمۇ ئۇنىڭ ئاز ھەدىس رىۋايەت قىلغىنىدىن شىكايەت قىلاتتى، ئەمما ئەنەس ئۇلارغا:

- خاتا سۆزلەپ قويۇشتىن قورقىمىسام، پەيغەمبىرىمىزدىن ئاڭلىغان ھەممە نەرسىنى سىلەرگە سۆزلەپ بېرەتتىم. پەقەت ئۇنىڭ: «كىمكى بىلىپ تۇرۇپ ماڭا يالغاننى ئارتىپ قويسا، جەھەننەمدىكى ئورنىغا ھازىر بولسۇن.» دېگەن سۆزىدىن كېيىن، ئاڭلىغان ھەر قانداق نەرسىنى

(286) ئىبنى سەئد، تەباقات، 7/22؛ ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 5/71.



由 扫描全能王 扫描创建

ئېيتمايدىغان بولدۇم، - دەيتتى.[287]

ئەنەس ئىبنى مالىك ئوقۇغۇچىلىرىغا «قىرائەت ئىلمى» نى ئۆگىتەتتى، ئۇلارنىڭ قىرائەتلىرىگە قۇلاق سالاتتى، ئەڭ ئاددىي نۇقتىلارغىچە دىققەت قىلاتتى. بىر كۈنى زىياد ئەننەمىرى ئىسىملىك بىر ئوقۇغۇچىسى قۇرئان كەرىمنى ئېلىپ ئەنەس ئىبنى مالىكنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇ يەردىكىلەردىن بىرى <ئوقۇغىن!> دېدى. زىياد يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ئوقۇشقا باشلىدى. ئەنەس ئىبنى مالىك ئادەتتە يۈزىنى يۆگەيتتى. ياقتۇرمايدىغان بىرەر ئىشنى كۆرگەندە يۈزىنى ئېچىپ مۇداخىلە قىلاتتى. زىيادنىڭ يۇقىرى ئاۋازدا ئوقۇشىنى ياقتۇرمىغانلىقى ئۈچۈن يۈزىنى ئېچىپ <بۇ نېمە؟ ئۇلار بۇنداق ئوقۇمايتتى؟> دېدى.[288]

## خەلىپىلەرنىڭ خىزمىتىدە

پەيغەمبىرىمىز ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، يېڭىدىن مۇسۇلمان بولغان بىر قانچە ئەرەب قەبىلىسى يالغان پەيغەمبەر ۋە مۇناپىقلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئىسلام دۆلىتىنىڭ ھەر تەرىپىدە پىتنە - پاسات تارقىتىشقا باشلىدى. مۇسۇلمانلار بىر تەرەپتىن دۇنيانىڭ ئەڭ چوڭ دۆلىتىگە قارشى ئۇرۇش قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن يالغانچى پەيغەمبەرلەر ۋە مۇناپىقلارغا قارشى ئۇرۇش قىلاتتى. ئۇ ناھايىتى سەزگۈر بىر دەۋر ئىدى. پۈتۈن ساھابىلەر چىققان پىتنە - پاساتلارغا قارشى بىر تەن - بىر گەۋدە بولۇشقانىدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ساھابىلەرنىڭ چوڭلىرىدىن قابىلىيەتلىك كىشىلەرنى مەككە، يەمەن ۋە باشقا يەرلەرگە ئەۋەتىپ، ئۇ يەردىكى ساھابىلەردىن ياردەم تەلەپ قىلدى.

ئەنەس تېخى ياش بولسىمۇ، مۇشۇنداق ئىنتايىن سەزگۈر بىر پەيتتە ناھايىتى سەزگۈر بىر ۋەزىپىگە ئەۋەتىلدى. ئەنەس ئىبنى مالىك

(287) زەھەبى، سىيەر، 1125.
(288) ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 5/73.



由 扫描全能王 扫描创建

شۇ كۈنلەرگە ئائىت ئەسلىمىلىرى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مەكتۇپىنى ئېلىپ يولغا چىقىپ، ئۇزۇن سەپەردىن كېيىن يەمەنگە يېتىپ كەلدىم. پۈتۈن قەبىلىلەرنى بىرمۇبىر ئايلىنىپ چىقىپ، بارلىق كىشىلەرگە خەلىپىنىڭ مەكتۇپىنى ئوقۇپ بەردىم. ئۇچرىشىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، يۇرتنىڭ كاتتىلىرىنى بىر يەرگە يىغىپ:

‹ئاللاھتىن باشقا ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا، مۇھەممەدنىڭ ئۇنىڭ قۇلى ۋە ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە قەسەم قىلىمەن.

بىلىڭلاركى، مەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ خەلىپىسىنىڭ ۋە مۆمىنلەرنىڭ ئەلچىسى. دۈشمەنگە قارشى ھۇجۇم قىلىش ئالدىدا تۇرغان بىر قوشۇننى تاشلاپ قويۇپ كەلدىم. ئۇلار سىلەرنى كۈتۈۋاتىدۇ. قېرىنداشلىرىڭلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن تەييارلىنىڭلار! ئى، مۇسۇلمانلار! ئاللاھنىڭ رەھمىتى سىلەر بىلەن بىللە بولسۇن!- دېدىم.

ئۇلار مېنى ناھايىتى ياخشى كۈتۈۋالدى ۋە ‹دەرھال تەييارلىنىپ قېرىنداشلىرىمىزغا ياردەمگە بارايلى!› دېيىشتى. بىز بىرلىكتە يولغا چىقتۇق. يەمەننىڭ كاتتىلىرىدىن زىكىلانىڭ يېنىغا بېرىپ ئەھۋالنى ئېيتىپ، ئۇنىڭدىنمۇ ياردەم تەلەپ قىلدۇق. زىكىلا بىزنى ياخشى كۈتۈۋالدى ۋە قەبىلىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ياردەم قىلىشقا تەشۋىق قىلدى. قەبىلىسى ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ خەلىپىگە ياردەم قىلىش ئۈچۈن مەدىنىگە كەلدى. يەمەنلىكلەرنىڭ ياردەمگە كېلىشى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئىنتايىن خۇشال قىلدى. ئۇ يېنىدىكىلەرگە قاراپ:

- ئى، مۇسۇلمانلار خۇشخەۋەر! ياردەم كەلدى،- دەپ خۇشاللىقىنى ئىپادىلىدى.»(289)

ئەنەس ئىبنى مالىك يەمەندىن قايتىپ كېلىپ بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا يەنە بىر ۋەزىپە تاپشۇرۇپ

(289) ئىبنى مەنزۇر، 8/240.



由 扫描全能王 扫描创建

دەيارلانغىن! سېنى زاكات توپلاش ئۈچۈن بەھرەيىنگە ئەۋەتمەن» دېدى. ئەمما ياش بىرىنىڭ بۇ قىيىن كۆنلەردە، بۇنداق ئېغىر ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىشىدىن بىر ئاز ئەندىشە قىلاتتى. دەل شۇ ۋاقىتتا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپىنىڭ يېنىغا كەلدى. خەلىپە ئۇنىڭغا:

- ئەنەسنى بەھرەيىنگە ئەۋەتىشنى خالايمەن، ئەمما ئۇ تېخى ياش،- دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپىگە:

- ئۇ، ئوقۇش - يېزىشنى بىلىدىغان ئەقىللىق بىر يىگىت. ئەندىشە قىلماي ئەۋەتسەڭ بولىدۇ،- دەپ ئۇنى تەۋسىيە قىلدى.

ئەنەس ئىبنى مالىك بەھرەيىنگە بېرىپ ۋەزىپىسىنى ناھايىتى ياخشى ئورۇندىدى. توپلانغان زاكاتنى ئېلىپ مەدىنىگە قايتىپ كەلگەن ۋاقىتتا ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋاپات بولغانىدى. توپتوغرا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا بېرىپ:

ئى مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى! قولۇڭنى ئۇزاتقىن! پەيغەمبىرىمىزگە قولاق سېلىش ۋە ئىتائەت قىلىش ئۈچۈن بەيئەت قىلغىنىمغا ئوخشاش ساڭىمۇ بەيئەت قىلاي،- دەپ ئۇنىڭغا بەيئەت قىلدى. ئاندىن زاكات ماللارنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى.(290)

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى - ھازىرقى كۆندىكى پارلامېنت ئەزاسىغا تەڭ كېلىدىغان - كېڭەش مەجلىسىنىڭ ئەزالىقىغا تاللىدى.

ئەنەس قېرىندىشى بەرا بىلەن خۇددى قوشماقلاردەك ناھايىتى كۆپ ئۇرۇشلارغا قاتنىشىپ، قەھرىمانلىق كۆرسەتتى. ئەبۇ مۇسا ئەلئەشئەرى بىلەن بەسرەگە بېرىپ ئۇ يەرگە يەرلەشتى. قىرىق كۈنلۈك بەسرەگە ۋالىي بولۇشىنى ھېسابقا ئالمىغاندا سىياسەت ۋە باشلىقلىقتىن يىراق تۇرۇپ، ئەتراپىنى قورشىۋالغان ئوقۇغۇچىلىرىغا ئىلىم - ئېرپان ئۆگەتتى. بەسرە مەدىنە مەدرىسىسىنىڭ يېتەكچىلىرىدىن بىرىگە ئايلاندى.

(290) ئىبنى سەئد، تەبەقات، 7/21؛ زەھەبى، سىيەر، 1125.



由 扫描全能王 扫描创建

## بەسرە ھەدىس مەدرىسسىنىڭ ئاساسچىسى

ئەنەس ئىبنى مالىك فىقھى، تەپسىر، قىرائەت ئىلىملىرىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان بولۇپ، پەيغەمبىرىمىزگە بولغان يېقىنلىقى سەۋەبىدىن ھەدىس ئىلمىدە ھەممىدىن ئۈستۈن ئىدى. ئەڭ كۆپ ھەدىس رىۋايەت قىلغان ساھابىلەرنىڭ ئۈچىنچىسى بولۇپ، جەمئىي 2683 ھەدىس رىۋايەت قىلدى.

بەسرەگە ئورۇنلاشقاندىن كېيىن ئوغۇللىرى ۋە نەۋرىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يۈزلەرچە ئوقۇغۇچىنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈردى. ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدا ھەسەن بەسرى، سۇلايمان ئەتتەيمى، سابىت ئەلبۇنانى، ئىبنى سىرىن قېرىنداشلار، سەئىد ئىبنى جۇبەيىر، قەتادە، زۇھرىگە ئوخشاش ئىسلام دىنىي ئىلىملىرى ساھەسىدە مۇھىم خىزمەتلەرنى قىلغان تابىئىنلارنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى كىشىلىرىمۇ بار ئىدى.

ئەنەس، ھەم ئۆگىتىش ھەم ئۆگىنىشكە سەل قارىمىغان بىر كىشى بولۇپ، يېشىنىڭ چوڭىيىپ قالغىنىغا قارىماي، بىر ھەدىسنى ئاڭلىغاندىن كېيىن شۇ ۋەقەنىڭ ئىچىدىن ئورۇن ئالغان ساھابىدىن بىۋاستە ئاڭلاش ئۈچۈن بەسرەدىن مەدىنىگە بارغانىدى.

ئەنەس ئىبنى مالىك بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىتبان ئىبنى مالىكنىڭ رىۋايەت قىلغان ھەدىسىنى ئۆزىدىن ئاڭلاش ئۈچۈن مەدىنىگە باردىم. ھەدىس ھەققىدە سورىسام، ماڭا:

- قەبىلەمگە ئىماملىق قىلاتتىم. ئۆيۈم بىلەن مەسجىد ئارىسىدا بىر ۋادا بار ئىدى. يامغۇر يېغىپ، كەلكۈن كەلسە مەسچىتكە بېرىشتا ناھايىتى قىينىلاتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆزلىرىممۇ ياخشى كۆرمەيتتى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا بېرىپ مۇراجىئەت قىلىپ:

- ئى، رەسۇلۇللاھ! مەن قەبىلەمنىڭ ئىمامى. كۆزلىرىم ياخشى كۆرمەيدۇ. يامغۇر ياققاندا مەسجىد بىلەن ئۆيۈم ئارىسىدىكى ۋادىغا كەلكۈن كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ ئىمام بولۇپ بېرەلمەيمەن. ئى، رەسۇلۇللاھ! بىزنىڭ



由 扫描全能王 扫描创建

ئۆيگە كېلىپ ناماز ئوقۇسىڭىز، مەن سىز ئوقۇغان يەرنى مەسجىد قىلسام بولامدۇ؟- دېدىم. پەيغەمبىرىمىز ‹خۇدا خالىسا دېگىنىڭ بويىچە قىلىمەن› دېدى. ئەتىسى قۇياش كۆتۈرۈلگەن ۋاقىتتا پەيغەمبىرىمىز ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئۆيۈمگە قەدەم تەشرىپ قىلدى. پەيغەمبىرىمىز ئىچكىرىگە كىرىش ئۈچۈن ئىجازەت سورىدى. ئىجازەت قىلغاندىن كېيىن ئۆيگە كىردى، لېكىن ئولتۇرمىدى. پەيغەمبىرىمىز مەندىن:

- ئۆيۈڭنىڭ قەيىرىدە ناماز ئوقۇشۇمنى خالايسەن؟- دەپ سورىدى. ئۆيۈمنىڭ بىر بۇلۇڭىنى ئىشارەت قىلدىم. پەيغەمبىرىمىز ئۇ يەرگە بېرىپ تەكبىر ئېيتىپ ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇدى. بىزمۇ ئارقىسىدا سەپ بولۇپ ناماز ئوقۇدۇق. تاماق ئېتىپ مېھمان قىلدۇق. ئورغۇنلىغان كىشىلەر توپلىنىپ ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالدى، سوئاللارنى سورىدى.- دەپ سۆزلەپ بەردى. ئۇ سۆزلەپ بېرىۋاتقاندا ئوغلۇمغا:

- ئېيتقانلىرىنىڭ ھەممىسىنى تولۇق يازغىن!- دېدىم.[291]

ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ھەسەن بەسرىگە ئوخشاش ئىلمىي جەھەتتە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان كىشىلەردىن ئىدى، ئۇلارنى ياخشى كۆرەتتى، ھۆرمەتلەيتتى، مېھمان قىلاتتى. بىر كۈنى زاھىدلىقنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى كىشىلىرىدىن بولغان مالىك ئىبنى دىنار ۋە سابىت ئەل بەننانى، يەزىد ئەررەققاشى ۋە زىياد ئەننەمىرىگە ئوخشاش ئوقۇغۇچىلىرى ئەنەس ئىبنى مالىكنىڭ ھۇزۇرىدا ئولتۇرغان ۋاقىتتا ئۇلارغا:

- سىلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىگە ئاجايىپ ئوخشايسىلەر. ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سىلەردەك پەزىلەتلىك بولۇشلىرى بىلەن بىرگە سىلەرنى بالىلىرىمنىڭ كۆپىنچىسىدىنمۇ بەك ياخشى كۆرىمەن. ئەتىگەنلىرى داۋاملىق سىلەر ئۈچۈن دۇئا قىلىمەن،- دېدى.

ھەدىس رىۋايەت قىلغان ۋاقىتتا تەقۋالىقىدىن ھەدىسنىڭ ئاخىرىدا ‹چوقۇم› ياكى ‹پەيغەمبىرىمىزنىڭ دېگىنىگە ئوخشاش› دېگەن جۈملىنى

[291] بۇخارى، سالات، 46، تەھەججۇد، 36.



由 扫描全能王 扫描创建

قوشۇپ قويىتتى.

ئىھرامغا كىرىپ تاكى ئۇنىڭدىن چىققانغا قەدەر ئاغزىدىن ئاللاھنى زىكىر قىلىشتىن باشقا سۆز چىقمايتتى.[292]

بەزى ئەمىرلەر غەنىيمەت ئالغان ماللاردىن ئۇنىڭغىمۇ ھەدىيە ئەۋەتسە «بۇ ساڭا بىرىلگەن غەنىمەتتىنمۇ؟» دەپ سورايتتى. «ياق» دىيسە ئۇنى قوبۇل قىلمايتتى.[293]

ھەججاج ئىبنى يۇسۇف ئۇنىڭغا دۇنيانى ئۆزاتقان بولسىمۇ، ئۇ قولىنىڭ ئارقىسى بىلەن ئىتتىرىپ رەت قىلغانىدى. ھەججاج ئىراققا كەلگەندە ئەنەس ئىبنى مالىكقا:

- ئى، ئەبۇ ھەمزە! سەن پەيغەمبىرىمىزگە ھەمراھ بولدۇڭ، ئۇنىڭ نىمە ئىشلارنى قىلغانلىقىنى، قانداق ياشىغانلىقىنى ۋە تۇتقان يولىنى بىلسەن. شۇ ئۆزۈكۈمنى ئىلىپ بارمىقىڭغا سالغىن! سىنىڭ كۆز قارىشىڭ مىنىڭ كۆز قارىشىمدۇر. سىنىڭ بۇيرۇقۇڭ بولمىسا، ھىچقانداق ئىش قىلمايمەن.- دىدى. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- مەن ياشىنىپ قالغان بىر ئادەممەن، ئاجىزلىشىپ، ھىسسىياتچان بولۇپ قالدىم. بۇ ئەھۋالىمدا ئۇ تامغىنىڭ مەندە تۇرۇشى مۇۋاپىق ئەمەس،- دىدى. ھەججاج:

- ئى، ئەبۇ ھەمزە! سەن پالانى - پوكۇنى كىشىلەرنىڭ بەرگەن ۋەزىپىسىنى قوبۇل قىلدىڭ. نىمە ئۈچۈن مەن بەرگەن ۋەزىپىنى قوبۇل قىلالمايسەن؟ ھىچبولمىغاندا باللىرىڭنى ئىيلاپ قويغىن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەقىللىق ۋە دىندار بىرى بولسا، ئۇنى ۋالىي قىلاي،- دىدى. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- باللىرىمنىڭ ئىچىدە بۇ توغرىدا ئىشەنچ قىلىشقا بولىدىغان بىرى يوق،- دەپ جاۋاب بەردى.

---

(292) ئىبنى سەئد، 7/22؛ زەھەبى، سىيەر، 1125.

(293) ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 5/73.



由 扫描全能王 扫描创建

ھەججاج، ئەنەس ئىبنى مالىكنىڭ ئۇنىڭ نامىدا ۋالىي بولۇشىنى خالىمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇنى زورلاشقا باشلىدى، ئارىسىدىكى سۆھبەت ئۇزىراپ كەتتى، ئەمما يەنىلا ئۇنى قايىل قىلالمىدى. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئۇنىڭ رەت قىلىنىش پىكرى كۆڭلىدە زورىيىشقا باشلىدى. مەجبۇرلاپ بولسىمۇ ئۇنىڭغا بۇ ۋەزىپىنى بەرمەكچى بولدى. بىر كۈنى ئەنەس ئىبنى مالىكقا ئادەم ئەۋەتىپ:

- سەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ خىزمىتىنى قىلدىڭ، مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كاتىپلىقىنى قىلدىڭ، مېنىڭ ساڭا بۇ ۋەزىپىنى جەزمەن بېرىشىم لازىم،- دېدى. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- ھەيھات! مەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ خىزمىتىنى قىلغان ۋاقتىمدا ماڭا شۇنداق سۆزلەرنى ئۆگەتتىكى، ئۇلارنى سۆزلىسەم ھېچقانداق زومىگەر ماڭا زىيان سالالمايدۇ،- دېدى. ئۇ ئادەم ‹ئەي تاغا! ئۇ سۆزلەرنى ماڭىمۇ ئۆگىتىپ قويغىن!› دېۋىدى، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ‹سەن ئۇ سۆزلەرگە لايىق ئەمەس› دېدى.

ھەججاج ئۇ دۇئانى ئۆگىنىش ئۈچۈن بىر باھانە - سەۋەب تېپىپ، ئۇنىڭغا ئوغلى مۇھەممەدتىن 200.000 دەرھەم ئەۋەتتى. ئەمما ھەر قانچە قىلىپمۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇ دۇئانى ئۆگىنەلمىدى. ھەججاجغا ئۆگەتمىگەن ئۇ دۇئا بۇ ئىدى:

«بسم الله على نفسي وديني بسم الله على أهلي ومالي بسم الله على كل شيء أعطاني بسم الله خير الأسماء بسم الله رب الأرض والسماء بسم الله الذي لا يضر مع اسمه داء بسم الله افتتحت وعلى الله توكلت الله ربي لا أشرك به أحدا اللهم أنت جاري من كل شيء». « قل هو الله أحد.....»، « من خلفي وعن يميني وعن شمالي ومن فوقي ومن تحتي»[294]

ئۇ ئىلمى ۋە ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ھەججاجغا ئوخشاش زومىگەرنىڭ باشقۇرۇشىدىكى بىر شەھەردە ھەقنى سۆزلەپ، پاسىقلارنىڭ

(294) سەفەدى، ۋەفا بىل ۋەفايات، 9/415.



由 扫描全能王 扫描创建

ئاغزىنى يېپىۋالغانىدىكىن. ئالىم، دەۋەتچى ۋە كۆڭۈلچەك بىر ئادەم ئىدى.

ھىجرىيەنىڭ 93 ـ يىلىدا 103 يېشىدا ۋاپات بولغان چېغىدىكى بەسرەنىڭ ئابرۇيلۇق ئادىمى مۇۋەررىق «بۈگۈن ئىلىمنىڭ يېرىمى كەتتى» دېدى. ئەتراپىدىكىلەر سەۋەبىنى سورىغاندا:

ـ چۈنكى ھېسسىياتىغا تايىنىدىغان بەزى كىشىلەر بىر ھەدىس توغرىسىدا بىزگە قارشى چىققان ۋاقىتتا: «ئىشەنمىسەڭ بېرىپ ئۇ ھەدىسنى بىۋاسىتە پەيغەمبىرىمىزدىن ئاڭلىغان كىشىدىن سورىغىن» دەيتتۇق، ـ دېگەنىدى.(295)

ئەنەس ئىبنى مالىك پەيغەمبىرىمىزنىڭ دۇئاسى بىلەن ناھايىتى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن بولۇپ، ھاياتى بويىچە سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزدىن ئۆگەنگەنلىرىنى ئۆگىتىشكە تىرىشتى. ھىجرىيەنىڭ 93 ـ يىلىدا 103 يېشىدا بەسرەدە ئالەمدىن ئۆتتى.

ئەنەس ئىبنى مالىك كۆپ ھەدىس رىۋايەت قىلغانلىقى ئۈچۈن «مۇكسىرۇن» دەپ ئاتالغان يەتتە ساھابىنىڭ بىرى بولدى. ئۇ بەسرەدە ياشىغان ساھابىلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى ئىدى ۋە 100 يىلدىن ئارتۇق ياشىغانلىقى سەۋەبىدىن «مۇئاممەرۇن» لاردىن ھېسابلىناتتى.

## ئەنەس ئىبنى مالىكنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرى

«ئاڭلىغانلىرىڭلارنى ئۆگىنىڭلار، ئىلمىڭلارغا ئەمەل قىلمىساڭلار ئاللاھ سىلەرگە ئەجىر بەرمەيدۇ. ئالىملارنىڭ غەيرىتى ئۆگەنگەنلىرىنى چۈشىنىپ ئۇنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تىرىشىش، كەم ئەقىللەرنىڭ ئىلمى بولسا، ئۇنى باشقىلارغا بايان قىلىپ بېرىشتىن ئىبارەتتۇر. مۇسۇلمان مۇسۇلماننى ئارىغا پۇل كىرگەندە تونۇيالايدۇ.

ئىلىم دىندۇر. دىنىمىزنى كىمدىن ئۆگىنىۋاتقانلىقىڭلارغا دىققەت قىلىڭلار!

(295) ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 5/66.



由 扫描全能王 扫描创建

## سۈيۈملۈك ساھابە

# ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىسلامنىڭ ئىنسانلارغا ۋە جەمئىيەتكە نېمىلەرنى قازاندۇرغانلىقىنى ھەمدە ناھايىتى چوڭ بىر ئىنقىلابنى قانداق ئەمەلىيلەشتۈرگەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگەن ساھابىلەرنىڭ بىرى ئىدى.

ئانىسى ئۇممۇ ئەيمەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ دادىسىنىڭ خىزمەتچىسى ئىدى. پەيغەمبىرىمىز تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن دادىسى ئۆلۈپ كەتكەنلىكتىن ئۇممۇ ئەيمەن پەيغەمبىرىمىزگە مىراس قالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبىرىمىزنىڭ باققۇچىسى بولدى. پەيغەمبىرىمىز ئالتە ياشقا كىرگەندە، ئانىسى ۋاپات بولۇپ كەتكەن بولغاچقا، ئۇزۇن يىللار ئۇنىڭغا ئانىلىق قىلدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭ يەتكۈزگەن ئانىلىق مېھرىنى قەتئىي ئۇنتۇمىدى. ئۇنى بىر قارا خىزمەتچى ئەمەس، بەلكى ئانىسى سۈپىتىدە كۆردى. پۇرسەت تاپسىلا ئۇنىڭغا «سەن مېنىڭ ئانامدىن كېيىنكى ئانامسەن» دەپ تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەيتتى.(296)

ئۇسامە ئىبنى زەيدنىڭ دادىسىمۇ بىر قۇل ئىدى. ئۇ كۈنلەردە ئىنسانلار زۇلۇم، بېسىم ۋە ناھەقچىلىكتىن جاق تويغان بولۇپ، ئەتىسى بېشىغا قانداق كۈن كېلىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. ھەر ۋاقىت ھەر يەردە زۇلۇمغا ئۇچرىشى، بىر قېتىملىق ھۇجۇمدا ئۆلۈپ كېتىشى ياكى قۇلغا

(296) ئەنىرابلىق مەلۇماتقا ئېرىشىش ئۈچۈن، «جەننەت بىلەن خۇشخەۋەر بېرىلگەن ئاياللار»غا قاراڭ.



由 扫描全能王 扫描创建

ئېلىنىشى مۇمكىن ئىدى.

ئۇسامە ئىبنى زەيد ئەمدىلا سەككىز ياشقا كىرگەن كىچىك بالا ۋاقتىدا ئانىسى بىلەن تاغىسىنىڭ ئۆيىگە زىيارەتكە ماڭغان دادىسى زەيد ئىبنى ھارىس يولدا قاراقچىلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. بىر قانچە مىنۇت ئىچىدە زۇلۇم سىزىقىنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە ئۆتۈپ قۇل بولۇپ قالدى. سەككىز يېشىدا ئىنسان ئەۋلادىنىڭ بېشىغا كېلىدىغان ئەڭ قاتتىق زۇلۇم بىلەن يالغۇز قالغان كىچىك زەيد، ئۇ ۋاقىتلاردا ناھايىتى قورققان ۋە ئەندىشىگە مۇپتىلا بولغان بولۇپ، بازارلاردا سېتىلىشقا باشلىدى. ئاخىرىدا ھاكىم ئىبنى ھىزام تەرىپىدىن سېتىۋېلىنىپ خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ھەدىيە قىلىندى. يىللارچە ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلدى ۋە ئۇنىڭدىن ئىنتايىن مەمنۇن ئىدى. بۇ مەمنۇنىيەت خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبىرىمىز بىلەن ئۆيلەنگەندىن كېيىن قاتمۇ قات ئاشتى. پەيغەمبىرىمىزگە ئالاھىدە مۇھەببەت بىلەن قارايتتى. چۈنكى ئۇ ھەرقايسى جەھەتتىن ياخشىلىقنىڭ نامايەندىسى ئىدى. بۇ سەۋەبتىن نۇرغۇن يىللار كېيىن ئۇنى ئىزدەۋاتقان ئاتا - ئانىسى ۋە تاغىلىرى بىلەن ئۇچراشقان بولسىمۇ، ئاتا - ئانىسىدىن ۋاز كېچىپ قۇل بولۇشقا رازى بولۇپ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىدا قېلىشنى تاللىدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭ بۇ سۆيگۈسىدىن تەسىرلىنىپ ئۇنى ئازاد قىلىپلا قالماي، ئۇنى بالا قىلىۋالدى. زەيد خۇشاللىقتىن ھاۋادا ئۇچتى. چۈنكى ئىنسانلارنىڭ پەيغەمبىرى ئۇنىڭ دادىسى بولۇشنى قوبۇل قىلغانىدى.(297)

ئۇممۇ ئەيمەن ئۆمرە ۋە تىجارەت قىلىش ئۈچۈن مەككىگە كەلگەن ئۇبەيد ئىبنى زەيد بىلەن توي قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن مەدىنىگە كەتتى. ئۇ يەردە ئەيمەن ئىسىملىك بىر ئوغلى بولدى. بىر مەزگىل ئۆتۈپ يولدىشى ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن مەدىنىدە قالماي، ئۆز ئوغلىدەك ياخشى كۆرىدىغان پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى.

---

(297) ئەتراپلىق مەلۇمات ئۈچۈن، «ساھابىلەرنىڭ شاھادەت ئەسلىمىلىرى» گە قاراڭ.



由 扫描全能王 扫描创建

پەيغەمبىرىمىز ئىسلام دەۋىتىنى باشلىغاندا ئىمان ئېيتىپ، تۇنجى مۇسۇلمان بولغانلارنىڭ قاتارىغا كىردى. ئۇنىڭ تۇل قالغانلىقىدىن پەيغەمبىرىمىزنىڭ كۆڭلى يېرىم ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلامنىڭ تۇنجى يىلى بىر كۈنى ئەتراپىدىكى ساھابىلەرگە <كىم جەننەت ئاياللىرىنىڭ بىرى بىلەن ئۆيلىنىشنى خالايدۇ. ئەگەر خالىسا ئۇممۇ ئەيمەن بىلەن ئۆيلەنسۇن > دېدى. زەيد ئىبنى ھارىس بالدۇر ھەرىكەت قىلىپ، ئۇممۇ ئەيمەن بىلەن توي قىلدى.»

## جەھەننەمنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى جەننەت مېۋىسى

پەيغەمبىرىمىزنىڭ تەۋسىيەسى بىلەن قۇرۇلغان بۇ بەختلىك ئائىلە ئارىدىن بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئەڭ تاتلىق مېۋىسىنى بەردى، بەخت ئۇلارغا «مەرھابا» دېدى. ئۇممۇ ئەيمەن ۋە زەيد ئىبنى ھارىسنىڭ ناھايىتى ئوماق بىر بالىسى بولغانىدى. ئۇنىڭ تۇغۇلۇشى يالغۇز ئانىسى ۋە دادىسىنىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن مۇسۇلمانلارنى سۆيۈندۈردى. بۇ سەۋەبتىن بالىغا ئۇسامە دەپ ئىسىم قويۇپ ئانىسىنى «ئۇممۇ زىبا (جەيلاننىڭ ئانىسى)» دەپ ئاتىدى.(298)

بۇ كېيىك بالىسى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۆيىنى بايرام شادلىقىغا چۆمدۈردى. پەيغەمبىرىمىز خۇددى ئۆز نەۋرىسى بولغاندەك خۇشال بولدى، باغرىغا باستى ۋە ئۇنىڭغا تاكى ۋاپات بولغانغا قەدەر باشقا نەۋرىلىرىدىن قىلچە ئايرىماي مۇئامىلە قىلدى. ئۇسامە ئىبنى زەيد ھىجرەتتىن 9 يىل بۇرۇن دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۆيىدە ھەم ئۇنىڭ تەربىيەسىدە ھەم فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، ھەزرىتى ئۇممۇ گۈلسۈم ئانىلىرىمىزنىڭ قۇچاقلىرىدا چوڭ بولدى.

مۇشرىكلار مۇسۇلمانلارنى مۇھاسىرىگە ئالغان يەنى بۇگۈنكى مەنىسىدە ئۇلارنى 3 يىل بويىچە خۇددى ئەسىرلەر لاگېرىدەك ياشاشقا مەھكۇم قىلغان

(298) ئىبنى ئابدىلبەر، ئىستىئاب، 4/1793.



由 扫描全能王 扫描创建

چاغدا، ئۇ ئەمدىلا ئۈچ ياشقا كىرگەن ئىدى. ئۇ كۈنلەردە نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى بىلمىسىمۇ، ئۇ بۇ زۇلۇم ۋە بېسىمدىن نېسۋىسىنى ئالغانىدى. نۇرغۇن كېچىلىرى ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن يىغلاپ ئۇخلاپ قالاتتى.

دۇنيانى چۈشىنىشكە باشلىغان ۋاقتتا بولسا، ئۆزىنى تەگداشسىز بىر دەۋاننىڭ يەنى ئىسلام كۈرىشىنىڭ ئىچىدە كۆردى. دادىسى پەيغەمبىرىمىز بىلەن خەلقنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن تائىپقا كەتكەن ۋاقتىدا ئەمدىلا 7-6 ياشلاردا ئىدى. ئانىسى ئۇلارنى غەم - قايغۇ ئىچىدە يولغا سېلىپ قوياتتى، فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، گۈلسۈم رەزىيەللاھۇ ئەنھا دادىسى ۋە ئۇلار كەلگىچە ئەندىشە ئىچىدە يوللىرىغا قارايتتى. تاگقىچە ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزگەن كېچىلەردە دۇئا قىلىپ كۆز ياشلىرىنى تۆكەتتى. ئانىسى ۋە دادىسىنىڭ باشتىن كەچۈرىۋاتقان ئازابىنى قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا ھېس قىلغان ئۇسامە، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋە دادىسىنىڭ يارىدار ھالەتتە تائىپتىن قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەندە، شۇ كىچىككىنە قەلبىدە قانداق شاماللارنىڭ چىققانلىقىنى كىم بىلىدۇ، دەيسىز؟!

## ھىجرەت - يېڭى بىر ھايات

پەيغەمبىرىمىز زەيد ئىبنى ھارىسنى مەككىگە ئەۋەتىپ قىزلىرىنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇغاندا، ئانىسى ۋە ئۇسامەمۇ ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ھىجرەت قىلدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇسامە ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىنى مەدىنىلىك مۇسۇلمانلارنىڭ، مۇھاجىرلارنىڭ ئولتۇرۇشى ئۈچۈن تەييارلىغان مۇۋاپىق ئۆيدىن بىرىگە ئورۇنلاشتۇردى.(299)

ئەنەس ئىبنى مالىك مۇھاجىرلارنىڭ ئۇ كۈنكى ئەھۋالىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مۇھاجىرلار مەككىدىن مەدىنىگە كەلگەن ۋاقتىدا يېنىدا ھېچقانداق نەرسىلىرى يوق ئىدى. مەدىنىلىكلەرنىڭ باغ -

(299) بەلازۇرى، ئەنسابۇل ئەشراف، 2/184؛ ئىبنى سەئىد، تەباقات، 8/62؛ مەقرىزى، ئىمتائۇل ئەسمائ، 1/69.



由 扫描全能王 扫描创建

باغچىلىرى بار بولۇپ، ئۆزلىرىگە كۆرە كىرىملىرى بار ئىدى. مۇھاجىرلار كەلگەندىن كېيىن ھەر يىلى ئالغان مەھسۇلاتىنىڭ يېرىمىنى ئۇلارغا بەردى. ئانام ئۇممۇ سۇلەيم باغچىمىزنىڭ مەھسۇلاتىنىڭ بىر قىسمىنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا ئېلىپ باردى. پەيغەمبىرىمىز ئۇلارنى ئۇسامەنىڭ ئانىسى ئۇممۇ ئەيمەنگە بەردى.»(300)

ئۇسامە مۇشرىكلارنىڭ زۇلمى يوق، شۇنداقلا ئىسلامنىڭ يولىيورۇقلىرىنى ئەركىن - ئازادە ئورۇندىغىلى بولىدىغان مەدىنىگە تېزلا كۆنۈپ كەتتى. پەيغەمبىرىمىز ئۇنى خۇددى ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ھەرقانداق بىرىدەك ئەمەس، بەلكى ئۆز دادىسىدەك ياخشى كۆرەتتى. بۇ سۆيگۈ ۋە يېقىنلىق ئۇنىڭ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۆيىگە ئەركىن - ئازادە كىرىپ - چىقىش ۋە داۋاملىق ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇشقا ۋەسىلە بولاتتى.(301)

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا سۆزلەپ بەرگەن تۆۋەندىكى ۋەقەدىن ئۇسامەنىڭ پەيغەمبىرىمىزگە قانچىلىك يېقىن ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ: «بىر كۈنى ئۇسامە پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا كەلدى. يىقىلىپ كېتىپ بېشىنى ئىشىكنىڭ يان تەرەپتىكى گىرۋەكىگە ئۇرۇۋالغان بولۇپ، يۈزلىرى قاناۋاتاتتى. پەيغەمبىرىمىز ئۇنى بۇ ئەھۋالدا كۆرۈپ:

- ئى، ئەبۇ بەكرىنىڭ قىزى! ئورنۇڭدىن تۇرۇپ بالىنىڭ يۈزىدىكى قاننى ئېيتىۋەتكىن!- دېدى. دەرھال ئورنۇمدىن تۇرۇپ بىر لۆڭگە بىلەن يۈزىدىكى قانلارنى ئېيتتىم. بالام بولمىغاچقا بالىنىڭ يۈزىنى قانداق يۇيۇش كېرەكلىكىنى بىلمەيتتىم. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ يۈزىنى پەيغەمبىرىمىز تەلەپ قىلغاندەك يۇيالمىدىم. پەيغەمبىرىمىز بۇنى كۆرۈپ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ئۇسامەنى يېنىغا تارتىپ يۈزىنى يۇيۇپ قويدى ۋە قۇچاقلاپ سۆيدى.

ئۇسامە كەتمەي بىز بىلەن بىللە ئولتۇردى. پەيغەمبىرىمىز ئۇسامەنىڭ

(300) بەيھەقى، دەلائىلۇن نۇبۇۋۋە، 4/288.

(301) ئىبنى سەئىد، تەباقات، 4/61؛ ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 4/248.



由 扫描全能王 扫描创建

يۈزىگە قاراپ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا ماڭا:

- ئۇسامە قىز بولغان بولسا قانچىلىك گۈزەل قىز بولاتتى! ئۇ قىز بولغان بولسا ئۇنى چىرايلىق كىيىندۈرۈپ، ياساپ ساڭا بېرەتتىم،- دېدى.(302)

پەيغەمبىرىمىزنىڭ تەربىيەسى ئاستىدا چوڭ بولغان ئۇسامە ئۇنىڭ خىزمىتىنى، بۇيرۇغان ئىشلىرىنى خۇشاللىق بىلەن قىلاتتى.

ئۇسامە ئىبنى زەيد بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى پەيغەمبىرىمىز مېنى يېنىغا چاقىرىپ، بىر قۇتىنىڭ ئىچىگە ئازراق گۆشنى قويغاندىن كېيىن ئۇنى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ بېرىشىمنى بۇيرۇدى. ھەدىيەنى ئېلىپ ئۆيىگە كىرگەن ۋاقتىمدا ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئايالى رۇقىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىلەن ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىگە ھەيران قالدىم. شۇ چاققىچە ئۇلارغا ئوخشاش بىر- بىرىگە ئۇنداق ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغان بىرىنى كۆرمىگەنىدىم. ھەيرانلىقتىن ھېلى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ھېلى رۇقىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا قارايتتىم. ئۇلارغا قاراپ قېتىپلا قالدىم. ئۆزۈمگە كەلگەندە ۋاقتىنىڭ خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغانلىقىنى بايقىدىم. دەرھال پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدىم. پەيغەمبىرىمىز مېنى كۆرۈپ:

- نەدە قالدىڭ؟- دەپ سورىدى. مەن بىر نەرسە دەپ جاۋاب بېرىشكە ئۈلگۈرمەستىنلا، ماڭا:

- خالىساڭ سېنىڭ نېمە ئۈچۈن كەچ قالغانلىقىڭنىڭ سەۋەبىنى مەن ئېيتىپ بېرەي. بىر ئوسمانغا، بىر رۇقىيەگە قارىدىڭ ۋە ئىچىڭدە «بۇلار نېمىدېگەن ياخشى كىشىلەر» دېدىڭ شۇنداقمۇ؟- دېدى. مەن:

- شۇنداق، ئى، رەسۇلۇللاھ! سېنى ھەق بىلەن ئەۋەتكەن ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ھەقىقەتەن بۇ سەۋەبتىن كەچ قالدىم،- دېدىم.(303)

(302) ئىبنى سەئد، تەباقات، 4/62؛ زەھەبى، سىيەر، 896.

(303) ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 16/113؛ سۇيۇتى، تارىخى خۇلەفا، 147.



由 扫描全能王 扫描创建

پەيغەمبىرىمىز ئۇسامەنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ، نەگە بارسا ئۇنىمۇ بىللە ئېلىپ باراتتى.

ئۇسامە ئىبنى زەيد بۇ ۋەقەنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «سەئىد ئىبنى ئۇبەيد بەدر ئۇرۇشىدىن قىسقا ۋاقىت ئىلگىرى كېسەل بولۇپ قالغان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى يوقلاپ كېلىش ئۈچۈن ئۇلىقىغا مىندى. ئۇلاغنىڭ ئۈستىدە بىر ئېگەر، ئۇنىڭ ئۈستىدە بولسا پەدەك دوخاۋىسىدىن تىكىلگەن پۈپۈكلۈك بىر يوپۇق بار ئىدى. مېنىمۇ ئۇلىغىغا مىندۈرۈپ، يېنىدا ئېلىپ باردى. يولدا ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيدنى ئۇچراتتۇق. ئۇ ۋاقىتلاردا ئۇ تېخى ئىسلامنى قوبۇل قىلمىغانىدى. ئېگىز بىر ئۆينىڭ سايىسىدا ئولتۇراتتى. ئەتراپىدا مۇسۇلمان، مۇشرىك ۋە يەھۇدىيلار بولۇپ نۇرغۇن كىشىلەر بار ئىدى. يانلىرىغا يېقىنلاشقانسېرى ئەتراپىدىكىلەر، ئۇلىغىنىڭ ئاستىدىن چىققان چاڭ - توزان ئاستىدا قالدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيد كىيىمىنىڭ يېڭى بىلەن يۈزىنى توسۇۋالغان ھالدا ‹بىزنى چاڭ - توزان قىلىۋەتتىڭ!› دەپ سۆزلەشكە باشلىدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇلىغىدىن چۈشۈپ ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ سالام بەرگەندىن كېيىن ئولتۇردى. ئۇلارغا قۇرئان ئوقۇپ ئىسلام ھەققىدە چۈشەنچە بەردى. خاتالىقلاردىن ساقلىنىپ، ياخشىلىق قىلىشقا رىغبەتلەندۈردى، ئىسلامغا دەۋەت قىلدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۆزلىرى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيدگە ياقمىدى.

- ھەي ئادەم! ئەگەر ئېيتقانلىرىڭ توغرا بولسا، ئۇلاردىنمۇ گۈزەل سۆزلەر يوق. ئەمما يەنىلا بىزنى بىئارام قىلمىغىن! ئەمدى بارىدىغان يېرىڭگە بارغىن! بۇلارنى يېنىڭغا كەلگەنلەرگە سۆزلەپ بەرگىن، - دەپ دوق قىلدى. ئۇ يەردە تۇرغان ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ:

- بىزنىڭ مەجلىسىمىزگە تەشرىپ قىلغىن! ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بۇنى ھەممىمىز ئارزۇ قىلىمىز، - دېيىش ئارقىلىق ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيدگە توپىلانغان يەھۇدىيلار ۋە مۇداخىلە قىلدى. ئۇ يەرگە



由 扫描全能王 扫描创建

مۇشرىكلار يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ۋارقىرىشىپ قالايمىقانچىلىق چىقاردى. ھەتتا جېدەل چىقارغىلى ئاز قالدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇلارنى پەسكويغا چۈشۈرگەندىن كېيىن، ئاۋازلىرىنى چىقارمىدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇلىغىغا مىنىپ ئۇ يەردىن يىراقلاشتى. سەئد ئىبنى ئۇبەيدىنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلگەندە، ئائىلىسىدىكىلەر ئۇنىڭ بېشىدا توپلىشىپ ئولتۇراتتى. ناھايىتى ئەندىشە قىلغان ھالدا:

- ۋاپات بولدىمۇ؟ - دەپ سورىدى. ئائىلىسىدىكىلەر «ياق» دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبىرىمىز كۆڭلى يېرىم بولۇپ ئۆزىنى تۇتالماي يىغلىۋەتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەئد ئىبنى ئۇبەيدكە يېقىنلىشىپ ئۇنىڭدىن ھال - ئەھۋال سورىغاندىن كېيىن، بىر ئاز ئىلگىرى بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردى. سەئد ئىبنى ئۇبەيد:

- ئى، رەسۇلۇللاھ! ئۇنى كەچۈرگىن، توغرا چۈشەنگىن! سىلەر كېلىشتىن بۇرۇن كىشىلەر ئۇنى يېقىن بىلىپ ئۆزىگە باشلىق قىلىپ سايلاش ئالدىدا تۇراتتى. سىلەر كەلگەندىن كېيىن بىكار بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاچچىقى كېلىپ سىلەرگە شۇنداق قىلىشقا باشلىدى، - دېدى. پەيغەمبىرىمىز سەئد ئىبنى ئۇبەيدنى زىيارەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۆيىدىن چىقىش ئالدىدا:

- پەرۋەردىگارىم! سەئد ئىبنى ئۇبەيدنىڭ ئائىلىسىگە رەھمەت قىلغىن! - دەپ دۇئا قىلدى.[304]

پەيغەمبىرىمىز بەدر ئۇرۇشىغا كېتىۋاتقاندا قىزى رۇقىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھا قاتتىق كېسەل ئىدى. بۇ سەۋەبتىن ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئۆزى بىلەن كەلمەي قىزىنىڭ يېنىدا قېلىپ، ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا رۇخسەت قىلدى. ئۇسامە ئىبنى زەيدنىمۇ ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ياردەملىشىشكە بۇيرۇدى. ئىسلام قوشۇنلىرى بەدرگە قاراپ يولغا

(304) مۇسلىم، جىھاد، 116؛ مۇسنەد، 5/203؛ تەبەرانى، ئەلمۇئجەمۇل كەبىر، 6/67؛ ئىبنى ھەجەر، ئىسابە، 3174؛ ئىبنۇل ئەسىر، ئۇسدۇلغابە، 84.

چىققان ۋاقىتتا رۇقىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ كېسىلى خېلىلا ئېغىرلىشىپ قالغانىدى. ئۇرۇش بولۇۋاتقان ۋاقىتتا ۋاپات بولدى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئۇسامە ئىبنى زەيد ۋە باشقا ساھابىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن جىنازا ئىشلىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئانىمىزنى مازارغا ئېلىپ ماڭدى. كۆز ياشلىرى ئىچىدە يەرلىكىدە قويۇپ تۇپراق تاشلاۋاتاتتى. چۈش ۋاقتى بولۇپ، زەيد ئىبنى ھارىسە بىلەن ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە غەلىبە خۇشخەۋىرىنى ئېلىپ مەدىنىگە كېلىۋاتاتتى. ئۇلار ئەقىق دېگەن يەرگە كەلگەندە ئايرىلدى. ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە ئۆيلەرنى ئايلىنىپ:

- خۇشخەۋەر! پەيغەمبىرىمىز ساق-سالامەت، مۇشرىكلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆلتۈرۈلدى، نۇرغۇنلىرى ئەسىر ئېلىندى. رەبىيئ ئوغۇللىرى، ئەبۇ جەھىل، ئۇمەييە ئۆلتۈرۈلدى...- دەپ جاكارلاشقا باشلىدى. بۇنى ئاڭلىغان بالىلار ئۇنىڭ ئارقىسىغا ئەگىشىۋېلىپ:

- ئەبۇ جەھىل ئۆلتۈرۈلدى... ئۇمەييە ئۆلتۈرۈلدى.- دېگەن سۆزلەرنى تەكرارلاپ، ۋارقىراشقا باشلىدى.

- زەيد ئىبنى ھارىسە بولسا، پەيغەمبىرىمىزنىڭ تۆگىسى قوسۋا بىلەن جىنازا ئىشلىرى داۋام قىلىۋاتقان تەرەپتىن شەھەرگە كىردى. مۇناپىقلار ئۇنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ تۆگىسى ئۈستىدە كۆرۈپ مۇسۇلمانلارنى يېڭىلىپ قاپتۇ، دەپ ئويلاشتى. چۈنكى بۇ ئىش مۇناپىقلارنىڭ خاتا ئويلىشىغا يېتەرلىك سەۋەب بولالايتتى. ھەرقانداق پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىدىغان مۇناپىقلار بىر قانچە مىنۇت سەۋر قىلىپ ھەقىقەتنى ئاڭلاشنىڭ ئورنىغا قەلبىدىكى پىتنە - پاسات چىشلىرىنى بىلەشكە باشلىدى. ئۇلاردىن بىرى ناھايىتى خۇشال بولغان ھالدا:

- قاراڭلار! پەيغەمبەر ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەتكەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۆلتۈرۈلۈپتۇ.- دەپ زەھىرىنى چاچتى. يەنە بىرى:

- قېرىنداشلىرىڭلار تىرە- پىرە بولۇپتۇ، ئەمدى قايتا بىر يەرگە توپلىنالمايسىلەر، مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىنىڭ چوڭلىرىنىڭ ھەممىسى

ئۆلتۈرۈلۈپتۇ. زەيد ئىبنى ھارىسقا قاراڭلار، ئۇنىڭ تۆگىسىگە مىنىپ قورقۇپ تىلى تۇتۇلغان ھالدا ناھايىتى تېز بۇ تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتىدۇ.- دېدى. ئەبۇ لۇبابە ئۇلارغا قوپاللىق بىلەن:

- ئاللاھ بۇ سۆزلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى يالغانغا چىقىرىدۇ.- دېدى.

مۇناپىق:

- قارىغىنا! زەيد ئىبنى ھارىسە پەرىشان ھالدا يالغۇز بۇ تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتىدۇ.- دەپ قارشى چىقتى. مۇناپىقلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان ئۇسامە ناھايىتى غەزەپلەندى. ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ دادىسى تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈشكە باشلىدى. دادىسىغا يېقىنلىشىپ قالغاندا، ئۇنىڭ:

- ئى، مەدىنە خەلقى! مۇبارەك بولسۇن! مۇسۇلمانلار غەلىبە قىلدى.- دەپ يۇقىرى ئاۋازدا زەپەر قۇچقانلىقىنىجاكارلىغانلىقىنى ئاڭلىدى. ئۇسامە نەپەس ئالالماي قالغان بولۇپ ئەندىشە ئىچىدە دادىسىدىن:

- دادا، ئېيتقانلىرىڭ راستمۇ؟- دەپ سورىدى. دادىسى:

- ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، توغرا سۆزلەۋاتىمەن ئوغلۇم!- دېدى.

ئۇسامە قايىل بولغانىدى. ناھايىتى خۇشال ھالدا يۈگۈرگىنىچە ئارقىسىغا يېنىپ كېلىپ، مۇناپىقنىڭ ياقىسىغا ئېسىلغان ھالدا:

- سەن پەيغەمبىرىمىز ۋە مۇسۇلمانلار ھەققىدە قانداقسىگە ئۇنداق سۆزلەرنى قىلىسەن؟ پەيغەمبىرىمىز كەلگەن ۋاقىتتا دەرھال ئۇنىڭ يېنىغا بىرىپ، سېنىڭ كاللاڭنى ئالغۇزىمەن.- دەپ دوق قىلدى. مۇناپىق ھىيلىگەرلىك بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ ھەر دائىمقىغا ئوخشاشلا:

- مېنىڭ گۇناھىم يوق، مەنمۇ باشقىلاردىن ئاڭلىدىم.- دەپ ئۆزىنى ئاقلاشقا تىرىشتى.

ھەممەيلەننىڭ كۆڭلى پاراكەندە بولغانىدى. بىردەمنىڭ ئالدىدا پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۆيۈملۈك قىزىنى يەرلىككە قويۇپ قايغۇ ئىچىدە

تۇرۇۋاتقانـدا، پەيغەمبىرىمىزنىـڭ ۋاپـات بولغانلىـق خەۋىـرى كەلگەنـدى. مانـا ھازىـر ئۇنىـڭ ھايـات ئىكەنلىكـى ۋە مۇشـرىكلارغا قارشـى كاتتـا غەلىبە قازانغانلىقىنىـڭ خۇشخەۋىرى بىلـەن سۆيۈنۈشـتى. ئۇسامە مۇشـۇنداق ھېس - تۇيغـۇلار ئىچىـدە تاقەتسـىزلىك بىلـەن كۈتۈۋاتقانـدا، ئىسلام قوشـۇنىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنـى كـۆردى. دەرھـال يۈگـۈرۈپ پەيغەمبىرىمىزنىـڭ يېنىغـا باردى. پەيغەمبىرىمىـز تۆگـە ئۈسـتىدە بولـۇپ ئۇنىمـۇ مىندۈرۈۋالـدى. ئۇسـامە ئۇ ۋاقىتتـا قوللىـرى بويىنىغـا باغلانغـان سۇھەيلگە ئۇزۇن - ئۇزۇن قارىغاندىن كېيـن، پەيغەمبىرىمىزدىـن:

- ئـى، رەسـۇلۇللاھ! بـۇ يەزىدنىـڭ دادىسـى ئەمەسـمۇ؟- دەپ سورىدى.

پەيغەمبىرىمىـز:

- ھەئـە ئـۇ، ئۇنـى ئۇرۇشـتا ئەسـىر ئالـدۇق،- دېـدى. ئۇسامە مەككىـدە باشتىن كەچۈرگـەن بۇرۇنقـى كۈنلىرىنـى ئەسلەپ:

- ئـۇ مەككىدىكـى ۋاقتىـدا كىشـىلەرگە تامـاق تارقىتىـپ بېرەتتـى،- دەپ كىچىككىنـە قەلبىـدە ساقلىنىپ قالغـان گـۈزەل خاتىرىلەردىـن بىرىنـى سـۆزلەپ بـەردى. پەيغەمبىرىمـىز ئۇنىڭغـا:

- توغـرا ئېيتتىـڭ، ئـۇ كىشـىلەرگە تامـاق تارقىتىـپ بېرەتتـى، لېكىـن ئەينـى ۋاقىتتـا ئاللاھنىـڭ نۇرىنـى ئۆچۈرۈشـكە غەيـرەت قىلاتتـى. ئاللاھ ھازىـر بىزگـە ئۇنـى ئەسـىر ئېلىـش پۇرسـىتى يارىتىـپ بەردى،- دېـدى.[305]

ھەزرىتـى ئابباـس مەككىلىكلەرنىـڭ ناھايىتـى كـۆپ قوشـۇن بىلـەن بـۇ يەرگـە قـاراپ كېلىۋاتقانلىقىنـى خـەۋەر قىلغاندىـن كېيـن، پەيغەمبىرىمىـز ساھابىلەردىن جىھادقـا تەييارلىـق قىلىشـنى تەلـەپ قىلـدى. ئۇسامە ئىبنـى زەيـد ئـۇ ۋاقىتتـا ئەمدىـلا 13 ياشـقا كىرگەنـدى. يېشـىنىڭ كىچىك بولۇشـىغا قارىمـاي ئۇمـۇ دەرھـال تەييارلىـق قىلىشـقا باشـلىدى. ئـۆزى بىلـەن تـەڭ ياشـتىكى بىـر قانچـە ئاغىنىلىـرى بىلـەن بىرلىكتـە قوشـۇنغا قېتىلـدى. قوشـۇن ئاتلىنىـپ مەدىنىنىـڭ سـىرتىغا چىقتـى. جىرانـە دېگـەن يەرگـە كەلگەنـدە،

(305) ۋاقىدى، مەغازى، 1/115 – 118؛ بەيھەقى، دەلائىلۇن نۇبۇۋۋە، 3/132؛ شامى، سۇبۇلۇل ھۇدا، 4/57.



由 扫描全能王 扫描创建

پەيغەمبىرىمىز قوشۇننى كۆزدىن كەچۈردى. قوشۇندا ئۇسامەگە ئوخشاش يۈرەكلىرى ئىمان ۋە جاسارەت بىلەن تولۇپ تاشقان نۇرغۇنلىغان باللار بار ئىدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇلارنىڭ يېشى كىچىك بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇرۇشقا قاتنىششقا رۇخسەت قىلماي، مەدىنىگە قايتۇرۇۋەتتى.

## پەيغەمبىرىمىزنى سۆيۈندۈرگەن ۋەقە

ئۇسامە ئانىسىغا ئوخشاش قارا تەنلىك، دادىسى بولسا ئاق تەنلىك ئىدى. مۇناپىقلار ھېچقانداق ئىشنى كۆزدىن قاچۇرۇپ قويمايدىغان بولغاچقا بۇ ئەھۋالنى دەرھال بايقىدى. پىتنە - پاسات تېرىشنىڭ ناھايىتى ئەپلىك پۇرسىتى يارىتىلغانىدى. مۇناپىقلار بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇسامەنى كۆرگەنلا يەردە ئۇنىڭغا زەھىرىنى چېچىپ:

- بۇ زەيدنىڭ ئوغلى ئەمەس،- دېيىشەتتى. ئۇسامە بۇ ئەھۋالدىن ئىنتايىن بىئارام بولسىمۇ، ئەمما ھېچكىمگە چاندۇرماسلىققا تىرىشاتتى. بۇ پىتنە – پاسات يالغۇز ئۇنىلا ئەمەس، پەيغەمبىرىمىزنىمۇ قايغۇغا سالدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇسامەنى ئاتا - ئانىسىغا ئوخشاشلا ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن بۇنداق بىر پىتنە - پاساتنىڭ چىققىنىغا ئېچىندى، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنىڭ ئاغرىشىنى خالىمايتتى.

بىر كۈنى دادا- بالا بىر يەردە ياتقانىدى، پەيغەمبىرىمىز يېنىدا ئىدى. ھەر ئىككىسىنىڭ ئۈستى، ھەتتا يۈزلىرىمۇ يۆگەلگەنىدى. پەقەت پۇتلىرى ئوچۇق ئىدى. دەل شۇ ۋاقىتتا ئىنسانلارنىڭ بەدەن قۇرۇلۇشىنى ياخشى بىلىدىغان مۇجەززىز يېنىغا كەلدى. ئەدىيالدىن تېشىغا چىقىپ تۇرغان بىر قارا بىر ئاق تەنلىك پۇتلارغا قاراپ:

- بۇ پۇتلار بىر- بىرلىرىگە تەۋەدۇر. بۇ پۇتلارنىڭ ئىگىسى بىرى بىرسىنىڭ دادىسى ياكى قېرىندىشى بولىدۇ،- دېدى. پەيغەمبىرىمىز بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ناھايىتى سۆيۈندى. خۇشاللىقىدىن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ۋە ئەتراپىدىكى ساھابىلەرگە قاراپ:

- قاراڭلار! مۇجەززىز پەقەت پۇتىغا قاراپلا بۇ ئىككى كىشىنىڭ بىر - بىرى بىلەن مۇناسىۋىتى بارلىقىنى ئېيتتى.- دېدى.[306]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى پەيغەمبىرىمىز ناھايىتى خۇشال ھالدا يېنىمغا كەلدى. خۇشاللىقىدىن يۈزلىرى پارقىرايتتى. ماڭا قاراپ:

- كۆردۈڭمۇ؟ بىر ئاز ئىلگىرى مۇجەززىز زەيد ئىبنى ھارىسە بىلەن ئۇسامەنىڭ ئۈستى يېپىقلىق پۇتىغا قاراپلا ‹بۇ پۇتلار بىر - بىرلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر، دېدى› دېدى.»[307]

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ قەدىرلىك كىشىسى

ئۇسامە ئىبنى زەيد ئاتا - ئانىسىغا ئوخشاشلا پەيغەمبىرىمىزنىڭمۇ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ساھابىلىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇلارنى خۇددى ئۆز ئائىلىسىنىڭ ئەزاسىدەكلا ياخشى كۆرەتتى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۇلارغا بولغان سۆيگۈسىنى كۆرگەن ساھابىلەر ئۇسامە ۋە ئۇنىڭ دادىسىنى «ئەل- ھەبىيب» يەنى «پەيغەمبىرىمىزنىڭ ياخشى كۆرىدىغان كىشىسى» دېيىشەتتى. پەيغەمبىرىمىزمۇ پات - پات ئۇنىڭغا بولغان سۆيگۈسىنى تىلغا ئېلىپ: «ئۇسامە ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغان كىشىلىرىمنىڭ بىرىدۇر، سىلەرنىڭ ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلىمەن، ئۇنىڭ سالىھ كىشىلىرىمىزدىن بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دەيتتى.[308]

ئۇسامە ئىبنى زەيد بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبىرىمىز مېنى سۆيۈپ بىر تىزىغا ئولتۇرغۇزسا، ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى يەنە بىر تىزىغا ئولتۇرغۇزاتتى. ئاندىن بىزنى باغرىغا بېسىپ تۇرۇپ ‹پەرۋەردىگارىم! مەن بۇلارغا مەرھەمەت قىلىمەن، سەنمۇ بۇلارغا مەرھەمەت

(306) ئىبنى سەئىد، تەباقات، 4/63.
(307) بۇخارى، فەرائىز، 31؛ مۇسلىم، رادا، 38؛ ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 4/249.
(308) بۇخارى، ئەسھابۇن نەبىي، 18؛ مۇسلىم، فەدائىلۇسساھابە، 64؛ تەبەرانى، ئەلمۇئجەمۇل كەبىر، 1/159؛ ئىبنى ئابدىلبەر، ئىستىئاب، 1/76.

قىلغىن! پەرۋەردىگارىم! مەن ئۇلارنى ياخشى كۆرىمەن، سەنمۇ ئۇلارنى ياخشى كۆرگىن!›» دەپ دۇئا قىلاتتى.»[309]

ئۇ يەنە باشقا بىر ئەسلىمىسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى مەسجىدى نەبەۋىگە بارسام ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئاببास رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ يەردە ئولتۇرغانىكەن. مېنى كۆرۈپ:

- ئى، ئۇسامە! پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىشكە رۇخسەت ئېلىپ كەلگىن!- دېيىشتى. مەن:

- بولىدۇ،- دەپ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

- ئى، رەسۇلۇللاھ! ئەلى ۋە ئاببас ئىشىك ئالدىدا ئۆيگە كىرىش ئۈچۈن سىزدىن ئىجازەت سوراۋاتىدۇ،- دېدىم. پەيغەمبىرىمىز:

- نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى بىلەمسەن؟- دەپ سورىدى. مەن:

- ئى، رەسۇلۇللاھ! ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى بىلمەيمەن،- دېدىم.

- مەن ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى بىلىمەن، ئىچكىرىگە ئالغىن!- دېدى. سىرتقا چىقىپ:

- رۇخسەت قىلدى، مەرھەمەت!- دېدىم. ئىچكىرىگە كىرىپ سالام بەرگەندىن كېيىن، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- ئى، رەسۇلۇللاھ! ئائىلەڭدىكىلەردىن كىمنى ئەڭ ياخشى كۆرسەن، ئۇنى سورىغىلى كەلدۇق،- دېدى. پەيغەمبىرىمىز:

- قىزىم فاتىمەنى،- دېدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- ئائىلە ئەزالىرىنى سورىمىدۇق. ئۇلاردىن باشقا ئائىلەڭدىكىلەرنى سورىدۇق،- دېدى. پەيغەمبىرىمىز:

- ئائىلەمدىن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغىنىم، ئاللاھ ۋە مەن ئېھسان قىلغان ئۇسامە ئىبنى زەيدتۇر،- دېدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

(309) ئىبنى ئەمرۇ، مۇختەسەر، 7/9.



由 扫描全能王 扫描创建

- ئۇنىڭدىن كېيىن كىمنى ياخشى كۆرىسەن؟- دەپ سورىدى. پەيغەمبىرىمىز:

- ئۇنىڭدىن كېيىن سېنى،- دېدى. ھەزرىتى ئابباس:

- تاغاڭنى ھەممىنىڭ ئارقىسىغا قويامسەن؟- دېۋىدى، پەيغەمبىرىمىز:

- ئەلى ھىجرەت قىلىشتا سەندىن ئۆتۈپ كەتتى،- دېدى.»[310]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى پەيغەمبىرىمىز مەندىن ئۇسامەنىڭ بۇرنىنى تازىلاپ قويۇشۇمنى تەلەپ قىلدى. مەن:

- مەن قىلىشىم كېرەكمۇ؟- دېدىم. پەيغەمبىرىمىز ماڭا:

- ئى، ئائىشە! ئۇنى ياخشى كۆرگىن، چۈنكى مەن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن،- دېدى.[311]

بۇ سۆيگۈ سەۋەبىدىن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا «ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھنى ياخشى كۆرگەن ئۇسامەنى ياخشى كۆرسۇن!» ياكى «ئۇسامە مېنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان كىشىلىرىمدىندۇر» دېگەن ھەدىسنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ھېچكىم ئۇنىڭغا ئاداۋەت تۇتالمايدۇ،- دېگەنىدى.

ئۇسامە بۇ سۆيگۈگە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدىغان بولۇپ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ بارلىقىدىن پەقەت چىقارمايدىغان ئۆزۈكىگە «پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرگەن كىشىسى» دەپ يازدۇرغانىدى.[312]

## پەيغەمبىرىمىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەسلىمىلىرى

ئۇسامە ئىبنى زەيدنىڭ پەيغەمبىرىمىزگە يېقىنلىقى ۋە داۋاملىق ئەتراپىدا يۈرۈشى ئۇنىڭدا كۆپلىگەن گۈزەل ئەسلىمىلەرنى قالدۇرغانىدى. بۇ ئەسلىمىلىرىدىن بىرىنى ئۆزى بىۋاستە بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ

(310) تىرمىزى، مەناقىب، 40؛ تەبەرانى، ئەلمۇئجەمۇل كەبىر، 1/158.

(311) تىرمىزى، مەناقىب، 40؛ زەھەبى، سىيەر، 896.

(312) تەبەرانى، ئەلمۇئجەمۇل كەبىر، 1/159.



由 扫描全能王 扫描创建

«بىر كۈنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا بارسام كۆڭلى يېرىم ئولتۇرغانىكەن، شۇنىڭ بىلەن:

- ئى، رەسۇلۇللاھ! نېمە بولدى؟- دەپ سورىدىم. پەيغەمبىرىمىز:

- جىبرىئىل كېلىمەن دېگەن بولسىمۇ ئۈچ كۈندىن بېرى كەلمىدى.- دېدى. دەل شۇ ۋاقىتتا بىر ئىت كۆردۈم ۋە قولۇم بىلەن بېشىنى چاڭگاللاپ تۇرۇپ ۋارقىرىدىم. پەيغەمبىرىمىز:

- ئى، ئۇسامە! نېمە بولدى؟- دەپ سورىدى. مەن:

- بىر ئىت كۆردۈم.- دېدىم. پەيغەمبىرىمىز ئۇنى كۆرۈپ ساھابىلەرگە ئىتنى ئۆيدىن چىقىرىۋېتىشنى بۇيرۇدى. ئىتنى ئۆيدىن چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن جىبرىئىل كەلدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭدىن:

- ئۈچ كۈنىڭىزاقى نېمە ئۈچۈن كەلمىدىڭ؟ ماڭا ۋەدە قىلساڭ جەزمەن ۋەدەڭدە تۇراتتىڭ؟- دەپ سورىدى. جىبرىئىل:

- بىز ئىت ۋە رەسىم بار ئۆيگە كىرمەيمىز.- دەپ جاۋاب بەردى.[313]

**پادىشاھنىڭ چاپىنى**

ھاكىم ئىبنى ھىزام سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولۇپ، پات - پات يەرمەنكىلەرگە قاتنىشىپ مال - ئېلىپ ساتاتتى. بىر قېتىم بۇرۇنقى يەمەن پادىشاھلىرىدىن زىيەزەنگە ئائىت بىر چاپاننى كۆرۈپ قالدى. پەيغەمبىرىمىزگە ھەدىيە قىلىش ئۈچۈن ناھايىتى قىممەت بولسىمۇ 50 دىنارغا سېتىۋالدى. قايتىدىغان ۋاقىتىدا مەدىنىگە بېرىپ ھەدىيەسىنى پەيغەمبىرىمىزگە تەقدىم قىلدى. پەيغەمبىرىمىز تېخى مۇسۇلمان بولمىغان ھاكىمغا:

- بىز مۇشرىكلارنىڭ ھەدىيەسىنى قوبۇل قىلمايمىز، ئەمما ئۇنى چوقۇم ئېلىشىمنى خالىساڭ پۇلىنى بېرىپ ئالىمەن.- دېدى. ھاكىم چاپاننى پەيغەمبىرىمىزگە سېتىشقا قوشۇلغاندىن كېيىن:

(313) مۇسنەد، 5/203؛ تەبەرانى، ئەلمۇئجەمۇل كەبىر، 1/162.



由 扫描全能王 扫描创建

- چاپاننى قانچە پۇلغا ئالدىڭ؟- دەپ سورىدى. ھاكىم:

- 50 دىنارغا ئالدىم،- دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبىرىمىز 50 دىنار بېرىپ چاپاننى سېتىۋېلىپ، ئانچە ئۇزۇن كىيمىدى. ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئۇنى بىر جۈمە خۇتبىسىدە كىيگەنىدى.

ھاكىم ئىبنى ھىزام بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەندىن سېتىۋالغان چاپاننى مۇنبەردىكى چېغىدا كىيگەنلىكىنى كۆردۈم. ناھايىتى ياراشقانىدى. كېيىن بۇ چاپاننى ئۇسامەگە بەردى. چاپاننى ئۇسامەنىڭ ئۇستىدە كۆرۈپ:

- پاھ پاھ ئى، ئۇسامە! زىيەزەننىڭ چاپىنىنى كىيىپسەنغۇ؟- دېدىم. ئۇ چاغدا شۇ يەردە بار بولغان پەيغەمبىرىمىز ئۇسامەگە:

- ئۇنىڭغا مېنىڭ زىيەزەندىن، دادامنىڭ ئۇنىڭ دادىسىدىن قىممەتلىك بولۇشىغا نېمە توسالغۇ بولىدۇ، دەپ سورىمامسەن؟- دېدى.[314]

پەيغەمبىرىمىز يەنە بىر قېتىم ئۇنىڭغا ئىسلام ئەلچىسى دىھيەتۇل-كەلبىنىڭ ئۆزگە پادىشاھنىڭ ھەدىيەسى سۈپىتىدە ئېلىپ كەلگەن ھەدىيەسىنىمۇ بېرىۋەتكەنىدى.

ئۇسامە ئىبنى زەيد بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبىرىمىز دىھيەتۇلكەلبى ھەدىيە سۈپىتىدە ئېلىپ كەلگەن قېتىنىنى يەنى چىڭ توقۇلغان مىسىر رەختىدىن تىكىلگەن كىيىمنى ماڭا ھەدىيە قىلدى. مەن ئۇنى ئايالىمغا بەردىم. پەيغەمبىرىمىز كىيىمنى كىيمىگەنلىكىمنى كۆرۈپ:

- نېمە بولدى؟ قېتىي رەختىدىن تىكىلگەن كىيىمنى نېمە ئۈچۈن كىيمىدىڭ؟- دەپ سورىدى. مەن:

- ئۇنى كىيسۇن دەپ ئايالىمغا بەردىم،- دېدىم. ئۇ:

- ئۇنداق بولسا ئايالىڭغا ئېيتقىنكى ئىچىگە ئالتۇندىن ئىچ كىيىم كىيسۇن، ئۇنى كىيمىسە سۆڭەكلىرىنىڭ شەكلىنىڭ كۆرۈنۈپ قېلىشىدىن

(314) مۇسنەد، 3/403؛ ئىبنى سەئىد، تەباقات، 4/65. شامى، سۇبۇلۇل خۇدا، 9/30.



由 扫描全能王 扫描创建

قورقىمەن،- دېدى.»[315]

### ھېيت خۇشاللىقى

ياش ئۇسامەنىڭ ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغان ۋاقىتلىرىدىن بىرى ھېيت كۈنلىرى ئىدى. پەيغەمبىرىمىز ھېيت بولغاندا ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ھەزرىتى ھۈسەيىن، فادىل، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس، ئۇسامە، قېرىندىشى ئەيمەن ۋە دادىسى زەيد بىلەن بىرلىكتە ھېيت بولىدىغان يەرگە كېلەتتى. پەيغەمبىرىمىز تاكى ناماز ئوقۇيدىغان يەرگە بارغۇچە يول بويى ئۈنلۈك ھالەتتە تەكبىر ئېيتاتتى.[316]

ئۇنى خۇشال قىلىدىغان يەنە باشقا بىر ئىش بولسا، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۆرۈشقا بارمىغان ۋاقىتلىرىدا قورالىنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ياكى ئۆزىگە بېرىشى ئىدى.[317]

## ئىلىم ۋە ئىبادەتكە مۇناسىۋەتلىك ئەسلىملىرى

پۈتۈن ساھابىلەرگە ئوخشاشلا ئۇمۇ ئۆگىنىش ھېرىسمەنلىكى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق روھىغا ئىگە ئىدى. پەيغەمبىرىمىزنى دىققەت بىلەن كۆزىتىپ قايسى ۋەقەگە قانداق پوزىتسىيە تۇتىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىشقا تىرىشاتتى. داۋاملىق پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەتراپىدا يۈرگەنلىكتىن بۇ ئۇسۇل ئارقىلىق نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگەندى. ئۆگەنمىسە بولمايدىغان نەرسە بولسىلا پەيغەمبىرىمىزدىن سوراپ ئۆگىنەتتى. ئۆگەنگەنلىرىنى كىچىككىنە ئەمەلىيەتتە بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە تىرىشاتتى.

يىللار ئۆتكەندىن كېيىن ئۇسامە ئىبنى زەيدنىڭ خىزمەتچىسى ئۇنىڭ بىلەن ۋادى قۇرا تەرەپكە سەپەر قىلىۋاتقاندا، ئۇسامەنىڭ سەپەر ئۈستىدىمۇ دۈشەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنلىرى روزا تۇتۇشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقانلىقىنى

(315) مۇسنەد، 5/205؛ ئىبنى سەئىد، تەباقات، 4/64؛ ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 22/280.

(316) شامى، سۇبۇلۇل ھۇدا، 8/313.

(317) زەھەبى، سىيەر، 896.



由 扫描全能王 扫描创建

كۆردى. ۋە ئۇنىڭغا «سەپەر ئۈستىدە تۇرۇپمۇ دۈشەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنلىرى روزا تۇتۇۋاتىسەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياشىنىپ قالدىڭ، بەدىنىڭ ئاجىزلىدى، دېيىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئۇنداق ھالەتتە نەپلە روزا تۇتۇشىنىڭ توغرا بولمايدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلىشقا تىرىشتى. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۈشەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنلىرى روزا تۇتاتتى ۋە «ئىنسانلارنىڭ ئەمەللىرى دۈشەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنلىرى ئاللاھقا تەقدىم قىلىنىدۇ» دېگەنىدى، دېيىش ئارقىلىق سۈننەتكە ئەمەل قىلىش ئۈچۈن ئاشۇنداق كۈنلەردىمۇ روزا تۇتۇشنى داۋاملاشتۇرغانلىقىنى بىلدۈردى.(318)

ئۇسامە ئىبنى زەيد بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «يىلدا بىر ئاي روزا تۇتاتتىم، بىر كۈنى پەيغەمبىرىمىزگە ئېيتىپ، قىلغان بۇ ئىشىمنىڭ توغرا ياكى ئەمەسلىكىنى سورىدۇم. پەيغەمبىرىمىز:

- شەۋۋال ئېيىدا تۇتساڭ قانداق بولار؟- دەپ بۇ ئايدا روزا تۇتۇشقا ئىشارەت قىلدى.»(319)

ئۇ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ روزىنى قانداق تۇتىدىغانلىقىغا دائىر بىر سوئالغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «بەزىدە ‹پەقەت كۈن تاشلىمىغاندەك› ئارقا-ئارقىدىن روزا تۇتسا، بەزىدە ‹پەقەت روزا تۇتمايدىغاندەك› خېلى ئۇزۇنغىچە روزا تۇتمايتتى.(320) بىر كۈنى رەسۇلۇللاھتىن:

- ئى، رەسۇلۇللاھ! (نېمىشقا) ئىككى كۈندىن باشقا بەزىدە پەقەت كۈن تاشلىمىغاندەكلا ئۇزۇنغىچە روزا تۇتىسەن، بەزىدە پەقەت روزا تۇتمايدىغاندەك ئۇزۇنغىچە روزا تۇتمايسەن؟- دەپ سورىدىم. پەيغەمبىرىمىز:

- ئۇ قايسى ئىككى كۈن ؟- دېدى. مەن:

- دۈشەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنلىرى،- دېدىم. پەيغەمبىرىمىز:

- بۇ كۈنلەر، ئەمەللەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا سۇنۇلىدىغان

(318) ئەبۇ داۋۇد، سەۋم، 60؛ زەھەبى، سىيەر، 896.

(319) زەھەبى، 896.

(320) نەسەئى، سىيام، 70.

كۆنلەردۇر. ئەمەللىرىم ئۇنىڭغا سۇنۇلغاندا روزىدار ھالەتتە بولۇشنى ئارزۇ قىلىمەن،- دەپ جاۋاب بەردى.»[321]

ئۇسامە ئىبنى زەيد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شەئبان ئېيىدىمۇ روزا تۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىغا دىققەت قىلغان بولۇپ، بىر كۈنى ئۇنىڭدىن:

- باشقا ئايلاردا شەئبان ئېيىدىكىدەك روزا تۇتمايسەن، بۇنىڭ سەۋەبى نىمە؟- دەپ سورىدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا:

- شەئبان ئېيى رەجەب ئېيى بىلەن رامىزان ئېيىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەرنىڭ بۇ ئايدا روزا تۇتۇشقا سەل قارايدىغانلىقىنى كۆردۈم. ھالبۇكى بۇ ئاي ئەمەللەر ئالەملەرنىڭ رەببىگە ئۆرلەيدىغان ئايدۇر. ئەمەللىرىم ئۇنىڭغا ئۆرلىگەن ۋاقىتتا روزىدار ھالەتتە بولۇشنى خالايمەن،- دېدى.[322]

## پەيغەمبىرىمىزنىڭ تەۋسىيەلىرى

پەيغەمبىرىمىز مۇناسىپ پەيتلەردە ساھابىلەرگە ۋەز – نەسىھەت قىلاتتى. ئۇنىڭ نەسىھەتلىرىگە ئېرىشىش شەرىپىگە ئىگە بولغانلاردىن بىرى ئۇسامە ئىدى. بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كىرگەن ئۇسامەنى پەيغەمبىرىمىز خۇشچىراي قارشى ئالغاندىن كېيىن:

- ئى، ئۇسامە ئىبنى زەيد! جەننەتنىڭ يولىدىن ئايرىلمىغىن! ئۇ يولدىن ئېزىپ، باشقا يولغا كىرىپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلىگىن!- دەپ نەسىھەت قىلدى. ئۇسامە:

- ئى، رەسۇلۇللاھ! ماڭا بۇ يولنى ئەڭ تېز شەكىلدە قانداق بېسىپ ئۆتەلەيدىغانلىقىمنى ئېيتىپ بېرەمسەن؟- دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبىرىمىز: « دۇنيا لەززەتلىرى ئۈچۈن نەپسىڭگە چەك - چېگرا

(321) نەسەئى، سىيام، 70؛ مۇسنەد، 5/201.
(322) نەسەئى، سىيام، 70؛ مۇسنەد، 5/201.

由 扫描全能王 扫描创建

قويغىن! ئاللاھ ھارام قىلغان نەرسىلەردىن يىراق تۇرغىن!»

«ئى ئۇسامە! جەننەت ئەھلى روزا تۇتقان كىشىنىڭ ئېغىز ھىدىدىن زوق ئالىدۇ. ياخشى بىلگىنكى، روزا جەھەننەم ئوتىغا قارشى قالقاندۇر. روزىغا ئېسىلغىن! تەھەججۇد نامىزىنى كۆپ ئوقۇش، سەجدە قىلىش ئارقىلىق ئاللاھقا يېقىنلاشقىن، ياخشى بىلگىنكى، ئەڭ ئېسىل شەرەپ كېچە ئوقۇلغان نامازدۇر. قۇلنىڭ پەرۋەردىگارىغا ئەڭ يېقىن بولىدىغان ۋاقتى سەجدىدە تۇرغان ۋاقتىدۇر. ئاللاھ قۇلنىڭ بۇ ھالىتىنى پەرىشتىلەرگە ماختاپ بېرىدۇ، سۆيۈنگەن ھالدا قۇلىغا قارايدۇ.»

«ئى ئۇسامە! ئاچ قالغان ھەر قانداق جانلىق قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ ئالدىدا شۇ ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشىنىڭ سەۋەبكارى سۈپىتىدە سەندىن ھېساب سورىمىسۇن!»

ئى ئۇسامە! ھەقىقەتەن ئارزۇ قىلىدىغانلار ئۇلارغا ئوخشاش بولۇشنى ئارزۇ قىلسۇن. ئالدانغانلار، ئۇلارغا ئوخشاش ئارزۇ قىلمىغانلاردۇر. ھەسرەتتە قالغانلار، تەقۋالىق ۋە ئەمەل جەھەتتىن ئۇلاردىن يىراق بولغانلاردۇر.

ئى ئۇسامە! بۇ كىشىلەر بىلەن دوست ۋە ئاغىنە بولغىن! بەلكى ئۇلارنىڭ سەۋەبىدىن قۇتۇلۇپ قالارسەن!- دېدى. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- ئى، رەسۇلۇللاھ! مېنىڭمۇ ئۇلاردىن بىرى بولالىشىم ئۈچۈن دۇئا قىلغىن!- دېدى. پەيغەمبىرىمىز «پەرۋەردىگارىم! ئۇنى ئۇلاردىن بىرى قىلغىن!» دەپ دۇئا قىلدى.(323)

## پەيغەمبىرىمىز مەسلىھەت سالغان ياش

مۇناپىقلار ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئانىمىزغا تۆھمەت چاپلىغان كۈنلەر، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ۋاقىت ناھايىتى تەس ئۆتكەن ئېغىر كۈنلەر ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئازابلىنىشى ئۇلارنى تېخىمۇ ئازابلاۋاتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇناپىقلارنىڭ پىتنە - پاساتلىرىنى ئاڭلىغان ۋاقىتتا

(323) ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 4/253.



由 扫描全能王 扫描创建

ئايالدىن قىلچە شۈبھىلەنمىدى. شۇنداقتىمۇ يەنە نۇرغۇنلىغان كىشىلەرگە مەسلىھەت سېلىپ، ئۇلارنىڭ پىكىرلىرىنى ۋە چۈشەنچىلىرىنى سورىدى. پىكرىنى سورىغان ئىككى كىشى ئۇممۇ ئەيمەن ۋە ئوغلى ئۇسامە ئىدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇممۇ ئەيمەندىن:

- ئائىشەنى قانداق بىر ئايال دەپ قارايسەن؟- دەپ سورىدى. ئۇ:

- ئاللاھ ساقلىسۇن! مەن ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بىرەر يامان گەپ ئاڭلىمىدىم ۋە بىرەر يامان ئىش كۆرمىدىم. مەن پەقەت ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ياخشى ئىشلارنى بىلىمەن ۋە ياخشى ئىشلارنى ئويلايمەن،- دېدى.[324]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇسامەدىن سورىغاندىمۇ ئانىسىغا ئوخشاشلا ياخشى سۆزلەرنى قىلدى ۋە:

- ئى، رەسۇلۇللاھ! ئۇ، سىزنىڭ ئائىلەڭدۇر. بىز ئۇنىڭ ھەققىدە ياخشىلىقتىن باشقا نەرسە بىلمەيمىز. ئۇنىڭ ئۈستىدىن قىلىنغان سۆزلەر يالغان ۋە تۆھمەتتىن ئىبارەتتۇر،- دېدى.[325]

يېڭىدىن مۇسۇلمان بولغان بىرى بولسامچۇ، كاشكى!

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەندەك ئۇرۇشىدا مۇسۇلمانلارغا خائىنلىق قىلغان مۇررە ئوغۇللىرىنى جازالاش ئۈچۈن ئۇ يەرگە بەشىر ئىبنى سەئىدنىڭ قوماندانلىقىدا كىچىك بىر ئەترەت ئەۋەتتى. ئەمما مۇررە ئوغۇللىرى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى شېھىت قىلدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭدىن كېيىن غالىب ئىبنى ئابدۇللاھنىڭ قوماندانلىقىدا 200 كىشىلىك قوشۇننى مۇررە ئوغۇللىرىنىڭ ئۈستىگە ئەۋەتتى. ئۇسامە ئىبنى زەيدمۇ بۇ قوشۇننىڭ ئىچىدە ئىدى. بۇ ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم ئۇرۇشقا قاتنىششى ھېسابلىناتتى.

قوشۇن يولغا چىقىپ مۇررە ئوغۇللىرىنىڭ يۇرتىغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. دۈشمەننىڭ ئورنى ئېنىقلانغاندىن كېيىن ئۇرۇش تەييارلىقى باشلاندى.

(324) ۋاقىدى، مەغازى 2/430.
(325) ئىبنى ھىشام، سىيرە، 3 - 4 /301.



由 扫描全能王 扫描创建

قوماندان قىسقىغىنا سۆز قىلغاندىن كېيىن ساھابىلەرنى ئىككىدىن - ئىككىدىن قېرىنداش قىلدى.

- بىر - بىرىڭلاردىن ئايرىلماڭلار! قايتىپ كەلگەن ۋاقتىڭلاردا بىر-بىرلەپ: «قېرىندىشىڭ قەيەردە» دەپ سورايمەن،- دېدى، ۋە:

- تەكبىر ئېيتىلغاندا سىلەرمۇ تەكبىر ئېيتىپ ھۇجۇمغا ئۆتۈڭلار!- دېگەننى تەكىتلىدى. ئىسلام قوشۇنى ناھايىتى چوڭ غەلىبىگە ئېرىشتى. ساھابىلەر قايتىپ كېلىشكە باشلىغان بولسىمۇ، ئۇسامە ئارىلىرىدا يوق ئىدى. قوماندان ئۇنىڭ خېلى كېچىكىپ قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ:

- ساڭا نىمە دەپ بۇيرۇق قىلغانلىقىمنى بىلەمسەن؟ نەدە يۈردۈڭ؟ - دەپ ئاچچىقلاندى. ئۇسامە ئىبنى زەيد:

- بىر ئادەمنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدىم. مېنىڭ ناھايىتى ئاچچىقىمنى كەلتۈردى. ئاخىرىدا ئۇنى تۇتۇۋالدىم. قىلىچىمنى چىقىرىپ ئۇراي دەپ تۇرسام «لا ئىلاھە ئىللەللاھ» دېدى،- دېدى. قوماندان:

- سەن قانداق قىلدىڭ، قىلىچىڭنى قىنىغا سالدىڭمۇ؟- دەپ سورىدى. ئۇسامە:

- ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتىم،- دېدى. قوماندان:

- ناھايىتى خاتا ئىش قىلىپسەن، سەن «لا ئىلاھە ئىللەللاھ» دېگەن بىر ئادەمنى نىمىشقا ئۆلتۈردۈڭ؟-دەپ ئاچچىقلاندى.

ئۇسامە ئۆزىنىڭ ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكىنى ھېس قىلغان بولسىمۇ، بولغۇلۇق بولغانىدى. قايغۇدىن قوللىرى بوشىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ بۇ قايغۇسىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «ئۇ چاغدا قەلبىمگە قاتتىق قورقۇنچ كىردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بارغۇچە بولغان ئارىلىقتا يېمەك - ئىچمەكتىن قالدىم. پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا بارغان



由 扫描全能王 扫描创建

ۋاقتىمدا مېنى قۇچاقلاپ سۆيدى.[326]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇسامەگە چىرايلىق گەپلەرنى قىلىپ تەسەللىي بېرىشكە باشلىدى. ئۇسامە پەيغەمبىرىمىز بىلەن كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن بىر تەرەپكە ئۆتۈپ تۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشقا ساھابىلەر بىلەن پاراڭلىششقا باشلىدى. ساھابىلەر:

- ئى، رەسۇلۇللاھ! ئۇسامە سەپەر جەريانىدا بىر ئادەمنى ئۇچراتتى. ئۇ كىشى ‹لا ئىلاھە ئىللەللاھ› دېگەن بولسىمۇ ئۇنى چېپىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى،- دېيىشتى. پەيغەمبىرىمىز بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ناھايىتى بىئارام بولۇپ، يۈزنى باشقا تەرەپكە بۇرىۋالدى. ساھابىلەر توختىماي سۆزلەۋەرگەچكە پەيغەمبىرىمىز بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇسامەگە قاراپ:

- ئى، ئۇسامە! سەن ‹لا ئىلاھە ئىللەللاھ› دېگەن ئادەمنى نېمىشقا ئۆلتۈردۈڭ؟- دەپ ئاچچىقلاندى. ئۇسامە:

- ئى، رەسۇلۇللاھ! مەن ئۆلۈمدىن قورقۇپ ئىمان ئېيتتى، دەپ ئويلىدىم،- دەپ ئۆزرىنى ئاقلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- بۇنى بىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ قەلبىنى يېرىپ كۆردۈڭمۇ؟ دېمەك سەن ‹لا ئىلاھە ئىللەللاھ› دېگەن بىرىنى ئۆلتۈردۈڭ، شۇنداقمۇ؟- دېدى.

ئۇسامە ‹پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزنى شۇنداق كۆپ تەكرارلىدىكى ھەتتا مەن ئىچىمدە ئۇ كۈنى مەن يېڭى مۇسۇلمان بولغان بىر ئادەمنى ئۆلتۈرمىگەن بولۇشۇمنى تىلىدىم› دېدى.[327]

## ئۆيلىنىشى

يولدىشىدىن ئايرىلغان فاتىمە ئىبنى قەيسنىڭ ئىددىتى توشقاندىن كېيىن ھەزرىتى مۇئاۋىيە ۋە ھەزرىتى ئەبۇ جەھم ئۇنىڭغا ئۆيلىنىش تەكلىپى قويدى. فاتىمە پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۆزىگە قويۇلغان

(326) شامى، سۇبۇلۇل ھۇدا، 6/140.

(327) مۇسنەد، 5/200؛ ئىبنى سەئد، تەبقات، 2/119؛ شامى، سۇبۇلۇل ھۇدا، 6/192.



由 扫描全能王 扫描创建

تەكلىپلەرنى پەيغەمبىرىمىزگە ئېيتىپ، ئۇنىڭدىن ئۆزىگە ئۆيلىنىش تەكلىپى قويغانلار توغرىسىدا پىكرىنى سورىدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا ئەر بولىدىغان نامزاتلارنىڭ پايدىسىز تەرەپلىرىنى ئەسلىتىپ ‹مۇئاۋىيە كەمبەغەل بىرى، ھېچقانداق مېلى يوق. ئەبۇ جەھم بولسا قوپال، ھاسسىنى مۈرىسىدىن چۈشۈرمەيدىغان ئادەم› دېيىش ئارقىلىق ئۇلار بىلەن بەختلىك بولۇش ئېھتىماللىقىنىڭ تۆۋەن ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىپ ئۆتتى. سۆھبەتنىڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭغا ئۇسامە ئىبنى زەيد بىلەن توي قىلىشنى تەۋسىيە قىلدى. ئەمما ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى ئازاد قىلىنغان قۇل بولغانلىقى ئۈچۈن فاتىمەنىڭ ئائىلىسى ئۇسامە بىلەن توي قىلىشقا رازى بولمىدى. لېكىن فاتىمە ئۆيدىكىلەرگە ئوخشاش ئويلىمايتتى.

فاتىمە بىنتى قەيس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۇسامە ئىبنى زەيد ھەققىدە ‹مېنى ياخشى كۆرگەن كىشى ئۇسامەنىمۇ ياخشى كۆرسۇن› دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ بىلەن ئۆيلىنىشنى تەۋسىيە قىلغان چاغدا ئائىلەمدىكىلەرنىڭ ئۇنىڭغا دائىر ئورۇنسىز پىكىرلىرىگە قارشى چىقىپ:

- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دېگىنىدىن باشقا بىرى بىلەن ئۆيلەنمەيمەن، - دېدىم. ئاندىن پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

- مەن، سەن نېمە دېسەڭ شۇنى قىلىمەن، مېنى سەن خالىغان كىشى بىلەن ئۆيلەندۈرگىن، - دېدىم. پەيغەمبىرىمىز:

- ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھقا ئىتائەت قىلىشىڭ سېنىڭ ئۈچۈن ياخشىدۇر، - دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋسىيەسىگە ئاساسەن ئۇسامە ئىبنى زەيد بىلەن ئۆيلەندىم.»[328]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنىڭ بەرىكىتى بىلەن ئەر - ئايال ئىككىسى بەختلىك بىر ئائىلە قۇردى. ئۇلارنىڭ جۇبەير، زەيد ۋە ئائىشە ئىسىملىك ئۈچ پەرزەنتى بولدى. كىشىلەر ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىمۇ

(328) تىرمىزى، نىكاھ، 38؛ نەسەئى، نىكاھ، 8، 9، 21؛ ئىبنى ماجە، نىكاھ، 10.



由 扫描全能王 扫描创建

دادىسىغا ئوخشاش سۆيۈملۈك كىشىنىڭ ئوغۇللىرى دەپ خاتىرىلىدى.(329)

## مەككىنىڭ پەتھى قىلىنىشىدا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىگە كىرگەندە ئۇسامە ئىبنى زەيدنى ئۇلىغىغا مىندۈرىۋالغان ئىدى. ئۇ يولدا پەيغەمبىرىمىزدىن:

- ئەتە قەيەرگە چۈشىسىز؟ ئۆزىڭىزنىڭ ئۆيىگە چۈشەمسىز؟- دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ئاقىل بىزگە ئۆي قالدۇرمىدى. كىنانە ئوغۇللىرىنىڭ ۋادىسىغا چۈشىمىز،- دېدى.

ئۇ يەر بىر چاغلاردا مەككىلىكلەر مۇسۇلمانلارنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ زۇلۇم قىلىش ئۈچۈن توختام تۈزۈشكەن ۋادا ئىدى. ھازىر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ يەردە مەككىنىڭ پەتھى قىلغۇچىلىرى سۈپىتىدە تۇرۇشى تەقدىرنىڭ جىلۋىسى ئىدى.(330)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شۇ ۋاقىتتا ئىسلامنى قوبۇل قىلمىغان قېرىندىشى ئاقىل تارتىۋالغانىدى. مەككە پەتھى قىلىنىش جەريانىدا پەيغەمبىرىمىز ھېچكىمنىڭ ئۆيىدە تۇرماي چېدىردا تۇردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىگە كىرگەندىن كېيىن ئۇدۇل كەبىگە بېرىپ تۆگىسىدىن چۈشتى. كەبىنىڭ ئاچقۇچىنى تەلەپ قىلدى. بىلال ھەبەشى كەبىنىڭ ئىشىك باققۇچىسى ئوسمان ئىبنى تەلھەنى تېپىپ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ئوسمان ئىبنى تەلھە كەبىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. پۈتۈن ساھابىلەر كەبىگە توپلىنىپ نېمە ئىشلارنىڭ بولىدىغانلىقىنى كۆزىتىۋاتاتتى. پەيغەمبىرىمىز بىلال ھەبەشى ۋە ئۇسامە ئىبنى زەيدنى يېنىغا ئېلىپ كەبىگە كىرگەندە، ھەممەيلەن ئەندىشە

(329) ئىبنى سەئد، تەبقات، 4/72.

(330) بۇخارى، ھەج، 44؛ جىھاد، 180؛ مۇسلىم، ھەج، 439؛ ئەبۇ داۋۇد، مەناسىك، 86.



由 扫描全能王 扫描创建

ئىچىدە قاراپ تۇراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر تەرىپىدە ئېخى تۇنۇگۇنگىچە قۇل بولغان بىلال ھەبەشى، يەنە بىر تەرىپىدە ئازادگەردىسى زەيد ئىبنى ھارىسنىڭ ئوغلى ئۇسامە بار ئىدى. ئىچكىرىگە كىرگەندىن كېيىن ئىشىكلىرى تاقىۋېتىلدى.(331)

ئۇسامە ئىبنى زەيد ئۇنىڭدىن كېيىنكى بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەبىگە كىرگەندىن كېيىن، ھەممە تەرەپنى ئايلىنىپ دۇئا قىلدى. چىقىشتىن بۇرۇن ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇدى. تاملاردىكى رەسىملەرنى كۆرۈپ، سۇ ئېلىپ كېلىشىمىزنى بۇيرۇدى. سۇ كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن تامدىكى رەسىملەرنى يۇيۇپ ئۆچۈرۈشكە باشلىدى.(332)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سىرتقا چىققان ۋاقىتتا خالىد ئىبنى ۋەلىد ئىشىك ئالدىدىكى كىشىلەرنى يىراقلاشتۇرۇشقا تىرىشىۋاتاتتى. پەيغەمبىرىمىز خېلى ۋاقىتقىچە ئىشىك ئالدىدا تۇردى. كىشىلەرگە سۆز قىلىش ئۈچۈن ئىشىكنىڭ قاناتلىرىنى تۇتۇپ تۇرغان ھالدا ئۇلارغا قارىدى. كىشىلەر ئۇنىڭ سۆزلىرىنى تىڭشاش ئۈچۈن ئولتۇرۇشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھقا ھەمدۇ-سانا ئېيتقاندىن كېيىن مەككىلىكلەردىن:

- مېنى سىلەرگە نېمە قىلىدۇ، دەپ ئويلاۋاتىسىلەر؟- دەپ سورىدى.

ئۇلار:

- سېنىڭ ھەققىڭدە ياخشى سۆزلەرنى قىلىمىز ۋە ياخشىلىقنى ئويلايمىز. سەن قىممەتلىك بىر قېرىندىشىمىزنىڭ قىممەتلىك ئوغلى سەن. ھازىر كۈچ سېنىڭ قولۇڭدا،- دېيىشتى. پەيغەمبىرىمىز:

- سىلەرگە قېرىندىشىم يۇسۇفنىڭ دېگەن سۆزلىرىنى دەيمەن: «بۈگۈن سىلەرگە ئەيىبلەش يوق! ئاللاھ سىلەرنى ئەپۇ قىلسۇن! شۈبھىسىزكى ئۇ، مەرھەمەت قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ مەرھەمەتلىكىدۇر.»(333)

(331) سۇھەيلى، راۋدۇل ئۇنۇف، 4/171؛ ئەترابلىق مەلۇماتقا ئېرىشىش ئۈچۈن «ئۈچ بىلال» غا قاراڭ.
(332) مۇسنەد، 5/201، تەبارانى، ئەلمۇئجەمۇل كەبىر، 1/167.
(333) مەقرىزى، ئىمتائۇل ئەسمائ، 1/294.



由 扫描全能王 扫描创建

مەككىنىڭ پەتھى قىلىنىشى ئۇسامەنى ناھايىتى ھاياجانغا سالغانىدى. ئۆتمۈشتە مۇشرىكلارنىڭ پەيغەمبىرىمىزگە ۋە مۇسۇلمانلارغا قىلغان قىلمىشلىرىنى ئەسلەپ پەرۋەردىگارىغا ھەمد ئېيتتى. مەككىنىڭ پەتھى قىلىنىش خۇشاللىقىدىن قانغۇچە بەھرىمەن بولدى ۋە نۇرغۇن ئىشلارغا شاھىت بولدى. بۇلاردىن بىرى ئېسىل نەسەبلىك بىر ئايالنىڭ ئوغرىلىق قىلىش ۋەقەسى ئىدى.

ئىسلام قوشۇنلىرى مەككىدە تۇرۇۋاتقان ۋاقىتتا خەلق ئىچىدىكى ئابرۇيلۇق ئائىلىنىڭ ئاياللىرىدىن فاتىمە ئىبنى ئەسەد زىبۇ - زىننەت ئوغرىلاۋاتقاندا تۇتۇلۇپ قالدى. مەككىلىكلەرگە بۇ ئايالنىڭ جازالىنىشى ئېغىر كەلدى. جازانى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئۈچۈن چارىلەرنى ئىزدىدى. ئاقىۋەت پەيغەمبىرىمىز بىلەن پاراڭلىشىش قارارىغا كېلىشتى.

ئەمما كىم پاراڭلىشىدۇ؟ ئۇنىڭ بىلەن بۇنداق بىر ئىشنى پاراڭلىششقا كىم جاسارەت قىلالايدۇ؟ ئۆزئارا پاراڭلاشقاندىن كېيىن:

- پەيغەمبىرىمىز بىلەن، ئۇنى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئۇسامە ئىبنى زەيد پاراڭلىشالايدۇ، - دېيىشىپ، ئۇدۇل ئۇنىڭ يېنىغا بېرىشتى. ئەھۋالنى ئېيتىپ، ئۇنىڭ بېرىپ پەيغەمبىرىمىزدىن ئۇ ئايالنى جازالىماسلىقنى تەلەپ قىلىشىنى ئۆتۈندى. ئۇسامە ئېيتىلغان سۆزلەرنى ياقتۇرمىغان بولسىمۇ كەلگەنلەرنىڭ سۆزلىرىنى رەت قىلالماي:

- بولىدۇ، - دېدى ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا بېرىپ ئەھۋالنى ئېيتىپ، ئۇ ئايال ھەققىدىكى تەلەپنى ئېيتقاندا پەيغەمبىرىمىزنىڭ ناھايىتى ئاچچىقى كېلىپ يۈزلىرى قىزىرىپ كەتتى:

- ئى، ئۇسامە! ئاللاھ بەلگىلىگەن جازا ھەققىدە مەن بىلەن سۆزلەشكىلى كەلدىڭمۇ؟ - دەپ كىنايە قىلدى. ناھايىتى ئېغىر خاتا ئىشتىن بىرنى قىلغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن ئۇسامە پەيغەمبىرىمىزدىن:

- ماڭا ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلىسەڭ؟ - دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناماز شام ئوقۇپ بولۇپ ئاللاھقا ھەمدۇ - سانا



由 扫描全能王 扫描创建

ئېيتقاندىن كېيىن خەلققە خىتاب قىلىپ:

- سىلەردىن بۇرۇن ئۆتكەن كىشىلەر خەلقنىڭ ئابرۇيلۇق كىشىلىرىدىن بىرى ئوغرىلىق قىلسا جازاغا تارتمايتتى. ئادەتتىكى كەمبەغەل كىشىلەر ئوغرىلىق قىلسا، ئۇنى ئەيۇ قىلماي قولىنى كېسەتتى. مۇشۇنداق قىلغانلىقى ئۈچۈن ھالاك بولدى. جېنىم ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، فاتىمە بىنتى مۇھەممەد ئوغرىلىق قىلسا، ئۇنىڭمۇ قولىنى كېسىمەن.- دېدى.

پەيغەمبىرىمىز سۆزىنى تۈگەتكەندىن كېيىن بىلال ھەبەشكە قاراپ:

- ئى، بىلال، ئورنۇڭدىن تۇرغىن! ئۇنى ئېلىپ بېرىپ قولىنى كەسكىن!- دېدى. بىلال ھەبەشى شۇ ھامان بۇيرۇقنى ئىجرا قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن سەممىي شەكىلدە تەۋبە قىلغان ئۇ ئايال ياخشى بىر مۇسۇلمان بولدى ۋە بەنى سۇلەيم قەبىلىسىدىن بىر كىشى ئۆيلەندى.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بايان قىلىپ «كېيىنكى يىللاردا ئۇ ئايال پات - پات مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ ئەھۋالىنى ئېيتاتتى. بىرەر ئېھتىياجى بولسا، پەيغەمبىرىمىزگە دەپ ھەل قىلىپ بېرەتتىم» دەيدۇ.(334)

ئۇسامە ئىبنى زەيد مەككىنىڭ پەتھى قىلىنىشىدىن كېيىن قېرىندىشى ئەيمەن بىللە ھۇنەيىن ئۇرۇشىغا قاتناشتى. ئىسلام قوشۇنى تارقالغان ۋاقىتتا چىداملىق بىلەن پەيغەمبىرىمىزنى قوغدىغان قەھرىمانلارنىڭ ئارىسىدىن ئورۇن ئالدى.(335)

## پەيغەمبىرىمىزنىڭ خىزمىتىنى قىلغان ياش

پەيغەمبىرىمىزنىڭ خىزمىتىنى قىلىش شەرىپىگە ئېرىشكەنلەردىن بىرى ئۇسامە ئىبنى زەيد بولۇپ، ئۇ ھەم پەيغەمبىرىمىزنىڭ تەربىيەسىدە چوڭ بولغان، ھەم داۋاملىق ئۇنىڭ يېقىن ئەتراپىدا يۈرىدىغان بەختلىك

(334) بۇخارى، ئەھادىسۇل ئەنبىيا، 54؛ مۇسنەد، 3/363؛ ئىبنى سەئىد، تەباقات، 8/263.
(335) شامى، سۇبۇلۇ ھۇدا، 5/329.



由 扫描全能王 扫描创建

باللاردىن ئىدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىدا قەتئىي ھاردىم- تالدىم دېمەستىن خىزمىتىنى قىلاتتى، بۇيرۇغان ئىشلارنى دەرھال ئورۇندايتتى.(336)

رۇقىيە ئانىمىزنىڭ ۋاپاتى جەريانىدا ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن ۋەزىپىگە قويۇلغان ياش ئۇسامە ئىبنى زەيد بولۇپ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئانىسى فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ باشقا يېقىنلىرىنىڭمۇ جىنازا ئىشلىرىدا ۋەزىپىگە قويۇلۇپ خىزمەت قىلدى.

پەيغەمبىرىمىز فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ۋاپات بولغاندا ئەنەس ئىبنى مالىك، ئەبۇ ئەييۇب ئەلئەنسارى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە بىر قارا تەنلىك قۇلنى يېنىغا چاقىرىپ، ئۇلارغا فاتىمە بىنتى ئەسەد ئۈچۈن يەرلىك كولاشنى بۇيرۇدى. ساھابىلەر بەقىي قەبرىستانلىقىغا بېرىپ يەرلىك كولاشقا باشلىدى. لەھەت قىسمىغا كەلگەندە، پەيغەمبىرىمىز يەرلىككە چۈشۈپ كولاشقا ۋە تۇپراقلارنى ئېتىشقا باشلىدى.(337)

ئۇسامە ئىبنى زەيد ۋىدا ھەجى جەريانىدا داۋاملىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا يۈرۈپ ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ، ئېرىشكىلى بولمايدىغان خۇشاللىققا نائىل بولدى. بۇ خىزمەتلەرگە شاھىت بولغان ئۇممۇ ھۇسەيىن مۇنداق دەيدۇ: «ۋىدا ھەججىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە ئادا قىلدىم. ھەج جەريانىدا ئۇسامە بىلەن بىلالنى كۆردۈم. بىرى پەيغەمبىرىمىزنىڭ تۆگىسىنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتسا، يەنە بىرى كىيىملىرى ئارقىلىق پەيغەمبىرىمىزگە سايە چۈشۈرۈشكە تىرىشۋاتاتتى. ئەقەبە جەمرىسىگە كەلگۈچە بۇ شەكىلدە يولنى داۋاملاشتۇردى.(338)

ئۇسامە ئىبنى زەيد بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەراپاتتا تۇرۇۋاتقان كۈنىمىز كەچلىكى مەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۇلىغىدا ئىدىم. ناماز ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇياش پېتىۋاتقاندا ئارقىدىن

(336) قەتتانى، ئەتتەراتىبۇل ئىدارىيە، 1/94.

(337) تەبەرانى، ئەلمۇئجەمۇل كەبىر، 24/352.

(338) مۇسلىم، ھەج، 312؛ مەقرىزى، ئىمتائۇل ئەسماﺋ، 7/240.

كېلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ تاقەتسىزلىنىۋاتقانلىقىنى بايقاپ:

- ئى، خالايىق ئالدىرىماڭلار! ئۆزۈڭلارنى تۇتۇۋېلىڭلار! ئالدىراقسانلىق قىلىش ياخشى ئەمەس، - دېدى.

كىشىلەر ئۇنىڭغا يېقىنلاشقانسېرى يولنى داۋاملاشتۇردى. ئۇلار ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، تېز مېڭىشقا بۇيرۇدى. كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ناماز ئوقۇيالايدۇ، دەپ ئويلىغان ۋادىغا كەلگۈچە مۇشۇنداق ماڭدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ يەرگە كەلگەندە تۆگىسىنى چۆكتۈرۈپ يەرگە چۈشتى. ھاجەتخانىغا بېرىپ كەلدى. مەن دەرھال سۇ قۇتىسىنى ئېلىپ پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا بېرىپ تاھارەت ئېلىشى ئۈچۈن سۇ قويۇپ بەردىم. تاھارەت ئېلىپ بولغاندىن كېيىن:

- ئى، رەسۇلۇللاھ! ناماز ئوقۇمدۇق!- دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ناماز ئوقۇيدىغان يەر بىر ئاز ئالدىدا، - دېدى ۋە ناماز ئوقۇماي قايتا تۆگىسىگە مىنىپ يولنى داۋاملاشتۇردى. مۇزدەلىفەگە كېلىپ ناماز شامنى، ئاندىن خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇدى.(339)

ئۇسامە ئىبنى زەيد بۇرنى پاناق قارا تەنلىك بىر ياش ئىدى. يەمەنلىكلەر ئەراپاتتىن مۇزدەلىفەگە كېلىدىغان ۋاقىتتا پەيغەمبىرىمىزنى ئۇنىڭ سەۋەبىدىن كېچىكىپ قالدى، دەپ ئويلاپ:

- ئۇنىڭ سەۋەبىدىن بۇ يەرگە سولىنىپ قالدۇق، - دەپ ئاچچىقلىنىشتى. ئۇلار پەيغەمبىرىمىزنىڭ قارا تەنلىك ۋە ئۆزىنىڭ نەزىرىدە كۆرۈمسىز بولغان بىر بالىغا بۇنچىلىك كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى پەقەتلا چۈشىنەلمەيۋاتاتتى. بۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدە دەرد بولۇپ قالدى. پەيغەمبىرىمىز ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرىنى كۆزىگە ئىلماي مۇرتەد بولۇپ كەتتى.(340)

(339) مۇسنەد، 5/200؛ تەبەرانى، ئەلمۇئجەمۇل كەبىر، 1/162.

(340) ئىبنى سەئد، تەبەقات، 4/63.



由 扫描全能王 扫描创建

## ھەج يولىدا

ئۇسامە ئىبنى زەيد كېيىنكى كۈنلەردە شۇ قېتىملىق ھەج سەپىرى جەريانىدىكى ئەسلىمىلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ھەج قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە يولغا چىقتۇق. ‹بەتنى راۋھا› دېگەن يەرگە كەلگەن ۋاقتىمىزدا بىر ئايالنىڭ بالىسىغا كۆرسىتىۋاتقان ئانىلىق مېھرى - شەپقىتى پەيغەمبىرىمىزنىڭ دىققىتىنى تارتتى. پەيغەمبىرىمىز توختاپ ئايالنىڭ يېنىغا بېرىپ، بالىسىنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. ئۇ ئايال:

- ئى، رەسۇلۇللاھ! بۇ بالا تۇغۇلغاندىن تارتىپ ئەھۋالى مۇشۇنداق، داۋاملىق ھوشىدىن كېتىدۇ،- دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بالىنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئوقۇپ دۇئا قىلدى، ئاندىن بالىنى ئانىسىغا بېرىپ:

- بالىنى ئالغىن، ئۇنىڭ كېسىلى ساقايدى،- دېدى.

ھەجدىن قايتىپ بەتنى رەۋھاغا كەلگەن چېغىمىزدا بالىنىڭ ئانىسى قىزىرىپ پىشقان بىر قوينىڭ گۆشىنى ئېلىپ يېنىمىزغا كەلدى. پەيغەمبىرىمىزگە:

- مەن ھېلىقى بالىنىڭ ئانىسى!- دېدى. پەيغەمبىرىمىز:

- بالىنىڭ ئەھۋالى قانداق؟- دەپ سورىدى. ئايال:

- شۇ كۈندىن تارتىپ ھېچقانداق كېسىلى قالمىدى، بۇ قوينى قوبۇل قىلغىن!- دېدى. پەيغەمبىرىمىز ماڭا:

- ئى، ئۇسامە! ئايالدىن قوينى ئالغىن!- دېدى. ئايالدىن قوينى ئالدىم. پەيغەمبىرىمىز قوينىڭ قول تەرىپىدىكى گۆشكە ئامراق ئىدى. ماڭا:

- ئى، ئۇسامە! قوينىڭ قولىنى ماڭا بەرگىن!- دېدى. دەرھال قول تەرىپىنى كېسىپ پەيغەمبىرىمىزگە بەردىم. ئارىدىن ئازراق ئۆتكەندىن كېيىن، تاماق ۋاقتى بولغاندا پەيغەمبىرىمىز يەنە ماڭا:

- ئى، ئۇسامە! قوينىڭ قولىنى ماڭا بەرگىن!- دېدى. مەن:



由 扫描全能王 扫描创建

ئى رەسۇلۇللاھ! قوينىڭ ئىككى قولى بار، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ساڭا بەردىم،- دېدىم. پەيغەمبىرىمىز:

- ئى، ئۇسامە! ئەگەر سەن گەپ قىلماي، دېگىنىم بويىچە قىلغان بولساڭ، مەن سەندىن قول تەلەپ قىلغان ۋاقىتتا سەن ماڭا قول بېرىۋېرەتتىڭ- دېدى.(341)

## ئىبراھىمنىڭ ۋاپاتىدا

ئۇسامە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ئىبراھىمنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن پۈتۈن ساھابىلەرگە ئوخشاش كۆز ياشلىرىنى تۇتالمىدى. ئىبراھىمنى ئىبنى ئابباسنىڭ ئوغلى فازىل يۇدى. ئۇ يۇيۇۋاتقاندا ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن پەيغەمبىرىمىز يۇيۇپ بولۇشىنى ساقلاپ تۇردى. كېيەنلىگەندىن كېيىن نامىزىنى ئوقۇپ مازارغا ئېلىپ ماڭدى. يەرلىك كولاشقا ياردەم قىلغان ئۇسامە ئىبراھىم يەرلىككە قويۇلىدىغان چاغدا فازىل ئىبنى ئابباس بىلەن بىرلىكتە يەرلىككە چۈشۈپ ئۇنى مەڭگۈلۈك ئىستىراھەتگاھىغا ئۇزىتىپ قويدى.(342)

## قوشۇننىڭ ئون توققۇز ياشلىق قوماندانى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلام دەۋىتىنىڭ كېڭىيىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. مۇسۇلمانلار ۋىزانتىيە ۋە ئىراننىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى يەرلەرگە بېرىپ كىشىلەرنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىشى كېرەك ئىدى. ئەمما ھۆكۈمرانلار ئىسلام دەۋىتىنىڭ ئالدىدا كۈچلۈك توسالغۇ بولۇپ تۇراتتى. رۇملار ھىجرىيەنىڭ يەتتىنچى يىلىنىڭ بېشىدا ئەۋەتىلگەن ئىسلام ئەلچىسىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەۋەتكەن 300 كىشىگە قارشى 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن چىققانىدى.

(341) بەيھەقى، دەلائىلۇن نۇبۇۋۋە، 6/25، شامى، سۇبۇلۇل خۇدا، 10/29؛ ئەلمەقرىزى، ئىمتائۇل ئەسمائ، 11/233.
(342) ئىبنى سەئىد، تەباقات، 8/215؛ ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 14/230.



由 扫描全能王 扫描创建

بۇ ئۇرۇشتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان بىقىۋالغان بالىسى زەيد ئىبنى ھارىسە، تاغىسىنىڭ ئوغلى جەئفەرى تەييار، ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە ۋە ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇنلىغان ساھابىلەر شېھىت قىلىنغانىدى. بۇ ئەھۋال ئۇ تەرەپتە ئىسلام دەۋىتىنىڭ توسۇلۇپ قېلىشىغا سەۋەب بولغانىدى. بۇ توسالغۇلارنى يېڭىشنى ئارزۇ قىلغان پەيغەمبىرىمىز ۋاپاتىغا ئاز قالغاندا، ساھابىلەرنى رۇملارغا قارشى ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىشقا بۇيرۇغانىدى. ئەتىسى (سەيشەنبە كۈنى) ئۇسامە ئىبنى زەيدنى يېنىغا چاقىرىپ شامنىڭ بەلقە چېگراسىدىكى پەلەستىنىنىڭ داروم دېگەن يېرىگە ئەۋەتتى ۋە ئۇنىڭغا:

- سېنى بۇ قوشۇنغا قوماندان قىلدىم، داداڭ ئۆلتۈرۈلگەن يەرگە بارغىن! ئەتىگەندە ئۇبنا خەلقىگە ھۇجۇم قىلغىن! چاقماق تېزلىكىدە ئۈستىگە باستۇرۇپ كىرگىن! يۇرتلىرىنى ئاتلىرىڭ ئاستىدا چەيلەتكىن! تېز مېڭىپ سىلەرنىڭ بارىدىغانلىقىڭلارغا دائىر خەۋەر يېتىشتىن بۇرۇن يېتىپ بارغىن! غەلىبە قىلساڭ ساقلاپ تۇرماي دەرھال قايتىپ كەلگىن! كېتىدىغان ۋاقىتتا كۆزەتچى ۋە خەرىتىنى يېنىڭغا ئېلىۋال! پايلاقچىلارنى ئالدىدا ماڭدۇرغىن!- دېدى.

چارشەنبە كۈنى تۇيۇقسىزلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بېشى ئاغرىشقا، قىزىتمىسى ئۆرلەشكە باشلىدى. ئەتىسى پەيشەنبە كۈنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ باش ئاغرىقى بىر ئاز قويۇپ بەرگەندىن كېيىن ئۇسامە ئىبنى زەيدكە بايراقنى تۇتقۇزۇپ:

- ئاللاھنىڭ نامى بىلەن ئۇرۇش قىلغىن! ئاللاھنى ئىنكار قىلغانلار بىلەن جەڭ قىلغىن! ۋەدىگە ۋاپاسىزلىق قىلمىغىن! كىچىك بالىلارنى ۋە ئاياللارنى ئۆلتۈرمىگىن! بەلكى ئۇلارغا قىلغان يامانلىقىڭ سەۋەبىدىن بالا - مۇسىبەتكە ئۇچراپ قېلىشىڭنى بىلەلمەيسەن.

دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىشنى ئارزۇ قىلماڭلار! «ئاللاھىم بىزگە ياردەم قىلغىن، دۈشمەننىڭ ئۈستىدىن كەلگىن، بىزگە زىيان يەتكۈزۈشتىن



由 扫描全能王 扫描创建

توسقىن!› دەپ دۇئا قىلىڭلار!

دۈشمەن بىلەن ئۇچراشقان ۋاقىتلاردا، سىلەرنى قورقۇتۇش ئۈچۈن ۋارقىرىشىپ ئۈستۈڭلارغا كېلىدۇ. ئۇ ۋاقىتتا سۈكۈتنى ۋە تەمكىنلىكلىرىڭلارنى ساقلاڭلار!

بىر - بىرىڭلار بىلەن تىركەشمەڭلار، قورقۇپ ئاجىزلاپ كېتىسىلەر، كۈچۈڭلار ۋە كەيپىياتىڭلار تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. دۈشمەن بىلەن ئۇچراشقان ۋاقىتلاردا: ‹پەرۋەردىگارىم! بىز سېنىڭ قۇللىرىڭ، بىزنىڭ كۆكۈلمىزمۇ ۋە ئۇلارنىڭ كۆكۈللىرىمۇ سېنىڭ قولۇڭدا، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غالىب كېلىدىغان زات سەندۇرسەن› دەپ دۇئا قىلىڭلار. ياخشى بىلىڭلاركى، جەننەت قىلىچلارنىڭ سايىسى ئاستىدىدۇر،- دېدى.

ئۇسامە ئىبنى زەيد پەيغەمبىرىمىز تۇتقۇزغان بايراقنى بۇرەيدە ئىبنى هۇسەيدگە بەردى. قوشۇننىڭ توپلىنىشى ئۈچۈن جۇرۇپتا قارارگاھ قۇردى. ئىشلىرنى تۈگىتىپ تەييار بولغان ساھابىلەر بۇ قارارگاھقا يىغىلىشقا باشلىدى.(343)

## ئۇسامە ئىبنى زەيدنىڭ قوماندان بولۇشىغا بىلدۈرۈلگەن ئېتىرازلار

داۋاملىق تەربىيەلىنىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان ساھابىلەر پات - پات ئۆتمۈشتە قالغان، تەسىرىدىن تېخى پۈتۈنلەي قۇتۇلۇپ كېتەلمىگەن جاھىلىيەت تۇيغۇلىرى بىلەن ھەرىكەت قىلاتتى. بۇ سەۋەبتىن ئەمدىلا 19 ياشقا كىرگەن ياش ۋە ئازادگەردە بىر قۇل بولغان ئۇسامە ئىبنى زەيدنىڭ قوماندان قىلىنىشى بىر قانچە ساھابىنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى نادانلىق تۇيغۇسىنى ئويغۇتۇشقا چىقاردى. ئەيياش ئىبنى رەبىئە:

- مۇھاجىرلارنىڭ بېشىغا مۇشۇ ياش قوماندان قىلىپ تەيىنلەندىمۇ؟- دەپ سۆزلەشكە باشلىدى. مۇناپىقلار بۇ سۆزلەرنى پۇرسەت دەپ بىلىپ، ئىشنى چوڭايتىپ پىتنە - پاسات تارقىتىشقا باشلىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ

(343) ئىبنى سەئد، تەباقات، 2/190؛ ۋاقىدى، مەغازى، 3/1117.



由 扫描全能王 扫描创建

ئەنھۇ بۇ پىتنە ـ پاساتلارنى ئاڭلاپ، پىتنە تارقاتقۇچىلارغا ئاچچىقلاندى. ئاندىن پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا بېرىپ بولۇۋاتقان گەپ ـ سۆزلەرنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەردى. پەيغەمبىرىمىز بۇلارنى ئاڭلاپ ناھايىتى قايغۇردى. كېسەل بولۇشىغا قارىماي بېشى تېڭىقلىق ھالدا شەنبە كۈنى مۇنبەرگە چىقىپ ساھابىلەرگە:

ـ ئى، خالايىق! مەن قوماندان قىلغان ئۇسامە ھەققىدە قىلىنغان بەزى سۆزلەرنى ئاڭلىدىم، بۇ نېمە گەپ؟ ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇنىڭ دادىسىنى قوماندانلىققا قانداق لايىق كۆرگەن بولسام، ئوغلىنى شۇ شەكىلدە لايىقتۇر. مەن ئۈچۈن قانداق ھالەتتە كىشىلەرنىڭ ئەڭ قەدىرلىكى بولغان بولسا، ئۇنىڭ ئوغلىمۇ مەن ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ ئەڭ قەدىرلىكىدۇر. ھەر ئىككىسى ھەر قانداق ياخشىلىققا لايىقتۇر. سىلەرنى ئۇنىڭ ھەققىدە ياخشى ئويدا بولۇشنى تەۋسىيە قىلىمەن. ئۇ سىلەرنىڭ ياخشىلىرىڭلاردىن بىرىدۇر،ـ دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆزىنى تۈگىتىپ ئۆيىگە قايتىپ كەتتى. قوشۇنغا قاتنىشىدىغانلار بىر ـ بىرلەپ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ، ئۇنىڭ بىلەن ۋىدالىشىشقا باشلىدى. ئۇسامە ئىبنى زەيد قارارگاھتا بولغانلىقى ئۈچۈن، يەكشەنبە كۈنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئالدىغا ۋىدالىششقا كەلدى. يىغلىغان ھالدا ئىچكىرىگە كىرگەن چاغدا پەيغەمبىرىمىز ھوشىدىن كېتىپ – كەلمەكتە ئىدى. ئاستا يېنىغا يېقىنلىشىپ، ئېگىلىپ كۆز ياشلىرى ئىچىدە پەيغەمبىرىمىزنى سۆيدى. پەيغەمبىرىمىز گەپ قىلالماي، قوللىرىنى ئېچىپ ھاۋاغا قاراتقاندىن كېيىن قولىنى ئۇسامەنىڭ مۈرىسىگە قويدى. ئۇسامە ‹بۇنداق قىلىشىدىن ئۇنىڭ ماڭا دۇئا قىلغانلىقىنى بىلدىم› دەيدۇ.

ئۇسامە بۇ ھالەتتە يولغا چىقىشقا كۆڭلى قويماي دۈشەنبە كۈنى ئەتىگەن يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا باردى. پەيغەمبىرىمىز بىر ئاز بولسىمۇ ياخشىلىنىپ راھەتلەپ قالغانىدى. ئۇسامەگە قاراپ:

- ئاللاھنىڭ بەرىكىتى بىلەن چۈش ۋاقتىدا يولغا چىقىڭلار!- دېدى. ئۇسامە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ۋىدالاشقاندىن كېيىن قارارگاھقا قايتىپ كەلدى.(344)

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېسەل يېتىۋاتقان ھالەتتىمۇ ئۇسامە ۋە ئۇنىڭ قوشۇنىدىن ئېغىز ئېچىلغاندا، داۋاملىق:

ئۇسامەنىڭ مېڭىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇڭلار!- دېگەن بۇيرۇقنى تەكرارلايتتى. قوشۇن يولغا چىقىدىغان چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېسىلىنىڭ بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئۇممۇ ئەيمەن ئانىمىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:

- ئى، رەسۇلۇللاھ! سىز ساقايغۇچە ئۇسامەنىڭ يولغا چىقىشىنى كېچىكتۈرگەن بولسىڭىز؟ ئەگەر ئۇسامە بۇ ئەھۋالدا كەتسە پايدىسى بولمايدۇ،- دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ئۇسامەنى يولغا سېلىڭلار! - دەپ قوشۇنىنىڭ يولىنى داۋاملاشتۇرۇشتا چىڭ تۇردى. ئۇ جەرياندا پەيغەمبىرىمىزنىڭ كېسىلى بىر ئاز ياخشىلىنىپ ئۆزگە كېلىپ قالغانىدى. ئۇسامە ئۇنىڭ بۇ ئەھۋالىنى كۆرگەندىن كېيىن قوشۇنغا قاراپ:

- يىغىلىڭلار!- دەپ بۇيرۇق بېرىپ يولغا چىقتى. تېخى ئەمدىلا يولغا چىقىشىغا پەيغەمبىرىمىز ۋاپات بولدى. ئانىسى ئۇممۇ ئەيمەن ئوغلى ئۇسامەنىڭ يېنىغا بىرىنى ئەۋەتىپ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى يەتكۈزدى. ئۇسامە، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئەبۇ ئۇبەيد ئىبنى جەرراھ بىلەن بىرلىكتە مەدىنىگە قايتىپ كەلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېسەل ياتقان ئاخىرقى كۈنلىرى، ئۇسامەنىڭ ئايالى فاتىمە بىنتى قەيس يېنىدىن پەقەتلا ئايرىلمىغان بولۇپ،

(344) ئىبنى سەئد، 2/190؛ ۋاقىدى، 3/1117.



由 扫描全能王 扫描创建

پەيغەمبىرىمىزنىڭ كېسەللىنىڭ ئېغىرلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئىسلام قوشۇنىغا باشلامچىلىق قىلىپ سەپەرگە چىقىش ئالدىدا تۇرغان ئۇسامە ئىبنى زەيدكە:

- ئالدىراپ مەدىنىدىن يىراقلىشىپ كەتمىگىن، چۈنكى پەيغەمبىرىمىز-نىڭ كېسەللىكى بارغانسېرى ئېغىرلىشىۋاتىدۇ،- دەپ ئاگاھلاندۇرغانىدى.

پەيغەمبىرىمىز ۋاپات بولغاندا ئۇسامەگە ئادەم ئەۋەتىپ ئازابلىق خەۋەرنى بەرگەنلەردىن بىرى ئۇ ئىدى.[345] خەۋەرنى ئاڭلىغان ساھابىلەر قارارگاھتىن ئايرىلىپ مەدىنىگە قايتىپ كەلدى. بايراقنى كۆتۈرگەن بۇرەيد، بايراقنى ئۇسامەنىڭ ئۆيىدە قويۇپ مەسجىدى نەبەۋىگە يۈگۈردى.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جىنازىسىدا

ئۇسامە ئىبنى زەيد ئائىلە ئەزالىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن پەيغەمبىرىمىزنى يۇيۇش ۋە دەپنە قىلىش ئىشلىرىغا قاتناشتى. سەئلەبە ئىبنى سائىر ۋە باشقا ساھابىلەر بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبىرىمىزنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، فازىل، ئۇسامە ۋە شۇكران قاتارلىقلار يۇدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۈستىدىكى كۆينىكىنى چىقارماي يۇيۇۋاتاتتى، فازىل ئۆرۈپ بېرەتتى، ھەزرىتى ئابباس، ئۇسامە ۋە شۇكران سۇ قويۇپ بېرەتتى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر تەرەپتىن پەيغەمبىرىمىزنى يۇسا، يەنە بىر تەرەپتىن:

- ئاتا - ئانام ساڭا پىدا بولسۇن! ۋاپاتىڭمۇ ھاياتىڭغا ئوخشاش پاك - پاكىز،- دېگەن سۆزلىرى ئارقىلىق ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىنى ئىپادىلەيتتى.[346]

بىر قاتار ماتېرىياللاردا ئۇسامە ئىبنى زەيدنىڭ پەيغەمبىرىمىزنى

---

(345) ئىبنى سەئد، تەباقات، 4/67.

(346) ئىبنى سەئد، 2/280؛ ئىبنى كەسىر، سىيرە، 2/489.



由 扫描全能王 扫描创建

يەرلىككە قويۇش شەرىپىگە ئىگە بولغانلىقى يېزىلغان.(347)

## قوشۇننىڭ ھەرىكىتى

پەيغەمبىرىمىز ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن ساھابىلەر ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بەيئەت قىلدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇرەيدكە ئۇسامەنىڭ ئۆيىدىكى بايراقنى ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇدى. ئۇسامەگىمۇ:

- پەيغەمبىرىمىز سېنى نەگە ئەۋەتكەن بولسا، شۇ يەرگە بارغىن!- دەپ بۇيرۇق قىلدى. ئۇسامە دەرھال جۇرۇپقا قايتىپ بېرىپ، يېڭىدىن قارارگاھ قۇردى.

ئەمما ساھابىلەر پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئاڭلىغان ئەرەبلەرنىڭ ھەممىسى بىرلىشىپ بىزگە ھۇجۇم قىلىشى مۇمكىن دەپ ئويلاشقانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئۇسامە ئىبنى زەيدنىڭ رۇملارنىڭ ئۈستىگە ھۇجۇم قىلىشىنى بىكار قىلىشىنى تەۋسىيە قىلدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇلارنىڭ بېشى ئىدى. خەلىپىنىڭ يېنىغا بېرىپ:

- ئۇسامەنىڭ يولغا چىقىشىنى توختاتقىن! پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئاڭلىغان ئەرەبلەرنىڭ ئۈستىمىزگە ھۇجۇم قىلىپ كېلىشىدىن ئەندىشە قىلىۋاتىمىز،- دېدى. ئەمما، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلمىدى. مەدىنىلىك ساھابىلەر ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا:

- ئەگەر جەزمەن بىرى بۇ ۋەزىپىنى ئورۇندىشى كېرەك بولسا، ئۇسامەدىن ياشتا بىر ئاز چوڭراق بىرىنىڭ ئورۇندىشىنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىمىزنى ئېيتقىن!- دېيىشتى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەنە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. خەلىپە ساھابىلەرنىڭ تەلەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تارىختا ئالتۇن ھەل بىلەن يازغۇدەك مۇنۇ سۆزلەرنى قىلدى:

- ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، پەيغەمبىرىمىز باغلىغان بىر تۇغنى مەن يەشمەيمەن. يىرتقۇچ قۇشلار بىزنى چاڭگاللاپ ئېلىپ

(347) مەقرىزى، ئىمتائۇل ئەسماﺋ، 2/137.



由 扫描全能王 扫描创建

ماڭسىمۇ، يىرتقۇچ ھايۋاناتىلار مەدىنىنىڭ ئەتراپىنى قورشىۋالسىمۇ، ئىتلار مۆمىنلەرنىڭ ئانىسىنىڭ پۇتلىرىنى تارتسىمۇ يەنىلا ئۇسامەنىڭ قوشۇنىنى تەييارلىنىپ يولغا چىقىدۇ. بۇيەردە مەدىنىدە باشقا ئادەم قالمىسىمۇ، مەن يەنە ئۇنى ئەۋەتىمەن، - دېدى.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ قېتىم مەدىنىلىك ساھابىلەرنىڭ ئىككىنچى تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ:

- ئۇلار يەنە بۇ ۋەزىپىنى ئۇسامەدىن چوڭراق بىرىگە بېرىشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى، - دېدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ:

- ئاناڭ سەن ئۈچۈن كۆز يېشى قىلسۇن! ئى، ئۆمەر، سېنى يوقۇتۇپ قويسۇن! مەدىنىدىن پەيغەمبىرىمىز قوماندان قىلىپ تەيىنلىگەن بىرىنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىۋېتىشىمنى تەلەپ قىلىۋاتامسەن؟ - دەپ كايىدى. خاتا قىلغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپىنىڭ يېنىدىن ئۈن - تىنسىز چىقىپ كەتتى. ساھابىلەرنىڭ يېنىغا بارغاندا ھەممىيلەن ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلىشىپ نېمە ئىش بولغانلىقىنى سوراشتى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارغا كايىپ:

- بۇيرۇق ئىجرا قىلىنىدۇ! سىلەرنىڭ سەۋەبىڭلاردىن پەيغەمبىرىمىزنىڭ خەلىپىسىدىن دەشنام يېدىم، - دېدى.

بارىدىغان يەر يىگىرمە كۈنلۈك مۇساپە ئىدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قوشۇننىڭ قوماندانىدىن:

- ئۆمەر ئىبنى خەتتابنى ماڭا ياردەم قىلىشى ئۈچۈن قويۇپ قويساڭ بولامدۇ؟ - دەپ تەلەپ قىلدى. ئۇسامە:

- بولىدۇ، - دېدى ۋە 700 كىشىلىك قوشۇن بىلەن يولغا چىقتى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارنى بىرلىكتە ماڭغاچ ئۇزۇتۇپ قويدى. ئۇسامەنىڭ بۇنىڭغا كۆڭلى قويماي:

- ئى، رەسۇلۇللاھنىڭ خەلىپىسى! يا سەن ئۇلىغىڭغا مىنگىن ياكى

مەن ئۆلتۈرگەندىن قورقۇپ شۇنداق دېگەن بولۇشى مۇمكىن، -
مەن ئۆلگىمدىن چۈشەي، - دېدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سەنمۇ ئۆلگىڭدىن چۈشمەيسەن، مەنمۇ ئۆلگىمگە مىنمەيمەن. پۇتلىرىمىزغا ئاللاھ يولىدا ئازراق بولسىمۇ چاڭ - توزان قونسا نېمە بوپتۇ؟ - دېدى. ئۇسامەگە پەيغەمبىرىمىزنىڭ تەۋسىيەلىرىگە ئوخشايدىغان تەۋسىيەلەرنى قىلدى. ئۇلارغا ياخشى دۇئالارنى قىلىپ يولغا سېلىپ قويدى. قوشۇننىڭ مۇشۇنداق بىر پەيتە يولغا چىقىشى ئەرەبلەر ۋە رۇملارغا ناھايىتى چوڭ پسىخولوگىيەلىك تەسىر كۆرسەتتى. قوشۇن بىر ئەرەب قەبىلىسى بار يەردىن ئۆتكەن ۋاقىتتا ھەيران بولۇپ، مۇسۇلمانلارغا ھۇجۇم قىلىشنى پىلانلىغان باشقا قەبىلىلەر «بۇلار ناھايىتى كۈچلۈك، بۇلارغا ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيدۇ، قوشۇننىڭ قايتىشىنى كۈتەيلى، ئۇلار غەلىبە قىلامدۇ ياكى رۇملۇقلارمۇ قاراپ باقايلى» دەپ ھۇجۇم قىلىش قارارىدىن ۋاز كەچتى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئاڭلاپ دىندىن چىقماقچى بولغان باشقا قەبىلىلەرمۇ «بۇلار ناھايىتى كۈچلۈك بولمىسا، مۇشۇنداق ۋاقىتتا قوشۇن چىقارمايتتى» دەپ باشقا قەبىلىلەرگە ئوخشاشلا قوشۇننىڭ قايتىشىنى كۈتمەكچى بولۇشتى. قوشۇننىڭ غەلىبە بىلەن قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، دىندىن قايتىشتىن ۋاز كەچتى.(348)

ئىسلام قوشۇننىڭ رايونغا كىلىپ رۇملارغا ھۇجۇم قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان ۋىزانتىيە ئىمپېراتورى:

- بۇلارنىڭ پەيغەمبىرى ئۆلگەن ئەمەسمىدى؟ شۇنداق تۇرۇقلۇق قانداقسىگە بىر ئايلىق يولدىن كېلىپ تۇپراقلىرىمىزغا ھۇجۇم قىلسا، ھېچكىم بىر ئىش قىلالماي تۇرۇپ قايتىپ كېتىدۇ، - دەپ ھەيرانلىقىنى ئىپادىلىدى.(349)

ئۇسامە ئىبنى زەيد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقىنى ئەمەلگە

(348) ئىبنى كەسىر، ئەلبىدايە ۋەننىھايە، 1/1007.
(349) زەھەبى، سىيەر، 896.



由 扫描全能王 扫描创建

ئاشۇرۇپ تاكى پەلەستىن زېمىنلىرىغىچە باردى. خورەيس ئىسىملىك پايلاقچىسى داۋاملىق مەلۇمات توپلايتتى. پايلاقچى قايتىپ كېلىپ دۈشمەنىنىڭ ناھايىتى تارقاق ھالەتتە ئىكەنلىكىنى مەلۇم قىلدى. ئۇسامە قوشۇنغا تەييارلىق قىلىشنى، دۈشمەن بىر يەرگە توپلىنىشتىن بۇرۇن ھۇجۇم قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بايراقچى بۇرەيد:

- مەن بۇرۇن داداڭ بىلەن بىرلىكتە ئۇرۇش قىلدىم، ئۇ ئىنسانلارنى ئالدى بىلەن ئىسلامغا دەۋەت قىلاتتى. قوبۇل قىلسا، ئۇلارنى قويۇۋېتەتتى، ئۇلار باشقا مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش ھەق - ھوقۇق ۋە مەسئۇلىيەتكە ئىگە بولاتتى. قوبۇل قىلمىسا سۈلھى قىلىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قوياتتى، ئۇنىمۇ قوبۇل قىلمىسا، ئۇرۇش قىلاتتى،- دېدى. ئۇسامە:

- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دادامغا شۇنداق قىلىشنى بۇيرۇغانىدى. ئەمما، ماڭا تېز بېرىپ ھۇجۇم قىلىشىمنى بۇيرۇدى،- دېدى.

بۇ بىر ئالاھىدە ئەھۋال ئىدى. قوشۇن ئەبنا دېگەن يەرگە يېقىنلىشىپ قالغاندا ئۇسامە ئەسكەرلەرگە:

- ھۇجۇم قىلىمىز، ئاۋازىڭلارنى چىقارماڭلار، بىر - بىرىڭلاردىن ئايرىلماڭلار، قەلبىڭلاردا ئاللاھنى زىكىر قىلىڭلار! قىلىچىڭلارنى غىلاپتىن چىقىرىپ تەييار تۇرۇڭلار!- دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى.

ئەڭ مۇۋاپىق ۋاقىتتا ھۇجۇم قىلدى. ئۇرۇشنىڭ ئاخىرىدا ناھايىتى چوڭ غەلىبىگە ئېرىشتى. يۇرت كاتتىلىرىدىن بەزىلىرى ئۆلتۈرۈلدى. بەزىلىرى ئەسىر ئېلىندى. گاڭگىراپ قالغان دۈشمەنىنىڭ كۆپىنچىسى قېچىپ جانلىرىنى قۇتقۇزدى. قوشۇن ئۇرۇشتا نۇرغۇن غەنىمەتلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولۇپ، بۇيرۇققا بىنائەن ساقلاپ تۇرماي دەرھال قايتىپ كەلدى. ئۇسامە ئۇرۇش جەريانىدا دادىسىنى شېھىت قىلىپ ئېتىنى ئېلىۋالغان ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ ئېتىنى قايتۇرۇۋالدى.

ئۇسامە بىرى ئارقىلىق مەدىنىگە خۇشخەۋەر ئەۋەتتى. مەدىنىلىكلەر قوشۇننىڭ غەلىبە بىلەن قايتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ناھايىتى

سۈيۈندى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ساھابىلەر بىلەن بىرلىكتە مەدىنىنىڭ سىرتىغىچە چىقىپ قوشۇننى قارشى ئالدى. ئۇسامە مەدىنىگە كېلىپلا ئۇدۇل مەسجىدى نەبەۋىگە بېرىپ، ئۇ يەردە ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇغاندىن كېيىن ئۆيىگە باردى. بۇرەيد ئىسلام بايرىقىنى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بەردى. بايراق ئۇسامە ئىبنى زەيد ۋاپات بولغانغا قەدەر پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئائىرىسى سۈيىتىدە ئۇ يەردە قالدى.(350)

ئۇسامە ئىبنى زەيد شۇنىڭدىن كېيىن مەدىنىدە ئۇزۇن تۇرماي قوشۇننى ئېلىپ يەمەن تەرەپكە قاراپ يولغا چىقتى. خالىد ئىبنى ۋەلىدنىڭ قوشۇنىغا قوشۇلدى. يالغانچى پەيغەمبەر مۇسەيلەمە بىلەن تاكى غەلىبە قىلغانغا قەدەر ئۇرۇش قىلدى.

## پەيغەمبىرىمىزدىن كېيىن

ئۇسامە ئىبنى زەيد ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ زامانىدا دىنىدىن قايتقان مۇرتەدلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلغان، خەلىپىلەر ئەتىۋارلايدىغان بىر پىشىقەدەم ئىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ساھابىلەرگە مائاش بەلگىلىگەندە ئوغلى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرگە يىللىق 3000 دەرھەم بەلگىلىگەن بولسا، ئۇسامە ئىبنى زەيدكە 3500 دەرھەم بەلگىلىگەندى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر دادىسىغا:

- ئۇنىڭغا نېمە ئۈچۈن مەندىن يۇقىرى مائاش بەلگىلىدىڭ؟ ئۇ مېنىڭ ياش مەيلى ھىجرەت قىلىش جەھەتتىن بولسۇن مەندىن ئۈستۈن بولمىغىنىدەك، ئۇ قاتنىشىپ مەن قاتناشمىغان بىرمۇ ئۇرۇش يوق، - دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا:

- پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭ دادىسىنى سېنىڭ داداڭدىن، ئۇنى سەندىنمۇ بەكرەك ياخشى كۆرەتتى. پەيغەمبىرىمىز ياخشى كۆرگەن كىشىنى مەن

(350) ئىبنى سەئد، تەبەقات، 2/190؛ ۋاقىدى، مەغازى، 3/1117.



由 扫描全能王 扫描创建

ياخشى كۆرىدىغان كىشىدىن ئەلا بىلدىم،- دېدى.[351]

ئۇسامە ئىبنى زەيد ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەنمۇ يېقىن ئىدى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇسۇلمانلار ياشايدىغان بەزى مەركىزى رايونلاردا نارازىلىق شىكايەتلىرىنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، بەزى ئابرۇيلۇق ساھابىلەرنى تەكشۈرۈشكە ئەۋەتتى.

مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمەنى كۇفەگە، ئۇسامە ئىبنى زەيدنى بەسرەگە، ئەممار ئىبنى ياسىرنى مىسىرغا، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنى شامغا ئەۋەتتى.[352]

ئۇسامە ئىبنى زەيد پىتنە - پاساتتىن يىراق تۇردى. بىر كۈنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا:

- ئى، ئۇسامە! بىز سېنى بىزدىن بىرى دەپ قارايمىز، نېمە ئۈچۈن ئارىمىزغا قوشۇلمايسەن؟- دەپ سورىدى. ئۇسامە ئۇنىڭغا:

- ئى، ھەسەننىڭ ئاتىسى! ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سەن بىر شىرنىڭ ئاغزىدىن ئىچىگە كىرسەڭ، سەن بىلەن بىللە ئۆلۈش ياكى سەن بىلەن بىللە ياشاش ئۈچۈن مەنمۇ باشقا بىر شىرنىڭ ئاغزىدىن ئىچىگە كىرىمەن. ئەمما ھازىر سەنمۇ ئىچىدە بولغان بۇ ئىشقا ئارىلاشمايمەن. چۈنكى مەن بىر قېتىم «لا ئىلاھە ئىللەللاھ» دېگەن بىرىنى ئۆلتۈردۈم، پەيغەمبىرىمىز ماڭا ئاچچىقلانغان ۋاقىتتا ئۆز - ئۆزۈمگە «بۇنىڭدىن كېيىن «لا ئىلاھە ئىللەللاھ» دېگەن بىرىنى ئۆلتۈرمەيمەن» دەپ قەسەم قىلدىم. پەيغەمبىرىمىز بۇ سۆزۈمنى ئاڭلاپ: «مەندىن كېيىن قالغاندىمۇ شۇنداقمۇ؟» دېدى، مەنمۇ «ھەئە شۇنداق» دەپ جاۋاب بەرگەنىدىم،- دېدى.[353]

ئۇسامە ئىبنى زەيد پەيغەمبىرىمىزدىن 118 ھەدىس رىۋايەت قىلغان

(351) ئىبنى سەئىد، تەباقات، 4/70؛ زەھەبى، سىيەر، 896.
(352) ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 12/220.
(353) زەھەبى، سىيەر، 896.



由 扫描全能王 扫描创建

بولۇپ، ئالىملار تەرىپىدىن «پەتىۋا بەرگەن ساھابىلەرنىڭ بىرى» دەپ ھېسابلاندى.[354] ئۇسامە ناھايىتى ھېسسىياتچان بىرى بولۇپ، ساھابىلەر ۋە تابىئىنلار پات - پات ئۇنىڭدىن سوئال سوراپ پەتىۋا بېرىشنى تەلەپ قىلاتتى. ھاياجانلانغان ۋاقتىتا شېئىر ئوقۇيتتى. ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى ئابدۇللاھ بىر كۈنى ئۇسامە ئىبنى زەيدنىڭ ئائىشە ئانىمىزنىڭ ئىشىكى ئالدىدا پۇتىنى پۇتىنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ يۇقىرى ئاۋازدا شېئىر ئوقۇغانلىقىنى ئاڭلىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.[355]

ئۇسامە ئىبنى زەيد ناچار سۆزلەرنى قىلىپ سالماسلىققا ئالاھىدە دىققەت قىلاتتى. يېنىدا ناچار سۆزلەر بولۇۋاتقان بولسا، دەرھال ئۇ يەردىن يىراقلىشاتتى. بىر كۈنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ قەبرىسىنىڭ يېنىدا ناماز ئوقۇۋاتقاندا مەرۋان كەلدى. ئۇنىڭ قىلغان بۇ ئىشى سەۋەبىدىن ھاقارەتكە ياتىدىغان سۆزلەرنى قىلىشقا باشلىدى. ئۇسامە ئۇنىڭغا:

- ئى، مەرۋان! سەن قانداق ئادەم، نېمە ئۈچۈن سەت گەپلەرنى قىلىسەن؟ پەيغەمبىرىمىز: «ئاللاھ سەت گەپلەرگىمۇ ئۇنى قىلغانلارغىمۇ غەزەپلىنىدۇ» دېگەن،- دېدى ۋە مەرۋاننىڭ يېنىدىن يىراقلاشتى.[356]

ئانىسى ئۇنى ناھايىتى ياخشى كۆرگىنىدەك، ئۇمۇ ئانىسىنى قەۋەتلا ياخشى كۆرەتتى. ھەر قانداق تەلىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىرىشاتتى.

مۇھەممەد ئىبنى سىرىن بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەۋرىدە خورما ناھايىتى قىممەت بولۇپ، بىر خورما دەرىخى 1000 دەرھەم ئىدى. ئۇ مەزگىلدە ئۇسامە بىر خورما دەرىخىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنى كېسىپ، خورمىلارنى تېرىپ ئانىسىغا ئاپىرىپ بەردى. ئۇمۇ ئەيمەن ئۇنىڭغا ياخشى دۇئالارنى قىلىپ خورمىلارنى يېدى. ئۇسامەنىڭ بۇ ئىشىنى كۆرگەنلەر ئۇنىڭغا ھەيران بولۇپ:

- نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلدىڭ؟ سەنمۇ بىلىسەن بىر خورما دەرىخى

(354) مەقرىزى، ئىمتائۇل ئەسمائ، 9/142.
(355) زەھەبى، سىيەر، 896.
(356) ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 24/180؛ زەھەبى، سىيەر، 896.



由 扫描全能王 扫描创建

1000 دەرھەمگە چىقتى،- دېيىشتى. ئۇسامە ئۇلارغا:

- ئانام مەندىن خورما تەلەپ قىلدى. ئانامنىڭ تەلپىنىڭ نىسپ
بولۇشىدىن قەتئىينەزەر كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە ئەمەلگە ئاشۇرىمەن،- دېدى.[357]

پەيغەمبىرىمىز ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن ۋادىلقۇراغا بېرىپ ئورۇنلاشتى، كېيىن مەدىنىگە كەتتى. ھىجرىيەنىڭ 58 - يىلىغى ياشىدى. 66 ياشلار ئەتراپىدا مەدىنە سىرتىدىكى جۇرۇپتا ۋاپات بولدى، جىنازىسى مەدىنىگە ئېلىپ كېلىندى.[358]

(357) ئىبنى جەۋزى، سىفاتۇسسەفۋە، 190؛ ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 4/255.
(358) ئىبنى سەئىد، تەباقات، 4/72؛ ئىبنۇل ئەسىر، ئۇسدۇلغابە، 84.



由 扫描全能王 扫描创建

## ئالتە خىل تىل بىلىدىغان تەرجىمان

# زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

ئۇ ناھايىتى زېرەك ۋە ئەقلىنى توغرا يولدا ئىشلەتكەن بىرى بولۇپ، بالىلىق دەۋرىدىن تارتىپلا چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغان ئۆزگىچە ئىنسان ئىدى. مەدىنىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ تاغىلىرى نەجار ئوغۇللىرىدىن زەيدنىڭ دادىسى سابىت ئىبنى دەھھاك، ئانىسى مەشھۇر ئايال ساھابىلەردىن نەۋۋار بىنتى مالىكنىڭ ئوغلى ئىدى. يەزىد ئىسىملىك يەنە بىر قېرىندىشىمۇ بار ئىدى.

ئۇ بالىلىق دەۋرىنى ناھايىتى قىيىنچىلىق ئىچىدە ئۆتكۈزدى. تۆت - بەش ياشقا كىرىپ ئەتراپىنى تونۇشقا باشلىغاندا مەدىنىدە ناھايىتى چوڭ پىتنە - پاسات تارقالدى. شەھەردىكى ئىككى چوڭ قەبىلە سۇنى باھانە قىلىپ بىر - بىرلىرى بىلەن يىللارچە داۋاملىشىدىغان بىر ئۇرۇشنىڭ پىلتىسىگە ئوت ياقتى. ھەر كۈنى بىرلىرى يارىلىناتتى ياكى ئۆلتۈرۈلەتتى. ھېچكىمدە خاتىرجەملىك قالمىدى. كىشىلەر ئۆيلىرىدىن باغ - باغچىلىرىغىمۇ چىقالمايدىغان، بازارلارغىمۇ بارالمايدىغان بولدى. بۇئۇس (كۆلپەت، پەرىشانلىق دېگەن مەنىدە) ئۇرۇشى دەپ ئاتالغان بۇ قېرىنداش ماجىراسى بىر پالاكەت ئىدى. ئەتراپىدا ئاتىسى ئۆلۈپ كەتكەن بالىلارنى كۆرۈپ ھەر كۈنى يېڭى بىر قايغۇ ھەم ئەندىشە ئىچىدە ياشىغان كىچىك زەيدنىڭ قەلبى پات - پات دادىسىدىن ئايرىلىپ قېلىش قورقۇنچى بىلەن تولغان بولۇپ كىچىككىنە يۈرىكى غەم - قايغۇدىن تېز - تېز سوقاتتى ۋە

ئىچ- ئىچىدىن يىغلايتتى.

قورققان ئىشى بېشىغا كېلىپ، ئۆلۈم ئۆلارنىڭمۇ ئىشىكىنى قاققاندى. ئۇ ئالتە يېشىغا كىرگەندە دادىسى بۇئۇس ئۇرۇشىدا ئۆلۈپ كېتىپ، يېتىم قالدى. ئانىسى مېھىر - شەپقەت بىلەن باللىرىنى باغرىغا بېسىپ، ئازابلىرىنى يەڭگىللىتىشكە تىرىشقان بولسىمۇ ئۇ، شۇ چاغلارنى پەقەتلا ئۇنتۇيالمىدى. كېيىنكى كۈنلەردە شۇ ۋاقىتلاردىن سۆز ئېچىپ، بۇئۇس ئۇرۇشىنى مۇنۇ سۆزلىرى ئارقىلىق تارىخقا يازدى: «بۇئۇس ئۇرۇشى يۈز بەرگەن ۋە دادام ئۆلتۈرۈلگەن ۋاقىتتا مەن ئالتە ياشتا ئىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ۋەقەدىن بەش يىل كېيىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلدى. پەيغەمبىرىمىز كەلگەندە ئون بىر ياشقا كىرگەنىدىم.»[359]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بۇ كۈلپەتنى خۇلاسىلەپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبىرىمىز مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشتىن بىر مۇددەت بۇرۇن بۇئۇس ئۇرۇشى بولغانىدى. مەدىنە خەلقى يىللارچە داۋاملاشقان بۇ ئۇرۇش سەۋەبىدىن بۆلۈنگەن ۋە بىر قانچە رەھبىرىدىن ئايرىلىپ قالغانىدى. ئاللاھ تائالا ئۇرۇشتا يارىلانغان مەدىنە خەلقىنى ئىسلام بىلەن شەرەپكە ئىگە قىلدى. ئارقىدىن پەيغەمبىرىنى ئۇ يەرگە ئەۋەتتى.»[360]

نەۋۋار باللىرىنىڭ دادىسىز چوڭ بولۇشىنى خالىماي، يولدىشى ۋاپات بولۇپ بىر مەزگىلدىن كېيىن نەججار ئوغۇللىرىدىن ئۇمارە ئىبنى ھەزم بىلەن ئۆيلەندى. ئۇمارە باللارغا ناھايىتى ياخشى مۇئامىلە قىلاتتى، ئۇلارغا كۆيۈنەتتى. زەيدنىڭ ناھايىتى ئەقىللىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇنى شېئىر يىغىلىشلىرىغا ئېلىپ بېرىشقا باشلىدى. زەيد ئۇ يەردە ئوقۇلغان شېئىرلارنى يادلىدى.

زەيدنىڭ قانچىلىك كۆپ شېئىر يادلىغانلىقىنى نەۋرىسى سەئىد ئىبنى سۇلايماننىڭ چوڭ دادىسىدىن نەقىل كەلتۈرگەن ‹شېئىر مەجلىسىدە كەئب

(359) ھاكىم، مۇستەدرەك، 3/421.
(360) بۇخارى، مەناقىبى ئەنسار، 1، 27، 46.



由 扫描全能王 扫描创建

ئىبنى مالىكنىڭ توقسان قەسىدىسىنى يادلىۋالدىم» دېگەن سۆزلىرىدىن كۆرۈۋالالايمىز.(361)

زەيد ئالتە - يەتتە ياش چاغلىرىدىلا نۇرغۇن شېئىرلارنى يادلىۋالغان بولۇپ، ئۆزىمۇ ھېس قىلماستىن كىچىككىنە قەلبى بىلەن غايەت زور بىر داۋاغا تەييارلىنىۋاتاتتى. ئۇ شېئىر يادلاۋاتقاندا، مەدىنە خەلقى پەيغەمبىرىمىز بىلەن تونۇشۇپ مۇسۇلمان بولۇشقا باشلىغانىدى. ئۆگەي دادىسى ئۇمارە ئىبنى ھەزمىمۇ بۇ شەرەپتىن ئۆز نېسىۋىسىنى ئېلىپ مۇسۇلمان بولدى. ئىسلامغا كىرىش شەرىپىگە ئېرىشكەندىن كېيىن ھاياجان ئىچىدە ئۆيىگە كەلگەن ئۇمارە، ھەممە ئەھۋالنى ئايالىغا ئېيتىپ، ئۇنىمۇ ئىسلامغا دەۋەت قىلدى. زەيدنىڭ ئانىسى قىلچە ئىككىلەنمەستىن مۇسۇلمان بولدى.

ناھايىتى كۈچلۈك سەممىيەت ۋە پۈتمەس- تۈگىمەس ھاياجان ئىچىدە ئىسلامغا رىشتە باغلىغان مۇسۇلمانلار ئىسلامنىڭ تۇنجى ئەمرى «ئوقۇ» ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن نادانلىققا قارشى ئۇرۇش ئېچىپ، ناھايىتى ئىشتىياق بىلەن ئىلىم ئۆگىنىش ئۈچۈن يۈگۈردى.

نەۋۋار رەزىيەللاھۇ ئەنھا ناھايىتى ھەۋەس بىلەن ئىلىم ئۆگىنىشكە باشلىغان بولۇپ، ھەم ئۆگىنىپ ھەم ئۆگەنگەنلىرىنى باللىرىغا ئۆگىتەتتى؛ ئۆگەنگەنلىرىنى باللىرىغا سۆزلەپ بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنى ئىسلامغا ۋە ئىلىم ئىگىلەشكە ھازىرلايتتى.

مەدىنە خەلقى ئىسلام بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن جاھالەتنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى تونۇپ يېتىپ، ئۇنىڭدىن تېزرەك قۇتۇلۇش ئۈچۈن بىرىنچى ئەقەبە بەيئىتىدىن كېيىن، پەيغەمبىرىمىزدىن بىر ئۇستاز بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇلارغا دۇنيانىڭ ئەڭ داڭلىق ئۇستازىنى ئەۋەتتى. ئۇ پۈتۈن بارلىقى بىلەن ئىسلامغا باغلانغان مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير ئىدى.

مۇسئەب ئىبنى ئۇمەيرنىڭ مەدىنىگە كېلىشى بىلەن كىچىك زەيدنىڭ دۇنياسى ئۆزگەردى. ئۇ ۋاقىتلاردا توققۇز ياشلاردا بولغان زەيد

(361) بەيھەقى، سۈنەن، 10/240؛ قەلئەجى. فىقھى زەيد ئىبنى سابىت، 12.

ئاتا - ئانىسىنىڭ قوللىشى بىلەن باشقا بىر ھاياتقا قەدەم باستى. كىچىك زەيد مۇسئەب ئىبنى ئۇمەيرنى قەدەممۇ قەدەم كۈزىتىپ، ئۇنىڭدىن قۇرئان كەرىم ئۆگىنىشكە باشلىدى. داۋاملىق ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ، شۇ كۈنگىچە نازىل بولغان سۈرىلەرنى بىرمۇ - بىر يادلايتتى. ئۇنىڭ پېشىنى قەتئىي قويۇۋەتمەي، پۇرسەت تاپسىلا يېنىغا بېرىپ قۇرئان تىڭشىدى. ئۆيىنىڭ يېنىغىلا سېلىنغان مەسجىد بۇ جەھەتتە ئۇنىڭغا ئاسانلىق يارىتىپ بەرگەنىدى.

ئانىسى نەۋۋار رەزىيەللاھۇ ئەنھا بايان قىلىپ: «پەيغەمبىرىمىز مەدىنىگە تەشرىپ قىلىشتىن بۇرۇن مەدىنىدىكى ئىنسانلارغا ئەسەد ئىبنى زۇرارە بەش ۋاقىت نامازدا دائىم ئىمام بولۇپ بېرەتتى. رافىئ ئىبنى ئامىرنىڭ ئوغۇللىرى سەھىل ۋە سۇھەيلنىڭ خامانلىرى بار يەرگە بىر مەسجىد سېلىپ، ناماز ئوقۇش ئۈچۈن كىشىلەرنى ئۇ يەرگە يىغاتتى. ھازىر پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھىجرەتتىن كېيىن بۇ مەسچىتتە كىشىلەرگە ئىمام بولۇپ بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنىدەك بولدۇم.» دەيدۇ.[362]

## ھاياتىنىڭ ئەڭ بەختىيار مىنۇتلىرى

پەيغەمبىرىمىز مەدىنىگە كەلگەن ۋاقىتتا ئون بىر ياشلاردا بولغان زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كۈنكىدەك بىر كۈننى باشتىن كەچۈرمىدى. پۈتۈن مەدىنە خەلقى ھاياجان ئىچىدە پەيغەمبىرىمىزنى قارشى ئېلىشقا چىققانىدى. پەيغەمبىرىمىز يېتىپ كەلگەندە بولسا، ھاياجان ۋە خۇشاللىق پەللىگە يەتكەن بولۇپ، يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە ھەممەيلەن بايرام تەنتەنىسىگە چۆمگەنىدى. خۇشاللىقتىن ئورنىدا تۇرالمايلا قالغان كىچىك زەيد، كەلگەن بۇ كاتتا مېھماننىڭ ئەبۇ ئەييۇبنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولغانلىقىنى كۆرۈپ خۇشاللىقتىن ئۇچقۇدەك بولدى. چۈنكى پەيغەمبىرىمىز بىلەن قوشنا بولغانىدى. زەيد

(362) شامى، سۇبۇلۇل خۇدا، 3/335.



由 扫描全能王 扫描创建

شۇ چاغلىرىنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ ئەييۇبنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە، ئانام دەرھال تاماق تەييارلاپ، مەن ئارقىلىق ئەييۇبنىڭ ئۆيىگە ئەۋەتتى. تۇنجى قېتىملىق تامىقىنى مەن ئاپارغان ئىدىم. تاماقتا سۈت، ئىرىمچىك ۋە نان بار ئىدى. پەيغەمبىرىمىزگە:

- ئى، رەسۇلۇللاھ! ئانام سىزگە بۇ تائامنى ئەۋەتتى،- دېدىم. پەيغەمبىرىمىز تائامنى يېنىدىكى مېھمانلار بىلەن بىللە يېدى. پەيغەمبىرىمىز تائامدىن مەمنۇن بولۇپ:

- ئاللاھ ساڭا ۋە ئاناڭغا بەرىكەت ئاتا قىلسۇن!- دەپ بىزگە دۇئا قىلدى. ئەتراپىدىكى ساھابىلەرنىمۇ داستىخانغا تەكلىپ قىلىپ، بىرلىكتە يېيىشكە باشلىدى. بىزدىن كېيىن سەئىد ئىبنى ئۇبادەنىڭ داستىخىنى كەلدى. بىر بالا تاماق قويۇلغان پەتنۇسنى بېشىغا قويۇپ، ئەبۇ ئەييۇبنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كەلگەنىدى. ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە پەتنۇسنى بېشىدىن ئالدى. ئۇنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىپ، پەتنۇستا قانداق تاماقلارنىڭ بارلىقىنى كۆرۈش ئۈچۈن يېپىپ قويۇلغان لۆڭگىنى ئاچتىم. پەتنۇستا نانتەك ۋە بىر پارچە گۆش بار ئىدى.

شۇ كۈندىن تارتىپ ھەر كۈنى كەچتە ئۈچ - تۆت ساھابە پەيغەمبىرىمىزگە تاماق ئېلىپ كېلەتتى. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، قالايمىقانچىلىق يۈز بەرمىسۇن دەپ، نۆۋەت بىلەن تاماق ئەكېلىدىغان بولدى.[363]

زەيد ئىبنى سابىت پەيغەمبىرىمىزنى تۇنجى قېتىم يېقىندىن كۆرگەندە خۇشاللىقتىن ئۇچقۇدەك بولۇپ كەتتى؛ ئۇ، شۇ لەھزىلەرنى قەتئىي ئەستىن چىقارمىدى.

## كىچىك تەرجىمان ۋە چەت ئەل تىلى تەربىيەسى

كىچىك زەيدنىڭ قابىلىيىتى پۈتۈن ساھابىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتقان

(363) ئىبنى كەسىر، سىيرە، 1/387؛ شامى، 3/275؛ ئىمتائۇل ئەسمائ، 7/282.



由 扫描全能王 扫描创建

بولۇپ، ئۇ ۋاقىتتا قۇرئان كەرىمدىن جەمئىي ئون يەتتە سۈرىنى يادلاپ بولغانىدى. ھاياجاندىن قەلبى توختاپ قالغۇدەك ھالەتتە پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا كېتىۋاتاتتى... ئەجەبا پەيغەمبىرىمىز ئۆزىنى قانداق قارشى ئالار؟ ئۇنىڭغا ئىلتىپات قىلارمۇ، ئۇنى ياخشى كۆرەرمۇ؟

ئۇ، بۇ ئەمگىكىنىڭ قانداق قەدىرلەشكە ئېرىشكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەلگەندە ساھابىلەر مېنى ھۇزۇرىغا ئېلىپ بېرىپ:

- ئى، رەسۇلۇللاھ! بۇ نەججار ئوغۇللىرىنىڭ باللىرىدىن بىرى. ساڭا نازىل بولغان سۈرىلەردىن ئون يەتتە سۈرىنى يادلىدى، - دېدى.

پەيغەمبىرىمىز مەندىن قۇرئان ئوقۇپ بېرىشىمنى تەلەپ قىلدى. بىلىدىغان سۈرىلەرنى ئوقۇپ بەردىم. پەيغەمبىرىمىز ئاڭلاپ ناھايىتى ياقتۇردى ۋە مەمنۇن بولدى.

- ئى، زەيد! مەن ئۈچۈن يەھۇدىيلارنىڭ تىلىنى ئۆگەنگىن! ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، خەت- ئالاقە ئىشلىرىدا ئۇلارغا ئىشەنمەيمەن، - دېدى.

شۇنىڭ بىلەن، يەھۇدىيلارنىڭ تىلىنى ئۆگىنىشكە باشلىدىم. ئۇلارنىڭ تىلىنى بىر ئاينىڭ يېرىمىدىنمۇ ئازراق ۋاقىت ئىچىدە خېلى ئوبدان ئۆگەندىم. ئېھتىياج تۇغۇلغان چاغلاردا خەت يېزىپ، كەلگەن خەتلەرنى ئوقۇپ بېرەتتىم. خاتالىقلارنى، قەستەن بۇزۇۋېتىلگەن يەرلەرنى تېپىپ چىقىپ پەيغەمبىرىمىزگە ئېيتاتتىم.(364)

بىر كۈنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا بارغان چېغىمدا، مەندىن:

- سۈريانى تىلىنى بىلەمسەن؟- دەپ سورىدى.

- ياق،- دەپ جاۋاب بەردىم. پەيغەمبىرىمىز:

- مەن كىشىلەردىن كەلگەن خەتلەرنى باشقىلارغا ئوقۇتۇشنى

(364) بۇخارى، ئەھكام، 40؛ ئەلپەسەۋى، كەنزۇل ئۇممال 37057؛ ئىبنى سەئىد، تەباقات، 2/358.



由 扫描全能王 扫描创建

خالمايمەن، بىرەر سۆزنى ئارتۇق ئوقۇپ قويۇشى ياكى بىرەر سۆزنى كەم ئوقۇپ قويۇشىدىن قورقىمەن. سۇريانچىنى ئۆگەنسەڭ بولامدۇ؟- دېدى. مەن:

- بولىدۇ،- دېدىم ۋە ئون يەتتە كۈندە ئۆگىنىپ بولدۇم.(365)

تىلمسانى «ئۈمدە» ناملىق كىتابىدا، زەيد ئىبنى سابىتنىڭ پارس، روم، قىبتى، ھەبەش تىللىرىنى بىلىدىغانلىقىنى ۋە بۇ تىللاردا پەيغەمبىرىمىزگە تەرجىمانلىق قىلغانلىقىنى بايان قىلغان. ئۇ پارسچىنى كىسرانىڭ ئەلچىسىدىن، رومچىنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ كاتىپىدىن، ھەبەش ۋە قىبتى تىلىنى بولسا پەيغەمبىرىمىزنىڭ خىزمەتچىلىرىدىن ئۆگەندى. باشقا تىللارغا ئوخشاش پارسچىنىمۇ ئون سەككىز كۈندەك قىسقا بىر ۋاقىت ئىچىدە ئۆگىنىپ بولدى.(366)

## مۇبارەك قوشنىدارچىلىق

زەيد ئىبنى سابىتنىڭ ئۆيى مەسجىدى نەبەۋىگە يېقىن بولۇپ، ئۆيى ئەتراپتىكى ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىدىن ئېگىز ئىدى. مەسجىدى نەبەۋى سېلىنغۇچە بولغان ئارىلىقتا ئۇلارنىڭ ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىدە ئەزان ئوقۇلدى. زەيد بۇ گۈزەل ئەسلىمىسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۆيىمىز مەسجىدى نەبەۋىنىڭ ئەتراپىدىكى ئەڭ ئېگىز ئۆي ئىدى. مەسجىدى نەبەۋى سېلىنغۇچە بولغان ئارىلىقتا بىلال ھەبەشى ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ ئەزان ئوقۇيتتى. مەسجىدى نەبەۋى بىنا قىلىنغاندىن كېيىن، بىلال ئۈچۈن مەسجىدى نەبەۋىنىڭ ئېمىنىنىڭ ئۈستىگە ئېگىز بىر يەر سېلىندى. ناماز ۋاقتى بولغاندا ئۇ يەرگە چىقىپ ئەزان ئوقۇيتتى.»(367)

ئۆيلىرىنىڭ مەسجىدى نەبەۋىنىڭ يېنىدا بولۇشى، ئائىلىسىنىڭ پەيغەمبەر ۋە ئەھلى بەيت ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ خىزمەت قىلالىشىغا

(365) مۇسنەد، 5/182؛ تەبەرانى، ئەلمۇئجەمۇل كەبىر، 5/173؛ ئەلھىندى، كەنزۇل ئۇممال 29225.

(366) ئىبنى ئابدىرابىھ، ئىقدۇلفەرىد، 4/212؛ ئىبنى كەسىر، ئەلبىدايە ۋەننىھايە، 8/79.

(367) ئىبنى سەئد، تەباقات، 8/420.

سەۋەب بولغىنىدەك، بۇ يېقىنلىق سەۋەبىدىن ناھايىتى چوڭ مەرھەمەتلەرگە نائىل بولدى.

ئۇممۇ سەلەمە ئانىمىز ئۇلارنىڭ بۇ يېقىنلىقى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەنسارلار ئارىسىدا داۋاملىق پەيغەمبىرىمىز بىلەن بىللە بولغان، ئۇنىڭغا تېخىمۇ كۆپ خىزمەت قىلغان ۋە ياخشىلىق قىلغان كىشىلەر بار ئىدى. بۇلار سەئىد ئىبنى ئۇبادە، ئۇمارە ئىبنى ھەزم، ئەبۇ ئەييۇب ۋە سەئىد ئىبنى مۇئاز ئىدى. بۇلار پەيغەمبىرىمىزنىڭ قوشنىلىرى بولغانلىقتىن ھەر دائىم ئۇنىڭ يېقىن ئەتراپىدا ئىدى.»(368)

ئۆيلىرىنىڭ يېقىنلىقى دادىسىغا ئوخشاشلا زەيد ئىبنى سابىتنىڭمۇ داۋاملىق پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەتراپىدا يۈرۈشىگە سەۋەب بولغانىدى. ئەسھابى سۇففەدىن بولمىسىمۇ، دائىم ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ ئىلىم - ئىرپانلىرىدىن پايدىلىنىپ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ نېمىلەرنى يەپ - ئىچىدىغانلىقى، قانداق ياشايدىغانلىقى ۋە ئىش - ھەرىكەتلىرىگە شاھىت بولاتتى.

زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبىرىمىز خورمىنى نان بىلەن بىللە يەيتتى ۋە:

- بۇ، بۇنىڭ قېتىقىدۇر،- دەيتتى.»(369)

خۇددى بىزگە ئوخشاش زەيد ئىبنى سابىتنىڭ ئوغلى ئەنەسنىڭمۇ ئۇ كۈنلەرنى بىلگۈسى كېلەتتى. بىر كۈنى دادىسىدىن پەيغەمبىرىمىز بىلەن بىللە ياشىغان كۈنلىرىدىكى ئەسلىمىلىرىنى سۆزلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. زەيد ئىبنى سابىت:

- رامىزاندا پەيغەمبىرىمىز بىلەن بىللە زولۇق يەپ، بىرلىكتە نامازغا باراتتۇق- دېدى. ئوغلى:

- ئەزان بىلەن قامەت ئارىسىدا قانچىلىك ۋاقىت ئۆتەتتى؟- دەپ سورىدى. زەيد:

(368) ئىبنى ھەجەر، ئىسابە، 5713.
(369) شامى، سۇبۇلۇل خۇدا، 7/200.



由 扫描全能王 扫描创建

- ئەللىك ئايەت ئوقۇغۇدەك ۋاقىت ئۆتەتتى،- دەپ جاۋاب بەردى.(370)

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن ئۆگىتىلگەن دۇئالار

«بىر مەزگىل كېچىلىرى ئۇخلىيالمايدىغان بولۇپ قالدىم. بۇ ئەھۋالىمنى پەيغەمبىرىمىزگە ئېيتىپ، بۇ ھالىمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ياردەم قىلىشىنى تەلەپ قىلدىم. پەيغەمبىرىمىز ماڭا:

- مۇنداق دەپ دۇئا قىلغىن: ‹ئى يۇلتۇزلارنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى، كۆزلەرنى سۈكۈناتقا ئېرىشتۈرگۈچى پەرۋەردىگارىم! سەن ئەلھەييۇ ۋە ئەلقەييۇم سەن! ئى، ئەلھەييۇ ۋە ئەلقەييۇم بولغان پەرۋەردىگارىم! كۆزلىرىمگە ئۇيقۇ ئاتا قىلغىن! كېچىلىرىمنى خاتىرجەم قىلغىن!› دەپ دۇئا قىلغىن،- دېدى.

پەيغەمبىرىمىز ئۆگەتكەن دۇئانى ئوقۇغانسېرى ئۇيقۇسىزلىق ئەھۋالىم ياخشىلىنىپ، كېچىلىرى ئوبدان ئۇخلاشقا باشلىدىم.»(371)

«بىر كۈنى چۈش ۋاقتىدا پەيغەمبىرىمىز ۋە بىر توپ ساھابە بىلەن بىللە مېڭىپ مەدىنىنىڭ چىقىش ئېغىزىغىچە كەلگەنىدۇق. ئاچا يولغا كەلگەندە بىر سەھرالىق ئەرەب بىلەن ئۇچرىشىپ قالدۇق. ئۇ كىشى تۆگىنىڭ لوكىسىنى تۇتۇپ ئولتۇرغان ھالدا شەھەر تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتقان بولۇپ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا كېلىپ توختاپ:

- ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئى، پەيغەمبەر! ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە بەرىكىتى ساڭا بولسۇن!- دەپ سالام بەردى. پەيغەمبىرىمىز:

- ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ! قانداق ئەھۋالىڭ؟- دېدى. ئۇ كىشى:

- تۆگە داۋاملىق ھۆركىرەيدۇ. نۆۋەتچىگە ئوخشاش كېچىچە ئۇيقۇسىز قالدىم،- دېدى.

تۆگە تېخىچە ھۆركىرەۋاتاتتى. دەل شۇ ۋاقىتتا ئۇ ئەرەبنىڭ ئارقىسىدىن

(370) مۇسنەد، 5/183. تەبەرانى، ئەلمۇئجەمۇل كەبىر، 5/125.
(371) تەبەرانى، 5/134.

كەلگەن نۆۋەتچى يېنىمىزغا كېلىپ:

- ئى، رەسۇلۇللاھ! بۇ ئادەم ئۇ تۆگىنى ئوغرىلىغان بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن تۆگە داۋاملىق ھۆركىرەپ ئىڭراۋاتىدۇ،- دېدى. پەيغەمبىرىمىز خېلى ئۇزۇنغىچە سۈكۈت قىلىپ، تۆگىنىڭ ھۆركىرىشىنى ۋە ئىڭرىشىنى ئاڭلىدى. ئاندىن نۆۋەتچى ئادەمگە قاراپ:

- بۇ ئادەمنىڭ پېشىنى قويۇۋەت! تۆگە سېنىڭ تۇغرا سۆزلىمىگەنلىكىڭنى بىلدۈرۈۋاتىدۇ،- دېدى. نۆۋەتچى ئادەم كەتكەندىن كېيىن، پەيغەمبىرىمىز ئەرەبكە قاراپ:

- مېنىڭ يېنىمغا كېلىۋېتىپ نېمە دەۋاتاتتىڭ؟- دەپ سورىدى.

ئەرەب:

- ئاتا - ئانام ساڭا پىدا بولسۇن! مەن ‹پەرۋەردىگارىم! مۇھەممەدكە مەڭگۈلۈك رەھمەت ۋە مەرھەمەت ئاتا قىلغىن، بەرىكەت ئاتا قىلغىن. پەرۋەردىگارىم! پۈتۈن سالاملار مۇھەممەدكە بولسۇن.› دەپ دۇئا قىلىۋاتاتتىم،- دېدى. پەيغەمبىرىمىز:

قىلغان دۇئايىڭ سەۋەبىدىن ئاللاھ سېنىڭ ئەھۋالىڭنى ماڭا كۆرسەتتى. تۆگەڭ سەندىن كەچۈرۈم سورىدى. پەرىشتىلەر ئۇپۇقنى قاپلاپ، ساڭا سابە چۈشۈردى،- دېدى.»(372)

پەيغەمبىرىمىز ئىنتايىن قابىلىيەتلىك قوشنىسى زەيدكە ناھايىتى كۆيۈنەتتى، ۋاقتى كەلگەندە ئۇنىڭغا ھەرخىل تەۋسىيەلەرنى قىلاتتى.

پەيغەمبىرىمىز بىر قېتىم زەيدكە پىتىر سەدىقىسىنى بېرىش كېرەكلىكىنى تەۋسىيە قىلىپ:

- ئى، زەيد! بېرىدىغان ھېچقانداق نەرسەڭ بولمىسا، بىر پارچە يىپقا چاغلىق نەرسە بولسىمۇ، كىشىلەر بىلەن بىرلىكتە پىتىر سەدىقىسى بەرگىن!- دېگەندى.(373)

(372) تەبەرانى، 5/156.
(373) تەبەرانى 5/123.



由 扫描全能王 扫描创建

- زەيد پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۆزىدىن ئالاھىدە قىلىشنى تەلەپ قىلغان يەنە بىر تەۋسىيەسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبىرىمىز ماڭا بىر دۇئانى ئۆگىتىپ، ئۇنى ھەر كۈنى ئائىلەم بىلەن بىرلىكتە ئوقۇشۇمنى تەۋسىيە قىلدى: «ھەر كۈنى ئەتىگەن مۇنداق دېگىن ‹مەن تەييارمەن، ئى، ئاللاھ! مەن ھازىرمەن. ياخشىلىق سېنىڭ قولۇڭدىدۇر؛ ئۇ سەن تەرەپتىن كېلىدۇ، ساڭا قايتىدۇ. پەرۋەردىگارىم! مېنىڭ سۆزلىگەن سۆزۈم، بەرگەن ۋەدەم، قىلغان قەسىمىم ۋە ئورۇندىغان ھەر بىر ئەمەلىم سېنىڭ ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇشۇڭ بويىچىدۇر. سەن خالىغان ئىش بولدى، سەن خالىمىغان ئىش قەتئىي بولمىدى. گۇناھتىن قاچىدىغان كۈچ، ئىبادەت قىلىدىغان قۇۋۋەت پەقەتلا سېنىڭ ئىلكىڭدىدۇر. شۈبھىسىزكى، سېنىڭ كۈچۈڭ ھەممىگە يېتىدۇ. قىلغان دۇئالىرىم سەن رەھمەت قىلغان كىشىلەرگە، ئېيتقان لەنەتلىرىم سەن لەنەت قىلغان كىشىلەرگە بولسۇن. سەن دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مېنىڭ دوستۇم ۋە ئىگەمسەن؛ مېنىڭ جېنىمنى مۇسۇلمان ھالەتتە ئالغىن ۋە سالىھ (بەندە) لارنىڭ سېپىگە قوشقىن.

پەرۋەردىگارىم! سەندىن زىيانلىق ئىش ۋە ئازدۇرغۇچى بىر پىتنىگە دۇچار بولۇپ قالماي، قازاغا رازى بولۇش، ئۆلۈمدىن كېيىن راھەت ھايات، جامالىڭغا قاراش ۋە سەن بىلەن دىدارلىشىشنىڭ ھالاۋىتىنى تىلەيمەن. پەرۋەردىگارىم! گۇناھلىرىمنىڭ ھەممىسىنى مەغپىرەت قىلغىن، چۈنكى گۇناھلارنى پەقەت سەنلا مەغپىرەت قىلىسەن. تەۋبەمنى قوبۇل قىلغىن. چۈنكى سەن تەۋبىلەرنى قوبۇل قىلغۇچى ۋە ناھايىتى مەرھەمەت قىلغۇچى زاتسەن.(374)

## ۋەھيي كاتىپى

زەيد ئىبنى سابىت قۇرئان ئۆگىنىشكە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدىغان بولۇپ، بۇ ھەقتە تولىمۇ ئەستايىدىل ئىدى. ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ

(374) مۇسنەد، 5/191.

كىچىككىنە بولسىمۇ ئارىلىشىپ كېتىش ئېھتىمالىغا سەل قارىمىغانلىقى ئۈچۈن، ھەدىس يېزىشتىن يىراق تۇردى. زەيد داۋاملىق پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەتراپىدا بولغاچقا، قۇرئاننىڭ نازىل بولۇشىغا شاھىت بولاتتى ۋە ۋاقىت ئۆتكۈزمەي دەرھال يېزىۋالاتتى. پات - پات پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا بېرىپ، يادلىۋالغان سۈرىلىرىنى ئوقۇپ بېرىپ توغرىلىقىنى كۆچلەندۈرەتتى.

زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتىم. تىزىم تىزىغا تېگىپ تۇراتتى. ۋەھيى چۈشكەن ۋاقىتتا تىزىم پەيغەمبىرىمىزنىڭ تىزىنىڭ ئاستىدا قالدى. ۋەھيىنىڭ تەسىرى بىلەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ تىزلىرى شۇنچىلىك ئېغىرلىشىپ كەتتىكى، تىزىم ئېزىلىپ سۇنۇپ كېتەمدىكىن، دەپ قالدىم.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىدا تۇرۇپ چۈشكەن ۋەھيىنى يازاتتىم. ۋەھيى چۈشۈشكە باشلىغاندا، پەيغەمبىرىمىز تىترەشكە باشلايتتى، پېشانىسىدىن مونچاق - مونچاق تەرلەر ئاقاتتى. ۋەھيى چۈشۈپ بولغاندىن كېيىن يېنىغا بېرىپ يېزىشقا باشلايتتىم. پەيغەمبىرىمىز چۈشكەن ۋەھيىنى ماڭا بىرمۇبىر يازدۇراتتى. ئۇ ۋاقىتلاردا ئۇستۇمگە بىر ئېغىرلىق چۈشەتتى. يېزىپ بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبىرىمىز ماڭا:

- ئوقۇغىن!- دەيتتى. ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا ئاڭلاپ، خاتا يېزىپ سالغان بولسام تۈزىتىپ بېرەتتى.»(375)

زەيد ئىبنى سابىتنىڭ نەۋرىسى سۇلايمان بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى بىر تۈركۈم كىشىلەر چوڭ دادامنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

- پەيغەمبىرىمىز بىللە ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىڭ ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەن بولساڭ بىزگە؟- دەپ ئۆتۈندى. ئۇ:

- نېمىنى ئېيتىپ بېرىمەن، بىز ئۇنىڭغا قوشنا ئىدۇق. ۋەھيى چۈشكەن ۋاقىتتا مېنى چاقىرىپ ۋەھيىنى يازدۇراتتى. بىز ئاخىرەت ھەققىدە پاراڭلاشساق، پەيغەمبىرىمىزمۇ بىز بىلەن بىرلىكتە ئاخىرەت

(375) تەبرانى، 5/133، 157.



由 扫描全能王 扫描创建

ھەققىدە پاراكەندىچىلىك... ھەققىدە پاراگلىشاتتى. بىز دۇنيادىن، يېمەك - ئىچمەكتىن سۆز ئاچساق بىزگە قوشۇلۇپ، ئۇمۇ دۇنيادىن، يېمەك - ئىچمەكتىن سۆز قىلاتتى.[376]

بەزا ئىبنى مالىك مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبىرىمىزگە ۋەھيى چۈشكەن ۋاقىتتا ماڭا:

- زەيدنى يېنىمغا چاقىرغىن! قەلەم ۋە دەۋەتنى ئېلىپ بۇ يەرگە كەلسۇن،- دېدى. زەيد كەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا:

- يازغىن! ‹مۆمىنلەردىن ئۆزرىسىز جىھادقا چىقمىغانلار بىلەن ئاللاھ يولىدا جانلىرى،ماللىرى بىلەن جىھاد قىلغانلار باراۋەر بولمايدۇ...›،- دېدى.[377] زەيدنىڭ دېيىشىچە، دەل شۇ ۋاقىتتا ئەما بولغان ئۇممۇ مەكتۇم پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ چۈشكەن ۋەھيىنى ئاڭلاۋاتاتتى. ئايەتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

- ئى، رەسۇلۇللاھ! جىھاد قىلىشقا كۈچۈم يەتكەن بولسا، مەنمۇ جىھاد قىلاتتىم،- دېدى. پەيغەمبىرىمىز بۇ سۆزلەردىن كېيىن، قايتىدىن ۋەھيى چۈشىدىغان ھالغا قايتتى. تىزى تىزىمنىڭ ئۈستىگە كەلگەندى. پەيغەمبىرىمىز ۋەھيى چۈشۈۋاتقاندا ناھايىتى ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ۋەھيى توختىغاندا «قىيىن ئەھۋالدا بولغانلار مۇستەسنا» دېگەن ئايەت نازىل بولغانىدى. نازىل بولغان ئايەتلەرنى سۆڭەك ۋە تېرە پارچىسىغا يازدىم. ئىشىم تۈگەپ ئورنۇمدىن تۇرماقچى بولدۇم، تىزلىرىم ۋەھيىنىڭ ئېغىرلىقىدىن سۇنۇپ كەتكۈدەك بولۇپ كەتكەنىدى. ئۆز - ئۆزۈمگە ‹بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز ماڭالمىسام كېرەك› دېدىم.»[378]

پەيغەمبىرىمىز ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئىلىم ئۆگىنىش ئۈچۈن خاتىرە تۇتۇپ يېزىپ مېڭىشنى، يەنە بىر ساھابىگە قەلىمنى قولىقىنىڭ ئارقىسىغا قىستۇرۇپ قويۇشنى تەۋسىيە قىلغانىدى.

---

(376) تەبەرانى، 5/133، 154.

(377) نىسا سۈرىسى، 95 - ئايەت.

(378) مۇسنەد، 5/184، 190؛ تەبەرانى، ئەلمۇئجەمۇل كەبىر، 5/157.



由 扫描全能王 扫描创建

زەيىد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋەھيى يېزىشقا ئائىت ئەسلىمىلىرىنى بايان قىلىپ: «بىر كۈنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھۇزۇرىغا باردىم، پەيغەمبىرىمىز كاتىپىغا بىر نەرسىلەر يازدۇرۇۋاتاتتى. مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن ئۇنىڭغا:

- قەلەمنى قۇلىقىڭنىڭ ئارقىسىغا قويغىن! بۇ يازدىغانلارغا قىلىدىغان ئىشنى ئەسلىتىپ تۇرىدۇ، - دېدى» دەيدۇ.(379)

## قۇرئاننى توپلىغان قارىي

پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھايات ۋاقتىدا قۇرئاننى توپلىغان ۋە ئۇنى يادلىغان ئاز ساندىكى ساھابىلەردىن بىرى زەيىد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىدى. ۋەھيى كاتىپى بولۇشى ئۇنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكىگە ياردەمچى بولغانىدى. ئەنەس ئىبنى مالىك بايان قىلىپ: «پەيغەمبىرىمىزنىڭ دەۋرىدە قۇرئاننى تۆت كىشى توپلىدى. ئۇلارنىڭ تۆتىلىسى ئەنسارلاردىن ئىدى. ئۇلار ئۇبەيد ئىبنى كەئب، مۇئاز ئىبنى جەبەل، زەيىد ئىبنى سابىت ۋە ئەبۇ ھۇرەيرە ئىدى.» دەيدۇ.(380)

بەزى رىۋايەتلەردە ئەبۇ ئەييۇب ئەلئەنسارىمۇ قۇرئاننى توپلىغان ساھابىلەر ئارىسىدا بار ئىدى، دەپ كۆرسىتىلىدۇ.

زەيىد ئىبنى سابىت قۇرئان ئوقۇش جەھەتتىن بولسۇن ۋە قىرائەت ئىلمىدە بولسۇن ئالدىنقى قاتاردىكى ساھابىلەردىن ئىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەتىۋا، فەرائىز - مىراس ئىلمى - ۋە قازىلىققا ئوخشاش، قىرائەت ئىلمىدىمۇ ئۇنى ئەڭ ئالدىنقى قاتارغا قوياتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇبەيسا:

- زەيىد قازىلىق، پەتىۋا، فەرائىز ۋە قىرائەت ئىلمىدە مەدىنىدە ئەڭ

(379) ئىبنى مۇنزىر، مۇختەسەر، 23/268.

(380) زەھەبى، سىيەر، 2150.



由 扫描全能王 扫描创建

ئالدىنقى قاتاردا تۇراتتى، - دېگەن.[381]

زەيد ئىبنى سابىت قۇرئاننى توپلاش ۋە يادلاشتىن باشقا ئايەتلەر ئۈستىدە تەپەككۇر يۈرگۈزۈشنى، مەنىسى ئۈستىدە ئۇزۇن - ئۇزۇن ئويلىنىشنى ياخشى كۆرەتتى. بىرى ئۇنىڭدىن:

- قۇرئاننى يەتتە كۈندە ئوقۇپ تۈگىتىشكە قانداق قارايسەن؟ - دەپ سورىغاندا، ئۇ:

- ياخشى! ئەمما مەن بۇ ۋاقىت ئىچىدە يېرىمى ھەتتا ئوندىن بىرىنى ئوقۇش يولىنى تاللايمەن. نېمە ئۈچۈن بۇنداق ئوقۇيسەن دەپ سورىساڭ، مەن بۇ شەكىلدە ئوقۇش ئارقىلىق تەپەككۇر قىلىمەن، ئايەتلەر ئۈستىدە توختاپ مەنىسى ئۈستىدە ئويلىنىمەن، - دەپ جاۋاب بەرگەن.[382]

## مىراس ئىلمىنى ئەڭ ياخشى بىلىدىغان ساھابە

ئىلىم ئىشقىدا ئوت بولۇپ يېنىۋاتقان زەيد ئىبنى سابىت، مەيلى پەيغەمبىرىمىزدىن بولسۇن مەيلى ساھابىلەردىن بولسۇن داۋاملىق سوراپ ئۆگىنەتتى. پەيغەمبىرىمىز تىل ئۆگىنىشكە ئوخشىغان بەزى ئىلىملەرنى مۇناسىپ كىشىلەرنىڭ ئۆگىنىشىگە ئەھمىيەت بېرىدىغان بولۇپ، زەيد ئىبنى سابىتنى تىل ئۆگىنىشكە تەۋسىيە قىلغاندەك ئەبۇ ھۇرەيرەگىمۇ مىراس ئىلمىنى ئۆگىنىشنى تەۋسىيە قىلغان:

- ئى، ئەبۇ ھۇرەيرە! سەن فەرائىز (مىراس) ئىلمىنى ئۆگەنگىن ۋە ئۆگەتكىن! ئۇ، ئىلىمنىڭ يېرىمىدۇر. ئۇ ناھايىتى تېز ئۇنتۇلۇپ قالىدىغان ئىلىمدۇر. ئۈممىتىمنىڭ ئەڭ تېز ئۇنتۇپ قالىدىغىنى ئۇ ئىلىمدۇر، - دېيىش ئارقىلىق ئۇنى بۇ ئىلىمنى ئۆگىنىشكە ۋە ئۆگىتىشكە رىغبەتلەندۈرگەنىدى.[383]

---

(381) ئىبنى ھەجەر، ئىسابە، 2881؛ ئىبنى سەئىد، تەباقات، 2/259.

(382) مۇۋەتتا، قۇرئان، 3.

(383) ھاكىم، مۇستەدرەك، 3/333.



由 扫描全能王 扫描创建

زەيد ئىبنى سابىت پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قىلغان بۇ تەۋسىيەسىنى ئاڭلاپ قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ، ئۆگىنىش قىيىن بولغان بۇ ئىلىمنى ناھايىتى مۇكەممەل شەكىلدە ئۆگەندى. ئەبۇ ھۇرەيرە ۋە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئوخشاش بۇ ئىلىمنىڭ ئۇستازى بولۇپلا قالماستىن بەلكى ياش بولۇشىغا قارىماي پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئالاھىدە ئىلتىپاتىغا نائىل بولدى؛ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۈممىتىم ئىچىدىكى فەرائىزنى ئەڭ ياخشى بىلىدىغىنى زەيد ئىبنى سابىتتۇر» دېدى.[384] يەنە بىر ھەدىستە بولسا، «ئۈممىتىمنىڭ ئىچىدىكى ئۈممىتىمگە ئەڭ مەرھەمەتلىك كىشى ئەبۇ بەكرىدۇر، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا ئەمەل قىلىشتا ئەڭ چىڭ تۇرىدىغان كىشى ئۆمەر، ھايا قىلىشتا ئەڭ سادىق كىشى ئوسمان، ئاللاھنىڭ كىتابىنى ئەڭ ياخشى ئوقۇيدىغان كىشى ئۇبەيد ئىبنى كەئب، فەرائىزنى ئەڭ ياخشى بىلىدىغىنى زەيد ئىبنى سابىت، ھالال - ھارامنى ئەڭ ياخشى بىلىدىغىنى مۇئازدۇر. دىققەت قىلغىنكى، ھەر ئۈممەتنىڭ بىر ئىشەنچلىك ئادىمى باردۇر، مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ئادىمى ئۇبەيد ئىبنى جەرراھتۇر،- دېگەندى.»[385]

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەشھۇر جابىيە نۇتقىدا «فەرائىز ئىلمى بويىچە بىلىم ئېلىشنى خالايدىغانلار زەيد ئىبنى سابىتنىڭ يېنىغا بارسۇن» دېگەندى.[386]

تابىئىنلارنىڭ كاتتا ئالىملىرىدىن زۇھرى «ئوسمان ۋە زەيد فەرائىز ئىلمىنى يازمىغان بولسا ئىدى، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۇنتۇلۇپ كەتكەن بولاتتى،- دېگەن.»[387]

زەيد ئىبنى سابىت ئۇ كۈنلەردە ئەرەبلەر ئىچىدە ناھايىتى مۇھىم ھېسابلىنىدىغان بەدەن قۇرۇلۇشى ئىلمى ھەققىدىمۇ يېتەرلىك مەلۇماتقا ئىگە

(384) ئىبنى سەئىد، تەباقات، 2/359.

(385) تىرمىزى، مەناقىب، 32؛ ئىبنى ماجە، مۇقەددىمە، 11؛ مۇسنەد، 3/281.

(386) ئىبنى سەئىد، تەباقات، 2/359.

(387) دارىمى، فەرائىز، 1؛ زەھەبى، سىيەر، 2150.



由 扫描全能王 扫描创建

ئىدى. ئىبنى سىرىن بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەبۇ ۋەلىد بىزگە دەۋا ئاچتى. بىز يەتتە قېرىنداش بولۇپ، ئەبۇ ۋەلىد بىزنى مەدىنىگە ئېلىپ كېلىپ، زەيد ئىبنى سابىتنىڭ ھۇزۇرىغا چىقاردى. ئۇنىڭدىن بىز ھەققىدە مەلۇمات سورىدى. زەيد ئىبنى سابىت ئۈچىمىزنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، ‹بۇلار بىر ئانىدىن، شۇ ئىككىسى بىر ئانىدىن، شۇ ئىككىسى بولسا، باشقا بىر ئانىدىن› دېدى. ئۇ خاتالاشماستىن ھەممىمىزنىڭ ئانىسىنى توغرا بىلگەن ئىدى.(388)

## ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرۇلغان ئىلىم

ساھابە - كىراملار ئۆگەنگەن ئايەتلىرىنى ئەمەلىي ھاياتىدا تەتبىقلىماي تۇرۇپ، باشقا بىر ئايەتنى ئۆگەنمەيتتى. ئۇلار بۇ ئەھۋالنى ئۆزلىرىگە پرىنسىپ قىلىۋالغانىدى. شۈبھىسىزكى، زەيد ئىبنى سابىتمۇ شۇنداق ئىدى. سۆزلەپ بەرگەن ئەسلىمىلىرى ۋە بۇ ھەقتە ئېيتىلغانلار بۇنى ئۈچۈق كۆرسىتىپ بېرەتتى. زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەسجىدى نەبەۋىدە ئولتۇرسام، بىر ئادەم يېنىمغا كېلىپ مەندىن سوئال سورىدى. مەن:

- بۇ سوئالنى ئەبۇ ھۇرەيرەدىن سورىساڭ تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ،- دېدىم. ئۇ كەتكەندىن كېيىن ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭ يېنىغا باردىم. ئۈچىنچى بىر كىشى بىلەن بىرلىكتە ئاللاھنى زىكىر قىلىشقا ۋە دۇئا قىلىشقا باشلىدۇق. بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن پەيغەمبىرىمىز يېنىمىزغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ كەلگەندىن كېيىن بىز جىم ئولتۇردۇق. پەيغەمبىرىمىز:

- قىلىۋاتقان ئىشىڭلارنى داۋاملاشتۇرۇڭلار!- دېدى. باشتا مەن ۋە دوستۇم دۇئا قىلدۇق. پەيغەمبىرىمىز:

- ئامىن!- دېدى. ئەبۇ ھۇرەيرە:

- پەرۋەردىگارىم! دوستلىرىم نېمىنى خالىسا، مەنمۇ شۇنى خالايمەن،

(388) زەھەبى، 2150.



由 扫描全能王 扫描创建

پەقەت سەندىن ئۇنتۇلۇپ قالمايدىغان ئىلىم تەلەپ قىلىمەن!- دەپ دۇئا قىلدى. پەيغەمبىرىمىز:

- ئامىن!- دېدى. بىز:

- ئى، رەسۇلۇللاھ! بىزمۇ ئاللاھتىن ئۇنتۇلۇپ قالمايدىغان ئىلىم تەلەپ قىلىمىز،- دېدۇق. پەيغەمبىرىمىز:

- دەۋسلىق ياش سىلەردىن ئۆتۈپ كەتتى،- دېدى.(389)

زەيد ئىبنى سابىت سۈننەتكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغان بولۇپ، ئەڭ ئىنچىكە تەرەپلەردىمۇ پەيغەمبىرىمىزگە ماسلىشىشقا تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. پەيغەمبىرىمىز خورما شېخىدىن ھاسا ئىشلەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇمۇ خورما شېخىنى ھاسا قىلىپ ئىشلەتتى. ئۆيگە ياكى باغچىسىغا بارغاندا شۇ ھاسىسىغا تايىنىپ ماڭاتتى.

ئائىلىسىگە ۋە بالىلىرىغا ناھايىتى ياخشى مۇئامىلە قىلاتتى. سىرتتا ناھايىتى ئېغىر – بېسىق ۋە سۈرلۈك بولسىمۇ، ئۆيگە كەلگەندە ئىنتايىن خۇشخۇي ۋە چاقچاقچى ئىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ ئائىلىسىگە تۇتقان بۇ پوزىتسىيەسىنى ناھايىتى ياقتۇرىدىغان بولۇپ، ئۇنى باشقىلارغا ئۈلگە قىلىپ كۆرسىتىپ «كىشىلەر ئائىلىسىدىكىلەرگە بۇ ياشقا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىشى لازىم. ئائىلىسىگە ئۇنىڭدەك مۇئامىلە قىلغانلار ناھايىتى ياخشى ئائىلە رەئىسى بولىدۇ» دەيتتى.(390)

زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئانىسى ۋاپات بولغاندا نامىزىنى ئۆزى ئوقۇدى. نامازنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، قېچىرىنى ئېلىپ كېلىپ مىنىشكە تەمشىلىۋاتقاندا، پەيغەمبىرىمىزنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى كاتتا ئالىم ئابدۇللاھ ئىبنى ئاباس كېلىپ قېچىرىنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتۇپ تارتىشقا باشلىۋىدى، زەيد:

- ئى، رەسۇلۇللاھنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى! ئۆتۈنۈپ قالاي چۇلۋۇرنى

(389) ھەيسەمى، مەجمۇئۇز زەۋائىد، 9/361.

(390) زەھەبى، سىيەر، 2150.



由 扫描全能王 扫描创建

قويۇۋەتكىن،- دېدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئاببباس:

- بىز ئالىملىرىمىزغا ۋە قەدىرلەيدىغان كىشىلىرىمىزگە مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلىمىز،- دېگەندىن كېيىن، زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېگىلىپ تۇرۇپ ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسنىڭ قولىنى سۆيگەن ھالدا:

- بىزمۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئائىلىسىدىن بولغان بىرىگە مۇشۇنداق قىلىشقا بۇيرۇلدۇق،- دېدى.[391]

ساھابىلەر كۆپلىگەن كېچىلەردە پەيغەمبىرىمىزنىڭ قىلغان ئىبادەتلىرىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئىشتىراك قىلىشنىڭ پۇرسىتىنى ئىزدەيتتى.

زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبىرىمىز مەسجىدى نەبەۋىنىڭ بىر تەرىپىنى بورا بىلەن توسۇپ ئۆزىگە مەسجىد قىلىۋالدى. كېچىلىرى ئۇ يەردە ناماز ئوقۇيتتى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ كېچىلىرى ئۇ يەردە ناماز ئوقۇغانلىقىنى كۆرگەن ساھابىلەر ئۇ يەرگە توپلىنىپ، پەيغەمبىرىمىز بىلەن بىللە ناماز ئوقۇشقا باشلىدى. تاڭ ئاتقاندا كېچىنى پەيغەمبىرىمىز بىلەن بىللە ئۆتكۈزگەنلەر، بولغان ئەھۋالنى دوستلىرىغا سۆزلەپ بەردى. ئىككىنچى كۈنى تېخىمۇ كۆپ كىشى كەلدى. يېڭى كەلگەنلەر يەنە باشقىلارغا سۆزلەپ بەردى. ئۈچىنچى كۈنى مەسچىتتە ئادەم خېلى كۆپىيىپ قالغانىدى. تۆتىنچى كۈنى ئادەملەر مەسجىدكە پاتماي قالدى. پەيغەمبىرىمىز كېلىدىغانلارنىڭ كۆپىيىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئاۋازىنى پەسەيتتى. ساھابىلەر پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالماي، ئۇنى ئۇخلاپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ، ئۇيغىنىپ يانلىرىغا چىقىشى ئۈچۈن ھۆتۈلۈشكە باشلىدى. پەيغەمبىرىمىز چىقمىغاندىن كېيىن ئىشىكنى قاقتى. پەيغەمبىرىمىز ئەھۋالنى بايقاپ يېنىمىزغا كېلىپ:

- نېمە ئىش قىلىۋاتىسىلەر؟ ئوقۇغان نامىزىمىنىڭ سىلەرگە پەرز بولۇپ قېلىشىدىن قورقمىغان بولسام داۋاملاشتۇراتتىم. پەرز بولغان بولسا

(391) ئىبنى سەئىد، تەباقات، 2/360.

ئىدى، ئۇنى ئادا قىلالمايتتىڭلار. ئى، ئىنسانلار! نامازلىرىڭلارنى ئۆيۈڭلاردا ئوقۇڭلار! پەرز نامازلاردىن باشقا نامازلارنى ئۆيدە ئوقۇش تېخىمۇ ئەۋزەلدۇر، - دېدى.»(392)

زەيد ئىبنى سابىت رامىزان ئېيىنى ناھايىتى ياخشى ئۆتكۈزەتتى، قەدىر كېچىسىنى تېخىمۇ ياخشى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرقى ئون كۈنگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرەتتى. ئوغلى خارىجە بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «دادام رامىزاننىڭ 23 - كېچىسى بىلەن 27 - كېچىسىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزۈشكە ئەھمىيەت بېرەتتى، -17 كېچىسىگىمۇ ئەھمىيەت بېرەتتى. ئۇنىڭدىن:

- رامىزاننىڭ 17 - كېچىسىگە نېمىشقا ئەھمىيەت بېرىسەن؟- دەپ سورىغاندا:

- قۇرئان ئۇ كېچىدە نازىل بولغان، كېچە تاڭ ئېتىشقا باشلىغاندا، ھەق بىلەن باتىل بىر - بىرىدىن ئايرىلغان،- دەيتتى.»(393)

## غازات ئىشقى

زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئون ئۈچ ياشقا كىرگەن ۋاقىتتا، ئىسلام قوشۇنى بەدرىگە قاراپ كېتىۋاتاتتى. دوستلىرى بىلەن يەرگە كەلگەندە، پەيغەمبىرىمىز قوشۇننى توختىتىپ كونترول قىلدى. قوشۇنغا قېتىلىپ يولغا چىقتى. ئىسلام قوشۇنى ئەبۇ ئىنەبە قۇدۇقى بار قوشۇننىڭ ئىچىدە زەيد ئىبنى سابىتقا ئوخشاش بىر قانچە يۈرەكلىك قەھرىمان بالىلار بار ئىدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇلارنىڭ يېشىنى كىچىك كۆرۈپ قايتۇرۇۋەتتى. زەيد ئىبنى سابىت بۇ ئەھۋالدىن ناھايىتى قايغۇرغان ۋە كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا مەدىنىگە قايتىپ كەلدى.

ئون بەش ياشقا كىرگەن چېغىدا خەندەك ئۇرۇشى بولدى. مەككىلىك

(392) بۇخارى، ئەزان، 81؛ بىر ۋە سىلە - رەھىم، 75؛ مۇسنەد، 5/182.

(393) ھەيسەمى، مەجمۇئۇز زەۋائىد، 3/180.

مۇشرىكلار خۇددى ئىسلامنى ۋە مۇسۇلمانلارنى يوق قىلىشقا قەسەم قىلغاندەك، پۈتۈن ئىمكانىيىتىنى سەپەرۋەر قىلىپ داۋاملىق ھۇجۇم قىلىۋاتاتتى. ئۇھۇدقا 3 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن كەلگەن بولسا، ھازىر 10 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن كېلىۋاتاتتى. سەلمان فارسىنىڭ تەكلىپى بويىچە مەدىنە ئەتراپىغا خەندەك كولىنىشقا باشلىدى. بەزى ساھابىلەر يەر كولىسا، بەزى ساھابىلەر تۇپىلارنى توشۇيتتى. زەيد ئىبنى سابىت پەيغەمبىرىمىزنىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك ۋە تەقدىرلەشكە ئېرىشكۈدەك دەرىجىدە غەيرەت كۆرسىتىپ، خەندەكتىن چىققان تۇپىلارنى ئالدىغا ئاتاتتى. پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ، «ئۇ نېمىدېگەن كېلىشكەن بالا» دېدى.

يېشىنىڭ كىچىك بولۇشىغا قارىماي باشقا ساھابىلەرگە ئوخشاش ئىشلەپ، ھارغىنلىقتىن يىقىلىپ قالدى. كەچ بولغاندا بىرئاز بولسىمۇ ئارام ئېلىش ئۈچۈن قورالىنى تۇتقان ھالدا بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرۇپ ئۇيقۇسى كېلىپ، ئۇخلاپ قالغانىدى. ئۇ ئۇخلاۋاتقاندا ئۆگەي دادىسى ئۇنىڭغا چاقچاق قىلماقچى بولۇپ، ئاستا يېنىغا بېرىپ قورالىنى ئېلىپ يوشۇرۇپ قويدى.

پەيغەمبىرىمىز خەندەك ئەتراپىنى تەكشۈرۈۋاتقان بولۇپ، زەيد ئىبنى سابىتنىڭ بىر بۇلۇڭدا ئۇخلاپ قالغانلىقىنى كۆردى. قورالى يوق ئىدى. ئۇنى ئويغىتىپ:

- ھەي ئۇيقۇچى! ئورنۇڭدىن تۇرغىن، قارا ئۇخلاپ قاپسەن، قورالىڭمۇ يوق، - دېدى چاقچاق تەلەپپۇزىدا ۋە ساھابىلەرنى چاقىرىپ:

- بۇ بالىنىڭ قورالىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى بىلىدىغانلار بارمۇ؟ - دەپ سورىدى. پەيغەمبىرىمىزنى سۆزىنى ئاڭلىغان ئۆگەي دادىسى:

- ئى، رەسۇلۇللاھ! مەن ئالغان ئىدىم، - دەپ قورالىنى ئېلىپ كېلىپ ئوغلىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، كۆڭلىنى ئالدى. پەيغەمبىرىمىز بۇ سەۋەبتىن چاقچاق قىلىپ بولسىمۇ باشقىلارنى قورقۇتۇش ۋە ئەندىشىگە سېلىشنى



由 扫描全能王 扫描创建

چەكلىدى. چاقچاق قىلىپ ياكى جىددىي ھالدا باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى رۇخسەتسىز ئالماسلىقتا بۇيرۇدى.(394)

## بايراق تاپشۇرۇپ بېرىش

پەيغەمبىرىمىزنىڭ تېخى بالا دېگۈدەك كىچىك ياشتىكى بىرىگە ئىشىنىپ ئۇنىڭغا رەسمىي تەرجىمانلىق، كاتىپلىق، ۋەھيى كاتىپلىقىغا ئوخشاش مەسئۇلىيەتلەرنى ئارتىشى، فەرائىز ئىلمىدە ئەڭ ئالدىدا ئىكەنلىكىنى روشەن شەكىلدە تىلغا ئېلىشى، ئىنسانىيەت تارىخى ئۇنىڭدىن كېيىن ئاسانلىقچە يازالمىغۇدەك دەرىجىدىكى تەڭداشسىز بىر مەنزىرە ئىدى. بۇ مەنزىرە ئۇ ۋاپات بولغانغا قەدەر داۋاملاشتى.

پەيغەمبىرىمىز قوشۇن بىلەن تەبۇك ئۇرۇشىغا كېتىۋاتاتتى. نەججار ئوغۇللىرىنىڭ بايرىقى ھەر دائىمقىدەكلا يەنە ئۆگەي دادىسى ئۇمارە ئىبنى ھەزمدا ئىدى. ئۇمارە پەيغەمبىرىمىزگە قوشنا بولۇپ، داۋاملىق پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەتراپىدا يۈرۈپ ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلاتتى. قەبىلىسى ئىچىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغاچقا، ئۇرۇشقا ئاتلانغاندا دائىم بايراقنى ئۇ كۆتۈرۈپ ماڭاتتى.

ئەمما، ھازىر ئوغلى ئۇنىڭدىن ئېشىپ كەتكەن بولۇپ، ھەر جەھەتتىن چوڭ رولى بار ئىدى. ھەر دائىم گۈزەللىككە، ياخشىلىققا باشلامچىلىق قىلىدىغان پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغىمۇ باشلامچىلىق قىلاتتى. ئۇ، بايراقنى ئۇمارە ئىبنى سابىتتىن ئېلىپ ئۆگەي ئوغلى زەيد ئىبنى سابىتقا بەردى. ئۇمارە:

- ئى، رەسۇلۇللاھ! بىرەر ئىشنى خاتا قىلىپ قويغانلىقىم ھەققىدە گەپ - سۆز ئاڭلىدىڭمۇ؟- دەپ ئەندىشە ئىچىدە سورىدى. پەيغەمبىرىمىز:

- ياق، ئەمما قۇرئان ئۇنى ئالدىغا چىقاردى، زەيد قۇرئاننى سەندىنمۇ

(394) ھاكىم، مۇستەدرەك، 3/421؛ ئىبنۇل ئەسىر، ئۇسدۇلغابە، 1824؛ ئىبنى ھەجەر، ئىسابە، 2881؛ ئىبنى مۇنزىر، مۇختەسەر، 9/117.

كۆپ بىلىدۇ،- دېدى.(395)

زەيد ئىبنى سابىتنىڭ كېيىنكى ئىش - ھەرىكەتلىرى، بۇ بايراقنى ئۆتكۈزگەن ياشنىڭ قانچىلىك توغرا بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى.

دوستلىرى

زەيد ئىبنى سابىتنىڭ تەڭتۇش ياشلاردا بىر قانچە دوستى بار ئىدى. ئەنەس ئىبنى مالىك، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر پەقەت ئۇلاردىن ئىككىسى ئىدى. ئۇلار، بىر - بىرى بىلەن ناھايىتى چىقىشىپ ئۆتەتتى، پات - پات ئۇچرىشىپ، پاراڭلىشىپ تۇراتتى، ھەر دائىم بىر - بىرىنى ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا رىغبەتلەندۈرەتتى.

ئەنەس ئىبنى مالىك بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى زەيد ئىبنى سابىت بىلەن بىللە تۇرساق ئەزان چىقتى. پاراڭلاشقاچ ئاستا مېڭىپ يولنى ئۇزارتىپ مەسجىدكە باردۇق. زەيد:

- سەن بىلەن نېمە ئۈچۈن بۇنداق كىچىك قەدەم ئېلىپ مېڭىشىمنىڭ سەۋەبىنى بىلەمسەن؟- دەپ سورىدى. مەن:

- نېمە ئۈچۈن؟- دېدىم. زەيد:

- نامازغا ماڭغاندا تېخىمۇ كۆپ قەدەم ئېلىش ئۈچۈن،- دېدى ۋە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دېدى:

- بىر كۈنى پەيغەمبىرىمىز بىلەن كېتىۋاتاتتۇق، ئۇ يولنى ئۇزارتقاندىن كېيىن، مەندىن:

- نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلغانلىقىمنى بىلەمسەن؟- دەپ سورىدى. مەن:

- ئاللاھ ۋە پەيغەمبىرى تېخىمۇ ياخشى بىلىدۇ،- دېدىم. پەيغەمبىرىمىز:

- نامازغا ماڭغاندا تېخىمۇ كۆپ قەدەم بېسىش ئۈچۈن شۇنداق قىلدىم، چۈنكى ئىنسان مەسجىدكە قاراپ ماڭغاندا، نامازدا تۇرغان ھېسابلىنىدۇ،-

(395) ئىبنى سەئىد، تەباقات، 2/259؛ ئىبنى ھەجەر، 2881.



由 扫描全能王 扫描创建

دېگەنىدى.»[396]

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى بازارغا بېرىپ، بىر سودىگەردىن ئازراق ياغ سېتىۋالدىم. ئۇ يەردىن ئايرىلىپلا بىر ئادەم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇ ئادەم قولۇمدىكى ياغقا ناھايىتى ياخشى باھا قويدى. مەنمۇ ياغنى سېتىش ئۈچۈن ئۇ ئادەم بىلەن كېلىشىپ، قول سىقىشىش ئالدىدا تۇرغانىدىم، دەل شۇ ۋاقىتتا بىرى مۈرەمگە قولىنى قويدى. ئارقامغا بۇرۇلۇپ قاراپ زەيد ئىبنى سابىتنى كۆردۈم. ئۇ ماڭا:

- ئۇنى ئېلىپلا دەرھال ساتمىغىن! ئالغان مالنى بازاردىن يىراقلىشىپ ئۆزۈڭنىڭ مەھەللىسىگە بارماي تۇرۇپ ساتساڭ توغرا بولمايدۇ. پەيغەمبىرىمىز سودىگەرلەر ئۇ يەردىن ئايرىلماي تۇرۇپ، مالنى ئالغان يەردە سېتىشنى چەكلىگەنىدى، - دېدى.»[397]

زەيد ئىبنى سابىت مەككە چېگرا رايونلىرىنىڭ ھارام قىلىنغان رايون بولغىنىغا ئوخشاش، مەدىنىنىڭ ئىككى تاشلىق ئارىسىنىڭمۇ ھارام قىلىنغان رايون ئىكەنلىكى پىكرىدە بولۇپ، ئۇ يەردە ئوۋ ئوۋلاش ھارام دېگەن كۆز قاراشتا ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى بالىلارنىڭ بىر تۈلكىنى بىر بۇلۇڭغا قىستاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال يېنىغا بېرىپ بالىلارنى تارقىتىۋەتتى ۋە ئۇلارغا ‹پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەرەمدە بۇ نېمە قىلغىنىڭلار؟› دەپ ئۇلارغا دوق قىلدى.[398]

ئۇنىڭغا ئوخشاش بىر ۋەقە، ئوقۇغۇچىسى شۇرەھبىل بىلەن ئۇنىڭ ئارىسىدا يۈز بەرگەنىدى. بىرلىكتە كېتىۋېتىپ بازارغا كىرىپ ئۆتتى. ئاغىنىلىرى بىر قۇش تۇتۇۋالغان بولۇپ زەيد ئىبنى سابىتنى كۆرۈپلا، خىجىل بولۇپ قۇشنى دەرھال شۇرەھبىلنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى. زەيد ئىبنى سابىت قۇشنى كۆرۈپ قولىدىن ئېلىپ ھاۋاغا قويۇۋەتتى. ئاندىن شۇرەھبىلنىڭ بېشىغا ئاستا بىرنى ئۇرۇپ قويغاندىن كېيىن،

(396) تەبەرانى، ئەلمۇئجەمۇل كەبىر، 5/126.
(397) تەبەرانى، 5/121.
(398) تەبەرانى، 5/138.



由 扫描全能王 扫描创建

ئۇنى ‹پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىككى تاشلىق ئارىسىدا ئوۋ ئوۋلاشنى هارام قىلغانلىقىنى بىلمەمسەن؟› دەپ ئۇنى ئاگاهلاندۇردى.[399]

بىر ەر مەسىلىدە ساهابىلەردىن ۋە ئانىلىرىمىزدىن پەرقلىق پىكرى بولۇپ قالسا، ئۇنى ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتماي، ناهايىتى مۇلايىم ئۇسۇلدا ئوتتۇرىغا قوياتتى.

قۇبەيسە ئىبنى زۇئەيب بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئائىشە رەزىيەللاهۇ ئەنها ئانىمىز جىيەنلىرى بولغان زۇبەير ئائىلىسىدىكىلەرگە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەسىر نامىزىدىن كېيىن ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇيدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. ئۇلارمۇ هەممىسىنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئەسىر نامىزىدىن كېيىن ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇيدىغان بولغانىدى. زەيد ئىبنى سابىت بۇ ئەهۋالنى بايقاپ:

- ئاللاھ ئائىشە رەزىيەللاهۇ ئەنهانى مەغپىرەت قىلسۇن! پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇ هەقتىكى ئەهۋالىنى بىز تېخىمۇ ياخشى بىلىمىز. پەيغەمبىرىمىز ئەسىر نامىزىدىن كېيىن ناماز ئوقۇشنى چەكلىگەنىدى،- دېدى.»[400]

ئۇ ئورۇۋە ئىبنى زۇبەيرگە رافىئ ئىبنى خۇدەيجنىڭ ئىجارە هەققىدىكى پىكرىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى مۇۋاپىق ئۇسلۇبتا بايان قىلىپ، ‹ئاللاھ رافىئ ئىبنى خۇدەيجنى مەغپىرەت قىلسۇن! بىرى يېرىنى باشقا بىرىگە ئىجارىگە بەرگەنىدى، ئارىسىدا چۈشىنىشمەسلىك چىقىپ ئۇرۇشۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ هۇزۇرىغا كېلىپ ئەهۋالنى بايان قىلغاندا، پەيغەمبىرىمىزنىڭ كۆڭلى ناهايىتى يېرىم بولۇپ، كەلگەنلەرگە: بۇنداق جېدەل - ماجىرا قىلىدىغان بولساڭلار، بۇنىڭدىن كېيىن يەرلىرىڭلارنى ئىجارىگە بەرمەڭلار!،- دېدى. رافىئ ئىبنى خۇدەيج سۆزىنىڭ ئاخىرىنى يەنى ‹يەرلىرىڭلارنى ئىجارىگە بەرمەڭلار› دېگەن قىسمىنى ئاڭلاپ، يەرلەرنى ئىجارىگە بېرىش چەكلەنگەن دەپ ئويلاپ قاپتۇ،- دېگەن.[401]

(399) مۇسنەد، 5/118. تەبەرانى، ئەلمۇئجەمۇل كەبىر، 5/167.
(400) مۇسنەد، 5/185.
(401) مۇسنەد، 5/187.



由 扫描全能王 扫描创建

# ئائىلىسى

زەيد ئىبنى سابىت ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرىدە جەمىلە بىنتى سەئىد بىلەن ئۆيلەندى. جەمىلە ئۇھۇد ئۇرۇشىدا شېھىت بولغان سەئىد ئىبنى رەبىئىنىڭ قىزى بولۇپ، دادىسى شېھىت بولغاندا ئۇ يېتىم قالغاندى. يېتىم قالغاندىن كېيىن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا ئاتىدارچىلىق قىلىپ، ئۆيىگە ئەكېلىپ تەربىيەلىدى.

زەيد ئىبنى سابىت بىلەن ناھايىتى بەختلىك ئۆتكەن جەمىلە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ سەئىد، خارىجە، سۇلايمان، يەھيا، ئىسمائىل، ئۇسمان ۋە ئۇممۇ زەيدتىن ئىبارەت يەتتە پەرزەنتى بولدى. ئۇلارنى ناھايىتى ياخشى تەربىيەلىدى. باللىرىدىن بىر قانچىسى ئالىم بولغان بولۇپ، خارىجە مەدىنىنىڭ ئەڭ مەشھۇر يەتتە فىقھشۇناسىنىڭ بىرى بولدى. ئۇ ياشىغان دەۋردە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز خەلىپە بولۇپ، ئۇ، خەلىپە ناھايىتى قەدىرلەيدىغان، ھۆرمىتىنى قىلىپ ھەدىيە بېرىشنى ئارزۇ قىلىدىغان زات ئىدى. ئەمما خارىجە بۇ ھەدىيەلەرنى قوبۇل قىلمايتتى. خەلىپە، ناھايىتى پەزىلەتلىك بىرى بولسىمۇ دۆلەت رەئىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن يىراقراق تۇراتتى.(402)

ئۇ ئائىلىسى ۋە پەرزەنتلىرىگە ناھايىتى ياخشى مۇئامىلە قىلاتتى. سىرتتا ناھايىتى ئېغىر - بېسىق ۋە سۈرلۈك بولسىمۇ، ئۆيىگە كەلگەندە خۇشخۇي ۋە چاقچاقچى ئىدى. ئۇنىڭ ئائىلىسىگە قىلغان بۇ مۇئامىلىسىنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ناھايىتى ياقتۇرغان بولۇپ، ئۇنى باشقىلارغا ئۈلگە قىلىپ كۆرسىتىپ تۇرۇپ، «ئىنسانلار، ئائىلىسىگە شۇ ياشقا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىشى لازىم، ئائىلىسىگە ئۇنىڭدەك مۇئامىلە قىلغانلار ياخشى بىر ئائىلە رەئىسى بولىدۇ» دەيتتى.(403)

جەمىلە يولدىشىغا ئوخشاش زاھىدلىق ۋە ئاددىي - ساددا ياشاش

(402) ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 7/323.

(403) زەھەبى، سىيەر، 2150.



由 扫描全能王 扫描创建

بولنى تاللىغان بولۇپ، ئالتۇن زىبۇ - زىننەت سېلىشنىڭ ئورنىغا پىل چىشى بىلەيزۈك ۋە ئۈزۈكلەرنى سالاتتى. جەملەنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىدىن داۋۇد ئىبنى ھۇسەيىن مۇنداق دەيدۇ: «جەملە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇ پەردە نەۋرىسى مۇسا بىلەن بىرلىكتە قۇرئان ئۆگىنەتتىم. نىسا سۈرىسىنىڭ 33- ئايىتىنى خاتا ئوقۇغاندا، خاتالىقنى تۈزىتىپ بەرگەندىن كېيىن، ‹بۇ ئايەت ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئۇ ۋاقىتلاردا تېخى مۇسۇلمان بولمىغان ئوغلى ئابدۇراھمان ھەققىدە نازىل بولدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوغلى مۇسۇلمان بولمىغانلىقى ئۈچۈن مىراسىدىن مەھرۇم قىلىدىغانلىقىغا قەسەم قىلدى. ئابدۇراھمان مۇسۇلمان بولغاندا، بۇ ئايەت نازىل بولدى› دېدى.»(404)

ئايالى زەيد ئىبنى سابىت ھەققىدىكى ئەسلىمىلىرىنى بايان قىلىپ«مۇنچىغا چۈشۈپ يۇيۇنۇشنى خالىغان ۋاقتىمىزدا يولدىشىم زەيد ئىبنى سابىت بىلەن بىرلىكتە مۇنچىغا كىرىپ، بىرلىكتە غۇسلى تاھارەت ئالاتتۇق.» دەيدۇ.

بىر كۈنى يولدىشىم ئۆيگە كېلىپ ماڭا:(405)

- داداڭدىن قالغان مىراس ھەققىدە خەلىپە بىلەن سۆزلىشىشنى خالامسەن؟- دەپ سورىدى. مەن:

- دادامدىن ماڭا قانداق مىراس قالدۇ؟ دادام شېھىت بولغان ۋاقىتتا تېخى مىراس ھەققىدە ئايەت نازىل بولمىغان تۇرسا؟- دېدىم. ئۇ:

- ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۈگۈن دادىسى ئۆلگەن ۋاقىتتا تېخى ئانىسىنىڭ قورسىقىدا بولغان بالىلارغا مىراس بېرىش ھەققىدە ھۆكۈم چىقاردى،- دېدى. بىر دەمدىن كېيىن قۇرۇق ۋە ھۆل خورمىلارنى ئېلىپ ئۆيگە كېلىپ:

- مانا بۇ داداڭدىن قالغان مىراس،- دېدى. مەن:

(404) ئىبنى سەئد، تەباقات، 8/128.
(405) ئىبنى سەئد، 8/128.



由 扫描全能王 扫描创建

- بۇ ھەقىقەتەن دادامدىن قالغان مىراسمۇ؟- دېدىم.(406)

## جىن بىلەن سۆزلىشىشى

زەيد ئىبنى سابىت بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر كېچىسى باغقا بېرىش ئۈچۈن ئۆيدىن چىقتىم. باغنىڭ ئىچىگە كىرىۋېتىپ بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ تىنىم شۈركەندى. ئەندىشە قىلغان ھالدا:

- كىم بار؟- دەپ ۋارقىرىدىم. بىرى جاۋاب بېرىپ:

- مەن بىر جىن. قەھەتچىلىك بولدى. سىلەرنىڭ يېمەكلىكلىرىڭلارنىڭ ئارىسىدىن بىرەر نەرسە تاپالارمەنمىكىن دەپ كەلدىم، ماڭا ياردەم قىلامسەن؟،- دېدى. مەن:

- بولىدۇ! ئەمما، سىلەرنىڭ زىيان يەتكۈزۈشۈڭلاردىن ئۆزىمىزنى قانداق قوغدايمىز؟- دەپ سورىدىم. جىن:

- ئايەتۇلكۇرسىنى ئوقۇش ئارقىلىق،- دەپ جاۋاب بەردى.(407)

## خەلىپە سايلىمىدىكى ئۇنتۇلماس خىزمىتى

ئىنسانلارنىڭ ھاياتىدىكىگە ئوخشاشلا جەمئىيەت ھاياتىدىمۇ ئىنتايىن مۇھىم ئەسلىمىلەر ۋە بۇرۇلۇش ھاسىل قىلىدىغان چاغلار بولىدۇ. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋاپاتى بىلەن مۇسۇلمانلار بۇنى ناھايىتى روشەن ھالدا باشتىن كەچۈردى؛ ئۇ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ناھايىتى ئېغىر كۈنلەر ئىدى. بىر تەرەپتىن پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋاپاتى پەيدا قىلغان ئەندىكىش ۋە ئالاقزادىلىك، بىر تەرەپتىن ئوخشاش سەۋەبتىن دىندىن چىققانلار ۋە يالغانچى پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەر قايسى تەرەپتىن قىلغان ھۇجۇمى، يەنە باشقا بىر تەرەپتە بولسا كىمنىڭ خەلىپە بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى سوئال... بۇ سوئالنىڭ جاۋابى يا ھەممە ئىشنى ئىزىغا چۈشۈرەتتى ياكى

(406) ئىبنى ھەجەر، ئىسابە، 10983، 12042.
(407) شامىي، سۇبۇلۇل ھۇدا، 10/48.



由 扫描全能王 扫描创建

قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتەتتى. بۇ تولىمۇ سەزگۈر ۋاقىت ئىدى. بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئىچىدىن چىققىلى بولمايدىغان پالاكەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش مۇمكىن ئىدى.

ئۇ چاغدا مۇھاجىرلار خەلىپە بىزدىن بولۇشى لازىم دېسە، ئەنسارلار بىزدىن بولۇشى لازىم، دېيىشىۋاتاتتى. ھەر ئىككى تەرەپ ئورۇنلۇق ئىدى. ئۇلارنىڭ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بەرگۈدەك نۇرغۇنلىغان سەۋەبلەر بار ئىدى. ئەمما بۇ ئىشنى زورلىسا، ئاقىۋىتى پالاكەت بىلەن ئاخىرلىشاتتى. ھەر ئىككى تەرەپ يوقۇتۇپ قوياتتى - دە، يالغانچى پەيغەمبەرلەر ئۇتۇپ چىقاتتى. مۇسۇلمانلار ئىككىگە ئايرىلىش ئالدىدا تۇراتتى. ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدرى شۇ چاغدا بولغان ئىشلارنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبىرىمىز ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن ئەنسارلارنىڭ ۋەكىللىرى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، سۆزلەشكە باشلىدى:

- پەيغەمبىرىمىز سىلەردىن بىرىنى بىر ۋەزىپىگە تەيىنلىسە، بىزدىن بىرىنى ئۇنىڭغا قوشۇپ قوياتتى. بۇ ئىشتىمۇ شۇ شەكىلدە ھەرىكەت قىلىش ئەڭ توغرا بولىدۇ. خەلىپىلىكنى سىلەردىن بىر ۋە بىزدىن بىر كىشى ئۈستىگە ئېلىشى لازىم،- دېيىشتى. ئەنسارلارنىڭ باشقا ۋەكىللىرىمۇ مۇشۇ پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. ھەممىسىنىڭ پىكرى ئوخشاشتەك قىلاتتى. دەل شۇ چاغدا ئەنسارلاردىن بولغان 21 ياشلىق زەيد ئىبنى سابىت ئورنىدىن تۇرۇپ:

- پەيغەمبىرىمىز مۇھاجىرلاردىن ئىدى. شۇنىڭغا ئاساسەن خەلىپىمۇ مۇھاجىرلاردىن بولۇشى كېرەك. بىز پەيغەمبىرىمىزگە ياردەم قىلغىنىمىزغا ئوخشاش ھەر قايسى جەھەتتىن ئۇلارغا ياردەمچى بولۇشىمىز لازىم،- دېدى.

بۇ ناھايىتى مۇھىم ۋە دەل ۋاقتىدا سۆزلەنگەن سۆز ئىدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ نامىدىن پۈتۈن ئەنسارلارنى تەبرىكلىدى ۋە ئىلاۋە قىلىپ:

- ئاللاھ سىلەرنى ياخشىلىق بىلەن مۇكاپاتلىسۇن، سۆزۈڭلاردا



由 扫描全能王 扫描创建

مۇستەھكەم تۇرۇشقا مۇۋەپپەق قىلسۇن. ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بۇنىڭدىن باشقا پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولساڭلار ئۇنى توغرا تاپمايتتۇق، - دېدى.

زەيد ئىبنى سابىت ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئۇنىڭغا بەيئەت قىلدى ۋە باشقا ساھابىلەرگە قاراپ «مانا بۇ سىلەرنىڭ خەلىپەڭلاردۇر، بۇنىڭغا بەيئەت قىلىڭلار!» دېيىش ئارقىلىق ئۇلارنىمۇ بەيئەت قىلىشقا رىغبەتلەندۈردى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەرھال ئالدىغا ئۆتۈپ بەيئەت قىلدى. ئارقىدىن مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارلارمۇ بەيئەت قىلدى.[408]

زەيد ئىبنى سابىت كىچىك ياشتىلا ئىشەنگۈسىز خىزمەتلەرنى قىلىپ مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن بولۇپ، بۇ ئۇنتۇلماس خىزمەتلەرنى قىلغان ۋاقتىدا ئەمدىلا 21 ياشقا كىرگەن بىر ياش ئىدى. ھەر دائىم ياخشىلىق قىلىشقا باشلامچى بولغانلىقى ئۈچۈن، ھېس - تۇيغۇلار يۇقىرى پەللىگە چىققان ھالقىلىق پەيتتە، كىچىك بولسىمۇ ھېچكىم ئۇنىڭ سۆزىنى يېرىم ئېغىز قىلماي پىكرىنى قوبۇل قىلدى.

## قۇرئانغا قىلىنغان مىسلىسىز خىزمەت

قۇرئاننىڭ توپلىنىپ، يادقا ئېلىنىشى ياكى ئايەتلەرنىڭ بىر يەرگە يىغىلىپ توپلىنىشى، قۇرئان، ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن قىلىنغان ئەڭ چوڭ خىزمەتلەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئاز ياكى كۆپ ئاساسەن پۈتۈن ساھابىلەر ئىشتىراك قىلغان بۇ خىزمەتتە، شۈبھىسىزكى ئەڭ كۆپ ھەسسە زەيد ئىبنى سابىتقا ئائىت ئىدى. ئۇنىڭ بۇ خىزمىتى 9-8 ياشلاردا ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ قۇرئاننى يادلاش بىلەن باشلانغان بولۇپ، ھەركۈنى ئېشىمۇ كۆپىيىپ يۇقىرى پەللىگە چىقتى. ئۇنىڭ بۇ خىزمەتلىرىنىڭ قانچىلىك مۇھىملىقىنى بىلىش ئۈچۈن قۇرئاننىڭ توپلىنىشى ھەققىدە بىر

(408) مۇسنەد، 5/186؛ سۇيۇتى، تارىخۇل خۇلەفا، 68.



由 扫描全能王 扫描创建

ئاز توختىلىش لازىم:

ئۇسۇلى فىقھى ئالىملىرى «قۇرئاننىڭ توپلىنىشى» نى ئۈچ ئاساسىي نۇقتا بويىچە تەتقىق قىلىدۇ:

- قۇرئاننىڭ پەيغەمبىرىمىز دەۋرىدە توپلىنىشى،
- قۇرئاننىڭ ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەۋرىدە توپلىنىشى،
- قۇرئاننىڭ ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەۋرىدە كۆپەيتىلىشى.

زەيد ئىبنى سابىت ھەر ئۈچ باسقۇچتا ئەڭ ئالدىدا ۋە ئەڭ مۇھىم خىزمەتلەرنى قىلدى. بۇ ئەھۋال ۋە ئۇنىڭ بۇ نۇقتىدىكى رولىنى مۇنداق يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

- قۇرئاننىڭ پەيغەمبىرىمىز دەۋرىدە توپلىنىشى

قۇرئاننىڭ پەيغەمبىرىمىز دەۋرىدە توپلىنىشى مۇنداق ئىككى خىل شەكىلدە بولدى:

- يادقا ئېلىش يولى ئارقىلىق توپلاش،
- يېزىش ئارقىلىق توپلاش.

پەيغەمبىرىمىز ۋەھىيگە ئېتىپ تۈگەتكۈسىز دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرگەن، بۇيرۇلغان خىزمەتنى ئەڭ گۈزەل شەكىلدە ئادا قىلىشقا غەيرەت قىلغان بولۇپ، قۇرئان ۋەھيى قىلىنغان تۇنجى كۈندىن ئېتىبارەن ئۇنى يادلىۋېلىش ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ كۈچ سەرپ قىلدى. پەيغەمبىرىمىز توغرا شەكىلدە يادلىيالماي قالارمەنمۇ، ئۇنتۇپ قالارمەنمۇ دېگەن ئەندىشە ۋە قايغۇ ئىچىدە نازىل بولغان ئايەتلەرنى لەۋلىرىنى مىدىرلىتىپ يادلىۋېلىشقا تىرىشتى. ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىنى خاتىرجەم قىلىش، قۇرئاننىڭ توپلىنىشىنىڭ شەخسەن ئۆزىنىڭ كونتروللۇقى ئاستىدا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش، خۇشخەۋەر بېرىش ئۈچۈن مۇنداق دېدى:[409] «(ساڭا جىبرىئىل ئارقىلىق ۋەھيى نازىل بولۇۋاتقاندا، ئۇنى ئىسىڭگە ئېلىۋېلىش

(409) بۇخارى، تەپسىر، 3/21؛ تىرمىزى، تەپسىر، 5/43؛ ئەلۇسى، رۇھۇل مەئانى، 16/243، ئەھكامۇل قۇرئان، 10/90.



由 扫描全能王 扫描创建

ئۈچۈن) ئالدىراپ تىلىڭنى مىدىرلاتما! شۈبھىسىزكى ئۇنى توپلاش ۋە ئوقۇپ بېرىش بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىزدۇر. ساڭا ئۇنى ئوقۇپ بەرگىنىمىزدە (يەنى جىبرىئىل ساڭا ئوقۇپ بەرگەندە) ئۇنىڭ ئوقۇشىغا ئەگەشكىن! ئاندىن ئۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىش بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىزدۇر.»(410)

رەببىنىڭ بۇ چۈشەندۈرۈشى پەيغەمبىرىمىزنى ئەندىشىدىن قۇتقۇزۇپ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن توپلىنىش ھەققىدە قۇرئان بىلەن ئۆزى ئارىسىدا، قۇرئان بىلەن ساھابىلەر ۋە ئۇممەت ئارىسىدا ياخشى مۇناسىۋەت ئورناتتى.

پەيغەمبىرىمىز ھەر يىلى رامىزان ئېيىدا شۇ كۈنگىچە نازىل بولغان ئايەتلەرنى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامغا ئوقۇپ بېرەتتى. ۋاپات بولغان يىلى رامىزان ئېيىدا قۇرئان كەرىمنى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامغا ئىككى قېتىم ئوقۇپ بەردى.

پەيغەمبىرىمىز ساھابىلەرنىڭ قۇرئان ئۆگىنىشىگە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدىغان بولۇپ، ئۇلارنى داۋاملىق قۇرئان ئوقۇشقا رىغبەتلەندۈرەتتى. پەيغەمبىرىمىز مەككىدە ناھايىتى قاتتىق بېسىم ئاستىدا قالغان ۋاقىتلىرىدىمۇ ئەبۇلئەرقەمنىڭ ئۆيىدە ساھابىلىرى بىلەن يوشۇرۇن ئۇچرىشىپ، نازىل بولغان ئايەتلەرنى ئۇلارغا ئوقۇپ بېرەتتى. ساھابىلەر پەيغەمبىرىمىز ئوقۇپ بەرگەن ئايەتلەرنى ئاڭلاپ دەرھال يادلىۋالاتتى. ھەبباب ئىبنى ئەرەتكە ئوخشاش ساھابىلەر، ئەبۇلئەرقەمنىڭ ئۆيىگە كېلەلمىگەنلەرنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ يېڭى نازىل بولغان ئايەتلەرنى ئۇلارغا ئۆگىتەتتى. پەيغەمبىرىمىز نازىل بولغان ئايەتلەرنى بىر تەرەپتىن ساھابىلەرگە يادلاتقۇزسا، يەنە بىر تەرەپتىن ۋەھىي كاتىپلىرىغا يازدۇراتتى.

مەدىنىدە مەككىگە قارىغاندا خېلىلا خاتىرجەم بىر مۇھىت بار ئىدى. ساھابىلەر ئايەت نازىل بولغان تۈنجى كۈنلەردىن باشلاپ يادلايتتى، يازاتتى. ئۆيلىرىگە بارغاندىن كېيىن ئايالى ۋە بالىلىرىغا ئۆگىتەتتى. ئۆز

(410) قىيامەت سۈرىسى، 16 – 19 ئايەتلەر.



由 扫描全能王 扫描创建

كۆنلەردە كېچىلىرى مەدىنە كوچىلىرىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلار ھەر ئۆيدىن ھەرە ۋىڭىلدىغاندەك قۇرئان ئوقۇغان ئاۋازنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلايتتى. پەيغەمبىرىمىز بۇ ئەھۋالدىن ناھايىتى مەمنۇن بولغان بولۇپ، كېچىلىرى مەدىنە كوچىلىرىنى ئايلىنىپ، ئەنسارلاردىن بەزى كىشىلەرنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدا توختاپ ئىچىدىن كەلگەن قۇرئان ئاۋازىنى ئاڭلايتتى. مەدىنىدە دەسلەپكى كۆنلەردە ۋەھيى كاتىپلىق خىزمىتىنى كۆپرەك ئۇبەي ئىبنى كەئب ئۈستىگە ئالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يېزىشقا باشلىدى. كېيىنكى كۆنلەردە زەيد ئىبنى سابىت ئېخمۇ ئالدىغا ئۆتۈپ ئەڭ كۆپ ۋەھيى يازغان كىشى بولۇپ قالدى. بىر تەرەپتىن يادلاپ بىر تەرەپتىن يازاتتى.[411]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەھيى نازىل بولغان چاغدا دەرھال ۋەھيى كاتىپلىرىنى چاقىرىپ، نازىل بولغان ئايەتلەرنى ئۇلارغا يازدۇراتتى. نازىل بولغان سۈرىلەر كۆپەيگەنسېرى «توپلاش» يەنى ئايەت ۋە سۈرىلەرنى بىر يەرگە يىغىش باشلاندى. بۇنىڭ شاھىتلىرىدىن بىرى بولغان ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇ ۋاقىتلاردا ناھايىتى كۆپ سۈرىلەر نازىل بولغانلىقتىن ئۇلارنى يازغان بەزى ۋەھيى كاتىپلىرىنى يېنىغا چاقىرىپ:

- پالانى - پالانى ئايەتلەرنى بۇ سۈرىنىڭ مۇنۇ يېرىگە قويۇڭلار!- دەيتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن نازىل بولغان ئايەتلەرنى:

- شۇ ئايەتلەرنى، پالانى - پالانى ئايەتلەر بار سۈرىنىڭ شۇ يېرىگە قويۇڭلار!- دەيتتى. ئاندىن يەنە بىر ئايەت نازىل بولسا:

- بۇ ئايەتنى شۇ سۈرىنىڭ شۇ يېرىگە قويۇڭلار!- دەيتتى.[412]

نازىل بولغان ئايەتلەر خورما شاخلىرى، ئاق ياپىلاق تۈز تاشلار، ئىنچىكە تېرە پارچىلىرى، تۆگىلەرنىڭ كۈرەك (تۆت ياش ياكى ئۇنىڭدىن

(411) سۇيۇتى، ئەتتىبيان، 50.

(412) مۇسنەد، 1/75؛ ھاكىم، مۇستەدرەك، 2/221.



由 扫描全能王 扫描创建

چوڭ تۆگىلەرنىڭ ئېزىق چىشى) سۆڭەكلىرىگە ۋە شۇ كۈنى نېمە تاپالىسا شۇ نەرسىگە يېزىلاتتى. پۈتۈن ئايەتلەر پەيغەمبىرىمىز دەۋرىدە مۇشۇ شەكىلدە يېزىلدى.»

بۇ دەۋردىكى قۇرئاننىڭ توپلىنىشىنىڭ ئەڭ مۇھىم مەسىلىسى ئۇنىڭ توپلام ھالەتتە بولماسلىقى ئىدى. زەيد ئىبنى سابىت بۇ ئەھۋالنى ئۆۋەندىكى سۆزلىرى ئارقىلىق خۇلاسىلەپ بېرىدۇ: «بىز پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، قۇرئاننى ھەر خىل نەرسىلەرگە يېزىپ كىتاب قىلاتتۇق. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ۋەھيى ئېلىپ كەلگەندە قايسى ئايەتنىڭ قايسى سۈرىنىڭ قەيىرىدە بولىدىغانلىقىنى پەيغەمبىرىمىزگە بىلدۈرەتتى. پەيغەمبىرىمىز ۋەھيى يازغان ساھابىلەرگە ئېيتاتتى. ۋەھيى كاتىپلىرىمۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئېيتىپ بەرگىنى بويىچە يېزىپ، ئايەتلەرنى بۇ شەكىلدە كىتاب قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبىرىمىز زامانىدا مۇھاجىرلاردىن تۆت خەلىپە، تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد، سالىمغا ئوخشاش نۇرغۇن ساھابىلەر؛ ئەنسارلاردىن زەيد ئىبنى سابىت، ئەنەس ئىبنى مالىك، ئۇبەيد ئىبنى كەئب، ئەبۇ زەيد، ئەبۇ ئەييۇب ئەلئەنسارىغا ئوخشاش نۇرغۇن كىشى قۇرئاننى يادلىدى ۋە يازدى.»[413]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە قۇرئاننى ئۆگىنىشكە باشلىغان ساھابىلەر، ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنمۇ دۇنيانىڭ تۆت ئەتراپىغا تارقىلىپ، يېڭى مۇسۇلمان بولغان كىشىلەرگە ئۇنى ئۆگەتتى. بۇ تەربىيە ئەۋلادتىن - ئەۋلادقىچە يەنى بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كەلدى.

## قۇرئاننىڭ ئەبۇ بەكىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرىدىكى توپلىنىشى

پەيغەمبىرىمىز دەۋرىدە نۇرغۇنلىغان ساھابىلەر تەرىپىدىن ئايرىم - ئايرىم نەرسىلەرگە يېزىلغان قۇرئان كەرىمنىڭ بىر كىتاب قىلىپ توپلىنىشى،

(413) ئىبنى ھەجەر، فەتھۇلبارى، 9/12؛ سۇيۇتى، ئەلئىتقان، 1/80؛ زەركانى، شەرھۇل مەۋاھىب، 1/241؛ سابۇنى، ئەتتىبيان، 53.



由 扫描全能王 扫描创建

پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋاپاتىدىن ئالتە ئاي كېيىن ئېلىپ بېرىلدى. يالغانچى پەيغەمبەر مۇسەيلەمەنىڭ قوشۇنى بىلەن بولغان يەمامە ئۇرۇشىدا يەتتە يۈزگە يېقىن مۇسۇلمان شېھىت بولدى. بۇلاردىن يەتمىش كىشىنىڭ سالىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئوخشاش قارىي بولۇشى پۈتۈن مۇسۇلمانلارنى قايغۇغا سالدى ۋە ناھايىتى ئېغىر ئەندىشە پەيدا قىلدى.

شۇ كۈنگىچە قانداقلا بولمىسۇن قۇرئاننى يادلىغان نۇرغۇن ساھابىلەر پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن داۋاملىق قۇرئان ئوقۇيدۇ، ئوقۇتىدۇ، يېڭى ئەۋلادلارغا ئۆگىتىدۇ دەپ قاراپ، ئۇنى بىر يەرگە يىغىپ توپلاشنى دېگەندەك ئويلاشمىغان ئىدى. ئەمما، ھازىر بۇنىڭ ناھايىتى جىددىي سەۋەبى بار ئىدى. بۇ سەۋەبلەر ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۇيقۇسىنى قاچۇردى. ئۇ ۋاقىتلاردا ساھابىلەردىن بىر ئايەت ھەققىدە سورىغاندا، ساھابىلەر ئۇنىڭغا «بۇ ئايەتنى يەمامەدە شېھىت بولغان پالانى كىشى يازغانىدى» دەپ جاۋاب بەرگەندىن كېيىن، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەرھال ھەرىكەتكە كەلدى.(414)

شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا باردى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەمامە شېھىتلىرىگە قايغۇرۇپ ئازابلىنىۋاتاتتى. ئۇنىڭغا يەمامەدە شېھىت بولغان قارىيلارنى ئەسلىتىپ:

- قۇرئاننى بىر كىتاب قىلىپ توپلىمىساق ۋاقىت ئۆتكەنسېرى قىيىن بولۇشى مۇمكىن، - دەپ كۆڭلىدىكى ئەندىشىسىنى ئېيتىپ، قۇرئاننى بىر كىتاب قىلىپ توپلاش لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەسلەپتە:

- پەيغەمبىرىمىز قىلمىغان بىر ئىشنى مەن قانداق قىلالايمەن؟- دەپ قارشى چىقتى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ چىڭ تۇرۇپ ئۇنى قايىل قىلىشقا تىرىشتى. ئاخىرىدا قايىل قىلدى. «بۇ ئىشنى كىم ئەڭ ياخشى قىلالايدۇ؟» دېگەن سوئالغا بېرىلگەن جاۋاب زەيد ئىبنى سابىت ئىدى.

(414) ئىبنى ھەجەر، فەتھۇلبارى، 9/13.



由 扫描全能王 扫描创建

22 - 21 يېشىدا بولسىمۇ، ئەمدىلا ئۇ چاغدا زەيد ئىبنى سابىت ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ خىزمەتلىرىدىن بىرىنى ئۈستىگە ئېلىش ئۈچۈن ئىلىم ۋە مەنىۋى جەھەتتىن كېرەك بولغان پۈتۈن ھازىرلىقلارغا ئىگە ئىدى.

زەيد ئىبنى سابىت ئۇ كۈنلەر ھەققىدىكى ئەسلىمىسىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «يەمامە ئۇرۇشىدا قارىيلارنىڭ شېھىت بولۇشىدىن كېيىنكى كۈنلەردە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مېنى يېنىغا چاقىردى. مەن بارغان ۋاقىتتا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ ئۇ يەردە ئىدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ماڭا:

- ئۆمەر يېنىمغا كېلىپ ماڭا ‹يەمامە ئۇرۇشىدا نۇرغۇن قارىيلار شېھىت بولدى، باشقا رايونلاردىمۇ قۇرئاننى يادلىغان ساھابىلەرنىڭ شېھىت بولۇپ كېتىشىدىن قورقىمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن دەرھال قۇرئاننى بىر يەرگە يىغىپ توپلىشىڭ لازىم› دېگەندە مەن ‹پەيغەمبىرىمىز قىلمىغان بىر ئىشنى مەن قانداق قىلىمەن؟› دېدىم. ئۇ ‹ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۆمەر بۇ بىر ياخشى ئىشتۇر، دەپ مېنى رىغبەتلەندۈرۈۋاتىدۇ. ئاخىرىدا بۇ ئىشنى قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ قەلبىنى يورۇتقان ئاللاھ، مېنىڭ قەلبىمنىمۇ يورۇتتى. ھازىر مەنمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش ئويلاۋاتىمەن› دەپ ئەھۋالنى ئىپتىقاندىن كېيىن ‹سەن ئەقىللىك بىر ياش. ھازىرغا قەدەر ھېچقانداق بىر مەسىلىدە سېنىڭ ئەيىبىڭنى كۆرمىدۇق. سەن پەيغەمبىرىمىزگە چۈشكەن ۋەھيىنى يازاتتىڭ. ھازىر سېنىڭ ساھابىلەردىكى ئايەتلەرنى ئىزدەپ - سۈرۈشتۈرۈپ، ئۇلارنى بىر كىتاب قىلىپ توپلاپ چىقىشىڭنى ئارزۇ قىلىمەن.- دېدى.

ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇ ۋاقىتتا ماڭا بىر تاغنى يەنە بىر تاغنىڭ ئۈستىگە يۆتكەشنى ئېيتقان بولسا بۇنچىلىك ئېغىر كەلمەيتتى. مەن:

- پەيغەمبىرىمىز قىلمىغان بىر ئىشنى مەن قانداق قىلالايمەن؟- دەپ



由 扫描全能王 扫描创建

قارشى چىقىشقا باشلىدىم. ئۇلار:

- ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇ بىر ياخشى ئىشتۇر، - دېيىشتى.

مەن قوبۇل قىلمىغاندىن كېيىن، مېنى قايىل قىلىش ئۈچۈن ناھايىتى چىڭ تۇرۇشتى. ئاخىرىدا ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كۆڭلىنى يورۇتقان ئاللاھ، مېنىڭ كۆڭلۈمنىمۇ يورۇتتى. مەنمۇ بېرىلگەن ۋەزىپىنى قوبۇل قىلىپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى باشلىدىم. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئايەتلەر يېزىلغان خورما شاخلىرى، ئىنچىكە ئاق ياپىلاق تاشلار...ۋە كىشىلەرنىڭ يادلىۋالغانلىرىنى ئىنقلاشقا باشلىدىم...[415]

**بۇ ۋەزىپە قانداق ئەمەلگە ئاشۇرۇلدۇ ؟**

زەيد ئىبنى سابىت قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنى يادقا بىلەتتى. پەيغەمبىرىمىزگە پات - پات ئوقۇپ بېرەتتى. ئەمما ئۇنى ھەرخىل نەرسىلەرگە يازغانىدى. لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ساھەدىكى بىلىمىگە قارىماي ساھابىلەرنىڭ ھەم يادلىغانلىرىغا ۋە يازغانلىرىغا مۇراجىئەت قىلدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئۇنىڭغا ياردەمچى بولۇش ئۈچۈن ۋەزىپىگە تەيىنلەپ مۇنداق دېدى:

- بېرىپ مەسجىدى نەبەۋىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئولتۇرۇڭلار! ساھابىلەرگە يادلىغان ۋە يېزىۋالغان ئايەتلىرىنى بىلدۈرۈش لازىملىقىنى ئۇقتۇرۇڭلار! سىلەرگە مەلۇم قىلغان ئايەتلەرنى پەيغەمبىرىمىزدىن ئاڭلاپ يازغانلىقىغا ۋە يادلىغانلىقىغا دائىر ئىككى گۇۋاھچى ئەكەلسە، ئۇنى قوبۇل قىلىڭلار!

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئىشلەش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىۋالغان زەيد ئىبنى سابىت ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئىشقا كىرىشتى. ئۇ شۇ كۈنلەرگە دائىر ئەسلىمىلىرىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «قۇرئان ئايەتلىرىنى

(415) بۇخارى، فەدائىل. قۇرئان، 3؛ ئەھكام، 37؛ تىرمىزى، تەپسىر، 9/18.

كىتاب قىلىپ يېزىپ تۈگەتتىم. پەقەت پەيغەمبىرىمىزدىن دائىم ئاڭلاپ يادلىغان ئەھزاب سۈرىسىدىكى بىر ئايەتنى يازمىغانىدىم. مۇھاجىرلارنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇلاردىن بىرمۇبىر سورىدۇم. ھېچكىم بۇ ئايەتنى يازمىغانىدى. كېيىن ئەنسارلاردىن سۈرۈشتۈرۈپ چىقتىم. سورىغانلىرىمنىڭ ھېچقايسىسى بۇ ئايەتنى يازمىغانىدى. كېيىن بۇ ئايەتنىڭ ئەنسارلاردىن خۇزەيمە ئىبنى سابىت تەرىپىدىن يېزىلغانلىقىنى ئاڭلىدىم.

ئۇ كىشى پەيغەمبىرىمىز تەرىپىدىن گۇۋاھچىلىقىنى ئىككى كىشىنىڭ گۇۋاھچىلىقىغا ئوخشاش دەپ قوبۇل قىلىنغان كىشى ئىدى.[416]

ئايەتنى خۇزەيمە ئىبنى سابىتتىن باشقا بىر كىشىدە يازما ھالەتتە تاپالمىدىم. يەنە بىر مەزگىل سۈرۈشتۈردۇم. مېنىڭ بۇ ئايەتنى ئىزدەۋاتقانلىقىمنى ئاڭلىغان ھارىس ئىبنى خۇزەيمە يېنىمغا كېلىپ، بۇ ئايەتنى ئۆزىنىڭمۇ پەيغەمبىرىمىزدىن ئاڭلاپ يازغانلىقىنى ئېيتتى.»

قۇرئاننىڭ يىغىلىپ توپلىنىشىنى پۈتۈن ساھابىلەر خوشاللىق بىلەن قارشى ئالدى. بۇ ھەقتە زەيد ئىبنى سابىتنىمۇ قوللىدى. زەيد ئىبنى سابىت بۇ ۋەزىپىنى تۈگىتىپ قۇرئاننى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا تاپشۇرۇپ بەرگەندە، ھەممەيلەن بۇ ۋەزىپىنى ئۇتۇقلۇق ھالدا تۈگەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭغا، ئۇنى بۇ ئىشنى قىلىشقا رىغبەتلەندۈرگەن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا رەھمەت ئېيتتى.[417]

## قۇرئاننىڭ ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەۋرىدە كۆپەيتىلىشى

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەۋرىدىكى قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ بىر يەرگە توپلىنىپ يېزىلىشى ناھايىتى مۇھىم بىر خىزمەت ئىدى. پەقەت قىلىنمىسا بولمايدىغان مۇھىم خىزمەتنىڭ يەنە بىرى بولسا، «ئەھرۇفۇسسەبئە - يەتتە ھەرپ» يەنى يەتتە شېۋىنىڭ تۇسالغۇ بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش

(416) بۇخارى، جىھاد، 12؛ ئىبنى شەيبەھ، تارىخۇل مەدىنە، 3/1001.

(417) مۇسنەد، 5/134؛ زەركانى، مەناھىل، 1/249؛ سابۇنى، ئەتتىبيان، 54.



由 扫描全能王 扫描创建

لازىم ئىدى.

پەيغەمبىرىمىز قۇرئان نازىل بولۇۋاتقاندا، ئەتراپتىكى پۈتۈن قەبىلىلەرنىڭ ئۇنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىشى ئۈچۈن قۇرئاننىڭ تېخىمۇ كۆپ شېۋىلەردە نازىل قىلىنىشىنى ئارزۇ قىلغان. بۇ ئارزۇسى پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئەمەلگە ئاشۇرۇلغاندى.

پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دەيدۇ: «جىبرىئىل ماڭا قۇرئاننى بىر خىل شېۋىدە ئوقۇپ بەردى. ئۇنىڭدىن باشقا شېۋىلەردىمۇ ئوقۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدىم. مەن بۇنىڭدا چىڭ تۇرغاندىن كېيىن باشقا شېۋىلەردىمۇ ئوقۇپ بەردى.»(418)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابە - كىراملار قۇرئاننى ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن بىر - بىردىن پەرقلىق ھالەتتە ئوقۇغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇلارغا ئۈچ‌ۇق ئىزاھات بەردى. ساھابىلەر قۇرئاننىڭ يەتتە خىل شېۋىدە نازىل بولۇشىنىڭ بىر رەھمەت ۋەسىلىسى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، پەرقلىق شېۋىلەردە ئوقۇلۇشىنى مەسىلە دەپ قارىمىدى.

ئۇبەيد ئىبنى كەئب بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەسجىدى نەبەۋىدە تۇرسام بىرى كىلىپ ناماز ئوقۇشقا باشلىدى. مەن بىلمەيدىغان بىر شېۋىدە قۇرئان ئوقۇۋاتاتتى. ئاندىن يەنە باشقا بىرى كېلىپ نامازدا باشقا بىر شېۋىدە قۇرئان ئوقۇدى. نامازلىرىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئەھۋالنى بىلىش ئۈچۈن پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھوزۇرىغا باردۇق. مەن ‹بۇ ئادەم قۇرئاننى مەن بىلمەيدىغان بىر شېۋىدە ئوقۇدى، ئاندىن باشقا بىرى كەلدى ئۇ تېخىمۇ پەرقلىق بىر شېۋىدە ئوقۇدى› دېدىم. پەيغەمبىرىمىز ھەر ئىككىسىدىن قۇرئان ئوقۇشنى تەلەپ قىلدى ۋە ھەر ئىككىسىنىڭ ئوقۇشىنى ياقتۇردى. قەلبىمگە جاھىلىيەت دەۋرىدىكىدىنمۇ بەكرەك ۋەسۋەسە كىرگەنىدى. پەيغەمبىرىمىز شۈبھىلەنگەنلىكىمنى كۆرۈپ كۆكسۈمگە ئۇرۇپ قويدى. بىردىنلا تەر ئىچىدە قالدىم. دەل شۇ ۋاقىتتا پۈتۈن شۈبھىلىرىم

(418) بۇخارى، فەدائىلۇل قۇرئان، 5. مۇسلىم، مۇسافىرىن.



由 扫描全能王 扫描创建

يوقالغان بولۇپ، ھاياجان ئىچىدە پەيغەمبىرىمىزگە قاراۋاتاتتىم. پەيغەمبىرىمىز بۇ ئەھۋالنى ئىزاھلاپ:

ـ ئى، ئۇبەيد! ۋەھيى چۈشكەندە مەندىن يالغۇز بىر ھەرپ بىلەن ئوقۇشۇم تەلەپ قىلىندى. مەن ‹بۇنى ئۈممىتىمگە ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگىن› دەپ دۇئا قىلدىم. ئىككىنچى قېتىمدا ماڭا ئۇنى ئىككى ھەرپ ـ شېۋە بويىچە ئوقۇشۇم بۇيرۇلدى. مەن قايتىدىن ‹ئۈممىتىمگە ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگىن!› دەپ دۇئا قىلدىم. ئۈچىنچىسىدە ماڭا ئۇنى يەتتە ھەرپ يەنى شېۋە بويىچە ئوقۇغىن!› دەپ بۇيرۇلدى.ـ دېدى.[419]

ئىسلام جۇغراپىيەسى كېڭەيگەنسېرى قۇرئاننى تېخىمۇ تېز ۋە ئاسان ئوقۇپ يادلاش ۋە چۈشىنىش ئۈچۈن يەتتە خىل شېۋىدە نازىل قىلىنغانلىقى كىشىلەرگە يېتەرلىك دەرىجىدە چۈشەندۈرۈلمىدى. ئىسلام جۇغراپىيەسى سۈرئەت بىلەن كېڭىيىپ، ئىسلام ئىشەنگۈسىز ھالدا تېز تارقىلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن ساھابىلەر ھەممىيلەن بىلەن كۆرۈشۈش ۋە ھەممە مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرۈشتە قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەنىدى. بۇ قىيىنچىلىقنىڭ بىرى شېۋە مەسىلىسى ئىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ مەسىلىنى كۆرۈپ، ئۇنى يالغۇز بىر شېۋىدە يەنى پەيغەمبىرىمىز دائىم ئوقۇيدىغان ئۆز شېۋىسى بولغان قۇرەيش شېۋىسىدە يېغىدىن تەرتىپكە سېلىشنى ئارزۇ قىلغان بولسىمۇ، ئەمما شېھىت بولۇپ كەتكەنلىكتىن بۇنىڭغا پۇرسەت چىقمىغانىدى.[420]

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرىدە باللار ۋە ياشلار قۇرئان ئۆگىنىش ئۈچۈن پەرقلىق ئۇستازلاردىن پەرقلىق شېۋىدە ئۆگىنەتتى. ياشلار بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلمەيدىغان بولغاچقا، پات ـ پات بىر ـ بىرى بىلەن تالاش ـ تارتىش قىلاتتى. بۇ بەس ـ مۇنازىرىلەر خەلىپىنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نۇتۇق سۆزلەپ، بۇ ھەقتە چۈشەنچە بەردى. بۇ ۋاقىتتا بىر ھەقىقەتكىمۇ ئىشارەت قىلىپ ئۆتتى:

(419) مۇسلىم، مۇسافىرىن، 273؛ نەسەئى، ئىفتىتاھ، 37؛ مۇسنەد، 5/41، 51.
(420) ئىبنى شەببەھ، تارىخۇل مەدىنە، 3/991؛ زەركانى، مەناھىل، 1/245.



由 扫描全能王 扫描创建

- سىلەر مەن تۇرغان يەردە بۇنچىلىك ئىختىلاپ قىلساڭلار، بۇ يەردىن يىراق شەھەردە ياشايدىغانلار كىم بىلىدۇ، قانچىلىك ئىختىلاپ قىلىشىدۇ. - دېدى.

دەرھال ۋالىيلارغا خەت يېزىپ تەدبىر ئېلىشنى تەلەپ قىلدى.(421) ئەمما، بۇ يېتەرلىك بولمىدى. بۇ مەسىلىنى يىلتىزىدىن ھەل قىلىش ھۇزەيفە ئىبنى يەماننىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ئەمەلگە ئاشتى. ھۇزەيفە ئىبنى يەمان، پىتنە مەسىلىسىدە ناھايىتى سەزگۈر كىشى ئىدى. ئۇ بەزى ۋەقەلەرگە شاھىت بولغاندىن كېيىن، ئىنسانلارغا قۇرئاننى ئەڭ كۆپ ئۆگەتكەن بۇ ھەقتە كىشىلەرگە سۆزى ئۆتىدىغان ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد، ئۇبەيد ئىبنى كەئب ۋە ئەبۇ مۇسا ئەلئەشئەرى بىلەن پاراڭلاشتى. ئەمما، بىرەر نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. ئۇ، قۇرئان يالغۇز بىر خىل شېۋىدە بىرلەشتۈرۈلۈپ كۆپەيتىلمىسە ناھايىتى چوڭ پىتنە - پاسات چىقىدىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتكەنىدى. مەدائىن ئۇرۇشىدا يۈز بەرگەن ئاخىرقى ۋەقە بۇنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بەرگەنىدى. ئېخىمۇ ئۇزۇن كۈتۈپ تۇرماي بولغان ئەھۋالنى خەلىپىگە ئېيتىپ، قىلىشى كېرەك بولغان ئىشنى قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ھەتتا بۇ ئىشتا ناھايىتى چىڭ تۇردى.

بۇ جەرياندا قۇرئان ئوقۇشنى يېڭى ئۆگەنگەن ھەرقايسى ناھىيە ۋە شەھەر خەلقى قارارگاھلاردا بىر يەرگە توپلىنىپ، بىرلىكتە ئۇرۇش قىلىۋاتاتتى. جىھاد مەيدانىدا ئۇچراشقان شامىلىقلار ساھابىلەردىن ئۇبەيد ئىبنى كەئبنىڭ قىرائىتى بويىچە، كۇفەلىكلەر ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدنىڭ قىرائىتى بويىچە، باشقا شەھەرلەردىن كەلگەنلەر ئەبۇ مۇسا ئەلئەشئەرىگە ئوخشاش ساھابىلەرنىڭ قىرائىتى بويىچە قۇرئان ئوقۇيتتى. ھەممىسىنىڭ ئوقۇغان شېۋىسى پەرقلىق ئىدى. بىر - بىرى بىلەن چىقىشىپ قالغان ئەسكەرلەر ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بىر - بىرىدىن پەرقلىق قىرائەتلەردە قۇرئان ئوقۇيدىغانلىقىنى بايقاشتى. باشقا يەردىن كەلگەنلەرگە «قۇرئان

(421) ئىبنى شەيبەھ، 3/997؛ زەركانى، 1/256.



由 扫描全能王 扫描创建

كەرمىنى خاتا ئوقۇدى» دەپ قاراپ قارشى چىقىشقا باشلىدى. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئوقۇشىنىڭ توغرا، باشقىلارنىڭ ئوقۇشىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، بەس - مۇنازىرە قىلىشقا باشلىدى. قوشۇندىكى ساھابىلەر بۇ مەسىلىنى ئىزاھلاشقا تىرىشقان بولسىمۇ، ھەممەيلەن بىلەن كۆرۈشۈپ بولالمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ تىرىشچانلىقلار بىتەرسىز قىلىۋاتاتتى. بۇنىڭغا ئوخشايدىغان ۋەقە ھىجرىيەنىڭ 14،15 - يىللىرىدا ھۇزەيفە ئىبنى يەمانمۇ قاتناشقان مەدائىن ئۇرۇشىدىمۇ يۈز بەرگەنىدى.

ئەنەس ئىبنى مالىك بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ھۇزەيفە ئىراق خەلقى بىلەن بىرلىكتە ئەرمېنىيە ۋە ئەزەربەيجاننىڭ پەتھى قىلىنىشى ئۈچۈن غازات قىلىۋاتاتتى. ھۇزەيفە قوشۇندىكى ئەسكەرلەرنىڭ قۇرئان ئوقۇش توغرىسىدىكى ئىختىلاپلىرىنى كۆرۈپ، ئاقىۋەتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بايقاپ چۆچۈپ كەتتى. پەتھىدىن كېيىن ۋاقىت ئۆتكۈزمەستىن، دەرھال مەدىنىگە بېرىپ ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن كۆرۈشتى. ئۇنىڭغا كۆرگەن خەتەرلىك ئەھۋالنى ئېيتىپ:

- ئى، مۆمىنلەرنىڭ ئەمرى! بۇ ئۈممەتنىڭمۇ يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلارغا ئوخشاش كىتاب ھەققىدە تالاش - تارتىشقا چۈشۈپ كېتىشتىن ئىلگىرى دەرھال بۇ مەسىلىنى ھەل قىلغىن! قۇرئاننى پەيغەمبىرىمىزدىن ئاڭلاپ ئۆگەنگەن ساھابىلەر ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، ناھايىتى ئېغىر ئىختىلاپلارنىڭ يۈز بېرىشىدىن قورقىمەن، - دېدى.

ھۇزەيفە پاراكەندىچىلىك ئارقىلىق ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى قايىل قىلدى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ مەسىلىنىڭ سەزگۈرلۈكىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، ھۇزەيفە ئىبنى يەماننىڭ سۆزىنى ئېتىبارغا ئېلىپ بىر ئادەم ئەۋەتىپ، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، ۋە ئۇنىڭدىن ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئانىمىزنىڭ قولىغا ئۆتكەن قۇرئاننى ئېلىپ كېلىشنى تەلەپ قىلدى. ئەۋەتىلگەن كىشى ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئانىمىزغا:

- خەلىپە مۇھىم بولغان ئىسلام مەركەزلىرىگە ئەۋەتىش ئۈچۈن قۇرئاننى كۆپەيتىشنى ئارزۇ قىلماقتا. يېڭى نۇسخىلارنى يېزىپ تۈگىتىپ بولغاندىن كېيىن سىزگە قايتۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن سىزدىكى قۇرئاننى تەلەپ قىلدى،- دېدى. ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تەلىپىنى يەردە قويماي ئۆزىدىكى قۇرئاننىڭ ئەسلى نۇسخىسىنى ئۇنىڭغا ئەۋەتتى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ساھابىلەرنىڭ چوڭلىرىنى يىغىپ بۇ مەسىلىنى مەسلىھەتلەشتى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ. «خەلىپە بىزنى چاقىرىپ:

- قۇرئاننىڭ ئوقۇلۇشى توغرىسىدىكى پىكىرلەر قانداق؟ كىشىلەر ئۆزئارا ئۇچراشقاندا ‹مەن سەندىن تېخىمۇ ياخشى ئوقۇيمەن ياكى مېنىڭ ئوقۇشۇم سېنىڭ ئوقۇشۇڭدىن ئەۋزەل› دېيىشىشكە باشلىدى،- دېدى. بىز:

- سەن قانداق قىلىشنى مۇۋاپىق كۆردۈڭ؟- دەپ سورىدۇق. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- مەندىن كېيىن كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا ئىختىلاپ قىلىشماسلىقى ئۈچۈن، پەقەت بىر شېۋىدە بىرلەشتۈرۈشنى ئارزۇ قىلىمەن. ھازىر سىلەر تۇرۇۋاتقان يەردە ئىختىلاپ قىلىشسا، كېيىنكى كۈنلەردە تېخىمۇ چوڭ ئىختىلاپ بولىدۇ،- دېدى. بىز:

- ئى، مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى! توغرا ئويلاپسەن؟- دېدۇق. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- قۇرئاننى كىم ئەڭ گۈزەل ئوقۇيدۇ؟- دەپ سورىدى. بىز:

- زەيد ئىبنى سابىت،- دېدۇق. ئۇ:

- ئەرەبچىنى كىم ئەڭ گۈزەل ۋە پاساھەتلىك سۆزلەيدۇ؟- دېدى. بىز:

- سەئىد ئىبنى ئاس،- دەپ جاۋاب بەردۇق.



由 扫描全能王 扫描创建

ئۇسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ زەيد ئىبنى سابىت بىلەن سەئىد ئىبنى ئاسنى ھۇزۇرىغا چاقىرىپ، ئەھۋالنى ئۇلارغا ئېيتتى. ئۇلارنى بۇ ئىشنى قىلىشقا بۇيرۇپ:

- بىرىڭلار ئوقۇڭلار، بىرىڭلار يېزىڭلار! ئەگەر بىرەر تېمىدا بىر پىكىرگە كېلەلمىسەڭلار، مېنىڭ يېنىمغا كېلىڭلار! - دېدى.(422)

زەيد ئىبنى سابىتنى ئۇ ئىشقا بۇيرۇشىنىڭ يەنە بىر سەۋەبى بولسا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىمىز رامىزان ئېيىدا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامغا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم قۇرئاننى ئوقۇپ بەرگەندە يېنىدا بولۇشى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، قۇرئاننىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئوقۇش شەكلىگە ئەڭ ياخشى شاھىت بولغان كىشى زەيد ئىبنى سابىت ئىدى.

كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇلارغا بۇ ساھەنىڭ نوپۇزلۇق ساھابىلىرىدىن ئۇبەيد ئىبنى كەئب، ئەنەس ئىبنى مالىك، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس، ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير، ئابدۇراھمان ئىبنى ھارىسقا ئوخشاش كىشىلەرمۇ قوشۇلۇپ ياردەمچى بولدى. ھەيئەتتە ئۈچ قۇرەيشلىك بار ئىدى. ئۇسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەيئەتتىكىلەرگە:

- زەيد ئىبنى سابىت بىلەن قۇرئانغا مۇناسىۋەتلىك تېمىلاردا ئىختىلاپلىشىپ قالساڭلار، ئۇنى قۇرەيش شىۋىسى بىلەن يېزىڭلار. چۈنكى قۇرئان قۇرەيش شىۋىسىدە نازىل بولغان، - دېدى.

ھەيئەت قۇرۇلغاندىن كېيىن زەيد ئىبنى سابىت بىلەن ئۇبەيد ئىبنى كەئب يازدى، سەئىد ئىبنى ئاس قۇرەيش شىۋىسى بويىچە ئوقۇپ بېرىپ يازدۇردى. چۈنكى سەئىد ئىبنى ئاسنىڭ شىۋىسى پەيغەمبىرىمىزنىڭ شىۋىسىگە ناھايىتى ئوخشايتتى. ئۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئاخىرقى توققۇز يىلىغا يېتىشكەندى.(423)

ھەيئەت ئۇزۇن ۋاقىت جاپالىق ئىشلەش ئارقىلىق قۇرەيش شىۋىسىدە

(422) ئىبنى شەببەھ، تارىخۇل مەدىنە، 3/996.

(423) ئىبنى ھەجەر، فەتھۇل بارى، 9/19.



由 扫描全能王 扫描创建

بەتتە قۇرئان يېزىپ چىقتى. بۇ قۇرئانلارنىڭ ھەر بىرى بەسرە، كۇفە ۋە شامغا ئوخشاش مەركىزىي شەھەرلەرگە ئەۋەتىلدى.(424)

## خەلىپىلەرنىڭ خىزمىتىدە

### كېڭەش مەجلىسى ئەزاسى

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، مۇھاجىر ۋە ئەنسارلاردىن ئىلمى ۋە پىكىرلىرىگە ئىشەنچ قىلغىلى بولىدىغان كىشىلەردىن تەشكىل تاپقان بىر كېڭەش مەجلىسىنى قۇرۇپ چىقتى. مۇھىم ۋەقەلەر، دىنىي مەسىلىلەر ھەققىدە مەزكۇر مەجلىستە قارار چىقىرىلاتتى. مەجلىس؛ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف، مۇئاز ئىبنى جەبەل، زەيد ئىبنى سابىتقا ئوخشاش شۇ دەۋردە پەتىۋا بېرىدىغان چوڭ ساھابىلەردىن تەشكىللەنگەنىدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن كېيىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، مەرۋان ئىبنى ھەكەم دەۋرلىرىدىمۇ بۇ مەجلىستە بار بولغان زەيد ئىبنى سابىت داۋاملىق تۈردە بۇ كېڭەش مەجلىسىگە قاتنىشىپ ئۆز پىكرىنى ئوتتۇرىغا قوياتتى.(425)

### قازىلىق قىلىشى

زەيد ئىبنى سابىت پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۆگەي دادىسى ۋە قېرىنداشلىرى بىلەن بىرلىكتە يەمامە ئۇرۇشىغا قاتناشتى. دادىسى ۋە قېرىنداشلىرى يەمامەدە شېھىت بولدى. يەمامەدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا قۇرئاننى يىغىپ توپلاش ۋەزىپىسىنى بەردى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپە بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ مەدىنىدىن كېتىشىگە رۇخسەت قىلمىدى. ئۇنىڭغا قازىلىق

(424) بۇخارى، فەدائىلۇل قۇرئان، 3؛ تىرمىزى، تەپسىر، 9/19؛ ئىبنى شەببەھ، تارىخۇل مەدىنە، 3/1005 ؛ زەركانى، مەناھىل، 1/258.

(425) ئىبنى سەئىد، تەباقات، 2/350.



由 扫描全能王 扫描创建

ۋەزىپىسىنى بېرىپ، پەتىۋا بېرىشىنى، پەرائىز (مىراس) ۋە قىرائەت ئىلمىنى ئۆگىتىشنى بۇيرۇدى. بۇ خىزمىتى ئۈچۈن ئۇنىڭغا مائاش بەلگىلىدى. بۇ ئىش كۈن تەرتىپكە كەلگەندە، «مەدىنىلىكلەر ئۇنىڭغا ئېھتىياجلىق، ئۇنىڭدا باشقىلاردا تېپىلمايدىغان نۇرغۇن ئالاھىدىلىكلەر بار» دېدى.[426]

زەيد ئىبنى سابىتقا كۆرە، بىر ئىسلام دۆلىتى ياكى ۋىلايىتىدە دۆلەت ئىشلىرىنى مەسلىھەتلىشىپ قارار چىقىرىدىغان، پىكىر ئىختىلاپلىرىنى تۈزۈتىدىغان بىر كېڭەش مەجلىسىنىڭ بولۇشى شەرت ئىدى. قازىلىق ۋە ئىجتىھات ئىشلىرى بۇنىڭدىن كېيىن قىلىناتتى. ئۇ، دەۋاغا ھۆكۈم چىقارغاندا قايسى ئاساسلارغا تايىنىپ ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى ئۈچۈق بايان قىلىدۇ.

بىر كۈنى مەسلەمە ئىبنى مەھلەد ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ:

- ئى، تاغامنىڭ ئوغلى! مېنى قازىلىق قىلىشقا زورلاۋاتىدۇ، قانداق قىلىشىمنى تەۋسىيە قىلىسەن؟- دەپ سورىۋىدى ئۇ:

- ئاللاھنىڭ كىتابى بىلەن ھۆكۈم قىلغىن! ئاللاھنىڭ كىتابىدىن تاپالمىساڭ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتى بويىچە ھۆكۈم قىلغىن! ئۇنىڭدىنمۇ ئېھتىياجىڭ چۈشكەن نەرسىنى تاپالمىساڭ، بۇرۇنقى ئالىملارنىڭ ئىجتىھاتلىرىغا قارىغىن! ئىجتىھات ئەھلى بىلەن مەسلىھەتلەشكىن، ئاندىن بىرىنى تاللاپ ھۆكۈم قىلغىن! مۇشۇنداق قىلساڭ بىرەر مەسىلە چىقمايدۇ،- دەپ جاۋاب بەردى.[427]

مەدىنە خەلقى ئۆز ئارىسىدا بىر مەسىلە يۈز بېرىپ، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئالدىغا ھەل قىلىپ قويۇشى ئۈچۈن بارغان ۋاقىتتا ئۇلارغا:

- زەيد ئىبنى سابىتنىڭ يېنىغا بېرىڭلار، دەۋايىڭلارنى ئۇ سورايدۇ،- دەيتتى.

بىر قېتىم مەدىنىلىكلەردىن بىرى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا

(426) ئىبنى شەببەھ، تارىخۇل مەدىنە، 2/693؛ ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 9/119.
(427) بەيھەقى، سۈنەن، 10/110؛ قەلئەجى، فىقھى زەيد ئىبنى سابت، 129.

بىرىپ:

- ئى، مۆمىنلەرنىڭ ئەمرى، مېنىڭ ئىشىمغا ھۆكۈم قىلىپ قويغىن!- دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- مەن سېنى باشقا بىرىنىڭ يېنىغا ئەۋەتسەم بولامدۇ؟- دەپ سورىدى. ئۇ ئادەم:

- نېمە ئۈچۈن سەن ھۆكۈم قىلمايسەن؟ بۇنىڭغا ھۆكۈم قىلىشقا ئەڭ مۇۋاپىق ئادەم سەن ئىدىڭ؟- دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- سېنىڭ مەسىلەڭگە كىتاب ياكى سۈننەتكە ئاساسەن ھۆكۈم قىلالايمەن، لېكىن سېنىڭ ئىشىڭغا پىكرىگە ئاساسەن ھۆكۈم قىلىشى ئۈچۈن زەيد ئىبنى سابىتنىڭ يېنىغا ئەۋەتىمەن. پىكىرمۇ بىر ھۆكۈمدۇر،- دېدى.(428)

زەيد ئىبنى سابىت شۇنىڭدىن كېيىن داۋاملىق دەۋالارنى قوبۇل قىلىپ تۇردى. بىر قېتىم ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئۇبەيد ئىبنى كەئب ئوتتۇرىسىدا مەيدانغا كەلگەن بىر مەسىلىگە قازىلىق قىلدى.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئۇبەيد ئىبنى كەئب ئارىسىدا خورما باغچىسىنىڭ چېگراسىنى بەلگىلەيدىغان تام توغرۇلۇق بىر مەسىلە چىقتى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ چىڭ تۇرۇۋالغاچقا، ئۇبەيد ئىبنى كەئب ئاجىزلىق ھېس قىلىپ:

- ئى، ئۆمەر! كۈچۈڭگە ئىشىنىپ مۇشۇنداق قىلىۋاتامسەن؟- دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- ئارىمىزدا ھۆكۈم قىلىش ئۈچۈن بىر ئادەم تاللىغىن!- دېدى. ئۇبەيد:

- زەيد ئىبنى سابىت،- دېدى.

زەيد ئىبنى سابىت ئۆيىنىڭ بىر تەرىپىدە ئولتۇرۇپ ئالدىغا كەلگەن

(428) ئىبنى شەببەھ، تارىخۇل مەدىنە، 2/693.



由 扫描全能王 扫描创建

دەۋالارغا ھۆكۈم چىقىرىۋاتاتتى. ئۇلار بىرلىكتە زەيد ئىبنى سابىتنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- ئارىمىزدىكى بىر مەسىلىگە ھۆكۈم قىلىپ قويۇشۇڭ ئۈچۈن كەلدۇق،- دېدى. زەيد ئىبنى سابىت ئۆستىدە ئولتۇرغان تۆشەكنىڭ بېشىدىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا يەر بوشىتىپ:

- ئى، مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى! بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇر!- دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- ياق، بۇ ماڭا قىلىنغان ھەقسىزلىقتۇر، مېنى رەقىبىمنىڭ يېنىدىكى گۇۋاھچىنىڭ ئورنىدا ئولتۇرغۇزغىن!- دېدى.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇبەيد ئىبنى كەئب بىلەن يانمۇيان ئولتۇردى. ئۇبەيد ئىبنى كەئب شىكايىتىنى بايان قىلدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- ياخشى ئويلاپ باققىن! بەلكى ئۇنتۇپ قالغانسەن؟ ئېسىڭگە ئېلىشقا تىرىشقىن!- دېدى. ئۇبەيد:

- باشقا بىر ئىشنى ئەسلىيەلمىدىم،- دېدى.

ئۇ سۆزىنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنى ئاقلىدى. سۆزى تۈگىگەندىن كېيىن زەيد ئىبنى سابىت:

- ئى، ئۇبەيد! ئىسپاتىڭ بارمۇ؟- دېدى. ئۇبەيد:

- ياق، ھېچقانداق ئىسپاتىم يوق،- دەپ جاۋاب بەردى.

- مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرىگە قەسەم قىلدۇرمىغىن! دەۋادىن ۋاز كەچكىن. ئۇنىڭدىن باشقا بىرى ئۈچۈن بۇنداق قىلىشنى تەلەپ قىلمايتتىم،- دېدى.

- ئەگەر خالىسا قەسەم قىلمەن، مۆمىنلەرنىڭ ئەمرى بولۇشۇم بۇنىڭغا توسالغۇ بولماسلىقى لازىم.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنى ھەر قانداق بىر مۆمىندىن پەرقلىق دەپ قارىماي قەسەم قىلدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەۋادا غەلىبە



由 扫描全能王 扫描创建

قىلغاندىن كېيىن دەۋاغا سەۋەب بولغان يەرنى ئۇبەيد ئىبنى كەئبكە ھەدىيە قىلدى.(429)

## مۇپتىلىق قىلىشى

ئۇ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ زامانىدا تېخى كىچىك بالا دېگۈدەكلا ياشتا بولۇشىغا قارىماي پەتىۋا بېرىشكە باشلىغانىدى. ئۇ پەيغەمبىرىمىز دەۋرىدە كۆپ پەتىۋا بەرگەن ئالتە كىشىنىڭ بىرى ئىدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەۋرىدىمۇ پەتىۋا بېرىشنى داۋاملاشتۇردى.(430) ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەۋرىدە قازىلىق ۋە مۇپتىلىققا كۆتۈرۈلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھىجرىيەنىڭ 45 - يىلى ۋاپات بولغانغا قەدەر بۇ ۋەزىپىسىنى داۋاملاشتۇردى. زەيد ئىبنى سابىت مەنىۋى جەھەتتىكى مەسئۇلىيەتچانلىقى سەۋەبىدىن مەجبۇر بولۇپ قالمىسا، پەتىۋا بېرىشتىن ئېھتىيات قىلاتتى، ئوخشاش سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن پەتىۋالىرىنىڭ يېزىلىشىنىمۇ ياقتۇرمايتتى. پىكىرلىرىنىڭ ئۇنتۇلماسلىقىنى خالايدىغان مەرۋان ئىبنى ھەكەم زەيد ئىبنى سابىتنى ئۆرنىغا تەكلىپ قىلىپ، ئۇنىڭدىن ھەر خىل پەتىۋالارنى سوراپ، ئالغان جاۋابلىرىنى يوشۇرۇنچە ئادەملىرىگە يازدۇراتتى.

بىرى ئۇنىڭدىن پەتىۋا سوراپ كەلسە چوقۇم <خۇدا ھەققى راستىنلا مۇشۇنداق بىر ئىش يۈز بەردىمۇ؟> دەپ سورايتتى. ئۇ كىشى «ھەئە» دەپ جاۋاب بەرسە پەتىۋا بېرەتتى. يۈز بەرگەنلىكى پەرەز قىلىنغان ئىشقا پەتىۋا بەرمەيتتى.

**ئۇ دەۋردە ئىككى ئاساسلىق پىكىر مەدرىسەسى بار ئىدى:**(431)

بىرى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مەدرىسەسى بولۇپ، بۇ مەدرىسەگە تايىنىدىغانلار قۇرئان ۋە ھەدىستىن دەلىل تاپالمىغاندا، ئىجتىھات قىلاتتى. ئۇنىڭ مۇھىم ۋەكىللىرى: ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد، زەيد ئىبنى سابىت ئىدى.

(429) ئىبنى شەببەھ، 2/693؛ ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 9/119؛ ئىبنى ھەييام، ئەخبارۇل قۇزات، 76.

(430) مىقرىزى، ئىمتائۇل ئەسمائ، 9/130.

(431) ئىبنى سەئىد، تەباقات، 2/361؛ زەھەبى، سىيەر، 2150.



由 扫描全能王 扫描创建

بىرى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مەدرىسەسى بولۇپ، بۇ مەدرىسەگە تايىنىدىغانلار قۇرئان ۋە ھەدىستىن دەلىل تاپالمىغاندا، ئىجمائىنى ئاساس قىلاتتى. بۇنىڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ۋەكىللىرى ئۇبەيد ئىبنى كەئب، ئەبۇ مۇسا ئەلئەشئەرى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس ئىدى.

ئۇ، بولۇپمۇ فەرائىز ۋە مىراس ھەققىدە ناھايىتى كۆپ پەتىۋا بەردى. قەلئەجى ئۇنىڭ پەتىۋالىرىنى 200 بەتلىك بىر كىتاب قىلىپ توپلاپ، <فىقھۇ زەيد ئىبنى سابىت> دېگەن ئىسىم بىلەن نەشر قىلدۇرغاندى.

مەرۋان ئىبنى ھەكەم دەۋرىدە يانچۇق كېسىدىغانلاردىن بىرى تۇتۇلۇپ قالغانىدى. مەرۋان، ئوغرىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ قولىنى كەسمەكچى بولدى. ئۇنىڭدىن بۇرۇن بىر ئادىمىنى زەيد ئىبنى سابىتنىڭ يېنىغا ئەۋەتىپ ئوغرىنىڭ مەسىلىسى توغرىسىدا كۆرسەتمە بېرىشىنى سورىدى. زەيد ئىبنى سابىت:

- يانچۇق كەسكەنلىكى سەۋەبىدىن - شەرتلەر تولۇق ھازىرلانمىغانلىقى ئۈچۈن – قولىنى كېسىشكە بولمايدۇ،- دەپ پەتىۋا بەردى.[432]

زەيد ئىبنى سابىت خەلىپىنىڭ ياكى ھەرقانداق بىر باشلىقنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق تۇرۇپ خەلقنىڭ خاتالىقلىرىنى سۈرۈشتە قىلىشىنى توغرا دەپ قارىمايتتى. بۇ ھەقتە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا مۇناسىۋەتلىك ئىبرەتلىك بىر ئەسلىمىسى بار ئىدى:

ھىجرىيەنىڭ توققۇزىنچى يىلى ئىسلامنى قوبۇل قىلغان قادىسىيە قەھرىمانى ئەبۇ مىھجەن ھەر قانچە قىلىپمۇ ھاراق ئىچىشتىن قۇتۇلالماي، پات - پات يوشۇرۇنچە ئۆيىدىلا ئىچىۋالاتتى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپە بولۇۋاتقان مەزگىلدە ‹ئەبۇ مىھجەن كىشىلەرنى توپلاپ ئۆيىدە ھاراق ئىچىدۇ› دېگەن سۆزدىن خەۋەر تاپتى – دە، زەيد ئىبنى سابىت ۋە ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف بىلەن بىرلىكتە ئەبۇ مىھجەننىڭ ئۆيىگە تۇيۇقسىز بېسىپ كىردى. ئۆيىدە بىر كىشىدىن باشقا ھېچكىم يوق

(432) مۇسنەد، 5/191.



由 扫描全能王 扫描创建

ىدى. ئەبۇ مىھجەن خەلىپىنى ئەيىبلەپ:

- ئى، مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى! بۇ قىلغىنىڭىز توغرا بولمىدى. چۈنكى ئاللاھ تائالا «بىر - بىرىڭلارنىڭ ئەيىبىنى ئاچماڭلار» دەيدۇ،(433) دېگەندىن كېيىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ زەيد ئىبنى سابىتقا قاراپ:

- بۇ نېمە دەۋاتىدۇ؟ - دەپ سورىدى. زەيد ئىبنى سابىت:

- ئى، مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى! توغرا سۆزلەۋاتىدۇ. بىزنىڭ قىلغان بۇ ھەرىكىتىمىز خاتالىق ئىزدىمەكتۇر، - دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قىلغان ئىشىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى بىلىپ چىڭ تۇرماي، دەرھال ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.(434)

## مۇدەررىسلىك قىلىشى

زەيد ئىبنى سابىت ئىسلامنى قوبۇل قىلغاندىن تارتىپلا، ئۆزىنى ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىشكە ئاتىغان بولۇپ، خەلىپىلەر دەۋرىدە بىر تەرەپتىن دەۋالارغا قاراپ پەتىۋا بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن قۇرئان ۋە ئىسلامنى ئۆگەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلىپىلەر ئىلىم ئۆگىنىش ئۈچۈن يېنىغا كەلگەنلەرنى ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا ئەۋەتتى.

ئابدۇرراھمان ئەسسۇللەمى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «قۇرئاننى ئاساسەن ئوسمان ئىبنى ئەففاندىن ئۆگەندىم. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپە بولغاندىن كېيىن:

- ساڭا ئۆگىتەلمەيمەن، بۇ ئىش كىشىلەرنىڭ ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشىمغا توسالغۇ بولۇۋاتىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن زەيد ئىبنى سابىتنىڭ يېنىغا بارغىن! ئۇ ئۆزىنى بۇ ئىشقا ئاتىغان، ئۇنىڭ قولىدا ئوقۇغىن! مېنىڭ قىرائىتىم بىلەن ئۇنىڭ قىرائىتى ئوخشاش، ھېچقانداق پەرق يوق، - دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن مەسجىدى نەبەۋىدە دەرس ئۆتۈش ئورنى بولغان زەيد ئىبنى سابىتنىڭ يېنىغا بېرىپ يادلىغان ئايەتلىرىمنى ئوقۇپ

(433) ھۇجۇرات سۈرىسى، 12 - ئايەت.

(434) قەلئەجى، فىقھى زەيد ئىبنى سابىت، 90.



由 扫描全能王 扫描创建

بېرىشكە باشلىدىم. دەرسكە بارغان ۋاقتىمدا بەزىدە ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىبنى ئۇچرىتىپ قالاتتىم، بىلمىگەن يەرلىرىمنى ئۇنىڭدىن سورايتتىم، سوئالىمغا جاۋاب بەرگەندىن كېيىن:

- زەيد ئىبنى سابىتنى ياخشى كۆزەتكىن، ئۇنىڭ يېنىدىن ئايرىلمىغىن، قىممىتىنى بىلگىن!- دەپ نەسىھەت قىلاتتى. ئون ئۈچ يىل بويىچە زەيد ئىبنى سابىتتىن قۇرئان ئۆگەندىم.(435)

## خەلىپە ۋەكىلى ۋە مالىيە ۋەزىرى

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەج، ئۆمرە ۋە باشقا بىرەر سەۋەب تۈپەيلىدىن شەھەر سىرتىغا چىقىدىغان ۋاقتىدا زەيد ئىبنى سابىتنى ئورنىغا ۋەكىل قىلىپ قويۇپ قوياتتى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ ھەج ۋە ئوخشاش سەۋەبلەردىن مەدىنىدىن ئايرىلىدىغان ۋاقتىدا ئۇنى ۋەكىل قىلىپ قوياتتى.(436)

زەيد ئىبنى سابىت ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرىدە سۇ تەقسىملەش ۋە تارقىتىش، تەشكىللەش ۋەزىپىسىگە قويۇلغان بولۇپ، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىسىدا ئەبۇلھەيسەم ۋە سەھل ئىبنى ھەيسەمە بىلەن فەدەككە بېرىپ، توختامنامىگە ئاساسەن مەھسۇلاتلارنى ئېنىقلاپ، فەدەك يەھۇدىيلىرى بىلەن مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئادىللىق بىلەن تەقسىم قىلاتتى، يەھۇدىيلارنىڭ پېيىنى ئۇلارغا تاپشۇرۇپ بېرەتتى.(437)

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرىدە پۈتۈن خەلقنىڭ نوپۇس كۆتىكى تۇرغۇزۇلدى. كۆتەكلەرنى تۇرغۇزۇش ئىشىغا بىۋاسىتە زەيد ئىبنى سابىت تەيىنلەنگەن بولۇپ، يېزىش خىزمىتىدىن باشقا مەھكىمە دىۋانى (مۇھاجىرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىسىگە بېرىلىدىغان تۆلەم مىقدارىنى بەلگىلەيدىغان ھۆججەتلەر) تەشكىللەش ئىشىنى ئۈستىگە ئالدى.(438)

(435) ئەلھىندى، كەنزۇل ئۇممال، 37053؛ مەقرىزى، ئىمتائۇل ئەسمائ، 4/310.

(436) مەقرىزى، 9/169؛ شامى، سۇبۇلۇل ھۇدا، 11/283.

(437) ئەلھىندى، كەنزۇل ئۇممال، 37051؛ ئىبنۇل ئەسىر، ئەلكامىل فىتتارىخ، 3/225.

(438) قەلئەجى، فىقھى زەيد ئىبنى سابىت، 36.



由 扫描全能王 扫描创建

پەيغەمبىرىمىز زەيد ئىبنى سابىتنىڭ تىلغا ئوخشاشلا ماتېماتىكا قابىلىيىتىنىڭمۇ ئادەتتىن تاشقىرى ئىكەنلىكىنى بايقاپ، ئۇنى مالىيە ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلاتتى. خەيبەر ۋە تائىفنىڭ پەتھى قىلىنىشىدىن كېيىن، پەيغەمبىرىمىز زەيد ئىبنى سابىتنى يېنىغا چاقىرىپ، غەنىمەتلەرنى تەقسىم قىلىشتىن بۇرۇن، كىشىلەرنىڭ سانىنى ۋە غەنىمەتلەرنىڭ مىقدارىنى ئېنىقلاپ چىقىشقا مەسئۇل قىلدى. ئاندىن غەنىمەتلەرنى تەقسىم قىلدى. ھەممەيلەنگە تۆت ئات ياكى قىرىقتىن قوي بېرىلدى. ئاتلىقلارغا ئون ئىككى تۆگە ياكى يۈزدىن قوي بېرىلدى.[439] ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەۋرىدىمۇ بۇنىڭغا ئوخشاش ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالدى.

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىدا قازىلىق قىلىشتىن باشقا بەيتۇل مال (خەزىنە) نىڭ مەسئۇللۇقىغا تەيىنلەندى. بۇ ئىشتا خەتنى ياخشى يازىدىغان بىر قۇلنى ئۆزىگە ياردەمچى قىلىپ ياللىۋالدى. بىر كۈنى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ زەيد ئىبنى سابىتنى زىيارەت قىلىپ كەلدى ۋە يېنىدا ئىش قىلىۋاتقان قۇلنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى سورىدى:

- مېنىڭ خىزمەتچىم،- دەپ جاۋاب بەردى زەيد. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشىغا ياردەمچى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغىمۇ مائاش بەلگىلەش كېرەك ئەمەسمۇ؟ بۇ ئۇنىڭ ھەققى، ئۇنىڭغا 2000 دەرھەم مائاش بەلگىلىدىم،- دېدى. زەيد:

- 2000 دەرھەم بىر قۇل ئۈچۈن بەك كۆپ،- دېدى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- ئۇنداقتا 1000 دەرھەم بولسۇن،- دېدى.[440]

زەيد ئىبنى سابىت ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شېھىت قىلىنغان

(439) مەقرىزى، ئىمتائۇل ئەسمائ، 9/233، 236، 301.

(440) ئىبنى ئابدىلبەر، ئىستىئاب، 2/539؛ ئىبنۇل ئەسىر، ئۇسدۇلغابە، 1824.



由 扫描全能王 扫描创建

كۆنگە قەدەر نۇرغۇنلىغان ئىشلاردا ئۇنى قوللىغان بولۇپ، ئۆيى ئىسيانچىلار تەرىپىدىن قورشىۋېلىنغان ۋاقىتتىمۇ يېنىدا ئىدى.

ئىبنى ئەبۇ زىياد بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆيى قورشىۋېلىنغان ۋاقىتتا زەيد ئىبنى سابىت ئۇنىڭ ئۆيىگە كىردى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- ئۆينىڭ سىرتىدا بولۇشۇڭ مەن ئۈچۈن ئۆينىڭ ئىچىدە بولغىنىڭدىن ياخشىدۇر. سىرتتىكىلەرنىڭ ئالدىدا مېنى ئاقلاپ، مېنى قوغداش ئۈچۈن خەلقنى سەپەرۋەر قىلارسەن، - دېدى. زەيد ئىبنى سابىت خەلىپىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئۆيدىن چىقتى. بۇيرۇققا بويىچە ئىش قىلىش ئۈچۈن مەدىنىلىكلەر بىلەن سۆھبەتلەشتى.

- ئى، ئەنسارلار! ئىككىنچى قېتىم ئاللاھنىڭ ياردەمچىلىرى بولۇڭلار! ئۇنىڭغا ياردەم قىلىڭلار! ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇنىڭ قېنىنى ئاققۇزۇش ھارامدۇر، - دېدى. سۆھبەت داۋاملىشىۋاتقاندا، ئىسيانچىلارنىڭ باشلىقلىرىدىن بىرى بولغان ئەبۇ ھەييە بىر توپ ئادەملىرى بىلەن ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ:

- بۇ مەسىلىنى سەن ھەل قىلالمايسەن، بۇنىڭغا كۈچۈڭ يەتمەيدۇ، - دەپ چىشىغا تەگدى، تالاش - تارتىش قىلىشقا باشلىدى. تالاش-تارتىشنى تېخىمۇ داۋاملاشتۇرۇشقا كۈزى يەتمىگەن ئىسيانچى زورلۇق قىلماقچى بولدى ۋە زەيد ئىبنى سابىتنى يېنىدىكى ئادەملىرى بىلەن بىرلىكتە تۇتۇپ ئېلىپ ماڭدى. سۆھبەتلەشكەن مەدىنىلىكلەر ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپ زەيد ئىبنى سابىتنى قۇتقۇزۇشقا تىرىشتى. ئىشنىڭ چوڭىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئىسيانچى ئۇنى قويۇۋەتتى. ئۇ ۋاقىتتا ئەنسارلاردىن بىرى ئۇنىڭ مىراس ئىلمىدىكى ئالاھىدە ئورنىغا ئىشارەت قىلىپ:

- ئۇنى ئۆلتۈرسەڭ، داداڭ ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ مىراسىنى قانداق تەقسىم قىلىشنى سورايدىغان بىرى يوق بولىدۇ، ئۇنىڭغا مۇشۇنداق



由 扫描全能王 扫描创建

مۇئامىلە قىلساڭ بولامدۇ؟- دەپ ئەيىبلىدى.(441)

ئۇسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شېھىت قىلىنغاندا، ئۇمۇ باشقا ساھابىلەرگە ئوخشاش چوڭقۇر قايغۇردى، كۆز ياشلىرى ئىچىدە جىنازا نامىزىغا قاتناشتى.(442)

## زەيد ئىبنى سابىتنىڭ سۆزلىرىدىن

زەيد ئىبنى سابىتنىڭ يېقىن دوستى، ئىسلام دۇنياسىنىڭ كاتتا ئالىمى ئۇبەيد ئىبنى كەئبكە ئەۋەتكەن خېتى بىزگە ئۇنىڭ پەرۋەردىگارىغا بولغان رىشتىنىڭ قانچىلىك كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى، مەنىۋى ھاياتقا قانچىلىك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى، قەلب بىلەن تىلنىڭ مۇناسىۋىتىنى نەقەدەر گۈزەل چۈشىنىپ يەتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇ خېتىدە دوستلىرىغا مۇنۇلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ: «ئاللاھ تائالا تىلنى قەلبنىڭ تەرجىمانى قىلىپ ياراتقان. قەلبنى بولسا پاراسەتلىك ۋە نازارەتچى قىلغان. قەلب توغرا يولنى تاپقان چاغدا، تىل ئۇنىڭغا ماسلىشىدۇ. قەلب تىلغا ھۆكۈمران بولغاندا، ئېغىزدىن مۇۋاپىق، توغرا سۆزلەر چىقىدۇ، تىل كالۋالاشمايدۇ، رەسۋا قىلمايدۇ.

قەلبى بىلەن تىلى ماسلاشمىغان كىشىدە مۇلايىملىق بولمايدۇ. كىشى سۆزىنى تۈگەتكەندىن كېيىن قەلبى ئۇنى ئەستىقلىمىسا، ئۇ سۆز سۆزلىگۈچىنىڭ بۇرنىنى يەرگە ئۇسسىتىدۇ.

ئىنسان ھاياتىنى ۋە ئىشلىرىنى سۆزلىرىگە ئۇيغۇن يولغا قويسا، بۇ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى توغرىلايدۇ. ئەتراپىڭدىكى كىشىلەرگە قاراپ بىر ئاز ئويلانساڭ ئەسكە ئالىسەن. تىلدا سېخىيلىقتىن سۆز ئاچقان بېخىل بىرى، چوقۇم ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ياخشىلىق قىلغان كىشىگە مىننەت قىلىدۇ. بۇنىڭدىن ئۆزىنى تۇتالمايدۇ. چۈنكى تىلى قەلبىنىڭ يېنىدا

(441) زەھەبى، سىيەر، 2150.

(442) ئىبنى سەئد، تەبقات، 3/81؛ ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 9/120.

تۇرىدۇ. قەلبىنى سۆزلىرى ئارقىلىق نامايان قىلمىسا، بەدەن تىلى ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ.

ئويلاپ بېقىڭلار! ۋەدىسىدە تۇرمايدىغان، كېرەك بولغان ئىشنى قىلىشقا غەيرەت قىلمايدىغان بىرىنىڭ كىمنىڭ نەزىرىدە شەرەپلىك، ھۆرمەتكە سازاۋەر بىرى دەپ ئەسكە ئېلىنغانلىقىنى كۆردۈڭلار؟

كىشى بىر نەرسىنى سۆزلەشتىن بۇرۇن، قىلغان شۇ سۆزىنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇشى كېرەكلىكىنى بىلىشى لازىم.

كىشىنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئەيىبلىرىنى ئېچىشقا تىرىششى توغرا ئەمەس. چۈنكى چوقۇم بىر كۈن ئۇنىڭ ئەيىبلىرى باشقىلارغا بىلدۈرۈلىدۇ. ھالبۇكى بۇيرۇق قىلىنمىسىمۇ بۇنداق ئىشنى قىلغان كىشى كېرەكسىز يەرگە مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان بولىدۇ. ۋەسسالام.»[443]

زەيد ئىبنى سابىت ئائىلىسى، پەرزەنتلىرى ۋە دوستلىرى بىلەن ناھايىتى گۈزەل ۋە بەرىكەتلىك ھايات كەچۈردى. نۇرغۇنلىغان پايدىلىق ئىشلارغا، قىيامەتكىچە داۋاملىشىدىغان ياخشىلىقلارغا ۋەسىلە بولدى. ئۇ ھىجرىيەنىڭ 51 - يىلى مەدىنىدە ۋاپات بولدى. جىنازا نامىزىنى مەدىنە ۋالىيسى مەرۋان ئىبنى ھەكەم ئوقۇدى. ئۇنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئاڭلىغان ئەبۇ ھۇرەيرە قايغۇسىنى ‹بۇ ئۇممەتنىڭ ئەڭ كاتتا ئالىملىرىدىن بىرى ئارىمىزدىن كەتتى. ئۈمىد قىلىمىزكى، ئاللاھ، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس ئارقىلىق ئۇنىڭ يېرىنى تولۇقلىغاي› دېگەن سۆزلىرى ئارقىلىق ئىپادىلىدى.[444]

(443) ئەلھىندى، كەنزۇل ئۇممال، 4/225.

(444) ئىبنۇل ئەسىر، ئۇسدۇلغابە، 1824.

## ئىككىنچى بۆلۈم

# ئالىملار

由 扫描全能王 扫描创建

# سەمۇرە ئىبنى جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

سەمۇرە ئىبنى جۇندۇبنىڭ ئاتا- ئانىسى غەتافانلىق بولۇپ، جۇندۇب فەزار ئوغۇللىرىدىن ئىدى. ئۇ كىچىك ياشتىلا ئاتىسىدىن ئايرىلىپ قالدى. دادىسىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ھاياتى ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كەتكەن سەمۇرەنىڭ كۆز ياشلىرى كۆنلەرچە قۇرۇمىدى. ئانىسى غەتافاندا تۇرۇشنى خالىماي، كىچىك ئوغلىنى تۇغقانلىرىدىن بىرىنىڭ يېنىدا قويۇپ، مەدىنىگە كەتتى. دادىسىدىن كېيىن ئانىسىدىنمۇ ئايرىلىپ قېلىش سەمۇرەگە ناھايىتى ئېغىر كەلدى.

ئانىسى ناھايىتى گۈزەل ئايال ئىدى. مەدىنىگە كەلگەندىن كېيىن نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭغا ئۆيلىنىشنى تەكلىپ قىلدى. ئەمما ئۇ ئالدى بىلەن ئوغلىنى ئويلىشى كېرەك ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆيلىنىشنى تەكلىپ قىلغانلارغا:

- مەن ئوغلۇمنى چوڭ بولغۇچە بېقىشنى ئۈستىگە ئالالايدىغان بىر كىشى بىلەن ئۆيلىنىمەن،- دەپ شەرت قويدى. مەدىنىلىك مۇرەي ئىبنى سىنان بۇ شەرتنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆيلەندى.[445] ئاندىن يۇرتىغا قايتىپ ئوغلى سەمۇرەنى ئېلىپ مەدىنىگە كەلدى. دوستلىرىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن سەمۇرەنىڭ كۆڭلى يېرىم بولدى. ئەمما ئۇنى كۈتۈپ تۇرغان تەگداشسىز بىر ياخشىلىق بار ئىدى. مەدىنىگە كەلگەندىن كېيىن ئانىسى ۋە ئۆگەي دادىسىنىڭ تەربىيە قىلىشى بىلەن مۇسۇلمان بولدى.

(445) مقريزى، ئىمتائۇل ئەسمائ، 9/356.

ئۇ مەدىنىدە يېپ- يېڭى بىر ھاياتقا قەدەم قويغانىدى. سەمۇرە ئۆي ئىشلىرىدا ئاتا - ئانىسىغا ياردەملىشىپ، ئىشلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، دەرھال مەسجىدى نەبەۋىگە بېرىپ، پەيغەمبىرىمىزدىن ئىمان ۋە ئەخلاق ئاساسلىرىنى ئۆگىنەتتى. بىر قېتىم پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەنىدى: «ئاللاھ تائالا ‹لا ئىلاھە ئىللەللاھ›، ‹ئاللاھۇ ئەكبەر›، ‹سۇبھاناللاھ› ۋە ‹ئەلھەمدۇلىللاھ› دىن ئىبارەت بۇ تۆت سۆزنى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرىدۇ. ئاللاھنى ئەسلەشنى قايسىسىدىن باشلىساڭلار بولىدۇ.»[446]

يەنە بىر قېتىم «ئادەم ئوغلى مال- مۈلۈككە تويماسلىق ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشتىن ئىبارەت ئىككى ئىش سەۋەبىدىن قوللىرىدىكى نەرسىلىرىدىن مەھرۇم قالىدۇ» دېگەنىدى.[447]

«مەسلىھەت قىلىشقان بىخەتەر بولىدۇ.»[448]

»بىر كىشىنىڭ تامىقى ئىككى كىشىگە، ئىككى كىشىنىڭ تامىقى تۆت كىشىگە يېتىدۇ.»[449] «كىمكى سەۋەبسىز بىر جۈمە نامىزىنى تەرك قىلسا دەرھال يېرىم دىنار سەدىقە بەرسۇن.»[450] «بىرىڭلار ئاللاھنىڭ ئۆز دەرگاھىدا ئۆزى ئۈچۈن نېمىلەرنى تەييارلىغانلىقىنى بىلىشنى خالىسا، ئاللاھ ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلغانلىقىغا قارىسۇن.»[451]

سەمۇرە ئىبنى جۇندۇب پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىلىم مەجلىسىگە قاتناشقان چاغلاردىكى خاتىرىلىرى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبىرىمىزنىڭ زامانىدا ياش - قۇرامىغا يېتىش ئالدىدىكى بىر ياش ئىدىم. پات - پات يېنىغا بېرىپ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ يادلايتتىم. ئۇنىڭ سۆزلىرىنى تېخىمۇ كۆپ ئاڭلىشىمغا سورۇندىكى ساھابىلەر توسالغۇ بولاتتى. ئۇلار مەندىن كۆپ نەرسە بىلەتتى. نېمىلا بولمىسۇن ئۇلار مەندىن ياشتا چوڭ ئىدى.

(446) مۇسلىم، ئەدەب، 12؛ ئەبۇداۋۇد، ئەدەب، 56؛ مۇسنەد، 5/20.

(447) تەبەرانى، ئەلمۇئجەمۇل كەبىر، 7/258.

(448) تەبەرانى، 7/226.

(449) تەبەرانى، 7/278.

(450) مۇسنەد، 5/14؛ تەبەرانى، ئەلمۇئجەمۇل كەبىر، 7/278.

(451) ئەبۇ نۇئەيم، ھىليەتۇل ئەۋلىيا، 8/216.



由 扫描全能王 扫描创建

خالىساڭلار سىلەرگە پەيغەمبىرىمىز بىلەن ئوقۇغان جىنازا نامىزى ھەققىدە سۆزلەپ بېرەي؛ ئۇممۇ كەئب نىفاس يۈزىسىدىن ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن جىنازا نامىزىنى ئوقۇدۇق. پەيغەمبىرىمىز ناماز ئوقۇغاندا جىنازىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ تۇردى.»[452]

سەمۇرە پەيغەمبىرىمىزنىڭ شىرەسى ئالدىدا ئىلىم - ئىرپان ۋە ئىسلام چۈشەنچىسى بىلەن تەربىيەلەنگەن بولۇپ، باشقا ساھابىلەرگە ئوخشاش شېھىت بولۇشنىڭ ئىشقىدا كۆيۈپ - ياناتتى. ئىسلام قوشۇنىنىڭ ئۇھۇد ئۇرۇشىغا بارىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ دەرھال تەييارلىق قىلدى ۋە قىلىچىنى ئېسىپ قوشۇنغا قېتىلدى. ئۇ چاغدا تېخى ئون تۆت ياشتا ئىدى. بەستلىك بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇرۇشقا قاتنىششىمنى ھېچكىم توسمايدۇ، دەپ ئويلايتتى.

ئىسلام قوشۇنى مەدىنىدىن ئايرىلىپ شەيخەين دېگەن يەرگە كەلگەندە، پەيغەمبىرىمىز قوشۇننى تۇختىتىپ كۆزدىن كەچۈردى. كۆزدىن كەچۈرۈش جەريانىدا ئون بەش ياشتىن كىچىكلەرنى ئايرىپ، مەدىنىگە قايتۇرۇۋەتتى. دادىسى، رافىئ ئىبنى ھۇدەيجنىڭ ناھايىتى ياخشى ئوق ئاتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭمۇ ئۇرۇشقا قاتنىششىغا رۇخسەت قىلىنىشىنى تەلەپ قىلدى. سەمۇرە ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلىنغانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال ئۆگەي دادىسىنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ:

- دادا! پەيغەمبىرىمىز رافىئغا رۇخسەت قىلدى، ئەمما مېنى قايتۇرۇۋەتتى. ھالبۇكى، مەن چېلىششتا ئۇنى يېڭىۋالاتتىم،- دەپ پەيغەمبىرىمىزدىن ئۇرۇشقا قاتنىششقا رۇخسەت ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. دادىسى ئوغلىنىڭ غازاتقا قاتنىششقا بولغان قىزغىنلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا بېرىپ:

- ئى، رەسۇلۇللاھ! رافىئ ئىبنى ھۇدەيجنى قوبۇل قىلىپ،

(452) بۇخارى، ھەيز، 29؛ مۇسلىم، جەنازە، 88؛ مۇسنەد، 5/19؛ ئىبنى ئابدىلبەر ئىستىئاب، 2/655؛ ئىبنۇل ئەسىر، ئۇسدۇلغابە، 2241.



由 扫描全能王 扫描创建

مېنىڭ ئوغلۇمنى قايتۇرۇۋېتىپسەن. ھالبۇكى مېنىڭ ئوغلۇم چېلىشىشتا ئۇنى يېڭىۋالىدۇ، رۇخسەت قىلساڭ ئۇلار چېلىشىپ باقسۇن،- دېدى. پەيغەمبىرىمىز «بولىدۇ، چېلىشىپ باقسۇن» دەپ ئىككى ياشنىڭ چېلىشىشىغا رۇخسەت قىلدى.(453) چېلىشىشتا رافىئنى يېڭىۋالغاندىن كېيىن، پەيغەمبىرىمىز سەمۇرەنىڭمۇ ئۇرۇشقا قاتنىشىشىغا رۇخسەت قىلدى.

## پەيغەمبىرىمىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەسلىمىلىرى

سەمۇرە داۋاملىق پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەتراپىدا يۈرۈشكە، ئۇنىڭ ئىلمىدىن پايدىلىنىشقا قولىدىن كېلىشىچە تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. بۇ سەۋەبتىن سۆيگۈ سۇلتانى پەيغەمبىرىمىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر-بىرىدىن گۈزەل ناھايىتى كۆپ ئەسلىمىسى بار ئىدى. ئەشۇنداق گۈزەل ئەسلىمىسىنى سۆزلەپ بېرىش ئارقىلىق بىزنى ئەڭ قەدىرلىك ئىنسان بىلەن ئۇچراشتۇرغان سەمۇرە، بىر ئاز بولسىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ گۈل مىسالى ھىدىنى پۇراپ، سېغىنىشىمىزنى ئارامغا چۈشۈرۈشىمىزگە ۋەسىلە بولىدى.

سەمۇرە ئىبنى جۇندۇب بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئولتۇراتتۇق. تۇرۇۋاتقان يېرىمىزگە بىر قازان گۆش نان ئېلىپ كېلىندى. پەيغەمبىرىمىز ۋە ساھابىلەر يېيىشكە باشلىدى. بىر گۇرۇپپا ساھابە يەپ قورسىقىنى تويغۇزغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇراتتى، ئۇلارنىڭ ئورنىغا يەنە باشقا ساھابىلەر كېلەتتى. بۇ ئەھۋال كەچ بولغۇچە مۇشۇنداق داۋاملاشتى،- دېدى. سەمۇرەنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىۋاتقانلاردىن بىرى:

- ئۇ چاغدا تائام تولۇقلىنىپ تۇرامتى؟- دەپ سورىۋىدى، سەمۇرە ‹يەر يۈزىدىن كەلگەن بىر تولۇقلاشنى سورىساڭ، ياق، يوق ئىدى. ئەمما

(453) ۋاقىدى، مەغازى، 1/216؛ شامى، سۇبۇلۇل ھۇدا، 4/187؛ سۇھەيلى، راۋدۇل ئۇنۇف، 3/248؛ زەرقانى، شەرھۇل مەۋاھىب، 2/400.

بۇقىرى تەرەپتىن تولۇقلىنىپ تۇراتتى› دەپ جاۋاب بەردى.»(454)

ئۇ يەنە بىر ئىشنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبىرىمىز بىلەن ئولتۇراتتۇق، ئۇ، قان ئالدىغان ئادەمنى يېنىغا چاقىرتتى. ئانچە كۆپ ئۆتمەي ئۇ ئادەم پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھۇزۇرى سائادىتىگە يېتىپ كەلدى. ئۈستىرىسىنى چىقىرىپ ئۇچى بىلەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ گەدىنىنى ئاستا كېسىشكە باشلىدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ قېنىنى قان ئالغۇچى تەييارلىغان بىر قۇتىغا تامچىۋاتاتتى. دەل شۇ چاغدا بەدەۋىلەردىن بىرى كىرىپ كەلدى. بەدەۋى قان ئېلىشنىڭ قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. نىمە ئىش بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالماي قالدى ۋە پەيغەمبىرىمىزنى بۇ ھالەتتە كۆرۈپ ناھايىتى قورقتى.

- ئى، رەسۇلۇللاھ! نىمە ئۈچۈن بۇنداق قىلىشىغا رۇخسەت قىلىسەن؟ ئادەم سىېنىڭ بەدىنىڭنى كېسىۋاتىدۇ،- دەپ پەرياد قىلدى. پەيغەمبىرىمىز ناھايىتى تەمكىنلىك بىلەن:

- بۇ قان ئېلىشتۇر،- دەپ جاۋاب بەردى. بەدەۋى:

- قان ئېلىش دېگەن نىمە؟- دەپ سورىدى. پەيغەمبىرىمىز:

- ئۇ ناھايىتى ياخشى بىر خىل داۋالاش ئۇسۇلىدۇر،- دېدى.»(455)

**ھېيت نامىزى**

سەمۇرە ھەممە نامىزىنى مەسجىدى نەبەۋىدە ئوقۇشقا ئەھمىيەت بېرەتتى. ئۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ بامدات نامىزىدىن كېيىن قۇياش چىققىچە ياتماي مەسجىدى نەبەۋىدە ئولتۇرىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.(456)

پەيغەمبىرىمىز جۈمە كۈنى نامازدا ‹ ئەئلا› ۋە ‹ غاشىيە› سۈرىلىرىنى ئوقۇيدى.(457)

(454) تىرمىزى، مەناقىب، 5؛ شامى، سۇبۇلۇل ھۇدا، 9/492؛ ئەلمەقرىزى، ئىمتائۇل ئەسمائ، 5/158.
(455) مۇسنەد، 5/9، 15؛ شامى، سۇبۇلۇل ھۇدا، 9/492.
(456) مۇسلىم، مەساجىد، 52؛ مۇسنەد، 5/100.
(457) ئەبۇ داۋۇد، سالات، 205؛ مۇسنەد، 5/13.



由 扫描全能王 扫描创建

ھەر جۈمە كۈنى بارلىق ئەر - ئايال مۆمىن مۇسۇلمانلار ئۈچۈن مەغپىرەت تىلەيتتى.[458]

ھېيتلار سەمۇرە ئىبنى جۇندۇبنى ناھايىتى ھاياجانلاندۇراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن سېغىنىش بىلەن ھېيتنىڭ كېلىشىنى كۈتەتتى، ناھايىتى خۇشال ھالدا ھېيت نامىزىغا يۈگۈرەيتتى. ئۇ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ رامىزان ۋە قۇربان ھېيت نامازلىرىدا «ئەئلا» ۋە «غاشىيە» سۈرىلىرىنى ئوقۇيدىغانلىقىغا شاھىت بولغاندىن كېيىن، بۇ مەلۇماتنى بىز بىلەن ئورتاقلاشتى.[459]

ئۇ بىز بىلەن يەنە بىر مەلۇماتنى ئورتاقلاشقان ھالدا مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يامغۇر دۇئاسىدا ‹پەرۋەردىگارىم! تۇپراقلىرىمىزغا يامغۇرنى، بەرىكىتىڭنى ياغدۇرغىن، ئۇنى گۈزەللەشتۈرگىن، بىزگە رىزىق بەرگىن، سەن رىزىق بەرگۈچىنىڭ ئەڭ مەرھەمەتلىكىسەن› دەپ دۇئا قىلاتتى.[460]

بىر قېتىملىق سەپەر جەريانىدا يامغۇردا قالدۇق. ناماز ۋاقتى بولغاندا پەيغەمبىرىمىز جاكارچىسى ئارقىلىق بىزگە ‹نامىزىڭلارنى ئۇلىغىڭلارنىڭ ئۈستىدە ئوقۇڭلار!› دەپ بۇيرۇق بەردى.»[461]

## كۆزنىڭ تۇتۇلۇشى

سەمۇرە ئىبنى جۇندۇب ئەسرى سائادەتتە كۆرۈلگەن بىر قېتىملىق كۈن تۇتۇلۇش ۋەقەسىگە شاھىت بولغانىدى. ئۇ بۇ خاتىرىسىنى مۇنۇ جۈملىلەر ئارقىلىق بايان قىلىپ ئۆتىدۇ: «ئەنسارلاردىن بىر بالا بىلەن بىرلىكتە نىشانغا ئوق ئېتىۋاتاتتۇق. دەل شۇ چاغدا قۇياش كۆز بىلەن 2 - 3 نەيزە بويى يىراقلىقنى كۆرەلىگۈدەك دەرىجىدە تۇتۇلدى، ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق بېسىپ، كېچىدەكلا بولۇپ كەتتى. دوستلىرىم بىلەن بىر - بىرىمىزگە قاراشتۇق ۋە:

(458) شامى، سۇبۇلۇل ھۇدا، 8/226.
(459) مۇسنەد، 5/7؛ تەبەرانى، ئەلمۇئجەمۇل كەبىر، 7/219؛ نۇئەيم، ھىليەتۇل ئەۋلىيا، 7/117.
(460) شامى، سۇبۇلۇل ھۇدا، 8/329.
(461) تەبەرانى، ئەلمۇئجەمۇل كەبىر، 7/277.



由 扫描全能王 扫描创建

- مەسجىدى نەبەۋىگە بارايلى. ھازىر پەيغەمبىرىمىز ساھابىلەرگە كۈن تۇتۇلۇش ھەققىدە چۈشەنچە بېرىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن، - دېدۇق ۋە دەرھال مەسجىدكە قاراپ يۈگۈردۇق. ئۇ يەرگە بارغىنىمىزدا مەسجىدى نەبەۋى لىقمۇلىق توشقانىدى. ئىنسانلار ھاياجان ئىچىدە ساقلاۋاتاتتى. دەل شۇ چاغدا پەيغەمبىرىمىز مەسجىدكە كىرىپ كەلدى. ئاغىنەم:

- قارا، پەيغەمبىرىمىزنىڭ كىشىلەرنىڭ يېنىغا كېلىشىگە ئۈلگۈرۈپ كەلدۇق، - دېدى.

پەيغەمبىرىمىز ئالدىغا ئۆتۈپ ساھابىلىرىگە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇدى. ئادەمنىڭ كۆپلىكىدىن ئاۋازىنى ئاڭلىيالمايۋاتاتتۇق. قىيامدا تۇرۇشى ئۇ زامانغا قەدەر تۇرۇلغان ئەڭ ئۇزۇن تۇرۇش ئىدى. ئاندىن رۇكۇ قىلدى. بۇمۇ ئۇ زامانغا قەدەر مەن كۆرگەن ئەڭ ئۇزۇن رۇكۇدا تۇرۇش ئىدى. تېخىچە بىرەر ئاۋاز ئاڭلىيالمىدۇق. ئاندىن سەجدىگە باردۇق. سەجدىدىمۇ ئۇزۇن تۇردۇق. ئىككىنچى رەكەتنىمۇ ئوخشاشلا ئۇزۇن ئوقۇدۇق. بىز «ئەتتەھىياتۇ» دا ئولتۇرغان ۋاقتىمىزدا قۇياش ئاستا - ئاستا ئېچىلىشقا باشلىدى. سالام بېرىپ نامازنى تۈگەتكەندىن كېيىن، پەيغەمبىرىمىز بىز تەرەپكە قاراپ ئاللاھقا ھەمدۇ - سانا ئېيتتى. ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ قۇلى ۋە ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەردى. ئۇنىڭدىن كېيىن مۇنداق دېدى:

ئى خالايىق! خۇدا ھەققى ئېيتىپ بېقىڭلار. رەببىمنىڭ ماڭا بەرگەن ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنى تەبلىغ قىلىشقا سەل قارىدىممۇ؟ رەببىمنىڭ ئەلچىلىك ۋەزىپىسى بېرىلگەندىن كېيىن قانداق قىلىشىم كېرەك بولسا، ئۇ شەكىلدە تەبلىغ قىلمىدىممۇ؟ - دەپ سورىدى. ساھابە - كىراملار:

- گۇۋاھلىق بېرىمىزكى، ئۈممىتىڭگە نەسىھەت قىلدىڭ. ۋەزىپەڭنى تەلەپ قىلىنغان شەكىلدە ئەمەلگە ئاشۇردۇڭ، - دەپ جاۋاب بېرىشتى.

- بەزى كىشىلەر كۈننىڭ ياكى ئاينىڭ تۇتۇلۇشىنى، يۇلتۇزنىڭ قېيىشىنى ياكى تۇغۇلۇشىنى مۇھىم كىشىلەرنىڭ ئۆلۈمى سەۋەبىدىن



由 扫描全能王 扫描创建

بولدى دەپ قارايدۇ، خاتىرىلەيدۇ. ئۇلار ئاللاھنىڭ بارلىقىنىڭ دەلىللىرى بولۇشىنى ئۇلارنى بۇ شەكىلدە قۇللىرىغا كۆرسىتىدۇ. بۇ سەۋەبتىن كىمنىڭ تەۋبە قىلدىغانلىقىغا قارايدۇ، - دېدى. ئاندىن قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى ھەققىدە سۆز قىلدى.»(462)

## كۇفە ۋە بەسرەگە ۋالىي بولۇشى

ئالىم ساھابىلەردىن بولغان سەمۇرە ئىبنى جۇندۇب ھەدىس رىۋايەت قىلىشتا ئېھتىيات قىلغان بولسىمۇ، يەنىلا ئىبادەتتىن ئەخلاققىچە بولغان نۇرغۇن نۇقتىلار بويىچە ھەدىس رىۋايەت قىلغانىدى. ئۇ رىۋايەت قىلغان 180 ھەدىس مۇسنەدتىن ئورۇن ئالغان.

ھەزرىتى مۇئاۋىيە دەۋرىدە ئۇزۇن مۇددەت كۇفە ۋە بەسرەنىڭ ۋالىيلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەنىدى. ئۇ چاغدا زىياد بەسرەنىڭ ۋالىيسى بولۇپ، ئۇ كۇفەنىڭ ۋالىيسى ئىدى. زىياد كۇفەنىڭ ۋالىيسى بولغاندا، ئۇ بەسرەنىڭ ۋالىيسى بولاتتى.

ۋالىيلىق قىلىۋاتقان مەزگىلدە كىشىلەرگە ئىسلامنى چۈشەندۈرۈشكە سەل قارىماي، ۋەز - نەسىھەت قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ قەلبىنى يورۇتۇپ، ئۇلارغا ئاللاھنىڭ ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرىنى يەتكۈزەتتى.

سەمۇرە مەسجىد سېلىشقا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدىغان بولۇپ، ئوغلىغا يازغان بىر پارچە مەكتۇپىدا ئۇنىڭغا مۇنۇلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ: «پەيغەمبىرىمىز بىزگە تۇرغان يەرلىرىمىزگە مەسجىد بىنا قىلىشىمىزنى بۇيرۇغانىدى. ئۇستىلەپ ئۇنى ساغلام ۋە گۈزەل سېلىش بىلەنلا قالماستىن، ئۇنى پاكىز تۇتۇشىمىزنىمۇ تەنبىھلەيتتى.»(463)

سەمۇرە ئىبنى جۇندۇبنىڭ تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغان ئەڭ مۇھىم سۈپەتلىرىدىن بىرى رىۋايەت قىلغان ھەدىسلىرىنى يېزىشى ئىدى. ئۇنىڭغا

(462) ئەبۇ داۋۇد، سالاتۇل ئىستىسقا، 5؛ مۇسنەد، 5/16؛ تەبەرانى، ئەلمۇئجەمۇل كەبىر، 7/266.

(463) ئەبۇ داۋۇد، سالات، 13.



由 扫描全能王 扫描创建

بۇقرى بەرگەن ئىبنى سىرىن، ھەسەن بەسرى ۋە بەسرەنىڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئالىملىرى سەمۇرە ئىبنى جۇندۇبنىڭ بالىلىرىغا قالدۇرغان رىسالىسىدىن ناھايىتى كۆپ پايدىلانغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

ئىبنى سىرىن «سەمۇرە ئىبنى جۇندۇبدەك توغرا سۆزلەيدىغان، ئامانەتكە خىيانەت قىلمايدىغان بىرىنى كۆرمىدىم. ئۇ ئىسلامنى ۋە مۇسۇلمانلارنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى. ئەمما نادانلارغا قوپال ئىدى. داۋاملىق تۇردە ئۇلارغا قارشى كۆرەش قىلاتتى. ئۇلارنى ‹ئۇلار زېمىندىكى ئەڭ ناچار كىشىلەردۇر، چۈنكى ئۇلار مۇسۇلمانلارنى كاپىرلىق بىلەن ئەيىبلەپ، قانلىرىنى ئاققۇزۇشنى ھالال دەپ قارايدۇ› دەيتتى».(464)

## مۆجىزە مىسالى ئۆلۈم

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەمۇرە ئىبنى جۇندۇب قاتارلىق بىر توپ ساھابىلەر بىللە ئولتۇرۇۋېتىپ، ئارىسىدىكىلەردىن بىرىنىڭ كۆيۈپ ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ چاغدا ئۇ كىشىنىڭ كىم ئىكەنلىكى مەلۇم بولمىغان بولسىمۇ، كېيىنچە ئۇ كىشىنىڭ سەمۇرە ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا چىقتى.

ئەنەس ئىبنى ھاكىم بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەدىنىگە بارغانىدىم. ئەبۇ ھۇرەيرە مېنى كۆرۈپ ھەر خىل سوئاللارنى سوراشقا باشلىدى. ئاخىرىدا سەمۇرەنى سورىدى. ‹ھايات، سالامەتلىكى ياخشى› دېگىنىمدىن كېيىن سۆيۈندى ۋە:

- ئون كىشى بىر يەردە ئولتۇرۇۋاتاتتۇق، پەيغەمبىرىمىز يېنىمىزغا كېلىپ، قوللىرى بىلەن ئىشىكنىڭ ئىككى تۇتقۇچىسىنى تۇتۇپ تۇرغان ھالدا يۈزىمىزگە قارىۋەتكەندىن كېيىن ‹ئاراڭلاردىن ئەڭ ئاخىرىدا ئۆلىدىغان ئادەم كۆيۈپ ئۆلىدۇ› دېدى. شۇ يەردىكىلەردىن سەككىز كىشى ۋاپات بولدى. بۇ ئون كىشىدىن سەمۇرە بىلەن مەندىن باشقا ھېچكىم قالمىدى.

(464) ئىبنى ئابدىلبەر، ئىستىئاب، 2/653؛ ئىبنۇل ئەسىر، ئۇسدۇلغابە، 2241.



由 扫描全能王 扫描创建

ھاياتتا ھەممىدىن بەك ئارزۇ قىلغان ئىشىم، ھازىرغىچە ئۆلۈپ كېتىپ بولۇش ئىدى،- دېدى.»[465]

ئۇ مەجلىستىكىلەرنىڭ بىرى ئەبۇ مەھزۇرە ئىدى. ئۇمۇ ئەبۇ ھۇرەيرەگە ئوخشاش پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۆزى ئۈستىدە ئويلىناتتى.

ئەۋس ئىبنى خالىد بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەبۇ مەھزۇرەنىڭ يېنىغا بارغان ۋاقتىمدا، ئۇنىڭدىن:

- سەمۇرەنىڭ يېنىغا بارسام سېنى سورايدۇ. سېنىڭ يېنىڭغا كەلسەم، سەن ئۇنى سورايسەن. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟- دەپ سورىدىم.

- مەن، سەمۇرە ۋە ئەبۇ ھۇرەيرە قاتارلىق بىر تۈركۈم كىشى بىلەن بىللە ئولتۇراتتۇق. پەيغەمبىرىمىز يېنىمىزغا كېلىپ:

- ئاراڭلاردىن ئەڭ ئاخىرىدا ئۆلگەن كىشى كۆيۈپ ئۆلۈپ كېتىدۇ،- دېدى.

ھىجرىيەنىڭ 58 - يىللىرى ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە سەمۇرەنىڭ بەدىنىدە ئاجايىپ بىر خىل ھالسىزلىق ۋە ئۈشۈشۈش پەيدا بولدى. سەمۇرە بۇ ھالىدىن ناھايىتى بىئارام بولۇپ تۇرغاندا، باشقىلار ھوردىنىشنى تەۋسىيە قىلدى. چوڭ بىر قازانغا سۇ توشقۇزۇپ، ئاستىغا ئوتۇن دۆۋىلەپ ئوت ياقتى. سۇ قايناۋاتقاندىن كېيىن ئۈستى تەرىپىدىن بىر يەرگە ھوردىن پايدىلانغۇدەك شەكىلدە ئولتۇرىدىغان بىر ئورۇن تەييارلىتىپ، ئۇ يەردە ئولتۇرۇپ ھوردانىدى. دەل شۇ ۋاقىتتا قانداق بولدى ئولتۇرغان يېرىدىن قازاننىڭ ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپ پاجىئەلىك ھالدا كۆيۈپ كەتتى.[466]

(465) مەقرىزى، ئىمتائۇل ئەسمائ، 14/132.

(466) بەيھەقى، دەلائىلۇن نۇبۇۋۋە، 6459؛ مەقرىزى، ئىمتائۇل ئەسمائ، 12/224.



由 扫描全能王 扫描创建

# جابىر ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

مەككىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان جابىرنىڭ ئاتا تەرەپ نەسەبى بىر قانچە ئەۋلادتىن كېيىن پەيغەمبىرىمىزنىڭ نەسەبى بىلەن بىرلەشكەندى. تاغىسى جەننەت بىلەن خۇشخەۋەر بېرىلگەن مەشھۇر قوماندان، قادىسىيە قەھرىمانى سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس ئىدى. خالىدە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىلەن زۆھرە ئوغۇللىرىنىڭ ئىتتىپاقدىشى سەمۇرە ئىبنى جۇنادەنىڭ ئوغلى جابىر، پەيغەمبىرىمىز ئىسلامغا دەۋەت قىلىشنى باشلىغاندا دۇنياغا كۆز ئاچقانىدى.

ئۇ تېخى ئۆملەۋاتقان چاغلاردا ئاتا - ئانىسى پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇ قۇتلۇق چاقىرىقىغا قۇلاق سېلىپ، مەڭگۈلۈك ھۇزۇرغا قەدەم باستى. ئەمما، بۇ ئەھۋال ھۇزۇرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان زالىملارنى ئاجايىپ بىئارام قىلىپ ئۇيقۇلىرىنى قاچۇرغانىدى.

ئۇلار ئۈچۈن ئېغىر كۈنلەر باشلانغانىدى. ئەڭ يېقىنلىرى، ھەتتا جابىرنىڭ چوڭ ئانىسى ھەمنە بىنتى سۇفيانمۇ ئۇلارغا دۈشمەن بولغان بولۇپ، دىندىن قايتۇرۇش ئۈچۈن قىلمىغان ئىشلىرى قالمىدى. ئاشۇنداق ئاتموسفېرادا چوڭ بولغان جابىر، كىچىك ياشتىن ئېتىبارەن ئىسلام ئەخلاقىنىڭ تۈرتكىسىدە يېتىشىپ چىقتى.

دادىسى ئۇنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى، قەيەرگىلا بارسا ئۇنىمۇ يېنىدا ئېلىۋالاتتى. بۇ يېقىنلىق ئۇنى نۇرغۇن نەرسىلەرگە ئېرىشتۈردى. بۇ سايىدا ھەممىدىن بۇرۇن پات - پات پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن ئىلىم - ئېرپان ئۆگەندى. ئۇ كېيىنكى كۈنلەردە بۇ



由 扫描全能王 扫描创建

ئۇنتۇلماس خاتىرىلىرىنى بايان مۇنداق بايان قىلىدۇ: «بىر كۈنى دادام بىلەن بىرلىكتە مەسجىدى نەبەۋىگە باردىم. پەيغەمبىرىمىز سۆز ئارىسىدا:

- مەندىن كېيىن ئون ئىككى خەلىپە بويىچە بۇ دىن ئەزىز ۋە غالىب بولۇشنى داۋاملاشتۇرىدۇ،- دېدى. ئاندىن يەنە بىر نەرسە سۆزلىدى، ئەمما نېمە دېگەنلىكىنى ياخشى چۈشىنەلمىدىم. دادامدىن:

- پەيغەمبىرىمىز نېمە دېدى؟- دەپ سورىدىم. دادام:

- ئۇلارنىڭ ھەممىسى قۇرەيشلەردىن بولىدۇ، دېدى،- دېدى.»(467)

يەنە بىر قېتىمدا ئۆمۈر بويى ئۇنتۇلمايدىغان بىر مۆجىزىگە شاھىت بولدى. پەيغەمبىرىمىز پادىشاھلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىپ ئەلچى ئەۋەتكەنىدى. ئۇلاردىن ئىران ئىمپېراتورىغا ئەۋەتكەن ئەلچى ناھايىتى قايغۇ ئىچىدە قايتىپ كەلدى. ئىمپېراتور كىسرا ئىبنى ھۇرمۇز، پەيغەمبىرىمىزنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلمايلا قالماستىن، ھەتتا مەكتۇپنى يىرتىۋەتكەنىدى. بۇ ئەھۋال پەيغەمبىرىمىزنى ئىنتايىن بىئارام قىلدى. مەكتۇبىنىڭ پارچە - پارچە بولغىنىدەك، ئۇنىڭ مۈلكىنىڭمۇ پارچىلىنىشى ئۈچۈن بەددۇئا قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىنلا ساھابىلىرىگە خۇشخەۋەر بېرىپ:

- ئۈممىتىمدىن بىر بۆلۈك كىشى كىسرا ئائىلىسىنىڭ خەزىنىسىنى قولغا كىرگۈزىدۇ،- دېدى.

ئۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇ خۇشخەۋىرىنىڭ ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىغا تولۇق ئىشىنەتتى. شۇڭا ئۈمىدۋار ھالەتتە شۇ چاغنىڭ كېلىشىنى كۈتتى. ئەمما ئۆزىنىڭمۇ بۇ خۇشخەۋەرنىڭ بىر پارچىسى بولىدىغانلىقى ئەقلىگە كەلمىگەنىدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇلارغا:

- ئاللاھ بۇ خەزىنىنى سىلەردىن بىرىگە بەرسۇن، خەزىنىدىن ئالدى بىلەن ئۆزى ۋە ئائىلىسى ئۈچۈن ئالسۇن،- دېدى.

يىللار ئۆتكەندىن كېيىن ئاللاھ جابىر ۋە دادىسىغا بۇ مۆجىزىگە

(467) مۇسلىم، ئىمارەت، 5 – 8؛ تەبەرانى، ئەلمۇئجەمۇل كەبىر، 2/195، 196.



由 扫描全能王 扫描创建

شاھىت بولۇش پۇرسىتىنى بەردى. جابىر مۇنداق دەيدۇ:

- دادام بىلەن مەن ئۇ خەزىنىنى قولغا كىرگۈزگەنلەرنىڭ قاتارىدا ئىدۇق. خەزىنىدىن بىزگە 1000 دەرھەم تەگدى.(468)

بىر ئاز چوڭ بولغاندىن كېيىن دادىسىنى ساقلاپ تۇرماي، دادىسى يېنىدا يوق ۋاقىتلاردىمۇ مەسجىدى نەبەۋىگە بېرىپ، ئۇ يەردە جەننەت باغچىلىرىدىكىدەك مەنىۋى ئوزۇق ئالاتتى. جابىر ئۇ گۈزەل ئەسلىملىرىنى بىزگە سۆزلەپ بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى پېشىن نامىزىنى پەيغەمبىرىمىز بىلەن بىللە ئوقۇدۇم. نامازدىن كېيىن پەيغەمبىرىمىز ساھابىلەردىن ئايرىلىپ ئۆيىگە ماڭدى. مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە چىقتىم. پەيغەمبىرىمىز يولدا ئىككى بالا بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇلارنى سۆيۈپ، ھەر ئىككىسىنىڭ يۈزىنى سىلاشقا باشلىدى. بۇ ئارىدا مېنىڭمۇ يۈزۈمنى سىلىدى. قوللىرىنىڭ ئىللىقلىقىنى ئىچ - ئىچىمدىن ھېس قىلدىم. قوللىرى ئەتىر دۇكىنىدىن چىققاندەكلا خۇش پۇراق چاچاتتى.»(469)

جابىر بەزى چاغلاردا پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇنىڭ ئائىلە ھاياتىغا شاھىت بولاتتى. جابىر ئىبنى سەمۇرە بايان قىلىپ: «بىر قېتىم پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۆيىگە بارغاندىم. پەيغەمبىرىمىز سول تەرىپىگە قويۇلغان بىر ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى.» دەيدۇ.(470)

جابىر پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھۇزۇرىدىكى چاغلاردا، كۆپلىگەن كىشىلەر كېلىپ ئۇنىڭدىن سوئاللارنى سورايتتى. بېرىلگەن جاۋابلارنى دىققەت بىلەن ئاڭلاپ، ھەتتا ئۆزىمۇ بەزى سوئاللارنى سوراپ، مەڭگۈلۈك بەختنىڭ ئىشىكىنى ئاچىدىغان سائادەت ئاچقۇچىنى قولغا كىرگۈزۈشكە تىرىشاتتى.

جابىر ئىبنى سەمۇرە بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتىم. بىر ئادەم كېلىپ:

(468) بەيھەقى، دەلائىلۇن نۇبۇۋۋە، 4/389.
(469) مۇسلىم، فەدائىل، 21؛ ئىبنى مەنزۇر، مۇنتەسار، 2/213؛ مەقرىزى، ئىمتائۇل، ئەسما، 7/102.
(470) مەقرىزى، 7/120.

- ئى، رەسۇلۇللاھ! ئاللاھقا ئەڭ كۆپ يېقىنلاشتۇرىدىغان ئەمەل قايسى؟- دەپ سورىدى. پەيغەمبىرىمىز:

- راست گەپ قىلىش، ئامانەتكە خىيانەت قىلماسلىق،- دېگەنىدى.

مەن ئۇنىڭ سۆزىنى تۈگەتكەنلىكىنى كۆرۈپ:

- ئى، رەسۇلۇللاھ! تېخىمۇ كۆپرەك سۆزلەپ بەرسىڭىز!- دېدىم. پەيغەمبىرىمىز:

- كېچىلىرى ناماز ئوقۇش ۋە ئىسسىق كۈنلەردە روزا تۇتۇش،- دېدى.

مەن يەنە:

- ئى، رەسۇلۇللاھ! تېخىمۇ كۆپرەك سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز!- دېدىم. پەيغەمبىرىمىز:

- ئاللاھنى كۆپ ئەسلەش ۋە ماڭا سالام يوللاش. ماڭا سالام يوللاش كەمبەغەللىكتىن قۇتقۇزىدۇ،- دېدى. مەن يەنە:

- ئى، رەسۇلۇللاھ! تېخىمۇ كۆپ سۆزلەپ بەرسىڭىز!- دېدىم. پەيغەمبىرىمىز:

- كىشىلەرگە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇغان كىشى نامازنى ئۇزىراتمىسۇن! چۈنكى ئارىلىرىدا ياشانغان، ئاجىز ۋە موھتاج كىشىلەر بولۇشى مۇمكىن،- دېدى.(471)

ئۇ يەنە بىر قېتىم پەيغەمبىرىمىزنىڭ «كىشىنىڭ بالىسىغا تەربىيە بېرىشى، بىر سا(472) سەدىقە بېرىشىدىنمۇ ياخشىدۇر.» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدى.(473)

جابىر ئىبنى سەمۇرە پەيغەمبىرىمىزدىن ئۆگەنگەن ئەدەپ - ئەخلاق قائىدىلىرىنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا يەتكۈزگەن بولۇپ، ئۇلاردىن بەزىلىرى

---

(471) مەقرىزى، ئىمتائۇل ئەسماﺋ، 11/142.
(472) خورما ۋە بۇغدايغا ئوخشاش يېمەكلىكلەردە ئىشلىتىلىدىغان ئۆلچەم بىرلىكى. ئىككى قولنى بىرلەشتۈرگەندە تەخمىنەن ئۈ
ئۈچۈم بولىدۇ. ئېغىرلىقى تەخمىنەن ئۈچ كىلوگىرامغا تەڭ كېلىدۇ.
(473) تىرمىزى، بىر، 33؛ مۇسنەد، 5/96.

ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەجلىسىگە بارغان ۋاقتىمىزدا، مەجلىسنىڭ ئاخىرىدا قالغان بوش يەردە ئولتۇراتتۇق.»(474)

«رامىزاندا روزا تۇتۇش پەرز قىلىنىشتىن بۇرۇن پەيغەمبىرىمىز بىزنى ئاشۇرا روزىسىنى تۇتۇشقا رىغبەتلەندۈرەتتى ۋە بىزدىن ۋەدە ئالاتتى. رامىزاندا روزا تۇتۇش پەرز قىلىنغاندىن كېيىن، يا تۇتۇشنى بۇيرۇمىدى ياكى چەكلىمىدى.»(475)

«پەيغەمبىرىمىزگە ھاجەتخانىدا چېغىدا سالام بەرگەنىدىم، سالىمىمنى ئىلىك ئالمىدى. ھاجەتخانىدىن چىقىپ ئۆيىگە بېرىپ تاھارەت ئېلىپ بولغاندىن كېيىن سىرتقا چىقتى- دە، يېنىمغا كېلىپ:

- ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام!- دەپ سالىمىمنى قوبۇل قىلدى.»(476)

## پەيغەمبىرىمىز ھەققىدە ئېيتقانلىرى

پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەتراپىدىكى نۇرغۇنلىغان ساھابە- كىراملارغا ئوخشاشلا جابىر ئىبنى سەمۇرەمۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىنى بايان قىلىش ئارقىلىق ئۇنى بىزگە تونۇشتۇردى: «پەيغەمبىرىمىز چېچىنىڭ ئالدى تەرىپىنى ۋە ساقىلىنى تارايتتى. چېچى ۋە ساقىلىدا بىر قانچە تال ئاق بار ئىدى. ئەمما تارالغان ۋە خۇش - پۇراق نەرسىلەر سۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن ئاقلار كۆرۈنمەيتتى. تارالمىسا ئاقلىرى كۆرۈنۈپ قالاتتى. چاچ ۋە ساقاللىرى قويۇق ئىدى.»

جابىر ئىبنى سەمۇرە پەيغەمبىرىمىز ھەققىدە سۆزلەۋاتقاندا بىرى سۆزگە ئارىلىشىپ ‹يۈزلىرى قىلىچتەك قورۇق يوق ۋە پارقىراق ئىدى› دېۋىدى، «ياق، ئاي ۋە كۈنگە ئوخشاش پارقىراق ۋە يۇملاق ئىدى، مۇرىسىدىكى

(474) ئەبۇ نۇئەيم، ھىلىيەتۇل ئەۋلىيا، 9/33.
(475) تەبەرانى، ئەلمۇئجەمۇل كەبىر، 2/212.
(476) مۇسنەد، 5/101.



由 扫描全能王 扫描创建

پەيغەمبەرلىك مۆھۈرىنى كۆردۈم، ئىككى مۈرىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قۇش تۇخۇمىدەك بولۇپ، خۇددى بەدىنىنىڭ بىر پارچىسىغا ئوخشايتتى، - دېدى.»[477]

بىر كۈنى پەيغەمبىرىمىزنى چوڭقۇرراق تونۇشنى ئارزۇ قىلغان بىرى جابىر ئىبنى سەمۇرەدىن:

- پەيغەمبىرىمىز بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ باقتىڭمۇ؟- دەپ سورىدى.

ئۇ:

- ھەئە، نۇرغۇن قېتىم بىللە ئولتۇردۇق.

- نېمە ئىشلارنى قىلاتتى؟

- پەيغەمبىرىمىز بىلەن 100 قېتىمدىن كۆپرەك بىر يەردە ئولتۇردۇم. پەيغەمبىرىمىز خېلى ئۇزۇنغىچە سۈكۈت قىلىپ ئولتۇراتتى، بامدات نامىزنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن كۈن چىققانغا قەدەر ئورنىدىن تۇرماي مەسچىتتە ساھابىلەر بىلەن ئولتۇراتتى. ساھابىلەر ئۇنىڭ ھۇزۇرىدا شېئىر ئوقۇيتتى، جاھىلىيەت دەۋرىدە يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى سۆزلىشىپ باھا بېرەتتى. پەيغەمبىرىمىز ئۇلارنى ئاڭلايتتى. ساھابىلەر كۈلگەندە تەبەسسۇم قىلىپ قوياتتى. كۈن چىققاندىن كېيىن ئورنىدىن ئايرىلىپ ئۆيىگە كېتەتتى.[478]

«بىر ئايدىڭ كېچىسى پەيغەمبىرىمىزنى كۆردۈم. ئۈستىدە قىزىل تون بار ئىدى. بىر پەيغەمبىرىمىزگە بىر ئايغا قاراشقا باشلىدىم، مېنىڭچە پەيغەمبىرىمىز ئايدىنمۇ بەكرەك نۇرلۇق ئىدى.»[479]

«پەيغەمبىرىمىز پەقەت تەبەسسۇم قىلىپلا كۈلەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قارىغان ۋاقتىمدا كۆزلىرىگە سۈرمە تارتمىغان ھالەتتىمۇ ئۆز - ئۆزۈمگە ‹كۆزلىرىگە سۈرمە تارتىپتۇ› دەيتتىم.»[480]

(477) مۇسلىم، فەدائىل، 109؛ ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 2/227.
(478) مۇسلىم، مەساجىد، 286؛ مۇسنەد، 5/86، 88؛ ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 2/206؛ بەيھەقى، دەلائىلۇن نۇبۇۋۋە، 1/232.
(479) تىرمىزى، ئەدەب، 47.
(480) بەيھەقى، دەلائىلۇن نۇبۇۋۋە، 1/234.



由 扫描全能王 扫描创建

بالىلارنى ئۇچرىتىپ قالسا ئۇلارنى سۆيۈپ، يۈزلىرىنى تۇتۇپ ئەركىلىتەتتى. بىر كۈنى مېنى كۆرۈپ يۈزۈمنى سىلاپ قويدى. پەيغەمبىرىمىز سىلاپ قويغان تەرىپى يەنە بىر تەرىپىدىن گۈزەل ئىدى.(481)

## جۈمە ۋە ھېيت نامازلىرى

جابىر ئىبنى سەمۇرە ھەر نامىزىنى مەسجىدى نەبەۋىدە ئوقۇيدىغان بولۇپ، جۈمە ۋە ھېيت نامىزىغا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرەتتى، بولۇپمۇ ئۇ پەيتلەردە پەيغەمبىرىمىز بىلەن بىللە بولۇشتىن ئاجايىپ زوق ئالاتتى. ھەر دائىمقىغا ئوخشاش ناماز ئوقۇۋاتقاندىمۇ ئۇنى دىققەت بىلەن كۆزىتەتتى. ئۇ شۇ بەختلىك مىنۇتلىرى ھەققىدە سورىغانلارغا مۇنداق دەيدۇ: «ناماز ۋاقتى بولغاندا پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇئەززىنى ئەزان ئوقۇپ، تەكبىر ئېيتماي پەيغەمبىرىمىزنىڭ كېلىشىنى كۈتەتتى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن تەكبىر ئېيتاتتى. پەيغەمبىرىمىز نامازنى باشلايدىغان ۋاقىتتا «پەرىشتىلەر پەرۋەردىگارىنىڭ ئالدىدا قانداق سەپ بولۇپ تۇرغان بولسا، سىلەرمۇ شۇنداق سەپ بولۇپ تۇرۇڭلار» دەيتتى. ساھابىلەر:

- ئى، رەسۇلۇللاھ! پەرىشتىلەر قانداق سەپ بولۇپ تۇرىدۇ؟- دەپ سورىغاندا:

- ئالدىدىكى سەپلەرنى توشقۇزۇپ، كېيىنكى سەپلەردىمۇ تۈپ - تۈز تۇرىدۇ،- دەيتتى.»(482)

## قاتناشقان غازاتلىرى

ئۇنىڭ سۆزلەپ بەرگەن ئەسلىمىلىرىدىن ھەم پەيغەمبىرىمىز بىلەن بىللە ئۇرۇشقا قاتناشقانلىقىنى ھەم پەيغەمبىرىمىز قاتناشمىغان ئۇرۇشلارغىمۇ ئىشتىراك قىلغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

(481) ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 5/356.
(482) ئىبنى نۇئەيم، ھىلیەتۇل ئەۋلىيا، 8/120.



由 扫描全能王 扫描创建

جابىر ئىبنى سەمۇرە بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبىرىمىز بىلەن بىر ئۇرۇشقا بىللە قاتناشتۇق. غەربتىن بىر توپ كىشىلەر پەيغەمبىرىمىزنى زىيارەت قىلغىلى كەلدى. ئۈستىدە يۇڭ كىيىملەر بار ئىدى. پەيغەمبىرىمىز بىر دۆڭدە تۇرۇۋاتقاندا، ئۇلار يېتىپ كەلدى. پەيغەمبىرىمىز ئولتۇراتتى، ئۇلار ئۆرە تۇراتتى. مەن ئۆز- ئۆزۈمگە:

- نېمە بولار، نېمە بولماس ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ، پەيغەمبىرىمىز بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئولتۇراي، بەلكى خائىنلىق قىلار ۋە ياكى ئۇلار بىلەن بىللە نىجاتلىققا ئېرىشىشىمگە سەۋەب بولىدىغان گۈزەل سۆزلەرنى ئاڭلارمەن،- دېدىم. ئويلىغىنىم بويىچە بېرىپ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئولتۇردۇم. بۇ جەرياندا ئۇلار بىلەن بىرلىكتە تۆت نەرسە ئۆگەندىم. پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېدى:

- ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ئۇرۇش قىلىسىلەر. ئاللاھ سىلەرگە ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشنى نېسىپ قىلىدۇ. ئاندىن رۇملۇقلار بىلەن ئۇرۇش قىلىسىلەر. ئاللاھ سىلەرگە ئۇلارنىڭ تۇپراقلىرىنىڭ پەتھىسىنىمۇ نېسىپ قىلىدۇ. دەججال بىلەنمۇ ئۇرۇش قىلىسىلەر، ئاللاھ سىلەرگە ئۇلارنىڭ ئۈستىدىنمۇ غەلىبە قىلىشنى نېسىپ قىلىدۇ.»[483]

ئۇ خەيبەر پەتھىسى ھەققىدىكى ئەسلىمىسىنى مۇنداق بايان قىلىپ: «خەيبەر ئۇرۇشىدا ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئالدىدا بېرىپ دەرۋازىنى ئاچتى. ئۇنىڭدىن كېيىن مۇسۇلمانلار يۇقىرىغا چىقىپ قەلئەنى پەتھى قىلدى.» دەيدۇ.

يەنە بىر ئەسلىمىسىنى بايان قىلىپ: «تاغام سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس بىلەن ئۇرۇشقا قاتناشتىم. دۈشمەن بىزنى ئارقىغا چېكىندۇردى. تاغام ئۇلارغا قاراپ، ئادەملەردىن بىرىنىڭ ئاياقلىرىنىڭ نىشان ئالىدىغان يەردە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئوقنى يايغا قويۇپ ئاتتى. ئوق ئۇنىڭ پۇتىغا تېگىپ يارىلاندۇردى.» دەيدۇ.

(483) مۇسلىم، فەتىھ، 12.



由 扫描全能王 扫描创建

ئۆيلىنىپ ئائىلە قۇرغان سەمۇرەنىڭ خالىد، تەلھە، جۇبەير ۋە سالىم ئىسىملىك تۆت ئوغلى بولدى. پەيغەمبىرىمىزدىن كېيىن كۇفەگە باردى. ئۇ يەردە ئۆزىگە بىر ئۆي سېلىپ يەرلەشتى. دادىسى ۋە تاغىسى بىلەن بىللە ئىراقتا يۈز بەرگەن مۇھىم ئىشلاردا ئىشتىراك قىلدى. مەدائىننىڭ پەتھى قىلىنىشى ۋە مەشھۇر قادىسىيە ئۇرۇشىغا قاتناشتى. ئۇ يەردە ئۇرۇشتىن كېيىن تاغىسى ئۇنىڭغا ئىككى قۇل ھەدىيە قىلدى. ئۇ، قۇللارنى ئازاد قىلدى. قۇللىرىدىن ئەبۇ ئەلىنىڭ ئىلىم ئۆگىنىشكە ھېرىسمەن ئىكەنلىكىنى بايقاپ، ئۇنىڭغا نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگەتتى، خاتالاشمىغانىدى. رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەرنى يادلىۋالغان بۇ ياش، ئۇلارنى رىۋايەت قىلىش ئارقىلىق بىزگىچە يەتكۈزدى.(484)

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ جابىيە نۇتقىغىمۇ قاتناشقان جابىر ئۆزۈن يىللىقچە كۇفەدە ياشىدى. ئۇ يەردىن ئايرىلماي، ھىجرىيەنىڭ 78-يىلى توقسان نەچچە يېشىدا كۇفەدە ۋاپات بولدى.(485)

(484) ئا. ھ. جۇمئە، ئۆلامائۇسساھابە، 946.
(485) ئىبنى ئابدىلبەر، ئىستىيئاب، 1/122؛ ئىبنى ھەجەر، ئىسابە، 1018؛ زەھەبى، سىيەر، 1317.



由 扫描全能王 扫描创建

# مىسۋەر ئىبنى مەھرەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

مەككىدە دۇنياغا كۆز ئاچقان مىسۋەرنىڭ دادىسى ئامىنە ئانىمىزنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى ئىدى. ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋفنىڭ جىيەنى بولغان مىسۋەر، ئاتىكە بىنتى ئەۋف بىلەن مەھرەمە ئىبنى نەۋفەلنىڭ پەرزەنتى ئىدى.

پەيغەمبىرىمىز مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن مەككىدە دۇنياغا كەلدى. ئالتە يېشىغىچە مەككىدە ياشىدى. ئاتا - ئانىسى مەككە پەتھى قىلىنغاندىن كېيىن ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولدى. پەيغەمبىرىمىز ھۇنەيىن غازىتىدىن كېيىن، «مۇئەللەفەتىلقۇلۇب»دىن بولغان دادىسىغا ئەللىك تۆگە بەردى. دادىسى نەسەب - شەجەرە ئىلمىنى ياخشى بىلىدىغان بولۇپ، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەۋرىدە نەسەب كۆتىكىنى ئىنقىلاپ چىقىش ۋەزىپىسىگە تەيىنلەنگەنىدى.(486)

مىسۋەر مەككە پەتھى قىلىنغاندا ئەمدىلا ئالتە ياشقا كىرگەن كىچىك بالا بولسىمۇ، ناھايىتى زېرەك ۋە ئەتراپىدىكىلەرگە ناھايىتى دىققەت قىلىدىغان بىرى بولغاچقا، پەيغەمبىرىمىز ۋە ساھابىلەرنى ئەستايىدىل كۆزىتىپ، چۈشىنەلمىگەن نەرسىلىرىنى ئۇلاردىن سورايتتى. ھەتتا يېشىنىڭ كىچىك بولۇشىغا قارىماي ساھابىلەردىن فەتىھ سۈرىسىنىڭ نازىل بولۇشى ۋە ھۇدەيبىيە سۈلھىسىگە مۇناسىۋەتلىك ئەڭ ئىنچىكە نۇقتىلارنىمۇ سوراپ ئۆگەنگەنىدى. ھەدىس كىتابلىرىدا ھۇدەيبىيە سۈلھىسىگە مۇناسىۋەتلىك ئەڭ

(486) ئىبنۇل ئەسىر، ئۇسدۇلغابە، 4791.



由 扫描全能王 扫描创建

ئەتراپلىق بىلىملەر ئۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىسلەردە بايان قىلىنغان.[487]

دادىسى مەھرەمە ھۇنەيىن غازىتىدىن كېيىن مەككىدە تۇرمىدى. پەيغەمبىرىمىزگە تېخىمۇ يېقىن تۇرۇش ئۈچۈن ئايالى ۋە باللىرىنى ئېلىپ مەدىنىگە كېلىپ ئورۇنلاشتى. مىسۋەر ئەمدىلا ئالتە - يەتتە ياشقا كىرگەن كىچىك بالا بولسىمۇ، پەيغەمبىرىمىزگە يېقىن يەرگە كەلگەنلىكى ئۈچۈن ناھايىتى سۆيۈنگەنىدى. يېشىنىڭ كىچىك بولۇشى، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىمىزدىن ئاڭلىغان ۋە كۆرگەنلىرىنى چۈشىنىشىگە، پەيغەمبىرىمىز بىلەن بىللە باشتىن كەچۈرگەنلىرىنى چۈشۈنۈپ يادلىۋېلىشىغا توسالغۇ بولمىغانىدى.

مىسۋەر ئىبنى مەھرەمە بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبىرىمىز تاھارەت ئېلىۋاتقاندا مەن ئارقىسىدىلا تۇراتتىم. يېنىمىزغا بىر يەھۇدىي كەلدى. پەيغەمبىرىمىز مۈرىسىدىن سىرغىپ چۈشكەن تونىنى مۈرىسىگە ئالدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۈرىسىدىكى پەيغەمبەرلىك مۆھۈرىنى كۆرگەن يەھۇدىي، پەيغەمبىرىمىزنى ئىشارەت قىلغان ھالدا ماڭا:

مۈرىسىدىكى تونىنى كۆتۈرگىن!- دېدى. تونىنى ئېلىش ئۈچۈن پەيغەمبىرىمىز تەرەپكە قاراپ ماڭدىم. پەيغەمبىرىمىز مېنىڭ ئۆزى تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقىنىمنى كۆرۈپ ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ، ئۈچۈمدىكى سۈنى چاقچاق قىلىپ ماڭا چاچتى.»[488]

مىسۋەر پەيغەمبىرىمىزگە مۇناسىۋەتلىك يەنە بىر ئەسلىمىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى تاش توشۇۋاتاتتۇق. مەن تاشلارنى پەشتامغا قويۇپ توشۇۋاتاتتىم. ئارىدا بىر تاشنى ئالماقچى بولدۇم. تاش چوڭ پەشتامام نېپىز ئىدى. تاشنى ئۈستىگە ئېلىپ كۆتۈرمەكچى بولغان بولسامۇ، قاملاشتۇرالمىدىم. تاش پەشتامدىن سىرغىلىپ چۈشۈپ كەتتى، تۇتۇۋېلىشقا تىرىشقان بولسامۇ تۇتالمىدىم. شۇنىڭ بىلەن، پەشتامنى ئۇ

(487) تەبەرانى، ئەلمەئجەمۇل كەبىر، 20/8.

(488) تەبەرانى، 20/26. ئىبنى ھەجەر، ئىسابە، 7996.



由 扫描全能王 扫描创建

يەرگە تاشلاپ قويۇپ، تاشنى ئېلىپ ئورنىغا قويۇش ئۈچۈن ماڭدىم. يالاڭئاياق ئىدىم. پەيغەمبىرىمىز مېنىڭ بۇ ھالىتىمنى كۆرۈپ:

- ئارقاڭغا يېنىپ كىيىملىرىڭنى ئالغىن! بۇنداق يالاڭئاياق يۈرمىگىن!- دەپ ئاگاھلاندۇردى.»[489]

بىر قېتىم پەيغەمبىرىمىز تاھارەت ئېلىۋاتقاندا يېنىدا تۇرغان مىسۋەر، ساھابىلەرنىڭ پەيغەمبىرىمىزنىڭ تاھارەت ئېلىپ ئېشىپ قالغان سۈيىنى ئېلىش ئۈچۈن يۈگۈرۈشىدىغانلىقىنى، ھەتتا بۇ سەۋەبتىن بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇشقىدەك بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتقان.[490]

مىسۋەر مەھزۇم ئوغۇللىرىنىڭ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئەبۇ جەھلىنىڭ قىزى بىلەن ئۆيلىنىشكە مەجبۇرلىغانلىقىغا شاھىت بولغانلىقىنى، ئۇ كۈنلەردە يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنى چۈشىنىپ يېتەلىگۈدەك ياشتا ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. كېيىن فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بولغان ئەھۋاللارنى پەيغەمبىرىمىزگە ئېيتىپ شىكايەت قىلغاندىن كېيىن، پەيغەمبىرىمىز ساھابىلەرنى مەسجىدى نەبەۋىگە توپلاپ، ئۇلارنى تەنقىد قىلغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.[491]

مىسۋەر ئىبنى مەھرەمە بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى پەيغەمبىرىمىزگە گۈزەل نەقىش ئىشلەنگەن كىيىملەر كەلگەن بولۇپ، پەيغەمبىرىمىز ئۇلارنى ساھابىلەرگە تارقىتىپ بەرگەنىدى. بىز بۇ كىيىملەردىن ئالمىغان ئىدۇق. دادام كىيىم تارقىتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ماڭا:

- ئى، ئوغلۇم! ئاڭلىشىمچە پەيغەمبىرىمىزگە كىيىم كەپتۇ، ئۇلارنى ساھابىلەرگە تارقىتىپ بېرىپتۇ. ماڭ، بىزمۇ بارايلى. بەلكى بىزگىمۇ كىيىم بېرەر،- دېدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۆيىگە يېقىنلىشىپ قالغاندا، دادام ماڭا:

(489) مۇسلىم، ھەيز، 78؛ تەبەرانى، ئەلمۇئجەمۇل كەبىر، 20/6؛ ئىبنى ھەجەر، ئىسابە، 7996.
(490) بۇخارى، ۋۇدۇ، 40.
(491) بۇخارى، فەردۇل ھۇمۇس، 5؛ تەبەرانى، ئەلمەئجۇمۇل كەبىر، 20/20.

سەن بېرىپ پەيغەمبىرىمىزنى سىرتقا چاقىرغىن!- دېدى. بۇنداق قىلىشتىن خىجىل بولۇپ، دادامغا:

- مەن چاقىرمايمەن، سەن چاقىرغىن!- دېدىم. دادام:

- ئوغلۇم! ئۇ قوپال بىرى ئەمەس، قېنى سەن بېرىپ چاقىرغىن!- دەپ تەكرارلىدى. پەيغەمبىرىمىز دادامنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ تونۇغانىدى. سىرتقا قارىۋىدى دەرھال يېنىغا باردىم. دادام بىللە كەلگەنلىكىمىزنى ئېيتتىم. بىر ئازدىن كېيىن قولىدا بىر كىيىمنى ئېلىپ يېنىمىزغا كەلدى. دادامنى باشتىلا ئۇنتۇپ قالمىغانلىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، ئىككى قېتىم:

- ئى، ئەبۇ مىسۋەر بۇنى ساڭا ئايرىپ قويغانىدىم! ئى، ئەبۇ مىسۋەر بۇنى ساڭا ئايرىپ قويغانىدىم،- دېدى. دادام يىپەكتە ئىشلەنگەن ئالتۇن تۈگمىلىك كۆينەكنى ئالغاندىن كېيىن، پەيغەمبىرىمىزگە رەھمەت ئېيتتى. كۆينەكنى ناھايىتى ياقتۇرغانىدى.[492]

مىسۋەر پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە تاغىسى ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋفنىڭ يېنىدىن ئايرىلماي، ئۇلاردىن ۋە باشقا ساھابىلەردىن داۋاملىق سوئاللارنى سوراپ ئۆگىنىپ، مەدىنىنىڭ داڭلىق ئالىملىرىنىڭ بىرىگە ئايلاندى.»

مىسۋەر ئىبنى مەھرەمە يەنە مۇنداق دەيدۇ: «تاغام ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋفكە ‹ماڭا بەدىر ئۇرۇشى ھەققىدە سۆزلەپ بېرەمسەن؟› دېسەم، ‹ئال ئىمران سۈرىسىنىڭ 120- ئايىتىنىڭ ئاخىرلىرىنى ئوقۇساڭ، بەدىر ئۇرۇشىدا نېمىلەرنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى ئۆگىنەلەيسەن› دېدى.»[493]

## ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بولغان ئەسلىمىلىرى

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قابىلىيەتلىك ئىكەنلىكىنى بايقىغان ياشلارغا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرەتتى، ئۇلارنىڭ ياخشى تەربىيىلىنىشى ئۈچۈن

(492) بۇخارى، ھىبە، 19. شاھادەت، 11. فەردۇل خۇمۇس، 11. لىباس، 44. مۇسلىم، زاكات، 129، 130.

(493) ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 14/342.

دائىم يېنىدا تۇتاتتى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دىققىتىنى تارتقان ياشلاردىن بىرى ئون نەچچە ياشقا كىرگەن مىسۋەر ئىدى. خەلىپىنىڭ ئۆزىگە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقىنى چۈشەنگەن مىسۋەر، بۇ پۇرسەتتىن ياخشى پايدىلىنىش ئۈچۈن ئۇنىڭ پېشىنى پەقەتلا قويۇۋەتمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن نۇرغۇن ھەدىسلەرنى ئاڭلاپ يادلىدى. شۇ جەرياندا ئۇنىڭ بىلەن گۈزەل ۋاقىتلارنى ئۆتكۈزدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۇنى قانداق بايقىغانلىقىنى ھېس قىلغان ئىبراھىم ئىبنى ھەمزە مۇنداق دەيدۇ: «ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا يەمەندىن نۇرغۇن كىيىم كەلگەنىدى. ئۇلارنى مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارلارغا تارقاتتى. ئىچىدە ناھايىتى قىممەتلىك بىر كىيىم بار ئىدى. ئۇنى ھېچكىمگە بەرمەي، يېنىغا ئېلىپ قويدى. ‹بۇنى ساھابىلەردىن بىرىگە بەرسەم، مېنىڭ ئۇنى باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇتقانلىقىمنى ئويلاپ، كۆڭلى يېرىم بولۇشى مۇمكىن› دەپ ئويلاۋاتاتتى. ئەتراپىدىكىلەرگە:

- ماڭا ياخشى تەربىيەلەنگەن بىر ياشنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بېرىڭلار! بۇنى ئۇنىڭغا بېرىمەن،- دېدى. ساھابىلەر:

- مىسۋەر ئىبنى مەھرەمە سىز ئېيتقاندەك ناھايىتى ياخشى تەربىيەلىنىۋاتىدۇ،- دېيىشتى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى يېنىغا چاقىرىپ كىيىمنى ئۇنىڭغا بەردى. مىسۋەر كىيىمنى ئېلىپ ناھايىتى ياقتۇردى. كىيىمنى كىيىپ ئەتراپنى ئايلىنىشقا باشلىدى. ئۇنى كۆرگەن سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس:

- بۇ كىيىۋالغىنىڭ نېمە؟- دەپ سورىدى. مىسۋەر:

-مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى كىيگۈزۈپ قويدى،- دەپ جاۋاب بەردى. سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس بۇنى ئاڭلاپ مىسۋەرگە ھېچنېمە دېمەي ئۇدۇل ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كېلىپ:

- بىزگە ئادەتتىكى كىيىملەرنى بېرىپ، جىيەنىمگە ئالاھىدە كىيىمنى بېرىپسەنغۇ؟- دەپ بۇنداق قىلىشنىڭ سەۋەبىنى سورىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:



由 扫描全能王 扫描创建

- بۇنى ئۇنى ئۇستۇن كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن بەرمىدىم. سىلەردىن بىرىڭلارغا بەرسەم باشقىلارنىڭ كۆڭلى يېرىم بولمىسۇن دەپ ئويلاپ، قورەيشلىك ياشلاردىن ياخشى تەربىيەلەنگەن بىرىگە بېرىپ، ئۇنى رىغبەتلەندۇرۇشنى توغرا تاپتىم،- دېدى. سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس:

- مەن كىيىمنى ئۇستىدە كۆرۈپ سەۋەبىنى ئويلىماستىنلا، ئاچچىقىمدا ماڭا بەرگەن كىيىمنى بېشىڭغا ئېتىش ئۈچۈن قەسەم قىلدىم،- دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ گەپ قىلماي بېشىنى تەڭلىدى.

- ياشانغانلار، ياشانغانلارغا مەرھەمەت قىلىدۇ،- دېدى. سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس قەسىمىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كىيىمنى ئاستا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بېشىغا تەگكۈزدى.(494)

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرىدە يۇقۇملۇق كېسەل تارقالغاندا، قېيىن ئەھۋالدا قالغان ئائىلىلەرگە ئوزۇق - تۈلۈك تارقىتىلدى. بۇ ئىشنى تەشكىللەش ۋەزىپىسى سەئىد ئىبنى يەزىد، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇتبە ۋە مىسۋەر ئىبنى مەھرەمەگە ئوخشاش ياش ساھابىلەرگە بېرىلدى. ھەر رايوننى بىر ساھابە كونترول قىلىپ، كەچ بولغاندا خەلىپىنىڭ يېنىغا كېلىپ مەلۇمات بېرەتتى.

مىسۋەر ياش قۇرامىغا يەتكەندە سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدى. بىر كۈنى سودا ئىشلىرى بىلەن زىلمەجاز ۋە ئۇكاز يەرمەنكىسىگە بارغانىدى. بىر جامەگە ناماز ئوقۇش ئۈچۈن بېرىپ ئىمامنىڭ كېكەچلەپ سۆزلەيدىغانلىقىنى كۆردى. بۇ ئەھۋالغا مۇداخىلە قىلىپ باشقا بىرىنىڭ ئىماملىق قىلىشىنى قولغا كەلتۈردى. بۇرۇنقى ئىمام بۇنىڭدىن نارازى بولۇپ، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا شىكايەت قىلىپ:

- ئى، مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى! مىسۋەر مېنى ئىماملىقتىن ئېلىۋېتىپ، ئورنۇمغا باشقا بىرىنى ئىمام قىلدى،- دېدى. خەلىپە بۇنى ئاڭلاپ ناھايىتى بىئارام بولۇپ ئۆز - ئۆزىگە: «ئى مىسۋەر، نېمە ئىشلارنى

(494) ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 24/307.

قىلىپ يۈرىدىغانسەن؟» دېدى ۋە دەرھال بىرىنى مىسۋەرنىڭ ئۆيىگە ئەۋەتتى. مىسۋەر كەلگەندىن كېيىن:

- ئى، مىسۋەر! سەن نېمە ئىش قىلدىڭ؟- دەپ سورىدى. مىسۋەر:

- ئى، مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى! ئالدىراقسانلىق قىلما! ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن بىر ياخشى ئىش قىلدىم،- دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- بۇنىڭ قەيىرى ياخشى ئىش؟- دېدى. مىسۋەر:

- ئۇكاز يەرمەنكىسى ناھايىتى كۆپ ئادەم كېلىدىغان بىر يەر، ئۇ يەرگە نۇرغۇنلىغان كىشىلەر كېلىدۇ. ئۇ يەرگە كەلگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى قۇرئاننى بىلمەيدىغان كىشىلەر. ئۇلار قۇرئاننى تىلىنى چايناپ گەپ قىلىدىغان بىر ئىمامدىن ئاڭلاپ، خاتا ئۆگىنىپ قېلىشىدىن قورقتۇم. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى قالدۇرۇۋېتىپ، ئەرەبچىنى ياخشى بىلىدىغان بىرىنى ئىمام قىلدىم،- دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- ياخشى قىلىپسەن، ئاللاھ سېنى ياخشىلىق بىلەن مۇكاپاتلىسۇن!- دېدى.(495)

بىر مەزگىل ماللىرىنى ساتماي باھاسىنىڭ ئۆسۈشىنى كۈتۈپ بېسىپ قويغاندى. كېيىن كۆز يامغۇرىنى كۆپ ياغدۇرىدىغان قارا بۇلۇتلارنى كۆرۈپ، خاتا قىلغانلىقىنى بىلىپ پۇشايمان قىلدى. تاڭ ئاتقاندا بېسىپ قويغان ماللىرىنى بازارغا ئېلىپ بېرىپ:

- يېنىمغا كەلگەنلەر ئالىدۇ،- دەپ ۋارقىراپ خېرىدار چاقىرىشقا باشلىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى كۆرۈپ ئەجەبلىنىپ:

- ئى، مەخرەمەنىڭ ئوغلى! نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن، ساراڭ بولدۇڭمۇ؟- دەپ قىلىۋاتقان ئىشىنىڭ سەۋەبىنى سورىدى. مىسۋەر:

- ئى، مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى! بۇلۇتلارنى كۆرۈپ، كىشىلەرنىڭ

---

(495) ئىبنى مەنزۇر، 24/307.

ئېھتىياجى بار نەرسىنى ساتماي، پايدا ئېلىش ئۈچۈن ساقلاپ يېتىشنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى بىلدىم،- دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- ئاللاھ سېنى ياخشىلىق بىلەن مۇكاپاتلىسۇن!- دەپ ئۇنىڭغا يۇقىرى باھا بەردى.(496)

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋاپات بولغاندا ئۇ يېنىدا ئىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس بىلەن بىللە خېلى ئۇزۇنغىچە بېشىدا كۈتۈپ تۇردى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پات - پات ھوشىدىن كېتىدىغان بولۇپ، بامدات نامىزى ۋاقتى بولغاندا ھوشىغا كەلدى. يېنىدىكىلەر:

- ناماز ۋاقتى بولدى،- دېيىشتى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- شۇنداق، نامازنى تەرك قىلغان ھېچكىمنىڭ ئىسلامدىن نېسىۋىسى يوقتۇر،- دېدى ۋە يارىسىدىن داۋاملىق قان ئېقىپ تۇرۇشىغا قارىماي، نامىزىنى ئوقۇدى.(497)

## چوڭ ساھابىلەرنىڭ خىزمىتىدە

مىسۋەر زېرەك بولۇپلا قالماي مەدەنىي جاسارەتكە ئىگە ئىدى؛ ناھايىتى ھەرىكەتچان ۋە ئاكتىپ ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكلىرى ئۇنى چوڭ ساھابىلەرگە يېقىنلاشتۇرۇپ، بولۇپمۇ مۇھىم ۋاقىتلاردا ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىش پۇرسىتىنى بېرەتتى.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىدىن ئايرىلمىغانغا ئوخشاش ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋفنىڭمۇ يېنىدىن ئايرىلمىغان ياش مىسۋەر، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن كېيىنكى خەلىپە سايلىمىدا تاغىسىنىڭ كاتىپلىقىنى قىلدى. ئۇ شۇ كۈنلەردە يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ بىر قىسمىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تەرىپىدىن خەلىپە بولۇش ئۈچۈن نامزات كۆرسىتىلگەن ئالتە كىشىلىك گۇرۇپپا بىر يەرگە يىغىلىپ ئۇزۇن - ئۇزۇن

(496) ئىبنى كەسىر، ئەلبىدايە ۋەننىھايە، 2/1301؛ ئىبنى جەۋزى، سىفاتۇسسەفۋە، 281.

(497) ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 19/41.



由 扫描全能王 扫描创建

مەسلىھەتلەشتى. ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف ئۇلارغا:

- مېنىڭ خەلىپىلىك ۋەزىپىسىدە تامايىم يوق، ئەگەر سىلەر خالىساڭلار ئاراڭلاردىن بىرىنى سايلايمەن، - دېدى. كېڭەشتىكىلەر ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى قوبۇل قىلدى...

يېرىم كېچە بولغاندا تاغام ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف ئىشىكنى قاقتى. چاچراپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ، يۈگۈرۈپ بېرىپ دەرھال ئىشىكنى ئاچتىم. تاغام:

- تېخىچە ئۇخلاۋاتامسەن؟ - دېدى. مەن:

- ئۈچ كۈندىن بېرى ياخشى ئۇخلىيالمىدىم، - دېدىم.

- قېنى بارغىن، ماڭا مۇھاجىرلاردىن مەسلىھەتلىشىشكە بولىدىغان كىشىلەرنى چاقىرىپ كەلگىن، ئۇلار بىلەن مەسلىھەتلىشىشىم لازىم، - دېدى.

يېرىم كېچە بولغاندا مېنى ساھابىلەرنى چاقىرىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. بېرىپ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى چاقىرىپ كەلدىم. ئۇنىڭ بىلەن ئۇزۇن پاراڭلاشتى. ئۇ كەتكەندىن كېيىن، مېنى يېنىغا چاقىرىپ:

- ماڭا پالاننى چاقىرغىن، - دېدى. دېگەن كىشىنى چاقىرىپ كەلدىم. ئۇنىڭ بىلەنمۇ ئۇزۇن پاراڭلاشتى. ئۇ كەتكەندىن كېيىن يەنە باشقا بىرىنى چاقىرىپ كەلدىم. ئەڭ ئاخىرىدا:

- ماڭ، بېرىپ ئوسماننى چاقىرىپ كەلگىن، - دېدى. ئۇلار پاراڭلىشىۋاتقاندا بامدات نامىزىغا ئەزان چىقىشقا باشلىغانىدى.»[498]

تاغىسى، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئالغان بىر ئۆيىنى 40 مىڭ دەرھەمگە ساتقانىدى. ئۇ ساتقان پۇلنى زۆھرە ئوغۇللىرىنىڭ كەمبەغەللىرىگە، ئېھتىياجلىق كىشىلەرگە ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئاياللىرىغا تارقىتىپ بەردى. تارقىتىش ئىشىنى جىيەنى مىسۋەرگە تاپشۇردى. مىسۋەر

(498) ئىبنى مەنزۇر. 16/152.

مۇنداق دەيدۇ: «ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا چۈشكەن پايىنى ئېلىپ بارغان ۋاقتىمدا مەندىن:

- بۇنى كىم ئەۋەتتى؟- دەپ سورىدى. مەن:

- ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف،- دېدىم. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

- پەيغەمبىرىمىز بىزگە «مەندىن كېيىن سىلەرگە پەقەت سەۋر قىلغۇچىلار شەپقەت كۆرسىتىدۇ.» دېگەنىدى. ئاللاھ ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋفنى جەننەت بۇلاقلىرىدىن قانغۇچە ئىچكۈزسۇن،- دەپ دۇئا قىلدى.»(499)

ئۇسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇھاسىرىگە ئېلىنغان ۋاقىتتا، ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپ ۋەقەنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە قوشۇن يۆتكەپ كېلىش ئۈچۈن مىسۋەر ئىبنى مەھرەمەنى ھەزرىتى مۇئاۋىيەنىڭ يېنىغا ئەۋەتتى. مىسۋەر ئىبنى مەھرەمە ناھايىتى تېزلىك بىلەن مەدىنىدىن ئايرىلىپ شامغا باردى. ئەھۋالنى مەلۇم قىلغاندىن كېيىن، ھەزرىتى مۇئاۋىيە مۇسلىم ئىبنى ئۇقبە ۋە مۇئاۋىيە ئىبنى ھۇدەيج بىلەن بىرلىكتە تېزلىك بىلەن مەدىنىگە كەلدى. ئۇتتۇرا كېچە بولغاندا شەھەرگە كىرىپ، خەلىپىنىڭ ئىشىكىنى قاقتى. ئىشىك ئېچىلغاندىن كېيىن ئۆيگە كىردى. خەلىپىنى قۇچاقلاپ پېشانىسىگە سۆيدى. ئۇسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- قوشۇن قەيەردە؟- دەپ سورىدى. مۇئاۋىيە:

قوشۇن يوق، مەن ئۈچ كىشى بىلەن كەلدىم،- دېدى. ئۇسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- ئاللاھ سېنى ياخشى كۆرىدىغان كىشىلىرىڭ بىلەن ئۇچراشتۇرمىسۇن، ياردىمى بىلەن ئەزىز قىلمىسۇن، مېنىڭ سەۋەبىمدىن سېنى ياخشىلىق بىلەن مۇكاپاتلىمىسۇن! ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سېنىڭ سەۋەبىڭدىن ئۆلتۈرۈلمەن،- دېدى. ھەزرىتى مۇئاۋىيە:

(499) مۇسنەد، 6/235؛ ئىبنى سەئد، تەباقات، 3/133؛ ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 14/357.



由 扫描全能王 扫描创建

- ئاتا - ئانام ساڭا پىدا بولسۇن، ئەگەر مەن قوشۇن يۆتكەپ كەلگەن بولسام، ئۇلار قوشۇن بىلەن كەلگىنىمنى ئاڭلاپ قالسا، سېنى ئۆلتۈرۈۋېتەتتى. يېنىمدا ھېچكىم يېتىشەلمەيدىغان ئۇچقۇر ئاتلارنى ئېلىپ كەلدىم. ئۇلارغا مىنىپ ھېچكىمگە كۆرۈنمەي شامغا كېتەيلى، ئۇ يەردە سېنى قوغداپ بۇيرۇقۇڭ بويىچە ئىش قىلىمىز.- دېدى.

ئۇسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلمىغاندىن كېيىن قايتىپ كەتتى. ئۇلار ئۇچقۇر ئاتلارغا مىنىپ كەلگەنلىكتىن مىسۋەر ئارقىدا قالغاندى. ئۇلار قايتىۋاتقاندا زىل مەرۋە دېگەن يەردە ئۇچراشتى.

ئاندىن ئۇسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەنە مىسۋەرنى مۇئاۋىيىنىڭ يېنىغا ئەۋەتتى. مىسۋەر تېز سۈرئەتتە شامغا بېرىپ، مۇئاۋىيىگە:

- ئۇسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مېنى سېنىڭ يېنىڭغا ئەۋەتتى. قوشۇننى ئېلىپ مەدىنىگە بېرىپ، ئۇنىڭغا ياردەم قىلىشىڭنى ۋە زۇلۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىشىڭنى ئارزۇ قىلىدۇ.- دېدى. مۇئاۋىيە:

- ئى، مىسۋەر! ئۇ ۋاقتىدا خەلىپىگە ئىگە بولمىدىڭلار! ئەمدى ئۆلۈم كېلىپ ئىشىكنى قاققاندا، مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ: «بېرىپ ئۇنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزغىن.» دەۋاتىسىلەر، بۇ مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس.- دېدى ۋە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ- ئى، مىسۋەر! ۋاقتىدا قوغدىماي ئۇنى سەن ئۆلتۈردۈڭ!- دەپ ئۆزىنى ئاقلىدى. قوشۇن ئەۋەتتى، ئەمما قوشۇن تېخى مەدىنىگە يېتىپ كەلمەي تۇرۇپ ئۇسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شېھىت قىلىندى.(500)

## ئىلىم ئىشقىدا

مىسۋەر پەيغەمبىرىمىز باشلامچىلىق قىلغان ئىلىم ئۆگىنىش شامىلىدىن ئەڭ كۆپ نېسىۋىسىنى ئالغان ساھابىلەردىن بىرى بولۇپ، ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىش ساھەسىدە ناھايىتى كۆپ كۈچ سەرپ قىلدى. كۈچى بىكارغا

(500) ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 16/214.

كەتمەدى. چوڭ ساھابىلەرنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن مەدىنىدە ئەڭ كۆپ سوئال سورالغان ۋە ئەڭ كۆپ پەتىۋا بەرگەن ئالىملارنىڭ بىرىگە ئايلاندى.(501)

ئۇ ئىلمىي مەسىلىلەردە ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسقا ئوخشاش نوپۇزلۇق ئالىملارنىڭ ئالدىدا سۆز قىلالىغۇدەك ۋە پىكىر قىلىشقۇدەك دەرىجىدە ئۆزىنى يېتىشتۈردى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ھۇنەيىن مۇنداق دەيدۇ: «كاتتا ئىسلام ئالىمى، قۇرئان كەرىم تەرجىمانى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس بىلەن مىسۋەر ئىبنى مەھرەمە ئوتتۇرىسىدا ئەبۋا دېگەن بىر يەردە ھەج قىلغان ئېھراملىق بىرىنىڭ بېشىنى يۇيۇشى ھەققىدە ئىختىلاپ چىقتى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس:

- ئېھرامدىكى ئادەم بېشىنى يۇسا بولىدۇ، - دېدى. مىسۋەر بولسا:

- ياق، يۇسا بولمايدۇ، - دېدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس توغرىسىنى سوراپ كېلىش ئۈچۈن مېنى ئەبۇ ئەييۇبنىڭ يېنىغا ئەۋەتتى. ئەبۇ ئەييۇبنىڭ يېنىغا بارغان ۋاقتىمدا ئۇنىڭ ئېھرام بىلەن بېشىنى يۇيۇۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئەبۇ ئەييۇبقا ئەھۋالنى ئېيتىپ سوئالنى سورىسام، ماڭا بېشىنى يۇيۇش شەكلىنى كۆرسىتىپ:

- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېھرامدىكى چېغىدا مانا مۇشۇنداق بېشىنى يۇيغانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم، - دېدى.»(502)

بىر كۈنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس، مىسۋەر ئىبنى مەھرەمە ۋە ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەزھەر قاتارلىقلار بىر مەسىلىدە ئورتاق پىكىرگە كېلەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن، كۇرەيب ئىسىملىك بىر ياشنى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىغا ئەۋەتىپ:

- ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا بىزنىڭ سالامىمىزنى يەتكۈزگىن! ئاندىن ئۇنىڭغا ‹ئەسىر نامىزىدىن كېيىن ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇسا بولامدۇ؟ ئۇنىڭ مۇشۇنداق ناماز ئوقۇيدىغانلىقىنى

---

(501) ئىبنى سەئىد، تەباقات، 2/383.
(502) بۇخارى، جەزائۇسسەيد، 14؛ مۇسلىم، ھەق، 91؛ ئەبۇ داۋۇد، ھەج، 31.



由 扫描全能王 扫描创建

ئاڭلىدۇق، ھالبۇكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەسىر نامىزىدىن كېيىن ناماز ئوقۇشنى چەكلىگەن ئىدى» دېگەنلىكىمىزنى ئېيتقىن. يەنە ئۇنىڭغا ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس ۋە خەلىپە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭمۇ بۇ نامازنى ئوقۇغانلارنى توسقانلىقىنىمۇ ئېيتقىن،- دېدى. كۇرەيب مۇنداق دەيدۇ: «ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىغا باردىم ۋە يېنىدىكىلەر كەتكەندىن كېيىن ماڭا بۇيرۇلغان سۆزلەرنى ئۇنىڭغا ئېيتتىم. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ماڭا:

- بۇ سوئالنى ئۇممۇ سەلەمەدىن سورىغىن،- دەپ مېنى ئۇنىڭ يېنىغا ئەۋەتتى. ئۇممۇ سەلەمەنىڭ يېنىغا بېرىپ، سوئالنى تەكرارلىدىم. ئۇ:

- پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇ نامازنى چەكلىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، كېيىن مۇشۇنداق ناماز ئوقۇغىنىنى كۆردۈم. نامازنى باشلىغان ۋاقتتا يېنىمدا ئەنسار ئاياللار بار ئىدى. ئۇلاردىن بىر قىزغا:

- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا ‹ئى رەسۇلۇللاھ! مېنى ئۇممۇ سەلەمە ئەۋەتتى، سىېنىڭ شۇ ئىككى رەكەت نامازنى چەكلىگەنلىكىڭنى ئاڭلاپتۇ، ئەمما ھازىر سىېنىڭ بۇ نامازنى ئوقۇۋاتقانلىقىڭنى كۆرۈپتۇ، بۇ ھەقتە نېمە دەيسىز؟› دەپ سورىغىن. ئەگەر پەيغەمبىرىمىز ساڭا ئىشارەت قىلسا، قايتىپ كەلگىن!- دېدى.

قىز ئۇممۇ سەلەمەنىڭ دېگىنىنى بويىچە قىلدى. پەيغەمبىرىمىز ئىشارەت قىلغاندىن كېيىن قايتىپ كەلدى. پەيغەمبىرىمىز نامازنى ئوقۇپ بولۇپ، ئۇممۇ سەلەمەگە:

- ئى، ئەبۇ ئۇمەييەنىڭ قىزى! ئەسىر نامىزىدىن كېيىن ئوقۇغان ناماز توغرىسىدا سوراپسەن؟ ئابدۇلقەيس ئوغۇللىرىدىن بىر تۈركۈم كىشى يېنىمغا كەلگەنىدى. مېنى مەشغۇل قىلىپ، چۈشتىن كېيىن ئوقۇيدىغان ئىككى رەكەت نامىزىمغا توسالغۇ بولدى. ئەسىردىن كېيىن ئوقۇغان ناماز ئەسلىدە ئۇ ناماز ئىدى،- دېدى.»(503)

(503) بۇخارى، سەھۋ، 8. مۇسلىم، سالاتۇل مۇسافىرىن، 297. ئەبۇ داۋۇد، تەتاۋۋۇئ، 9.



由 扫描全能王 扫描创建

# ساھابىلەر ئارىسىدا ئىجابىي رول ئوينىشى

مىسۋەر چوڭ ساھابىلەرگە، ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى ۋە ئەھلى بەيتكە ناھايىتى يېقىن ئىدى. ھەر دائىم ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ئىدى. ئۇلارنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى ۋە ھۆرمىتىنى قىلاتتى، ئۇلارغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن قىزغىنلىق بىلەن يۈگۈرەيتتى. ئۇلارمۇ مىسۋەرنى ياخشى كۆرۈپ ھۆرمىتىنى قىلاتتى. بۇ يېقىن مۇناسىۋەت سەۋەبىدىن ئۇلارنىڭ ناھايىتى گۈزەل ئەسلىمىلىرى بار ئىدى. بۇ ئۇلارنىڭ بىر قىسمى:

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا جىيەنى ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيرنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى ۋە ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلەتتى. بىر قېتىم ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير ئۆي سېتىشقا مۇناسىۋەتلىك بىر مەسىلە سەۋەبىدىن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن خاپا بولۇپ قالدى. ئاچچىقى بىلەن:

- ھاممام يا بۇ سېتىش ئىشىدىن ۋاز كېچىدۇ ياكى مەن ئۇنىڭدىن يىراقلىشىمەن،- دېدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا جىيەنىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، يەتكۈزگەن كىشىدىن:

- ھەقىقەتەن شۇنداق دېدىمۇ؟- دەپ سورىدى. ئۇ كىشى:

- ھەئە، شۇنداق دېدى،- دېدى. جىيەنىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ كۆڭلى ناھايىتى يېرىم بولدى ۋە:

- قەسەم قىلىمەنكى، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن مەڭگۈ گەپلەشمەيمەن،- دېدى. بۇ ۋەقەدىن كېيىن بىر مەزگىل جىيەنىدىن ئۇزاق تۇردى. ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير ھاممىسىنىڭ بۇ مۇئامىلىسىدىن ناھايىتى بىئارام بولدى. ئارىسىنى ياخشىلاش ۋە ئۆزىنى ئەپۇ قىلدۇرۇش ئۈچۈن، بىر قانچە كىشىنى ئارىغا سالدى. ئەمما ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا «ھېچكىمنىڭ ئارىچىلىقىنى قوبۇل قىلمايمەن، قەسىمىمنى بۇزمايمەن» دەپ، كەلگەنلەرنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى. جىيەنى بۇ ئەھۋالغا بەرداشلىق بېرەلمەي، ئەقىل كۆرسىتىشى ئۈچۈن مىسۋەر ئىبنى مەھرەمە ۋە ئابدۇرراھمان ئىبنى ياغۇسنىڭ يېنىغا باردى. ئەھۋالنى ئېيتىپ، ئۇلاردىن



由 扫描全能王 扫描创建

يـاردەم تەلـەپ قىلـىـپ:

- خـۇدا ھەققـى مـەن ئۇچـۇن بىـرىـپ ئائىشـە رەزىيەللاھـۇ ئەنھا بىلەن پاراڭلىشـىپ، ئۇنـى قايىـل قىلمىسـاڭلار، ئـۇ ھەرگـىز قەسـىمىنى بۇزمايـدۇ.- دېـدى. مىسـۋەر ۋە دوسـتى ئابدۇللاھقا تەسـەللىي بەرگەندىـن كېيىـن، ئۇنىڭ يېنىدىـن چىقىـپ ئائىشـە رەزىيەللاھـۇ ئەنھانىـڭ ئۆيىگـە بـاردى. ئىچكىرىگە كىرىشـكە ئىجـازەت سـوراپ:

ئەسسـالامۇ ئەلەيكـۇم يـا ئەنەببىيـى ۋەرەھمەتۇللـەھ! كىرسـەك بولامـدۇ؟- دېـدى. ئائىشـە رەزىيەللاھـۇ ئەنھـا:

- كىرىڭلار!- دېدى. ئۇلار:

- ھەممىمىـز كىرەمـدۇق؟- دەپ سـورىدى. ئارىسـىدا ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيرنىڭمـۇ بارلىقىدىـن خەۋەرسـىز بولغـان ئائىشـە رەزىيەللاھـۇ ئەنھـا:

- ھەممىـڭلار كىرىـڭلار!- دېـدى. ئابدۇللاھ ئىبنـى زۇبەيـر ئىچكىرىگە يۈزىنـى يۆگـەپ كىرگـەن بولـۇپ، كېيىـن بەرداشـلىق بېرەلمـەي يۈزىنـى ئېچىـپ ھاممىسـىنىڭ بوينىغـا ئېسـىلىپ قۇچاقلىـدى. يالـۋۇرۇپ يىغلاپ ئۆزىنـى ئەپـۇ قىلىشـنى تەلـەپ قىلـدى. مىسـۋەر ۋە ئابدۇرراھمـان دەرھال ئارىغـا كىرىـپ، ئائىشـە رەزىيەللاھـۇ ئەنھادىـن جىيەنىنـى ئەپـۇ قىلىشنى ئۆتۈنـدى. ئانـدىـن:

- پەيغەمبىرىمىزنىـڭ تۇغقانـلار ئارىسـىدىكى مۇناسـىۋەتنى ئۈزۈشنى چەكلىگەنلىكىنـى سـىزمۇ بىلىسـىز، بىـر مۇسـۇلماننىڭ يەنە باشقا بىر مۇسـۇلمان بىلـەن ئـۈچ كۈندىـن ئارتـۇق ئـاداۋەت ساقلىشـى جائىـز ئەمەس.- دېـدى.

مۇشـۇنداق سـۆزلەرنى قىلىـش ئارقىلىـق ئـاداۋەت ساقلاشـنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنـى چۈشەندۈرۈشـكە باشـلىدى. ئائىشـە رەزىيەللاھـۇ ئەنھا بىر ئاز يۇمشـاپ يىغلاشـقا باشـلىدى ۋە:

- ئەممـا مـەن گەپلەشمەيمەن، دەپ قەسـەم قىلدىـم. قەسـەم قىلىش ناھايىتـى مۇھـىم بىـر ئىشـتۇر.- دېـدى.



由 扫描全能王 扫描创建

ياشلار ئەپلىشىپ قىلىش ھەققىدە چىڭ تۇرغاچقا جىيەنىنى كەچۇردى. قەسىمىنى بۇزغانلىقتىن قىرىق قۇلنى ئازاد قىلدى. شۇنداق قىلغان بولسىمۇ، يەنىلا قەسىمىنى بۇزغانلىقىنى ئويلىسا، قولياغلىقى ھۆل بولۇپ كەتكۈچە يىغلايتتى.(504)

ئامىر ئىبنى شەرىد بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى مىسۋەر ئىبنى مەھرەمە يېنىمغا كېلىپ قولىنى مۈرەمگە قويدى. بىرلىكتە سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاسنىڭ يېنىغا باردۇق. ئۇ يەرگە بارغان ۋاقتىمىزدا ئەبۇ رافىئ بىلەن كۆرۈشۈۋاتقانىكەن. ئەبۇ رافىئ:

- ئى، سەئىد! سېنىڭ يېرىڭدىكى ئىككى ئۆيۈمنى سېتىۋالغىن!- دېدى. سەئىد:

- ياق، ئالمايمەن،- دېدى. ئەبۇ رافىئ بىزنى كۆرۈپ، مىسۋەرگە:

- ئۇنىڭغا ئېيتقىن ئۆيۈمنى ئالسۇن!- دېدى. مىسۋەر:

- ئى، سەئىد! ئۇ ئۆيلەرنى سېتىۋالغىن- دېدى. سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس:

- نەخ پۇل بىلەن ياكى مۇددەتلىك قىلىپ 400 دىناردىن ئارتۇق بەرمەيمەن،- دېدى. ئەبۇ رافىئ:

- نەخ 500 دىنارغا بەرىمەن. چۈنكى پەيغەمبىرىمىزنىڭ «سېتىلىدىغان مۈلۈك ھەققىدە يېقىن قوشنىسى تېخىمۇ كۆپ ھەققە ئىگە» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، ئەگەر بۇ ھەدىسنى ئاڭلىمىغان بولسام، ساڭا ھەرگىز 400 دىنارغا ساتمىغان بولاتتىم،- دېدى ۋە 400 دىنارغا سېتىشنى قوبۇل قىلدى.(505)

مىسۋەر بىركۈنى ھەزرىتى مۇئاۋىيىنى يوقلاپ باردى. ھەزرىتى مۇئاۋىيە مىسۋەرنىڭ بەزى چاغلاردا ئەھلى بەيتنى قوللاپ ئۆزىگە قارشى تۇرىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ:

---

(504) بۇخارى، ئەدەب، 62؛ تەبەرانى، ئەلمەئجەمۇل كەبىر، 20/22.

(505) بۇخارى، سىيەر، 14؛ شىفا، 2.



由 扫描全能王 扫描创建

- چوڭلارغا قارشى سۆز قىلىشنى داۋاملاشتۇرامسەن؟- دەپ كايىدى. مىسۋەر:

- خالىساڭ ئۇ گەپلەرنى قوي! بىز باشقا ئىش ئۈچۈن كەلدۇق، بۇ ھەقتە بىزگە ياخشى پوزىتسىيە بىلدۈر!- دېدى. مۇئاۋىيە:

- ياق، سەن ئالدى بىلەن مېنى نېمە ئۈچۈن تەنقىد قىلىدىغانلىقىڭنى ئېيتقىن،- دېدى. مىسۋەر:

- ئەگەر خالىساڭ بىرنىمۇ قويماي ھەممىسىنى ئېيتىپ بېرىمەن،- دېدى. ھەزرىتى مۇئاۋىيە:

- مەن ئۆزۈمنى گۇناھسىز دېيەلەيمەن، ياكى بولمىسا سەن خەلقنىڭ ھالىنى ياخشىلاش ئۈچۈن قىلغانلىرىمىزنى ياخشىلىق ئەمەس، يامان ئىش دەپ قارامسەن؟- دېدى. مىسۋەر:

- ھەئە،- دېدى. مۇئاۋىيە:

- ئاللاھ ئالدىدا قىلغان پۈتۈن گۇناھلىرىمنى ئېتىراپ قىلىمەن. ئۇنداقتا، سېنىڭمۇ ئاللاھدە قورقىدىغان بىرەر گۇناھىڭ بارمۇ؟- دەپ سورىدى. مىسۋەر:

- ھەئە،- دەپ جاۋاب بەردى. مۇئاۋىيە:

- ئاللاھنىڭ مېنى ئەمەس، سېنى مەغپىرەت قىلىدىغانلىقىنى ئۈمىد قىلىشىڭنىڭ سەۋەبى نېمە؟ ياخشىلاش مەقسىتى بىلەن قىلىنغان يامان ئىشلارنىڭ مەغپىرەت قىلىنىش ئېھتىمالى، باشقا گۇناھلارغا قارىغاندا تېخىمۇ ئۈستۈندۇر. بىر مەسىلە ئۈستىدە ئاللاھنىڭ رازىلىقى بىلەن ئىككى ئىشتىن بىرىنى تاللاشقا مەجبۇر بولۇپ قالسام، ھەر دائىم ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى تاللىدىم. مەن ئەمەللەر قوبۇل قىلىنغان، ياخشىلىقلار مۇكاپاتلاندۇرۇلىدىغان، ئاللاھنىڭ مەغپىرەت قىلغانلىرىدىن باشقا يامانلىقلار جازالاندۇرۇلىدىغان بىر دىنغا ئىشىنىمەن. مەن قىلغان ياخشىلىقلىرىمنىڭ قاتمۇقات مۇكاپاتىنى ئالىدىغانلىقىمغا ئىشىنىمەن،- دېدى. مىسۋەر:

- بولدى، سەن غەلىبە قىلدىڭ.- دېدى.

بۇلارنى بايان قىلغان ئۇرۋە «بۇ ۋەقەدىن كېيىن مىسۋەرنىڭ مۇئاۋىيىگە قارشى گەپ قىلغانلىقىنى كۆرمىدىم» دەيدۇ.(506)

## ھاياتىدىن ئۈزۈندىلەر

مىسۋەر پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن نۇرغۇن ئۇرۇشلارغا قاتناشتى. ھىجرىيەنىڭ 15- يىلى ئون تۆت - ئون بەش ياشلىرىدا قاتناشقان قادىسىيە ئۇرۇشىدا ئۈستى ياقۇت بىلەن بېزەلگەن بىر ئالتۇن ئۈزۈكنى تېپىۋالدى. ئۇرۇشتىن كېيىن بىر ئىرانلىق ئۈزۈكنى 10 مىڭ دەرھەمگە سېتىۋېلىشنى تەلەپ قىلدى. ئىرانلىق چىڭ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ قىممەتلىك بىر نەرسە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ئەھۋالنى قوشۇننىڭ قوماندانى سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاسقا ئېيتتى. سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس ئۈزۈكنى ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلدى. كېيىن ئۇ ئۈزۈكنى 100 مىڭ دەرھەمگە سېتىپ پۇلنى قوماندانغا تاپشۇرۇپ بەردى.(507)

مىسۋەر ھارامدىن پۈتۈن كۈچى بىلەن قاچىدىغان بولۇپ، مەسجىدى نەبەۋىگە قويۇلغان سۇدىن ئىچمەيتتى. ئۇنى سەدىقە دەپ قارايدىغانلىقى ئۈچۈن باي كىشىلەرنىڭ ئۇنى ئىچىشىنىمۇ توغرا دەپ قارىمايتتى.(508)

ھەزرىتى ھۈسەيىننىڭ قىزى فاتىمە بىلەن توي قىلغان ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوغلى ھەسەن، مىسۋەرگە ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنىڭ قىزى بىلەن توي قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى ئېيتتى. مىسۋەر كەلگەن كىشىگە ئىپادە بىلدۈرمەي:

- ھەسەنگە ئېيتقىن، ئۇنىڭ بىلەن پالانى يەردە كۆرۈشەيلى!- دېدى.

ھەسەن بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن:

(506) زەھەبى، سىيەر، 6132؛ ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 25/47.
(507) زەھەبى، سىيەر، 6132؛ ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 24/308.
(508) ئىبنى جەۋزى، سىفاتۇسسەفۋە، 281.



由 扫描全能王 扫描创建

- ھېچقانداق نەسەبنى تۇغقانلىق ياكى باشقا ھەر قانداق سەۋەبتىن سېنىڭ نەسەبىڭدىن ئۈستۈن كۆرمەيمەن. مەنمۇ بۇنداق بولۇشنى ناھايىتى خالايمەن، ئەمما پەيغەمبىرىمىزنىڭ «فاتىمە مېنىڭ بىر پارچەمدۇر، ئۇنى رازى قىلغان مېنى رازى قىلغان بولىدۇ. ئۇنى رەنجىتكەن مېنى رەنجىتكەن بولىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم. سەن فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ نەۋرىسى بىلەن توي قىلدىڭ. قىزىمنى ساڭا بەرسەم، قىزىمنىڭ فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قىزىنى رەنجىتىپ قويۇشىدىن قورقىمەن.- دەپ قايتا - قايتا ئەپۇ سوراپ رەت قىلدى.(509)

يۈتۈن يىل بويىچە روزا تۇتىدىغان مىسۋەر، مەككىگە كەلگەن ۋاقتىدا ئۇ يەردە تۇرالمىغان ۋاقىتلىرى ئۈچۈنمۇ داۋاملىق تاۋاپ قىلاتتى. ھەر قېتىم تاۋاپ قالغاندىن كېيىن ئىككى رەكەت نامازنى ئوقۇيتتى.

بىر كۈنى مىسۋەر مەدىنە ۋالىيسى مەرۋاننىڭ يېنىغا باردى ۋە ۋالىينىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ئولتۇرۇپ سۆھبەتلىشىشكە باشلىدى. سۆھبەت جەريانىدا مەرۋان ئاڭلىسا ئىچى سىقىلىدىغان بىر خاتالىقنى يۈزىگە سالدى. مەرۋان ئاچچىقلىنىپ ئۇنى تەپتى. مىسۋەر ئۇنىڭ بۇ قىلىقىدىن ناھايىتى ئازابلاندى ۋە ھېچنېمە دېمەي ئۇ يەردىن چىقىپ ئۆيىگە كەتتى. مەرۋان شۇ كۈنى كېچىسى بىر چۈش كۆردى. چۈشىدە بىرسى ئۇنىڭغا:

- مىسۋەرگە نېمە ئۈچۈن ئۇنداق مۇئامىلە قىلدىڭ؟ ھەر كىمنىڭ قىلغان ئەمىلى ئۆزى ئۈچۈندۇر. كىمنىڭ توغرا يولدا ئىكەنلىكىنى پەرۋەردىگارىڭلار ياخشى بىلىدۇ.- دېدى. مەرۋان قورقۇپ ئويغىنىپ كەتتى ۋە تاڭ ئاتقاندا يېنىغا چاقىرىپ:

- چۈشۈمدە سېنىڭ سەۋەبىڭدىن دەشنام ئاڭلىدىم.- دەپ كۆرگەن چۈشىنى مىسۋەرگە ئېيتىپ بەردى. مىسۋەر:

- ئەسلىدە سېنىڭ قىلغان ئىشىڭ، پەقەت چۈشتىلا ئەمەس ئويغاق ۋاقتىڭدا قىلىش چەكلەنگەن ئىش ئىدى. سەن ئويغاق ھالدا چەكلەنگەن

(509) ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 24/305، 20/356.



由 扫描全能王 扫描创建

بۇ ئىشقا پەرۋا قىلماي، پەقەت ئۇخلاۋاتقان ۋاقتىڭدا ئاگاھلاندۇرۇلغاندا تەرك ئەتتىڭ.- دېدى.(510)

## شېھىت بولۇشى

ئابدۇللاھ ئىبنى ھەنزەلە ۋە باشقا مەدىنىلىكلەر يەزىدنىڭ ئىسلامدىن ئۇزاق ياشىشىغا نارازى بولۇپ، ئۇنىڭ خەلىپىلىكىنى رەت قىلغانىدى. مەدىنە خەلقىنىڭ كۆپىنچىسى بۇ ھەرىكەتكە قاتناشتى. لېكىن بىر قىسىم ساھابىلەر بۇ پىتنىنىڭ بىر پارچىسى بولۇپ قېلىشتىن قورقۇپ، بۇ ۋەقەلەردىن يىراق تۇردى. بەزىلىرى شەھەرنى تاشلاپ چىقىپ كەتتى. بەزىلىرى ئۆيلىرىگە يوشۇرۇندى. ئۆيدە قالغانلاردىن بىرى مىسۋەر ئىبنى مەھرەمە ئىدى. مىسۋەر ناھايىتى جەسۇر ۋە جەڭگىۋار بولسىمۇ، بۇ ۋەقەلەردىن يىراق تۇرۇش ئۈچۈن قاچتى. شام قوشۇنىنىڭ مەدىنىلىكلەرگە قىلغان زۇلۇمىغا تېخىمۇ ئۇزۇن چىداپ تۇرالماي، شامىلىقلارغا قارشى كۈرەش قىلىۋاتقان ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيرنى قوللىدى. شۇ نىيەتتە مەككىگە باردى. مەككىگە مېڭىش ئالدىدا ۋەسىيىتىنى يېزىپ، ئاغزىنى چاپلاپ تۇغقانلىرىغا بەردى. تۇغقانلىرى كېيىن بۇ ۋەسىيەتنى ئوغلى ئابدۇرراھمانغا تاپشۇردى.(511)

مىسۋەر ئىبنى مەھرەمە مەككىگە كېلىپ بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، يەزىدنىڭ مەدىنىنى تارمار قىلغان قوشۇنى مەككىنى مۇھاسىرىگە ئالدى. مۇشكۈل ئۇرۇش باشلانغانىدى. مەككىلىكلەرنىڭ تىركىشىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن زالىملار، مانجانىق بىلەن تاش ئېتىشقا باشلىدى. ئۇلار ئاتقان ھەر بىر تاش مەككىدىكى بىر ئۆينى يىقىتىپ تاشلاۋاتقان چاغدا، مىسۋەر كەبىدە ناماز ئوقۇۋاتاتتى. زالىملارنىڭ مانجانىقلىرىدا ئاتقان تاشلاردىن بىرى كەبىنىڭ تېمىغا تەگدى، تامغا تېگىپ ئۇچۇپ كەلگەن تاش ناماز ئوقۇۋاتقان مىسۋەرگە تەگدى. ئېغىر يارىلانغان مىسۋەر ئاران بەش كۈنلا

(510) ئىبنى ئابدىلبەر، ئىستىئاب، 3/1400.
(511) ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 15/48.

ياشـىيالىدى.

پـات ـ پـات ھوشـىدىن كېتەتتـى. بەزىـدە كـۆن بويـى ھوشـىغا كەلمەيتتى. ھوشـىغا كەلگەنـدە بولسـا: «‹ئەشـھەدۇ ئەنـلا ئىلاھـە ئىللەلـلاھ ۋە ئەشـھەدۇ ئەننـە مۇھەممـەدۇن ئەبدۇھـۇ ۋە رەسـۇلۇھۇ› دۇنيـادا ئـەڭ خۇشـال بولغـان ئىشـىم. تاغـام ئابدۇرراھمـان ئىبنـى ئـەۋف پەيغەمبەرلـەر، سـىددىقلار، شېھىتلەر ۋە سـالىھلار بىلـەن بىرلىكتـە رەفىقـۇل ئەئـلادا جەننـەت نېمەتلىرىدىـن بەھرىمـەن بولىۋاتقانـدا، ئابدۇلمەلىـك ۋە ھەججاجنىـڭ قىلمىشـلىرى سـەۋەبىدىن جەھەننەمـدە قىينالغانلىقىنـى بىلمەكتـۇر› دەيتتـى.

مىسـۋەر ھىجرىيەنىـڭ 64 ـ يىلـى يەزىدنىـڭ ئۆلـۈم خەۋىـرى كەلگـەن كۈنـى بـۇ دۇنيـا بىلـەن ۋىدالاشـتى. جىنـازا نامىزىنـى ئابدۇلـلاھ ئىبنـى زۇبەيـر ئوقـۇدى.[512]

---

(512) ئىبنى سەئد، تەباقات، 5/159؛ ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 24/208؛ زەھەبى، سىيەر، 6132.



由 扫描全能王 扫描创建

# رافىئ ئىبنى ھۇدەيج رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

رافىئ مەدىنىدە دۇنياغا كۆز ئاچتى. ئۇنىڭ دۇنياغا كېلىشى دادىسى ھۇدەيج ئىبنى رافىئ بىلەن ئانىسى ھەلىمە بىنتى مەسئۇدنى ناھايىتى سۆيۈندۈردى. بالىلىرىنىڭ دۇنياغا كېلىشى ئۇلارنىڭ ھاياتىنى ئۆزگەرتىپ، ئائىلىسىگە خۇشاللىق بېغىشلىغانىدى. ئەمما بۇ خۇشال كۈنلىرى ئۇزۇنغا بارمىدى. بىر قانچە يىلدىن كېيىن مەدىنىنى مۇسىبەتكە سالغان «بۇئۇس» ناملىق قېرىنداش جېدىلى باشلاندى. ھېچكىمدە خاتىرجەملىك قالمىدى. ھەر كۈنى بىرلىرى ئۆلۈپ، ھەر كۈنى بىر باشقا ئۆيدىن داد - پەرياد كۆتۈرۈلەتتى. ئۆلۈم ھەر كۈنى بىر نەۋقىران ياشنىڭ ئىشىكىنى قاقاتتى. نۆۋەت رافىئنىڭ دادىسى ھۇدەيجكە كەلگەنىدى. ئۇ ئىسلام بىلەن تونۇشۇش پۇرسىتىگمۇ ئېرىشەلمەي قېرىنداش ماجىراسىدا ئۆلتۈرۈلدى. ئىخى يەتتە يېشىدىلا يېتىم قالغان رافىئقا تاغىسى زۇھەير ئاتىدارچىلىق قىلىپ، يار- يۆلەك بولدى. رافىئ تاغىلىرى ئۇسەيد ۋە ئەنەس بىلەن بىرلىكتە چوڭ بولدى.

رافىئنىڭ ئائىلىسى دېھقانچىلىق قىلىپ كۈن كەچۈرەتتى. ئۇمۇ كىچىك ياشتىن باشلاپلا ئۇۋچىلىق قىلىشقا باشلىدى. ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىشى ئوۋ ئوۋلاش ئىدى. ئۇۋنى قاچۇرۇپ قويۇش قورقۇنچىدىن بولسا كېرەك، ناھايىتى ياخشى بىر مەرگەن بولۇپ يېتىشتى.

دادىسى ئۆلۈپ كەتكەندە ئۇنىڭغا خېلى كۆپ يەر، بىر چۆرە ۋە بىر قۇل مىراس قالغانىدى. قۇل قان ئېلىش ۋە يەرلەرنى سۇغۇرۇش ئارقىلىق پۇل تاپاتتى. پەيغەمبىرىمىز ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن، تۇغقانلىرى رافىئنى

ئېلىپ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھۇزۇرىغا كەلدى. ئۇنىڭغا ئەھۋالىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن مەسلىھەت بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. پەيغەمبىرىمىز رافىئ ئۈچۈن مۇنۇلارنى تەۋسىيە قىلدى:

- يەرلەرنى تېرىماقچى بولساڭلار، ئۇنىڭ نامىدا تېرىڭلار! قولۇڭلاردىن قالسا ئېلىپ يەر سۇغۇرۇپ تاپقان پۇلى بىلەن ئۇنىڭ ئېھتىياجىنى قامداڭلار! ئەمما چۆرىدىن پۇل تېپىشنى تەلەپ قىلماڭلار! ئۇنى بۇنىڭغا مەجبۇرلىساڭلار، پۇل تاپالمىسا، يامان يولغا كىرىپ قېلىشى مۇمكىن،- دېدى.[513]

## بالا شېھىت

رافىئ ئىسلام قوشۇنى بەدرىگە بارىدىغان چاغدا تېخى ئون ئۈچ ياشتىكى بىر بالا ئىدى. پەيغەمبەر ھاۋاسىدىن نەپەس ئېلىۋاتقان، ئىسلام ئەخلاقى بىلەن سۇغۇرۇلۇۋاتقان مۇھىتتا چوڭ بولغان رافىئ، پەيغەمبىرىمىزنى قاتتىق قىيىن - قىستاققا ئالغان ۋە ئۇنى مەككىدىن ھىجرەت قىلىشقا مەجبۇر قىلغان مۇشرىكلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ قويۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن تاغىسىنى ئۆزىنىمۇ ئۇرۇشقا ئېلىپ بېرىشقا قايىل قىلىشى لازىم ئىدى. بۇنى باشقا ئېلىپ چىقتى، ئەمما پەيغەمبىرىمىزنى قايىل قىلالمىدى.

رافىئ ئىبنى ھۇدەيج بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبىرىمىز بەدرىگە بارىدىغان ۋاقىتتا، مەنمۇ نەرسە - كېرەكلىرىمنى ئالدىم ۋە تاغام بىللە ھۇزۇرىغا باردۇق. مەن:

- ئى، رەسۇلۇللاھ! مەنمۇ ئۇرۇشقا بېرىشنى ئارزۇ قىلىمەن،- دېدىم. پەيغەمبىرىمىز قولۇمنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

- سەن تېخى كىچىك، دۈشمەن بىلەن ئۇچراشقاندا نېمە قىلىشىڭنى بىلمەيمەن؟- دېدى. مەن:

---

(513) تەبرانى، ئەلمۇئجەمۇل كەبىر، 4/327.



由 扫描全能王 扫描创建

- مېنىڭ ئوقنى قانچىلىك ياخشى ئاتىدىغانلىقىمنى بىلەمسىز؟- دېدىم.

پەيغەمبىرىمىز تەبەسسۇم قىلغان ھالدا تېخى كىچىك ئىكەنلىكىمنى ئېيتىپ مېنى قايتۇرۇۋەتتى.[514]

كېيىنكى يىلى ھەقىقەتنىڭ نۇرىنى ئۆچۈرمەكچى بولغانلار يىگىدىن قوشۇن تەشكىللەپ، ئىككىنچى قېتىم مەدىنىگە كەلگەنىدى. رافىئ ئىسلام قوشۇنىنىڭ ئۇھۇدقا بارىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ناھايىتى ھاياجانلىنىپ، تەييارلىق قىلىپ قوشۇنغا قېتىلدى. قوشۇن شەھەردىن ئايرىلىپ شەيخەيىن دېگەن يەرگە كەلگەندە پەيغەمبىرىمىز قوشۇننى توختىتىپ كۆزدىن كەچۈردى. بۇ جەرياندا ئون بەش ياشتىن كىچىكلەرنى ئايرىپ، مەدىنىگە قايتىشقا بۇيرۇدى. رافىئنىڭ تاغىسى پەيغەمبىرىمىزگە:

- ئى، رەسۇلۇللاھ! رافىئ ناھايىتى ياخشى مەرگەن، ئۇنىڭ بىز بىلەن كېلىشىگە رۇخسەت قىلغان بولساڭ!- دېدى. ئۇ ۋاقىتتا رافىئ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۆزىنى چوڭ كۆرۈپ قوبۇل قىلىشى ئۈچۈن، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئېگىز كۆرۈنۈشكە تىرىشۋاتاتتى. پەيغەمبىرىمىز:

- بولىدۇ، كەلسۇن،- دېگەندە خۇشاللىقتىن ئۇچقۇدەك بولدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلغانلىقىنى كۆرگەن سەمۇرە دادىسىنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ:

- دادا، پەيغەمبىرىمىز رافىئغا رۇخسەت قىلدى، ئەمما مېنى قايتۇرۇۋەتتى. ھالبۇكى چېلىشىشتا مەن ئۇنى يېڭەلەيمەن،- دەپ پەيغەمبىرىمىزدىن ئۇرۇشقا قاتنىشىش ئۈچۈن رۇخسەت ئېلىشنى تەلەپ قىلدى. دادىسى ئوغلىدىكى بۇ غازاتقا ئىشتىراك قىلىش ئىشتىياقىنى كۆرۈپ پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا بېرىپ:

- ئى، رەسۇلۇللاھ! رافىئ ئىبنى ھۇدەيجنى قوبۇل قىلىپ، مېنىڭ ئوغلۇمنى قايتۇرۇۋېتىپسەن، ھالبۇكى مېنىڭ ئوغلۇم چېلىشىشتا

(514) تەبەرانى، 4/332، 383؛ شامى، سۇبۇلۇل ھۇدا، 9/106.



由 扫描全能王 扫描创建

ئۇنى يېڭىۋالدۇ، رۇخسەت قىلغىن ئۇلار چېلىشىپ باقسۇن،- دېدى. پەيغەمبىرىمىز:

- بولىدۇ، چېلىشىپ باقسۇن،- دەپ ئىككى ياشنى چېلىشىشقا بۇيرۇدى. سەمۇرە چېلىشىشتا رافىئنى يېڭىۋالغاندىن كېيىن، پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭمۇ ئۇرۇشقا قاتنىشىشىغا رۇخسەت قىلدى.(515)

ئۇھۇدقا بارغاندىن كېيىن ئوقچىلار ئارىسىدىكى ئورنىنى ئالغان رافىئ، ئۇ پالاكەتلىك ئەسلىمىلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئوقچىلار يېرىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن تاغدا ناھايىتى ئاز ئادەم قالدى. ئوقچىلارنىڭ ئازلاپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن خالىد ئىبنى ۋەلىد قىلىچۋازلىرىنى تاغ تەرەپكە يۆتكىدى. ئارقىدىنلا ئىكرىمە ھۇجۇم قىلدى. ئوقچىلارنىڭ بەزىسى ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلگەنلەرنى ئوق يامغۇرىغا تۇتتى. ئوق ئېتىۋاتقانلاردىن بىرى ئابدۇللا ئىبنى جۇبەير ئىدى. ئوقى تۈگىگەندە نەيزىسى بىلەن ئۇرۇشتى. ئۇمۇ سۇنۇپ كەتكەندە قىلىچىنى ئېلىپ دۈشمەن سەپلىرى ئارىسىغا ئېتىلدى. قىلىچى سۇنۇپ كەتكۈچە قىلىچىنى ئوينىتىپ نۇرغۇن دۈشمەننى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن شېھىت بولدى...(516)

بۇ ئۇرۇشتا رافىئ كۆكسىدىن يارىلانغان بولۇپ، قان ئىچىدە قالغانىدى. ھەر ھالدا ھوشىدىن كەتكەنلىكى ئۈچۈن، دۈشمەن ئۇنى ئۆلدى، دەپ قاراپ شۇ پېتى قويۇپ كەتكەن بولسا كېرەك. ئۇ ۋاقىتتا ھەممە يەر چاك - توزان ئىچىدە قالغان، ھۇجۇمغا ئۇچرىغان مۇسۇلمانلارنىڭ ھەر بىرى بىر تەرەپكە تارقالغانىدى. ئەتراپ بىر ئاز تىنچىغاندىن كېيىن يارىلانغان جەيلان پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا ئېلىپ بېرىلدى. رافىئ ئالدىدا پەيغەمبىرىمىزنى كۆرۈپ پۈتۈن ئاغرىقلىرىنى ئۇنتۇپ كەتتى. ۋە:

- ئى، رەسۇلۇللاھ! ئوقنى چىقارغىن،- دېدى. پەيغەمبىرىمىز:

- ئى، رافىئ! ئەگەر خالىساڭ ھەم ئوقنى ھەم ئۇچىدىكى تۆمۈرنى

(515) ۋاقىدى، مەغازى، 1/216؛ شامى، سۇبۇلۇل ھۇدا، 4/187؛ سۇھەيلى، راۋدۇل ئۇنۇق، 3/248؛ زەركانى، شەرھۇل مەۋاھىب، 2/400.

(516) ۋاقىدى، مەغازى، 1/232؛ مەقرىزى، ئىمتائۇل ئەسمائ، 14/137.



由 扫描全能王 扫描创建

سوغۇرۇۋېتەي، خالىساڭ پەقەت ئۇنى سوغۇرۇۋېتەي، ئۈچىدىكى تۆمۈرى قالسۇن، مۇشۇنداق قىلساڭ قىيامەت كۈنى شېھىت بولغانلىقىڭغا گۇۋاھلىق بېرىمەن،- دېدى.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ قىيامەت كۈنى ئۆزىگە گۇۋاھچىلىق قىلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ قىلچە ئىككىلەنمەستىن:

- ئى، رەسۇلۇللاھ! ئۇنى چىقىرىۋەتكىن، ئۈچىدىكى تۆمۈرى قالسۇن، قىيامەت كۈنى مېنىڭ شېھىت بولغانلىقىمغا گۇۋاھلىق بەرگىن!- دېدى. پەيغەمبىرىمىز پەقەت ئۇنىلا سوغۇرۇۋەتتى. تۆمۈرى بەدىنىدە قالدى. يارىسى ساقايغان رافىئ ئۇنىڭدىن كېيىن خېلى ئۇزۇن ياشىدى.(517)

## پەيغەمبىرىمىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەسلىمىلىرى

رافىئ پۇرسەت تاپسىلا پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا بارىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆتكۈزگەن نۇرغۇن ئەسلىمىلىرى بار ئىدى. ئۇ بۇ گۈزەل خاتىرىلىرى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا باردىم. ئىچكىرىدە بىر قازان بولۇپ، ئۇنىڭدا گۆش قايناۋاتاتتى. گۆش ناھايىتى مەززىلىك پۇراۋاتاتتى. ئېگىشىپ بىر پارچە گۆش ئېلىپ يېدىم. گۆش ئاشقازىنىمدا ھەزىم بولمىدى. ئۇنى يېگەندىن كېيىنلا ئاغرىپ قالدىم. بىر يىلغىچە راھەتسىز بولدۇم. ئاخىرى بېرىپ ئەھۋالنى پەيغەمبىرىمىزگە ئېيتتىم. پەيغەمبىرىمىز قولى بىلەن قورسىقىمنى سىلىغانىدى، بەدىنىمدىن قارا بىر نەرسە چىقتى. شۇ ۋاقىتتىلا قورسىقىمنىڭ ئاغرىقى پۈتۈنلەي يوقالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككىنچى قورسىقىم ئاغرىمىدى.»(518)

«ئىخلاسمەن ۋە سەۋرچان، داۋاملىق قۇرئان ئوقۇش ۋە ياخشىلىق قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان غەنەملىك بىر تۈركۈم كىشىلەر بار ئىدى.

(517) مەقرىزى، ئىمتائۇل ئەسماﺉ، 14/127؛ تەبەرانى، ئەلمەئجۇمۇل كەبىر، 4/283.

(518) تەبەرانى، 4/336؛ مەقرىزى، ئىمتائۇل ئەسماﺉ، 11/316.



由 扫描全能王 扫描创建

ئۇلار بىلەن پات - پات پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتىم. پەيغەمبىرىمىز بۇ كىشىلەرنى ياخشى كۆرەتتى ۋە قىلغان ئىبادەتلىرىدىن مەمنۇن ئىدى. بىر كۈنى يەنە ئۇلار بىلەن ئولتۇرۇۋاتقاندا پەيغەمبىرىمىز يېنىمىزغا كەلدى. سۆز ئارىسىدا:

- بۇ يەردىكىلەردىن بىر تۈركۈم كىشى جەھەننەمگە كىرىدۇ. - دېدى. ئىختىيارسىز ھالدا بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئەتراپىمغا قارىدىم. دەۋسىلىك ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇ ئەرۋاھ، تۇفەيل ئىبنى ئامىر ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مەنىۋىيىتى كۈچلۈك بولغان كىشىلەرنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم. ئۆز - ئۆزۈمدىن ‹بۇلاردىن قايسىسى بەختسىزلەردىن بولىدىغاندۇ؟› دەپ سورىدىم.

پەيغەمبىرىمىز ۋاپات بولۇپ كېتىپ بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، ھەنىفە ئوغۇللىرى ياشايدىغان يەرگە بېرىپ، ئۇلاردىن:

- كىشىلەر يالغانچى پەيغەمبەرگە ئەگىشىپ دىنىدىن قايتقان ۋاقىتتا غەنىمىلىكلەر قانداق قىلىندى؟ - دەپ سورىدىم. ئۇلار:

- پىتنىنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ، مۇسەيلەمە پەيغەمبىرىمىزگە قارشى ھەرىكەتكە ئۆتۈپ بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن غەنىمىلىكلەر ئۇلارغا قوشۇلدى. - دېيىشتى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ناھايىتى قايغۇردۇم، ئەمما، پەيغەمبىرىمىزگە بولغان ئىمانىم تېخىمۇ كۈچەيدى. ئىچىمدە ئۆز - ئۆزۈمگە ‹پەيغەمبىرىمىز نېمىدېگەن بولسا، ئۇ ھەقتۇر› دېدىم.»(519)

رافىئ ئىبنى ھۇدەيجنىڭ پەقەتلا ئۇنتۇيالمايدىغان خاتىرىلىرىدىن بىرى بولسا، بايرام ھاۋاسى ئىچىدە يېگەن ياخشى تائاملار ئىدى. ئۇ شۇ كۈنلىرى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبىرىمىز بىلەن بىرلىكتە ئەسىر نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن بىر تۆگە ئۆلتۈرەتتۇق. تۆگىنى ئون پارچىغا بۆلەتتۇق. بىز بۇ ئىشلارنى قىلىۋاتقاندا بىر تەرەپتە تۆگە گۆشى پىشۇرۇلاتتى. كۈن پېتىشتىن بۇرۇن ئىشلىرىمىزنى تۈگىتىپ، پىشقان

(519) تەبەرانى، ئەلمەئجۇمۇل كەبىر، 4/338.

گۈشنىمۇ يەپ بولاتتۇق.»(520)

بەزى ئەسلىمىلەرنى بولسا، باشتىن كەچۈرگەن قىيىن شارائىتلار سەۋەبىدىن ئۇنتۇيالمايتتى.

«پەيغەمبىرىمىز بىلەن زۇلھۇلەيفە سەپىرىدە ئىدۇق. ئاچلىق بىزنى ناھايىتى قىيناۋاتاتتى. ئۇ ۋاقىتتا يېنىمىزدا غەنىيمەت ئالغان پەقەت بىر قانچە تۆگە ۋە قوي بار ئىدى. پەيغەمبىرىمىز قوشۇننىڭ ئارقىسىدىن ماڭغان بولۇپ، ئالدىدىكىلەر ناھايىتى تېز كېتىۋاتاتتى. ئالدىدا ماڭغانلار ئاچلىققا چىدىماي رۇخسەت ئالماستىن تۆگىلەرنى ئۆلتۈرۈپ، ئوت يېقىپ قازاننى ئوتقا قويدى. پەيغەمبىرىمىز ئىلگىرىلەپ ئۇلارغا يېقىنلىشىپ قالغاندا، ئوچاقتىكى قازاننى كۆرۈپ ساھابىلەردىن:

- بۇلار نېمە؟- دەپ سورىدى. ساھابىلەر:

- تۆگىلەرنى ئۆلتۈرۈپ پىشۇردۇق،- دېيىشتى. پەيغەمبىرىمىز ئېلىنغان غەنىيمەتلەرنىڭ تەقسىم قىلىنماستىن بۇنداق قىلىنىشىغا ناھايىتى ئاچچىقلاندى. قازاننى ئوتتىن ئېلىپ، ئىچىدىكىلەرنى تۆكۈۋېتىشكە بۇيرۇدى. ئاندىن تۆگىلەرنى ئەسكەرلەر ئارىسىدا تەقسىم قىلىپ بەردى. تەقسىم قىلىشتا ئون قوي بىر تۆگىگە تەڭ قىلىپ ھېسابلاندى. دەل شۇ ۋاقىتتا تۆگىلەردىن بىرى قېچىپ كەتتى. ساھابىلەر ئارقىسىدىن قوغلاپ، خېلى ئۇزۇن ئىزدىگەن بولسىمۇ تاپالمىدى.

قوشۇندا بىر قانچە ئات بار ئىدى. تۆگىسى يوقاپ كەتكەنلەردىن بىرى ئوقنى ئېلىپ ئاتلارنى ئاتماقچى بولدى. ئەمما، پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا بۇ پۇرسەتنى بەرمىدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا باردۇق ۋە:

- بەلكى ئەتە دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىشىمىز مۇمكىن، يېنىمىزدا پەيدىغان ھېچقانداق نەرسە يوق، ئاتلارنى ئۆلتۈرەيلىمۇ؟- دەپ سورىدۇق. پەيغەمبىرىمىز:

- بۇ ھايۋانلارنىڭ يىرتقۇچ ھايۋانلارغا ئوخشاپ كېتىدىغان تەرەپلىرى

(520) بۇخارى، شىركەت، 1؛ مۇسلىم، مەساجىد، 198؛ مۇسنەد، 4/142.

بار. ئەگەر باشقا چارە قالمىغان بولسا خالىغىنىڭلارنى قىلىڭلار! چىشلىرى ۋە تىرناقلىرىدىن باشقا «بىسمىللاھ» دەپ ئۆلتۈرۈلۈپ قېنى ئېقىتىلغان ھايۋانلارنى يەڭلار!- دېدى.[521]

ناھايىتى ئىسسىق بىر ياز كۈنى ئىسلام قوشۇنى تەبۇك سەپىرىگە چىققانىدى. تەبۇكقا يېتىپ بارغاندا ساھابىلەرنىڭ ئوزۇقلىرى تۈگەپ، ئاچلىق ئۇلارنى قىيناشقا باشلىغانىدى. پەيغەمبىرىمىز بىلەن بىرلىكتە قوشۇندا بولغان رافىئ ئىبنى ھۇدەيج ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «تەبۇكتا قونۇپ قالدۇق. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئوزۇقلىرىمىز تۈگىدى. خېلى ئوزۇندىن بېرى گۆش يېمىگەچكە، گۆش يېگۈمىز كەلگەنىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىپ، غەرب تەرەپنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

ئى رەسۇلۇللاھ! گۆش ئەنە شۇ يەردە، ئۇ يەردىكى خەلق بىلەن پاراڭلاشتىم. يېقىن ئەتراپتا ئوۋلايدىغان ھايۋانلارنىڭ بارلىقىنى ئېيتتى. ئەگەر رۇخسەت قىلسىڭىز بىر قانچە دوستلىرىم بىلەن ئوۋ ئوۋلاپ كېلەيمۇ؟- دەپ سورىدىم. پەيغەمبىرىمىز:

بارماقچى بولساڭ يالغۇز بارمىغىن، دوستلىرىڭ بىلەن بارغىن، تۇرۇۋاتقان يېرىمىزدىن يىراققا بارماقچى بولساڭلار ئاتلارغا مىنىڭلار!- دېدى.

ئارىسىدا ئەبۇ قەتادەمۇ بار بولغان ئەنسارلاردىن ئون كىشىلىك بىر گۇرۇپپا بىلەن يولغا چىقتۇق. ئەبۇ قەتادە ئوۋنى ناھايىتى تېز قوغلايتتى. مەن ناھايىتى ياخشى ئوق ئاتاتتىم. يولغا چىقىپ بىر ئاز ئۆتكەندىن كېيىن ئوۋ ھايۋانلىرى ئۇچراشقا باشلىدى. ئەبۇ قەتادە ئات بىلەن ئارقىسىدىن قوغلاپ بەش ياۋا ئېشەكنى ئوۋلىدى. مەن يىگىرمىگە يېقىن كېيىك ئوۋلىدىم. ئوۋلىغان ھايۋانلىرىمىزنى توپلاپ قارارگاھقا قايتىپ كەلدۇق. قارارگاھقا يېتىپ كەلگەن ۋاقتىمىزدا كەچ بولغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېنىمىزغا كېلىپ:

---

(521) بۇخارى، شىركەت، 3؛ مۇسنەد، 4/140؛ تەبرانى، ئەلمۇئجەمۇل كەبىر، 4/319.



由 扫描全能王 扫描创建

- ئېنچە بىر نەرسە ئېلىپ كېلەلمىدىڭلارمۇ؟- دەپ سورىدى. ئۇۋلىغان ھايۋانلارنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلدۇق. پەيغەمبىرىمىز:

- بۇلاردىن باشقىلىرىڭلارغىمۇ تارقىتىپ بېرىڭلار!- دېدى.

- ئى، رەسۇلۇللاھ! بۇ ئىشقا بىرىنى مەسئۇل قىلسىڭىز،- دەپ ئىلتىماس قىلىندى. پەيغەمبىرىمىز تەقسىملەش ئىشىغا مېنى مەسئۇل قىلدى. ھەر بىر گۇرۇپپىغا بىر ئۇلاغ ۋە بىر كېيىك بەردىم. پەيغەمبىرىمىز بار بولغان گۇرۇپپىغا بىر كېيىك توغرا كەلدى. كېيىكنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدۇق. پەيغەمبىرىمىز پىشۇرۇشنى بۇيرۇدى. پىشقاندىن كېيىن مېھمانلىرى بىلەن بىللە يېدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئوۋ ئوۋلاش ئۈچۈن يەنە رۇخسەت سورىدۇق، لېكىن بىزگە:

سىلەرنىڭ بىخەتەرلىكىڭلارغا ئىشەنچ قىلالمايمەن،- دەپ رۇخسەت بەرمىدى.»(522)

## ئىلىم ئىشقىدا

ياش رافىئ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانسىمۇ، يەنە ئىلىم ئۆگىنىش ئۈچۈن ۋاقىت ئاجرىتىپ، پۇرسەت تاپسىلا پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭدىن سوئاللارنى سوراش ياكى ئۇنى ئاڭلاش ئارقىلىق ئۆزىنى يېتىشتۈردى. بولۇپمۇ دېھقانچىلىققا مۇناسىۋەتلىك سوئاللارنى سورىغانلىقى ئۈچۈن بۇ ساھەدە ئالدىنقى قاتاردا ئىدى. ھەتتا بەزى ئالىملار ئۇنى مۇئاۋىيە زامانىدا پەتىۋا بەرگەن ساھابىلەردىن ھېسابلايدۇ.

بىر كۈنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىدىكى چېغىمدا:

- سىلەر ئۈچۈن ئەڭ قورقىدىغان نەرسەم كىچىك شېرىكتۇر،- دېدى. ئەتراپتىكىلەر:

- ئى، رەسۇلۇللاھ! كىچىك شېرىك دېگەن نېمە؟- دەپ سورىدى.

(522) ۋاقىدى، مەغازى، 3/1035؛ مەقرىزى، ئىمتائۇل ئەسمائ، 2/69.



由 扫描全能王 扫描创建

پەيغەمبىرىمىز:

- رىيادۇر. قىيامەت كۈنى ئىنسانلار قىلغان ئەمەللىرى بىلەن بىرلىكتە كەلگەن ۋاقىتتا: «سىلەر قىلغان ئەمەللىرىڭلارنىڭ مۇكاپاتىنى كۆز - كۆز قىلىپ بەرگەن كىشىدىن تەلەپ قىلىڭلار!» دېيىلىدۇ.- دېدى.[523]

رافىئ ئۆگەنگەنلىرىنى يادلىۋېلىشقا تىرىشقاندىن باشقا، يېزىۋېلىشنىمۇ پىرىنسىپ قىلغانىدى. بىر كۈنى پەيغەمبىرىمىز «مەندىن ھەدىس رىۋايەت قىلىڭلار! ئەمما، ماڭا يالغان سۆزلەرنى قوشۇپ رىۋايەت قىلغان كىشىنىڭ جەھەننەمدىكى يېرىنى ھازىرلايدىغانلىقىنى ئۇنتۇماڭلار» دېگەنىدى. مەن:

- بىز سىزدىن ئاڭلىغان نەرسىلەرنى يېزىۋالساق بولامدۇ؟- دەپ سورىدۇم. پەيغەمبىرىمىز:

- يازساڭلار بولىدۇ، بۇنىڭدا بىر مەسىلە يوق،- دېدى.[524]

پەيغەمبىرىمىزنىڭ ماقۇللىقىنى ئالغاندىن كېيىن دائىم يازدى. ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئىككىلەنمەستىن بىلگەنلىرىنى ئىنسانلارغا يەتكۈزدى. بىرى بىر مەسىلىدە شۈبھىلىنىپ قېلىپ ئۇنىڭدىن سوئال سورىسا، دەرھال يازغانلىرىنى چىقىرىپ، تېمىغا مۇناسىۋەتلىك ھەدىسنى ئوقۇپ بېرەتتى.

بىر كۈنى مەدىنە ۋالىيسى مەرۋان خۇتبە ئوقۇۋاتاتتى. خۇتبىسىدە پەقەت مەككىنىڭلا ھارام قىلىنغان رايون ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ ئۇنىڭ مۇقەددەسلىكىنى چۈشەندۈردى. رافىئ ئىبنى ھۇدەيج دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ:

- يالغۇز مەككىلا ئەمەس، مەدىنىمۇ ھارام قىلىنغان رايوندۇر. ئۇ يەرنى پەيغەمبىرىمىز ھارام قىلدى. بۇ يېنىمىزدىكى ھايۋان تېرىلىرىگە يېزىلغان خاتىرىلىرىمىزدە بار، خالىساڭ ئوقۇپ بېرەي،- دېدى. ئۇ:

- ئوقۇغىن!- دېگەندىن كېيىن ئوقۇپ بەردى. ئۇلار:

(523) تەبەرانى، ئەلمۇئجەمۇل كەبىر، 4/299.

(524) تەبەرانى، 4/329.



由 扫描全能王 扫描创建

- بولىدۇ، چۈشەندۇق، بىزگە چۈشەنچە بەرگەنلىكىڭ ئۈچۈن ساڭا رەھمەت ئېيتىمىز،- دەپ مەمنۇن بولغانلىقىنى بىلدۈردى.[525]

پەيغەمبىرىمىز ۋاپات بولغاندا 21-20 ياشلىرىدا بولغان رافىئ ئىبنى خەدىيج، پەيغەمبىرىمىز ھايات ۋاقتىدا ئەسما بىنتى زىياد بىلەن ئۆيلەندى. ئۇنىڭدىن ئابدۇللاھ، ئابدۇرراھمان، ئۇبەيد، ئۇبەيدۇللاھ، سەھل ۋە رىفا ئىسىملىك پەرزەنتلىرى بولدى.

رافىئ ئىبنى خەدىيج ئۆيلەنگەندىن كېيىنكى ئەسلىمىلىرى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى ئايالىم بىلەن ياتاقتا ئىدىم. پەيغەمبىرىمىز سىرتتا تۇرۇپ مېنى چاقىردى. دەرھال چىقىپ يېنىغا باردىم. ئۇنىڭ بىلەن خېلى ئۇزۇنغىچە بىللە مېڭىپ، مەسجىدى نەبەۋىگە باردۇق. پەيغەمبىرىمىز مەسجىدكە كىردى. مەن يېنىدىن ئايرىلىپ ناھايىتى تېزلىك بىلەن ئۆيگە بېرىپ، غۇسلى تاھارەت ئېلىپ قايتىپ كەلدىم. پەيغەمبىرىمىز غۇسلى تاھارەت ئالغانلىقىمنى بايقاپ:

- نېمە ئۈچۈن غۇسلى تاھارەت ئالدىڭ؟- دەپ سورىدى. مەن:

- سەن چاقىرغان ۋاقىتتا ئايالىم بىلەن ياتاقتا ئىدىم، مەنى كەلگەندى، غۇسلى تاھارەت ئالمايلا يېنىڭغا كەلدىم،- دېدىم. پەيغەمبىرىمىز:

- سۇ كەلسە سۇ لازىم بولىدۇ،- دەپ قانداق ئەھۋالدا غۇسلى تاھارەت ئېلىش لازىملىقىنى ئۆگەتتى.[526]

## دېھقانچىلىق قىلىشى

رافىئ ئىبنى خەدىيج تاغىسىغا ئوخشاشلا دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولۇپ، ئۇ كۈنلەردىكى دېھقانچىلىق ھەققىدە مۇنداق چۈشەنچە بېرىدۇ: «بىز ھارىسە ئوغۇللىرى مەدىنىدە ئەڭ كۆپ يەر - زېمىنى بار قەبىلە ئىدۇق. يەرلىرىمىزنى ئىجارىگە بېرەتتۇق. ئىجارىگە

(525) مۇسنەد، 4/141.
(526) مۇسنەد، 4/143؛ تەبرانى، ئەلمۇئجەمۇل كەبىر، 4/317.

بەرگەن ۋاقتىمىزدا مەھسۇلاتىدىن پاي بېرىش ئۈچۈن، يەرلىرىمىزنى يامغۇر سۈيى بىلەن سۇغۇرماسلىقنى شەرت قىلاتتۇق. ئۇلارغا:

- يەرلىرىمىزنى ئۆزۈڭلار سۇغارساڭلار، پالانى جايدىكى يەر سىلەرنىڭ بولىدۇ،- دەيتتۇق.

بەزى يەرلىرىمىزنىڭ بىر تەرىپىدە تېرىلغۇ ياخشى بولسا، يەنە بىر تەرىپىدە بولمايتتى. بەزىدە بۇنىڭ ئەكسىچە بولاتتى. پەيغەمبىرىمىز يەرنى بىرگە ئوخشاش ئىجارىگە بېرىشنى چەكلىدى. لېكىن، ئالتۇن ياكى كۆمۈشكە ئىجارىگە بېرىشكە رۇخسەت قىلدى.»[527]

«بىر كۈنى پەيغەمبىرىمىز بىزنىڭ مەھەللىگە كەلگەندى. بېغىمىزنى كۆرۈپ ناھايىتى ياقتۇرۇپ قېلىپ:

- بۇ يەر كىمنىڭ؟- دەپ سورىدى. مەن:

- مېنىڭكى،- دېدىم. پەيغەمبىرىمىز:

- قەيەردىن ئالدىڭ؟- دەپ ھەيرانلىق بىلەن سورىدى. مەن:

- ئۇنى ئىجارىگە ئالدىم،- دېدىم. پەيغەمبىرىمىز:

- ئۇ يەرنى ئىجارىگە ئالمىغىن،- دېدى.»[528]

«پەيغەمبىرىمىز تېرىلغۇ يەرنى مەھسۇلاتنىڭ بىر قىسمىنى بېرىش بەدىلىگە ئىجارىگە بېرىشنى، مىقدارى ئېنىق بولمىغان مالنى ئېلىپ - سېتىشنى چەكلىدى ۋە «زىرائەت ئۈچ شەكىلدە تېرىلىدۇ؛ كىشىنىڭ يېرى بولسا، ئۆزى تېرىيدۇ. بىر نەرسە تەلەپ قىلماي باشقا بىرىگە تېرىشى ئۈچۈن ھەدىيە قىلىدۇ ياكى ئالتۇن ۋە كۆمۈشكە ئىجارىگە بېرىدۇ.[529]

رافىئ ئىبنى ھۇدەيج ئىسلامنىڭ تېرىقچىلىققا دائىر بۇيرۇقلىرى ۋە چەكلىملىرىنى ناھايىتى ئەتراپلىق ئۆگەنگەن بولۇپ، كېيىنكى يىللاردا ۋاقتى كەلگەندە بۇ بىلىمنى ئەتراپىدىكىلەرگىمۇ يەتكۈزدى.

(527) مۇسنەد، 3/463؛ تەبەرانى، ئەلمۇئجەمۇل كەبىر، 4/308.

(528) تەبەرانى، 4/311.

(529) ئىبنى ماجە، رەھىن، 7.



由 扫描全能王 扫描创建

بىر كۈنى نۇئمان ئەلئەنسارىنىڭ قۇلى بىر ئاز خورما ئوغرىلىغانىدى. تۇتۇۋېلىپ مەدىنە ۋالىيسىنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلدى. مەرۋان ئوغرىنىڭ قولىنى كېسىپ جازالايدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇنى ئاڭلىغان رافىئ ئىبنى ھۇدەيج دەرھال ۋەقەنىڭ ئالدىنى ئېلىپ:

- پەيغەمبىرىمىز كۆكتات، مېۋە - چېۋىگە ئوخشاش قىممەت بولمىغان نەرسىلەرنى ئوغرىلىغانلارنىڭ قولى كېسىلمەيدۇ، دېگەن،- دېدى.[530]

رافىئ ئىبنى ھۇدەيج ئۇزۇن ياشىغان بولۇپ ھىجرىيەنىڭ 74 - يىلى مەدىنىدە ۋاپات بولدى. جىنازا نامىزىنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ئوقۇدى.[531]

(530) مۇسنەد، 3/364؛

(531) ئىبنى ئابدىلبەر، ئىستىئاب، 2/479؛ ئىبنى ھەجەر، ئىسابە، 2528، زەھەبى، سىيەر، 2039.

# زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

مەدىنىلىك ئۆسمۈر ساھابىلەردىن بىرى بولغان زەيد دادىسى ئەرقەم ئىبنى زەيدتىن كىچىك ياشتا ئايرىلىپ قالدى. يېقىن تۇغقىنى بولغان ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە ئۇنىڭغا ئاتىدارچىلىق قىلىپ، ھىمايىسىگە ئالدى. مەدىنىدە ئىسلام دىنى تارقىلىشقا باشلىغاندا ئەمدىلا توققۇز ياشقا ئىدى. زەيد ئەقىللىق ۋە زېرەك بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەقنى چۈشىنىشتە كېچىكمەي ئىسلامنى قوبۇل قىلدى.

پەيغەمبىرىمىز مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان ۋاقىتتا ئۇ ئون ياشقا كىرگەنىدى. دوستلىرى بىلەن بىرلىكتە قانچە كۈنگىچە سۈيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن، شەھەر سىرتىغا چىقىپ ھاياجان ئىچىدە ساقلىدى. پەيغەمبىرىمىزنى كۆرۈپلا ھاياجانلىنىپ يۈرىكى توختاپ قالغۇدەك بولۇپ كەتتى. خۇشاللىقتىن ئورنىدا تۇرالمايۋاتاتتى. ھەممەيلەن ئۇنىڭغا ئوخشاش خۇشال ئىدى. قەدىرلىك سۇلتانىنى تەڭداشسىز ھاياجان ئىچىدە كۈتۈۋالدى.

پەيغەمبىرىمىز مەدىنىگە كەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولدى. قەدەممۇ قەدەم كۆزىتىپ، ئاڭلىغان ۋە كۆرگەنلىرىنى قەتئىي ئۇنتۇپ قالمايدىغان شەكىلدە قەلبىگە نەقىش قىلىپ ئويدى. بىر قېتىم پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا «بىر كىشى بىر ئىشنى قىلىش ئۈچۈن ۋەدە بېرىپ، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىسا، نىيىتى سەممىيلا بولىدىكەن، ئۇنىڭغا گۇناھ يېزىلمايدۇ» دېگەنىدى.[532]

ئۇ كىچىكىدىنلا جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇشقا ئەھمىيەت بېرەتتى.

(532) تىرمىزى، ئىمان، 14؛ تەبەرانى، ئەلمەئجۇمۇل كەبىر، 5/225.

پەيغەمبىرىمىز مەدىنىگە كەلگەن دەسلەپكى كۈنلەردە قانداق ناماز ئوقۇغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇرۇن بىز ناماز ئوقۇۋېتىپ بىرەر ئېھتىياجىمىز بولسا يېنىمىزدا تۇرغان ئاغىنىمىز بىلەن پاراڭلىشاتتۇق... «ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا (يەنى نامازدا) ئىتائەتمەنلىك بىلەن تۇرۇڭلار»[533] دېگەن ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبىرىمىز بىزگە نامازدا گەپ قىلماي جىمجىت تۇرۇشنى بۇيرۇدى.»[534]

پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەدىنىگە كەلگىنىگە ئۈچ يىل بولغانىدى. مەككە مۇشرىكلىرى 3000 كىشىلىك قوشۇن بىلەن مۇسۇلمانلارنى يوقىتىش ئۈچۈن كېلىۋاتاتتى. پەيغەمبىرىمىز بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ساھابىلەرنى تەييارلىق قىلىشقا بۇيرۇدى. ئىسلام قوشۇنى يولغا چىقىدىغان چاغدا زەيد ئىبنى ئەرقەمگە ئوخشاش نۇرغۇن ئۆسمۈر ساھابىلەر يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ قوشۇنغا قوشۇلدى. پەيغەمبىرىمىز شەھەردىن چىققاندىن كېيىن قوشۇننى توختىتىپ كۆزدىن كەچۈرۈش جەريانىدا 15-20 بالىنىڭ ئۇرۇشقا بېرىش ئۈچۈن ساھابىلەرنىڭ ئارىسىغا كىرىۋالغانلىقىنى كۆردى. بۇلاردىن بىرى ئەمدىلا ئون ئۈچ ياشقا كىرگەن زەيد ئىبنى ئەرقەم ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئۇرۇشقا بېرىشقا رۇخسەت قىلماي، مەدىنىدە قالغان كىچىك بالىلار ۋە ئاياللارنى قوغداشقا مەسئۇل قىلدى.[535]

جىھادقا قاتنىشالمىغانلىقى ئۈچۈن چوڭقۇر قايغۇرۇش ئىچىدە قوشۇندىن ئايرىلغان بالىلار مەدىنىگە كېلىپ كىچىك بالىلار ۋە ئاياللارنى قوغداش ئۈچۈن نۆۋەت بىلەن قاراۋۇللۇق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارغا ئىسلامنىڭ تۇنجى قوغدىغۇچىلىرى دېگەن نام بېرىلدى.

## ئېغىر سىناق

زەيد قاتناشقان تۇنجى يۇرۇش مۇرەيسى غازىتى ئىدى. بۇ يۇرۇشكە

(533) بەقەرە سۈرىسى، 238 - ئايەت.

(534) بۇخارى، ئەمەلۇسسالات، 2؛ مۇسلىم، مەساجىد، 35؛ تىرمىزى، سالات، 108.

(535) ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 9/106.



由 扫描全能王 扫描创建

نۇرغۇن مۇناپىقلارمۇ قاتناشقانىدى. بۇ مۇناپىقلار پىتنە تېرىش ئۈچۈن كاۋاك ئىزدەپ، كىچىككىنە مەسىلىلەرنىمۇ چوڭايتىپ ئېغىر مەسىلىگە ئايلاندۇرۇۋېتەتتى. بۇلاردىن بىرىگە شاھىت بولغان زەيد ئىبنى ئەرقەم كۆرگەنلىرى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبىرىمىز بىلەن ئۇرۇشقا بارغاندۇق. بىز بىلەن بىرگە بەدەۋى ئەرەبلىرىمۇ بارغانىدى. قوشۇن مۇرەيسىيە قۇدۇقىنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى. ساھابىلەر سۇ ئېلىش ئۈچۈن قۇدۇق بېشىغا توپلاندى. قۇدۇقتىن سۇ ناھايىتى ئاز چىقاتتى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەق تۆلەپ تۇتقان ئات باققۇچىسى جەھجاھ ئىبنى مەسئۇد بىلەن خەزرەجلەرنىڭ ئىتتىپاقدىشى سىنان ئىبنى ۋەبەر قانداق بولدى ئىككىسى بىرلا ۋاقىتتا چېلەكلىرىنى قۇدۇققا تاشلىدى. چېلەكلىرىنى تارتقاندا يىپلىرى بىر - بىرىگە چىگىلىشىپ قالدى.

سىناننىڭ چېلىكىدە ئازراق سۇ بار ئىدى. جەھجاھنىڭ چېلىكى قۇرۇق ئىدى. سىنان چېلىكىدىكى سۇنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ:

- ئۇ مېنىڭ چېلىكىم،- دېدى. جەھجاھ ئۇنىڭغا قارىغاندا قۇدۇققا يېقىنراق ئىدى. شۇڭا ئۇ ئېتىراز بىلدۈرۈپ:

- ياق، ئۇ مېنىڭ ھەققىم،- دېدى. شۇنىڭ بىلەن، تالاش – تارتىش باشلىنىپ كەتتى. جەھجاھ دوستىنىڭ يۈزىگە ئۇرۇپ قانىتىۋەتتى. سىنان:

- تېز كېلىڭلار، ئى، ئەنسارلار!- دەپ ئەتراپىدىكىلەردىن ياردەم تەلەپ قىلدى. بۇنى ئاڭلىغان مۇناپىقلارنىڭ رەئىسى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئەتراپىدىكىلەرگە:

- ئى، ئەۋسلىكلەر، ئى، خەزرەجلىكلەر! دوستىمىز ۋە ئىتتىپاقدىشىمىز بولغان سىنانغا ياردەم قىلىڭلار!- دەپ ئۇلارنى كۈشكۈرتتى. كىشىلەرنىڭ ۋەقە يۈز بەرگەن جايغا قاراپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن جەھجاھ:

- تېز كېلىڭلار، ئى، مۇھاجىرلار!- دەپ ۋارقىرىدى.

ۋاقىرىغان ئاۋازلارنى ئاڭلىغان ئەنسارلار ۋە مۇھاجىرلار ۋەقە بولغان يەرگە قاراپ يۈگۈرۈشتى. بىر - بىرىگە ئاچچىقلىنىپ گەپ تالاشتى.



由 扫描全能王 扫描创建

چوڭ ساھابىلەر ئىشىنىڭ چوڭىيىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، ئارىغا كىرىپ ئۇلارنى پەسەيتتى ۋە سىنانغا:

- ئاغىنەڭنى ئەپۇ قىلغىن!- دېيىشتى. ئۇ دەسلەپتە ‹پەيغەمبىرىمىز بۇيرۇق قىلمىسا بولمايدۇ!› دېگەن بولسىمۇ، كېيىن جەھجاھنى ئەپۇ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئىش ياخشىلىق بىلەن ئاخىرلاشتى.(536)

ۋەقە يۈز بېرىۋاتقاندا ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي يېنىدىكى مۇناپىقلارغا:

- ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بىزنىڭ ئەھۋالىمىز ئاتىلىرىمىز ئېيتقان «قاغىنى باقساڭ، بىر كۈن كۆزۈڭنى ئويار.» دېگەن ماقال - تەمسىلگە ئوخشايدۇ. ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەدىنىگە قايتىپ بارغان ۋاقتىمىزدا شەرەپلىك ۋە كۈچلۈك بولغانلار، ئاجىز ۋە خورلانغانلارنى سۈپۈرۈپ چىقىرىۋېتىدۇ. ئەسلىدە بۇنى سىلەر ئۆز - ئۆزۈڭلارغا قىلدىڭلار، ئۇلارنى مەملىكىتىڭلارغا چاقىرىپ، ئىشىكلىرىڭلارنى ئېچىپ، ئۆيۈڭلارغا تەكلىپ قىلدىڭلار، ماللىرىڭلاردىن پايدىلاندۇردۇڭلار، ھازىر سىلەرگە ئېھتىياجى قالمىغاچقا مۇشۇنداق قىلىۋاتىدۇ. ئەگەر ئۇلارنى توختاتمىساڭلار، سىلەردىن تېخىمۇ كۆپنى تەلەپ قىلىدۇ،- دېدى.

ئەمدىلا ئون بەش ياشقا كىرگەن زەيد ئىبنى ئەرقەم بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ مېڭىسىگە بىرسى ئۇرغاندەك بولۇپ كەتتى. ئۆزىنىڭ بايان قىلىشىغا قارىغاندا، نەپەس ئالالماي، ئۆلگۈدەك ھالغا كېلىپ قالغاندى. يېشىنىڭ كىچىك بولۇشىغا قارىماي:

- ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، خارلانغان، ئاجىز، نەپرەتكە لايىق ئادەم ئەسلىدە سەن، رەھمان بولغان ئاللاھ، ئەلۋەتتە ئەلچىسىنى ئەزىز قىلىدۇ،- دەپ ئەيىبلىدى. نېمە قىلىشنى بىلەلمىگەن مۇناپىق بېشىدا:

- ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بۇنىڭدىن كېيىن سېنى ياخشى كۆرمەيمەن،- دەپ مەنسۇي جەھەتتىن بېسىم ئىشلەتكەن بولسىمۇ،

(536) ۋاقىدى، مەغازى، 2/415؛ ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 9/107.

زەيدنىڭ پەسەنت قىلمىغانلىقىنى كۆرۈپ:

- چاقچاق قىلدىم، قەتئىي ھېچكىمگە ئېيتمىغىن،- دېدى. زەيد ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماي، ئۇدۇل پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭ ھەققىدە ئېيتىلغانلارنى سۆزلەپ بەردى. زەيدنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ پەيغەمبىرىمىزنىڭ كۆڭلى يېرىم بولدى. پەيغەمبىرىمىز:

- جېنىم ئوغلۇم! ئۇنىڭغا ئاچچىقلانغانمىدىڭ؟- دەپ سورىدى. زەيد:

- ياق، ئۇنىڭغا ئاچچىقلىنىپ بۇنداق دېمىدىم، سۆزلىرىنى ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىدىم،- دېدى. پەيغەمبىرىمىز:

- خاتا ئاڭلاپ قالمىغانسەن؟- دەپ سورىدى. زەيد:

- ياق، ئى، رەسۇلۇللاھ! مەن خاتالاشمىدىم،- دېدى. پەيغەمبىرىمىز:

- ئارىلاشتۇرۇپ، ئوخشىتىپ، خاتا ئاڭلاپ قالدىڭمۇ يا؟- دەپ سورىدى. زەيد:

ياق، ئى، رەسۇلۇللاھ! ئۇنى ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىدىم،- دېدى.

پەيغەمبىرىمىز باشقا سوئال سورىمىدى. ساھابىلەر ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيىنىڭ جاسارەت قىلىپ بۇنداق سۆزلەرنى قىلىشىغا پەقەتلا ئىشەنمەيۋاتاتتى. زەيدنىڭ يېنىغا بېرىپ:

- قەبىلەڭنىڭ چوڭى ھەققىدە بۇنداق سۆزلەرنى قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورىغىن، تەۋبە قىلغىن،- دېيىشتى. زەيد:

- مەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيىنى ياخشى كۆرىدىغان بىرى، ئەمما ئۇ قوپۇپ مۇشۇنداق سۆزلەرنى قىلدى. ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ھەتتا دادام مۇشۇنداق سۆزلەرنى قىلسا، بېرىپ پەيغەمبىرىمىزگە خەۋەر قىلاتتىم،- دېدى.

ساھابىلەر سوراۋەرگەنلىكتىن ئۇلارغا قاراپ:

- پەرۋەردىگارىم! پەيغەمبىرىڭگە سۆزۈمنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ۋەھيى چۈشۈرگىن!- دەپ دۇئا قىلدى. كىشىلەرنىڭ سۆزىگە

ئىشەنمىگەنلىكىدىن كۆڭلى يېرىم بولغان زەيد، خىجىل بولۇپ پەيغەمبىرىمىزدىن يىراق تۇرۇشقا، كۆزىگە كۆرۈنمەسلىككە تىرىشتى.

پەيغەمبىرىمىز ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيدنى يېنىغا چاقىرىپ:

- ماڭا يەتكۈزۈلگەن سۆزلەرنى سەن قىلدىڭمۇ؟- دەپ سورىدى.

ئابدۇللاھ:

- ياق، ساڭا نازىل بولغان كىتاب بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن ئۇ سۆزلەرنىڭ ھېچقايسىسىنى قىلمىدىم، زەيد يالغان سۆزلەۋاتىدۇ.- دەپ، خىجىل بولماستىن قىلغان سۆزلىرىنى ئىنكار قىلدى. ساھابىلەر:

- بەلكى زەيد خاتا ئاڭلاپ قالغاندۇ،- دەپ، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيىنىڭ بۇنداق سۆزلەرنى قىلىشقا ئىشىنىشنى خالىمايۋاتاتتى.

زەيد ئىبنى ئەرقەم مۇنداق دەيدۇ: تاغام ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە يېنىمغا كېلىپ:

- پەيغەمبىرىمىزنى ئاچچىقلىتىپ قويۇشنى خالىمايدىغاندەك قىلىسەن. قارا، پەيغەمبىرىمىزمۇ، مۇسۇلمانلارمۇ ساڭا ئىشەنمىدى،- دېدى. ئۆزۈمنى ئاسمان بېسىۋالغاندەكلا ھېس قىلدىم. ئۇ كۈنگىچە كۆڭلۈم پەقەت ئۇنداق يېرىم بولمىغانىدى.

ساھابىلەر زەيدنىلا ئەمەس، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيىنىمۇ قىستاپ، ئۇنىڭغا:

- ئەگەر راستتىنلا مۇشۇنداق سۆزلەرنى قىلغان بولساڭ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئالدىغا بېرىپ كەچۈرۈم سورىغىن،- دەپ يول كۆرسەتتى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئوخشاش بەزى ساھابىلەر پەيغەمبىرىمىزگە:

- ئى، رەسۇلۇللاھ! رۇخسەت قىلغىن، ئۇ مۇناپىقنى ئۆلتۈرەي،- دېگەندە، پەيغەمبىرىمىز:

- خەلقنىڭ «مۇھەممەد ساھابىلىرىنى ئۆلتۈرىدۇ» دېيىشىنى خالىمايمەن،- دېدى. پەيغەمبىرىمىز ۋەقەنىڭ چوڭىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بايقاپ، ھاۋانىڭ

ئىسسىق بولۇشىغا قارىماي قوشۇننى يولغا چىقىشقا بۇيرۇدى. قوشۇن ئىلگىرىلەۋاتاتتى، ساھابىلەر ھېرىپ كەتكەن بولسىمۇ، پەيغەمبىرىمىز دەم ئېلىشقا رۇخسەت قىلمايۋاتاتتى.»

زەيد ئىبنى ئەرقەم ئۇنىڭدىن كېيىن بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ، بېشىمنى تۆۋەن قىلىپ كېتىۋاتاتتىم. پەيغەمبىرىمىز تەبەسسۇم قىلغان ھالدا يېنىمغا كېلىپ يۈزۈمگە قاراپ، قوللىرى بىلەن قۇلىقىمنى سوزۇپ قويدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ كۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ، پۈتۈن دۇنيا مېنىڭكىدەك بولدى. دۇنيادا مەڭگۈ قالىدىغاندەك سۆيۈندۈم. پەيغەمبىرىمىزدىن كېيىن ئەبۇ بەكىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇ مەندىن:

- پەيغەمبىرىمىز ساڭا نېمە دېدى؟- دەپ سورىدى. مەن:

- ھېچنېمە دېمىدى، يەڭگىل ھالدا قۇلاقلىرىمنى سوزۇپ، يۈزۈمگە قاراپ كۈلدى،- دېدىم. ئەبۇ بەكىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- سېنى تەبرىكلەيمەن،- دېدى. ئاندىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم، ئۇنىڭغىمۇ ئوخشاش سۆزلەرنى قىلدىم. ئۆمۇ ماڭا خۇشخەۋەر بەردى. ئەتىسى ئەتىگەندە پەيغەمبىرىمىز بىزگە مۇناپىقۇن سۈرىسىنى ئوقۇپ بەرگەندىن كېيىن، «ئى زەيد! ئاللاھ سېنى تەستىق قىلدى» دېدى.»(537)

## مۇئتە غازىتى

رۇملار ئىسلام ئەلچىسىنى ئۆلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، پەيغەمبىرىمىز ئۇلارغا قارشى قوشۇن ئەۋەتتى. زەيد ئىبنى ئەرقەم ھامىيسى ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە بىلەن بىرگە قېتىلدى. ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە ئۇنى ئۇلىغىغا مىندۈرۈۋالدى. كېچىلىرى يول مېڭىپ كۈندۈزلىرى ئارام ئالاتتى. يولغا

(537) بۇخارى، تەپسىر، 1/63- 3؛ ئىبنى كەسىر، ئەلبىدايە، 1/590؛ ۋاقىدى، مەغازى، 2/416؛ ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسار، 9/107.



由 扫描全能王 扫描创建

چىققىنىغا خېلى ئۇزۇن بولغانىدى. زەيد بىر كېچىسى ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھەنىڭ تۆگىسى بىلەن پاراڭلىشىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ تۆگىسىگە مۇنداق دەۋاتاتتى: «ئى تۆگەم! شۇ قۇملۇققا بارغاندىن كېيىن مېنى يەنە تۆت قوناق تېخىمۇ ئالدىغا ئېلىپ بارساڭ، ئىككىنچى سېنى سەپەرگە ئېلىپ چىقمايمەن. سەن ئىگىسىز، يالغۇز قالىسەن. ھەر ھالدا بۇنىڭدىن كېيىن ئائىلەمنىڭ يېنىغا قايتىپ بارالماسلىقىم مۇمكىن. بۇ يەردە شېھىت بولۇپ كېتىشنى ئۈمىد قىلىمەن. مۇسۇلمانلار ۋە تۇغقانلىرىم مېنى ۋىدالىشىدىغان يەردە قويۇپ قايتىپ كەتتى.

ئى رەۋاھەنىڭ ئوغلى! قارىغاندا ئەڭ يېقىنلىرىڭمۇ سەندىن ئايرىلىپ، سېنى رەھمان بولغان ئاللاھقا قويۇپ كەتتى. بۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ سۆيۈملۈك خورما دەرىخىنىڭ ئەڭ ياخشى مېۋىلىرى بىلەنمۇ كارىم يوق.»

زەيد مۇنداق دەيدۇ: «ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھەنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ يىغلاشقا باشلىدىم. مېنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىمنى بايقاپ قامچىسى بىلەن مېنى نوقۇپ:

- ھەي كەپسىز بالا، ساڭا نېمە بولدى؟ نېمىگە يىغلايسەن؟ مەن شېھىت بولۇپ كەتسەم، سەن تۆگىگە يالغۇز مىنىپ، راھەت ئولتۇرۇپ قايتارسەن، مەنمۇ بۇ دۇنيانىڭ غەم - قايغۇلىرىدىن قۇتۇلۇپ راھەتكە ئېرىشىمەن،- دېدى. كېيىن تۆگىسىدىن چۈشۈپ ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇدى. نامازدىن كېيىن ماڭا:

ئى ئوغلۇم! ئاللاھ خالىسا، بۇ سەپەردە شېھىتلىك نېسىپ بولىدۇ!- دەپ ۋارقىرىدى.[538]

ئىسلام قوشۇنى مۇئتەگە يېتىپ بارغاندا، مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىدىن 35-40 ھەسسە كۆپ بىر قوشۇن بىلەن ئۇچراشتى ۋە كۆز ئالدىدىكى بۇ مەنزىرە ئالدىدا ئىككىلىنىپ قالدى. پەيغەمبىرىمىزگە بىر ئادەم ئەۋەتىپ ئەھۋالنى يەتكۈزۈپ، يا ياردەمگە قوشۇن ئەۋەتىشنى ياكى بىرەر يول

(538) ئىبنى كەسىر، سىيرەتۇننەبەۋى، 32:1؛ ئىبنى سەئىد، تەباقات، 130:2.



由 扫描全能王 扫描创建

كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلدى. ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىككىلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ:

- ئى، مۇسۇلمانلار! ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سىلەر نەپرەتلىنىۋاتقان ئىش سىلەر ئىزدەپ چىققان شېھىتلىكتۇر. بىز دۈشمەن بىلەن، ئۇلارنىڭ ساننىڭ كۆپلۈكى ۋە كۈچ - قۇۋۋىتى يۈزىسىدىن ئۇرۇش قىلماي تۇرۇپلا قاچمايمىز. ئەكسىچە ئاللاھ بىزگە ھەدىيە قىلغان شېھىتلىككە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىمىز. قېنى ماڭايلى! ئىككى گۈزەللىكتىن بىرىنى قولغا كەلتۈرىمىز. يا غەلىبە، يا شېھىتلىك، - دېدى. ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغانلار:

- ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، رەۋاھەنىڭ ئوغلى توغرا سۆزلەۋاتىدۇ، - دېيىشىپ دۈشمەن ساننىڭ كۆپلىكىگە پەرۋا قىلماي سەپ تۈزدى.[539]

ئۇرۇش باشلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا زەيد ئىبنى ھارىسە شېھىت بولدى. ئارقىدىنلا جەئفەر ئىبنى ئەبۇ تالىپ شېھىت بولدى. ئۇمۇ شېھىت بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەدىنىدە بەرگەن يوليۇرۇقىدىن خەۋەردار ساھابىلەر ۋارقىرىدى:

- ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە! ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە!

ھەزرىتى جەئفەردىن كېيىن بايراقنى كۆتۈرگەن ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھەمۇ شېھىت بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، قوشۇننىڭ بېشىغا خالىد ئىبنى ۋەلىد ئۆتتى. خالىد ئىبنى ۋەلىد ئاجايىپ يۇقىرى ھەربىي ماھارەت بىلەن باشقا ساھابىلەر شېھىت بولۇپ كېتىشتىن بۇرۇن قوشۇننى چېكىندۈرۈپ، قالغان قوشۇننى مەدىنىگە قايتۇرۇپ كەلدى.[540] زەيد ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھەنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ شېھىت بولۇپ كېتىشى ئۇنى چوڭقۇر قايغۇغا سالدى. پەيغەمبىرىمىز ۋە ساھابىلەرنىڭ ئارىسىدا بولۇشى

(539) ئىبنى سەئد، تەباقات، 130:2؛ شامى، سۇبۇلۇل ھۇدا، 149:6.

(540) ئەتراپلىق مەلۇمات ئۈچۈن «ساھابىلەرنىڭ شاھادەت ئەسلىمىلىرى» گە قاراڭ.



由 扫描全能王 扫描创建

ئۇنىڭ ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ تەسەللى بولدى.

## ئىلىم ئۆگىنىشى

«بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مەسجىدى نەبەۋىدە ئولتۇراتتۇق. پەيغەمبىرىمىز بىزگە ناھايىتى ئۇزۇن سۆز قىلدى. ئۇ ۋاقىتتا يېنىمىزغا بىر ئادەم كېلىپ:

- ئى، رەسۇلۇللاھ! ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد بىزگە بىر سۈرىنى ئوقۇپ بېرىدۇ، بەزى چاغدا زەيد ئىبنى سابىت ياكى ئۇبەي ئىبنى كەئب ئوقۇپ بېرىدۇ. ئۈچەيلەننىڭ ئوقۇشىدا بەزى پەرقلەر بولىدۇ. بىز قۇرئاننى قايسىنىڭ ئوقۇغىنىدەك ئوقۇيمىز؟- دەپ سورىدى. پەيغەمبىرىمىز بىر ئاز جىمجىت تۇردى. شۇ چاغدا پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئۇ ئادەمگە:

- ھەر ئىنسان، ئەڭ ياخشى ئۆگەنگىنىنى ۋە ئەڭ ياقتۇرغىنىنى ئوقۇسۇن،- دېدى.(541)

قۇرئان ئىلىملىرىنى ياخشى بىلىدىغان بۇ ساھابىلەر قۇرئاننى پەرقلىق قىرائەتلەر بويىچە ئوقۇيتتى. ئۇ دەۋردە كىشىلەرنىڭ قۇرئاننى تېخىمۇ ئاسان ئۆگىنىشى ئۈچۈن بېرىلگەن بۇ ئىجازەت، ئىسلام جۇغراپىيەسىنىڭ دائىرىسى كېڭەيگەنسېرى زىيانلىق بولۇشقا باشلىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەۋرىدە ساھابىلەر، باشقا ئوقۇش ساقلاپ قېلىش بىلەن بىرگە بىر خىل ئوقۇش شەكلىنى قوبۇل قىلدى.»

## قىلغان خىزمەتلىرى

زەيد ئىبنى ئەرقەم پۇرسەت تاپسىلا ئەنەس ئىبنى مالىك، بەرا ئىبنى ئازىب قاتارلىق دوستلىرى بىلەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا بېرىپ، ناھايىتى ئىشتىياق بىلەن ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلاتتى.

---

(541) تەبەرانى، 5/224.



由 扫描全能王 扫描创建

ئەنەس ئىبنى مالىك بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ۋە زەيد ئىبنى ئەرقەم ئىككىمىز نۆۋەت بىلەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىشىكى ئالدىدا قاراۋۇللۇق قىلاتتۇق. بىر ئاخشىمى ئۇممۇ ئەيمەن بىر قۇش گۆشىنى ئېلىپ كېلىپ پەيغەمبىرىمىزگە ھەدىيە قىلدى. پەيغەمبىرىمىز بىر ئاز يېگەندىن كېيىن، قالغىنىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېيىن يېيىشى ئۈچۈن ئېلىپ قويدۇم. ئەتىسى ئەتىگەندە قالغىنىنى پەيغەمبىرىمىزگە ئېلىپ بەردىم. پەيغەمبىرىمىز كۆرۈپ:

- بۇ نېمە؟- دەپ سورىدى. مەن:

ئاخشام يېگەن قۇش گۆشىنىڭ ئېشىپ قالغىنى،- دېدىم. پەيغەمبىرىمىز ماڭا:

- ھەر ئەتىگەننىڭ ئۆز رىزقى بىلەن كېلىدىغانلىقىنى بىلمەمسەن؟ پەرۋەردىگارىم! ماڭا بۇ گۆشتىن تېخىمۇ ياخشى بىر رىزىق بەرگىن!- دەپ دۇئا قىلدى. مەنمۇ:

- پەرۋەردىگارىم! ئۇ رىزىقتىن ئەنسارلارغىمۇ بەرگىن!- دەپ دۇئا قىلدىم.

دەل شۇ ۋاقىتتا ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كەلدى. ئۇنىڭ بىلەن بىر ئاز پاراڭلاشتىم. پەيغەمبىرىمىز ئاۋازىمىزنى ئاڭلاپ:

- كىم بىلەن پاراڭلىشىۋاتىسەن؟- دەپ سورىدى. مەن:

- ئەلى بىلەن،- دېدىم. پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا قاراپ:

- پەرۋەردىگارىم! ئۇ سېنىڭ ۋە مېنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان كىشىلىرىمىزدىن بىرىدۇر،- دېدى.»[542]

زەيد ئىبنى ئەرقەم ۋە بەرا ئىبنى ئازىب بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ۋادا ھەججى كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ئىككىمىز بىرلىكتە دەرەخ شاخلىرىنى تۇتۇپ، پەيغەمبىرىمىزگە سايە چۈشۈرۈۋاتاتتۇق. پەيغەمبىرىمىز

(542) ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 17/364.



由 扫描全能王 扫描创建

بۇ شاخلارنىڭ سايىسىدا سۆز قىلىشىپتىپ:

سەدىقە ئېلىش مەن ئۈچۈنمۇ، ئەھلى بەيت ئۈچۈنمۇ ھالال ئەمەستۇر...- دېدى.»(543)

## جەننەت بىلەن خوش بېشارەت بېرىلىشى

بىر كۈنى زەيد ئىبنى ئەرقەم كېسەل بولۇپ قالدى. پەيغەمبىرىمىز چوڭ - كىچىك دېمەستىن پۈتۈن ساھابىلەرگە كۆڭۈل بۆلىدىغان بولۇپ، زەيد ئىبنى ئەرقەمنىڭ ئۆيىگىمۇ ئۇنى يوقلاپ كەلدى. ئۇ بۇ ئەسلىمىسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «كۆزۈم ئاغرىپ قالغان ئىدى. پەيغەمبىرىمىز ئەھۋال سوراپ بىزنىڭ ئۆيگە كەلگەن بولۇپ ماڭا:

- ھازىر كۆزلىرىڭدە باشقا مەسىلە يوق، ئەمما مەندىن ئۇزۇن ياشاپ كۆر بولۇپ قالساڭ، ئۇ ۋاقىتتا ئەھۋالىڭ قانداق بولىدۇ؟- دېدى. مەن:

- ئاللاھتىن ئەجىر كۈتۈپ سەۋر قىلىمەن،- دېدىم. پەيغەمبىرىمىز:

- ئەگەر شۇنداق قىلساڭ، سوئال - سوراقسىز جەننەتكە كىرىسەن،- دېدى.»

زەيد ئىبنى ئەرقەم پەيغەمبىرىمىز بەرگەن بۇ خۇشخەۋەرنى ئاڭلاپ ناھايىتى سۆيۈنگەن بولۇپ، پەيغەمبىرىمىز ۋاپات بولۇپ خېلى ئۇزۇندىن كېيىن كۆرمەس بولۇپ قالدى. ئۇزى ئېيتقاندەك سەۋر قىلدى. ئاللاھ ئۇنى مۇشۇ دۇنيادىكى چېغىدىلا مۇكاپاتلاپ، كۆزلىرىنى قايتىدىن ئاچتى.(544)

زەيد ئىبنى ئەرقەم مۇنداق دەيدۇ: «بىر قېتىم پەيغەمبىرىمىز بىلەن بىر يەردە قونۇپ قالدۇق. بىزگە قاراپ:

- سىلەر ئۈممىتىم ئىچىدىكى كۆلچىكىمدە ئۇچرىشىدىغان كىشىلەرنىڭ 100 مىڭدىن بىرىسى،- دېدى.

(543) تەبەرانى، ئەلمۇئجەمۇل كەبىر، 5/216؛ ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 17/354.

(544) تەبەرانى، 5/214؛ بەيھەقى، دەلائىلۇن نۇبۇۋۋە، 6/479؛ مەقرىزى، ئىمتائۇل ئەسمائ، 13/199.



由 扫描全能王 扫描创建

زەيد ئىبنى ئەرقەم «ئۇ چاغدا قانچە كىشى ئىدىڭلار؟» دېگەن سوئالغا «700-800 كىشى ئىدۇق» دەپ جاۋاب بەرگەن.[545]

## جەرەننىڭ گەپ قىلىشى

زەيد ئىبنى ئەرقەم ئۆزى شاھىت بولغان بىر ۋەقەنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى پەيغەمبىرىمىز بىلەن مەدىنە كوچىلىرىدا ئايلىنىپ كېتىۋېتىپ، ئۇۋدىن قايتقان بىر گۇرۇپپا كىشى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدۇق. ئارىسىدىكى بىر سەھرالىق ئەرەبنىڭ قولىدا بىر تاغار بار ئىدى. تاغارنىڭ ئىچىگە ئوۋلىغان بىر جەرەننى قويۇپ ئاغزىنى چىڭ چېگىۋەتكەن، تاغارنى بىر ياغاچقا باغلاپ، مۆرىسىگە ئېسىۋالغانىدى. ئۇلارغا يېقىنلاشقىنىمىزدا جەرەن:

- ئى، رەسۇلۇللاھ! ئى، رەسۇلۇللاھ!- دەپ چاقىرىشقا باشلىدى. پەيغەمبىرىمىز توختاپ:

- ھە، نېمە بولدى؟-دەپ سورىدى. جەرەن:

- ئى، رەسۇلۇللاھ! بۇ ئوۋچىلار مېنى تۇتۇۋالدى. ئۇۋامدا يېڭى تۇغۇلغان ئىككى بالام بار، ئۇلارنى تېخى سۈتتىن ئايرىمىدىم، ئېمىتمىۋاتىمەن. ھازىر ئۇلار ئاچ. ئوۋچىلارغا بۇيرۇق قىلغىن، مېنى ئۆلتۈرمىسۇن. رۇخسەت قىلغىن، بېرىپ باللىرىمنى ئېمىتىپ قويۇپ دەرھال قايتىپ كېلەي،- دېدى. پەيغەمبىرىمىز:

- سەن مېنىڭ ئەمەس، باشقىلارنىڭ قولىدا،- دېدى. جەرەن يالۇۋۇرۇپ:

- ئى، رەسۇلۇللاھ! باللىرىم ناھايىتى ئاچ، مېنى قويۇۋەتكىن. باللىرىمنى ئېمىتىپ قويۇپ دەرھال قايتىپ كېلەي،- دېدى. پەيغەمبىرىمىز:

---

(545) مۇسنەد، 3/369.

- سېنى قويۇۋەتسەم راست قايتىپ كېلەمسەن؟- دەپ سورىدى.

جەرەن:

- ئەلۋەتتە، ئەگەر قايتىپ كەلمىسەم، ئاللاھ مېنى ناھايىتى قاتتىق جازالايدۇ،- دېدى. پەيغەمبىرىمىز ئەتراپىدىكىلەردىن:

- بۇ جەرەننى كىم تۇتۇۋالدى؟- دەپ سورىدى. ئۈۋچىلار:

- ئى، رەسۇلۇللاھ! بىز تۇتۇۋالدۇق،- دېيىشتى. پەيغەمبىرىمىز:

- ئۇنى قويۇۋېتىڭلار! باللىرىنى ئېمىتىپ قويۇپ قايتىپ كەلسۇن،- دېدى. ئۈۋچىلار:

- ئۇنىڭغا قانداق ئىشىنىمىز؟- دەپ سورىدى، ھەيرانلىق بىلەن.

پەيغەمبىرىمىز:

- ئۇنىڭغا مەن كاپالەتلىك قىلىمەن،- دېدى. ئۈۋچىلار ھەيرانلىق ئىچىدە ئىدى. تاغارنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ جەرەننى قويۇۋەتتى. جەرەن ئۇ يەردىن ناھايىتى تېز يىراقلىشىپ، توپتوغرا باللىرىنىڭ يېنىغا باردى. باللىرىنى ئېمىتىپ، قورسىقىنى تويغۇزغاندىن كېيىن قايتىپ كەلدى. جەرەننىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن ئۈۋچىلار، ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنى قايتىدىن باغلىدى.

جەرەن ئۈۋسىغا كېتىۋاتقاندا پەيغەمبىرىمىز ئۈۋچىلارنىڭ يېنىدىن ئايرىلغان بولۇپ، ئۈۋچىلارنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلگەندە مۇنداق بىر سۆھبەت بولۇپ ئۆتتى. پەيغەمبىرىمىز:

- جەرەن قايتىپ كەلدىمۇ؟- دەپ سورىدى. ئۈۋچىلار:

- ھەئە، كەلدى،- دېدى. پەيغەمبىرىمىز:

- جەرەننىڭ ئىگىسى كىم؟- دەپ سورىدى. ئۈۋچىلار:

- بىز، ئى، رەسۇلۇللاھ!- دېدى. پەيغەمبىرىمىز:

- ئۇنى ماڭا سېتىپ بېرەمسىلەر؟- دېدى. ئۈۋچىلار:

- ئى، رەسۇلۇللاھ! ئۇ سىزنىڭ بولسۇن!- دېدى. پەيغەمبىرىمىز:

- ئۇنداقتا ئۇ جەرەننى قويۇۋېتىڭلار!- دېدى.

ئۇۋچىلار جەرەننى قويۇۋەتكەن ۋاقتىتا، جەرەن خۇشاللىقتىن ئاياغلىرىنى يەرگە ئۇرۇپ:

- مەن گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، سەن رەسۇلۇللاھ سەن،- دېدى.

ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، جەرەننىڭ «لائىلاھە ئىللەللاھ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ» دېگەچ ئۇۋۇسى تەرەپكە قاراپ ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم.(546)

## دوستلىرى

زەيد ئىبنى ئەرقەم ناھايىتى ھەرىكەتچان ۋە تىرىشچان بىر بالا بولۇپ، ئۆزى بىلەن ئوخشاش ياشتا نۇرغۇن سەممىي دوستلىرى بار ئىدى. كىچىك ياشتىن باشلاپلا سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. بەرا ئىبنى ئازىب بىلەن خېلى ئۇزۇنغىچە شېرىك بولدى.

ئەبۇ مىنھال بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «زەيد ئىبنى ئەرقەم بىلەن بەرا ئىبنى ئازىب بىرلىشىپ ئىش قىلاتتى. كۆمۈش ئېلىپ ساتاتتى. كۆمۈشلەرنىڭ بىر قىسمىنى نەق پۇلغا، بىر قىسمىنى قەرزگە ئالاتتى. پەيغەمبىرىمىز بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئۇلارنى يېنىغا چاقىرىپ:

- نەق پۇلغا ئالغان كۆمۈشلەر قالسۇن! قەرزگە ئالغان كۆمۈشلەرنى قايتۇرۇپ بېرىڭلار!- دېدى.

كېيىن ئۇلارنى بىر يەردە ئۇچرىتىپ قېلىپ سورىسام:

- بىز پەيغەمبىرىمىزنىڭ دەۋرىدە بىرلىكتە تىجارەت قىلاتتۇق. سەرراپلىق (پۇل ئالماشتۇرۇش كەسپى) ھەققىدە پەيغەمبىرىمىزدىن سورىغان ۋاقتىمىزدا، بىزگە:

(546) شامى، سۇبۇلۇل ھۇدا، 9/520؛ ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 2/144؛ مەقرىزى، ئىمتائۇل ئەسمائ، 5/238.



由 扫描全能王 扫描创建

- نەق پۇلغا ئېلىپ - سېتىشقا بىرەر توسالغۇ يوق، ئەمما قەرزلىك بولۇشى توغرا ئەمەس،- دېگەنىدى.

زەيدنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بولغان سەممىي دوستلۇقى تاكى ئۆلگىچە داۋاملاشتى.»(547)

ئەبۇ مىنهال يەنە مۇنداق دەيدۇ: زەيد ئىبنى ئەرقەمنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئالتۇن، كۈمۈش ۋە پۇلنى ئېلىپ - سېتىش ھەققىدە سورىسام، ماڭا ‹بەرا ئىبنى ئازىبتىن سورىغىن، ئۇ مەندىنمۇ ياخشى ۋە تېخىمۇ بىلىملىك› دېدى. بېرىپ ئۇنىڭدىن سورىسام، ئۇ ‹زەيد ئىبنى ئەرقەمدىن سورىغىن، ئۇ مەندىنمۇ ياخشى ۋە تېخىمۇ بىلىملىك› دېدى. ھەر ئىككىلىسى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئالتۇننى ئالتۇن پۇلغا قەرز قىلىپ سېتىشنى چەكلىگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرەتتى.(548)

ئەنەس ئىبنى مالىك بىلەنمۇ ناھايىتى سەممىي دوست ئىدى. ئۇ ئىككىسى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىشىكى ئالدىدا نۆۋەتلىشىپ قاراۋۇللۇق قىلاتتى. ئاردىن نۇرغۇن يىل ئۆتۈپ كەتسىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزمىدى. ھاررە ئۇرۇشىدا بالىلىرىدىن بىرىنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، مەدىنىدە بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بىر پارچە مەكتۇپ ئەۋەتىپ تەزىيەسىنى بىلدۈردى. خېتىدە ئۇنىڭغا تەسەللىي بېرىپ مۇنداق دېدى: «بولغان ئەھۋالنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم ناھايىتى يېرىم بولدى. سىلەرگە ئاللاھنىڭ بىر خۇشخەۋەرنى يەتكۈزىمەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سىلەر ئۈچۈن مۇنداق دەپ دۇئا قىلدى: «پەرۋەردىگارىم! سەن ئەنسارلارنى، ئەنسارلارنىڭ بالىلىرىنى ۋە بالىلىرىنىڭمۇ بالىلىرىنى مەغپىرەت قىلغىن!»»(549)

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس بىلەنمۇ يېقىن ئاغىنە ئىدى. ئابدۇللاھ بىر ھەج مەۋسۇمىدا زەيدنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئىلمىي مەسىلىلەر بويىچە

(547) بۇخارى، شىركەت، 10؛ مەناقىبۇل ئەنسار، 51؛ مۇسنەد، 4/371، 372.
(548) مۇسلىم، مۇساقات، 87؛ مۇسنەد، 4/371.
(549) مۇسنەد، 373؛ تەبەرانى، ئەلمۇئجەمۇل كەبىر، 5/233؛ ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر: 9/105.



由 扫描全能王 扫描创建

سۆھبەتلەشكەندىن كېيىن:

- بىزگە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئېھرامدىكى چېغىدا ھەدىيە قىلىنغان ئۇۋ ھايۋانلىرىنىڭ گۆشىنى يېمىگەنلىكىنى قانداق چۈشەندۈرىسەن؟- دەپ سوراپ، ئۇ ھەدىسنى قايتا رىۋايەت قىلىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى. زەيد ئىبنى ئەرقەم:

- پەيغەمبىرىمىزگە ئۇۋلانغان بىر ھايۋاننىڭ بىر ئەزاسى ھەدىيە قىلىندى. پەيغەمبىرىمىز ئۇنى قوبۇل قىلماي: بىز ئېھرامدا، ئۇنى يېمەيمىز، دېدى،- دېدى.(550)

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن

زەيد ئىبنى ئەرقەم پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، بىر تەرەپتىن چوڭ ساھابىلەردىن ئۆگىنىشنى ۋە تەڭتۇش ساھابىلەر بىلەن ئىلىم ھەققىدە سۆھبەتلەرنى ئېلىپ بېرىشنى داۋاملاشتۇرسا، يەنە بىرتەرەپتىن ئۆگەنگەنلىرىنى ئۆگەتتى.

ئەبۇ ئابدۇللاھ بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «زەيد ئىبنى ئەرقەمنىڭ سۆھبىتىدە ئولتۇراتتۇق. مۇراد قەبىلىسىدىن بىر ئادەم ئۆلۈمگە مەنگەن ھالدا بىزنىڭ يېنىمىزغا كېلىپ، سالام بەرگەندىن كېيىن:

- زەيد ئىبنى ئەرقەم يېنىڭلاردىمۇ؟- دەپ سورىدى. ئاغىنىلىرى:

- ھەئە. ئەرقەم يېنىمىزدا،- دەپ جاۋاب بېرىشتى. ئۇ ئادەم:

- ئى، زەيد! پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەققىدە: «مەن كىمنى دوست تۇتسام، ئەلىمۇ ئۇنىڭ دوستىدۇر. پەرۋەردىگارىم! ئۇنىڭ دوستىغا دوست، دۈشمىنىگە دۈشمەن بولغىن!» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانمىدىڭ؟-دەپ سورىدى. زەيد ئىبنى ئەرقەم:

- ھەئە، ئاڭلىغان ئىدىم،- دېدى. ئۇ سوئالنىڭ جاۋابىغا ئېرىشكەندىن

---

(550) مۇسلىم، ھەج. 55؛ تەبەرانى، 5/184؛ ئىبنۇل ئەسىر، ئۇسدۇلغابە، 1819.

كېيىن ئۆلگىدىن چۈشمەيلا قايتىپ كەتتى.»[551]

يەزىد ئىبنى ھەييان مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى ھۇسەيىن بىلەن بىللە زەيد ئىبنى ئەرقەمنىڭ يېنىغا بېرىپ، بىر ئاز ئولتۇرغاندىن كېيىن:

- ئى، زەيد! سەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆردۈڭ، سۆزلىرىنى ئاڭلىدىڭ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇرۇشقا قاتناشتىڭ. ھەقىقەتەن كاتتا ياخشىلىقلارغا ئېرىشتىڭ. بىزگە پەيغەمبىرىمىز بىلەن بىرلىكتە كۆرگەنلىرىڭنى سۆزلەپ بېرەمسەن؟- دېدۇق.

ئۇ چاغدا زەيد ئىبنى ئەرقەم ناھايىتى ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ، يەنىلا باشقا ساھابىلەرگە ئوخشاشلا ئاخىرقى نەپىسىگىچە ئىسلامنى چۈشەندۈرۈشنى داۋاملاشتۇرغانىدى. ئۇلارغا:

- جىيەنلىرىم، يېشىم چوڭىيىپ قالدى، ئارىدىن ئۇزۇن يىللار ئۆتتى، پەيغەمبىرىمىز بىلەن بىرلىكتە باشتىن كەچۈرگەن بەزى ۋەقەلەرنى ئۇنتۇپ قالدىم. ئېيتىپ بەرگەنلىرىمگە قانائەت قىلىڭلار، مېنى بۇنىڭدىن بەك زورلىماڭلار،- دەيتتى.»

ۋىدا ھەججىدىن قايتىپ كېلىۋېتىپ، مەككە بىلەن مەدىنە ئارىسىدىكى خۇم دېگەن يەردە ئۆستەڭ بويىدا قونۇپ قالدۇق. پەيغەمبىرىمىز ئاللاھقا ھەمدۇ- سانا ئېيتقاندىن كېيىن، بىزگە خىتاب قىلىپ:

- ئى، خالايىق! مەنمۇ بىر ئىنسان، رەببىمنىڭ ئەلچىسى (ئەزرائىل ئەلەيھىسسالام) نىڭ ماڭىمۇ كېلىدىغانلىقىنى بىلىمەن. ئۇنىڭغا بويسۇنىمەن. سىلەرگە ئىككى نەرسە قالدۇرۇپ كېتىمەن. بىرى ھىدايەت ۋە نۇر بولغان ئاللاھنىڭ كىتابى، ئۇنى چىڭ تۇتۇڭلار، ئۇنىڭغا مەھكەم ئېسىلىڭلار.- دېدى.

بىزنى ئاللاھنىڭ كىتابىغا ئەمەل قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدىغان سۆزلەرنى قىلغاندىن كېيىن:

(551) تەبەرانى، ئەلمۇئجەمۇل كەبىر، 5/220.

- ئىككىنچىسى ئەھلى بەيتىمدۇر. ئەھلى بەيت ھەققىدە سىلەرگە ئاللاھنى ئەسلىتىمەن،- دېدى.»(552)

بىر كۈنى ئۇنىڭدىن:

- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىللە چىقىڭدا ھېيت كۈنى جۈمە كۈنىگە توغرا كېلىپ قالغان چاغلارنى ئۇچراتتىڭمۇ؟- دەپ سوراشتى. ئۇ:

- ھەئە،- دەپ جاۋاب بەردى. ئۇلار:

- قانداق قىلدىڭلار؟- دەپ سورىدى. ئۇ:

- ئەتىگەندە ھېيت نامىزىنى ئوقۇدۇق، ئۇنىڭدىن كېيىن جۈمە نامىزىنى ئوقۇدۇق،- دېدى.(553)

ئۇ باللىرىغا ئىسلامنى چۈشەندۈرۈشكە سەل قارىمايتتى. قىزى ئۇنەيسە ئۇنىڭدىن بىر قانچە ھەدىس رىۋايەت قىلدى.

زەيد ئىبنى ئەرقەم ئەھلى بەيتكە ناھايىتى ھۆرمەت قىلىدىغان بولۇپ، ئۇلارغا قارشى قىلىنغان ئىشلاردىن كۆڭلى ناھايىتى يېرىم بولاتتى. بىر سوئالغا جاۋاب بېرىۋېتىپ، ئەرۋايىنى ئۇچۇرغان بىر ئىشنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى زىيادنىڭ يېنىدا ئىدىم. شېھىت قىلىنغان ھەزرىتى ھۈسەيىننىڭ بېشىنى ئېلىپ كېلىپ، ئۇ يەردىكى بىر قۇتىنىڭ ئىچىگە قويدى. زىياد قولىغا بىر ياغاچنى ئېلىپ، ھەزرىتى ھۈسەيىننىڭ كۆزلىرىنى، بۇرنى ۋە چىشلىرىنى ئويناشقا باشلىدى. ھازىرغىچە ئۇنىڭ چىشلىرىدەك گۈزەل چىش كۆرمىگەنىدىم. چىشلىرى مەرۋايىتتەك ئىدى. ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي ھۆكرەپ يىغلاشقا باشلىدىم ۋە پۈتۈن كۈچۈمنى يىغىپ ئىبنى زىيادقا:

- ياغاچنى تارت!- دەپ قوپاللىق بىلەن ۋارقىرىدىم. ئۇ:

- نېمە ئۈچۈن يىغلايسەن؟- دەپ سورىدى. مەن:

(552) مۇسلىم، فەدائىلۇسساھابە، 36؛ تىرمىزى، مەناقىب، 19؛ تەبەرانى، ئەلمۇئجەمۇل كەبىر، 5/206.

(553) مۇسنەد، 3/372؛ تەبەرانى، ئەلمۇئجەمۇل كەبىر، 5/238.



由 扫描全能王 扫描创建

چۈنكى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ لەۋلىرى بىلەن ھەزرىتى ھۈسەيىننىڭ ئۇيناۋاتقان كۆزلىرىگە، لەۋلىرىگە سۆيگەنلىكىنى كۆرگەن ئىدىم، - دېدىم. ئۇنىڭدىن ئارتۇق چىداپ بولالماي ناھايىتى تېزلىك بىلەن ئۇبەيدۇللاھنىڭ يېنىدىن چىقىپ، ئۆز - ئۆزۈمگە ‹پەيغەمبىرىمىز ئەھلى بەيت ھەققىدە «پەرۋەردىگارىم! ئۇلارنى ساڭا ۋە سالىھ مۆمىنلەرگە ئامانەت قىلىمەن» دېگەنىدى. پەرۋەردىگارىم! بىز پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئامانىتىنى قانداق قوغدىدۇق› دەپ نالە قىلدىم.[554]

بۇ ۋەقەلەرگە بەرداشلىق بېرەلمەي ئارىدىن بىرمەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى ھىجرىيەنىڭ 66 - يىلى ۋاپات بولدى.[555]

---

(554) تەبەرانى، 5/234؛ ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 7/152.
(555) ئىبنۇل ئەسىر، ئۇسدۇلغابە، 1819؛ زەھەبى، سىيەر، 2146.



由 扫描全能王 扫描创建

# سەئىد ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

مەككىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئائىلىلىرىدىن بىرىگە مەنسۇپ بولغان سەئىد ئىبنى ئاس ئۇمەييە ئوغۇللىرىنىڭ نەسەبىدىن ئىدى. دادىسى ئاس ئىبنى سەئىد، ئانىسى ئۇممۇ گۈلسۇم بىنتى ئامىر ئىدى. مەككىلىكلەر چوڭ دادىسى ئەبۇ ئۇھەيياغا ئالاھىدە ھۆرمەت قىلىدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ سەللىسىنىڭ رەڭگىدە سەللە كىيمەيتتى، ئۇنى تاجدار يەنى پادىشاھ، دەپ ئاتايتتى.(556)

سەئىد ئىبنى ئاس دادىسى بەدىردە ئۇرۇش قىلىۋاتقاندا ئانىسىنىڭ قورسىقىدا دۇنياغا كېلىشنى سەۋرسىزلىك بىلەن كۈتۈۋاتاتتى، دادىسى بەدىر ئۇرۇشىدا ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، يېتىم ھالەتتە دۇنياغا كەلدى.

ئاللاھنىڭ رەھمەت سۈپىتىنىڭ تەجەللىسى بولغان ساھابىلىرىمىز رەھمەت پەيغەمبىرىنى ئۈلگە قىلىپ، پۈتۈن كائىناتقا مەرھەمەت يايماقتا ئىدى. ئۇلاردىن بىرى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىدى. دادىسى ئۆزلىرىنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن كىچىك سەئىدنى ھىمايىسى ئاستىغا ئالدى. ئېھتىياجلىرىنى قامداپ تەربىيەلىنىشىگە يېقىندىن كۆڭۈل بۆلدى. بۇ ئۇنىڭ مەرھەمىتى بىلەن بىرگە ۋاپا چۈشەنچىسىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. چۈنكى بىر قانچە يىل بۇرۇن سەئىدنىڭ چوڭ دادىسى ئەبۇ ئۇھەييا، ساھابىلەر ھەبەشىستاندىن قايتىپ كەلگەندە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى قوغداپ، مۇشرىكلارنىڭ ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلىشىنى توسۇپ قالغانىدى.(557)

(556) ئىبنۇل ئەسىر، 2082.

(557) بەلازۇرى، ئەنسابۇل ئەشراف، 1/261؛ ئىبنى كەسىر، ئەلبىدايە ۋەننىھايە، 1/1231.

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سەئىدنى ئۆزىگە ئوخشاش مەرد، سېخىي بىرى قىلىپ تەربىيەلىدى. سەئىد ئىبنى ئاسنىڭ تىلى ناھايىتى پاساھەتلىك بولۇپ، قىرائىتى پەيغەمبىرىمىزنىڭ قىرائىتىگە ناھايىتى ئوخشايدىغان كىشى دېگەن نام بىلەن تونۇلدى. قۇرئان ئاشىقى بولغان ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىچىك سەئىدكە قۇرئاننى يادلاتقۇزۇپ، ئۆزىگە ئوخشاش قارىي قىلدى. ئۇ قۇرئاننى ناھايىتى يېقىملىق ئوقۇيتتى. بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، چوڭ بولغانسېرى قۇرئان ئىلمىدە بىلىملىك ساھابىلەردىن بىرىگە ئايلاندى.[558]

پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئۇ ئالتە - يەتتە ياشلىرىغا كىرگەنىدى. پەيغەمبىرىمىز باشقا بالىلارغا ئوخشاش، ئۇنىمۇ ناھايىتى دىققەت بىلەن كۆزىتەتتى. بىر كۈنى بىر ئايال پەيغەمبىرىمىزگە ناھايىتى چىرايلىق بىر چاپان ھەدىيە قىلدى. پەيغەمبىرىمىزگە چاپاننى تەقدىم قىلىشىۋېتىپ كۆڭلىنى خوش قىلىش ئۈچۈن:

- بۇ كىيىمنى ئەرەبلەرنىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ قىممەتلىك بىرىگە بېرىشنى نىيەت قىلغان ئىدىم، - دېدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇ ئايالنى ئەجەپلەندۈرگىدەك جاۋاب بېرىپ:

- ئۇنداق بولسا ئۇنى شۇ بالىغا بەرگىن! - دەپ يېنىدا تۇرغان سەئىد ئىبنى ئاسنى كۆرسەتتى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئايال چاپاننى سەئىدكە بەردى.

بىر قېتىم سەئىد كېسەل بولۇپ قالغاندا، پەيغەمبىرىمىز ئۇنى يوقلاپ بارغان بولۇپ، ئۇنى بۇ چاپانغا يۆگەپ ئىسسىتىشقا تىرىشتى.[559]

سەئىد ئىبنى ئاس پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېقىن ئەتراپىدا چوڭ بولغانىدى. ئۇ توققۇز ياشقا كىرگەندە پەيغەمبىرىمىز ۋاپات بولدى. سەئىد ناھايىتى ئەقىللىك ۋە قابىلىيەتلىك بىر ياش بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكى

(558) ئىبنى ئابدىلبەر، ئىستىئاب، 2/622؛ زەھەبى، سىيەر، 2247.

(559) ئىبنى ھەجەر، ئىسابە، 1826.



由 扫描全能王 扫描创建

ياشلارغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدىغان ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دىققىتىنى تارتتى. خەلىپە ئۇنىڭغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈشكە باشلىدى ۋە سەئىدنىڭ تارتىنىپ ئۆزىدىن يىراق تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

- مەندىن نېمە ئۈچۈن يىراق تۇرىسەن؟ ياكى داداڭنى مېنى ئۆلتۈردى دەپ ئويلامسەن؟ ئۇنى مەن ئۆلتۈرمىدىم. ئۇنى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ ئۆلتۈردى،- دېدى. سەئىد ئىبنى ئاس يېشىنىڭ كىچىك بولۇشىغا قارىماي، ناھايىتى ئاڭلىق ھالدا:

- ياق، ئۇنداق ئويلىغىنىم يوق، ئۇنى سەن ئۆلتۈرگەن بولساڭمۇ، بىر مۇشرىكنى ئۆلتۈرگەنلىكىڭ ئۈچۈن سېنى ئەيىبلىمەيتتىم ۋە سەندىن كەچۈرۈم سورىشىڭنى كۈتمەيتتىم،- دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ جاۋابىدىن ناھايىتى مەمنۇن بولدى ۋە يەنە ئۇنىڭ سەممىيىتىنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن:

- ئەمما ئۇ ئۇرۇشتا مەن تاغاڭ ئاس ئىبنى ھىشام ئىبنى مۇغىرەنى ئۆلتۈردۈم،- دېدى. ئۇ:

- ئى، مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى! ئۇنى ئۆلتۈرگەنلىكىڭ ئۈچۈن، مېنىڭ ئاچچىقلىنىشىمغا كېرەك يوق. چۈنكى ئۇ چاغدا ئۇ باتىل ئۈچۈن ئۇرۇش قىلغان بولسا، سەن ھەق ئۈچۈن ئۇرۇش قىلدىڭ،- دېيىش ئارقىلىق بىر بالىغا نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، تەسەۋۋۇردىكىن يۇقىرى سەۋىيەگە ئىگە ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلدى. ئۇنىڭ جاۋابى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ناھايىتى سۆيۈندۈردى.[560]

## ئۆيلىنىشى

شام زېمىنلىرى پەتھى قىلىنىپ مۇئاۋىيە شامغا ۋالىي بولغاندىن كېيىن، سەئىد ئىبنى ئاس مەدىنىدىن ئايرىلىپ، ئۇنىڭ يېنىغا باردى. ئۇمۇ ھەزرىتى ئوسمانغا ئوخشاش يېقىن تۇغقىنى ئىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ

(560) ۋاقىدى، مەغازى، 1/92؛ ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 9/306.

ئەنھۇ خېلى ئۇزۇنغىچە ئۇنى كۆرمىگەنلىكتىن ئەتراپىدىكى كىشىلەردىن ئۇنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى سورىدى. ساھابىلەر:

- ئۇ شامغا كەتتى،- دەپ جاۋاب بېرىشتى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- سەئىد ئىبنى ئاسقا خەۋەر يوللاڭلار، مەدىنىگە قايتىپ كەلسۇن،- دېدى.

سەئىد ئىبنى ئاس خەۋەرنى ئالغاندىن كېيىن، دەرھال تەييارلىنىپ يولغا چىقتى. مەدىنىگە كېلىپلا ئۇدۇل ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا باردى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەھۋال سورىغاندىن كېيىن:

- ئۆيلەندىڭمۇ؟- دەپ سورىدى. سەئىد:

- ياق،- دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەبۇ ئامىرغا:

- ئى، ئەبۇ ئامىر! بۇ ياشنى نېمە ئۈچۈن ئۆيلەپ قويمىدىڭلار؟- دەپ سورىدى. ئەبۇ ئامىر:

- مەن تەكلىپ قىلدىم، ئەمما ئۇ قوبۇل قىلمىدى،- دېدى. بىر مەزگىلدىن كېيىن خەلىپە شەھەر سىرتىغا چىقىپ، بىر قۇدۇقنىڭ يېنىغا بارغاندا، ئۇ يەردىكى بەزى ئاياللارنى كۆرۈپ، ئۇلاردىن:

- سىلەر كىم بولىسىلەر؟- دەپ سورىدى. ئۇلار:

- بىز سۇفيان ئىبنى ئەۋفنىڭ قىزلىرى،- دېيىشتى. يانلىرىدا تۇرغان ئانىسى سۆزگە ئارىلىشىپ:

- ئەرلىرىمىز ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇلار مۇشۇنداق ئىگىسىز قالدى. ئەگەر مۇمكىن بولسا، مۇۋاپىق بىرى بىلەن ئۇلارنىڭ توينى قىلىپ قويساڭ،- دېدى.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاياللارنىڭ ئىچىدىن جۇۋەيرىيەنى سەئىد ئىبنى ئاس بىلەن ئۆيلەندۈرۈپ قويدى. سەئىدنىڭ بۇ ئايالدىن ئابان، خالىد ۋە زۇبەير ئىسىملىك ئۈچ بالىسى بولدى.(561)

(561) تەبەرى، تارىخ، 735؛ ئىبنى سەئىد، تەباقات، 5/30.



由 扫描全能王 扫描创建

سەئىدنىڭ ئائىلە سانى كۆپەيگەنسېرى ئولتۇرۇۋاتقان ئۆيى تارچىلىق كەلگەچكە، ئۆزىگە باشقىچە كۆيۈنىدىغان ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا بېرىپ، پەيغەمبىرىمىز چېگراسىنى بەلگىلەپ بەرگەن يەردىكى ئۆيىنى بىر ئاز چوڭايتىش ئۈچۈن ياردەم تەلەپ قىلدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- ئەتىگەن بامدات نامىزىنى مەن بىلەن ئوقۇغىن! نامازدىن كېيىن بۇ ئىشنى ماڭا خاتىرىلەتكىن، مەن بىتەرەپ قىلاي، - دېدى.

سەئىد ئىبنى ئاس ئەتىگەندە بامدات نامىزىنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئوقۇغاندىن كېيىن، يېنىغا بېرىپ:

- ئى، مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى! مېنىڭ ئىشىمنى نامازدىن كېيىن ئەسلىتىپ قويۇشۇمنى ئېيتقان ئىدىڭىز، - دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ:

- قېنى ئۆيۈڭ بار يەرگە بارايلى، - دېدى. ئۇ يەرگە بېرىپ ئۇنىڭغا يەنە بىر ئۆي سالغۇدەك يەر بەردى. يەرنىڭ ئاياغ تەرىپىنى سىزىپ، چېگراسىنى بەلگىلىدى. سەئىد ئىبنى ئاس يەنە:

- ئى، مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى! يەنە بىر ئاز كېڭەيتسەڭ، بالىلىرىم كۆپ، - دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ كۆڭلىنى يەردە قويماي، يەنە بىر ئاز كېڭەيتىپ بەردى.(562)

## كېڭەش ئەزالىقى ۋە كۇفەگە ۋالىي بولۇشى

سەئىد ئىبنى ئاس 20 ياشقا كىرگەندە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋاپات بولۇپ كېتىپ، ئورنىغا ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپە بولدى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆز ھىمايىسى ئاستىغا ئېلىپ تەربىيەلىگەن سەئىد ئىبنى ئاسنى كېڭەش مەجلىسىگە ئېلىپ كىردى. يەنى ئۇنىڭ كېڭەش مەجلىسىگە كىرىشى ھازىرقى كۈندىكى 20 ياشلىق پارلامېنت ئەزاسى دېگەنلىك بولاتتى. خەلىپە سەئىدنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغان

(562) ئىبنى سەئىد، 5/30.



由 扫描全能王 扫描创建

بولۇپ، يېنىدىن ئايرىمايتتى. ئۇنىڭغا ناھايىتى ياخشى مۇئامىلە قىلاتتى، ھوقۇق بېرىپ ۋە مەسئۇلىيەت ئارتىپ، رەھبەرلىك خىزمىتىدە ئۆزىگە ياردەم قىلىش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بەرگەنىدى. بۇ مەزگىللەردە يەنە جىھادتىنمۇ قېلىپ قالماي، پات - پات ھەزرىتى مۇئاۋىيىنىڭ قوماندانلىقى ئاستىدا شامنىڭ پەتھى قىلىنىشىغا قاتنىشىپ، قەھرىمانلىق بىلەن ئۇرۇش قىلدى.

سەئىد ئىبنى ئاس قىلغان خىزمەتلىرى بىلەن كۆزگە كۆرۈنگەن بولۇپ، ھىجرىيەنىڭ 30 - يىلى يىگىرمە سەككىز ياشلىرىدا باشقۇرۇش قېيىن بولغان كۇفەگە ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلانغان ۋەلىد ئىبنى ئۇقبەنىڭ ئورنىغا ۋالىي قىلىپ تەيىنلەندى.

كۇفە بىلەن بەسرە يېڭى قۇرۇلغان شەھەرلەر بولۇپ، ھەرقايسى جايلاردىن كەلگەن كىشىلەر توپلانغانلىقى ئۈچۈن، ناھايىتى قالايمىقان ئىدى. خەلق كەلگەن ۋالىيلارغا داۋاملىق قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇپ، ئۇلارنى ئاسانلىقچە تۇرغۇزمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن پات - پات ۋالىي يەڭگۈشلىنىپ تۇراتتى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدىمۇ ئالتە يىلدا ئۈچ ۋالىي كېلىپ كەتتى. رايوندىكى كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ يېڭى مۇسۇلمان بولۇشى، ئىسلام ئەخلاقىنى ئۆزلەشتۈرمىگەنلىكى، مەسىلىنىڭ تېخىمۇ چوڭىيىپ كېتىشىگە سەۋەب بولۇۋاتاتتى.

ۋەلىد ئىبنى ئۇقبە كۇفەگە بەش يىل ۋالىيلىق قىلغان بولۇپ، رايوندىكى خەلقتىن بىرىنى ناھەق ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئادەمنى تۇتۇپ ئۆلۈم جازاسى بەردى. بۇ جازا سەۋەبىدىن قاتىلنىڭ تۇغقانلىرى ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىپ ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن كاۋاك ئىزدەشنىڭ كويىغا كىردى. ۋالىيغا ھەر خىل تۇزاقلارنى قۇرۇپ، ئاخىرىدا ۋەزىپىسىدىن يىراقلاشتۇرۇلۇشىغا سەۋەب بولدى.(563)

ۋەلىد ئىبنى ئۇقبە ۋەزىپىسىدىن ئېلىنىپ ئورنىغا سەئىد ئىبنى ئاس قويۇلدى. سەئىد بۇ قالايمىقان شەھەر ئۈچۈن، ياش ۋە تەجرىبىسىز

(563) ئەترابلىق مەلۇمات ئۈچۈن «ئەسھابۇسسۇففە» گە قاراڭ.



由 扫描全能王 扫描创建

ئىدى. بۇرۇنقى ۋالىينى ۋەزىپىسىدىن ئالغۇزۇۋەتكەن ئەبۇ زەينەب، ئەبۇل ۋەررا ۋە ئەشتەرگە ئوخشاش بۇزغۇنچىلار تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ، خەلق ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىغانىدى. يېڭى ۋالىي كەلگەن ۋاقىتتا ئۇنىڭغا بېسىم ئىشلىتىشكە باشلىدى.

سەئىد ئىبنى ئاس كۇفەنىڭ ناھايىتى قالايمىقان بىر شەھەر ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ئېغىر پسىخولوگىيەلىك بېسىم ئىچىدە شەھەرگە باردى. شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن، ئۇنى كۈتۈۋېلىشقا چىققانلار ئۇنىڭ مۇنبەرگە چىقىپ، خەلققە سۆز قىلىشىنى تەلەپ قىلدى. ئۇزۇن يولدىن كەلگەن بۇ ياش ۋالىي:

- بولىدۇ، ئەمما بىر يۇيۇنۇپ، كىيىملىرىمنى يەڭگۈشلىمەي تۇرۇپ، مۇنبەرگە چىقمايمەن، - دېدى.

يۇيۇنۇپ غۇسلى تاھارەت ئالغاندىن كېيىن مۇنبەرگە چىقىپ، سۆز قىلىشقا باشلىغانىدىمۇ بىر ئاز بىئارام بولۇۋاتاتتى. قاتتىق بېسىم ھېس قىلغانلىقتىن، خەلقنى ئەيىبلەيدىغان ۋە تەھدىت سالغۇچى سۆزلەرنى قىلىپ:

- ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن بۇ يەرگە كېلىشنى خالىمىسامىمۇ، مەجبۇرى ئەۋەتىلدىم. ئەمما، ۋەزىپەمدىن قەتئىي قاچمايمەن. پىتنە كۆز - قۇلاقلىرىنى ئېچىپ، ئوتتۇرىغا چىقىش ئۈچۈن باھانە ئىزدەۋاتىدۇ. ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇنى كونترول ئاستىغا ئېلىپ، يوقاتمىغۇچە ئۇنىڭ يۈزىگە ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرىمەن. ھازىردىن باشلاپ، ئالدى بىلەن خەلقنى كۆزىتىپ، ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا تىرىشىمەن، - دېدى.

سۆز قىلىش جەريانىدا پىتنىخورلارنى يەرگە ئۇرۇش مەقسىتى بىلەن:

- بۇ زېمىنلار قۇرەيش باللىرىنىڭ باغچىلىرىدۇر، - دەپ تېمىدىن ھالقىغان بىر جۈملە سۆزنى قىلىپ سالدى. باھانە ئىزدەۋاتقان پىتنىخورلار ئۈچۈن پۇرسەت تۇغۇلدى. ۋاقىتنى قولدىن بەرمەي دەرھال يولغا چىقىپ،



由 扫描全能王 扫描创建

ۋالىينىڭ ئۈستىدىن خەلىپىگە شىكايەت قىلدى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كەلگەنلەرنىڭ مەقسىتىنى ناھايىتى ياخشى بىلىدىغان بولغاچقا:

- باشلىقىڭلاردىن كىچىككىنە خاتالىق ئۆتۈلگەنلىكى سەۋەبىدىن ئۇنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىشىمنى تەلەپ قىلىۋاتىسىلەر، - دەپ ئۇلارغا ئاچچىقلاندى ۋە ۋالىيغا قارشى ھېچقانداق ئىش قىلمىدى.

سەئىد خەلق ئارىسىغا كىرىپ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىنىقلاپ چىققاندىن كېيىن، دەرھال خەلىپىگە بىر پارچە مەكتۇپ يېزىپ: «كۇفە خەلقى قىيىن ئەھۋالدا، قايغۇ ئىچىدە قىينىلىۋاتىدۇ. شەرەپلىك، ياخشى ۋە ئىسلامىي ھاياتتا ياشايدىغان، شەھەرنىڭ ئابرۇيلۇق ئىنسانلىرى خورلىنىۋاتىدۇ. سىرتتىن كەلگەن پىتنىخور بولاڭچىلار شەھەرگە ھاكىم بولۇۋاپتۇ » دېگەنلەرنى قەيت قىلدى.

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەكتۇپنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا بۇ ئەھۋاللارنى ئۆزگەرتىپ، ياخشى كىشىلەرگە يار- يۆلەك بولۇپ، مۇناسىپ ئۇسۇلدا ئىپادە بىلدۈرۈش ئۈچۈن، كېرەكلىك ياردەملەرنى قىلىشنى بۇيرۇدى.(564)

سەئىد ئىبنى ئاس پىتنىخورلارنى شامغا سۈرگۈن قىلىپ، خەلققە كۆڭۈل بۆلۈپ، قىينچىلىقنى ھەل قىلىشقا تىرىشتى. لېكىن، پىتنىخورلار شامدىمۇ جىم تۇرمىدى. ھەزرىتى مۇئاۋىيەمۇ ئۇلارنى باشقۇرالمىغانلىقتىن، ئۇنىڭغا تېخىمۇ كۆپ ئاۋارىچىلىك تېپىپ بەرمەسلىك ئۈچۈن، ئۇلارنى قايتۇرۇۋېتىشنى تەلەپ قىلدى.

پىتنىخورلارنىڭ تىنىم تاپماي قىلىۋاتقان ئىشلىرى ۋالىينى بارغانسېرى قوپال بىرىگە ئايلاندۇرۇپ قويدى. ۋالىيلىق قىلغىنىغا بەش يىل توشۇش ئالدىدا ناھايىتى ئېغىر خاتالىقتىن بىرنى سادىر قىلدى. ھاشىم ئىبنى ئۇتبە ئىبنى ئەبۇ ۋەققاسقا رامىزان ئېيىدا ھىلال ئاينى كۆرۈش مەسىلىسىدە بەرگەن جازاسى كۇفەدىكى ساھابىلەرنى ھەرىكەتكە كەلتۈردى. پىتنىخورلار

(564) تەبەرى، تارىخ، 735.



由 扫描全能王 扫描创建

بۇنى پۇرسەت بىلىپ، ۋەقەنى تېخىمۇ چوڭايتىپ، سەئىد ئىبنى ئاسنىڭ ۋالىيلىقتىن ئىستېپا بېرىشىگە سەۋەب بولدى.(565)

ئۇسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىغاندىن كېيىن، بۇرۇنقى ۋالىي ۋەلىد ئىبنى ئۇقبەنى يېڭىدىن ۋالىي قىلىپ ئەۋەتتى. شىكايەتلەر سەۋەبىدىن ئۇنى يەنە قايتىدىن ۋەزىپىسىدىن ئېلىۋېتىپ، سەئىد ئىبنى ئاسنى ئىككىنچى قېتىم كۇفەگە ۋالىي قىلىپ ئەۋەتتى. ۋەلىد ئىبنى ئۇقبە ناھايىتى مۇلايىم، كىشىلەرگە كۆڭۈل بۆلىدىغان بىرى ئىدى. سەئىد ئىبنى ئاس بولسا، ئۇنىڭغا قارىغاندا، بىر ئاز قوپالراق ئىدى. بۇ ئىككى خىل پوزىتسىيە خەلق ئىچىدە مەسىلە پەيدا قىلدى. باشقا بىر مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھەر ئىككىلىسى ئۇلارنى باشقۇرالمىدى. بىر مەزگىلدىن كېيىن يەنە شىكايەتلەر باشلىنىپ، سەئىد ئىبنى ئاس قايتىدىن ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاندى. بۇ قېتىم كۆرۈنۈشتە خەلق، ئەمەلىيەتتە پىتنىخورلار ئۇلارنىڭ نامىدىن «بىز مەيلى سەئىد بولسۇن، مەيلى ۋەلىد بولسۇن ھەر ئىككىسىنىڭ ۋالىي بولۇشىنى خالىمايمىز!» دەپ، خەلىپىدىن يېڭى بىرىنىڭ ۋالىيلىققا تەيىنلىنىشىنى تەلەپ قىلدى.

ئۇسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ مۇسا ئەلئەشئەرىنى كۇفەگە ۋالىي قىلىپ ئەۋەتتى. خەلىپە شېھىت قىلىنغانغا قەدەر ۋالىي يەڭگۇشلەنمىدى.

سەئىد ئىبنى ئاس كۇفەدە ۋالىيلىق قىلىش جەريانىدا، ئۇ يەردىكى خەلقتىن تەشكىللەنگەن قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ، تابەرىستان (ھازىرقى ئىراننىڭ مازەندەران، گۇلىستان ۋە گىلان رايونلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان جاينىڭ قەدىمكى نامى – ت)، گۇرجانغا ئوخشاش نۇرغۇن رايونلارنى پەتھى قىلدى. توختامنامىگە خىلاپلىق قىلغان ئەزەربەيجانلىقلارنى يېڭىدىن ئىسلامغا دەۋەت قىلدى.(566)

(565) ئىبنى سەئىد، تەبەقات، 5/32.

(566) ئىبنى ئابدىلبەر، ئىستىئاب، 2/622؛ تەبەرى، تارىخ، 732.



由 扫描全能王 扫描创建

كۇفەدە ۋالىيلىق قىلىۋاتقان مەزگىلدە ھىند بىنتى نۇئمان ئىسىملىك بىر ئايال بىر توپ ئاياللار بىللە سەئىد ئىبنى ئاسنى يوقلاپ كەلدى. ئاياللار راھىبلاردەك كىيىنىۋالغانىدى. كىيىملىرى چاڭ - توزان ئىچىدە بولۇپ، خۇددى سەپەردىن كەلگەندەكلا ئىدى. ئىجازەت سوراپ ۋالىينىڭ يېنىغا كىردى. ۋالىي ئۇلارغا ئورۇن كۆرسىتىپ، قانداق ئېھتىياجى بارلىقىنى سورىدى. ئاياللار ئەھۋالىنى ئېيتقاندىن كېيىن، ئۇلارغا ياردەم قىلدى. ئاياللار ۋالىينىڭ يېنىدىن چىقىدىغان چاغدا ئۇنىڭدىن ناھايىتى مەمنۇن بولغان ھالدا:

- ئاللاھ ئەمىرگە ياخشىلىق ئاتا قىلسۇن!- دەپ دۇئا قىلىشتى.[567]

## قۇرئاننىڭ خىزمىتىدە

سەئىد ئىبنى ئاس كۇفەنىڭ ۋالىيلىقىدىن ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن مەدىنىگە قايتىپ كەلدى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ چاغلاردا باشقا نۇسخىسى يوق، پەقەت بىرلا نۇسخا بولغان قۇرئاننى كۆپەيتىپ، مەركىزىي شەھەرلەرگە ئەۋەتىشنى ئارزۇ قىلىۋاتاتتى. ئەبۇ بەكىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئوخشاش ئۇمۇ بۇ ئىشقا زەيد ئىبنى سابىتنى مەسئۇل قىلدى. ئۇنىڭ يالغۇز ھالەتتە قىسقا مۇددەت ئىچىدە بۇ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. شۇ سەۋەبتىن، قۇرئاننى يادلىغان ۋە بۇ ساھەدە ئىقتىدارى بولغان ساھابىلەرنى ئۇنىڭغا ياردەمچى بولۇش ئۈچۈن ۋەزىپىگە تەيىنلىدى. ئون ئىككى كىشىلىك بۇ گۇرۇپپىدىكى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپە زەيد ئىبنى سابىت، ئۇبەيد ئىبنى كەئب ۋە سەئىد ئىبنى ئاسنىڭ ئۈستىدە ئىدى. باشقىلار بۇ ئۈچ ساھابىگە ياردەم قىلاتتى.

سەئىد ئىبنى ئاسنىڭ قىرائىتى پەيغەمبىرىمىزنىڭ قىرائىتىگە ئوخشايدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن، قۇرئان ئۇنىڭ قىرائىتى بويىچە يېزىلدى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە، ھەيئەت بىرلىككە

(567) ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 9/316.



由 扫描全能王 扫描创建

كېلەلمىگەن مەسىلىلەرنى ئۇنىڭغا مەلۇم قىلاتتى. قۇرئان ئىلمىدە نوپۇزلۇق ھېساپلىنىدىغان ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەيئەت ئىچىدە كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى دەرھال ھەل قىلىپ، ئۇلارغا ياردەمچى بولاتتى. ھەيئەت ئۇزۇن مۇددەت جاپالىق ئىشلەش ئارقىلىق بۇ ۋەزىپىنى ئۇتۇقلۇق ھالدا ئاخىرلاشتۇردى.[568]

## پىتنىدىن يىراق تۇرۇشى

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆيى ئىسيانچىلار تەرىپىدىن قورشاۋغا ئېلىنىۋېلىنغان چاغدا سەئىد ئىبنى ئاس مەدىنىدە ئىدى. خەلىپىنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالغانلار ئۆزى كوفىدە كۆرەش قىلغان پىتنىخورلار ۋە ئۇلارنىڭ باشقا شەھەرلەردىكى ئەگەشكۈچىلىرى ئىدى. ئۇ مۇھاسىرە جەريانىدا ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلمىدى، ھەتتا ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا:

- ئى، مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى! قاچانغىچە بۇنداق قولىمىز باغلاقلىق ھالدا تۇرىمىز؟ ئۇ ئادەملەر بىزنى يەپ تۈگىتىدۇ، بەزىلىرى نەيزە، بەزىلىرى تاش ھەتتا بەزىلىرى چوڭ - چوڭ تاشلارنى ئېتىۋاتىدۇ. بەزىلىرى بولسا، قىلىچلىرىنى چىقىرىپ، سېنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن پۇرسەت ئىزدەۋاتىدۇ. رۇخسەت قىلغىن، ئۇرۇشايلى!- دېدى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، مېنىڭ سەۋەبىمدىن قان تۆكۈلۈشىنى خالىمايمەن. ئەگەر ئۇرۇش قىلسام، ئۇلارنى توسۇپ قالالايدىغانلىقىمغا ئىشىنىمەن. ئەمما، مەن ئۇلارنى ئاللاھقا تاپشۇرىمەن. قانداقلا بولمىسۇن، ئۇلار بىلەن ئاللاھنىڭ ئالدىدا بىر يەرگە جەم بولىمىز. ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سىلەرنى ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇمايمەن،- دېدى. سەئىد ئىبنى ئاس ئىسيانچىلارنى ياخشى

(568) ئىبنى كەسىر، ئەلبىدايە ۋەننىھايە، 1/1231؛ ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 6/310. تەپسىلىي مەلۇمات ئۈچۈن زەيد ئىبنى سابىتقا قاراڭ.



由 扫描全能王 扫描创建

تونۇيدىغان بولغاچقا، چىداپ تۇرالماي:

- ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سەندىن بۇيرۇق بېرىشنى تەلەپ قىلمايمەن،- دېدى ۋە سىرتقا چىقىپ ئىسيانچىلار بىلەن ئۇرۇشۇشقا باشلىدى. بىر ئىسيانچىنىڭ زەربىسى بىلەن ئېغىر يارىلىنىپ، ھوشىدىن كەتكۈچە ئۇرۇشتى.[569]

يېقىنلىرى ئۇنى ئۆيگە ئېلىپ بېرىپ داۋالاتتى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شېھىت قىلىنغاندىن كېيىن، يۈز بېرىۋاتقان بۇ قالايمىقانچىلىقلاردىن يىراق تۇردى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، ھەزرىتى تەلھە ۋە ھەزرىتى زۇبەير، مەككىدىن شامغا كېتىدىغان ۋاقىتتا سەئىد ئىبنى ئاسمۇ ئۇلار بىلەن بىللە كەتتى. مەررۇ زەھران دېگەن يەرگە كەلگەندە، سەئىد ئىبنى ئاس قوشۇنغا خىتاب قىلىپ:

- ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەدىنىيەلەشكە لايىق ھايات كەچۈردى. شېھىت بولۇپ، بۇ دۇنيادىن خۇشال ھالدا ئايرىلدى. ئاللاھ ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرىنى قاتمۇقات كۆپەيتىپ، خاتالىقلىرىنى ئۆچۈرۈپ، دەرىجىسىنى، نېمەت ئاتا قىلغان پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار، سالىھلار ۋە شېھىتلەرنىڭ سەۋىيەسىگە كۆتۈردى. ئۇلار نېمىدېگەن گۈزەل دوستلار!

- ئى، ئىنسانلار! سىلەر ھەزرىتى ئوسماننىڭ قېنىنى ئاققۇزغانلارنى، جازالاش ئۈچۈن يولغا چىققانلىقىڭلارنى بايان قىلىۋاتىسىلەر. ئەگەر شۇنداق قىلىشنى خالىساڭلار، ئۇنىڭ قاتىللىرى ئەنە شۇ يەردە. قىلىچلىرىمىزنى چىقىرىپ يېنىغا بارايلى. ئۇنداق قىلالمىساڭلار، ئۆيلىرىڭلارغا قايتىڭلار! ئىنسانلارنى مەمنۇن قىلىش ئۈچۈن ئۆزۈڭلارنىڭ ئۆلتۈرمەڭلار! ياخشى بىلىڭلاركى، ئۇلارنى ھېچقايسىسى، قىيامەت كۈنى سىلەرنى جازادىن قۇتۇلدۇرالمايدۇ،- دېدى.

مەرۋان ئىبنى ھەكەم ئۇنىڭغا قارشى چىقتى. مۇغىيرە ئىبنى شۇئبە بولسا:

(569) ئىبنى سەئىد. تەباقات، 5/34.



由 扫描全能王 扫描创建

- سەئىد ئىبنى ئاس توغرا سۆزلىدى، - دەپ ئۇنى قوللىدى. ھەتتا مۇغىيرە قالايمىقانچىلىق چىقارماقچى بولغانلارنىڭ تېخىمۇ كۆپ تەسىرگە ئۇچراپ كەتمەسلىك ئۈچۈن، ئۆزىگە ئەگەشكەن بىر توپ كىشىلەر بىلەن بىللە ئۇ يەردىن ئايرىلىپ تائىفقا كەتتى. سەئىد ئىبنى ئاس بولسا، مەككىگە قايتىپ كەلدى. مۇسۇلمانلار ئارىسىدا يۈز بەرگەن بۇ ئۇرۇشتىن يىراق تۇرۇش ئۈچۈن مەككىدە تۇردى.(570)

## مەدىنىگە ۋالىي بولۇشى

سەئىد ئىبنى ئاس مۇئاۋىيىنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە خېلى ئۇزۇن مەزگىل مەدىنىگە ۋالىي بولدى. ھەزرىتى مۇئاۋىيە پات - پات ئۇنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىۋېتىپ، ئورنىغا مەرۋان ئىبنى ھەكەمنى ۋالىي قىلاتتى. بەزىدە مەرۋاننى ۋەزىپىسىدىن ئېلىۋېتىپ ئورنىغا سەئىدنى ۋالىي قىلاتتى.

سەئىد ئىبنى ئاس ۋالىيلىق قىلىۋاتقان مەزگىلدە مۇئاۋىيە ئۇنىڭغا بىر پارچە مەكتۇپ يازدى؛ مەكتۇپىدا «ماڭا يېتىپ كەلگەن خەۋەرگە قارىغاندا، مەرۋان يولدىن چىقىپ، ئۆزىگە ھەشەمەتلىك بىر ئۆي سالدۇرۇپتۇ. مەكتۇپنى تاپشۇرۇپ ئالغان ھامان مەرۋاننىڭ ئۆيىنى يىقىپ تاشلىغىن!» دەپ بۇيرۇق قىلدى.

سەئىد ئىبنى ئاس مەكتۇپنى ئوقۇغاندىن كېيىن، مەرۋانغا ھەسەت قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ يالغان - ياۋىداق سۆزلەر بىلەن خەلىپىنى كۈشكۈرتكەنلىكىنى بايقاپ، خىزمەتچىسىگە مەكتۇپنى بېرىۋېتىپ:

- بۇنى ئاۋۇ ساندۇققا سېلىپ قويغىن! ھېچقانداق ئىش قىلماي، خەتنى ساقلاپ قوي، - دېدى.

بىر يىلدىن كېيىن مۇئاۋىيە يەنە سەئىد ئىبنى ئاسنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىۋېتىپ ئورنىغا مەرۋاننى ۋالىي قىلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئوخشاش مەكتۇپتىن بىرنى مەرۋانغا ئەۋەتتى. مەرۋان خەلىپىنىڭ بۇيرۇقىنى

---

(570) ئىبنى ئابدىلبەر، ئىستىئاب، 2/623؛ ئىبنى سەئىد، تەباقات، 5/34؛ ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 9/308.



由 扫描全能王 扫描创建

شەخسەن ئۆزى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن، سەئىد ئىبنى ئاسنىڭ ئۆيىگە باردى. ئۇ ۋاقىتتا سەئىد ئىبنى ئاس مەسجىدى نەبەۋىدە پېشىن نامىزىنى ئوقۇۋاتاتتى. خىزمەتچىسى يۈگۈرگەن پېتى مەسجىدكە بېرىپ، ئەھۋالنى خوجايىنىغا مەلۇم قىلدى. سەئىد ئىبنى ئاس ۋەقە بولغان يەرگە كېلىپ، مەرۋاننىڭ قولىدىن تۇتۇپ ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى. ئۇنىڭغا خەلىپىنىڭ بۇرۇن، ئۆزىگە مەرۋاننىڭ ئۆيىنى يىقىپ تاشلاش ئۈچۈن بۇيرۇق قىلىپ، بىر پارچە مەكتۇپ ئەۋەتكەنلىكىنى ئېيتتى ۋە خىزمەتچىسىگە قاراپ:

- ساڭا بەرگەن ھېلىقى مەكتۇپنى ئېلىپ چىققىن!- دەپ بۇيرۇدى. خىزمەتچىسى مەكتۇپنى ئېلىپ كېلىپ مەرۋانغا بەردى. ئەھۋالنى چۈشەنگەن مەرۋان قىلماقچى بولغان ئىشىدىن ۋاز كەچتى.[571]

## سېخىيلىقى

سەئىد ئىبنى ئاس ناھايىتى سېخىي كىشى ئىدى. كىشىلەرگە كۆڭۈل بۆلەتتى، موھتاجلارغا قولىدىن كېلىشىچە ياردەم قىلاتتى. بىر چاغدا ئۆزى ناھايىتى ياخشى تونۇيدىغان قۇرئان كەرىم ئۇستازلىرىدىن بىرى، ئىقتىسادى جەھەتتە قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىپ، ئېغىر ئەھۋالدا قالدى. ئايالى:

- ۋالىينى ناھايىتى سېخىي بىرى دېيىشىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ ئەھۋالىمىزنى ئېيتساڭ، بەلكى قىيىنچىلىقىمىزغا بىرەر چارە قىلار،- دېگەندە:

- ئەپسۇس، ئۇ يەرگە يۈزۈمنى قىزارتىپ بارمايمەن،- دېدى. ئايالى چىڭ تۇرۇۋېلىپ، ئاخىرى ۋالىينىڭ يېنىغا بېرىشقا قايىل قىلدى. قۇرئان ئۇستازى ۋالىينىڭ ئالدىغا بېرىپ، باشقا زىيارەتچىلەرنىڭ ئارىسىغا قوشۇلۇپ بىر ئاز ئولتۇردى. كىشىلەر زىيارەتنى تۈگىتىپ تارقىلىشقا باشلىغان بولسىمۇ، ئۇ تېخىچە ئولتۇراتتى. خىجىل بولۇپ، ۋالىيغا دەر - ئەھۋالنى

(571) ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 9/313.



由 扫描全能王 扫描创建

ئېيتالمايۋاتاتتى. سەئىد ئىبنى ئاس ئەھۋالنى چۈشىنىپ:

- بىرەر ئېھتىياجىڭ بارمىدى؟- دەپ سورىدى. ئالىم جاۋاب بەرمىدى. ۋالىي ئۆيىدىكى خىزمەتچىلىرىگە قاراپ:

- سىرتقا چىقىپ تۇرۇڭلار!- دېدى. ئۇلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن:

- ئىككىمىز يالغۇز قالدۇق، قېنى، قانداق قىيىنچىلىقىڭ بولسا ئېيتقىن!- دېدى. ئۇ يەنە گەپ قىلماي تۇراتتى. ئۇنىڭ خىجىل بولۇۋاتقانلىقىنى بايقاپ، چىراغنى ئۆچۈرۈۋېتىپ:

- ئاللاھ ساڭا مەرھەمەت قىلسۇن! يۈزۈمنىمۇ كۆرمەيۋاتىسەن، قېنى ئەمدى ئېھتىياجىڭنى ئېيتقىن!- دېدى. ئالىم:

- ئاللاھ ۋالىيمىزغا ياخشىلىق ئاتا قىلسۇن! ناھايىتى ئېغىر يوقلۇق ۋە قىيىنچىلىقتا قالدىم. ئەھۋالىمنى سىزگە ئېيتىشنى ئارزۇ قىلغان بولسامۇ، خىجىل بولۇپ ئېيتالمىدىم!- دېدى. ۋالىي:

- تاڭ ئاتقاندا پالانىنىڭ يېنىغا بارغىن! ئۇ مېنىڭ ۋەكىلىمدۇر، نىمىگە ئېھتىياجىڭ بولسا، ئۇ ساڭا ياردەم قىلىدۇ،- دېدى. ئالىم رەھمەت ئېيتىپ قايتىپ كەتتى. ئەتىسى ئەتىگەن ھېلىقى ئادەمنىڭ يېنىغا بېرىپ:

- ۋالىي مەن ئۈچۈن ساڭا بىر ئىش بۇيرۇماقچى ئىدى. ئامانىتىمنى بېرەمسەن؟- دېدى. ۋەكىل:

- ھەئە، بەرگەن نەرسىلەرنى كۆتۈرىدىغان بىرى بارمۇ؟- دەپ سورىدى. ئالىم ئۇ چاغدا «ۋەكىل ماڭا ئۇن، ياغ، يېمەكلىككە ئوخشاش، ئۆزى ئېغىر، باھاسى ئەرزان نەرسىلەرنى بېرىپ يولغا سېلىپ قويماقچى بولۇۋاتىدۇ» دەپ ئويلاپ قېلىپ بىر ئاز ئاچچىقلانغان ھالدا:

- كۆتۈرىدىغان ئادەم يوق،- دېدى ۋە ئۆيىگە قايتىپ كەتتى. ئىچكىرىگە كىرىپلا ئايالىغا كايىپ:

- مېنى ۋالىينىڭ يېنىغا بارغىن، دېدىڭ. دېگىنىڭ بويىچە بېرىپ يۈزۈمنى قىزارتىپ تەلەپ قىلدىم. ئەمما، ئۇ مېنى پەقەت بىر ئاز ئۇن



由 扫描全能王 扫描创建

ۋە يېمەكلىك بېرىدىغان بىرىنىڭ يېنىغا ئەۋەتتى. ئەگەر بېرىدىغان مېلى بولسا، ماڭىلا بېرەتتى، كۆتۈرىدىغان ئادەمگە كېرەك يوقتى،- دېدى. ئايالى:

- بەرگەن نەرسىنى ئاز كۆرمەي نېمىشقا ئالمىدىڭىز؟ ھېچبولمىغاندا ئۇنىڭ بىلەن بىر مەزگىل كۆڭۈل ئۆتكۈزەتتۇق،- دېدى. ئايالىنىڭ دېگەنلىرى ئورۇنلۇق ئىدى. ھازىر پىتنىنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوتقا تاشلايدىغان ۋاقت ئەمەس ئىدى. ئايالىغا:

- توغرا ئېيتتىڭ!- دەپ ئۆيىدىن چىقىپ ۋەكىلنىڭ يېنىغا باردى. ۋەكىل ئالىمنى كۆرۈپ:

- كەلگىن، مەنمۇ ھازىر سېنى چاقىرتاي دەپ تۇرغان ئىدىم. ۋالىيغا ساڭا بەرگەن ماللارنى توشۇيدىغان ئادىمىڭنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتسام. ماللىرىڭنى توشۇش ئۈچۈن ئۈچ قۇل ئەۋەتتى. ئۇلار ماللىرىڭنى توشۇشقا ياردەم قىلىدۇ،- دېدى.

ئۇلار بىرلىكتە ۋەكىلنىڭ ئۆيىگە باردى. ۋەكىل كەلگەن ھەر بىر ئادەمگە ئىچىگە 10 مىڭ دەرھەمدىن پۇل سېلىنغان بىردىن قاپ بەرگەندىن كېيىن:

بۇلارنى ئۇنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ بېرىپ، قايتىپ كېلىڭلار!- دېدى. قۇللار ئىشلىرىنى تۈگىتىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ۋالىي ئۇلارنى ئازاد قىلدى. چۈنكى خىلى ئۇزۇن زاماندىن بېرى ئۆزىگە ناھايىتى ياخشى ئىشتىن بىرىنى پىرىنسىپ قىلىۋالغانىدى. بىرىگە بىر قۇلدىن ھەدىيە ئەۋەتسە، قۇل قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا:

- سېنى ئازاد قىلدىم،- دەپ خۇشخەۋەر بېرەتتى.[572]

ئۇنىڭ سېخىيلىقى تىللاردا داستان بولدى. بىر كۈنى بىر سەھرالىق ئەرەب ئۇنىڭدىن ياردەم تەلەپ قىلدى. سەئىد ئىبنى ئاس خىزمەتچىسىگە:

- ئۇ ئادەمگە 500 بەرگىن!- دەپلا ئۇ يەردىن كېتىپ قالدى.

(572) تەبەرى. تارىخ. 1232.

خىزمەتچىسى يۈگۈرۈپ يېنىغا بېرىپ:

- 500 دەرھەممۇ ياكى دىنارمۇ؟- دەپ سورىدى. بىر دىنار قىرىق دەرھەم ئىدى. سەئىد ئىبنى ئاس:

ئەلۋەتتە دەرھەم- دېدى ۋە ئارقىدىنلا:

- ئۇ ئادەم بەلكى دىنار بېرىدۇ، دەپ ئويلاپ قالغاندۇ. ئۇ ئۈمىدسىزلىنىپ قالمىسۇن 500 دىنار بەرگىن!- دېدى.

ئۇ سەھرالىق ئەرەب ئالتۇنلارنى ئالغاندىن كېيىن، ئولتۇرۇپ يىغلاشقا باشلىدى. سەئىد ئىبنى ئاس ھەيران بولغان ھالدا ئادەمنىڭ يېنىغا بېرىپ:

- يەنە نېمىگە يىغلايسەن؟ ئاللاھ سېنىڭ ئېھتىياجىڭنى ھەل قىلمىدىمۇ؟- دەپ سورىدى. ئۇ كىشى:

شۇنداق، ئېھتىياجىم ناھايىتى ياخشى ھەل بولدى. مەن ئۆزۈم ئۈچۈن يىغلىمىدىم. شۇ تۇپراقنىڭ سەندەك بىر ئادەمنى يەپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلاپ يىغلاۋاتىمەن،- دېدى.[573]

سەئىد ئىبنى ئاس بېرىدىغان مال- مۈلكى يوق ۋاقىتتا، بىرسى ئۇنىڭدىن بىر نەرسە تەلەپ قىلىپ كەلسە، ئۇنىڭغا ‹يوق› دېمەي ‹قەرزىم بولسۇن، ئەھۋالىم ياخشىلانغاندا چوقۇم ساڭا پۇل بېرىمەن› دەيتتى. ھەتتا بۇنىڭ ئۈچۈن ھۆججەت يېزىپ بېرەتتى.

زۇبەير بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: سەئىد ئىبنى ئاس ۋالىيلىقتىن ئېلىۋېتىلگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەسجىدى نەبەۋىدىن چىقىپ ئۆيىگە كېتىۋاتاتتى. بىر ئادەمنىڭ ئارقىسىدىن كېلىۋاتقانلىقىنى بايقاپ، ئارقىسىغا قاراپ:

- بىرەر ئېھتىياجىڭ بارمىدى؟- دەپ سورىدى. ئۇ كىشى:

- ياق، سېنىڭ يالغۇز ئىكەنلىكىڭنى كۆرۈپ، ھەمراھ بولاي

(573) ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 9/314.

دېگەنتىم،- دېدى. سەئىد:

- جىيەنىم، ئاللاھمۇ سېنى يالغۇز قويمىسۇن!- دەپ دۇئا قىلدى. ئاندىن يەنە يېنىغا چاقىرىپ:

- ماڭا بىر قەلەم ۋە تېرە پارچىسى ئېلىپ كەلگىن!- دېدى. ئۇ كىشى ئۇنى ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن:

- ئەمدى، پالانى كىشىنى بۇ يەرگە چاقىرغىن!- دېدى.

چاقىرغان كىشى كەلگەندە، ئۇنى گۇۋاھچى قىلىپ تۇرۇپ خۇددى ئۇ ئادەمگە قەرزى باردەك، كېيىن 20 مىڭ دەرھەم بېرىدىغانلىقىغا ھۆججەت يېزىپ بېرىپ «پۇل تاپقاندا يازغان بۇ دەرھەمنى ساڭا بېرىمەن» دېدى.

ئەمما ئۇنداق قىلىشقا ئۆمرى يەتمەي، شۇ يىلى ۋاپات بولۇپ، ھېلىقى ئادەم مەزكۇر ھۆججەتنى چىقىرىپ ئوغلىغا كۆرسەتتى. ئوغلى قەتئىي ئىككىلەنمەستىن دادىسىنىڭ قەرزىنى قايتۇردى.[574]

## بىر پىيالە سۇ

سەئىد ئىبنى ئاس بىر كۈنى مەدىنە كوچىلىرىدا ئايلىنىپ يۈرۈۋېتىپ، ناھايىتى قاتتىق ئۇسساپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى، - دە، دەرھال يېقىن ئەتراپتىكى بىر ئۆينىڭ ئىشىكىنى چەكتى. ئىشىكنى ئاچقان ئادەمدىن ناھايىتى ئۇسساپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ، بىر ئىستاكان سۇ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. ئۇ كىشى ئىچكىرىگە كىرىپ كېتىپ بىر ئىستاكان سۇ ئېلىپ چىقتى. سەئىد ئىبنى ئاس سۇنى ئىچىپ، رەھمەت ئېيتىپ كېتىپ قالدى. بىر مەزگىل ئۆتۈپ ۋالىي بولغاندا، ئۇ ئادەمنى بىر توپ كىشىلەرنىڭ ئىچىدە كۆرۈپ قالدى. قەرزى بولغاچقا ئۆيىنى 4000 دىنارغا سېتىش ئالدىدا تۇرۇۋاتاتتى. سەئىد ئىبنى ئاس ئەھۋالنى كۆرۈپ، خىزمەتچىسىگە:

[574] ئىبنى ئابدىلبەر، ئىستىئاب، 2/623.



由 扫描全能王 扫描创建

- ئۇ ئادەمدىن ئۆيىنى نېمە ئۈچۈن ساتىدىغانلىقىنى سورىغىن!.
دېدى. خىزمەتچى ئۆيىنى نېمىشقا ساتماقچى بولغانلىقىنى ئۇقۇپ كېلىپ:

- 4000 دىنار قەرزى بار ئىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆيىنى ساتماقچى بوپتۇ،- دېدى. سەئىد:

- ئۇ ئادەمنىڭ بىزنىڭ ئۈستىمىزدە ھەققى بار. ئۇ ھېلىقى كۈنى بىزگە سۇ بەرگەنىدى،- دېدى. ئاندىن دەرھال ئۇلىغىنى تەييارلاپ، ئۇ ئادەمنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىغىچە باردى، ئۇلىغىدىن چۈشۈپ، ئىشىكنى قاقتى. ئىشىك ئېچىلغاندىن كېيىن:

- ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!- دەپ سالام بەردى. قەرز ئىگىلىرىمۇ يېنىدا بار بولۇپ، ئۆي ئىگىسى قېيىن ئەھۋالدا ئىدى. دەل ۋاقتىدا كەلگەنلىكىنى بايقىغان ۋالىي قەرز ئىگىلىرىدىن:

- ئالىدىغان قانچە پۇلۇڭلار بار ئىدى؟- دەپ سورىدى. ئۇلار:

- 4000 دىنار،- دېيىشتى. ۋالىي:

- بۇ قەرزنى مېنىڭ ئۈستۈمگە ئېلىشىمنى خالامسىلەر؟- دېدى.

ئۇلار:

- بولىدۇ،- دېدى. ۋالىي ئۆي ئىگىسىگە:

- ئۆيۈڭدە خۇشال - خۇرام ئولتۇرۇشنى داۋاملاشتۇرغىن!- دېدى. ئۇنىڭ قەرزىنى تۆلەپ، ناھايىتى ئېغىر بىر قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزۇپ قويدى.(575)

سەئىد ئىبنى ئاس ھەپتىنىڭ بىر كۈنى چوقۇم دوستلىرى ۋە قوشنىلىرىنى ئۆيىگە تاماققا تەكلىپ قىلاتتى. ئۇلار ئۆيىگە كەلگەندە ناھايىتى ئاددىي - ساددا كىيىنەتتى. كېتىدىغان ۋاقتىدا ئۇلارغا ھەدىيە بېرەتتى، مېھمانلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە ۋە باللىرىغا ھەدىيە ئەۋەتىشكىمۇ سەل قارىمايتتى.

(575) ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 9/314.

كۇفەدە ۋالىيلىق قىلىۋاتقان ۋاقىتتا ھەر جۈمە كۈنى ئاخشاملىرى خىزمەتچىلىرىگە قاپچۇق تەييارلىتىپ، ھەر بىرىنىڭ ئىچىگە بىر قانچە دىنار قويىۋاتتى. ناماز ۋاقتى بولغاندا، خىزمەتچىلەر ۋالىينىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە جامەگە بېرىپ، ئىچىگە بىر قانچە ئالتۇن سېلىنغان قاپچۇقلارنى ناماز ئوقۇۋاتقانلارنىڭ يېنىغا قويۇپ قويىۋاتتى. بۇ ئەھۋال ئادەتكە ئايلانغاندىن كېيىن، ھەر جۈمە كېچىلىرى جامە لىقمۇلىق توشۇپ كېتەتتى، ئۇ كۈن جامە بايرام كۈنىدەك بولۇپ كېتەتتى.(576)

ئۇ ۋاپات بولغان يىلى ئاچارچىلىق يۈز بېرىپ، كىشىلەر ئېغىر قىيىنچىلىقتا قالغانىدى. سەئىد ئىبنى ئاس ئۇ ۋاقىتتا مەدىنە ۋالىيسى بولۇپ، خەزىنىدە نېمە بولسا، ھەممىسىنى ئاخىرقى سىنتىغىچە مۇھتاج كىشىلەرگە تارقىتىپ بەردى. ئىش بۇزىدىغان بەزى كىشىلەر جىم تۇرماي ئەھۋالنى خەلىپىگە مەلۇم قىلدى. ھەزرىتى مۇئاۋىيە خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئاچچىقلىنىپ ئۇنى ۋالىيلىقتىن ئېلىپ تاشلىدى.

## ۋاپاتى

سەئىد ئىبنى ئاس خېلىلا ياشىنىپ قالغان بولۇپ، ۋەزىپىسىدىن ئېلىۋېتىلگەن يىلى قاتتىق كېسەل بولۇپ قالدى. ئوغلى ئۆمەرنى يېنىغا چاقىرىپ:

- يېنىمدا بار چېغىڭدىمۇ يوق چېغىڭدىمۇ دائىم سەندىن رازى بولدۇم، قەرزلىرىمنى ئېنىقلاپ چىقىپ، ئۇلارنى قايتۇرغىن! بۇ ئىشتا ھەرگىزمۇ خەلىپىدىن ياردەم تەلەپ قىلمىغىن! ماللىرىمنى سېتىپ قەرزىمنى قايتۇرغىن، قىزلىرىمغا كۆز - قۇلاق بولغىن. ئىشلىرى بولمىسا، خالىغانچە سىرتقا چىقمىسۇن. ئۆيلىرى دائىملىق تۇرالغۇسى بولسۇن. دوستلىرىمغا مېنىڭ يوقلۇقۇمنى چاندۇرمىغىن. سەنمۇ ماڭا ئوخشاش ئۇلارغا كۆز - قۇلاق بولغىن!- دېدى.

(576) ئىبنۇل ئەسىر، ئۇسدۇلغابە، 2082؛ ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 9/313.



由 扫描全能王 扫描创建

كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالغاندا، بالىلىرىنى يېنىغا چاقىرىپ:

- قايسىڭلار ۋەسىيىتىمنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى ئورۇندايسىلەر؟- دەپ سورىدى. چوڭ ئوغلى:

- مەن قوبۇل قىلىمەن، دادا!- دېدى. سەئىد:

- قايتۇرۇشقا تېگىشلىك بولغان قەرزلىرىمنى قايتۇرغىن!- دېدى. ئوغلى:

- قانچىلىك قەرزىڭ بار؟- دەپ سورىدى. سەئىد:

- 80 مىڭ دىنار،- دېدى. ئوغلى:

- دادا، ئۇنچىلىك ئالتۇننى كىمدىن ئالدىڭ؟- دەپ سورىدى. سەئىد:

- قىممەتلىك بىر دوستۇمدىن ئالدىم. خىجىللىقتىن يۈزلىرى قىزىرىپ كەتكەن بىر ئادەم ئېھتىياجى بارلىقىنى ئېيتىپ ئالدىمغا كەلگەندى. ئەھۋالىنى بايقىغاندىن كېيىن، ئۇ تەلەپ قىلمىسىمۇ مەن بەردىم. ئى، ئوغلۇم! شۇنىڭدەك بىرى سېنىڭ يېنىڭغا كەلسە، سەنمۇ مەن قىلغاندەك قىلغىن. ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، پۈتۈن ماللىرىڭنى بەرسەڭمۇ، يەنىلا قىلىشىڭغا ئەرزىيدۇ.

- ئوغۇللىرىم! ئەگەر ياخشىلىق ئاسان قىلغىلى بولىدىغان ئاددىي بىر ئىش بولغان بولسا ئىدى، يامان كىشىلەر ئۇنى قىلىشتا ياخشىلاردىن ئېشىپ كەتكەن بولاتتى. ياخشىلىق ئاچچىقتۇر، ئۇنى پەقەت ياخشىلىقنىڭ قىممىتىنى بىلىدىغانلار سەۋر بىلەن قىلىدۇ ۋە ساۋابىنى كۈتىدۇ.

- خەلق ئىچىدىكى ئابرۇيلۇق كىشىلەرنى، چوڭلارنى ھۆرمەت قىلمىساڭلار، سىلەرگە نەپرەت بىلەن قارايدۇ. ئادەتتىكى كىشىلەرنى كۆزگە ئىلماي، ئۇلارنى مەسخىرە قىلساڭلار، ئەخلاقىڭلار بۇزۇلۇپ، ئىناۋىتىڭلار چۈشۈپ كېتىدۇ،- دېدى.

- سەئىد ئىبنى ئاس ھىجرىيەنىڭ 59- يىلى ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئوغلى ئۇنى دەپنە قىلىپ بولۇپ، ئەھۋالنى مەلۇم



由 扫描全能王 扫描创建

قىلىش ئۈچۈن شامغا باردى. ھەزرىتى مۇئاۋىيە ئوغلىغا كۆڭلىنىڭ يېرىم بولغانلىقىنى ۋە تەزىيەسىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن:

- قەرزلىرى بارمىتى؟- دەپ سورىدى. ئوغلى:

- ھەئە، 300 مىڭ دەرھەم قەرزى بار ئىدى،- دېدى. مۇئاۋىيە:

- مەن قايتۇراي،- دېدى. ئوغلى:

- دادام ئۇنى ئۆزىنىڭ مېلىنى سېتىپ قايتۇرۇشۇمنى بۇيرۇغانىدى،- دېدى. مۇئاۋىيە:

- ئۇنداقتا ئۇنى ماڭا ساتقىن،- دېدى. ئوغلى:

- بولىدۇ، ۋەسىيەتكە خىلاپ ئەمەس،- دېدى. مۇئاۋىيە سەئىد ئىبنى ئاسنىڭماللىرىنى يۇقىرى باھادا سېتىۋېلىپ، قەرزلىرىنى قايتۇرۇشقا ياردەمچى بولدى.[577]

(577) ئىبنۇل ئەسىر، ئۇسدۇلغابە، 2082؛ ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 9/315.



由 扫描全能王 扫描创建

ئۈچىنچى بۆلۈم

# پەيغەمبىرىمىزنىڭ هىمايىسى ئاستىدىكى باللار ۋە يېقىن تۇغقانلىرى

由 扫描全能王 扫描创建

# ئابدۇللاھ، ئەۋن ۋە مۇھەممەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى ھەزرىتى جەئفەر بىلەن ئايالى ئەسما بىنتى ئۇمەيس دەۋەتنىڭ تۇنجى كۈنلىرىدىلا ئىسلامنى قوبۇل قىلدى. مۇشرىكلارنىڭ زۇلمى كۈچەيگەنسېرى مۇسۇلمانلار پەيغەمبىرىمىزنىڭ رۇخسىتى بىلەن ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىشقا باشلىدى. كېتىۋاتقانلار ئارىسىدا ھەزرىتى جەئفەر ۋە ئايالى ئەسمامۇ بار ئىدى.

ھەزرىتى جەئفەر ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغان ساھابىلەرنىڭ باشلىقى بولۇپ، ئون بەش يىل بويىچە بۇ ۋەزىپىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك داۋاملاشتۇردى. مەككىلىكلەر تاكى ئۇ يەرگە قەدەر قوغلىرىنى ئۇزاتقان بولسىمۇ، ھەبەشىستان پادىشاھى ۋە خەلقى بىلەن ئورناتقان ياخشى مۇناسىۋىتى ۋە مۇداپىئەسىنىڭ سايىسىدا پادىشاھنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇنلىغان ھەبەشىستانلىق ۋە دىن ئادەملىرىنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىغا ۋەسىلە بولدى.

ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىپ بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن تۇنجى پەرزەنتى ئابدۇللاھ دۇنياغا كۆز ئاچتى. ئارقىدىنلا يەنە ئەۋن ۋە مۇھەممەد ئىسىملىك ئىككى بالىسى بولدى.

بالىلىرى ھىجرىيەنىڭ يەتتىنچى يىلىغىچە ھەبەشىستاندا ياشىدى. خەيبەرنىڭ پەتھى قىلىنىشى جەريانىدا ئائىلىسى بىلەن بىللە ھەبەشىستاندىن ئايرىلىپ كېمىلەرگە ئولتۇرۇپ مەدىنىگە ھىجرەت قىلدى. ئۇ چاغدا چوڭ ئاكىسى ئابدۇللاھ يەتتە ياش، ئەۋن بەش ياش ۋە مۇھەممەد ئەمدىلا تۆت ياشقا كىرگەن ئىدى. مۇھاجىرلارنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشى



由 扫描全能王 扫描创建

پەيغەمبىرىمىزنى ناھايىتى ھاياجانلاندۇرغان بولۇپ، ئىشەنگۈسىز دەرىجىدە خۇشال بولغانىدى. پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى جەئفەرنى بويىنىدىن قۇچاقلاپ تۇرۇپ:

— قايسىسىغا بەكرەك خۇشال بولۇشۇمنى بىلەلمەيۋاتىمەن. جەئفەرنىڭ كېلىشىگىمۇ ياكى خەيبەرنىڭ پەتھى قىلىنىشىغىمۇ؟ — دەپ نەقەدەر سۆيۈنگەنلىكىنى ئىپادىلىدى.[578]

## پەيغەمبىرىمىز بىلەن بىللە

ئابدۇللاھ، ئەۋن ۋە مۇھەممەد قېرىنداشلار تۆت يىل پەيغەمبىرىمىز بىلەن بىللە تۇرغان بولۇپ، ھەر دائىم ئۇنىڭ ئەتراپىدىلا يۈرەتتى. ئۇنىڭ بىلەن گۈزەل ئەسلىمىلىرى بار ئىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر بۇ ئەسلىمىلىرىدىن بەزىلىرىنى سۆزلەپ بېرىش ئارقىلىق پەيغەمبىرىمىزنى ۋە ساھابىلەرنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇشىمىزغا ۋەسىلە بولدى. ئۇنىڭ ئېغىزى ئارقىلىق بۇ ئەسلىمىلەرگە بىرلىكتە قۇلاق سالايلى:

پەيغەمبىرىمىز سەپەردىن قايتىپ كەلسە، ئائىلىسىدىكى بالىلار خۇشال بولۇشۇپ، ئۇنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن تاكى شەھەرنىڭ كىرىش ئېغىزىغىچە يۈگۈرۈشۈپ باراتتى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ بىر قېتىملىق سەپەردىن قايتىشى ئىدى. باشقا بالىلارنىڭ ئالدىدا يۈگۈرۈپ پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا باردىم. مېنى كۆرۈپ يېنىغا چاقىرىپ، ئۇلىغىنىڭ ئالدى تەرىپىدە ئولتۇرغۇزدى. ئارقىدىن فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئوغۇللىرىدىن ھەسەن ۋە ھۈسەيىن كەلدى. ئۇلارنىمۇ ئۇلىغىغا مىندۈردى. بىز مىنىپ بولغاندىن كېيىن تۆگە قوزغىلىپ، يولىنى داۋاملاشتۇردى. ئۈچىمىز بىرلىكتە شۇ ھالەتتە مەدىنىگە كىردۇق.[579]

بالىلارنىڭ كۆپىنچىسى پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىدا بولۇشنى، ئۇنىڭ

(578) شامى، سۇبۇلۇل ھۇدا، 11/108.

(579) زەھەبى، سىيەر، 3182؛ شەخس؛ ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 12/74.

ئۇلغىغا مىنىشنى ئارزۇ قىلاتتى. پەيغەمبىرىمىز ئۇلغىغا ئىخمۇ كۆپ باللارنى مىندۇرۇش ئۇچۇن، ھەر قېتىم سەپەردىن قايتقاندا، نۆۋەت بىلەن باشقا باللارنىمۇ تۆگىسىگە مىندۇرەتتى.

بىر كۈنى ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر يېقىن دوستى ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير بىلەن پاراڭلىشىۋاتاتتى. پەيغەمبىرىمىز بىلەن بىللە ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىنى ئەسلەپ، ئەسلىملىرىنى بىر - بىرلىرىگە سۆزلەپ بېرىشىۋاتاتتى. ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر ئۇنىڭغا:

- يادىڭدا بارمۇ؟ بىركۈنى سەن، مەن ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى ئاببباس ئۈچىمىز بىللە تۇرۇۋاتقان چېغىمىزدا پەيغەمبىرىمىز ئۇچراپ قالدى. ئۇ چاغدا پەيغەمبىرىمىز بىزنى ئۇلغىغا مىندۈرۈپ، سېنى مىندۇرمىگەنىدى، - دېدى.(580)

بەزىدە يېشى ئىخى كىچىك بولسىمۇ، پەيغەمبىرىمىز بىلەن بىللە قەتئىي ئۇنتۇلماس گۈزەل ۋاقىتلارنى ئۆتكۈزەتتى. ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر بۇ گۈزەل كۈنلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبىرىمىز بىر كۈنى مېنى جەزىسىگە ئالدى. يولدا كېتىۋېتىپ ماڭا بىر سىرنى ئېيتىپ بەردى. ئۇ سىرنى ھازىرغىچە ھېچكىمگە ئېيتمىدىم.»(581)

ئۇرۋە بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر بىلەن ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير يەتتە ياش چاغلىرىدا بىرلىكتە پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا باردى. پەيغەمبىرىمىز ئۇلارنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ، تەبەسسۇم قىلدى. قولنى ئۇزارتىپ ئۇلارنىڭ بەيئىتىنى قوبۇل قىلدى.»(582)

ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىدا تۇرۇش جەريانىدا ئۇرغۇنلىغان گۈزەل ئەسلىملەرگە شاھىت بولغانىدى. ئۇ ئۇلارنىڭ بىرى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى پەيغەمبىرىمىز مەدىنىلىك بىر مۇسۇلماننىڭ خورمىلىق بېغىغا كىردى. باغدا بىر تۆگە بار ئىدى.

(580) بۇخارى، جىھاد، 196؛ مۇسلىم، فەدائىلۇسساھابە، 65.
(581) مۇسلىم، ھەيز، 79؛ ئىبنى ھەجەر، ئىسابە، 4593.
(582) ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 12/74.



由 扫描全能王 扫描创建

پەيغەمبىرىمىز تۆگىنىڭ ئىڭراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ كۆزىگە ياش ئالدى. تۆگىنىڭ بېشىنى ۋە مۈرىسىنى سىلاپ تىنچلاندۇرغاندىن كېيىن، ئەتراپىدىكىلەردىن:

- بۇ كىمنىڭ تۆگىسى؟ بۇ تۆگىنىڭ ئىگىسى كىم؟-دەپ سورىدى.

مەدىنىلىك بىر ياش پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا كېلىپ:

- ئى، رەسۇلۇللاھ! ئۇ مېنىڭ تۆگەم،- دېدى. پەيغەمبىرىمىز:

- شۇ تۆگەڭگە قىلغانلىرىڭ تۈپەيلى، ئاللاھتىن قورقماسەن؟ تۆگە ماڭا سېنىڭ ئۇنى ئاچ قويىدىغانلىقىڭنى، قوپال مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىڭنى ئېيتىپ ئۈستۈڭدىن شىكايەت قىلدى،- دەپ كايىدى. ياش بۇنىڭدىن كېيىن تۆگىسىنى ئاچ قويماي، ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بەردى.[583]

## دادىسىنىڭ شېھىت بولۇشى

مەدىنىگە كېلىپ بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ دادىسىمۇ قاتناشقان بىر قوشۇننى رىملىقلارغا قارشى مۇئتەگە ئۇرۇش قىلىشقا ئەۋەتتى. ئىسلام قوشۇنى 3 مىڭ، رىم قوشۇنلىرى كەم دېگەندىمۇ 100 مىڭ كىشى ئىدى. ئۇلاردىن ئوتتۇز - قىرىق ھەسسە كۆپ ئىدى. ئىسلام قوشۇنىنىڭ قوماندانلىرى پەيغەمبىرىمىزنىڭ يولغا چىقىشتىن بۇرۇن ئېيتقىنىدەك بىر – بىرلەپ شېھىت بولۇپ كەتمەكتە ئىدى.

غەيبنىڭ پەردىلىرى ئېچىلغان بولۇپ، پەيغەمبىرىمىز ئىنتايىن ئازابلانغان ھالدا بىر ئايلىق يىراق يەردىكى قوماندانلىرىنىڭ شېھىت بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قايغۇ ئىچىدە ساھابىلەرگە سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى:

قوشۇن قايتىپ كېلىشتىن ئۈچ - تۆت كۈن بۇرۇن پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى جەئفەرنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئايالى ۋە بالىلىرىغا تەسەللىي بەردى.

(583) ئىبنۇل ئەسىر، ئۇسدۇلغابە، 2861؛ ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 12/72.

ئەسما بىنتى ئۇمەيس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «جەئفەر شېھىت بولغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ ئۆيگە كەلدى. ئۇ چاغدا مەن خېمىر يۇغۇرۇپ، قىرىق دانە ياغلىق نان پىشۇرۇپ، بالىلىرىمنى پاكىز يۇيۇپ تاراپ، پۇراقلىق نەرسىلەرنى چاچقاندىم. پەيغەمبىرىمىز ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن:

- جەئفەرنىڭ بالىلىرىنى ئېلىپ كېلىڭلار!- دەپ بۇيرۇدى. بالىلار يېنىغا كەلگەندە ئۇلارنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ ھىدلىدى. كۆزلىرى ياشقا تولغان بولۇپ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا چىدىيالماي يىغلىۋەتتى. مەن:

- ئى، رەسۇلۇللاھ! ئاتا - ئانام ساڭا پىدا بولسۇن، نېمىشقا يىغلايسەن؟ ياكى جەئفەر ھەققىدە بىرەر خەۋەر كەلدىمۇ؟ ئۇنىڭغا بىر ئىش بوپتىمۇ؟- دەپ سورىدىم. پەيغەمبىرىمىز:

- شۇنداق، جەئفەر بۈگۈن شېھىت بولدى،- دېدى. مەن پەرياد سېلىپ يىغلاشقا باشلىدىم. پەيغەمبىرىمىز:

- ئى، ئەسما! يىغلا، لېكىن ھەرگىزمۇ قالايمىقان سۆزلەرنى قىلما، مەيدەڭگە مۇشتلىما!- دېدى. بىر ئازدىن كېيىن ئاسمانغا قارىدى، - دە:

- ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام!- دەپ بىرىنىڭ سالامىنى قوبۇل قىلدى. ئاندىن ماڭا قاراپ:

- ئى، ئەسما، قارا! جەئفەر جىبرىئىل، مىكائىل ۋە باشقا پەرىشتىلەر بىلەن بىللە ھازىر بۇ يەرگە كەلدى. جەئفەر ماڭا قانداق شېھىت بولغانلىقىنى ئۆز ئېغىزى بىلەن سۆزلەپ بەردى: «مۇشرىكلار بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، يەتمىش ئۈچ يېرىمدىن زەربە يەپ يارىلاندىم. بايراق ئوڭ قولۇمدا ئىدى. رىملاردىن بىرى بىر زەربە بىلەن ئوڭ قولۇمنى كەستى. بايراقنى سول قولۇمغا ئالدىم. رىم ئەسكەرلىرىدىن يەنە بىرى، بىر زەربە بىلەن سول قولۇمنى كەستى. ئاندىن يەنە بىر زەربە بىلەن بەدىنىمنى ئىككىگە ئايرىدى. شېھىت بولغاندىن كېيىن ئاللاھ تائالا ماڭا ئىككى قولۇمنىڭ ئورنىغا ئىككى قانات بەردى. ھازىر جەننەتتە



由 扫描全能王 扫描创建

جىبرىئىل، مىكائىل بىلەن بىللە خالىغان يېرىمگە ئۇچۇپ بېرىپ، خالىغان مېۋىنى يەۋاتىمەن.»

ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلەپ بەرگەنلىرىنى كۆز ياشلىرى ئىچىدە ئاڭلىغاندىن كېيىن يولدىشىنى تەبرىكلىدى. ئاندىن پەيغەمبىرىمىزدىن بىر ئىشنى ئىلتىماس قىلىپ:

- جەئفەرنى تەبرىكلەيمەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا ناھايىتى گۈزەل ھايات ئاتا قىلىپتۇ. بۇلارنى خەلققە سۆزلەپ بەرسەم، ماڭا ئىشەنمەيدىغانلىقىدىن قورقىمەن. ئى، رەسۇلۇللاھ! سەن مۇنبەرگە چىقىپ، بۇلارنى خەلققىمۇ سۆزلەپ بېرەمسەن؟ - دېدى.

ئابدۇللاھ ۋەقەنىڭ داۋامىنى ھېكايە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبىرىمىزنىڭ بىزنىڭ ئۆيگە كەلگەنلىكىنى ئەسلىيەلەيمەن. ئانام دادام ئۈچۈن يىغلاپ مەرسىيە ئوقۇشقا باشلىغاندا، پەيغەمبىرىمىز مېنىڭ ۋە ئۇكىلىرىمنىڭ بېشىنى سىلاۋاتاتتى. داۋاملىق يىغلاۋەرگەچكە كۆزلىرىدىن ئاققان ياش ساقىلىنى ھۆل قىلىۋەتكەنىدى. ھەم يىغلاپ، ھەم بىزگە دۇئا قىلىپ:

- ئى، پەرۋەردىگارىم! جەئفەرنىڭ ياخشى ئەمەللىرى ساڭا يەتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدا قالغان ئەۋلادلىرىغا ئەڭ گۈزەل نېمەتلەرنى ئاتا قىلغىن! - دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنىڭ قولۇمدىن تۇتۇپ مەسجىدى نەبەۋىگە ئېلىپ باردى. يول بويى بېشىمنى سىلاپ ماڭدى. مۇنبەرگە چىققان ۋاقتىدا مېنى بىر قات ئاستىدا ئولتۇرغۇزدى. كۆڭلىنىڭ يېرىملىقى ھالىدىن چىقىپلا تۇراتتى. پەيغەمبىرىمىز سۆزىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، خەلق دادامنىڭ جەننەتتە ئۇچقانلىقىنى تەسۋىرلەش ئۈچۈن، ئۇنى ‹جەئفەرى تايىار› دەپ ئاتاشتى.

پەيغەمبىرىمىز ئۆيىگە بارغاندىن كېيىن ئايالىرىغا: ‹جەئفەرنىڭ ئائىلىسىگە كۆڭۈل بۆلۈڭلار! ئۇلار ھازىر مۇسىبەتتە بولغانلىقى ئۈچۈن

ئۆزلىرىگە قارىيالمايدۇ، تاماق ئېتىپ، ئۇلارغا ئاپىرىپ بېرىڭلار!> دېدى. ئۇكىلىرىمنىمۇ چاقىرىپ، بىزنى يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ تاماق يېگۈزدى. تاماق ناھايىتى مەزىلىك ۋە بەرىكەتلىك ئىدى. خىزمەتچىسى سەلما رەزىيەللاھۇ ئەنھا، بۇغداي ئېلىپ ئۇن تارتىپ، خېمىر يۇغۇرۇپ، زەيتۇن ياغلىق قىلىپ نان پىشۇردى. ئۈستىگە قىزىلمۇچ سۈرتتى. قورسىقىمىز ئاچقاندا بىزگە ئۇنىڭدىن بېرەتتى. ئۈچ كۈنگىچە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۆيىدە تۇردۇق. پەيغەمبىرىمىز ۋە ئۇكىلىرىم بىلەن بىرلىكتە بازارغا بېرىپ بىر قوي سېتىۋالدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- پەرۋەردىگارىم! ئېلىپ - سېتىشىنى مۇبارەك قىلغىن! - دەپ ماڭا دۇئا قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە نېمىلا سېتىۋالماي ھەمىشە بەرىكەتلىك بولدى.[584]»

يولدىشىنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغان، ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە كۆپلىگەن خاپىلىق ۋە خۇشاللىقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن، نۇرغۇن يىل مۇرنى - مۇرىگە تىرەپ جاپالىق كۈرەش قىلغان ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۆزىنى تۇتالماي ئۇھتاتتى. يېنىغا كەلگەن ئاياللار بىلەن بىللە ھىچقىرىقلارغا بوغۇلغىچە يىغلايتتى. ساھابىلەردىن بىرى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى. پەيغەمبىرىمىز:

- ئۇلارغا تىنچلىنىشنى ئېيتقىن!- دېدى. ساھابە ئاياللارنىڭ يېنىغا بېرىپ سەۋر قىلىشنى ئېيتقان بولسىمۇ، ئەمما ھېچكىم قۇلاق سالماي يىغلاشنى داۋاملاشتۇردى. ساھابە ئۈچ قېتىم باردى، ئەمما ھېچقايسىسى توختىمىدى. پەيغەمبىرىمىز:

- جەئفەرنىڭ كېتىشى ئەلۋەتتە يىغلاشقا ئەرزىيدۇ!- دەپ، ئاياللارنى ئىختىيارىغا قويۇۋېتىشنى ئېيتتى.[585]

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن پەيغەمبىرىمىز قايتىدىن

(584) ۋاقىدى، مەغازى، 2/767. 149:6.
(585) ئىبنى ئابدىلبەر، ئىستىئاب، 2:243؛ ئىبنى ھەجەر، ئىسابە، 1167؛ تەبەرى، تارىخ، 430؛ شامى، سۇبۇلۇل ھۇدا،

جەئفەرنىڭ ئۆيىگە كېلىپ:

- بۈگۈندىن باشلاپ قېرىندىشىمغا يىغلىماڭلار! قېرىندىشىمنىڭ بالىلىرىنى يېنىمغا ئېلىپ كېلىڭلار!- دېدى. بالىلار يېنىغا كەلگەندە، ساتىراشنى چاقىرىپ چاچلىرىنى چۈشۈرگۈزدى. پەيغەمبىرىمىز بالىلارنىڭ چېچى چۈشۈرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، يېنىغا چاقىرىپ قوللىرىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، ئۇلارغا دۇئا قىلدى. ئانىسى كەلگەن ۋاقىتتا ئۇنىڭغا يېتىملەرگە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارنى ياخشى بېقىشنى، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى خوش تۇتۇشنى قايتا - قايتا جېكىلىدى. بىر كۈنى ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا بېرىپ:

- ئى، رەسۇلۇللاھ! بۇ يېتىملەرنىڭ ئەھۋالى قانداق بولىدۇ؟-دەپ ئەندىشە قىلىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلىدى. پەيغەمبىرىمىز:

- بالىلىرىڭنىڭ كېلەچىكىدىن ئەنسىرەۋاتامسەن؟ مەن دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئۇلارنىڭ ھامىيسىمەن،- دېدى.[586]

پەيغەمبىرىمىز ئىسلام قوشۇنىنىڭ كېلىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۇلارنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن يولغا چىقتى. ئۇلار بىلەن بىرلىكتە مەدىنىگە كىرگەندە، بالىلار يۈگۈرۈشۈپ ساھابىلەرنىڭ يېنىغا باردى. پەيغەمبىرىمىز ساھابىلەرگە:

- ئۇلارنى تۆگىلىرىڭلارغا مىندۈرۈۋېلىڭلار! جەئفەرنىڭ بالىلىرىنى ماڭا بېرىڭلار!- دېدى. ئۇ ۋاقىتتا ھەسەن ياكى ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ كەلگەندى. پەيغەمبىرىمىز ئۇنىمۇ ماڭا بېرىڭلار!- دېدى. بالىلار بىلەن بىرلىكتە مەدىنىگە كىرىشتى.

ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ چاغدا ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس ۋە كۇسەم بىلەن بىللە ئويناۋاتاتتىم. پەيغەمبىرىمىز تۆگىسى بىلەن يېنىمىزغا كېلىپ، ساھابىلەرگە:

- بالىلارنى ماڭا بېرىڭلار!- دېدى. مېنى ئالدىغا، كۇسەمنى ئارقىسىغا

(586) ئىبنى سەئد، تەباقات، 4:36.



由 扫描全能王 扫描创建

مىنىدۇردى، بېشىمنى سىلاپ تۇرۇپ، ماڭا ياخشى دۇئالارنى قىلدى.»[587]

پەيغەمبىرىمىز دادىسى ھەزرىتى جەئفەرنىڭ جىنازا نامىزىدا ئوغۇللىرىغا تەسەللىي بەردى. ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇتۇپ:

- مۇھەممەد تاغىمىز ئەبۇ تالىبقا، ئەۋنىنىڭ ئەخلاقى ۋە يارىتىلىشى ماڭا ئوخشايدۇ.- دېدى.[588]

ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر تىللاردا داستان بولغۇدەك ناھايىتى سېخىي بىرى ئىدى. ھەتتا ئۇ ئۆزى ياشىغان شۇ دەۋردىكى ئەڭ مەشھۇر سېخىي كىشىلەردىن بىرى ئىدى. كىتابلاردا ئۇنىڭ سېخىيلىقىغا دائىر نۇرغۇن ۋەقەلەر بايان قىلىنغان. تېمىنى ئۇزارتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئۇلاردىن بىر- ئىككىنى مىسال كەلتۈرۈش بىلەنلا كۇپايە قىلىمىز: «بىر كۈنى بىر ئايال بىر توخۇنى پىشۇرۇپ، ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەرنىڭ يېنىغا ئېلىپ بېرىپ:

- بۇ توخۇنى قىزىمدەكلا ناھايىتى ياخشى كۆرەتتىم. ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە مەجبۇر بولۇپ قالغانلىقىم ئۈچۈن، ئۆز - ئۆزۈمگە ‹ئۇنى تۇخامنىڭ قەدرىگە يېتىدىغان ناھايىتى قىممەتلىك بىرىگە ھەدىيە قىلىمەن› دېدىم. ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، يەر يۈزىدە سەندىنمۇ قىممەتلىك بىرىنى تونۇمايمەن. ئالغىن، ئۇنى ئىشتىھا بىلەن يېگىن،- دېدى. ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر ھەدىيەنى قوبۇل قىلدى ۋە شۇنىڭدىن كېيىن خىزمەتچىسى ئارقىلىق داۋاملىق ئۇ ئايالغا ھەدىيە ئەۋەتىپ تۇردى. ئۇ شۇنچىلىك كۆپ ھەدىيە تاپشۇرۇپ ئالدىكى، بىر كۈنى چىداپ بولالماي ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەرنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ئاتا - ئانام ساڭا پىدا بولسۇن، ئاللاھ ئىسراپخورلۇق قىلغانلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ.- دەپ ئۇنى ئاگاھلاندۇردى.[589]

زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام ۋاپات بولغاندا بىر مىليون دەرھەم قەرزى

(587) ئىبنى كەسىر، سىيرەتۇننەبەۋى، 143:1؛ زەھەبى، سىيەر، 1352.

(588) ئىبنى ھەجەر، ئىسابە، 6108.

(589) زەھەبى، سىيەر، 3182.

ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيرگە قالدى. ئابدۇللاھ دەسلەپتە بۇنى ئالدىغان پۇل، دەپ قالدى. ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەرنىڭ يېنىغا بېرىپ:

دادامنىڭ دەپتىرىنى تەكشۈرۈۋېتىپ، سېنىڭ ئۇنىڭغا بىر مىليون دەرھەم قەرزىڭ بارلىقىنى كۆردۈم،- دېدى. ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر ئەسلىدە ئىشىنىڭ ئۇنداق ئەمەسلىكىنى بىلسىمۇ، يەنىلا:

ھەئە شۇنداق، خالىغان ۋاقتىڭدا كېلىپ ئالساڭ بولىدۇ،- دېدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير:

- بولىدۇ،- دەپ كېتىپ قالدى. كېيىن دەپتەرگە قايتىدىن قاراپ، ئۆزىنىڭ ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكىنى، دادىسىنىڭ ئەسلىدە ئالغۇچى ئەمەس، بەلكى قەرزدار ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتتى. ناھايىتى تېزلىك بىلەن ئۆيدىن چىقىپ ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەرنىڭ يېنىغا بېرىپ:

- مەن خاتالىشىپتىمەن، ئەسلىدە دادامنىڭ ساڭا بىر مىليون دەرھەم قەرزى بار ئىكەن،- دېدى. ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر:

- ئالىدىغان پۇلۇم داداڭغا قىلغان ھەدىيەم بولسۇن،- دېدى. ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير:

مەن سېنى قەرزنى بىكار قىلىۋەتسۇن، دەپ بۇنداق قىلمىدىم،- دېگەندىن كېيىن ئابدۇللاھ:

- شۇنداق، مەنمۇ بۇنىڭ ئۈچۈن ھەدىيە قىلمىدىم. ئەمما، سېنىڭ ئىختىيارىڭ، مەن ئېلىشتىن ۋاز كەچتىم. ئەگەر بۇنى قوبۇل قىلمىساڭ، قانداق چاغدا قايتۇرۇشنى خالىساڭ شۇ چاغدا قايتۇرغىن. خالىساڭ نەق پۇل بىلەن ئەمەس، مال ياكى يەر بىلەن قايتۇرساڭمۇ بولىدۇ،- دېدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير:

- ئۇنداقتا مەن مال بىلەن قايتۇرۇشنى خالايمەن. ئەمما، ماللارنى يىغىش ئۈچۈن ماڭا بىر ئاز مۆھلەت بەرگىن،- دېدى. ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر:



由 扫描全能王 扫描创建

- بولىدۇ، خالىغان ۋاقىتتا قايتۇرغىن،- دېدى. ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەرنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭغا:

- مەن قەرزىمنى قايتۇرماقچىمەن، لېكىن قەرزىمنى قايتۇرغاندا، يېنىمىزدا ھېچكىمنىڭ بولماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن،- دېدى. ئابدۇللاھ:

- بولىدۇ،- دېدى. بىرلىكتە مېلى بار يەرگە باردى. قەرزىنى قايتۇرۇش ئۈچۈن ھېچقانداق زىرائەت ئۈنمەيدىغان، ھوسۇلسىز بىر يەرنى بەردى. قەرزىنى قايتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇيەردىن كەتتى. ئۇ كەتكەندىن كېيىن ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر خىزمەتچىسىگە: ‹ماڭا شۇ يەردىن ناماز ئوقۇغۇدەك بىر جاي تەييارلىغىن› دېدى. خىزمەتچىسى تۇپراقنىڭ ئەڭ ئۈنۈمسىز يېرىدىن ناماز ئوقۇغۇدەك يەر تەييارلىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر ئۇ يەردە ناماز ئوقۇدى. ئۇزۇن سەجدە قىلدى. نامازدىن كېيىن دۇئا قىلدى. ئاندىن خىزمەتچىسىگە:

- سەجدە قىلغان يەرنى كولىغىن!- دەپ بۇيرۇدى. خىزمەتچىسى بۇيرۇقى بويىچە بېرىپ كولاشقا باشلىغاندا، قوپقۇرۇق يەردىن بۇقۇلداپ سۇ چىقىشقا باشلىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير ئۇلارنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ:

- يەرنى قايتۇرۇۋالىمەن،- دېدى. ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر:

- ياق، بەرمەيمەن. دۇئا قىلدىم، رەببىم دۇئايىمنى ئىجابەت قىلىپ، ماڭا سۇ چىقىرىپ بەردى،- دېدى. ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر چىققان سۇ بىلەن يەرلەرنى سۇغۇرۇپ، ئۇ يەردىن كۆپلەپ ھوسۇلغا ئېرىشتى.(590)

پەيغەمبىرىمىزنىڭ «ئاللاھ، ئۇنى غەزەپلەندۈرىدىغان بىر ئىش قىلمىغۇچە، قەرزنى قايتۇرغانغا قەدەر قەرز ئالغۇچى بىلەن بىللە بولىدۇ» دېگەن ھەدىسىنى ئاڭلىغان ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر ئىش باشقۇرغۇچىسىنى چاقىرىپ:

(590) ئىبنۇل ئەسىر، ئۇسدۇلغابە، 2862؛ زەھەبى، سىيەر، 3182.



由 扫描全能王 扫描创建

- دەرھال بىرىپ ماڭا بىر يەردىن قەرز ئالغىن! بۇ ھەدىسنى ئاڭلىغان ۋە ئاللاھنىڭ مەن بىلەن بىللە بولىدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن قەرزدار بولماي تۇرۇپ، يېتىشنى خالىمايمەن،- دېدى.[591]

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قېرىنداشىنىڭ بالىلىرىنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ، قىزى ئۇممۇ گۇلسۇمنى ئۇلاردىن بىرى بىلەن ئۆيلەندۈرۈپ قويۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئۇممۇ گۇلسۇمۇ دادىسىنىڭ سۆزىدىن چىقماي، ئەۋن ئىبنى جەئفەر بىلەن ئۆيلەندى. ئۇ تۇستەر ئۇرۇشىدا شېھىت بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، قېرىندىشى مۇھەممەد ئىبنى جەئفەر بىلەن ئۆيلەندى، ئۇمۇ شېھىت بولۇپ كەتكەندىن كېيىن ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر بىلەن ئۆيلەندى.[592]

ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر ھىجرىيەنىڭ 80 - يىلىغىچە ياشىغان بولۇپ، مەدىنىدە ۋاپات بولدى. جىنازا نامىزىغا ناھايىتى كۆپ ئادەم كەلگەنىدى. جىنازا نامىزىنى ئەبان ئىبنى ئۇسمان ئوقۇدى. ئەبان كۆز ياشلىرى سەل بولۇپ ئاققان جىنازا نامىزىدىن كېيىن، ئۇنىڭ قاندىق بىر كىشى ئىكەنلىكىنى «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سەن يامانلىقتىن يىراق ياخشى بىر ئىنسان ئىدىڭ، شەرەپلىك، ئېسىل بىر ئادەم ئىدىڭ.» دېگەن سۆزلىرى بىلەن خۇلاسىلىدى.[593]

---

(591) ئىبنى ئەسىر، مۇختەسەر، 12/79.

(592) مەلۇمات ئۈچۈن «ئاتاقلىق ساھابىلەر ئېنسىكلوپېدىيەسى» گە قاراڭ.

(593) ئىبنۇل ئەسىر، ئۇسدۇلغابە، 4128. ئىبنى ئابدىلبەر، ئىستىئاب، 3/1247. 1367.



由 扫描全能王 扫描创建

# بەشىر ئىبنى ئەقرەبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

بەشىر ئىبنى ئەقرەبە مەككىدە پارلىغان ئىسلام نۇرىنىڭ مەدىنە ۋە دۇنيانىڭ نۇرغۇنلىغان يەرلىرىنى يورۇتقانلىقىغا شاھىت بولدى. پەيغەمبىرىمىز مەدىنىگە قەدەم باسقان چاغدا، ئۇ تېخى كىچىك بىر بالا ئىدى. ئۇمۇ باشقا بالىلارغا ئوخشاش پەيغەمبىرىمىزنىڭ كېلىشىنى قىزغىن تەنتەنە بىلەن كۈتۈۋالدى. بايرام شاتلىقىدىن قانغۇچە ھۇزۇرلاندى. ئۇنىڭ شۇ كۈنلەرگە مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن ئەسلىمىسى بار ئىدى. ئۇ ئۇنتۇلغۇسىز بىر ئەسلىمىسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبىرىمىز مەدىنىگە كەلگەندە، دادام قولۇمدىن تۇتۇپ مېنى يېنىغا ئېلىپ باردى. ئالدىغا بارغىنىمىزدا، پەيغەمبىرىمىز ماڭا كۆيۈنۈپ:

- ئى، ئەقرەبە! يېنىڭدىكى بۇ بالا كىم؟ دەپ سورىدى. دادام:

- ئى، رەسۇلۇللاھ! بۇ مېنىڭ ئوغلۇم، ئىسمى بەھر ،- دېدى.

پەيغەمبىرىمىز ماڭا قاراپ:

- قېنى يېنىمغا كەلگىن،- دېدى. يېنىغا بېرىپ، ئۇڭ تەرىپىدە ئولتۇردۇم. مېنى سۆيۈپ قوللىرى بىلەن يۈزۈمنى سىلىغان ھالدا:

ئىسمىڭ نېمە؟- دەپ سورىدى. مەن:

ئىسمىم بەھر ،- دېدىم. پەيغەمبىرىمىز:

ياق، بۈگۈندىن كېيىن ئىسمىڭ، بەشىر بولسۇن،- دېدى.

تىلىمدا بىر ئاز كېكەچلىك بار ئىدى. پەيغەمبىرىمىز بۇنى بايقاپ، دۇئا قىلىپ يۈزۈمگە سۈپكۈشلىدى. تىلىمدىكى كېكەچلىك شۇ ھامان



由 扫描全能王 扫描创建

ساقايدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئارىدىن نۇرغۇن يىللار ئۆتۈپ كەتتى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ قولى تەگكەن يەردىن باشقا بېشىمدىكى پۈتۈن چاچلىرىم ئاقاردى. ئەمما ئۇنىڭ قولى تەگكەن يەر ھاياتىمنىڭ ئاخىرىغىچە قاپقارا تۇردى.»(594)

پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەدىنىگە كېلىشى بىلەن مەدىنە قايتىدىن جانلانغانىدى. لېكىن كىشىلەرنىڭ بۇتلىرىنى تەرك ئېتىپ ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشىنى، ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ خاتىرجەملىككە ئېرىشىشىنى خالىمايدىغان مۇشرىكلار، بەدىردىن كېيىن ئۇھۇدقىچە كېلىپ، مەگگۈلۈك بەخت ئىزدىگەن ئاللاھنىڭ دوستلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، ئۇنىڭ دادىسىنى شېھىت قىلغانىدى. كىچىك بەشىر دادىسىنىڭ ئۇھۇدتا شېھىت بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ناھايىتى قايغۇردى.

بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىدا دادىسى يوق ئىدى، ئۇ يېتىم قالغانىدى. بۇنىڭدىن كېيىن كىم ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا ئېلىپ بارىدۇ؟ كىم دادىسىغا ئوخشاش بېشىنى سىلاپ، چىن يۈرىكىدىن چىقىدىغان يېقىملىق ئاۋازى بىلەن «ئوغلۇم» دەپ چاقىرىدۇ؟... كۆڭلى يېرىم بولۇپ يىغلاشقا باشلىدى. ئازاب ئىچىدىكى كۆڭۈلگە رەھمەت ئاللاھدىن ئەكس سادا كەلدى. شۇ ۋاقىتتىن ئېتىبارەن ھاياتىدا ئۇنتۇلغۇسىز گۈزەللىكلەر يۈز بېرىشكە باشلىدى. رەھمان تائالانىڭ رەھمىتى ئۇ كىچىك قەلبنى ئۇنىڭدىن كېيىن قەتئىي قايغۇغا مۇپتىلا قىلمايدىغان بىر خىل ياخشىلىق بىلەن سۆيۈندۈردى.

ئۇ گۈزەل ئەسلىمىنى بەشىر ئىبنى ئەقرەبەنىڭ تىلى بىلەن بايان قىلايلى: «دادام ئۇھۇد ئۇرۇشىدا شېھىت بولۇپ كەتكەندىن كېيىن يىغلىغان پېتى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئالدىغا باردىم. مېنى كۆرۈپ، دەرھال يېنىغا كېلىشىمنى ئىشارەت قىلدى ۋە ماڭا ناھايىتى كۆيۈنگەن ھالدا:

- قەدىرلىك ئوغلۇم! نېمىشقا يىغلايسەن؟- دەپ سورىدى. مەن:

(594) ئىبنى ھەجەر، ئىسابە، 670؛ شامى، سۇبۇلۇل ھۇدا، 10/19.



由 扫描全能王 扫描创建

- دادام شېھىت بولۇپ كېتىپ، مەن يېتىم قالدىم،- دېدىم. پەيغەمبىرىمىز:

- يىغلىما! مېنىڭ دادىڭ بولۇشۇمنى، ئائىشەنىڭ ئاناڭ بولۇشىنى خالىمامسەن؟- دەپ سورىدى. مەن:

- ئى، رەسۇلۇللاھ! ئەلۋەتتە خالايمەن. ئاتا - ئانام ساڭا پىدا بولسۇن،- دېدىم. پەيغەمبىرىمىز بېشىمنى سىلاپ، مېنى سۆيدى، تەسەللىي بەردى.»(595)

بەشىر ناھايىتى خۇشال ھالدا پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىدىن چىقىپ، ئۆيگە باردى. شۇنىڭدىن كېيىن مەنىۋى دادىسى بولغان پەيغەمبىرىمىزنىڭ تەربىيەسى ئاستىدا چوڭ بولدى. پەيغەمبىرىمىز بىلەن بىرلىكتە نۇرغۇن ئۇرۇشلارغا قاتنىشىپ، ئىسلامنى يوقاتماقچى بولغان مۇشرىكلارنىڭ ئالدىدا مەردانىلەرچە تۇردى.(596)

بەشىر ناھايىتى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن بولۇپ، پەيغەمبىرىمىز ۋاپات بولغاندىن كېيىن پەلەستىنگە يەرلەشتى.

ھىجرىيەنىڭ 85 - يىلىغىچە، يەنى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز-نىڭ دەۋرىگە قەدەر ياشىدى. بۇ دەۋردە رەملەگە ۋالىي بولدى. بەشىر ئىبنى ئەقرەبە ئالاھىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشى بولۇپ، ئاللاھنىڭ ۋە پەيغەمبىرىنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ناھايىتى دىققەت قىلاتتى. ئۇ، خەلق ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغان بىرى بولغاچقا، ئەمىر ئىبنى سەئىد ئىبنى ئاس ئۆلتۈرۈلگەن چاغدا خەلىپە ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان ئۇنىڭدىن خەلققە خىتاب قىلىشنى تەلەپ قىلىپ:

- سېنىڭ نۇتۇقىڭغا ئېھتىياجىم بار، ئورنۇڭدىن تۇرۇپ ئۇلارغا سۆز قىلغىن!- دېدى.

خەلىپە بۇيرۇغان بولسىمۇ، بەشىر ئىبنى ئەقرەبە ئاللاھنىڭ ۋە

(595) ئەلھىندى، كەنزۇل ئۇممال، 36862؛ ئىبنى ئەسىر، مۇختەسەر، 5/225؛ ئىبنى ئابدىلبەر، ئىستىئاب، 1/175.
(596) ئىبنۇل ئەسىر، ئۇسدۇلغابە، 465.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلىشنى خالىمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلىپىگە:

- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «كىمكى، پەقەت رىيا ئۈچۈنلا سۆز قىلسا، قىيامەت كۈنى ئۇ رىيا ئىشىكى ئالدىدا ساقلىتىلىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، - دېدى.(597)

(597) تەبەرانى، ئەلمۇئجەمۇل كەبىر، 2/42؛ ئىبنى سەئىد، تەباقات، 7/429؛ ئەبۇ نۇئەيم، مەرىفەتۇسساھابە، 1/353.



由 扫描全能王 扫描创建

# مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ مەشھۇر ئۇھۇد شېھىتلىرىدىن ئابدۇللاھ ئىبنى جەھشىنىڭ ئوغلى، زەينەب ئانىمىزنىڭ جىيەنى ئىدى. فاتىمە بىنتى ھۇبەيش ئوغلى مۇھەممەدنى ھىجرەتتىن بەش يىل بۇرۇن مەككىدە تۇغقان ئىدى. ئۇ ئاتا - ئانىسىغا قىلىنغان زۇلۇم ۋە بېسىمدىن خەۋەرسىز ھالدا چوڭ بولۇۋاتاتتى. دوستلىرى ۋە ئۆيىدىن ئايرىلىپ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىدىغان چاغدا ئەمدىلا بەش ياشقا كىرگەن كىچىككىنە بىر بالا بولسىمۇ، بەزى ئىشلارنى ھېس قىلىشقا باشلىغانىدى.[598]

مۇھەممەد سەككىز ياشقا كىرگەندە، دادىسى ئىسلام قوشۇنى بىلەن ئۇھۇد ئۇرۇشىغا قاتناشتى. شېھىت بولۇشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىدىغان بولۇپ، دۇئالىرىنىڭ ئىجابەت بولىدىغانلىقىغا چىن قەلبىدىن ئىشىنەتتى. مۇشۇنداق ئارزۇ – ھەۋەسلەردە بولۇۋاتقان چېغىدا كىچىك ياشلاردىكى ئوغلىنى ئويلاپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇرۇشقا مېڭىشتىن بۇرۇن پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا بېرىپ:

- ئى، رەسۇلۇللاھ! مەن شېھىت بولۇپ كەتسەم، ئوغلۇم ساڭا ئامانەت،- دېدى. پەيغەمبىرىمىز:

- بولىدۇ،- دەپ ئامانەتكە ئىگە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇرۇش باشلانغاندىن تارتىپ شېھىت بولۇش ئۈچۈن يۈگۈردى. پەرۋەردىگارى ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسىنى يەردە قويماي ئۇنى شېھىتلىك شەرىپىگە نائىل قىلدى.[599]

(598) ئىبنۇل ئەسىر، ئۇسدۇلغابە، 4738.

(599) ھىلال - ئابدۇللاھ قارا، ساھابىلەرنىڭ شاھادەت ئەسلىمىلىرى، 70.



由 扫描全能王 扫描创建

مۇھەممەد دادىسىنىڭ شېھىت بولغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئىچى پۇشتى، بويىنى قىسىلىپ قالدى، كۆز ياشلىرىنى تۇتالمىدى. تەڭداشسىز ۋاپادار بولغان پەيغەمبىرىمىز كىچىك مۇھەممەدكە ئاتىدارچىلىق قىلدى. ئۇنى ھىمايىسى ئاستىغا ئېلىپ تاكى ۋاپات بولغانغا قەدەر ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلدى. ئۇنىڭ چوڭ بولغاندا قىيىنچىلىق تارتىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، مەدىنىنىڭ رەقىق يولى بويىدىكى بىر ئۆينى ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلدى. خەيبەردىن نۇرغۇن مال سېتىۋېلىپ، مۇھەممەدكە بەردى.[600]

پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا بولغاندىن سىرت ھامىسى زەينەب بىنتى جەھشىنىڭ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئايالى بولۇشى، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا خاتىرجەم كىرىپ - چىقىشىغا سەۋەب بولدى. بۇ كېلىپ - كېتىش جەريانىدا پەيغەمبىرىمىزدىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئاڭلىدى. نۇرغۇن ۋەقەلەرگە شاھىت بولدى. مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى مەسجىدى نەبەۋىدە جىنازا قويىدىغان يەردە ئولتۇراتتۇق. پەيغەمبىرىمىزمۇ بىز بىلەن بىللە ئىدى. دەل شۇ ۋاقىتتا پەيغەمبىرىمىز بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قارىدى. ئاندىن بېشىنى ئەگدى. قوللىرى بىلەن يۈزىنى توسۇپ تۇرۇپ «سۇبھاناللاھ! سۇبھاناللاھ! ئاجايىپ ئېغىر بىر ۋەھيى چۈشتى» دېدى.

ھەممىمىز داڭقېتىپ قالغانىدۇق. پەيغەمبىرىمىزگە چۈشكەن ۋەھيىنىڭ بىر خۇشخەۋەر ئەمەسلىكىنى بايقىدۇق. ئۇ كۈنى ۋە كېچىسى ھېچنېمە سورىمىدۇق. ئەتىسى ئەتىگەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا بېرىپ:

- ئى، رەسۇلۇللاھ! ساڭا قانداق ئېغىر ۋەھيى چۈشتى؟- دەپ سوردۇم. پەيغەمبىرىمىز:

- جېنىم قۇدرەت ئىلكىدە بولغان ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بىر كىشى ئاللاھ يولىدا ئۆلسە ئاندىن تىرىلدۈرۈلسە، يەنە ئۆلۈپ قايتا تىرىلدۈرۈلسىمۇ، بويىنىدىكى قەرزىنى قايتۇرمىغۇچە جەننەتكە

(600) ئىبنى ئابدىلبەر، ئىستىئاب، 3/1373؛ مەقرىزى، ئىمتائۇل ئەسما، 6/256.



由 扫描全能王 扫描创建

كىرەلمەيدۇ. - دېدى.»[601]

يەنە ئۇژ كۆزى بىلەن كۆرگەن بىر ۋەقەنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر قېتىم پەيغەمبىرىمىز مەسجىدى نەبەۋىگە كەلگەن چاغدا، مەئمەر مەسجىدنىڭ ھويلىسىدا ئولتۇراتتى. پاچاقلىرىنىڭ بىر قىسمى ئوچۇق ئىدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇنى كۆرۈپ:

- ئى، مەئمەر! پۇتلىرىڭنى يۆگىگىن. پاقالچاق ئەۋرەت ھېسابلىنىدۇ. - دېدى.»[602]

پەيغەمبىرىمىزگە ئوخشاش ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە باشقا ساھابىلەرمۇ ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلدى، ياردەم قىلدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ساھابىلەرگە مائاش بەلگىلىگەن چاغدا، ئۇنىڭغا يىللىق 4 مىڭ دەرھەم مائاش بەلگىلىدى.[603]

(601) مۇسنەد، 5/290.
(602) مۇسنەد، 5/290.
(603) شىبى ھەمەر، ئىسابە، 7787.

# ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

پەيغەمبىرىمىزنىڭ تاغىسى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوغلى ئۇبەيدۇللاھ مەشھۇر ئالىم ساھابىلەردىن ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسنىڭ قېرىندىشىدۇر. ئۇبەيدۇللاھ ئۇنىڭدىن بىر ياش كىچىك بولۇپ، مەككىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولدى. ئانىسى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئايالى مەيمۇنەنىڭ قىز قېرىندىشى لۇبابە بىنتى ھارىس ئىدى.

ئۇبەيدۇللاھ مەككە پەتھى قىلىنىشتىن بىر مەزگىل ئىلگىرى ئائىلىسى بىلەن بىرلىكتە مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلدى. ئۇبەيدۇللاھ مەدىنىگە بارغاندا تېخى كىچىك بولۇپ، پەيغەمبىرىمىز بىلەن بىللە نۇرغۇن گۈزەل كۈنلەرنى باشتىن كەچۈردى. بۇ ئەسلىمىلەردىن بىرىنى ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ھەزرىتى ئابباسنىڭ ئوغۇللىرى كۇسەم ۋە ئۇبەيدۇللاھ بىلەن بىللە ئويۇن ئويناۋاتاتتۇق. پەيغەمبىرىمىزنىڭ بىر سەپەردىن قايتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، يۈگۈرۈپ يېنىغا باردۇق. پەيغەمبىرىمىز يېنىدىكىلەرگە مېنى كۆرسىتىپ:

- ئۇنى ماڭا ئۇزىتىپ بېرىڭلار!- دېدى ۋە مېنى جەزىسىنىڭ ئالدىغا مىندۈردى. ئاندىن كۇسەمنى كۆرسىتىپ «ئۇنىمۇ ماڭا ئۇزىتىپ بېرىڭلار!» دەپ، ئۇنىمۇ جەزىسىگە مىندۈردى. ھەزرىتى ئابباس ئۇبەيدۇللاھنى كۇسەمدىن بەكرەك ياخشى كۆرەتتى. پەيغەمبىرىمىز كۇسەمنى مىندۈرگەندىن كېيىن، ئۇبەيدۇللاھنىمۇ مىندۈرۈشكە تاغىسىدىن خىجىل بولۇپ، ئۇنى دادىسىغا قويۇپ قويدى. مېنى تۆگىسىگە مىندۈرگەندىن كېيىن ئۈچ قېتىم بېشىمنى سىلىدى، ھەر قېتىم سىلىغاندا:



由 扫描全能王 扫描创建

- پەرۋەردىگارىم! جەئفەرنىڭ ئورنىغا بالىلار ئۇچۇن ياخشى بىر دادا نېسىپ قىلغىن!- دەپ دۇئا قىلدى.»(604)

ئابدۇللاھ ئىبنى هارىس يەنە بىر ئەسلىمىسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبىرىمىز تاغىسى ئابباسنىڭ ئوغۇللىرى ئابدۇللاھ، ئۇبەيدۇللاھ ۋە كۇسەمنى قاتار تىزغاندىن كېيىن:

- كىم مېنىڭ يېنىمغا بالدۇر كەلسە، ئۇنىڭغا بۇنى بېرىمەن،- دەپ ئۇلارنى مۇسابىقىلەشتۇرەتتى. ئۇلارنى بەزىدە قۇچىقىغا ئالسا، بەزىدە بوينىغا ئېلىپ قۇچاقلاپ سۆيۈپ، بىرلىكتە ئېلىپ كېتەتتى.»(605)

ئۇبەيدۇللاھ، پەيغەمبىرىمىز بىلەن ئۆتكۈزگەن گۈزەل ۋاقىتلىرىنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ جەزىسىگە مىنگەن ئىدىم. يولدا بىر ئادەم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدۇق. ئۇ ئادەم:

- ئى، رەسۇلۇللاھ! ئانام ياشىنىپ قالدى. ئەگەر ئۇنى هەجگە ئېلىپ بارماي، ئۆيدە قويۇپ كەتسەم كۆڭلى يېرىم بولۇپ، ئۆلۈپ كېتىشىدىن قورقىمەن. يېنىمدا ئېلىپ باراي دېسەم، سەپەر قىلغۇدەك هالى يوق، قانداق قىلىمەن؟- دەپ سورىدى. پەيغەمبىرىمىز: «ئۇنىڭ ئورنىغا سەن هەج قىلغىن!» دېدى.(606)

ئابدۇللاھ ئىبنى غاسىل ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىك بىر ئەسلىمىسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىدا تۇرساق هەزرىتى ئابباس كەلدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا:

- ئى، تاغا، باللىرىڭنى مېنىڭ يېنىمغا ئېلىپ كەلگىن!- دېدى. ئۇ يەردە تۇرۇۋاتقان ئەبۇلهەيسەم ئىبنى ئۇتبە:

- تاغا، خالىساڭ سەن بۇ يەردە تۇرغىن! ئۇلارنى مەن بېرىپ ئېلىپ كېلەي،-دېدى. هەزرىتى ئابباس:

(604) مۇسنەد، 1/205.
(605) مۇسنەد، 1/205؛ ئىبنۇل ئەسىر، ئۇسدۇلغابە، 3464؛ ئىبنى هەجەر، ئىسابە، 5305.
(606) ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 15/322.

- سەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كېلەلمەيسەن.- دېدى ۋە فەزل، ئابدۇللاھ، ئۇبەيدۇللاھ، ئابدۇرراھمان، كۇسەم ۋە مەئبەد ئىسىملىك ئالتە بالىسىنى ئېلىپ كەلدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇلارنى ئۆيىگە ئېلىپ كىرىپ، ئەتراپى قىزىل سىزىقلىق قارا بىر يوپۇق بىلەن ئۇلارنىڭ ئۈستىنى يۆگىگەندىن كېيىن:

- پەرۋەردىگارىم! بۇلار مېنىڭ ئەھلى بەيتىمدۇر. شۇ يوپۇق ئۇلارنى قوغدىغاندەك، سەنمۇ ئۇلارنى جەھەننەم ئوتىدىن قوغدىغىن!- دەپ دۇئا قىلدى. ئۆيدىكى جانلىق ۋە جانسىز بارلىق نەرسىلەر پەيغەمبىرىمىزنىڭ دۇئاسىغا «ئامىن!» دېدى.(607)

## سېخىيلىقنىڭ سىمۋولى

ھەزرىتى ئابباسنىڭ ئوغۇللىرىدىن ئابدۇللاھ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ماقال - تەمسىللىرىگە تېما بولغۇدەك دەرىجىدە تەڭداشسىز ئالىم، ئۇبەيدۇللاھ ئاجايىپ سېخىي، كۇسەم بولسا، ئىنتايىن قاملاشقان، گۈزەل بىر ياش ئىدى.

ئۇبەيدۇللاھ تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولۇپ، ناھايىتى سېخىي ئىدى. ھەتتا بەزىدە ئاكىسى ئابدۇللاھنىمۇ ھەيران قالدۇراتتى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس ئۆزى ناھايىتى سېخىي بىرى بولسىمۇ، ھەر كۈنى بىر تۆگىنى ئۆلتۈرۈپ كەمبەغەللەرگە تارقىتىپ بېرىدىغان ئۇكىسى ئۇبەيدۇللاھقا بۇ ئادىتىنى تاشلاشنى ئېيتتى. ئەمما، ئۇ ئاكىسىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالمىدى. ھەتتا ئۇ تەۋسىيەدىن كېيىن ئىككى تۆگە سويىدىغان بولىۋالدى. مەككىگە كەلگەن ۋاقىتتا، ئابدۇللاھ ئىلمى بىلەن، ئۇبەيدۇللاھ سېخىيلىقى بىلەن كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرغاندى.(608)

سېخىيلىق قىلىش ھەققىدە توختىلىپ: «بىر نەرسە بېرىش

(607) ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 15/324.

(608) ئىبنى ھەجەر، ئىسابە، 5305؛ زەھەبى سىيەر، 3628.



由 扫描全能王 扫描创建

بېغىشلايدىغان ھوزۇر بولمىغان بولسا ئىدى، ماختىنىدىغان گۈزەل ئىشلار ۋۇجۇتقا چىقمىغان بولمايتتى.» دەيتتى.

بىر كۈنى قولىغا 6 مىڭ دەرھەم پۇل كىرگەنىدى. شۇ كۈنىنىڭ ئۆزىدىلا ئۇ پۇللارنىڭ ھەممىسىنى موھتاج كىشىلەرگە تارقىتىپ بەردى. ئۇ ھەر كۈنى بىر قوي ئۆلتۈرۈپ كىشىلەرگە تارقىتىپ بېرىدىغان بولۇپ، شەھەر خەلقىنىڭ كۆپىنچىسى ئۇنىڭ يېنىدا تاماق يەيتتى. كېلىپ - كېتىدىغانلارغا يولدا داستىخان سېلىپ، تاماق بېرىش ئادىتىنى تۇنجى بولۇپ ئۇ باشلىغانىدى.

دادىسى ھەزرىتى ئاببas ئوغلىنىڭ بۇ ئىشلىرىدىن ناھايىتى سۆيۈنۈپ، ئۇنى تېخىمۇ كۆپ سېخىيلىق قىلىشقا رىغبەتلەندۈرەتتى. ھەر كۈنى ئەتىگەن بىر تۆگە ئۆلتۈرۈپ، خەلققە تائام بېرىدىغان ئوغلىغا:

- خەلققە نېمە ئۈچۈن پەقەت كۈندۈزلىرى تائام بېرىسەن؟ كەچلىك تاماقلىرىنىمۇ بەرسەڭ بولمامدۇ؟- دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئۇبەيدۇللاھ خىزمەتچىسىگە:

- بۇنىڭدىن كېيىن ئاخشاملىرىمۇ بىر تۆگە ئۆلتۈرۈلسۇن.- دەپ بۇيرۇق قىلدى.[609]

بىر كۈنى ئۇ خىزمەتچىسى بىلەن بىرلىكتە ھەزرىتى مۇئاۋىيىنىڭ يېنىغا بېرىش ئۈچۈن يولغا چىقتى. يول ناھايىتى ئۇزاپ كېتىۋاتاتتى. يولدا كېتىۋېتىپ بېشىنىڭ ئۈستىدىكى بۇلۇتلارنى كۆرۈپ، ‹ھۆل بولۇپ كېتىمەنغۇ› دەپ ئويلىدى. ھەتتا ئەھۋالنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان شېئىردىن بىرنى ئوقۇپ، تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلىدى. دەل شۇ ۋاقىتتا، ئالدى تەرەپتىن ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقان بىر بەدەۋىنى كۆردى. ئۇلارنى چېدىرىغا تەكلىپ قىلغان بۇ بەدەۋى، ئۇزۇن بويلۇق، ناھايىتى قاملاشقان، گۈزەل يۈزلۈك ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى ئاببasنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. ئايالىنى چاقىرىپ:

(609) ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 15/326.

- مېھمىنىمىزغا بەرگۈدەك بىر نەرسە بارمۇ؟- دەپ سورىدى. ئايالى:

- سۈتى بىلەن قىزىمىزنى باقىدىغان شۇ قويىدىن باشقا ھېچنېمە يوق،- دېدى. بەدەۋى:

- ئۇنى دەرھال ئۆلتۈرەيلى،- دېدى. ئايالى:

- قوينى ئۆلتۈرسەك قىزىمىز نېمە يەيدۇ، ئۇنى ئۆلتۈرگۈدەك بارمۇ؟- دېدى. بەدەۋى:

- شۇنداق بولسىمۇ ئۇنى ئۆلتۈرىمەن،- دەپ پىچاقنى ئېلىپ، قوينى ئۆلتۈردى. ئۇتنى يېقىپ، ئۆز قوللىرى بىلەن گۆش پىشۇردى. ئاندىن داستىخاننى سېلىپ، ھەممە نەرسىنى تەييارلاپ بولۇپ، ئۇبەيدۇللاھ ۋە خىزمەتچىسىنى داستىخانغا تەكلىپ قىلدى. ئۇلار خۇشخۇيلۇق بىلەن پاراڭلاشقاچ تاماق يېدى.

ئۇبەيدۇللاھ بەدەۋىنىڭ ئايالى بىلەن قىلىشقان سۆزلىرىنى ئاڭلىغان ئىدى. ئەتىسى يامغۇر توختىغاندىن كېيىن يولغا چىقىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىۋېتىپ، خىزمەتچىسىگە:

-يېنىمىزدا قانچىلىك مال ۋە پۇل بار؟- دەپ سورىدى. خىزمەتچى:

- 500 دىنار ۋە بىر ئاز ئوزۇقلۇق بار،- دېدى. ئۇبەيدۇللاھ:

- دىنارلارنى ئۇۋي ئىگىسىگە بەرگىن، بەرگەن ۋاقتىڭدا ‹يېنىمىزدا بۇنىڭدىن كۆپ يوقكەن› دېيىشنى ئۇنتۇپ قالمىغىن!- دېدى. خىزمەتچى ھەيران بولۇپ:

- سۇبھانالللاھ! بەدەۋى بىزگە پەقەت بەش دەرھەم قىممىتىدىكى قوينى بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭغا 500 دەرھەم بېرەمسەن؟- دېدى. ئۇبەيدۇللاھ:

- ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇ بىزگە ناھايىتى سېخىيلىق بىلەن مۇئامىلە قىلدى. بىز ئۇنىڭغا قولىمىزدىكى نەرسىلەرنىڭ ئاز بىر قىسمىنىلا بېرىمىز. ھالبۇكى ئۇ بىزگە پۈتۈن مېلىنى بەردى. ئۆزلىرىنىڭ ۋە بالىسىنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەب بولىدىغان ئوزۇقلۇقنى بىزگە بېرىش

ئارقىلىق، ئۆزى ۋە پەرزەنتىنى ئەمەس، ئەكسىچە بىزنى تاللىدى،- دېدى.

خىزمەتچىسى پۈتۈنلەي قايىل بولمىغان بولسىمۇ، بۇيرۇقى بويىچە پۈتۈن پۇللىرىنى بەدەۋىگە بەردى. ئۇ يەردىن ئايرىلىپ ئۇدۇل ھەزرىتى مۇئاۋىيىنىڭ يېنىغا باردى. ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ ئىشلىرىنى ھەل قىلغاندىن كېيىن قايتتى. بەدەۋىنىڭ ئۆيىگە يېقىنلىشىپ قالغاندا، ئۇبەيدۇللاھ خىزمەتچىسىگە:

- بېرىپ بەدەۋىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ باققىن، نېمە ئىش قىلىۋېتىپتۇ؟- دېدى. خىزمەتچى بەدەۋىنىڭ يېنىغا باردى. بەدەۋى ئۇلار بەرگەن پۇلغا تۆگە ۋە نۇرغۇنلىغان قوي سېتىۋالغان بولۇپ، ھاياتىدىن مەمنۇن ئىدى. بەدەۋىنىڭ ئىسمى سەئلەبە ئىدى. ئۆزىگە، ھەتتا چۈشىدىمۇ كۆرەلمىگۈدەك ئالتۇن بەرگەن كىشىنىڭ ئۆيىگە يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ دەرھال يېنىغا يۈگۈرۈپ باردى. ناھايىتى ھاياجانلانغان ھالدا قۇچاقلاپ سۆيۈپ:

- سەن نېمىدېگەن مۇبارەك بىر ئىنسان!- دەپ، بىر شېئىر ئوقۇپ ئۇنى ماختاشقا باشلىدى.[610]

ئۇبەيدۇللاھنىڭ سېخىيلىقى ھەققىدىكى ئەسلىمىلىرىنى سۆزلەپ تۈگىتىپ بولغىلى بولمايدۇ. بىر كۈنى ئۇنىڭ كىملىكىنى بىلمەيدىغان بىر كەمبەغەل ئادەم ئالدىغا كېلىپ:

- ماڭا ياردەم قىلغىن! ئاڭلىشىمچە ئۇبەيدۇللاھ ياردەم تەلەپ قىلىپ كەلگەن كەمبەغەللەرگە 1000 دەرھەم بېرىدىكەن،- دېدى. ئۇبەيدۇللاھ ئۆزىنى تونۇشتۇرماي:

- مەن قانداقمۇ ئۇنىڭدەك بولالايمەن؟- دېدى. كەمبەغەل:

- توغرا. سەن قانداقمۇ ئۇنىڭدەك شەرەپلىك ۋە باي بولالايسەن؟- دېدى. ئەبەيدۇللاھ:

- شەرەپ، ئىنساننىڭ ياخشى بولۇشى ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا

(610) ئىبنۇل ئەسىر، ئۇسدۇلغابە، 3464؛ شامى، سۇبۇلۇل ھۇدا، 11/117.



由 扫描全能王 扫描创建

باغلىق بولىدۇ. خالىساڭ سەنمۇ بۇلارنى قىلالايسەن، ياخشى ئىشلارنى قىلساڭ سەنمۇ شەرەپلىك بىرى بولالايسەن،-دېدى ۋە ئۇنىڭغا 2000 دەرھەم بېرىپ:

- كۆڭلۈڭگە ئالما، بۇ كۈنلەردە قولۇم بىر ئاز قىسقا بولۇپ قالدى،-دېگەنلەرنى قوشۇپ قويدى. كەمبەغەل بۇ ئەھۋالدىن گۇمانلىنىپ:

- ئەگەر ئۇبەيدۇللاھ بولمىساڭ، سەن ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى بىرى، ئەگەر ئۇبەيدۇللاھ بولساڭ، بۈگۈن تۈنۈگۈنكىدىنمۇ ياخشى بىرى سەن،- دېدى. ئۇبەيدۇللاھ كەمبەغەلنىڭ سۆزىدىن ناھايىتى مەمنۇن بولۇپ، ئۇنىڭغا يەنە 1000 دەرھەم بەردى. كەمبەغەل:

- مانا بۇ، ياخشى ۋە شەرەپلىك بىر كىشىنىڭ ئىشىدۇر. ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، قەلبىمدىكى پۈتۈن سۆيگۈنى سۇغۇرۇپ ئېلىۋېتىپ، ئۇ يەرگە پەقەت سېنىڭ سۆيگۈڭنى قويدۇم...- دېدى.[611]

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس بىلەن قېرىندىشى ئۇبەيدۇللاھ ئارىسىدا ئۆيلۈك يەر مەسىلىسىدە چۈشىنىشمەسلىك كۆرۈلدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس خىزمەتچىسىگە:

- يىپنى توغرا تۇتۇپ، توغرا ئۆلچىگىن! ھېچقايسىمىزغا ناھەقچىلىك بولمىسۇن،- دېدى. ئۇبەيدۇللاھ:

- كارايىتى چاغلىق، ئاكامغا بىر زىرا ( cm64 غا توغرا كېلىدۇ) يەرنى ئارتۇقراق ئۆلچىگىن،- دېدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس يەرنى ئۆلچىگەن كىشىگە قاراپ، قايتىدىن:

- قارا، قېرىندىشىم بىر زىرا يەرنى ماڭا بەردى، بۇنىڭغا كۆرە قايتا ئۆلچىگىن،- دېدى. ئۇبەيدۇللاھ ئاكىسىنىڭ خۇشال بولغانلىقىنى ۋە يەرگە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

- ئاكامغا مېنىڭ ھەققىمدىن، يەنە ئىككى زىرا يەرنى ئارتۇق

(611) ئىبنى ئابدىرابىھ، ئىقدۇلفەرىد، 1/220.



由 扫描全能王 扫描创建

ئۆلچىگىن،- دېدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس يەرنى ئۆلچىگەن ئادەمگە قاراپ:

- قېرىندىشىم ماڭا يەنە ئىككى زىرا يەرنى ئارتۇق بەردى، يەنە قايتا ئۆلچىگىن،- دېدى. ئۇبەيدۇللاھ ئاكىسىنىڭ ئۆيىنى ۋە يەرنى ئېلىشنى ئارزۇ قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ:

- مېنىڭچە، سەن ھەممىسىنىڭ سېنىڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلىۋاتىسەن، شۇنداقمۇ؟- دەپ سورىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس:

- ھەئە، شۇنداق،- دېدى. ئۇبەيدۇللاھ:

- ئۇنداقتا ئۆينىڭ ھەممىسى سېنىڭ بولسۇن،- دەپ ئۆينى ئۇنىڭغا بېرىۋەتتى.(612)

ئۇبەيدۇللاھ بىلەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس بىر - بىرىنى ناھايىتى ياخشى چۈشىنىشەتتى. ئۇبەيدۇللاھ مېلىنى ئۇنىڭدىن ئايىمىغىنىدەك، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسمۇ ئۇنىڭدىن ئىلمىنى ئايىمايتتى. نۆۋىتى كەلگەندە ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىپ، توغرىسىنى چۈشەندۈرۈپ قوياتتى.

ھەج مەۋسۇمىدا ئەراپاتتا تۇرۇۋاتقان مەزگىلدە ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس ئۇنى تاماققا تەكلىپ قىلدى. ئۇبەيدۇللاھ:

- مەن روزا تۇتقان،- دەپ جاۋاب بەردى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس:

- سىلەر باشقىلار ئەگىشىدىغان، باشقىلارغا باشلامچىلىق قىلىدىغان كىشىلەر. بۈگۈن پەيغەمبىرىمىزنى سۈت ئىچىشكە تەكلىپ قىلغاندا، ئۇمۇ ئىچتى. بۇنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم،- دېدى.(613)

## يەمەنگە ۋالىي بولۇشى

ھەزرىتى ئابباسنىڭ بالىلىرىنىڭ ھەممىسى ھەر دائىم تاغىلىرىنىڭ

(612) ئىبنى ئەساكىر، مۇختەسەر، 15/327.

(613) ئىبنى ھەجەر، ئىسابە، 5305؛ ئىبنى ئەساكىر، مۇختەسەر، 15/326.



由 扫描全能王 扫描创建

ئوغلى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئەھلى بەيتكە يار - يۆلەك بولۇپ، ئۇلارنى داۋاملىق قوللىدى. بۇ ھەقتە قېرىنداشلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان ئۇبەيدۇللاھمۇ ھەر قانداق ئىشتا ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ياردەمچى بولۇشقا غەيرەت قىلدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپە بولغاندىن كېيىن ئۇنى يەمەنگە ۋالىي قىلدى. ئۇبەيدۇللاھ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋاپات بولغانغا قەدەر بۇ ۋەزىپىسىنى داۋاملاشتۇردى.

ھەج مەۋسۇمى بولغاندا، خەلىپە ئۇنى ھەج قىلىدىغانلارنىڭ باشلىقى قىلىپ بەلگىلىدى. ھىجرىيەنىڭ 36،37 - يىللىرى، ئۇ ئۈستىگە ئالغان بۇ ۋەزىپىسىنى غەلىبىلىك ئورۇندىدى. ھىجرىيەنىڭ 38 - يىلى ھەزرىتى مۇئاۋىيە ئۇز ئادەملىرىدىن يەزىد ئىبنى شەجەرىنى ھەج قىلىدىغانلارنىڭ باشلىقى قىلىپ مەككىگە ئەۋەتتى. ئۇبەيدۇللاھ ئەھۋالنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا مەلۇم قىلدى. ئۇبەيدۇللاھ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قالايمىقانچىلىق چىقىپ، قان تۆكۈلۈشكە سەۋەب بولماسلىق ئۈچۈن ۋەزىپىسىدىن چېكىنىشنى تەلەپ قىلدى. يەزىد ئىبنى شەجەرەمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش ئويلاپ، ھەزرىتى مۇئاۋىيىگە ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپ، ۋەزىپىسىدىن چېكىنىش ئۈچۈن رۇخسەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ھەر ئىككىسى بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇبەيدۇللاھ بىلەن يەزىد ئىككىسى ئۆزئارا كېلىشىپ، شەيبە ئىبنى ئوسماننى ھەج قىلىدىغانلارنىڭ باشلىقى قىلىپ سايلىدى.

ئۇبەيدۇللاھ ياش ۋاقتلىرىدا ئائىشە بىنتى ئابدۇللاھ بىلەن ئۆيلەنگەن بولۇپ، بۇ ئايالىدىن ئابباس، جەئفەر، ئالىيە ئىسىملىك ئۈچ پەرزەنتى بولدى. ئايالى ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، يەمەنگە ۋالىي بولۇشتىن بۇرۇن جۇۋەيرىيە بىنتى قىراز بىلەن ئۆيلەندى. ئۇنىڭدىنمۇ ئابدۇرراھمان ۋە كۇسەم ئىسىملىك ئىككى بالىسى بولدى. دادىسى يەمەنگە ۋالىي بولغاندا، بالىلارنىڭ تېخى يېشى كىچىك بولۇپ، باشلىرىغا كېلىدىغان پالاكەتلەردىن



由 扫描全能王 扫描创建

خەۋەرسىز ئىدى.[614]

بۇ يەمەن ۋە ئەتراپىدىكى رايونلاردا بۆلۈنۈش ۋە گۇرۇھلىشىش بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان يىللار ئىدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەزرىتى مۇئاۋىيە تەرەپدارلىرى ئارىسىدا پات - پات تالاش - تارتىشلار يۈز بېرىپ تۇراتتى. ھەج باشلىقىنى تەيىنلەش توغرىسىدىكى بۇ ماجىرا سۈركىلىشلەرنىڭ سۈرئىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتتى. ھەزرىتى مۇئاۋىيە بۇ رايوندا ھۆكۈمران بولۇش ئۈچۈن، بۇسر ئىبنى ئەرتاد قوماندانلىقىدىكى بىر قوشۇننى مەدىنىگە ئەۋەتتى. بۇسر خەلقنىڭ مۇئاۋىيىگە بەيئەت قىلىشىنى تەلەپ قىلدى. ئۇ چاغدىكى مەدىنە ۋالىيسى ئەبۇ ئەييۇب قان تۆكۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بۇسردىن يىراق تۇردى. مەدىنىلىكلەرنىڭ بەزىلىرى مۇئاۋىيىگە بەيئەت قىلغان بولسىمۇ، بەزىلىرى بەيئەت قىلىشنى خالىماي، قېچىپ، يوشۇرۇنۇپ يۈردى. بۇسر ئۇ يەردىن ئايرىلىپ مەككىگە، ئارقىدىن يەمەنگە باردى. ئۇبەيدۇللاھمۇ ئەبۇ ئەييۇبقا ئوخشاش شەھەرنى تاشلاپ چىقىپ كەتتى. ئايالى ۋە پەرزەنتلىرىنى ئايالىنىڭ تۇغقىنى بولغان كىنانە ئوغۇللىرىنىڭ يېنىدا قويۇپ، ئۆزى كۇفەگە - ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كەتتى.

بۇسر ئىبنى ئەرتاد پەقەت يەمەنگە بېسىپ كىرىش بىلەنلا توختاپ قالماستىن، ئۇبەيدۇللاھنىڭ ئائىلىسى تۇرغان يەرنى تېپىپ، نەپسى - خاھىشىغا يېگىلىپ، ئىسلام دۇنياسى قەتئىي ئۇنتۇپ كېتەلمەيدىغان خاتالىقتىن بىرنى ئۆتكۈزدى؛ ئۇبەيدۇللاھنىڭ بىگۇناھ ئىككى پەرزەنتىنى ئۆلتۈردى. ئۆيدە تۇرغۇزۇۋاتقان تۇغقىنى بالىلارنى قوغداش ئۈچۈن قىلىچىنى قولىغا ئالغاندا، بۇسر ئىبنى ئەرتاد:

- سېنى ئۆلتۈرۈشنى خالىمايمىز، ئالدىمىزنى توسما! ئۆز ئۆلۈمىڭگە سەۋەب بولما! - دەپ ئەيىبلىدى. ئەمما ئۇ كىشى:

- ئامانەتنى قوغدىيالمىدىم، ئۇ بالىلارنىڭ ئورنىغا مېنى ئۆلتۈر.

(614) بەلازۇرى، ئەنسابۇل ئەشراف، 368.



由 扫描全能王 扫描创建

مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق بەلكى، ئۇلار ئالدىدىكى كەچۈرۈم سوراش قەرزىمنى قايتۇرغان بولارمەن،- دېدى. ئاگاھلاندۇرۇشقا قۇلاق سالماي ئۆزىگە قارشى چىققانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىمۇ ئۆلتۈردى. بالىلىرىنىڭ ھەسرىتىدە ئازابلانغان ئانىسى، ھەر يىلى ھەج مەۋسۇمىدە مەككىگە كېلىپ، تارام-تارام ياش تۆكۈپ، پەرزەنت ھەسرىتىنى ئىپادىلەيدىغان شېئىرلار ئوقۇيتتى.

بۇسر يەمەندە بىر مۇددەت تۇرۇپ قالدى. ھەزرىتى مۇئاۋىيە ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، بۇسرنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تاغىسىنىڭ نەۋرىلىرىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، كۆڭلى ناھايىتى يېرىم بولدى. جارىيە ئىبنى قۇدامەنىڭ قوماندانلىقىدا دەرھال بىر قوشۇن تەييارلاپ مەدىنە ۋە يەمەنگە ئەۋەتتى. جارىيە يەمەننى قايتۇرۇپ ئالدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇبەيدۇللاھنى قايتىدىن يەمەنگە ۋالىي قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇ چاغلاردا ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا سۇيىقەست پىلانلاندى. ئۇبەيدۇللاھ شۇ سەۋەبتىن يولغا چىقمىدى؛ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئالدىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن، قايتىپ كەتمەي كۇفەدە قالدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەپنە قىلىنغان ۋاقتىتمۇ قەبرىگىچە چۇشۇپ، ھايات ۋاقتىدىكىگە ئوخشاش ئەڭ ئاخىرقى سەپىرىدىمۇ ئۇنىڭغا ھەمراھ بولدى.(615)

ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى ئابباس ۋەقەلەر بىر ئاز بېسىققاندىن كېيىن، شامغا بېرىپ ھەزرىتى مۇئاۋىيە بىلەن كۆرۈشتى. ئۇنىڭدىن بالىلىرىنى ئۆلتۈرگەن بۇسرنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىشنى تەلەپ قىلىپ:

- ئەگەر بۇسر بالىلىرىمنى سېنىڭ بۇيرۇقۇڭغا ئاساسەن ئۆلتۈرگەن بولسا، ئۇنىڭ پىشىنى قويۇۋېتىپ سەندىن ھېساب سورايمەن. ئەگەر سەندىن بۇيرۇق ئالماي ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن شۇنداق قىلغان بولسا، سېنى قويۇۋېتىپ ئۇنىڭدىن ھېساب سورايمەن،- دېدى. ھەزرىتى مۇئاۋىيە:

- مەن ھەرگىز ئۇنداق قىلىش توغرۇلۇق بۇيرۇق بەرمىدىم.

(615) ئىبنى ئابدىلبەر، ئىستىئاب. 3/1009، 5/186.

بۇسر باللىرىڭنى زالىملارچە ئۆلتۈرۈپتۇ، قىلغانلىرىنى ئاڭلاپ دەرھال ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىدىم. بۇنىڭدىن باشقا ئۇنى ئۆلتۈرەلمەيمەن. ئەگەر خالىساڭ، سەنمۇ ئۇنىڭ باللىرىنى ئۆلتۈرگىن. ئەمما سەندىن كەڭ قورساقلىق قىلىپ، ئۇنى ئەپۇ قىلىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن. خالىساڭ ئۇنىڭغا بۇيرۇق قىلاي، قىلغان خاتالىقى سەۋەبىدىن سەندىن كەچۈرۈم سورىسۇن، - دېدى.(616)

بۇسر نەقەدەر ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن بولۇپ، مەنىۋى جەھەتتىن ئىنتايىن ئېغىر بېسىم ئاستىدا قالغانىدى. خاتالىقنى تونۇغان چاغدىن تارتىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن قەتئىي ئادەم ئۆلتۈرمەسلىك ئۈچۈن قىلىچىنى تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا بىر ياغاچ قىلىچ ياسىتىۋالدى. بەزىدە ئەقلى - ھوشىنى يوقۇتۇپ قوياتتى. ئۇنداق پەيتلىرىدە ياستۇقنى ئۇرۇشقا باشلايتتى - دە، تاكى ھوشىدىن كەتكۈچە شۇنداق داۋاملاشتۇراتتى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان زامانىدا ئۆلۈپ كەتكۈچە داۋام قىلدى.(617)

ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى ئابباس ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن كۇفەدىن كەتمەي، ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا يار - يۆلەك بولدى. كۇفەلىكلەرگە سۆزلەپ، ئۇلارنى ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بەيئەت قىلىشقا چاقىردى. كۇفەلىكلەرنى قايىل قىلغاندىن كېيىن تەييار بولغان قوشۇن بىلەن بىرلىكتە پۈتۈن رايوندىكى شەھەرلەرنى ئايلىنىپ، ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۈچۈن بەيئەت قوبۇل قىلدى.

ھەزرىتى مۇئاۋىيە شام قوشۇنلىرىنىڭ كۇفەلىكلەرنىڭ قارشىسىدا بەرداشلىق بېرەلمەيۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، تېخىمۇ كۆپ قوشۇن تەييارلاپ، ئۆزى بىۋاستە قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ، ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قوماندانلىقىدىكى قوشۇنغا قارشى يۈرۈش باشلىدى. ئۇبەيدۇللاھ ھەزرىتى ھەسەننىڭ خەلىپە بولۇشىنى خالىمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئورۇنسىز

(616) بەلازۇرى، ئەنسابۇل ئەشراف، 3/66؛ ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 15/326.
(617) بەلازۇرى، 2/332.



由 扫描全能王 扫描创建

قان تۆكۈلمەسلىكى ئۈچۈن، ھەزرىتى مۇئاۋىيە بىلەن ئۇنىڭ ئارىسىدا مۇرەسسەلەشتۈرگۈچى بولۇپ، توختام تۈزۈشكە ياردەمچى بولدى.[618]

ئۇبەيدۇللاھ ئەھلى بەيتكە ياردەم قىلىشقا ئەھمىيەت بېرەتتى. بىر قېتىم ھەزرىتى مۇئاۋىيە ھەزرىتى ھۇسەيىننىڭ ئۆز ئالدىغا ئىش قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ماللىرىدىن پايدىلىنىشقا توسالغۇ بولدى. ئۇ مەزگىلدە ھەزرىتى ھۇسەيىننىڭ ئىقتىسادى ئەھۋالى ناچار ئىدى. ئەتراپىدىكى كىشىلەر:

- تاغاڭنىڭ ئوغلى ئۇبەيدۇللاھقا ئەھۋالىڭنى ئېيتساڭ، ئۇ ساڭا بىر مىليون دەرھەم ياردەم قىلىشى مۇمكىن،- دېيىشتى. ھەزرىتى ھۇسەيىن:

- ئۇبەيدۇللاھ بىر مىليون دەرھەمنى نەدىن تاپىدۇ؟- دەپ ئېتىراز بىلدۈردى. ئۇلار:

- ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمىزكى، ئۇ چىقىۋاتقان شامالدىن ۋە دېڭىز دولقۇنلىرىدىنمۇ بەكرەك سېخىيدۇر،- دېيىشتى. ھەزرىتى ھۇسەيىن ئۇبەيدۇللاھقا بىر پارچە مەكتۇپ يېزىپ ئەھۋالىنى بايان قىلدى ۋە 100 مىڭ دەرھەمگە ئېھتىياجى بارلىقىنى ئېيتتى باغرى . ناھايىتى يۇمشاق بولغان ئۇبەيدۇللاھ، مەكتۇپنى ئوقۇپ ئۆزىنى تۇتالماي خېلى ئۇزۇنغىچە يىغلىدى. ئاندىن ئىش باشقۇرغۇچىسىنى چاقىرىپ:

- ئالتۇن - كۈمۈش، يېمەك - ئىچمەك، مال - چارۋا ۋە قانچىلىك مېلىم بولسا، يېرىمىنى ھەزرىتى ھۇسەيىنگە ئاپىرىپ بەرگىن، ئەگەر ئۇلار يېتەرلىك بولمىسا، دەرھال قايتىپ كېلىپ، قالغان مالنىمۇ ئۇنىڭغا ئاپىرىپ بەرگىن،- دېدى. ھەزرىتى ھۇسەيىن ئىش باشقۇرغۇچى ئېلىپ كەلگەن ماللارنى كۆرۈپ، ناھايىتى مەمنۇن بولۇپ رەھمەت ئېيتىپ، ئۇنىڭدىن ئارتۇقىنى خالىمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.[619]

ئۇنىڭ ۋالىي بولغان ۋە ھەج ئىشلىرىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى

(618) بەلازۇرى، 2/378.
(619) ئىبنى ئابدىرابىھ، ئىقدۇلفەرىد، 1/220.



由 扫描全能王 扫描创建

ئىجرا قىلىۋاتقان پەيتلىرىدىمۇ ئىلىم ئۆگىنىشنى قولدىن بەرمىگەنلىكى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئەمما ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسنىڭ كاتتا ئالىم بولۇشى، بۇ نۇقتا ئۇنىڭ ئاجىز كۆرۈنۈپ قېلىشىغا سەۋەب بولدى. ھەتتا بەزىلەر ئۇنى ئاكىسى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئىلىم ئۆگىنىشكە سەل قارىدى، دەپ ئەيىبلىشىپ:

- نېمە ئۈچۈن ئىلىم ئۆگىنىشكە سەل قارايسەن؟- دەپ تەنە قىلىشتى. ئۇمۇ ئۆزىنى ئاقلاپ:

- ياق، خاتالىشىۋاتىسىلەر. ئىلىم كەيپىياتىم ياخشى چاغدا، ئەڭ ھۇزۇرلىنىدىغان نەرسەم، غەم - قايغۇغا چۆمگەن ۋاقتىمدا بولسا تايانچىم بولىدۇ،- دېدى.(620)

ھاياتىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە تىنى ناھايىتى ئاجىزلاپ، ماغدۇرسىزلىنىپ كەتتى. كۆزلىرىمۇ ناھايىتى بوش كۆرىدىغان بولۇپ قالدى. شۇ ۋاقىتلاردا مەئىن ئىبنى ئەۋس ئۇنى يوقلاپ بېرىپ:

- ئەھۋالىڭ قانداق؟- دەپ سورىدى. ئۇبەيدۇللاھ:

- قەرزىم كۆپىيىپ كەتتى، تېنىم ئاجىزلاپ كەتتى،- دەپ بىر شېئىر ئارقىلىق ئۆز ئەھۋالىنى ئىپادىلىدى. مەئىن:

- قانچىلىك قەرزىڭ بار؟- دەپ سورىدى. ئۇبەيدۇللاھ:

- 10 مىڭ دەرھەم،- دېدى. مەئىن ئۇنىڭغا 10 مىڭ دەرھەم بېرىپ، قەرزىنى قايتۇرۇشقا ياردەم قىلدى.(621)

ئۇبەيدۇللاھ ھاياتىنى ناھايىتى ياخشى ئۆتكۈزدى. ئۇ ھىجرىيەنىڭ 58- يىلىدا ۋاپات بولدى.

---

(620) ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 15/329.

(621) بەلازۇرى، ئەنسابۇل ئەشراف، 3/67.



由 扫描全能王 扫描创建

# تەمام ئىبنى ئاببااس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

تەمام پەيغەمبىرىمىزنىڭ تاغىسى ھەزرىتى ئاببااسنىڭ ئەڭ كىچىك ئوغلى كەسىرنىڭ چوڭى ئىدى. ئائىلىسى مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندا، تېخى كىچىك بولۇپ، ھەزرىتى ئاببااس ئۇنى قۇچىقىغا ئېلىپ: «تەمام بىلەن ئاخىرلاشسۇن، ئۇنىڭ بىلەن ئون بولسۇن. ئى، رەببىم! ئۇنى ياخشى ۋە شەرەپلىك ئىنسان قىلغىن! ئوغۇللىرىمغا كىشىلەر ئۇلارنى ئەسلەپ تۇرىدىغان گۈزەللىك ۋە بەرىكەت ئاتا قىلغىن!» دەپ دۇئا قىلاتتى.

تەماممۇ باشقا قېرىنداشلىرىغا ئوخشاش، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۆيىگە خاتىرجەم كىرىپ - چىقىپ، پەيغەمبەرلىك بۇلىقىدىن ئوزۇقلىناتتى. بىر كۈنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئالدىغا بارغىنىدا، ئەتراپىدىكىلەرگە «يېنىمغا كەلگەن ۋاقىتىڭلاردا ئېغىزىڭلارنىڭ پۇراۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمەن، مىسۋاك ئىشلىتىڭلار! ئۈممىتىمنى قىيىنلىپ قالىدۇ دېمىسەم، تاھارەت ئېلىشقا بۇيرۇغىنىمدەك، مىسۋاك ئىشلىتىشكىمۇ بۇيرۇغان بولاتتىم» دېدى.[622]

پەيغەمبىرىمىز ئۆزئارا مۇسابىقىگە سالىدىغان تاغىسىنىڭ ئوغۇللىرىدىن بىرى تەمام ئىدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇلارنى قاتار قىلىپ تىزغاندىن كېيىن، ئالدىغا ئۆتۈپ: ‹كىم مېنىڭ يېنىمغا بالدۇر كەلسە، ئۇنىڭغا شۇنى - شۇنى بېرىمەن› دەيتتى. بالىلار ئۇ تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈپ بارغاندا، پەيغەمبىرىمىز ئۇلارنى قۇچىقىغا ئېلىپ سۆيۈپ قوياتتى.[623]

**مەككىگە ۋالىي بولۇشى**

(622) مۇسنەد، 1/214؛ ئىبنۇل ئەسىر، ئۇسدۇلغابە، 510.
(623) مۇسنەد، 1/241.



由 扫描全能王 扫描创建

ئىمام پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئائىلىسى ۋە باشقا ساھابىلەردىن تەلىم - تەربىيە ئالدى. ياش ۋاقتىدا ئۆيلىنىپ، كۇسەم ۋە جەئفەر ئىسىملىك ئىككى بالىسى بولدى.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرىدە دەسلەپتە قىسقا مەزگىل مەدىنىگە ۋالىي بولدى. كېيىن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى مەككىگە ۋالىي قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇنىڭ ئورنىغا مەدىنىگە ئەبۇ ئەييۇب ئەلئەنسارىنى ۋالىي قىلىپ بېكىتتى. ئۇ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شېھىت قىلىنغۇچە مەككىگە ۋالىيلىق قىلدى. ئىمام جەسۇرلۇقى ۋە كۈچلۈكلۈكى بىلەن تونۇلغان ئىدى. مەككىگە ۋالىيلىق قىلىۋاتقان مەزگىلدە، ھەزرىتى مۇئاۋىيىنىڭ قوماندانى بۇسر ئىبنى ئەرتادنىڭ قوشۇنى مەككىگە كەلدى. ئىمام ناھايىتى جەسۇر بىرى بولسىمۇ، بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ قېنىنى تۆكمەسلىك ئۈچۈن بىر مەزگىل كۆرۈنمەسلىك يولىنى تاللىدى.

ئىمام ھەج مەۋسۇمىدا يەمەن ۋالىيسى ئۇبەيدۇللاھنىڭ ھەج قىلىدىغانلارنى باشقۇرۇش ئىشلىرىغا ياردەم قىلىپ، ئۇنىڭغا قولايلىق يارىتىپ بېرىشكە تىرىشاتتى.

## دۇنيانىڭ تۆت ئەتراپىغا تارقىلىپ كەتكەن قېرىنداشلار

ئاتىسى ھەزرىتى ئابباسقا ئوخشاش ئوغۇللىرىمۇ ئىسلام ئۈچۈن ناھايىتى كاتتا خىزمەتلەرنى قىلدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋە دادىسىنىڭ دۇئالىرىنىڭ بەرىكىتى بىلەن، بىرى ئالىملىقى، بىرى سېخىيلىقى ۋە بىر جەسۇرلۇقى بىلەن تونۇلغان بۇ قېرىنداشلار، دىنىنىڭ خىزمىتىنى قىلىش ئۈچۈن دۇنيانىڭ تۆت تەرىپىگە تارقالدى. ئەڭ چوڭ ئاكىسى فەزل ئەجنادەيىن غازىتىدا شېھىت بولۇپ كەتتى. مەئبەد ۋە ئابدۇرراھمان ئافرىقىدا ئۆلدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس تائىفتا، ئۇبەيدۇللاھ يەمەندە، كۇسەم سەمەرقەنتتە، كەسىر يەنبۇدا، تەمام بولسا مەككىدە ۋاپات بولدى.[624]

(624) ئىبنى ئابدىلبەر، ئىستىئاب، 1/195؛ ئىبنى ھەجەر، ئىسابە، 857؛ بەلازۇرى، ئەنسابۇل ئەشراف، 3/75؛ زەھەبى، سىيەر،

# كۇسەم ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

پەيغەمبىرىمىزگە ناھايىتى ئوخشايدىغان كۇسەم، ئۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ تاغىسى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوتتۇرانچى ئوغۇللىرىدىن بىرى ئىدى. ھەزرىتى ئابباس باللىرىنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ، كۇسەمنى مەيدىسىگە ئولتۇرغۇزۇپ ئوينىتاتتى. ئوينىتىش جەريانىدا ئوغلىنىڭ پەيغەمبىرىمىزگە ئوخشايدىغانلىقىنى تەسۋىرلەيدىغان، مەدھىيەلەرگە تولۇپ كەتكەن شېئىرلارنى ئوقۇيتتى.(625)

پەيغەمبىرىمىز سەپەردىن قايتىپ كەلگەندە، يېنىغا چاقىرىپ، تۆگىسىگە مىندۈرۈۋالىدىغان باللارنىڭ بىرسى كۇسەم ئىدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇنى ۋە باشقا باللارنى تۆگىسىنىڭ ئالدى تەرىپىگە ياكى جەزىسىگە مىندۈرەتتى، ئۇلارنىڭ باشلىرىنى سىلاپ، سۆيۈپ قوياتتى، ئۇلارغا ياخشى دۇئالارنى قىلاتتى.

## ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىملدىشى

كۇسەمنىڭ ئانىسى لۇبابە بىنتى ھارىس مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھەمشىرىسى بولۇپ، خەدىجە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن كېيىن ئىمان ئېيتقان تۇنجى ئايال ئىدى. مۇسۇلمانلار مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان چاغدا، لۇبابە مەككىدە ئائىلىسى بىلەن بىللە قالغان ئىدى. مەنبەلەردە ئېنىق كۆرسىتىلمىگەن بولسىمۇ، بىر مەزگىل مەدىنىدە تۇرغانىدى. كۇسەم ئېھتىماللىقتىن شۇ كۈنلەردە

1285؛ مەقدىسى، ئەنساب، 165.

(625) مەقدىسى، ئەنساب، 163.



由 扫描全能王 扫描创建

ناھايىتى ياخشى بىر ئىش يۈز بەردى. لۇبابە بۇ گۈزەل ئەسلىمىلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا بېرىپ:

- ئى، رەسۇلۇللاھ! مەن بۈگۈن بىر چۈش كۆردۈم،- دېدىم. پەيغەمبىرىمىز:

- قانداق چۈش كۆردۈڭ؟- دەپ سورىدى. مەن:

- چۈشۈمدە سىزنىڭ بىر پارچە گۆشىڭىز تارتىۋېلىنىپ، مېنىڭ ئۆيۈمگە قويۇلغانلىقىنى كۆردۈم،- دېدىم. پەيغەمبىرىمىز چۈشۈمنى ياخشىلىققا ئۆرۈپ:

- ياخشى چۈش كۆرۈپسەن، ئىنشائاللاھ فاتىمەنىڭ بىر بالىسى بولىدۇ. ئۇ بالىنى بىر مەزگىل سەن باقىسەن، كۇسەمنىڭ سۈتىنى ئۇنىڭغا ئېمىتىسەن،- دېدى.

ھەقىقەتەن ھەسەن تۇغۇلغاندا، ئۇنى كۇسەمنىڭ سۈتى بىلەن ئېمىتىش ئۈچۈن ماڭا بەردى. ئۇنى ئېمىتىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھەسەننى چوڭ دادىسىنىڭ يېنىغا ئېلىپ باردىم. پەيغەمبىرىمىز ئۇنى قۇچىقىغا ئېلىپ سۆيدى، بوينىغا مىندۈردى. ھەسەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ بوينىغا سىيىپ قويدى. مەن تازىلىۋېتىش ئۈچۈن چاچراپ ئورنۇمدىن تۇرسام پەيغەمبىرىمىز:

- ياشاپ كەت ئوغلۇم، ئوغلۇمنى قورقۇتما!- دېدى. مەن:

- كۆينىكىڭىزنى ماڭا بېرىڭ، يۇيۇۋېتەي،- دېدىم. پەيغەمبىرىمىز:

- ئوغۇل بالا سىيىپ قويسا يۇماي، شۇ يەرگە سۇ تۆكسەڭلا بولىدۇ. قىز بالا سىيىپ قويسا، يۇيمىساڭ بولمايدۇ،- دېدى.[626]

## پەيغەمبىرىمىزگە قولى تەگكەن ئەڭ ئاخىرقى كىشى

كۇسەم پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىدىن پەقەتلا ئايرىلمايدىغان بولۇپ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سەپىرىدىمۇ يېنىدا تۇرغان ۋە ئۇنى

(626) سەئلابى، ھەسەن بىن ئەلى، 28؛ شامى.



由 扫描全能王 扫描创建

يەرلىككە قويغان بىرقانچە كىشىدىن بىرى ئىدى. پەيغەمبىرىمىزنى يەرلىككە قويغاندىن كېيىن، قەبرىدىن ئەڭ ئاخىرىدا ئۇ چىقتى. بۇ سەۋەبتىن ئۇ «پەيغەمبىرىمىزنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم تۇتقان كىشى» دېگەن نام بىلەن تونۇلدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ھارىسنىڭ ئازادگەردىسى مىكسەم بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىللە ئۆمرىگە بارغان ئىدى. خەلىپىنى كۆرگەن بىر تۈركۈم ئىراقلىقلار، ئۆمرە پائالىيىتىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

- سەندىن بىلىۋېلىشنى ناھايىتى ئارزۇ قىلىدىغان، بىر سوئالنى سورىماقچىمىز،- دېيىشتى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- بولىدۇ، سوراڭلار! پەممچە، مۇغىرە ئىبنى شۇئبە سىلەرگە پەيغەمبىرىمىزگە ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كىمنىڭ قولى تەككەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ توغرا ياكى ئەمەسلىكىنى سورىماقچىمۇ؟- دېدى. كۇفەلىكلەر:

- شۇنداق، بۇنى سوراش ئۈچۈن كەلدۇق،- دېيىشتى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- پەيغەمبىرىمىزگە ئەڭ ئاخىرقى قېتىم قولى تەگكەن كىشى، كۇسەم ئىبنى ئابباستۇر،- دېدى.»[627]

## مەككىگە ۋالىي بولۇشى

باشقا قېرىنداشلىرىغا ئوخشاشلا ئۇمۇ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ناھايىتى يېقىن ئىدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قېرىندىشى تەمام مەدىنىگە ۋالىي بولۇپ ئىشلەۋاتقان مەزگىلدە، ئۇنى مەككىگە ۋالىي قىلىپ تەيىنلىدى. ھەزرىتى مۇئاۋىيە بىلەن كۈرەش قىلىش جەريانىدا ئۇمۇ ناھەق قان تۆكۈلمەسلىكى ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسەتتى.

(627) مۇسنەد، 1/101؛ ئىبنۇل ئەسىر، ئۇسدۇلغابە، 4273.



由 扫描全能王 扫描创建

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شېھىت قىلىنغاندىن كېيىن، ھەزرىتى مۇئاۋىيە دەۋرىدە قارارگاھقا بېرىپ، جىھاد قىلىش قارارىغا كەلدى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوغلى بىلەن بىللە خۇراسانغا باردى. دوستى سەئىد خۇراسانغا ۋالىي بولغاندىن كېيىنمۇ، يېنىدىن ئايرىلماي جىھاد قىلىشنى داۋاملاشتۇردى. ئۇرۇشتا ناھايىتى چوڭ قەھرىمانلىقلارنى كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، سەئىد ئۇنىڭغا يۈز پاي بەرمەكچى بولدى. كۇسەم تەقۋالىقتا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغان كىشى بولغاچقا ۋالىينىڭ تەكلىپىنى رەت قىلىپ:

- ئىسلامنىڭ ماڭا مۇۋاپىق كۆرگەن پېيى، مەن ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر. بىز مۇسۇلمانلارغا ئۈلگە بولۇشىمىز لازىم. باشقىلارنىڭ ھەققىنى تارقىتىپ بەرگەندىن كېيىن، بىرەر نەرسە ئېشىپ قالسا، ئەڭ ئاخىرىدا ماڭا بەرگىن، - دېدى.(628)

ئۇ ھىجرىيەنىڭ 57 - يىلى سەمەرقەنتتە ئۇرۇش قىلىۋېتىپ شېھىت بولدى. كۇسەم ئىبنى ئابباسنىڭ مازىرى سەمەرقەنتتە بولۇپ، قەبرىسىنىڭ ئەتراپىغا مەدرىسە سېلىندى. سەمەرقەنتلىكلەر ئۇنى «شاھى زەند» يەنى «ھايات سۇلتان» دەپ ئاتاشماقتا.(629)

(628) بەلازۇرى، ئەنسابۇل ئەشراف، 3/173.
(629) دىشا، 26/462.



由 扫描全能王 扫描创建

# جەئدە ئىبنى ھۇبەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

جەئدە پەيغەمبەرىمىزنىڭ تاغىسىنىڭ نەۋرىسى بولۇپ، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەمشىرىسى ئۇممۇ ھانىنىڭ ئوغلىدۇر. دادىسى ھۇبەيرە ئىسلام دەۋىتىگە ناھايىتى قاتتىق قارشى چىققۇچىلاردىن بىرى ئىدى. ئانىسى شۇنچە ئارزۇ قىلغان بولسىمۇ، يولدىشى ۋە ئەتراپىدىكىلەرنىڭ بېسىمىغا قارشى چىقالماي، مەككە پەتھى قىلىنغۇچە مۇسۇلمان بولالمىدى. يىللار بويىچە ئۇنى قىيناپ كەلگەن بۇ ئازاب، مەككە پەتھى قىلىنغاندىن كېيىن ئاخىرلاشتى. مەككىنىڭ پەتھى قىلىنىشىدىن كېيىنلا دەرھال پەيغەمبەرىمىزنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى.

ئۇ چاغلاردا مەككە كوچىلىرىدا دوستلىرى بىلەن ئويناپ يۈرىدىغان جەئدە ئەمدىلا 8-10 ياشلارغا كىرگەن بىر بالا ئىدى. دادىسى ئىسلام قوشۇنىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۆتمۈشتە مۇسۇلمانلارغا سالغان زۇلۇملىرىنى ئەسكە ئالدى، - دە، بۇنىڭدىن كېيىن مەككىدە تۇرالمايدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىپ تائىفقا قاچتى. پەتھدىن كېيىن پەيغەمبەرىمىزنىڭ كىشىلەرنى ئەپۇ قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئايالى، ئۇنىڭغا قايتىپ كېلىشنى ئېيتقان بولسىمۇ، غۇرۇرى غالىب كېلىپ قايتىپ كەلمىدى.

دادىسىنىڭ بۇ ئەھۋالى جەئدە ۋە باشقا قېرىنداشلىرىنىڭ كۆڭلىنى ناھايىتى يېرىم قىلدى. چۈنكى ئۇلار تىرىك يېتىم بولۇپ قالغانىدى. تاغىسى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، يولدىشىدىن ئايرىلىپ كەتكەن ئانىسىنىڭ پەيغەمبەرىمىز بىلەن ئۆيلىنىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. بۇ

ئارزۇسىنى پەيغەمبىرىمىزگە ئېيتتى. پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭ بۇ تەكلىپىنى مۇۋاپىق كۆردى. لېكىن ئۇممۇ ھانى جەئدە ۋە قېرىنداشلىرىنىڭ كىچىك ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، بۇ تەگداشسىز نېمەتكە «ياق» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇممۇ ھانى پەيغەمبىرىمىزدىن ئەپۇ سوراپ، ئۆزىنى چۈشەندۈردۇ، نېمە ئۈچۈن بۇنداق جاۋاب بەرگەنلىكى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

- ئى، رەسۇلۇللاھ! مەن ساڭا ئىسلامدىن بۇرۇن، يەنى جاھىلىيەت دەۋرىدىمۇ قايىل ئىدىم، ھەتتا ياخشى كۆرەتتىم. سېنى جېنىمدىنمۇ بەك ياخشى كۆرىمەن. ئەمما ئۆيلىنىش، مەسئۇلىيەتچانلىقى ناھايىتى چوڭ ئىش. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككى ئوغلۇم تېخى كىچىك. ئۇلار داۋاملىق مېنىڭ بېقىشىمغا، كۆيۈنۈشىمگە موھتاج. ئۆيلىنىش تەكلىپىڭنى قوبۇل قىلىپ، ساڭا كۆپرەك ۋاقىت ئاجراتسام، باللىرىمغا سەل قاراپ قېلىشتىن، باللىرىمغا كۆپرەك ۋاقىت ئاجراتسام ئائىللىق مەسئۇلىيىتىمنى ئادا قىلالماسلىقتىن قورقىمەن. ئى، رەسۇلۇللاھ! مەن سېنى بىئارام قىلىشتىن، كۆڭلۈڭنى ئاغرىتىپ قويۇشتىن قورقتۇم. ئۆتۈنۈپ قالاي، مېنى توغرا چۈشەنگىن،- دېدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭ بۇ مۇئامىلىسىدىن ناھايىتى مەمنۇن بولغان ھالدا:

- تۆگىگە مىنىۋالغان ئاياللارنىڭ ئەڭ ياخشىسى، قۇرەيش ئاياللىرىدۇر. چۈنكى ئۇلار، باللىرىغا ناھايىتى مېھرىبان بولۇش بىلەن بىرگە، ئەرلىرىگىمۇ كۆز - قۇلاق بولىدۇ،- دېدى.(630)

جەئدە پەيغەمبىرىمىز بىلەن قىسقا مۇددەت بولسىمۇ بىرگە تۇرۇش شەرىپىگە ئېرىشكەن بولۇپ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاش ۋە ئۇنى كۆزىتىش ئارقىلىق ئىسلامنى ئۆگەندى.

جەئدە ئىبنى ھۇبەيرە بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبىرىمىزگە ئابدۇلمۇتەللىب ئوغۇللىرىنىڭ بىر ئىتتىپاقدىشىنىڭ پەقەت ئۇخلىماي داۋاملىق ناماز ئوقۇيدىغانلىقى ۋە روزا تۇتىدىغانلىقى ھەققىدە سۆزلەپ

(630) مۇسلىم، فەزائىل، 201؛ ئىبنى ھەجەر، ئىسابە، 12281؛ زەھەبى، سىيەر، 4458؛ بەلازۇرى، ئەنسابۇل ئەشراف، 1/549



由 扫描全能王 扫描创建

بېرىلـدى. پەيغەمبىرىمىـز:

ـ مـەن ھـەم ناماز ئوقۇيمـەن، ھـەم ئۇخلايمـەن. بـەزى كۈنلـىرى روزا تۇتىمـەن، بـەزى كۈنلـىرى روزا تۇتمايمـەن. سۈننىتىمگە ئەگىشىپ قىلىنغان ئەمەللـەر، توغـرا ئەمەللـەردۇر. ئەگەشـمەي قىلغان ئەمەللـەر، خاتـا ئەمەللـەردۇر، ـ دېـدى.»[631]

جەئـدە، پەيغەمبىرىمىزنىـڭ پـات ـ پـات ئۆزىگـە نەسـىھەت قىلىـپ تۇرىدىغانلىقىنـى بىلـدۇرۇپ مۇنـداق دەيـدۇ: «پەيغەمبىرىمـىز مـاڭا: ئالتـۇن ئـۈزۈك سېلىش، يىپـەك كىيىملەرنـى كىيىـش ۋە زىنـا قىلىشـتىن ئىبارەت، ئـۈچ ئىشـنى چەكلـىدى.[632]»

سـۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىـڭ ۋاپاتىدىـن كېيىـن، تاغىسـى ئەلـى رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇنىـڭ يېنىدىـن ئايرىلمـىدى. ئۇنىـڭ تەربىيەسـى ئاسـتىدا چوڭ بولـدى. ئـۇ خەلىپىلىك قىلىۋاتقان دەۋردە، خوراساندا ۋالىيلىـق قىلدى. تاغىسـىدىن ناھايىتـى پەخىرلىنىدىغان بولـۇپ، ئۇنىـڭ ئۈچـۈن ئوقۇغـان بىـر شـئېىردا مۇنـداق دەيـدۇ:

مېنى كىم دەپ سورىساڭ، دادام بەنى مەھزۇمدىن،
ئانام بەنى ھاشىمدۇر، قەبىلىلەر سەرخىلى.
كىم پېتىنىپ ماختايدۇ، تاغىسىنى ئالدىمدا،
بارمۇ ئۇنىڭ ئەلىدەك، ئۆتكۈر پىكىر تاغىسى؟![633]

جەئـدە تاغىسـى ئەلـى رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ بىلـەن بىرلىكتـە تۇرۇۋاتقانـدا، دىجلە ياقىسـىدىكى ئۇقبـۇرە يېزىسـىنىڭ باشـلىقى بىـر ئـادەم بىلـەن بىرلىكتـە زىيارەتكـە كەلـدى. يېنىدىكـى ئـادەم يېـزا باشـلىقىنىڭ ئۈسـتىدىن شـىكايەت

(631) تەبەرانى، ئەلمۇئجەمۇل كەبىر، 2/285.
(632) تەبەرانى، 2/285.
(633) ئىبنى ئابدىلبەر، ئىستىئاب، 1/240؛ ئىبنۇل ئەسىر، ئۇسدۇلغابە، 753؛ ئىبنى ھەجەر، ئىسابە، 1162.



由 扫描全能王 扫描创建

قىلدى. ئەلى رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇ ئادەمنىڭ ھەقلىق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. قارار قىلىدىغان چاغدا، تاغىسىنىڭ قەتئىي ئۆز ئادىمىگە يان باسمىغانلىقى، بىر ئاز بولسىمۇ دۇرۇسلۇقتىن چەتنەپ كەتمىگەنلىكى ئۇنى ناھايىتى ھەيران قالدۇردى. ھەتتا بىر ئاز ئاچچىقلاندى. ئادەتتىكى ھەرقانداق بىر كىشىگە ئوخشاشلا ئۇمۇ تەربىيەلىنىش باسقۇچىدىن ئۆتۈۋاتاتتى. ئۇ شۇنچىلىك بەختلىك ئىدى؛ چۈنكى ئۇنىڭ ئەلى رەزىيەللاهۇ ئەنهۇغا ئوخشاش ھېكمەت دەرياسى مىسالى بىر تاغىسى بار ئىدى. ئۇنىڭدىن:

- ئى، مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى! سىزنىڭ ئالدىڭىزغا ئىككى كىشى كەلدى. ئۇلارنىڭ بىرى سىزنى ئۆزىدىن، ئائىلىسىدىن ۋە مېلىدىنمۇ بەكرەك ياخشى كۆرىدۇ. يەنە بىرى بولسا، پۇرسەت تاپسىلا بېشىڭىزنى ئالغۇدەك دەرىجىدە سىزدىن نەپرەتلىنىدۇ. ئارىسىدا ھۆكۈم چىقارغاندا، سەن ئۆزۈڭگە قارشى تۇرىدىغان ئادەمنىڭ يېنىنى ئېلىپ ھۆكۈم چىقاردىڭ. بۇنداق قىلىشىڭنىڭ سەۋەبى نېمە؟- دەپ سورىدى. ئەلى رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ:

- ئەگەر قىلغان ئىشىم پەقەت ماڭىلا مۇناسىۋەتلىك بولغان بولسا ئىدى، دېگىنىڭنى بويىچە قىلاتتىم. ئەمما ھۆكۈم ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن چىقىرىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەنمۇ ئۇنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىدىغان شەكىلدە ھۆكۈم قىلدىم[634].- دېيىش ئارقىلىق، ھەقىقەت ئالدىدا قانداق پوزىسىيە بىلدۈرۈش كېرەكلىكىنى سۆزلەپ بەردى.

جەئدەمۇ ناھايىتى بەختلىك بىر ئائىلە قۇردى. ئابدۇرراھمان ۋە يەھيا ئىسىملىك ئىنتايىن ئۇماق ئىككى ئوغلى بولدى.[635] قالايمىقانچىلىق بولۇۋاتقان يىللاردا ئۆزىمۇ ۋەقەلەرنىڭ ئىچىدە بولغاچقا، ناھايىتى چوڭ تەجرىبە - ساۋاقلارغا ئىگە بولدى. ۋاپات بولۇشتىن بۇرۇن يوقلاپ كەلگەن دوستلىرىغا تەۋسىيە قىلىپ: «مېنىڭ بېشىمدىن ئۆرگۈنلىغان ئىشلار ئۆتتى. سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى ئۆگەندىم. بۇ خەلىپىنىڭ

(634) ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 18/64.

(635) مەقدىسى، ئەنساب، 398.



由 扫描全能王 扫描创建

ۋاپاتىدىن كېيىن (ھەزرىتى مۇئاۋىيىنى كۆزدە تۇتۇپ)، ھەقىقەتتىن ۋە خەلقتىن يۈز ئۆرۈيدىغان رەزىل، تەكەببۇر كىشىلەر بېشىمىزغا كېلىدۇ. بۇ ئەھۋال تاكى قىيامەتكىچە مۇشۇنداق داۋاملىشىدۇ. ياخشى بىلىڭلاركى، ھەقىقىي ھۆكۈمدار سىلەر سايلىۋالغان ئەمەس، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئىش قىلغان ھۆكۈمداردۇر. ھەر باشلىقنىڭ خەلقنىڭ ئۈستىدە ھەققىي بولغىنىدەك، خەلقنىڭمۇ باشلىق ئۈستىدە ھەققىي بار. سىلەر مەسئۇلىيىتىڭلارنى ئەڭ مۇكەممەل شەكىلدە ئادا قىلىڭلار. باشلىقىڭلار سىلەرگە زۇلۇم قىلسا، ئۇنىڭغا قارشى ئۆزۈڭلارنى قوغدىيالمىساڭلار، ئۇلارنى ئاللاھقا تاپشۇرۇڭلار. نىملا بولمىسۇن قىيامەت كۈنى ھېسابلىشىسىلەر. ئۇ يەردە ھەر بىر ھەق ئىگىسى، ھەققىنى يېگۈچىدىن ھەققىنى ئالىدۇ.» دەيتتى.(636)

(636) ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 25/75.

# تۇلەيب ئىبنى ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

تۇلەيب پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھاممىسى ئەرۋا رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئوغلى ئىدى. دادىسى ئۇمەير ئىبنى ۋەھب مەككىلىكلەر ئىچىدە سەفۋان ئىبنى ئۇمەييەنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇ قۇرەيشلىكلەرنىڭ ئابرۇيلۇق، جەسۇر شۇنداقلا شەيتانغا پايپاقنى تەتۈر كىيگۈزگۈدەك دەرىجىدە ئەترابلىق پىكىر قىلىدىغان بىرى ئىدى.

پەيغەمبىرىمىز ئىسلامغا دەۋەت قىلىش بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، بىرىنچى قەدەمدە يېقىن تۇغقانلىرىنى ئىسلامغا چاقىردى. تۇغقانلىرى ئىسلامنى قوبۇل قىلمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئاداققىچە مۇشرىكلارغا قارشى ئۇنىڭغا يار - يۆلەك بولدى.

ئەرۋا رەزىيەللاھۇ ئەنھامۇ باشقا تۇغقانلىرىنىڭ يولىنى تۇتۇپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن پەيغەمبىرىمىزنى قوللىدى. ئۇ شۇنچىلىك ئارزۇ قىلغان بولسىمۇ، ئەبۇ تالىپ ۋە باشقا قېرىنداشلىرى مۇسۇلمان بولمىغانلىقتىن ئۇمۇ مۇسۇلمان بولمىدى.

پەيغەمبىرىمىز ئىسلام دەۋىتىنى باشلىغاندىن كېيىن، ئەرۋا رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۆيىدە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىسمى تېخىمۇ كۆپ تىلغا ئېلىنىشقا باشلىدى. ھەزرىتى ئەرۋا ئۇنىڭ قىلغان ياخشى ئىشلىرىنى ماختاپ، سۆزلەپ تۈگىتەلمەيتتى. ئۆيىدە بولۇۋاتقان بۇ سۆزلەر ياش تۇلەيبنىڭ پەيغەمبىرىمىزگە بولغان سۆيگۈسى ۋە مايىللىقىنى كۈنسېرى كۈچەيتتى.

تۇلەيب ئۇ ۋاقىتلاردا 14-15 ياشلاردا بولۇپ، ناھايىتى جاسارەتلىك ۋە ھەرىكەتچان بىر ياش ئىدى.



由 扫描全能王 扫描创建

چوڭلىرىنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلمىغانلىقىغا پەرۋا قىلماستىن، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ، تۇنجى قېتىم مۇسۇلمان بولغانلار قاتارىدا شەرەپكە نائىل بولدى.

## ياش دەۋەتچى

تۇلەيب ئانىسىنىڭ ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىغا ئاچچىقلانماستىن، ئەكسىچە خۇشال بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ، بۇ خۇشاللىقنى ئانىسىغا ئېيتىش ۋە ئۇنىمۇ ئىسلامغا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن، پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىدىن چىقىپ توپتوغرا ئۆيىگە بېرىپ ئانىسىغا:

- ئانا، مەن مۇھەممەدكە بەيئەت قىلدىم، ئاللاھ ئۈچۈن ئىسلامنى قوبۇل قىلدىم، - دېدى. ئانىسى:

- ناھايىتى ياخشى قىپسەن، شۈبھىسىزكى، تاغاڭ باشقىلارغا قارىغاندا سېنىڭ قوللىشىڭ ۋە ياردىمىڭگە تېخىمۇ لايىقتۇر. ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مېنىڭمۇ ئەرلەر قىلغان ئىشنى قىلىشقا كۈچۈم يەتكەن بولسا ئىدى، مەنمۇ ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىپ، ئۇنى زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن قوغدىغان بولاتتىم، - دېدى. تۇلەيب:

- ئانا، نېمىشقا ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىپ، ئىسلامنى قوبۇل قىلمايسەن؟ قارا، نۇرغۇنلىغان كىشى مۇسۇلمان بولدى، - دېدى. ئانىسى:

- قېنى بېرىپ سۈرۈشتۈرۈپ باق، قىز قېرىنداشلىرىم ئىچىدە كىم مۇسۇلمان بوپتۇ؟ ئەگەر مۇسۇلمان بولغانلار بولسا، مەنمۇ ئۇلارغا قوشۇلىمەن، - دېدى. تۇلەيب:

- سەندىن ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ يېنىغا بېرىشىڭنى، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىپ، ئۇنى تەستىقلاپ «ئەشھەدۇئەنلا ئىلاھە ئىللەللاھ ۋەئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ» دېيىشىڭنى ئارزۇ قىلىمەن، - دېدى.

ئەرۋا رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبىرىمىز ھەققىدە گۈزەل سۆزلەرنى



由 扫描全能王 扫描创建

قىلىپ، ناھايىتى ئارزۇ قىلغان بولسىمۇ، يەنىلا مۇسۇلمان بولمىدى. لېكىن ئوغلىغا پۈتۈن كۈچى بىلەن پەيغەمبىرىمىزنى قوللاشنى، دەۋەتنىڭ ئەلىپگە ئېرىشىشى ئۈچۈن قولىدىن كېلىدىغان ھەرقانداق ئىشنى قىلىشنى ئېيتىپ، ئۇنى ئۈزلۈكسىز رىغبەتلەندۈرۈپ تۇردى.(637)

## ئىسلام پىدائىيسى

مەككىلىكلەر ئىسلامغا مايىل بولۇشقا باشلىغانسېرى، شەھەرنىڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان مۇشرىكلىرى پەيغەمبىرىمىزگە ۋە ئۇنىڭغا بەيئەت قىلغانلارغا بېسىم ئىشلىتىشكە باشلىدى. بۇ بېسىم ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن زۇلۇم ۋە قىيىن – قىستاق قىلىشقا ئايلىنىپ كەتتى. تۇلەيبنىڭ ئانىسى ئىسلامنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمەنلىرىدىن بىرى بولغان سەفۋان ئىبنى ئۇمەييەنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئۇنىڭ تەسىرى ئاستىدا، ئۇمۇ مۇسۇلمانلارغا دۈشمەن بولغان ئىدى. ھەتتا بۇ سەۋەبتىن ئانىسى ئەرۋادىنمۇ ئايرىلىپ كەتكەنىدى.

تۇلەيب دادىسىنىڭ ئىسلامغا بولغان دۈشمەنلىكىگە قارىماي، مۇسۇلمان بولۇپلا قالماستىن، بەلكى پەيغەمبىرىمىزنى قوللايدىغان، قوغدايدىغان چوڭ ئىسلام پىدائىيسى بولغانىدى.

بىر كۈنى ئەبۇ جەھىل ۋە ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان بىر قانچە قۇرەيشلىكنىڭ پەيغەمبىرىمىزنى بىئارام قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال ئۇلارنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئەبۇ جەھىلگە ناھايىتى قاتتىق بىر مۇش ئاتتى. ئەتراپىدىكى كىشىلەر نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي، ھەيران بولۇپ بىر ئاز تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن دەرھال ئېسىگە كېلىپ، ئېتىلىپ بېرىپ تۇلەيبنى تۇتۇۋېلىپ، سىلكىشلەپ دۇقۇسلاتقاندىن كېيىن، ئۇنى چىڭ باغلىدى. ئۇنى قانداق قىلىشنى ئويلىشىۋاتقاندا، تاغىسى ئەبۇ لەھەب يانلىرىغا كەلدى. ـ دە، جىيەنىنىڭ باغلاقلىق تۇرغانلىقىنى

(637) ئىبنى ھەجەر، مۇختەسەر، 11/313.

كۆرۈپ، سەۋەبىنى سورىدى. تاغىسى ئەھۋالنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنى قويۇۋېتىشنى ئېيتتى. مۇشرىكلار ئەبۇ لەھەبنى ناھايىتى ھۆرمەت قىلىدىغان بولغاچقا، جىيەنىنى مەجبۇرى قويۇۋەتتى. ۋەقەنى كۆزلىرى بىلەن كۆرگەن بەزى مەككىلىكلەر ئۇدۇل ئەرۋا رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىغا بېرىپ:

- ئوغلۇڭ تۇلەيبىنىڭ مۇھەممەد ئۈچۈن ئۆزىنى پىدا قىلغانلىقىنى كۆردۈڭمۇ؟- دەپ ئانىسىنى كۈشكۈرتۈشكە تىرىشتى، ئەرۋا رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

- نېمە ئىش بولدى؟- دەپ سورىدى. كەلگەنلەر ئەھۋالنى ئېيتىپ بەرگەندىن كېيىن، ئانىسى ئوغلىدىن ئىنتايىن پەخىرلەنگەن ھالدا:

- ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى كۈنى تاغىسىنىڭ ئوغلىغا ياردەم قىلغان كۈندۇر. تاغىسىنىڭ ئوغلىنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن ھەق بىلەن ئەۋەتىلگەن بىر ئەلچى ئىكەنلىكىگە، ھېچقانداق شۈبھەم يوق،- دېدى. ئۇلار:

- سەنمۇ مۇھەممەدكە بەيئەت قىلدىڭمۇ؟- دەپ سوراشتى. ئەرۋا رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

- ھەئە، شۇنداق،- دەپ جاۋاب بەردى.

مەككىلىكلەر ھەيران بولغان ھالدا ئۇ يەردىن چىقىپ، توپ - توغرا ئەبۇ لەھەبنىڭ يېنىغا بېرىپ:

- ھەمشىرەڭ ئەرۋانىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئاڭلىدىڭمۇ؟- دەپ سورىدى.

ئەبۇ لەھەب ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ھەمشىرىسىگە ناھايىتى غەزەپلەندى. دەرھال ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، ئۇنى ئىماندىن ۋاز كەچتۈرۈش ئۈچۈن ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنى ئەيىبلىگەن ھالدا:

- ساڭا لەنەت بولسۇن! داداڭ ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ دىنىنى تەرك قىلىپ، مۇھەممەدنىڭ دىنىنى قوبۇل قىلدىڭمۇ؟-دەپ سورىدى. ئەرۋا رەزىيەللاھۇ ئەنھامۇ:

- سەنمۇ قېرىندىشىڭنىڭ ئوغلىغا يار - يۆلەك بولۇشۇڭ، ئۇنى قوغدىشىڭ ھەتتا ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشىڭ لازىم. ئەگەر غەلىبە قىلسا، خالىساڭ يېنىدا بولىسەن، خالىمىساڭ كېتىسەن. خالىساڭ ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىسەن، خالىمىساڭ دىنىڭدا قالىسەن. ئەگەر مەغلۇپ بولسا، جىيەنىڭ ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىڭنى ئادا قىلغان بولىسەن،- دېدى. ئەبۇ لەھەب:

- بىزنىڭ پۈتۈن ئەرەبلەرگە قارشى تۇرغۇدەك كۈچىمىز بارمۇ؟ ئۇ يېڭى بىر دىن بىلەن كەلدى،- دېدى ۋە ئاچچىقلانغان ھالدا ھەمشىرىسىنىڭ يېنىدىن ئايرىلغاندا، ئەرۋا رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئوغلىدىن پەخىرلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان مۇنۇ شېئىرنى ئوقۇۋاتاتتى: «تۆلەيب تاغىسىنىڭ ئوغلىغا ياردەم قىپتۇ. پۈتۈن كۈچى ۋە مېلى بىلەنمۇ ياردەم قىلغۇسى.»[638] (نەسرىي يەشمىسى)

تۆلەيب يەنە بىر قېتىم پەيغەمبىرىمىزدىن ئىنتايىن نەپرەتلىنىدىغان يان قوشنىسى ئۇقبە ئىبنى مۇئەييت بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. ئۇقبەنىڭ ھايۋانلارنىڭ ماياقلىرى بىلەن توشقۇزۇلغان بىر سېۋەتنى كۆتۈرگەن ھالدا پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھۇجرىسىنىڭ ئالدىغا قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئىنسان قېلىپىدىن چىققان بۇ ئادەم، تەپارتماستىن سېۋەتتىكى نىجاسەتلەرنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىشىكى ئالدىغا تۆكۈپ قويدى. تۆلەيب غەزەپتىن ئەقلى - ھوشىنى يوقۇتۇپ قويغان بولۇپ، دەرھال ئۇقبەنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، سېۋەتنى قولىدىن تارتىۋېلىپ ئۇقبەنىڭ باش -كۆزىگە ئۇرۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ بۇنداق قارشىلىق كۆرسىتىشىنى كۈتمىگەن ئۇقبە، نېمە ئىشقا دۇچ كەلگەنلىكىنى ئاڭقىرالماي خېلى ۋاقىتقىچە قېتىپلا قالدى. ئۆزىگە كەلگەندىن كېيىن تۆلەيبنىڭ قولىدىن تۇتۇپ، ئۇدۇل ئانىسىنىڭ يېنىغا ئېلىپ بېرىپ، ئوغلىنىڭ قىلغانلىرىنى مۇبالىغىلەشتۈرۈپ سۆزلەپ شىكايەت قىلدى. ئانىسى ئوغلىغا ئاچچىقلاش

(638) ئىبنى ئابدىلبەر، ئىستىئاب، 4/1779؛ ئىبنى سەئىد، تەباقات، 8/42؛ ئىبنۇل ئەسىر، ئۇسدۇلغابە، 6694؛ ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 11/313.



由 扫描全能王 扫描创建

ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇنىڭ قىلغانلىرىدىن پەخىرلەندى.[639]

تۇلەيب دەسلەپتە ھەبەشىستانغا، ئاندىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلدى. مۇسۇلمانلار بەدرىگە بېرىش ئۈچۈن يولغا چىققاندا، ئۇتبە ئىبنى غەزۋاننىڭ تۆگىسىگە نۆۋەتلىشىپ مىندى. دادىسى ئۇمەير ۋە قېرىندىشى ۋەھبمۇ مۇشرىكلار بىلەن بىللە بەدرىگە كەلگەندى. بەلكى ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشى، ھەتتا ئۇرۇشۇشى مۇمكىن ئىدى. بۇ قەلبنى ئېچىشتۇرىدىغان ئېغىر سىناق ئىدى، ئەمما، غەلىبە قىلىشى كېرەك ئىدى. ئۇ قەھرىمانلارچە ئۇرۇش قىلغان بەدرىدە قېرىندىشى ۋەھب ئەسىرگە چۈشۈپ قالدى.

دادىسى ساق - سالامەت قۇتۇلۇپ مەككىگە قايتىپ كەلگەندى. بىر چاغلاردا مۇسۇلمانلارغا قىلغان ئەسكىلىكلىرىنى ئەسلەپ، ئەسىرگە چۈشكەن ئوغلىنىڭ ھاياتىدىن ئەندىشە قىلىشقا باشلىدى. ئەمما، قولىدىن ھېچقانداق ئىش كەلمەيتتى. ناھايىتى غەزەپلەنگەن ۋە قايغۇرغان ھالدا مەككىگە قايتىپ كېلىپ، قانداق قىلىش ھەققىدە ئويلىنىۋاتاتتى. ھەممىلەن قىيىن ئەھۋالدا ئىدى. بېشىغا كەلگەن بۇ پالاكەتلەر ھەققىدە پاراڭلىشىپ، بۇ خىجىلچىلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسىنى ئىزدەۋاتاتتى. بىر كۈنى كەبىدە دادىسى بىلەن ھال - ئەھۋال ئېيتىشقان سەفۋان ئىبنى ئۇمەييە ئۇنىڭغا:

- ئۈنچىلىك جىگەر - پارىمىزنى يوقۇتۇپ قويۇپ ياشاشنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بار؟- دېدى. ئۇ:

- توغرا سۆزلىدىڭ، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بۇنىڭدىن كېيىن ياشاشنىڭ ھېچقانداق مەنىسى يوق. ئەگەر قايتۇرىدىغان قەرزىم بولمىغان بولسا، ئارقامدا قېلىپ قالىدىغان ئائىلەمدىن ئەندىشە قىلمايدىغان بولسام، مەدىنىگە بېرىپ مۇھەممەدنى ئۆلتۈرەتتىم. شۇنىڭ بىلەن، ھەممىمىز بۇ خىجىلچىلىقتىن قۇتۇلغان بولاتتۇق. ھەم مەدىنىگە بېرىش ئۈچۈن بىر باھانەممۇ بار. ئەسىرگە چۈشكەن ئوغلۇمنىڭ فىدىيەسىنى

(639) بەلازۇرى، ئەنسابۇل ئەشراف، 1/169.



由 扫描全能王 扫描创建

ئېلىپ بارغان قىياپەتكە كىرىپ، مۇھەممەدنىڭ يېنىغا بېرىپ، پۇرسەت تاپقان ھامان شۇ يەردىلا ئۆلتۈرىمەن،- دېدى.

بۇنى ئاڭلىغان سەفۋاننىڭ كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى:

- ئەگەر مۇشۇنداق قىلىشنى خالىساڭ، ئارقاڭدا قالغانلاردىن ئەندىشە قىلما. قەرزلىرىڭنى قايتۇرۇپ، ئائىلەڭنىمۇ ئۆز ئائىلەمدەك باقىمەن،- دېدى. ئۇ:

- مەنمۇ دېگىنىمنى قىلىمەن،- دېدى.

- بۇ سۆزلەر بىر مەزگىلگىچە ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا قالسۇن،- دېيىشتى ئۇلار بىر - بىرلىرىگە.[640]

ئۇمەير ئىبنى ۋەھب ئائىلىسىدىن خەۋەر ئالدىغانلىقىغا ۋەدە ئالغاندىن كېيىن، تەييارلىق قىلىشقا باشلىدى. سەفۋانمۇ ئۇنىڭغا ناھايىتى مەزمۇت ۋە ئۆتكۈر بىر قىلىچ تەييارلاپ، ئۇنى زەھەر بىلەن سۇغارغاندىن كېيىن ئۇمەير ئىبنى ۋەھبگە بەردى. ئۇمەير تەييارلىقنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئائىلىسى بىلەن خوشلىشىپ يولغا چىقتى ۋە ئۇزۇن مۇساپىلەرنى بېسىپ مەدىنىگە يېتىپ كەلدى. مەسجىدى نەبەۋىگە يېقىنلاپ قالغاندا، ئىشىك ئالدىدا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى كۆردى. بىرقانچە كىشى بىلەن ئولتۇرۇپ بەدىر ئۇرۇشى ۋە ئاللاھنىڭ مۇسۇلمانلارغا قىلغان ياردىمى ھەققىدە پاراڭلىشىۋاتاتتى. ئۇمەير مەسجىدى نەبەۋىنىڭ ئىشىكى ئالدىغىچە كېلىپ، تۆگىسىنى چۆكتۈرۈپ يەرگە چۈشتى. تۆگىسىنى باغلىغاندىن كېيىن مەسجىدى نەبەۋى تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇمەيرنىڭ يېنىدا قىلىچ بارلىقىنى كۆرۈپ، ھاياجانلانغان ھالدا:

- بۇ، بەدىردە مۇشرىكلارنى بىزگە قارشى كۈشكۈرتكەن ئاللاھنىڭ دۈشمىنى،- دەپ ۋارقىرىدى-دە، مەسجىدكە يۈگۈرۈپ كىرىپ، پەيغەمبىرىمىزگە:

- ئى، رەسۇلۇللاھ! ئۇمەير ئىبنى ۋەھب كېلىۋاتىدۇ، ئۇ ناھايىتى

(640) ئىبنى ھەجەر، ئىسابە، 6059.



由 扫描全能王 扫描创建

ھىيلىگەر ۋە خائىن ئادەم. خۇدا ھەققى ئۇنىڭغا ئىشەنمە!- دېدى ۋە تېزلىك بىلەن مەسجىدتىن چىقىپ، دوستلىرىنى يېنىغا چاقىرىپ:

- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قوغداڭلار!- دېدى. يەنە خاتىرجەم بولالماي ئۆمەير ئىبنى ۋەھبىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىچكىرىگە كىردى. پەيغەمبىرىمىز ئۇلارنى كۆرۈپ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا:

- ئارقاڭغا تۇرغىن!- دېدى.

ئۆمەير پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا جاھىلىيەت دەۋرىدىكىدەكلا:

- خەيرلىك سەھەر،- دەپ سالام بەردى. پەيغەمبىرىمىز ئەلەيھىسسالام:

- ئاللاھ بىزگە جەننەت ئەھلىنىڭ سالامىنى بەخش ئەتتى. ئى، ئۆمەير! بۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن كەلدىڭ؟- دەپ سورىدى. ئۆمەير:

- ئوغلۇم ئۈچۈن كەلدىم. ساڭا فىدىيەسىنى بېرىمەن، سەنمۇ ئوغلۇمنى ماڭا بەر. سەن بىزنىڭ ئائىلىمىز ۋە تۇغقىنىمىز،- دېدى. پەيغەمبىرىمىز:

- ئۇنداقتا، بويىنۇڭدىكى نېمە قىلىچ؟- دەپ سورىدى. ئۆمەير:

- ئاللاھ ئۇنى يوق قىلسۇن! بىزگە ھېچقانداق پايدىسى تەگمىدى. تۆگىدىن چۈشكەن ۋاقتىتا، بويىنۇمدىن ئېلىۋېتىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن،- دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- راست گەپ قىلغىن، بۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن كەلدىڭ؟- دەپ سورىدى. ئۆمەير:

- راستىنلا ئوغلۇم ئۈچۈن كەلدىم،- دېدى. پەيغەمبىرىمىز:

- ئۇنداقتا، كەبىدە سەفۋان ئىبنى ئۇمەييە بىلەن نېمە ھەقتە پاراڭلاشتىڭلار؟- دەپ سورىدى.

ئۆمەير بىردىنلا ھودۇقۇپ كەتتى. ئەمما چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ، ئىنكار قىلماقچى بولۇپ:

- ئۇنىڭ بىلەن ھېچنېمە ھەققىدە پاراڭلاشمىدۇق،- دېدى.



由 扫描全能王 扫描创建

پەيغەمبىرىمىز:

- سەفۋان ئىبنى ئۇمەييە بىلەن مېنى ئۆلتۈرۈش بەدىلىگە ئائىلەڭنى باقىدىغانلىقى، قەرزىڭنى قايتۇرىدىغانلىقىنى ھەققىدە سۆزلەشمىدىڭلارمۇ؟- دەپ سورىدى. ھېچكىم بىلمەيدىغان بۇ سىرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ناھايىتى ئېنىق ئېيتىپ بېرىشى ئۇمەيرنى ھەيران قالدۇردى.

- بىز سېنى يالغانچىغا چىقىرىپ، ساڭا ئاللاھ تەرىپىدىن ھېچقانداق ۋەھيى چۈشمىگەنلىكىنى سۆزلىگەن ئىدۇق. ھالبۇكى، ئاللاھ مەن بىلەن سەفۋاندىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىغان نەرسىنى ساڭا بىلدۈرۈپتۇ. مېنى بۇ شەكىلدە مۇشۇنداق بىر مەنزىرە بىلەن ئۇچراشتۇرغان ئاللاھقا ھەمدۇ - سانا بولسۇن. ئەمدى مەنمۇ ئاللاھقا ۋە ئەلچىسىگە ئىمان ئېيتىمەن،- دەپ مۇسۇلمان بولدى.(641)

تۇلەيب دادىسىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىدىن ناھايىتى سۆيۈندى. تەيقەبىلىسىدىن زەينەب ئىسىملىك بىر ئايال بىلەن ئۆيلەنگەن تۇلەيب ھىجرىيەنىڭ 13 - يىلى ئەنجادەيىن ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ، شېھىت بولدى. ئۇ شۇ چاغدا 35 ياشلاردا ئىدى.(642)

---

(641) ئىبنۇل ئەسىر، ئۇسدۇلغابە، 4091.

(642) ئىبنى سەئد، تەباقات، 3/123؛ ئىبنى كەسىر، ئەلبىدايە ۋەننىھايە، 1/1044؛ مەقدىسى، ئەنساب، 172، 286؛ مەغازى، 1/1445.



由 扫描全能王 扫描创建

## تۆتىنچى بۆلۈم

# مەشھۇر ساھابىلەرنىڭ پەرزەنتلىرى

由 扫描全能王 扫描创建

# ئاسىم ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەڭ كىچىك ساھابە ئوغلى ئاسىم، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋاپاتىدىن ئىككى ياكى تۆت يىل بۇرۇن دۇنياغا كەلگەنىدى. ھەر قانداق ئاتا - ئانىغا ئوخشاشلا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئايالى ئوغلىنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىدىن ئىنتايىن خۇشال بولدى. ئانىسى ئاسىيە ئىسلامغا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن كېتىۋاتقاندا، راجى دېگەن يەردە پىستىرمىغا چۈشۈرۈلۈپ ئۆلتۈرۈلگەن ئاسىم ئىبنى سابىتنىڭ قىزى ئىدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭ «ئاسىيە» دېگەن ئىسمىنى مەنىسىنى نەزەردە تۇتۇپ «جەمىلە» گە ئۆزگەرتىۋەتتى.(643)

ئىسمىغا ئوخشاشلا گۈزەل ئانىسىنىڭ قۇرغان ئائىلىسى ئۇزۇن داۋاملاشمىدى. ئۇ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئۇ قىلىپ بېرەلمەيدىغان كۆپلىگەن ئىشلارنى تەلەپ قىلاتتى. تەلەپلىرىدە چىڭ تۇرۇۋېلىشى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرەتتى. ئاخىرى ئىش چوڭكىيىپ چۈشىنىشمەسلىك داۋاملاشقاچقا، ئەبۇ بەكىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە ئاجرىشىپ كەتتى. جەمىلە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئوغلىنى ئېلىپ شەھەر مەركىزىدىن 54 km يىراقلىقتا جايلاشقان قۇبادىكى ئائىلىسىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى.(644)

بۇ ئايرىلىش ئاسىمغا ئوخشاشلا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغىمۇ كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوغلىنىڭ يىراقىغا چىداپ

(643) ئىبنى سەئد، تەباقات، 5/15.

(644) ئىبنى ھەجەر، ئىسابە، 10980.



由 扫描全能王 扫描创建

بولالماي غۇرۇرىنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇپ، ئاسىمنى كۆرۈش ئۈچۈن قۇباغا باردى.

جەملەنىڭ ئۆيىگە يېقىنلىشىپ قالغاندا، ئاسىمنىڭ دوستلىرى بىلەن ئويناۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خىلىغىچە قايغۇلۇق كۆزلىرى بىلەن ئوغلىغا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن يېنىغا بېرىپ، ئۇنى قۇچىقىغا ئېلىپ باغرىغا بېسىپ تۇرۇپ سۆيدى.

ئايرىلىش ۋاقتى كەلگەندى. ئوغلىدىن ئايرىلىشنى خالىمايتتى، نىملا بولمىسۇن كۆزلىرى ياشقا تولغان ھالدا، ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. ئاسىم دادىسىنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولغان بولسىمۇ، ئۇ كەتكەندىن كېيىن يەنە كۆڭلى يېرىم بولدى. شۇنداقتىمۇ قەلبى ئىشەنچ ۋە خاتىرجەملىككە تولغانىدى.

ئانىسى كېيىن، يەزىد ئىبنى جارىيە بىلەن ئۆيلەندى. ئاسىم دەسلەپتە ئۆگەي دادىسىنىڭ ئۆزىگە قانداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى بىلمىگەچكە ئەندىشە قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ بۇ ئەندىشىسى ئۇزۇنغا بارمىدى. يەزىد ئۇنىڭغا ناھايىتى ياخشى مۇئامىلە قىلىپ، دادىسىنىڭ يوقلىقىنى چاندۇرماسلىققا تىرىشتى.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوغلىدىن ئايرىلىپ تۇرۇشقا بەرداشلىق بېرەلمەيۋاتاتتى. پات - پات بېرىپ ئۇنى كۆرۈپ كەلسىمۇ، بۇ ئۇنىڭغا كۇپايە قىلمايۋاتاتتى. ئوغلىنى ئانىسىدىن ئېلىپ يېنىغا ئەكېلىۋالغۇسى بار ئىدى. بۇ پىكرىنى جەملە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ئېيتتى. ئانا قەلبى ئوغلىدىن ئايرىلىشقا چىدى، شۇڭا قەتئىي ئويلانماستىنلا «ياق، بولمايدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. بۇ جاۋاب ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كۆڭلىگە قىلچە ياقمىدى. ئۇ قانچە سەۋر قىلىشقا تىرىشسىمۇ، ئوغلىدىن ئايرىلىشقا پەقەتلا چىدىمايۋاتاتتى.

بىر كۈنى ئوغلىنى كۆرۈش ئۈچۈن قۇباغا باردى. ئاسىم جامەنىڭ باغچىسىدا ئويناۋاتاتتى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلىغىدىن چۈشمەستىن



由 扫描全能王 扫描创建

ئاسىمغا يېقىنلاشتى – دە، قولىدىن تۇتۇپ كۆتۈرۈپلا قوچىقىغا ئالدى. ئۇيەردىن يىراقلىشىۋاتقاندا ئاسىمنىڭ چوڭ ئانىسى ئۇلارنى كۆرۈپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن، يۈگۈرگەن پېتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئوغلىنى ئېلىپ كەتمەسلىكنى ئېيتتى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قوبۇل قىلمىغاچقا، تالاش – تارتىش باشلىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوغلىنى ئېلىپ كېتىشتە چىڭ تۇرۇۋالغانلىقى ئۈچۈن، چوڭ ئانىسىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە خەلىپە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا باردى ۋە ئەھۋالنى ئېيتىپ، بالىنى ئانىسىغا بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- ئۇ مېنىڭ ئوغلۇم،- دەيتتى. چوڭ ئانىسى ئانىسىنىڭ ئورنىدا:

- ئۇ مېنىڭمۇ ئوغلۇم،- دەيتتى.

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ چوڭ ئانىسىنىڭ تەلىپىنى توغرا تېپىپ، بالىنى ئانىسىغا بېرىشكە ھۆكۈم قىلىپ، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا:

- بالىنى ئانىسىغا بەرگىن!- دېدى ۋە داۋاملاشتۇرۇپ:

- بالا ئۈچۈن ئانىنىڭ پۇرىقى، بالىغا بولغان سۆيگۈسى، ئۇنى بېقىشى، سېنىڭ يېنىڭدا قېلىشىدىن تېخىمۇ ياخشى ئەمەسمۇ؟- دەپ بۇ جان دوستىغا تەسەللىي بەردى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ۋەقەدىن كېيىن ئوغلىنى يېنىغا ئەكېلىۋېلىشتىن پۈتۈنلەي ۋاز كەچتى.[645]

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوغلىدىن يىراقتا بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ قويمىدى، ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈشنى داۋاملاشتۇردى. ئۇنىڭ ياخشى ئادەم بولۇپ يېتىلىشى ئۈچۈن قولىدىن كېلىدىغان ھەر قانداق ئىشنى قىلدى. ۋاقتى كەلگەندە ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇش ئارقىلىق تەربىيەلىدى. ئۇنى يالغۇز يامان ئىشلاردىن توسۇپلا قالماي، شۈبھىلىك بولغان نەرسىلەردىنمۇ ئاگاھلاندۇردى.

بىر كۈنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاسىمنى كۆرگىلى بارغاندا، ئۇنىڭ نامۇۋاپىق ۋاقىتتا گۆش يەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

(645) مۇۋەتتا، ۋەسىيەت، 8؛ ئىبنى ھەجەر، ئىسابە، 6155.



由 扫描全能王 扫描创建

- بۇ نىمە؟- دەپ سورىدى. ئوغلى:
- يىگۈم كەلگەنىدى،- دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:
- بىر نەرسىنى قانداق چاغدا يىگۈڭ كەلسە، شۇ چاغدا يەمسەن؟ بىر ئىنساننىڭ يىگۈسى كەلگەن ھەر قانداق نەرسىنى يېيىشى، ئىسراپخورلۇق ۋە ھەددىدىن ئاشقانلىق بولىدۇ،- دېدى.(646)

قېرىندىشى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى ئاسىم بىلەن ئىككىمىز ناخشا ئېيتىۋاتاتتۇق، دادام ئاڭلىغاندىن كېيىن يېنىمىزغا كېلىپ:

- بايا ئېيتقان ناخشاڭلارنى قايتا ئېيتىڭلار!- دېدى. بىز ناخشىنى قايتا ئېيتتۇق. دادام ناخشىنىڭ تېكىستىنى ياقتۇرماي، بىزگە:
- بۇ سۆزلەر ئۇلىغىم ئابادىنىڭ ئاۋازىغا ئوخشايدىكەن،- دەپ ياقتۇرمىغانلىقىنى ئىپادىلىدى. بىز:
- قايسى ئۇلىغىڭ ئەڭ ناچار؟- دەپ سورىدۇق. دادام:
- شۇ، ئۇنىڭدىن قالسا شۇ،- دەپ جاۋاب بەردى.»(647)

سالىم ناھايىتى ياخشى تەربىيەلەنگەن، ئىنتايىن ئەقىللىق، مۇلايىم، ھېچكىمنى رەنجىتمەيدىغان، يامان ئىشلاردىن يىراق تۇرىدىغان بىرى ئىدى. تابىئىنلارنىڭ چوڭ ئالىمى ئىبنى سىرىن ئۇنىڭ ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

ئۇنىڭغا ئوخشاش ئەخلاقلىق بىرىنى كۆرمىدىم. ھەرقانداق بىر كىشى، ئاز ياكى كۆپ بولسۇن، كېيىن پۇشايمان قىلىدىغان سۆزلەرنى قىلىپ سالىدۇ. ئەمما، ئاسىم بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئىدى. ئۇ باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتىدىغان ناچار سۆزلەرنى قەتئىي قىلمايتتى. بىر كۈنى ئۇنىڭ بىلەن باشقا بىرى ئارىسىدا ئوقۇشماسلىق يۈز بەردى. ئاسىم ئىبنى ئۆمەر ۋەزىيەتنى ئوڭشاش ئۈچۈن ئۇنىڭغا بۇ بېيىت بىلەن جاۋاب بەردى:

(646) ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 18/330.
(647) ئىبنى ئابدىراببىھ، ئىقدۇلفەرىد، 7/10.



由 扫描全能王 扫描创建

نەسرى يەشمىسى «بولىدىغان ئىش بولدى، بۇنىڭدىن كېيىن ئىككىنچى ئۇنداق ئىش بېشىڭغا كەلمەيدۇ. كەچتە چىقىدىغان مەيىن شامال، ئۇنىڭ ئىزلىرىنى ئۆچۈرۈپ تاشلايدۇ.»(648)

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر بىلەن باشقا بىر ئادەم ئارىسىدا بىر مەسىلە سەۋەبىدىن ئىختىلاپ يۈز بەرگەندى، ھېلىقى ئادەم ناچار سۆزلەرنى قىلىشقا باشلىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ئۇ ئادەمگە ھېچقانداق جاۋاب قايتۇرماستىن پەرۋاسىزلارچە ئۆيى تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئەمما ئۇ ئادەم ناچار سۆزلەرنى قىلىشنى ئىزچىل ھالدا داۋاملاشتۇردى. بۇ ئىشنى كۆرگەنلەر:

- ئۇ ئادەمگە جاۋاب بەرسەڭ ياكى ياردەم تەلەپ قىلساڭ بولمامدۇ؟- دېيىشتى. ئۇ چاغدا ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغاندى. كەينىگە قايتىپ بېرىپ، ئۇ ئادەمگە ۋە ئۆزىگە ياردەم قىلماقچى بولغانلارغا:

- مەن ۋە قېرىندىشىم ئىنسانلارغا ھاقارەت قىلمايمىز،- دېگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ يېنىدىن يىراقلاشتى.(649)

## توي قىلىشى

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوغلى ئاسىمغا كۆيۈنۈپ، ياش ۋاقتىدىلا توينى قىلىپ قويدى. تويدىن كېيىن بىر ئايغىچە ئوغلى ۋە ئائىلىسىنىڭ ئېھتىياجىنى قامداپ، ئۇنىڭغا يار- يۆلەك بولدى. بىر ئايدىن كېيىن ئوغلىغا:

- مۇشۇنچىلىك قىلغىنىم كۇپايە قىلار،- دېدى ۋە ئۇنىڭدىن ئائىلىسىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشنى تەلەپ قىلدى. ئاسىم ئىبنى ئۆمەر بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «توي قىلغاندىن كېيىن بىر

(648) ئىبنى ئابدىلبەر، ئىستىئاب، 2/784.

(649) مەقدىسى، تەبيىن، 416؛ ئىبنى ھەجەر، ئىسابە، 4336.



由 扫描全能王 扫描创建

ئايغىچە دادام ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ماڭا ياردەم قىلدى. بىر كۈنى بىر ئادەمنى ئەۋەتىپ، مېنى يېنىغا چاقىرتتى. پېشىن ۋاقتىدا يېنىغا باردىم. نامازدىن كېيىن ماڭا:

- ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سەن ئۈنىڭغا لايىق بولماي بولماي تۇرۇپ خەزىنە مېلىدىن ساڭا بىر نەرسە بەرسەم توغرا بولمايدۇ. خەلىپە بولغاندىن تارتىپ ئۇ يەردىن قەتئىي بىر نەرسە ئالمىدىم. بىر ئايدىن بۇيانقى بەيتۇل مالدىن ئېلىپ ساڭا بەرگەن ئامانەتنى ئورنىغا قويۇپ قويىمەن. ئەمما، بۇنىڭدىن باشقا خەزىنىدىن ساڭا بىر نەرسە بېرەلمەيمەن. ھازىر ئورمانلىقتا بارغىن، ئۇ يەردە مېنىڭ ماللىرىم بار. ئۇ ماللارنى ئېلىپ، ئوبدان رەتلەپ ساتقۇدەك قىلىپ، ئاپىرىپ ساتقىن! ساتقان مالنىڭ پۇلىنى دەسمايە قىلغىن ۋە تۇغقانلار ئارىسىدىكى سودا بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ يېنىغا بېرىپ، تىجارەت قىلىشنى ئۆگەنگىن. قىلالايدىغانلىقىڭغا ئىشەنچ قىلالىساڭ، ئۇلار بىلەن بىللە تىجارەت قىلغىن. تاپقان پايداڭ بىلەن ئائىلەڭنىڭ ئېھتىياجىنى قامدىغىن،- دېدى.»(650)

ئۇ بويى ئېگىز، ناھايىتى قاملاشقان بىر يىگىت بولۇپلا قالماي، يەنە باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر، ئەخلاقلىق بىرى بولۇپ يېتىلگەنىدى. بىر كۈنى ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئارىسىدا يەر مەسىلىسىدە ئۇقۇشماسلىق يۈز بەردى. ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- ماڭا ۋاقىت بەرگىن، ئۇ يەرنىڭ ماڭا تەۋە ئىكەنلىكىگە دەلىل - ئىسپات ئەكىلەي،- دېدى. ئاسىم:

- بۇنداق قىلىشقا ھاجەت يوق. يەر سىنىڭ بولسۇن، - دەپ يەرنى ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ھەدىيە قىلىۋەتتى.(651)

ئاسىم ئىنتايىن ئىشەنچلىك بىرى ئىدى. قوشنىسى مەئىن ئىبنى ئەۋس شامغا سەپەرگە چىقىدىغان چېغىدا قىزى لەيلانى ئاسىم بىلەن

(650) ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 18/345؛ مەقدىسى، ئەنساب، 416.

(651) مەقدىسى، 416.



由 扫描全能王 扫描创建

ئۇممە سەلەمە ئانىمىزنىڭ ئوغلى ئۆمەرگە ئامانەت قويۇپ كەتتى. توغقانلىرى بۇنى ئاڭلاپ:

- لەيلا تېخى كىچىك بالا تۇرسا، ئۇنى قانداقمۇ بۇ يەردە يالغۇز قويۇپ كېتىسەن؟- دەپ ھەيران بولۇپ سورىدى. ئۇ بىر شېئىر ئارقىلىق قىزنى ناھايىتى ئىشەنچلىك ئىككى قوشنىسىغا ئامانەت قويغانلىقىنى ئېيتتى. بۇلاردىن بىرى خەلىپىنىڭ ئوغلى، يەنە بىرى پەيغەمبىرىمىزنىڭ تەربىيەسىدە چوڭ بولغان ئۆگەي ئوغلى ئىدى.[652]

مەشھۇر خەلىپىلەردىن ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ چوڭ دادىسى بولغان ئاسىم ئىبنى ئۆمەر، ھىجرىيەنىڭ 70 -يىلىدا رەبزەدە ۋاپات بولدى. قېرىنداشنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئاڭلىغان ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر شائىر مۇتەممىمنىڭ: «ئاھ! ئۆلۈم ئۇنى ئارىمىزدىن ئالمىغان بولسا، يا بىللە ياشىغان بولساق، يا بىللە ئۆلگەن بولساق...» دېگەن مىسرالىرىنى ئوقۇپ قايغۇسىنى ئىپادىلىدى.

(652) ئىبنى ھەجەر، مۇختەسەر، 24/146.

# ئابدۇرراھمان ئىبنى خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

ئابدۇرراھمان مەشھۇر ئىسلام قەھرىمانى خالىد ئىبنى ۋەلىدنىڭ ئوغلى بولۇپ، ھىجرەتتىن بىر قانچە يىل بۇرۇن مەككىدە تۇغۇلغان ۋە ئۇ يەردە چوڭ بولغان ئىدى. ئانىسى ئەسما بىنتى ئەسەد ئابدۇرراھماننى ناھايىتى ياخشى تەربىيەلىدى. دادىسى ھۇدەيبىيە توختامىدىن كېيىن مۇسۇلمان بولۇپ، ئائىلىسى بىلەن بىللە مەدىنىگە ھىجرەت قىلدى.

ئابدۇرراھمانمۇ دادىسىغا ئوخشاش قورقماس، ئەخلاق- پەزىلەتلىك ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر بىر قەھرىمان ئىدى. كىچىك ياشتىن ئېتىبارەن ھەردائىم جىھاد مەيدانلىرىدا بولغانلىقى ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۆتكۈزگەن گۈزەل كۈنلىرى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىشكە ۋاقتى چىقمىدى. بىر كۈنى بىرى ئۇنىڭ بويىنىدىن قان ئالدۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

- بۇ نېمە؟- دەپ سورىدى. ئۇ:

- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «بۇ شەكىلدە قان ئالدۇرغان كىشىگە ھېچقانداق نەرسە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، داۋالىنىشقا ئېھتىياجى قالمايدۇ» دېگەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن قان ئالدۇرۇۋاتىمەن،- دېدى.[653]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، دادىسى بىلەن بىرلىكتە شامنى پەتھى قىلىش ئۇرۇشىغا قاتناشتى. ئون سەككىز يېشىدا يەرمۇك ئۇرۇشىغا ئىشتىراك قىلدى. ئۇرۇشتا 30 - 40 كىشىلىك قىلىچلىق ئەسكەرلەرگە قوماندانلىق قىلغان ئابدۇرراھمان، شۇ كۈنلەردىن تارتىپ مەشھۇر ئىسلام قەھرىمانلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. دادىسىنىڭ

(653) ئەبۇ داۋۇد، تىب، 4؛ ئىبنۇل ئەسىر، ئۇسدۇلغابە، 3287.

ۋاپاتىدىن كېيىن شامغا بېرىپ ئورۇنلاشتى. شۇنىڭدىن كېيىن تاكى ۋاپات بولغانغا قەدەر، ئۇزۇن يىل ھەزرىتى مۇئاۋىيىنىڭ بۇيرۇقى ئاستىدا ئىسلامغا خىزمەت قىلدى. يىللارچە قوشۇن قوماندانى ۋە ۋالىيلىق ۋەزىپىلىرىنى ئۆتىدى.

## ھىمىسقا ۋالىي بولۇشى

ھەزرىتى مۇئاۋىيە ئابدۇرراھمان ئىبنى خالىدنىڭ ناھايىتى قابىلىيەتلىك بولۇپلا قالماي، يەنە نۇرغۇنلىغان ئېسىل خىسلەتلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بايقاپ، ئۇنى ھىمىسقا ۋالىي قىلىپ بەلگىلىدى. ئابدۇرراھمان ھىمىسقا ۋالىي بولۇۋاتقان مەزگىلدە خەلق بىلەن ئوبدان چىقىشتى. ھىمىسنى ناھايىتى ياخشى باشقۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىن ھىمىسقا ۋالىي بولغان ئاببباس ئىبنى ۋەلىد خەلقنىڭ ئۇنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، ماختاپ ئېغىزدىن چۈشۈرمەيدىغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قېلىپ، شەھەرنىڭ مۆتىۋەرلىرىدىن:

- باشقا ۋالىيلارنىمۇ نېمە ئۈچۈن ئابدۇرراھمان ئىبنى خالىدنى ماختىغاندەك ماختىمايسىلەر؟ - دەپ سورىدى. ھىمىسلىقلار:

- چۈنكى، بىز قەدىرلەيدىغان ئۇ كىشى ھەر دائىم بىزنىڭ ھۆرمىتىمىزنى قىلاتتى، بىز بىلەن بىللە ئىدى. خاتالىقلىرىمىزنى ئەپۇ قىلىپ، ئۆيلىرىمىزگە ۋە بازارلىرىمىزغا كېلەتتى. كېسەللىرىمىزنى يوقلاپ، جىنازا نامازلىرىمىزغا قاتنىشاتتى، ئاجىزلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلاتتى،- دېيىشتى.[654]

بۇ ۋەزىپىنى ئىجرا قىلىۋاتقان مەزگىلدە ھىجرىيەنىڭ 42 - يىلىدىن 46 - يىلىغىچە قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ، رىملىقلارغا قارشى نۇرغۇنلىغان ئۇرۇشلارغا قاتناشتى. بۇ يەردە يەنى ئىستانبۇلنىڭ ئەييۇب تەرىپىدە مېھمىنىمىز بولغان ئەبۇ ئەييۇب ئەلئەنسارى بىلەن بىرلىكتە

(654) مەقدىسى، ئەنساب، 374؛ ئىبنۇل ئەسىر، ئۇسدۇلغابە، 3287.



由 扫描全能王 扫描创建

ئۇرۇشقا قاتناشتى. بۇ ئەسلىملەرنى ئۇرۇشقا قاتناشقان ئەسكەرلەرنىڭ بىرىنىڭ ئېغىزى ئارقىلىق بايان قىلغان ئىبنى مەنزۇر مۇنداق دەيدۇ: «رىملىقلارغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشتا ئىسلام قوشۇنلىرى رىم تۇپراقلىرىغا كىردى. قوشۇننىڭ قوماندانى ئابدۇرراھمان ئىبنى خالىد ئىدى. قوشۇندا پەيغەمبىرىمىزنىڭ مېھمىنى ئەبۇ ئەييۇبمۇ بار ئىدى. قوشۇن رىم تۇپراقلىرىغا كىرگەندىن كېيىن مۇۋاپىق بىر يەردە ئارام ئالدى. ئەبۇ ئەييۇب دەرھال ئۆزىگە بىر مەسجىد ياسىۋالدى. پات - پات ئۇ يەرگە بېرىپ، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى تىڭشايتتۇق. ئەبۇ ئەييۇب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى سۆزلەپ بېرەتتى، ناماز ۋاقتى بولغاندا، بىزگە ئىمام بولۇپ بېرەتتى.

بىر ئاخشىمى يەنە ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۋاتاتتۇق، ئەسكەرلەردىن بىرى مەسجىدكە كېلىپ:

- بىردەمنىڭ ئالدىدا رىملىقلاردىن قوماندانىمىزغا تۆت دانە ياۋا ئېشەك كەلدى. قوماندان ئەسكەرلەرگە ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشنى بۇيرۇدى. ئەسكەرلەر ھايۋانلارنى قارىغا ئېلىپ ئېتىپ ئۆلتۈردى، - دېدى. ئەبۇ ئەييۇب بۇنى ئاڭلاپ ئورنىدىن چاچراپلا تۇردى - دە، تېزلىك بىلەن ئۇدۇل ئابدۇرراھمان ئىبنى خالىدنىڭ يېنىغا بېرىپ:

- ھايۋانلارنى قارىغا ئېلىپ ئېتىپ ئۆلتۈردۈڭلارمۇ؟ ھالبۇكى مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايۋانلارنى قارىغا ئېلىپ ئېتىپ ئۆلتۈرۈشنى مەنئىي قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدىم. پالانى - پالانى نەرسىلەرگە ئىگە بولىدىغانلىقىمنى بىلسەممۇ، بىر توخۇنىمۇ قارىغا ئېلىپ ئېتىپ ئۆلتۈرمەيمەن، - دەپ، ئۇلارنى ئاگاھلاندۇردى. ئابدۇرراھمان ئەبۇ ئەييۇبنىڭ سۆزلىرىنى دىققەت قىلىپ ئاڭلاپ، ھەقىقەتەن خاتا قىلغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. ئاللاھنىڭ ئۆزىنى ئەپۇ قىلىشى ئۈچۈن، خىزمەتچىلىرىنى يېنىغا چاقىرىپ:

- ماڭا ئەسىرلەردىن تۆتىنى ئېلىپ كېلىڭلار! - دېدى. ئەسىرلەر



由 扫描全能王 扫描创建

كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئۇلارنى قويۇۋەتتى.»[655]

ھىجرىيەنىڭ 46 - يىلى ھەزرىتى مۇئاۋىيە ئۇنى قوشۇننىڭ قوماندانلىقىدىن ئېلىۋەتكەندىن كېيىن، ھىمسقا قايتىپ كېلىپ ۋالىيلىقنى داۋاملاشتۇردى. ئابدۇرراھمان ۋەزىپىسىدىن ئېلىۋېتىلگەندە، كۆڭلى ناھايىتى يېرىم بولۇپ خەلىپىگە:

- ھېچقانداق سەۋەب بولمىسىمۇ، مېنى نېمە ئۈچۈن ۋەزىپىدىن ئالدىڭىز؟ مەككىدىكى ۋاقىتتا قانداق قىيىنچىلىقتا ئۇچرىسىڭىز، بىز ياردەم قىلاتتۇق،- دەپ دوق قىلدى. خەلىپە:

- ئەگەر مەككىدە بولغان بولساق، مەن مۇئاۋىيە ھازىر ئەبتاھتىكى ئۆيۈمدە ۋادىنىڭ ساپ ھاۋاسىنى سۈمۈرۈپ ئولتۇرغان بولاتتىم. سەن، ئى، ئابدۇرراھمان! ئەجىدادىڭنىڭ تاملىرى چاك كەتكەن، تورۇسلىرى ئۇگىغۇل - دوگىغۇل لاي بىلەن سۇۋالغان ئۆيۈڭدە ئولتۇرغان بولاتتىڭ،- دېدى.[656]

ئۇ بۇ سۆزلىرى ئارقىلىق پەقەت ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپلا قالماستىن، بەلكى مۇسۇلمانلارنىڭ 40-30 يىلدىن بويان نېمىلەرنى باشقا ئېلىپ چىققانلىقىنى ناھايىتى چۈشىنىشلىك ئىپادىلەپ بەرگەن بولدى.

## زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلىشى

ياشىنىپ قالغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن ھەزرىتى مۇئاۋىيە ئۆزىدىن كېيىن ئوغلى يەزىدنىڭ خەلىپە بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى. خەلققە ئۇنىڭ خەلىپە بولۇشىنى قوبۇل قىلدۇرۇش ئۈچۈن، پۇرسەت تاپسىلا ئۇنىڭغا شارائىت يارىتىپ بېرىشكە تىرىشاتتى. بىركۈنى شام خەلقىگە سۆز قىلىۋېتىپ، ئۇلارنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ بېقىش ئۈچۈن:

- ئى، شام خەلقى! مەن ياشىنىپ قالدىم، ئەجىلىم يېقىنلاپ قالدى. بۇنىڭدىن كېيىن ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىپ، ئامانلىقنى قوغداش

[655] ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 14/245.
[656] ئىبنى ھەجەر، ئىسابە، 6209.



由 扫描全能王 扫描创建

ئۈچۈن بىرىنى خەلىپە قىلىپ سايلىماقچى بولۇۋاتىمەن. مەنمۇ سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى بىرى بولغانلىقىم ئۈچۈن، بۇ ھەقتە سىلەرنىڭمۇ پىكىرىڭلارنى ئېلىشنى خالايمەن. سىلەر قانداق ئويلاۋاتىسىلەر؟- دەپ سورىدى. خەلق شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا تېزلىك بىلەن بىر- بىرىگە يېقىنلىشىپ بىر ئاز پاراڭلاشقاندىن كېيىن:

- بىز سەندىن كېيىن ئابدۇرراھمان ئىبنى خالىدنىڭ خەلىپە بولۇشىنى ئارزۇ قىلىمىز،- دېيىشتى.

ھەزرىتى مۇئاۋىيە كۆتكەن جاۋاپقا ئېرىشەلمىگەندىن كېيىن بىر ئاز رەنجىگەن بولسىمۇ، يەنىلا چاندۇرماستىن تېمىنى يۆتكەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى. بۇ سۆھبەت بولۇپ بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئابدۇرراھمان ئىبنى خالىد كېسەل بولۇپ يېتىپ قالدى. ھەزرىتى مۇئاۋىيە ۋالىينىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، بىر يەھۇدىي دوختۇرنى ۋالىينى داۋالاش ئۈچۈن ھىمىسقا ئەۋەتتى.

بۇ يەھۇدىي دوختۇر داۋاملىق پىتنە تېرىشنىڭ كويىدىلا يۈرىدىغان، پىتنىنىڭ پۈرسىتىنى قولدىن بەرمەيدىغان بىر كىشى بولۇپ، سارايغىچە سوقۇنۇپ كىرگەنىدى. خەلىپە ئۇنى ھىمىسقا ئەۋەتكەندىن كېيىن، ئۇ شەيتانى ئەقلىنى ئىشقا سېلىپ، ۋالىينى ئۆلتۈرمەكچى بولدى. مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق ھەم خەلق ياخشى كۆرىدىغان بىر رەھبەردىن قۇتۇلاتتى، ھەم پۈتۈن گۇناھنى خەلىپىنىڭ ئۈستىگە ئارتىپ قويۇپ، پىتنە تېرىيالايتتى. خەلقنىڭ قۇلىقىغا بىر مەزگىل بۇرۇن بولۇنغان سۆزلەرنى پىچىرلاپلا قويسا، ۋالىينىڭ خەلىپە تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىگە ئاسانلا ئىشىنەتتى.

ۋالىينىڭ سارىيىغا بارغان ئىبنى ئۇسال ئىسىملىك بۇ يەھۇدىي دوختۇر، پىلانى بويىچە ئىش قىلىشقا باشلىدى. ئابدۇرراھمان ئىبنى خالىدنىڭ دورىسىغا زەھەر سېلىپ، ھىجرىيەنىڭ 46 - يىلى ئۇنى شېھىت قىلدى.(657)

(657) ئىبنى ئابدىلبەر، ئىستىئاب، 2/829؛ بەلازۇرى، ئەنسابۇل ئەشراف، 8/321؛ ئىبنى كەسىر، ئەلبىدايە ۋەننىھايە، 1/1206؛



由 扫描全能王 扫描创建

# مۇھاجىر ئىبنى خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

خالىد ئىبنى ۋەلىدنىڭ ئىككى ئوغلىنىڭ بىرى بولغان مۇھاجىر، قېرىندىشى ئابدۇرراھماندەك ئوخشاش مەككىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولدى. دادىسى ئىسلامنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئائىلىسى بىلەن بىرلىكتە مەدىنىگە ھىجرەت قىلدى. مۇھاجىر باللىق دەۋرىنىڭ بىر قىسمىنى بۇ يەردە - پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەتراپىدا ئۆتكۈزگەن بولۇپ، ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە سازاۋەر بولدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۆيلىنىپ، خالىد ئىسىملىك بىر ئوغلى بولدى. مۇھاجىر ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى، پۈتۈن ئۇرۇشلاردا ئۇنىڭ يېنىدىن ئايرىلمايتتى. جەمەل ئۇرۇشىدا بىر كۆزىدىن ئايرىلىپ قالدى. سىففىن ئۇرۇشىدا شېھىت بولۇپ كەتتى.

ئوغلى خالىد ھىجرىيەنىڭ 46 - يىلى تاغىسىنىڭ بىر يەھۇدىي دوختۇر تەرىپىدىن زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلىدى. دادىسىغا ئوخشاشلا مەدىنىدە ياشايدىغان خالىد ئۇرۇقىنىڭ رىغبەتلەندۇرۇشى بىلەن شامغا بېرىپ، يوشۇرۇن ھالدا دوختۇرنىڭ يېنىغا كىردى ۋە ئۇنى ئۆلتۈرۈپ تاغىسىنىڭ ئىنتىقامىنى ئالدى.(658)

---

تەبەرى، تارىخ، 926.

(658) ئىبنۇل ئەسىر، ئۇسدۇلغابە، 5128؛ ئىبنى ئابدىلبەر، ئىستىئاب، 2/830.



由 扫描全能王 扫描创建

# ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇتبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇتبە مەشھۇر ئالىم ساھابىلەردىن ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدنىڭ جىيەنى بولۇپ، ھىجرىيەنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا مەدىنىدە دۇنياغا كەلدى. بالىلىق مەزگىلىدىلا دادىسىدىن ئايرىلىپ قالدى. دادىسىنىڭ ۋاپاتى ئۇنى ناھايىتى ئازابلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ بۇ قايغۇلۇق ھالىتىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈپ تەسەللىي بەردى.

بىر كۈنى ئۇغلى ھەمزە دادىسى ئابدۇللاھتىن:

- دادا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىڭنى ئەسلىيەلەمسەن؟- دەپ سورىدى. دادىسى:

- ئەلۋەتتە،- دېدى. ئۇغلى:

- بىر ئەسلىمەڭنى سۆزلەپ بېرەمسەن؟- دەپ ئۆتۈندى.

بەش - ئالتە ياش ۋاقتىلىرىم ئىدى. پەيغەمبىرىمىز مېنى قۇچىقىغا ئېلىپ سۆيۈپ، قوللىرى بىلەن بېشىمنى سىلىدى. ماڭا ۋە ئەۋلادلىرىمغا بەرىكەت تىلەپ دۇئا قىلدى. بۇ دۇئانىڭ بەرىكىتى بىلەن ئۇزۇن ياشىغان بولساقمۇ، ياش كۆرۈنىۋاتىمىز،- دېدى.(659)

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇتبە كىچىك ياشتىلا ئوقۇش - يېزىشنى ئۆگەنگەن بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغان ۋاقىتتا ئوقۇش - يېزىشنى

(659) ئىبنى ھەجەر، ئىسابە، 4815؛ ئىبنۇل ئەسىر، ئۇسدۇلغابە، 2906؛ مەقرىزى، ئىمتائۇل ئەسماﺋ، 11/360؛ بەيھەقى، دەلائىلۇن نۇبۇۋۋە، 6/215.



由 扫描全能王 扫描创建

بىلدىغان، كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىنى چۈشىنەلەيدىغان ياشتا ئىدى.[660] مەسجىدى نەبەۋىگە بېرىپ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئارقىسىدا جامائەت بىلەن بىللە ناماز ئوقۇيتتى. بىر ئاخشىمى ئابدۇللاھ ناماز ئوقۇش ئۈچۈن مەسچىتكە بارغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نامازدا دۇخان سۈرىسىنى ئوقۇغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ.[661]

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپىلىك قىلىۋاتقان مەزگىلدە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇتبەنى بازارلارنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىگە تەيىنلىگەندى.

زەيد ئىبنى ئەسلەم دادىسىدىن بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «يۇقۇملۇق كېسەللىك تارقىلىۋاتقان كۈنلەردە، ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ تۆت ئەتراپىدىن كىشىلەر مەدىنىگە ئېقىپ كېلىشكە باشلىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كەلگەنلەرگە تاماق بەردى. كەلگەنلەر كۆپەيگەنسېرى تاماق تارقىتىپ بېرىش ئىشىنى تەشكىللەش ئۈچۈن، بەزى كىشىلەرنى ۋەزىپىگە تەيىنلىدى. ئۇلار سەئىد ئىبنى يەزىد، مىسۋەر ئىبنى مەھرەمە، ئابدۇرراھمان ئىبنى ئابدۇلقارى ۋە ئابدۇرراھمان ئىبنى ئۇتبە قاتارلىقلار ئىدى. بۇ كىشىلەر كەچ بولغاندا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، كۈندىلىك ئىشلار ھەققىدە مەلۇمات بېرەتتى.

بۇ كىشىلەرنىڭ ھەر بىرى مەدىنىنىڭ بىر رايونىغا مەسئۇل ئىدى. بىر ۋاقىتتا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كەلگەنلەرنىڭ سانىنى ئېنىقلاپ چىقىشقا مەسئۇل بولغانلارغا:

- تەرىپىمىزدىن قانچە كىشىگە كەچلىك تاماق بېرىلگەنلىكىنى ساناپ بېقىڭلار؟- دەپ بۇيرۇدى. ئەتىسى كەچتە 7000 كىشىگە تاماق بېرىلگەنلىكى ئېنىقلاندى. ئاندىن:

- مەدىنىدە بولۇپ بۇ يەرگە كەلمىگەن ئائىلىلەر، كېسەللەر ۋە باللارنى ساناپ چىقىڭلار؟- دەپ بۇيرۇدى.

(660) شامى، سۇبۇلۇل ھۇدا، 10/412.
(661) شامى، 8/130.

ھەممىسى 40 مىڭ كىشى ئىدى. مەلۇم مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن قايتا سانىغان ۋاقىتتا، مەدىنىدە تاماق بېرىلگەنلەرنىڭ 10 مىڭ كىشى بولارنىڭ ئائىلىسى بىلەن قوشقاندا 50 مىڭ كىشى ئىكەنلىكى تەكشۈرۈپ بېكىتىلدى.[662]

(662) ئىبنى سەئىد، تەبەقات، 3/316.



由 扫描全能王 扫描创建

# ئۆمەير ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

ئۆمەير ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس جەننەت بىلەن خۇشخەۋەر بېرىلگەن مەشھۇر ساھابىلەردىن سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاسنىڭ قېرىندىشىدۇر. ئاكىسىدىن تەخمىنەن سەككىز ياش كىچىك بولغان ئۆمەير، ئاكىسى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئىسلامنى قوبۇل قىلدى. ئۇ پەيغەمبىرىمىز دارۇل ئەرقەمدە ئىسلامغا دەۋەت قىلىش ۋە تەربىيەلەشنى باشلاشتىن بۇرۇن، يەنى سەككىز ياش چېغىدا ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد مۇسۇلمان بولغان چاغدا ئىسلامنى قوبۇل قىلدى.[663]

يېشىنىڭ كىچىك بولۇشىغا قارىماي ساھابىلەر بىلەن بىرلىكتە ئەرقەمنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئىلىم - ئېرپان ئۆگىنىپ، ساھابىلەر بىلەن بىللە دەۋەتنىڭ قىيىنچىلىقلىرى ئالدىدا قەددىنى تىك تۇتۇپ تۇردى، بېسىم ۋە قىيىنچىلىقلارغا قارشى كۈرەش قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنى يېتىشتۈردى.

مۇسۇلمانلار ھىجرەت قىلىشقا باشلىغاندا، ئاكىسى بىلەن بىرلىكتە مەدىنىگە ھىجرەت قىلدى. يەنە بىر قېرىندىشى ئۇتبە بۇئىس ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى باشتىن كەچۈرگەن بىر قېتىملىق قان داۋاسى سەۋەبىدىن مەدىنىگە قاچقان بولۇپ، قۇبادا بىر ئۆي سېلىپ يەرلىشىپ قالغانىدى. ئىككى قېرىنداش ھىجرەت قىلغاندا، ئۇدۇللا قۇبادىكى قېرىندىشىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولدى.[664]

---

(663) ئىبنى ھىشام، سىيرە، 1 – 2/254.

(664) ئىبنى سەئىد، تەباقات، 3/139.



由 扫描全能王 扫描创建

ئۇمەير ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس مۇشرىكلارنىڭ بېسىمىدىن قۇتۇلۇپ مەدىنىگە كەلگەندىن كېيىن، ئىبادەتلىرىنى خاتىرجەم ئادا قىلىپ ياشاشقا باشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن، ساھابىلەرنى بىر - بىرى بىلەن قېرىنداش قىلغاندا ئۇنى ئامر ئىبنى مۇئاز بىلەن قېرىنداش قىلىپ قويدى.(665)

ئۇمەيرنىڭ مۇلايىملىقى، ئەخلاقى ۋە ئون بەش ياشتا بولۇشىغا قارىماي ناھايىتى ئېغىر- بېسىق بولۇشى، ئاكىسىنىڭ ئۇنى ئەھلى جەننەتنىڭ بىرى بولۇشىغا نامزات كۆرسىتىشكە سەۋەب بولدى.

سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى قېرىندىشىم ئۇمەير بىلەن بىرلىكتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا باردۇق. مەن ھۇزۇرىغا كىردىم. قېرىندىشىم تاھارەت ئېلىۋېلىش ئۈچۈن ئارقامدا قالدى. مەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھۇزۇرى سائادىتىدە خاتىرجەم ئولتۇرۇپ ساقلاۋاتسام، بىر قازان گۆشلۈك نان كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى تەكلىپ قىلدى. ھەممىز يېگەندىن كېيىن بىر ئاز ئېشىپ قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە قاراپ:

- بىر دەمدىن كېيىن جەننەت ئەھلىدىن بىرى شۇ ئىشىكتىن ئىچىگە كىرىپ، ئېشىپ قالغان تاماقنى يەيدۇ،- دېدى.

دەرھال ئەقلىمگە پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا تاھارەت ئېلىپ كىرىش ئۈچۈن ئارقامدا قالغان قېرىندىشىم ئۇمەير كەلدى. بىردىنلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى قىلغان كىشىنىڭ قېرىندىشىم بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلدىم. ئەمما ئۇنداق بولمىدى. بىر دەمدىن كېيىن ئىشىكنىڭ ئالدىغا بىرسى كەلگەندەك قىلدى، كەلگەن كىشى ئابدۇللاھ ئىبنى سالام ئىدى. ئۇ قېرىندىشىمدىن بالدۇر كىرىپ، ئېشىپ قالغان تاماقنى

(665) ئىبنى سەئد، 3/149.

يېدى.»(666)

ئىسلام قوشۇنى بەدرگە قاراپ ئاتلانغاندا ئۆمەيرمۇ ئۇلارغا قوشۇلۇپ يولغا چىقتى. قوشۇن مەدىنىدىن چىقىپ بىر دەم ماڭغاندىن كېيىن، پەيغەمبىرىمىز ئەبۇ ئىنەدە قۇدۇقىنىڭ يېنىدا قوشۇننى توختىتىپ كۆزدىن كەچۈردى. يېشى كىچىكلەرنى ئايرىپ قايتۇرۇۋېتەتتى.

ئۇ چاغدا ئۆمەير ئون ئالتە ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، بەدەن قۇرۇلىشى ياخشى تەرەققىي قىلمىغان بولغاچقا، جۇغى كىچىكرەك كۆرۈنەتتى. ئۆمەيرنىڭ شېھىت بولۇش ئارزۇسى بولغاچقا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىنى قايتۇرۇۋېتىشىدىن قورقۇپ، يوشۇرۇنۇشقا تىرىشىپ ئارقىغا قاچتى.

سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبىرىمىز ساھابىلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈشتىن ئىلگىرى، ئىنىمنىڭ يوشۇرۇنۇشقا تىرىشىپ ئارقىغا قېچىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلىدىغانلىقىنى چۈشىنەلمەي:

- نېمە ئۈچۈن ئارقىغا قاچىسەن؟- دەپ سورىدۇم. ئۇ:

- پەيغەمبىرىمىزنىڭ مېنى كىچىك كۆرۈپ قايتۇرۇۋېتىشىدىن قورقىمەن، مەنمۇ سىلەر بىلەن بىللە ئۇرۇشقا بېرىشنى خالايمەن. ئاللاھنىڭ ماڭا شېھىتلىك ئاتا قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن،- دەپ جاۋاب بەردى.

قانچە يوشۇرۇنۇشقا تىرىشقان بولسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى كۆرۈپ قالغانىدى. ئۇنى كىچىك كۆرۈپ:

- سەن قايتىپ كەتكىن،- دەپ بۇيرۇق قىلدى.

ئۆمەير پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى تۈگىمەستىنلا ھۆركىرەپ يىغلاشقا باشلىدى. پەيغەمبىرىمىز ئۆمەيرنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ چىدىيالماي، ئۇرۇشقا قاتنىشىشىغا رۇخسەت قىلدى. ئۇنىڭ بويى پاكار، ئەمما قىلىچى ئۇزۇن ئىدى. قىلىچنى تۇتۇشتا قىينىلىۋاتاتتى. قىلىچنى ئېلىپ

(666) مۇسنەد، 1/183.

قېرىندىشىمنىڭ قولىغا باغلاپ قويدۇم.[667]

ئۇرۇشنىڭ بېشىدىن تارتىپلا، قەھرىمانلارچە ئېلىشقان ئۇمەير، ئەلۋەقەت ئۆتكەندىن كېيىن ئالدىغا كەلگەن ئامىر ئىبنى ئابدۇۋۇد تەرىپىدىن شېھىت قىلىندى. ئۇ شېھىت بولغاندا ئەمدىلا ئون ئالتە ياشتا ئىدى.

(667) ۋاقىدى، مەغازى، 1:21؛ ئىبنۇل ئەسىر، ئۇسدۇلغابە، 4089؛ ئىبنۇ ئۇئەيىم، مەرىفەتۇس ساھابە، 3:461؛ ئىبنى قۇدامە، ئەنساب، 291.



由 扫描全能王 扫描创建

# ئەۋف، مۇئاز ۋە مۇئەۋۋىز قېرىنداشلار (ر. ئەنھۇم)

ئەبۇ جەھىلنى ئۆلتۈرگەن بۇ قەھرىمانلار، مەدىنىلىك مەشھۇر ئايال ساھابىلەردىن ئەفرا رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئوغۇللىرى ئىدى. ئەفرا رەزىيەللاھۇ ئەنھا ياش ۋاقتىدا ھارىس ئىبنى رىفا بىلەن ئۆيلەنگەنىدى. ئۇنىڭدىن مۇئاز ۋە مۇئەۋۋىز ئىسىملىك ئىككى ئوغلى بولدى. ئەفرا رەزىيەللاھۇ ئەنھا ناھايىتى قابىلىيەتلىك ئۆزگىچە بىر ئايال ئىدى. مەلۇم مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن يولدىشى بىلەن چىقىشالماي ئايرىلىپ كەتتى. كېيىنچە مەككىلىك بۇكەير ئىبنى ئابدۇيالىل بىلەن توي قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە مەككىگە كەلدى. ئۇزۇن مەزگىل مەككىدە تۇردى. بۇ جەرياندا ئۇنىڭ ئىياس، ئاقىل، خالىد ۋە ئامىر ئىسىملىك تۆت ئوغلى بولدى.

ئەفرا رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئىككىنچى يولدىشى بىلەنمۇ چىقىشالماي، ئاجرىشىپ مەدىنىگە قايتىپ كەلدى. مەدىنىگە كەلگەندىن كېيىن، بۇرۇنقى يولدىشى بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنىڭ بىلەن قايتىدىن ئۆيلەندى. ئىككىنچى قېتىم ئۆيلەنگەن بۇرۇنقى يولدىشىدىن يەنە بىر ئوغلى بولدى. ئۇنىڭ تۇغۇلۇشى پۈتۈن ئائىلىنى ناھايىتى سۆيۈندۈرگەن بولۇپ، ئۇنىڭغا ئەۋف دەپ ئىسىم قويدى.[668]

ئانىسى ناھايىتى تىرىشچان ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتى كۈچلۈك ئايال بولغانلىقى ئۈچۈن، ئوغۇللىرى دادىسىدىنمۇ بەك ئانىسىغا مەنسۇپ قىلىنىپ، «ئەفرانىڭ ئوغۇللىرى» دەپ تونۇلدى. ئەفرا رەزىيەللاھۇ ئەنھا كىشىلەرگە ناھايىتى كۆڭۈل بۆلەتتى. ئورۇنداشقا تېگىشلىك مەسئۇلىيىتىنى

(668) بەلازۇرى، ئەنسابۇل ئەشراف، 1/280؛ ئىبنى ھەجەر، ئىسابە، 11476؛ ئىبنى سەئىد، تەباقات، 8/443.



由 扫描全能王 扫描创建

ناھايىتى ياخشى ئادا قىلاتتى.

ئەفرا رەزىيەللاھۇ ئەنھا ياشىنىپ قالغان، يەتتە ئوغلىمۇ چوڭ بولۇپ ياش قۇرامىغا يېتىپ قالغانىدى. ئەڭ كىچىك ئوغلى ئەۋفمۇ ئون ئۈچ يېشىدا ئىدى. دىندار بىر ئائىلىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن بۇ باللار ھەج قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىدىغان بولۇپ، پۇرسەت چىقسىلا مەككىگە بېرىپ ھەج قىلاتتى ياكى بولمىسا ئۆمرىگە باراتتى. مۇئاز ئىبنى ئەفرا ۋە تاغىسىنىڭ ئوغلى رافىئ ئىبنى مالىك ئۆمرە قىلىش ئۈچۈن مەككىگە بارغانىدى. بۇ قېتىمقى سەپەر پەقەت ئۇلار ئۈچۈنلا ئەمەس، پۈتۈن مەدىنە ھەتتا ئىنسانىيەت ئۈچۈنمۇ ناھايىتى مۇھىم بىر سەپەر ئىدى. بۇ سەپەر ھەققىدە رافىئ ئىبنى مالىك مۇنداق دەيدۇ: «مۇئاز ئىبنى ئەفرا بىلەن بىرلىكتە ئۆمرە قىلىش ئۈچۈن مەككىگە باردۇق. شەھەرگە يېقىنلاپ قالغاندا، بىر تۆپىلىكتە توختاپ دەم ئالدۇق. دەل شۇ چاغدا دەرەخنىڭ سايىسىدا ئولتۇرغان نۇر چىراي بىر كىشىنى كۆرۈپ بىر- بىرىمىزگە:

- قېنى ئاۋۇ سايىدا ئولتۇرۇۋاتقان ئادەمنىڭ قېشىغا بېرىپ، بىز تاۋاپ قىلىپ كەلگۈچە ئۇلاغلىرىمىزنى ئۇنىڭغا ئامانەت قويايلى،- دېيىشتۇق. بىرلىكتە يېنىغا بېرىپ، جاھىلىيەتنىڭ سالام قىلىش ئۇسۇلى بويىچە سالام بەردۇق. ئۇ بىزگە ئىسلامىي سالام بىلەن سالام بەردى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى مەككىدە بىرىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئېيتقانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدۇق. ئۇنىڭغا قارشى چىققان مەككىلىكلەرنىڭ تەسىرى بىلەن بىزمۇ ئۇلارغا ئوخشاشلا ئۇنىڭدىن ئېھتىيات قىلدۇق. ئالدىمىزدىكى بۇ كىشىنىڭ بەرگەن سالىمىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ سۆزىنى قىلغان شۇ كىشى ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىپ:

- سىز كىم؟- دەپ سورىدۇق. ئۇ كىشى:

- بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇرۇڭلار؟- دېدى. بىز:

- مەككىدە بەزى سۆزلەرنى قىلىپ، بىر قاتار پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان بىرى بار ئىكەن، سىز ئۇنى تونۇمسىز؟ ئۇنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى



由 扫描全能王 扫描创建

بىلەمسىز؟- دەپ سورىدۇق. ئۇ كىشى:

- سىلەر دەۋاتقان كىشى مەن بولىمەن،- دېدى. بىز:

- ئۇنداقتا، بىزگە سىز ئىنسانلارنى دەۋەت قىلغان دىن ھەققىدە سۆزلەپ بېرەمسىز؟- دېدۇق.

- ئەلۋەتتە،- دەپ بىزگە ئىسلام دىنى ھەققىدە چۈشەنچە بېرىشكە باشلىدى. بىردەمدىن كېيىن:

- زېمىننى، ئاسماننى ۋە تاغلارنى كىمنىڭ ياراتقانلىقىنى ئېيتىپ بېقىڭلار؟- دەپ سورىدى.

- ئەلۋەتتە، ئاللاھ ياراتتى.

- سىلەرنى كىم ياراتتى؟

- ئاللاھ.

- سىلەر ئىبادەت قىلىۋاتقان ئۇ بۇتلارنى كىم ياراتتى؟

- بىز.

- ياراتقۇچىغا ئىبادەت قىلىش كېرەكمۇ ياكى يارىتىلغۇچىغىمۇ؟

- ئەلۋەتتە، ياراتقۇچىغا ئىبادەت قىلىش كېرەك.

- ئەلۋەتتە رەببىڭلارغا ئىبادەت قىلىشىڭلار كېرەك. ئەمما سىلەر ئۆز قولۇڭلار بىلەن ياسىۋالغان بۇتلارغا ئىبادەت قىلىسىلەر. ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئاللاھ، ئۇ بۇتلارنى تەرك ئېتىپ ئىبادەت قىلىشقا لايىق بولغان پەرۋەردىگاردۇر. مەن سىلەرنى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلىمەن. ئاللاھتىن باشقا ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا، مېنىڭ ئۇنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى ئىكەنلىكىمگە گۇۋاھلىق بېرىشكە، تۇغقانلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىشكە، بىر - بىرىڭلارغا ئاچچىقلانساڭلارمۇ، ئۆزئارا دۈشمەنلىشىپ تەرك ئەتمەسلىككە دەۋەت قىلىمەن.

- ئەگەر ئېيتقانلىرىڭ خاتا بولسا ئىدى، بىزنى گۈزەل ئەخلاققا ئىنسانلىقنىڭ مۇھىم ئەدەپ - قائىدىلىرىگە ئەمەل قىلىشقا دەۋەت قىلمىغان



由 扫描全能王 扫描创建

بولالىتتىڭ. بىزگە رۇخسەت قىلىپ، ئاۋۇ ئۇلاغلىرىمىزغا قاراپ تۇرغىن، بىز كەبىگە بېرىپ تاۋاپ قىلىپ كېلەيلى. ئاندىن يەنە پاراڭلىشىمىز.

مۇئاز ئىبنى ئەفرا ماڭا:

- سەن بېرىپ تاۋاپ قىلغىن، مەن بۇ يەردە قېلىشنى خالايمەن.- دېدى. ئۇ يەردىن ئايرىلىپ كەبىگە بېرىپ تاۋاپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن، يەتتە تال پال ئوقى ئالدىم. يەنە باشقا بىر تال ئوق ئېلىپ ئۇلارنىڭ ئارىسىغا قوشتۇم. ئاندىن كەبىگە قاراپ:

- پەرۋەردىگارىم! ئەگەر مۇھەممەدنىڭ دېگەنلىرى توغرا بولسا، بۇ ئىشارەت قىلىنغان ئوقنى يەتتە قېتىم چىقارغىن، -دېدىم. يەتتە قېتىم ئوق ئاتتىم. ھەر قېتىمدا ئۇ ئوق چىقتى. بۇنى كۆرۈپ، «ئەشھەدۇئەنلا ئىلاھە ئىللەللاھ ۋە ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن ئەبدۇھۇ ۋەرەسۇلۇھۇ» دەپ ۋارقىرىدىم. كەبىدىكى كىشىلەر ئەتراپىمغا ئولىشىپ:

- بۇ ئادەم ئەقلىدىن ئېزىپ قالدى، كاپىر بولۇپ كەتتى.- دەپ ماڭا ئىچ ئاغرىتىشتى.

- ئەكسىچە، ئەقلىم بېشىمدا، مەن بىر مۆمىن.- دەپ ئۇلارغا ئېتىراز بىلدۈردۈم. ئۇ يەردىن چىقىپ مەككىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدە قالغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا باردىم. مۇئاز ئىبنى ئەفرا مېنى كۆرۈپ:

- چىرايىڭ بۇ يەردىن كەتكەن ۋاقتىڭدىكىدىن باشقىچىرەك تۇرۇدىغۇ؟- دەپ سورىدى. مەن:

- شۇنداق، توغرا كۆرۈپسەن.- دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىپ، مۇئاز ئىبنى ئەفرا بىلەن بىرلىكتە مۇسۇلمان بولدۇم. مەلۇم مەزگىل پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىدا تۇرۇپ قالدۇق. بىزگە يۇسۇف ۋە ئەلەق سۈرىلىرىنى ئۆگەتتى. ئىسلام ھەققىدە يېتەرلىك چۈشەنچىگە ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئۇ يەردىن ئايرىلىپ ئۆمرە قىلىپ مەدىنىگە قايتىپ كەلدۇق.[669]

(669) شامى، سۇبۇلۇل ھۇدا، 3/190.



由 扫描全能王 扫描创建

## مەدىنىدىكى كۈنلىرى

مەدىنىدىكى شارائىت پىشىپ يېتىلگەندە قەدەر مەككىدە زۇلۇمغا ئۇچرىغان ساھابىلەر، بىر - بىرلەپ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشقا باشلىدى. كەلگەنلەرگە ئىشىكلىرىنى كەڭرى ئېچىۋەتكەن مۇئاز، ئەۋف ۋە مۇئەۋۋىزگە ئوخشاش مۇسۇلمانلار، ئۇلارغا قۇچاق ئېچىپ بار نەرسىلىرىنى تەڭ ئىشلەتتى.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھىجرەت قىلىپ كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، يوللارغا چىقىپ ئۇنى كۈتۈۋالدى. ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇپ، ھاياتلىرىنى ئۇنىڭغا ۋە ئۇ دەۋەت قىلغان دىنغا بېغىشلىدى.

پەيغەمبىرىمىز مەسجىدى نەبەۋىنى سالماقچى بولۇپ، ئۇ يەرنىڭ سەھل ۋە سۇھەيل ئىسىملىك ئىككى كىچىك قېرىنداشلارغا تەۋە ئىكەنلىكىنى ئاڭلىدى. بۇ بالىلارنىڭ دادىسى ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، ناھايىتى مەرھەمەتلىك بولغان ئەفرا رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئوغلى مۇئاز ئۇلارغا ئاتىدارچىلىق قىلىپ، ھىمايىسى ئاستىغا ئېلىپ، ئۆيىگە ئەكېلىپ باققانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بالىلارنىڭ نامىدا مۇئاز بىلەن سۆزلىشىپ توختاملاشتى.[670]

مۇئاز ئەمدىلا ئون يەتتە ياشقا كىرگەن بولۇپ، قېرىندىشى ئەۋفتىن بەش ياش چوڭ ئىدى. مۇئاز بىر قىز بىلەن ئۆيلىنىش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئەلچى ئەۋەتتى. قىزمۇ قوبۇل قىلىپ ئۆيلەندى. ھۇجرىغا كىرىدىغان چاغدا بىرسى ئۇ قىزغا: «مۇئازنىڭ بەدىنىنىڭ يان تەرىپىدە چوڭ داغلار بار» دەپ قويدى. قىز بۇ سۆزلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ ھۇجرىغا كىرگۈسى كەلمىدى. مۇئازنىڭ كۆڭلى ناھايىتى يېرىم بولدى. شۇنداقتىمۇ قىزنى ھۇجرىغا كىرىشكە مەجبۇرلىمىدى. دەردىنى ئېيتىدىغان ئەڭ مۇۋاپىق كىشىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. شۇنىڭ بىلەن، قايغۇرغان ھالدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىپ ئەھۋالنى ئېيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

(670) ئىبنى ھىشام، سىيرە، 1 – 2:495.



由 扫描全能王 扫描创建

- قېنى، داغلار بار يەرنى ئاچقىن!- دېدى.

مۇئاز بەدىنىنى ئېچىپ داغلارنى پەيغەمبىرىمىزگە كۆرسەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىدىكى كىچىك ياغاچنى، داغلارنىڭ ئۈستىگە تەگكۈزگەن ئىدى، داغلار شۇ ھامان يوقاپ كەتتى. مۇئاز ئىبنى ئەفرا خۇشال بولغان ھالدا ئائىلىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ خۇشخەۋەرنى يەتكۈزدى...(671)

## شېھىتلىك شەربىتىگە مۇيەسسەر بولۇشى

ئەفرا رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئوغۇللىرى پۈتۈن سىناقلاردىن ئۇتۇقلۇق بىلەن ئۆتكەن بولۇپ، مانا ئەمدى ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھ ئۈچۈن جانلىرىنى پىدا قىلىش ئۈچۈن بەدرىگە قاراپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلار جەمئىي يەتتە قېرىنداش ئىدى. بۇ يەتتە قېرىنداش بەدرىگە بېرىپ، مۇشرىكلارنىڭ ئالدىدا تىك تۇردى.

ئىككى قوشۇن ئۇچراشقاندا، مۇشرىكلارنىڭ لىدېرلىرىدىن ئۇتبە، شەيبە ۋە ھارىس ئالدىغا چىقىپ، مۇسۇلمانلارنى جەڭگە چاقىردى. ئۇلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئەفرا رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۈچ ئوغلى مۇئاز، مۇئەۋۋىز ۋە ئەۋف دەرھال مۇشرىكلارنىڭ ئالدىغا چىقتى. ئەمما، شان - شۆھرەت، نەسىل - نەسەبكە ھېرىسمەن بولغان بۇ مۇشرىكلار، ئۇلارنى قوبۇل قىلماي ئۆز قەبىلىسىدىن نەسەب جەھەتتىن ئۆزىگە ماس كېلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئالدىغا چىقىشىنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى چېكىنىشكە بۇيرۇدى. بۇيرۇق بويىچە ياشلار چېكىندى. ئۇرۇش باشلىنىش ئالدىدا تۇراتتى. ئەۋف ئىبنى ھارىس پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا يېقىنلىشىپ:

- ئى، رەسۇلۇللاھ! بەندە قانداق قىلغاندا، پەرۋەردىگارى خۇشال بولىدۇ؟- دەپ سورىدى. پەيغەمبىرىمىز:

- ناھايىتى كۈچلۈك جاسارەت بىلەن ئۇرۇش مەيدانىغا ئېتىلىپ كىرگەنلىكىنى كۆرگەندە،- دەپ جاۋاب بەردى.

(671) نىسابۇرى، شەرەفۇل مۇستافا، 1538. ماددا.

- رەببىنى خۇشال قىلىشنى ئارزۇ قىلىدىغان ئەۋق. ئۇستىدىكى ساۋۇت - دۇبۇلغىسىنى ئېلىۋېتىپ، جەڭ مەيدانىغا ئېتىلدى.(672)

ئەفرا رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئوغۇللىرى پەيغەمبىرىمىزنىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك دەرىجىدە قاتتىق ئۇرۇش قىلىۋاتاتتى. ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋق ئۇرۇش مەيدانىدا ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ. ئۇ بىزگە ئۇلارنىڭ قانداق ئۇرۇش قىلغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «بەدىردە ئوڭ، سول، ئالدىم ۋە كەينىم قايسى تەرەپكە قارىسام، ئۇ ئىككى ياشنى كۆرەتتىم. ئىككىلىسى ياپ - ياش ئىدى. ئۇلارغا ئوخشاش ياش بولۇشنى، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ئۇرۇش قىلىشنى ئارزۇ قىلاتتىم. ئۇلار ناھايىتى جاسارەت ۋە ھاياجان ئىچىدە، پەيغەمبىرىمىزگە يىللارچە زۇلۇم سالغان ئەبۇ جەھىلنى ئىزدەۋاتاتتى. ئەۋق ماڭا قاراپ:

- ئى، تاغا! سەن ئەبۇ جەھىلنى تونۇمسەن؟ ئەبۇ جەھىل قايسى؟- دەپ سورىدى. مەن:

- ھەئە، تونۇيمەن، ئۇنى قانداق قىلىسەن؟- دەپ سورىدىم. ئۇ:

- ئۇنىڭ پەيغەمبىرىمىزگە قىلغان - ئەتكەنلىرىنى، ئۇنىڭغا ھاقارەت قىلغانلىقىنى بىلمەمسەن؟ ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر ئۇنى كۆرۈپ قالسام، يا ئۇنىڭ ياكى مېنىڭ جېنىم چىققانغا قەدەر پىشىنى قويۇۋەتمەيمەن. ئىككىمىزدىن بىرىمىز جەزمەن ئۆلىمىز،- دېدى.

ئۇنىڭغا ئەبۇ جەھىلنى كۆرسىتىپ قويدۇم. بىردىنلا شىردەك بولۇپ چاقماق تېزلىكىدە ئەبۇ جەھىل تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈشكە باشلىدى. ئارقىسىدىن قېرىندىشى ماڭا قارىدى. ئۇنىڭ بىلەنمۇ ئوخشاش سۆزلەرنى قىلىشتۇق. ئۇنىڭغىمۇ ئەبۇ جەھىلنى كۆرسىتىپ قويغاندىن كېيىن، قېرىندىشىنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈردى. ئۇلارنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ ناھايىتى ھەيران قالدىم ۋە ئىنتايىن مەمنۇن بولدۇم. ئۇلارنىڭ قىلىچلىرىنى ھاۋادا

(672) ئىبنى ھىشام. سىيرە، 1 – 625:2؛ ئىبنۇل ئەسىر. ئۇسدۇلغابە. 4122؛ ئىبنى ھەجەر، ئىسابە. 6093؛ ۋاقىدى، مەغازى. 68:1.



由 扫描全能王 扫描创建

پۈلاڭلىتىپ، بىر - بىرىگە قىلىچ ئۇرۇشلىرىغا قاراپ، تۇرۇپلا قالدىم.

بۇ ئىككى قېرىنداش ئەبۇ جەھىلنى ئۆتتۈرىغا ئېلىۋالغان بولۇپ، مۇئاز ئىبنى ھارىسمۇ ئۇلارغا قوشۇلغاندىن كېيىن، باتۇرلۇق بىلەن ئۇرۇش قىلىپ ئەبۇ جەھىلنى يەرگە چاپلىۋەتتى. نۇرغۇن يېرىدىن ئۆلگۈدەك زەربە يېگەن ئەبۇ جەھىلنىڭ بۇ دۇنيادىكى ئىشى تۈگىگەنىدى. قەھرىمانلار ناھايىتى خۇشال ھالدا ئۇ يەردىن ئايرىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا باردى - دە، ئۇنىڭغا ئەبۇ جەھىلنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئېيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا قاراپ:

- ئۇنى قايسىڭلار ئۆلتۈردۈڭلار؟- دەپ سورىدى. ھەممىسى بىردەكلا:

- مەن ئۆلتۈردۈم،- دەپ جاۋاب بېرىشتى. پەيغەمبىرىمىز:

- قىلىچىڭلاردىكى قاننى ئېتىۋەتتىڭلارمۇ؟- دەپ سورىدى. ئۇلار:

- ياق،- دېيىشتى. پەيغەمبىرىمىز باتۇرلارنىڭ قىلىچلىرىغا قاراپ بېقىپ:

- ھەممىڭلار ئۆلتۈرۈپسىلەر،- دېدى.

قەھرىمانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدىن ئايرىلىپ، قايتىدىن ئۇرۇش مەيدانىغا بېرىپ دۈشمەن سەپلىرى ئارىسىغا كىردى ۋە شېھىت بولغانغا قەدەر باتۇرلارچە ئۇرۇش قىلدى. ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن پەيغەمبىرىمىز ئۇلارنىڭ جەسەتلىرى ئالدىغا كېلىپ، دۇئا قىلىپ:

- ئاللاھ ئەفرانىڭ شۇ ئىككى ئوغلىغا رەھمەت قىلسۇن! ئۇلار بۇ ئۈممەتنىڭ پىرئەۋنى، كۇفرىنىڭ بېشىنى ئۆلتۈرۈشكە ئىشتىراك قىلدى،- دېدى. يېنىدىكىلەر:

- ئۇلار بىلەن بىللە يەنە كىم بار ئىدى؟- دەپ سورىدى. پەيغەمبىرىمىز:

- پەرىشتىلەر بار ئىدى، ئاخىرقى زەربىنى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد ئۇردى،- دېدى.»[673]

---

(673) ۋاقىدى، 1: 88 - 91؛ ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 3/76.



由 扫描全能王 扫描创建

# مۇھەممەد ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

مۇھەممەد ئىبنى ئەمرۇ ھىجرىيەنىڭ ئالتىنچى يىلى مەككىدە تۇغۇلدى. مۇھەممەد مەشھۇر ساھابىلەردىن ئەمرۇ ئىبنى ئاس بىلەن ھالە بىنتى ھەمزىنىڭ ئوغلى بولۇپ، مەككىنىڭ پەتھى قىلىنىشىدىن مەلۇم مەزگىل ئىلگىرىكىچە مەككىدە ياشىدى. دادىسى پەتھىدىن بۇرۇن مۇسۇلمان بولغانلىقى ئۈچۈن، ئائىلىسى بىلەن بىرلىكتە مەدىنىگە ھىجرەت قىلدى. ئۇ ۋاقىتلاردا تېخى يېشى كىچىك بولسىمۇ، ئەمما پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىدىن پەقەت ئايرىلماي، ئۇنىڭدىن ھاياتى بويىچە قەتئىي ئۇنتۇمايدىغان نۇرغۇن گۈزەل نەرسىلەرنى ئۆگەندى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن دادىسىنىڭ يېنىدىن ئايرىلماي، ئۇنىڭ بىلەن بىللە مىسىرغا باردى. دادىسى ئالىم ساھابىلەردىن بىرى بولغان يەنە بىر ئوغلى ئابدۇللاھقا ئوخشاشلا ئۇنىڭغىمۇ ناھايىتى كۆيۈنەتتى، مۇھىم ئىشلارنى ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشەتتى.

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ دادىسى ئەمرۇ ئىبنى ئاسنى مىسىر ۋالىيلىقىدىن ئېلىۋەتكەندىن كېيىن، ئوغۇللىرى بىلەن بىرلىكتە پەلەستىنگە باردى. جەمەل ۋەقەسىدە قالايمىقانچىلىقتىن يىراق تۇردى. كېيىن ۋەقەلەر ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جەرىر ئىبنى ئابدۇللاھنى ھەزرىتى مۇئاۋىيىنىڭ يېنىغا ئەۋەتىپ، ئۆزىگە بەيئەت قىلىشىنى تەلەپ قىلدى. ھەزرىتى مۇئاۋىيە رەت قىلدى. بۇنداق قىلىش ئىچكى قىسىمدا يۈز بەرگەن كەسكىن كۈرەشنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىنى تېزلىتىش دېگەنلىك بولاتتى. ھەزرىتى مۇئاۋىيە مەقسىتىگە



由 扫描全能王 扫描创建

يىتىش ئۈچۈن، سىياسىي جەھەتتە مۇھىم رول ئوينايدىغان شۇنداقلا ئەرەب داھىيلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدىغان ئەمرۇ ئىبنى ئاسقا بىر پارچە مەكتۇپ يېزىپ، ئۇنى ئۆزى تەرەپكە تارتماقچى بولدى. ئەمرۇ ئىبنى ئاس مەكتۇپنى ئالغاندىن كېيىن ئوغۇللىرىنى يېنىغا چاقىرىپ، ئۇلار بىلەن مەسلىھەتلەشتى. ئەھۋالنى ئوغۇللىرىغا ئېيتىپ:

- سىلەرنىڭ پىكىرىڭلار قانداق؟- دەپ ئۇلارنىڭ كۆز قاراشلىرىنى سورىدى. ئابدۇللاھ:

- دادا، رەسۇلۇللاھ ۋاپات بولغاندا سەندىن رازى ئىدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ ۋاپات بولغاندا سەندىن رازى ئىدى. مېنىڭ چۈشەنچەمگە كۆرە، بۇ ۋەقەلەرگە ئارىلاشماي ئۆيدە كۈتۈپ تۇرۇپ، ئىنسانلار بىر ئىمامغا ئەگىشىشكە قارار قىلغاندا، بېرىپ ئۇنىڭغا بەيئەت قىلغىن. مۇئاۋىيىگە بەيئەت قىلىپ، دىنىڭنى دۇنياغا تېگىشمە، بولمىسا جەھەننەمگە دوم چۈشىسەن،- دېدى. دادىسى مۇھەممەدكە قاراپ:

- سەن نېمە دەيسەن؟- دەپ سورىدى. مۇھەممەد:

- سەن ئەرەبلەرنىڭ ۋەكىللىرىدىن بىرى ھەم قۇرەيشلىكلەرنىڭ مۇھىم لىدېرلىرىدىن بىرىسەن. سېنىڭ بىر ئېغىز سۆزۈڭ ياكى ئىشارىتىڭ بولمىسا، ئەرەبلەر بىر كىشىگە ئەگىشىشنى قارار قىلمايدۇ. شامغا بېرىپ ئۇسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قاتىللىرىنى تەلەپ قىلغىن!- دېدى. ئەمرۇ ئىبنى ئاس:

- ئى، ئابدۇللاھ! سەن مەندىن ئاخىرەتلىكىم ئۈچۈن ياخشى بولغان ئىشنى قىلىشىمنى تەلەپ قىلىۋاتىسەن. ئى، مۇھەممەد! سەن بۇ دۇنيا ئۈچۈن ياخشى، ئەمما ئاخىرەتلىكىم ئۈچۈن يامان بولغان ئىشنى قىلىشنى تەلەپ قىلىۋاتىسەن. ئەمما مەن ئەلىنىڭ يېنىغا بارسام ماڭا «سەن مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى (ئادەتتىكى) بىرىسەن» دەيدۇ. مۇئاۋىيىنىڭ يېنىغا بارسام، ئۇنىڭ يېنىدا مۇھىم ئورنۇم بولىدۇ،- دېدى.

ئەتىسى ئەتىگەن ھەزرىتى مۇئاۋىيىنىڭ يېنىغا بېرىشنى قارار قىلدى.



由 扫描全能王 扫描创建

ئابدۇللاھ ۋەقەلەردىن يىراق تۇردى. مۇھەممەد بولسا، دادىسى بىلەن بىللە سىففىن ئۇرۇشىغا قاتناشتى.[674]

(674) ئىبنى مەنزۇر، 23/148؛ بەلازۇرى، ئەنساب، 2/199.

# مۇھەممەد ئىبنى تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

مۇھەممەد ئىبنى تەلھە جەننەت بىلەن خۇشخەۋەر بېرىلگەن تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھنىڭ ئوغلى ئىدى. ئانىسى قۇياشنى خىجىل قىلغۇدەك گۈزەللەردىن ـ جەھش ئائىلىسىنىڭ قىزلىرىدىن ھەمنە بىنتى جەھش ئىدى. مۇھەممەد، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇشتىن بىر قانچە يىل بۇرۇن تۇغۇلدى. ئۇ ئائىلىسىنىڭ تۇنجى بالىسى ئىدى. ئۇنىڭ تۇغۇلۇشى پۈتۈن ئائىلىسىنى، بولۇپمۇ دادىسىنى تولىمۇ سۆيۈندۈردى. دادىسى تەلھە ئوغلىنى دۇئاسىنى ئېلىش ۋە ئېغىزلاندۇرۇش ئۈچۈن ئۇدۇل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئېلىپ باردى. پەيغەمبىرىمىز بالىنى قۇچىقىغا ئېلىپ، سۆيۈپ ئېغىزلاندۇرغاندىن كېيىن، تەلھەگە:

ـ بۇنىڭ ئىسمىنى مۇھەممەد قويۇڭلار!ـ دېدى. ھەزرىتى تەلھە:

ـ ئەبۇلقاسىم دېگەن لەقەمنىمۇ قويايمۇ؟ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ياق، ئىسمىم بىلەن لەقىمىم بىر يەرگە كەلمىسۇن. لەقىمىنى ئەبۇ سۇلەيمان قويۇڭلار!ـ دېدى.(675)

پەيغەمبەر ھاۋاسى ئىچىدە تۇغۇلۇپ، چوڭ ساھابىلەر ئارىسىدا چوڭ بولۇۋاتقان مۇھەممەدنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىشى ئىبادەت قىلىش ئىدى. نامازنى ناھايىتى كۆپ ئوقۇيدىغانلىقى، داۋاملىق ئىبادەت قىلىشقا غەيرەت قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، خەلق ئۇنىڭغا «سەججاد ـ كۆپ سەجدە قىلغۇچى» دەپ لەقەم قويۇپ قويدى. دادىسى ئۇنى ناھايىتى ياخشى

---

(675) ئىبنى ئابدىلبەر، ئىستىئاب، 3/1371؛ زەھەبى، سىيەر، 5281.



由 扫描全能王 扫描创建

كۆرىدىغان ۋە كۆيۈنىدىغان بولۇپ، يېنىدىن پەقەتلا ئايرىمايتتى.[676]

بىر كۈنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ جىيەنى مۇھەممەد بىر ئادەم بىلەن ئۇرۇشۇپ قالدى. ئۇ كىشى ئاچچىقىدا:

- ئى، مۇھەممەد! ئاللاھ سېنى ئۇنداق، مۇنداق قىلسۇن!- دەپ سۆزلەشكە باشلىدى. ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ بۇنى ئاڭلاپ ئەقلى - ھۇشى چىقىپ كەتتى. بىرى ئۇ ئەڭ قەدىرلەيدىغان بىرىنىڭ ئىسمىغا قارىتىپ ناچار سۆزلەرنى قىلىۋاتاتتى. جىيەنىگە قاراپ:

- بۇنىڭدىن كېيىن بىرىنىڭ ساڭا ناچار سۆزلەرنى قىلىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بەرگىنىڭنى كۆرۈپ قالماي!- دەپ ئاگاھلاندۇردى. ئارقىدىنلا يەنە:

- ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن ھاياتلا بولىدىكەنمەن، بۇنىڭدىن كېيىن ھېچكىم سېنى مۇھەممەد دېگەن ئىسىم بىلەن چاقىرالمايدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن سېنىڭ ئىسمىڭ ئابدۇررەھمان بولسۇن!- دېدى. بۇنىڭ بىلەنلا توختاپ قالماي، ھەزرىتى تەلھەنىڭ ئوغلى مۇھەممەدنى يېنىغا چاقىرىپ، ئەھۋالنى ئېيتقاندىن كېيىن ئۇنىڭغا:

- سەنمۇ ئىسمىڭنى ئۆزگەرتكىن!- دەپ بۇيرۇدى. مۇھەممەد:

- ئى، مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى! خۇدا ھەققى بۇنداق قىلما، مېنىڭ ئىسمىمنى پەيغەمبىرىمىز ئۆزى قويغان،- دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- ئۇنداقتا كەتسەڭ بولىدۇ! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قويغان ئىسمىنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ،- دېدى.[677]

ھىجرىيەنىڭ 20 - يىلى مۇھەممەدنىڭ ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغان ھاممىسى ھەزرىتى زەينەب ۋاپات بولدى. ئۇ ھاممىسىنىڭ ئۆلۈمىگە ناھايىتى قايغۇردى. مۇھەممەد ئۇ ۋاقىتلاردا ئون بەش ياش ئەتراپىدا بولۇپ، ھاممىسىنى دەپنە قىلغاندا، ئابدۇللاھ ئىبنى جەھش، ئۇسامەگە ئوخشاش ياش ساھابىلەر بىلەن بىرلىكتە يەرلىككە چۈشۈپ، زەينەب

(676) ۋاقىدى، مەغازى، 1/292.

(677) مۇسنەد، 4/216؛ ئىبنى ھەجەر، ئىسابە، 7783؛ ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 14/253.



由 扫描全能王 扫描创建

ئانىمىزنى قەبرىگە قويدى.[678]

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىسيانچىلار تەرىپىدىن قورشىۋېلىنغاندا، بىر تۈركۈم ياش ساھابىلەر بىلەن بىرلىكتە خەلىپىنى قوغداش ئۈچۈن ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆيىگە باردى. دوستلىرى بىلەن بىرلىكتە خەلىپىگە:

- جېنىمىز ساڭا پىدا بولسۇن! بىز سېنى قوغداش ئۈچۈن كەلدۇق. - دېيىشتى. ئىسيانچىلار خەلىپىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ ئۆيىگە بېسىپ كىرگەن چاغدا، ھەزرىتى ھەسەن، ھۈسەيىن، ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير ۋە مۇھەممەد ئىبنى تەلھەگە ئوخشاش ياش ساھابىلەر ئالدىغا چىقتى.[679]

ئەمدىلا يىگىرمە ياشلارغا كىرگەن مۇھەممەد ھاياتىنىڭ ئەڭ قىيىن كۈنلىرىنى باشتىن كەچۈرۋاتاتتى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شېھىت قىلىنغاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلار ناھايىتى چوڭ پىتنە - پاساتقا دۇچ كەلدى. جەمەل ۋەقەسىدە جەننەت بىلەن خۇشخەۋەر بېرىلگەن ساھابىلەر بىر - بىرى بىلەن قارىمۇقارشى ھالغا كېلىپ قالدى. مۇھەممەد ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەقلىق ئىكەنلىكىگە ئىشەنسىمۇ، دادىسىغا بولغان سۆيگۈسى ۋە ھۆرمىتى سەۋەبىدىن ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا قالدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىغا بېرىپ:

- ئى، مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى! مەن قانداق قىلىمەن؟ - دەپ ئەندىشە ئىچىدە سورىدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

- ھەزرىتى ئادەمنىڭ ئىككى ئوغلىنىڭ ياخشىسىدەك بولغىن! - دەپ جاۋاب بەردى.

مۇھەممەد چىقىرىپ بولغان قىلىچىنى قايتىدىن قىنىغا سالدى. ئەمما دادىسىغا بولغان سۆيگۈسى ئۇنى يەنە ئۇرۇش مەيدانىغا ئېلىپ باردى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەھۋالنى چۈشىنىپ، مۇھەممەد ئىبنى تەلھەنى كۆزدە تۇتقان ھالدا ئەسكەرلىرىگە:

(678) ئىبنى سەئىد، تەباقات، 8/114.
(679) ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 14/253.



由 扫描全能王 扫描创建

- ئۇزۇن كۆينەك كىشىدىن يىراق تۇرۇڭلار!- دەپ بۇيرۇق قىلدى.

- پۈتۈن ساھابىلەرگە ئوخشاش ئۇمۇ بۇ ئۇرۇشتىن ناھايىتى بىئارام ۋە كۆڭلى يېرىم ئىدى. بۇ ئازابتىن بىر ئاز بولسىمۇ قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئۈستىدىكى دۇبۇلغا - ساۋۇتلىرىنى سېلىپ يەرگە ئاتتى. ئۆزىگە ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن ھەر بىر ئەسكەرنى:

- ساڭا «ھا مىم» سۈرىسىنى ئەسلىتىپ قوياي!- دەپ ئاگاھلاندۇراتتى. ئاخىرى بىرسى سۆزىگە قۇلاق سالماي ئۇنى ئۆلتۈردى.[680]

مۇھەممەد ئىبنى خاتىب بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «جەمەل ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئۆلتۈرۈلگەن كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئايلىنىپ يۈرەتتۇق. ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خۇددى مۇسئەب ئىبنى ئۇمەيرگە ئوخشاش، خىجىلچىلىقتىن بېشىنى قۇمغا كۆمۈۋالغان بىرسىنى كۆردى. بېرىپ بېشىنى قايرىپ كۆرۈپ ئىچى ئېچىشىپ:

-«ئىننا لىللاھى ۋە ئىننا ئىلەيھى راجىئۇن.» ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، قۇرەيشلەرنىڭ چوڭلىرىدىن بىرسى،- دېدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- ھەئە، شۇنداق. «ئىننا لىللاھى ۋە ئىننا ئىلەيھى راجىئۇن.» ئۇ ناھايىتى سالىھ بىر ياش ئىدى. دادىسىنىڭ ئالدىدا ناھايىتى ياخشى بىر ئەۋلاد بولۇشى ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەب بولدى،- دېدى. ئازابلانغان ۋە كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا يەردە ئولتۇرۇپلا قالدى. ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دادىسىنىڭ ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا تەسەللي بېرىش ئۈچۈن:

- سەن ئۇنى بۇ يەرگە كەلمەسلىكى ئۈچۈن ئاگاھلاندۇرغان ئىدىڭ، ئۇ سېنىڭ سۆزۈڭنى ئاڭلىماي كەلدى،- دېدى. بۇ سۆزلەر ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا تەسىر قىلمىدى:

- بۇنىڭدىن يىگىرمە يىل بۇرۇن ئۆلگەن بولۇشنى قانچىلىك ئارزۇ

(680) ئىبنۇل ئەسىر، ئۇسدۇلغابە، 4738؛ ئىبنى ھەجەر، ئىسابە، 7783.

قىلاتتىم،- ھە!- دەپ كۆڭلىنىڭ قانچىلىك يېرىم بولغانلىقىنى ئىپادىلىدى.

ھىجرىيەنىڭ 36 - يىلى كەئىب ئىبنى مۇدلىج ئۇنى ئۆلتۈرگەندە، ئۇ تېخى ئوتتۇز ياشقىمۇ كىرمىگەن ئىدى.[681]

(681) ئىبنۇل ئەسىر، 4738؛ ئابدىلبەر، ئىستىئاب، 3/1372.



由 扫描全能王 扫描创建

# ئەمرۇ ئىبنى ھەزم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

ئەمرۇ ئىبنى ھەزم ھىجرەتتىن يەتتە يىل بۇرۇن مەدىنىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ئانىسى سەئىد ئوغۇللىرىدىن ئەبۇ دەھھاكنىڭ قىزى ئىدى. ئەمرۇ كىچىك ياشتىلا دادىسىدىن ئايرىلىپ قالدى. دادىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۆزىدىن ئون ياش چوڭ بولغان ئاكىسى ئۇنى ھىمايە قىلىپ، دادىسىنىڭ يوقلۇقىنى بىر ئاز بولسىمۇ ئۇنتۇلدۇرۇشقا تىرىشتى.

ئەممارە ناھايىتى ياش بولسىمۇ مەدىنىدە ئىسلامنى تۇنجى قوبۇل قىلغان مۇسۇلمانلارنىڭ بىرى ئىدى. ئەقەبە بەيئىتىگە قاتنىشىپ، ئىسلامغا دەۋەت قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان ئەممارە مەدىنىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئەتراپىدىكى كىشىلەرنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىشقا باشلىدى.

ئەمرۇ ئۇ ۋاقىتلاردا تېخى بەش - ئالتە ياشلاردىكى بالا بولسىمۇ، ناھايىتى ئەقىللىق بولۇپ، ئاكىسىنىڭ سۆزلىرىنى دىققەت بىلەن تىڭشاپ، چۈشىنىشكە تىرىشاتتى. ئۇ ساھابىلەرنىڭ ئارىسىدا، ئىسلامغا دەۋەت قىلىش كۈرىشى ئىچىدە چوڭ بولدى. ئىسلام قوشۇنى ئۇھۇدقا ماڭىدىغان چاغدا ئون - ئون بىر ياشلاردا بولۇپ كىچىك بولۇشىغا قارىماي قوشۇنغا قېتىلدى. پەيغەمبىرىمىز شەيخەين دېگەن يەردە قوشۇننى توختىتىپ كۆزدىن كەچۈرۈپ، يېشى كىچىكلەرنى ئايرىپ قايتۇرۇۋەتتى. ئەمرۇ جىھادقا قاتنىشالمىغانلىقى ئۈچۈن كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا مەدىنىگە قايتىپ كەلدى.(682)

---

(682) ئىبنى ھىشام، سىيرە، 3 – 4 /66؛ ئىبنى ھەجەر، ئىسابە، 5812.



由 扫描全能王 扫描创建

ئەمرۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلەرنى ئۆزىگە ئۈلگە قىلىپ، ئەسىرى سائادەتنىڭ مەنىۋى ھاۋاسىدىن نەپەس ئېلىپ چوڭ بولدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۆزلىرىگە دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىپ، ئۇنىڭ بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلىرىگە ناھايىتى ئەھمىيەت بەردى.

ئەمرۇ ئىبنى ھەزم بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى بىر قەبرىگە يۆلىنىپ ئولتۇرغان ئىدىم، پەيغەمبىرىمىز مېنى كۆرۈپ:

- قەبرىلەردە ئولتۇرۇپ، ئىچىدە يېتىۋاتقانلارنى بىئارام قىلماڭلار!- دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن قەتئىي قەبرىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرمىدىم.»(683)

ئۇھۇد غازىتىغا قاتنىشالمىغان ئەمرۇ ئون ئۈچ يېشىدا خەندەك ئۇرۇشىغا قاتناشتى. ئۇ تېخى ئۇرۇشقا قاتناشقۇدەك ياشتا بولمىسىمۇ، لېكىن بۇ ئالاھىدە بىر ئەھۋال ئىدى. مەككىلىكلەر پۈتۈن ئىسلام دۈشمەنلىرىنى يىغىپ، مەدىنىگىچە كەلگەن بولۇپ، مۇناپىقلار بىلەن يەھۇدىيلار، مۇسۇلمانلارغا خائىنلىق قىلىپ، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ھالدا پۈتۈن ئىمكانىيەتلىرىنى ئىشقا سېلىپ مۇشرىكلارنى قوللاۋاتاتتى. بۇ سەۋەبتىن يېشى كىچىك بولسىمۇ، دىنىنى، ۋەتىنىنى قوغداش ئۈچۈن دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇش قىلدى.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋالىيسى

ھىجرىيەنىڭ ئونىنچى يىلىنىڭ باشلىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خالىد ئىبنى ۋەلىدنى 400 كىشىلىك قوشۇن بىلەن ئىسلامغا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن نەجرانغا ئەۋەتتى. خالىد ئىبنى ۋەلىد نەجرانغا بېرىپ، خەلقنى ئىسلامغا دەۋەت قىلدى. خەلق ئۇنى ناھايىتى ياخشى كۈتۈۋالدى. بىر قانچىسى دەرھال مۇسۇلمان بولدى. خالىد ئىبنى ۋەلىد بىر پارچە مەكتۇپ يېزىپ، پەيغەمبىرىمىزگە ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاۋاب خېتىدە بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىش كېرەكلىكى

(683) شامى، سۇبۇلۇل ھۇدا، 8/385.

ھەققىدە كۆرسەتمە بەردى.

بۇ ئىش بولۇپ كۆپ ئۆتمەي بىر تۈركۈم نەجرانلىق مەدىنىگە كەلدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشۈپ، ئىسلام ھەققىدە چۈشەنچىگە ئىگە بولدى. بۇ چاغلاردا ئەمرۇ ئىبنى ھەزم ئون يەتتە ياشلاردىكى بىر ياش ئىدى. ھەيئەت كېتىدىغان چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەمرۇنى يېنىغا چاقىرىپ، ئۇنى نەجرانلىقلارغا قۇرئاننى، سۈننەتنى ۋە ئىسلام ئاساسلىرىنى ئۆگىتىپ، دىنىنى ھەقىقىي چۈشەندۈرۈشكە ۋە زاكاتلارنى يىغىشقا مەسئۇل قىلدى.[684]

كېتىدىغان ۋاقىتتا ئۇنىڭغا بارغاندىن كېيىن نېمىلەرنى قىلىشى كېرەكلىكى ھەققىدە تەلىماتلارنى بېرىپ مۇنۇلارنى يازدى:

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

«دئى ئىمان ئېيتقانلار! ئەھدىلەرگە ۋاپا قىلىڭلار>[685] دېگەن ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىدىن نەجرانلىقلارغا؛

بۇ رەسۇلۇللاھ مۇھەممەدنىڭ ئەمرۇ ئىبنى ھەزمنى يەمەنگە ئەۋەتىدىغان چاغدا تەييارلاتقان ئەھدىنامىسىدۇر.

ئۇنى ئاللاھنىڭ پۈتۈن ئىشلىرىدا تەقۋالىققا ئەھمىيەت بېرىشكە بۇيرۇدى، «چۈنكى ئاللاھ ھەقىقەتەن تەقۋادارلىق قىلغۇچىلار ۋە ياخشى ئىش قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر.»[686]

ئۇنى ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ھەققە مەھكەم ئېسىلىپ، ئىنسانلارغا ياخشىلىقتىن خۇشخەۋەر بېرىپ، ياخشىلىق قىلىشقا چاقىرىشنى، خەلققە قۇرئاننى ئۆگىتىپ، ئۇنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈشنى بۇيرۇدى ۋە تاھارەتسىز قۇرئاننى تۇتۇشنى چەكلىدى.

كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ ھەققىنى ۋە قارشى تەرەپنىڭ ھەققىنى بىلدۈرۈشنى،

(684) ئىبنى ئابدىلبەر، ئىستىئاب، 3/1172؛ ئىبنۇل ئەسىر، ئۇسدۇلغابە، 3899.

(685) مائىدە سۈرىسى، 1 – ئايەت.

(686) نەھل سۈرىسى، 128 – ئايەت.



由 扫描全能王 扫描创建

ھەقنى چۈشەندۈرۈش ۋە ئەمەل قىلىش جەريانىدا خەلققە ياخشى مۇئامىلە قىلىشنى، زۇلۇم قىلىشقا يول قويماسلىقنى بۇيرىدى. چۈنكى ئاللاھ زۇلۇمنى ياقتۇرمايدۇ، «ئاللاھنىڭ لەنىتى زالىملارغا بولسۇن»(687) - دېدى.

- ئى، ئەمرۇ! كىشىلەرنى جەننەتكە رىغبەتلەندۈرۈپ، ئۇنىڭغا كىرىشنىڭ يوللىرىنى ئۆگەتكىن، جەھەننەمدىن ئۇزاق تۇرۇش ھەققىدە ئاگاھلاندۇرغىن ۋە بۇنىڭمۇ يوللىرىنى ئۆگەتكىن. دىننى چۈشىنىشى ئۈچۈن ئۇلار بىلەن دوستلۇق ئورنىتىپ، يېقىن مۇناسىۋەت شەكىللەندۈرگىن.

- كىشىلەرگە ھەج قىلىشنىڭ ئەھمىيىتىنى، پەرز ۋە سۈننەتلىرىنى سۆزلەپ بەرگىن. ئاللاھنىڭ ھەج ۋە ئۆمرىدە نېمىلەرنى قىلىشقا بۇيرۇغانلىقىنى ئۆگەتكىن.

- كىشىلەرنى ئاچچىقلانغان ۋاقتتا ئىرقچىلىق ۋە قەبىلىۋازلىق قىلىپ قويۇشتىن توسقىن! ئۇلارنىڭ بىردىنبىر دەۋاسى يېگانە ۋە ئۆزىدىن باشقا ئىلاھ بولمىغان ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھ بولسۇن. قەبىلىۋازلىق ۋە ئىرقچىلىق قىلغانلارغا قارشى ئۇلارنىڭ دەۋالىرى ئۆزىدىن باشقا ئىلاھ بولمىغان ئاللاھ بولغانغا قەدەر كۈرەش قىلغىن.

- كىشىلەرگە تاھارەتنى مۇكەممەل ئېلىشنى، نامازلىرىنى ۋاقتىدا ئادا قىلىشنى، رۇكۇ ۋە قىيامدا دىققەت قىلىشنى... ئەزان ئوقۇلغاندا جۈمەگە بېرىشنى، بارىدىغان چاغدا غۇسلى تاھارەت ئېلىش لازىملىقىنى ئېيتقىن!

- ئالغان غەنىيمەتلەردىن بەشتىن بىرىنى ئايرىپ قويۇشنى، قۇدۇق ۋە يامغۇر سۇلىرى ئارقىلىق يەرلىرىنى سۇغارغان مۆمىنلەرگە پەرز قىلىنغان زاكاتنى (ئۇنىڭ مىقدارىنى) بىلدۈرگىن. قۇدۇق سۇلىرىنىڭ زاكىتى يىگىرمىدە بىردۇر.

- يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلاردىن بىرى سەممىي شەكىلدە مۇسۇلمان بولۇپ ئىسلامنى قوبۇل قىلسا، ئۇ مۆمىنلەردىندۇر. مۆمىنلەر بىلەن ئوخشاش ھەق - ھوقۇق ۋە مەسئۇلىيەتكە ئىگە بولىدۇ.

---

(687) ھۇد سۈرىسى، 18 - ئايەت.



由 扫描全能王 扫描创建

- مەيلى يەھۇدىي ياكى خىرىستىيان بولسۇن دىنىنى ئۆزگەرتمىگەنلەر بولسا، ئەر- ئايال، ئازاد - قۇل بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ياش قۇرامىغا يەتكەنلەردىن بىر دىنار ئېلىنغىلار! كىم بۇلارنى ئەمەلگە ئاشۇرسا، ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھ ئۇنى قوغدايدۇ. بۇلارنى ئەمەلگە ئاشۇرمىغانلار، ئاللاھنىڭ ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ، شۇنداقلا پۈتۈن مۆمىنلەرنىڭ دۈشمىنىدۇر.

ئاللاھنىڭ رەھمىتى، سالامى ۋە بەرىكىتى پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بولسۇن.»[688]

بۇ ۋەزىپە ئۈتكۈر ئەقىل، كۈچلۈك جاسارەت، گۈزەل- ئەخلاق، ئىلىم، قىيىنچىلىقلار ئالدىدا قورقماي كۈرەش قىلىش كۈچى، چەكسىز سەۋر، باشقۇرۇش ۋە سىياسىي تەلىم- تەربىيە... قاتارلىق ساھەلەردە قابىلىيەتلىك بولۇش، مەسىلىلەرنى ھەل قىلغاندا جانلىق ۋە پاراسەتلىك بولۇش قاتارلىق نۇرغۇن سۈپەتلەرگە ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلاتتى. ئەمرۇ ئىبنى ھەزم پۈتۈن بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىدىغان بولۇپ، بۇ يەردە تۇرغان بىر يىل ئىچىدە ئۆزىگە بۇيرۇلغان بۇ ۋەزىپىنى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئەمەلگە ئاشۇردى.

## ئىسلام ئەلچىسى

ئۇنىڭ يەمەنگە ئەۋەتىلىشىدە باشقا بىر ۋەزىپىسمۇ بار ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۇ رايونغا ئەۋەتكەن ئىسلام ئەلچىسى ئىدى. پەيغەمبىرىمىز ئەۋەتكەن مەكتۇپلارنى مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرگە تاپشۇرۇپ بېرىپ، سۆزلىرىنى يەتكۈزدى. پەيغەمبىرىمىز يەنە نەجرانلىقلارغا زاكات ھەققىدە ئەتراپلىق چۈشەنچە بېرىپ بىر پارچە مەكتۇپ يازدى. يەمەن پادىشاھى شۇرەھبىل ئىبنى ئابدىكۇلال ۋە قېرىندىشى نۇئەيمگە خىتاب قىلىپ يازغان بۇ مەكتۇپنى ئەمرۇ ئىبنى ھەزم ئارقىلىق ئۇلارغا ئەۋەتتى.[689]

(688) ئىبنى ھىشام، سىيرە، 3 – 4 /595؛ ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 19/195.

(689) ئىبنى مەنزۇر، 10/158.

# پىتنىنىڭ تارقىلىشى

ئەمرۇ ئىبنى ھەزم يەمەنگە بېرىشتىن ئىلگىرى ئەمرە بىنتى ئابدۇللاھ بىلەن ئۆيلەنگەنىدى. مەدىنىدىن ئايرىلىدىغان ۋاقىتتا ئايالىنىمۇ بىللە ئېلىپ ماڭدى. ئۇ ناھايىتى ياش بولسىمۇ، بۇ ۋەزىپىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئادا قىلدى. ئۇ يەردە ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان مەزگىلدە، يالغانچى پەيغەمبەر ئەسۋەد ئەلئەنسى ناھايىتى چوڭ بىر پىتنە ھەرىكىتى قوزغىدى. ناھايىتى تېز كېڭەيگەن بۇ ھەرىكەت، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۇ يەردىكى كىشىلەرگە تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىدى. پىتنىچىلەر ئەمرۇ ئىبنى ھەزم ۋە يەمەندىكى باشقا دەۋەتچىلەرنىمۇ خاتىرجەم قىلمىدى. ئۇلارغا ئۇنچە پەرۋا قىلمىغان بولسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇ يەردە تۇرماي مەدىنىگە قايتىپ كەلدى.

ئەمرۇ ئىبنى ھەزمنىڭ يەمەندىكى مەزگىلدە بىر ئوغلى بولدى. ئەمرۇ ئۇنىڭ ئىسمىنى مۇھەممەد قويدى. ئەمرۇ ئىبنى ھەزم پەيغەمبىرىمىزدىن بەش ھەدىس رىۋايەت قىلغان بولۇپ، مەدىنىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆيىگە يانمۇيان سېلىنغان ئۆيىگە يەرلەشتى. كېيىن ئۇنىڭ ئوسمان، ئەبۇ بەكىر، ئەممارە، ئۇممۇ گۈلسۇم ئىسىملىك تۆت پەرزەنتى بولدى. ھەممىسىنى ناھايىتى ياخشى تەربىيەلىدى. ئوغۇللىرىدىن ئابدۇللاھ ۋە ئەبۇ بەكىر مەدىنىنىڭ ئالىم ساھابىلىرىدىن بولدى. ئەمرۇ ئىبنى ھەزمنىڭ ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتى ھەققىدە باشقا مەلۇمات يوق بولۇپ، ھىجرىيەنىڭ 51 ياكى 53 يىلىدا مەدىنىدە ۋاپات بولغانلىقى قەيت قىلىنماقتا.[690]

(690) خەتتاب، سۇفەرائۇنەبى، 1/881.

# مۇھەممەد ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

مۇھەممەد، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نەجرانغا ۋالىي قىلىپ ئەۋەتكەن مەدىنىلىك ساھابە ئەمرۇ ئىبنى ھەزمنىڭ مۇساپىرچىلىقتا تۇغۇلغان ئوغلى ئىدى. مۇھەممەد، پەيغەمبىرىمىز ئەمرۇ ئىبنى ھەزمنى نۇرغۇن ۋەزىپە بىلەن نەجرانغا ئەۋەتىپ بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى ھىجرىيەنىڭ ئونىنچى يىلى نەجراندا دۇنياغا كەلدى. بۇ ياش ساھابە ئوغلىنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىدىن ناھايىتى خۇشال بولۇپ، پەيغەمبىرىمىزگە بىر پارچە خەت يېزىپ ئوغلى بولغانلىقى ھەققىدە خەۋەر يەتكۈزدى. پەيغەمبىرىمىز بۇ ياش ساھابىگە يازغان جاۋاب خېتىدە:

- ئوغلۇڭنىڭ ئىسمىنى مۇھەممەد، لەقىمىنى ئابدۇلمەلىك قويغىن!- دېدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇيرۇقى بويىچە دادىسى ئوغلىغا مۇھەممەد، دەپ ئىسىم قويدى.(691)

مۇھەممەد دادىسىغا ئوخشاشلا ئىسلامىي ئىلىملەرنى ئۆگىنىپ چوڭ بولدى. ياش قۇرامىغا يەتكەندە، سۇبەييە ئىبنى نۇئمان بىلەن توي قىلدى. ئۇنىڭدىن ئابدۇلمەلىك، ئابدۇللاھ، ئابدۇررەھمان ۋە ئۇممۇ ئەمرۇ ئىسىملىك تۆت پەرزەنتى بولدى.

مۇھەممەد چىرايلىق كىيىنىپ يۈرۈشنى ياخشى كۆرەتتى. بىر كۈنى 700 دەرھەمگە يىپەك ۋە يۇڭ ئارىلاشتۇرۇپ توقۇلغان بىر شارپا ئالغان بولۇپ، ئۇنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى. ئۇنى تاكى ۋاپات بولغانغا قەدەر

(691) ئىبنى ئابدىلبەر، ئىستىئاب، 3/1374؛ ئىبنۇل ئەسىر، ئۇسدۇلغابە، 4751.



由 扫描全能王 扫描创建

يېنىدىن ئايرىماي داۋاملىق ئارتتى.(692)

مۇھەممەد ئىبنى ئەمرۇنى ئەتراپىدىكىلەر ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى ۋە ھۆرمىتىنى قىلاتتى. بىر كۈنى قېرىندىشى ئەممارەدىن:

- خەلىپە بىلەن كۆرۈشكىلى مەن بىلەن بىللە شامغا بارامسەن؟- دەپ سورىدى. قېرىندىشى «بولىدۇ» دېگەندىن كېيىن بىرلىكتە يولغا چىقتى. شامغا بېرىپ بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، يولدا ھەزرىتى مۇئاۋىيە بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ھەزرىتى مۇئاۋىيە ئۇلارنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولۇپ:

- قاچان كەلدىڭلار؟- دەپ سورىدى. ئۇلار:

- بىر قانچە كۈننىڭ ئالدىدا كەلدۇق،- دېدى. ھەزرىتى مۇئاۋىيە:

- بىرەر ئېھتىياجىڭلار بارمۇ؟ مەن بىلەن كۆرۈشۈشنى خالامسىلەر؟- دەپ سورىدى. ئۇلار:

- ھەئە، خالايمىز،- دېدى. ھەزرىتى مۇئاۋىيە:

- ئۇنداقتا ئەتە چۈشتە سىلەرنى ساقلايمەن،- دېدى.

ئەتىسى ئەتىگەن خەلىپىنىڭ يېنىغا بېرىش ئۈچۈن تەييارلىنىشقا باشلىدى. ئەممارە شامغا نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى بىلمەيتتى. «باشقا كىشىلەرگە ئوخشاش قىيىنچىلىقنى ئېيتىپ دۇنيا مەنپەئەتى ئۈچۈن بەزى نەرسىلەرنى تەلەپ قىلىش ئۈچۈن كەلدۇق» دەپ ئويلايتتى. شۇڭا ئاكىسىغا:

- خەلىپىنىڭ يېنىغا بارغاندا ئۇنىڭغا ئۇنى دېگىن، بۇنى دېگىن،- دەپ ئەسكەرتىش بەردى. چۈش ۋاقتى بولغاندا سارايغا باردى. ئىچكىرىگە كىرىش ئۈچۈن ئىجازەت سوراپ بىر ئاز كۈتكەندىن كېيىن، خەلىپىنىڭ ھۇزۇرىغا كىردى. ھەزرىتى مۇئاۋىيە تەختىدە ئولتۇراتتى. سالام بېرىپ، كۆرۈشتىلگەن يەردە ئولتۇرغاندىن كېيىن، مۇھەممەد خەلىپىگە:

(692) ئىبنى سەئىد، تەباقات، 5/69، 8/387.



由 扫描全能王 扫描创建

- ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ھازىرنىڭ ئۆزىدە ئۆز نەپسىمدىن باشقا، يەر يۈزىدىكى پۈتۈن ئىنسانلار ئىچىدە سىنى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرىمەن ۋە ھۆرمەتلەيمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ساڭا بەزى چۈشەنچىلىرىمنى ئېيتمىسام بولمايدۇ. سەنمۇ بىلىسەن ئوغلۇڭ يەزىد، ياخشىلىق قىلىشتىن باشقا ھەر قايسى جەھەتتە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ قۇرەيشلەرنىڭ ئەڭ شەرەپلىك ۋە ئەڭ بايلىرىدىن بىرى. ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، ئاللاھ پۈتۈن باشلىقلاردىن قول ئاستىدىكى كىشىلىرى ھەققىدە ھېساب سورايدۇ. ئەلۋەتتە سەنمۇ باشقۇرغان كىشىلىرىڭگە مەسئۇل سەن. سەن ھوقۇق بەرگەن كىشىلەرنىڭ قانداق ھالدا ئىكەنلىكىگە قاراپ باق! ئۇلارنىڭ سەۋەبىدىن سەن كەچۈرۈم سورىشىڭ كېرەك،- دەپ ئاگاھلاندۇردى.

خەلىپە مۇھەممەد ئىبنى ئەمرۇنىڭ بۇ سۆزلەرنى ئوغلى يەزىدكە قارىتىپ ئېيتقانلىقىنى چۈشەندى. ناھايىتى ئىسسىق بىر كۈن بولسىمۇ، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاۋېتىپ سوغۇق تەرلەشكە باشلىدى. مۇھەممەدنىڭ سۆزى تۈگىگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا:

- سەن ياش بولساڭمۇ ماڭا نەسىھەت قىلىپ، چۈشەنچىلىرىڭنى سۆزلىدىڭ. ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سەن مېنىڭ ھەققىمدە قانداق تۇيغۇدا بولساڭ، مەنمۇ سېنىڭ ھەققىڭدە شۇنداق تۇيغۇدىمەن. ھازىر ساھابىلەرنىڭ ئوغۇللىرىمۇ ۋە مېنىڭ ئوغۇللىرىممۇ ھاياتتا تۇرۇۋاتىدۇ. مېنىڭ ئوغلۇم ئەلۋەتتە ماڭا نىسبەتەن ئۇلارنىڭ ئوغۇللىرىدىن ئارتۇق، ئۆزىدىن كېيىن ئوغلى يەزىدنى تېخىمۇ يېقىندۇر،- دېيىش ئارقىلىق، ئۆزىدىن كېيىن ئوغلى يەزىدنى خەلىپە قىلىشتا چىڭ تۇرىدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى. ياش مۇھەممەد ئالغان بۇ جاۋابتىن ناھايىتى ئۈمىدسىزلىنىپ، كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا ئۇنىڭ ھۇزۇرىدىن چىقتى. ئۇ يەردىن چىقىپلا ئەممارە ئاكىسىغا:

- مۇشۇ ئىش ئۈچۈن تاكى مەدىنىدىن بۇ يەرگىچە تۆگىلىرىمىزنى يۈگۈرتۈپ كەلدۇقمۇ؟ بۇنىڭدىن باشقا تەلەپ قىلغۇدەك باشقا ئىش

يوقمىدى؟- دەپ ئاكىسىنى ئەيىبلەشكە باشلىدى. يۈرىكى ئېچىشقان مۇھەممەد ئۇنىڭغا بىر نەرسە دېمىدى. ئەممارە توختىماي سۆزلەۋەرگەچكە:

- خۇدا ھەققى، نىمە تەلەپ قىلساڭ، شۇنى بېرىدۇ دەپ ئويلامسەن؟- دېدى. ئەممارە:

- بىزگە «يېنىمغا كېلىپ قانداق ئېھتىياجىڭلار بولسا ئېيتىڭلار» دېمىدىمۇ؟- دەپ سورىدى. مۇھەممەد:

- شۇنداق، بىزمۇ بېرىپ ئېھتىياجىمىز بولغان نەرسىنى ئېيتتۇق، ئەمما ئۇ بىزگە بىز خالىغان نەرسىنى ئەمەس، ئۆزى خالىغان نەرسىنى بەردى،- دېدى.(693)

## رىبائىللىققا ئايلانغان چۈش

ئارىدىن بىرقانچە يىل ئۆتۈپ قورققان ئىشى بېشىغا كەلدى. يەزىد خەلىپە بولدى. ھەزرىتى ھۇسەيىن شېھىت قىلىندى. پۈتۈن ساھابىلەرگە ئوخشاش ئۇمۇ ناھايىتى تىت - تىت بولۇۋاتاتتى. ھاررە كۈنى يەزىد مەدىنىنى مۇھاسىرىگە ئالغاندىن كېيىن، ئېتىغا مىنىپ ئالدىغا كەلگەنلەر بىلەن شىددەتلىك ئۇرۇشتى. شاملىقلار بىردىن تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ، ھەممىسى بىرلىكتە ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلدى. ئۇ نۇرغۇن يەرلىرىدىن يارىلىنىپ يەرگە يىقىلدى. شاملىقلار ئۇنى ئۆلدى دەپ قاراپ، شۇ پېتى تاشلاپ قويۇپ باشقىلار بىلەن ئۇرۇشۇشنى داۋاملاشتۇردى.

مۇھەممەد ئىبنى ئەمرۇ ئېغىر يارىلانغان بولۇپ خېلى ۋاقىتقىچە ھوشسىز ھالەتتە ياتتى. ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن ناماز ئوقۇماقچى بولدى، ئەمما بەدىنىنى كۆتۈرۈپ ئورنىدىن تۇرالمىدى. مىڭبىر مۇشەققەتتە ئورنىدىن تۇرۇپ تاھارەت ئېلىپ، تۆمۈر قالپىقىنى ئېلىپ يېنىغا قويغاندىن كېيىن، ناھايىتى غەمكىن ھالدا ناماز ئوقۇشقا باشلىدى. پۈتۈن كۈچىنى ناماز ئوقۇشقا سەرپ قىلغان بولۇپ، نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپلا ئولتۇرغان

---

(693) ئىبنى ئابدىرابىھ، ئىقدۇلفەرىد، 5/111؛ ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 23/141.



由 扫描全能王 扫描创建

يېرىدە يەنە ھوشىدىن كەتتى.

شام قوشۇنىدىكى ئەسكەرلەردىن بىرى مەجبۇرى ھالدا قوشۇنغا قېتىلغانىدى. چۈنكى، ئۇ قوشۇن تەييارلىنىۋاتقاندا بىر چۈش كۆردى؛ چۈشىدە مۇھەممەد ئىسىملىك بىرىنى ئۆلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، جەھەننەمگە كىرگەنلىكىنى كۆردى. قوشۇن قوماندانىغا:

- مەن بۇ ئۇرۇشقا بېرىشنى خالىمايمەن،- دېدى. ئەمما قوماندان ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، چارىسىز ھالدا قوشۇن بىلەن بىللە مەدىنىگە كەلدى. كۆرگەن چۈشى كۆز ئالدىدىن پەقەتلا كەتمەيتتى. چۈشىنىڭ رېئاللىققا ئايلانماسلىقى ئۈچۈن، ئۇرۇش ئاخىرلاشقانغا قەدەر يا قىلىچىنى، يا نەيزىسىنى قەتئىي ئىشلەتمىدى.

ئۇرۇش تۈگىگەندىن كېيىن ئۆلۈكلەر ئارىسىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى. بىر ئاز ئايلانغاندىن كېيىن، ئۆلۈش ئالدىدا تۇرغان مۇھەممەدنى ئۇچراتتى. ئەسىرى سائادەتنى باشتىن كەچۈرگەن سۆيگۈ سۇلتانىنىڭ شەھىرىگە شۇنداق شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىنغانلىقى ئۈچۈن غەزەپلەنگەن مۇھەممەد ئىبنى ئەمرۇ، ئۇنىڭغا:

- نېرى تۇر، ئىت!- دەپ ۋارقىرىدى. نېمە بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي قالغان شاملىق ئەسكەر:

- سىلەرنىڭ نەزىرىڭلاردا بىز ئىتمۇ؟- دەپ تەنە قىلدى. ھەم ناھايىتى ئاچچىقى كەلگەن بولغاچقا، كۆرگەن چۈشىنى ئاللىقاچان ئۇنتۇپ كەتكەنىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۆلۈش ئالدىدا تۇرغان مۇھەممەدنى شېھىت قىلدى. ئاچچىقى ياندىن كېيىن چۈشى ئېسىگە كېلىپ، دەرھال بىر مەدىنىلىكنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا ئۆلتۈرگەن كىشىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

- بۇ كىم؟- دەپ سورىدى. مەدىنىلىك ناھايىتى قايغۇرغان ھالدا:

- «ئىننا لىللاھى ۋە ئىننا ئىلەيھى راجىئۇن». بۇ كىشىنى ئۆلتۈرگەن ئادەم قەتئىي جەننەتكە كىرمەيدۇ،- دېدى. شاملىق قورقۇشقا باشلىدى ۋە

جىددىيلەشكەن ھالدا:

- بۇ كىم؟- دەپ قايتا سورىدى. مەدىنىلىك:

- بۇ مۇھەممەد ئىبنى ئەمرۇ، ئۇنىڭغا بۇ ئىسىمنى رەسۇلۇللاھ قويغان،- دېدى. شاملىق ئەسكەر نەقەدەر ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكىنى بىلىپ، ئازابلانغان ھالدا شۇ يەردىلا ھوشىدىن كەتتى. ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن، بەلكى بۇ جىنايەتنى يەڭگىللەتكىدەك بىرەر ئىش قىلالارمەن، دېگەن ئۈمىد بىلەن سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ مۇھەممەد ئىبنى ئەمرۇنىڭ ئۆيىنى تاپتى. ئۆيگە بېرىپ ئۇلارغا:

- ئۆتۈنۈپ قالاي، مېنى ئۆلتۈرۈڭلار!- دەپ يالۋۇردى. ئەمما ئائىلىسى بۇنى قوبۇل قىلمىدى. دىيىتىنى بېرىشنى ئېيتتى، بۇنىمۇ قوبۇل قىلمىدى. چارىسىزلىك ئىچىدە قىينالغان شاملىق، پەرىشان ھالدا ئۇ يەردىن ئايرىلدى.(694)

(694) ئىبنى سەئىد، تەباقات، 5/69؛ ئىبنى مەنزۇر مۇختەسەر، 23/141.



由 扫描全能王 扫描创建

# مۇھەممەد ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

مۇھەممەد ئىبنى كەئب مەشھۇر شائىر ساھابىلەردىن ھەم قىلىچى ھەم شېئىرى بىلەن جىھاد قىلغان كەئب ئىبنى مالىكنىڭ ئوغلىدۇر. ئانىسى ئۇمەيرە بىنتى جۇبەير بولۇپ، ھىجرەتتىن كېيىن مەدىنىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان.

دادىسى كەئب ئىبنى مالىك بالىلىرىغا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلەتتى. ئۇلارنى پات - پات مەسجىدى نەبەۋىگە ئېلىپ باراتتى. بۇنداق چاغلاردا رەسۇلۇللاھ بىللە بولۇپ، ئۇنىڭدىن بىر نەرسىلەرنى ئۆگىنىپ، ئۇنتۇلغۇسىز گۈزەل ۋاقىتلارنى ئۆتكۈزەتتى.

بۇ ئەسلىمىلەردىن بىرىنى ئەبۇ ئۇمامە، مۇھەممەدنىڭ قېرىندىشى ئابدۇررەھمانغا سۆزلەپ بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن، دادىڭ ۋە قېرىندىشىڭ مۇھەممەد ئىبنى كەئب ئۈچىمىز، ئاۋۇ تۇۋرۇكنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ‹بىرسىنىڭ مېلىنى ناھەق ھالدا قولغا كىرگۈزۈۋېلىش ئۈچۈن يالغان قەسەم قىلغان كىشى› ھەققىدە پاراڭلىشىۋاتاتتۇق. دەل شۇ چاغدا پەيغەمبىرىمىز يېنىمىزغا كەلدى. ئۇ سۆزلىرىمىزنى ئاڭلىغان بولۇپ، بىزگە:

- كىمكى قېرىندىشىنىڭ مېلىنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىش ئۈچۈن يالغان قەسەم قىلسا، ئاللاھنىڭ قوغدىشىدىن چىقىپ جەھەننەمگە كىرىدۇ،- دېدى. مۇھەممەد ئالدىغا ئۆتۈپ:

- ناھايىتى ئاز، كېرەكسىز بىر نەرسە بولسىمۇ، ئۇ كىشى يەنە جەھەننەمگە كىرەمدۇ؟- دەپ سورىدى. پەيغەمبىرىمىز:

- شۇنداق، مۇھىم ئەمەس بىر نەرسە ئۈچۈن بولسىمۇ جەھەننەمگە



由 扫描全能王 扫描创建

كىرىدۇ- دېدى ۋە قولىدىكى مىسۋاكنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

ئاراك دەرىخىدىن ياسالغان بۇ مىسۋاك ئۈچۈن بولسىمۇ جەھەننەمگە كىرىدۇ- دېدى.»(695)

مۇھەممەدنىڭ ئابدۇللاھ، ئۇبەيدۇللاھ، ئابدۇرراھمان، فەدالە، ۋەھب، مەئبەد، خەۋلە ۋە سۇئاد ئىسىملىك سەككىز قېرىندىشى بولۇپ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنمۇ مەدىنىدىن ئايرىلماي، دادىسى ۋە قېرىنداشلىرى بىلەن بىرلىكتە بۇ يەردە قالدى. ۋاپات بولۇشتىن بۇرۇنقى يىللارغا يېقىن دادىسىنىڭ كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالغان بولۇپ، ھەممىسى ئىشتىياق بىلەن خىزمىتىنى قىلدى. ياشلار بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ دادىسىنىڭ خىزمىتىنى قىلىش جەريانىدا، ئۇنىڭدىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگەندى. دادىسىدىن پەيغەمبىرىمىز بىلەن ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىنى ۋە ئۇنىڭ سۆزلىرىنى سوراپ ئۆگىنىپ، ئۇلارنى بىزگە يەتكۈزدى.

ئالىم ساھابىلەردىن ھېسابلىنىدىغان مۇھەممەد دادىسىدىن ئاڭلىغان بىر قانچە ھەدىسنى رىۋايەت قىلىش ئارقىلىق يولىمىزنى يورۇتتى.(696)

(695) مۇسلىم، ئىمان، 218؛ مۇسنەد، 5/260؛ ئىبنى ئابدىلبەر، ئىستىئاب، 3/1376.

(696) ئىبنۇل ئەسىر، ئۇسدۇلغابە، 4758؛ ئىبنى ھەجەر، ئىسابە، 7805.



由 扫描全能王 扫描创建

# ئابدۇللاھ ئىبنى كەئىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

ئابدۇللاھ كەئىب ئىبنى مالىكنىڭ توققۇز بالىسىنىڭ ئەڭ چوڭى بولۇپ، ھىجرىيەنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا مەدىنىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ تۇغۇلغاندىن كېيىن پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا ئەبۇ ئابدۇللاھ، دېگەن لەقەمنى قويۇپ قويغان. ئۇمۇ باشقا قېرىنداشلىرىغا ئوخشاش دادىسى كۆرمەس بولۇپ قالغاندا، ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلغان، دادىسىدىن ۋە باشقا ساھابىلەردىن ئىلىم ئۆگىنىش ئارقىلىق ئالىم ساھابىلەردىن بىرىگە ئايلانغان.

ئابدۇللاھ ھىجرىيەنىڭ 97 ـ يىلىدا ۋاپات بولغان بولۇپ، دادىسىنىڭ تەبۇك ئۇرۇشىغا نېمە ئۈچۈن قاتناشمىغانلىقى بايان قىلىنغان ناھايىتى ئۇزۇن بىر ھەدىسنى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن ھەدىسلەرنى رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىسلەرنىڭ بىرىدە پەيغەمبىرىمىز: «ئاللاھقا ھەمد ئېيتماي تۇرۇپ باشلىغان ھەر قانداق ئىش، كېرەكسىزدۇر» ـ دېگەنىدى.[697]

(697) تەبەرانى، ئەلمۇئجەمۇل كەبىر، 19/72؛ ئىبنۇل ئەسىر، ئۇسدۇلغابە، 3150.



由 扫描全能王 扫描创建

# ئەيمەن ئىبنى خۇرەيم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

ئەسەد ئوغۇللىرىدىن بولغان ئەيمەن، بەدىر ئۇرۇشىدىن بۇرۇن بېشىدىن ئۆتكەن ئاجايىپ بىر ۋەقە سەۋەبىدىن مۇسۇلمان بولغان خۇرەيم ئىبنى فاتىك بىلەن سەما بىنتى سەئلەبەنىڭ ئوغلى ئىدى. دادىسى بىلەن تاغىسى سەبرە ئىبنى فاتىك بەدىر ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ قەھرىمانلارچە ئۇرۇش قىلدى.(698)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتلىق مەزگىلدە ئەيمەننىڭ يېشى كىچىك بولۇپ، پەيغەمبىرىمىز بىلەن ئۆتكۈزگەن نۇرغۇن گۈزەل ئەسلىمىلىرى بار ئىدى.

ئەيمەن بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا:

- ئى، ئەيمەن! ئەرەبلەر ئىچىدە سېنىڭ قەبىلەڭ ھەممىدىن بۇرۇن ھالاك بولىدۇ،- دېگەنىدى.»

ئۇ بىر قېتىم خۇتبە سۆزلەۋېتىپ: ئى، ئىنسانلار! يالغان گۇۋاھلىق بېرىش، شېرىك كەلتۈرۈش بىلەن ئوخشاشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ، قۇرئان كەرىمدە: «ئۇ ھالدا سىلەر بۇتلاردىن ئىبارەت بولغان نىجاسەتتىن ساقلىنىڭلار، يالغان گۇۋاھلىق بېرىشتىن ساقلىنىڭلار.» دېگەن سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىغان.(699)

ئەيمەن ھەم ناھايىتى ئۇستا چەۋەنداز ھەم بىر شائىر ئىدى. دەھاك

(698) ئەترابلىق مەلۇمات ئۈچۈن «ئەسھابۇسسۇففە» گە قاراڭ، 378.

(699) ھەج سۈرىسى، 30 – ئايەت؛ ئىبنۇل ئەسىر، ئۇسدۇلغابە، 352؛ ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 5/100.



由 扫描全能王 扫描创建

ئىبنى قەيس بىلەن مەرۋان ئىبنى ھەكەم ئوتتۇرىسىدا مەيدانغا كەلگەن مەرجى راھت ئۇرۇشىدا، مەرۋان ئۇنىڭغا:

- بىزگە قوشۇلۇپ سېپىمىزدە ئۇرۇش قىلغىن!- دەپ تەكلىپ قىلدى. ئەيمەن:

- ياق، ئۇرۇشمايمەن. چۈنكى دادام ۋە تاغام مەندىن«لائىلاھە ئىللەللاھ» دېگەن كىشى بىلەن ئۇرۇشماسلىقىم ھەققىدە ۋەدە ئالغاندى. سەن مېنىڭ يېنىمغا كەلگىن، بىرلىكتە ئوتتىن قۇتۇلۇپ قالايلى،- دەپ ئۇنى ئۇرۇش قىلىشتىن ۋاز كەچتۇرۇشكە تىرىشتى. ئەمما، مەرۋان ئۆزىنى قوللىمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئاچچىقلىنىپ:

- سەن كەتكىن، بىزنىڭ ئۇنداق بىر قۇتۇلۇشقا ئېھتىياجىمىز يوق،- دەپ قوپاللىق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئەيمەن تۆۋەندىكى بېيىتلارنى ئوقۇدى:

(نەسرىي يەشمىسى) قۇرەيشلىك بىر سۇلتاننىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن ئۇرۇش قىلىپ، يېگىلا ناماز ئوقۇغان بىرىنى ئۆلتۈرمەيمەن. بۇنداق قىلسام، سەلتەنەت ئۇنىڭ، گۇناھى مېنىڭ بولىدۇ. نادانلىقتىن ۋە قەلبىمنىڭ بۇرۇلۇپ كېتىشىدىن ئاللاھقا سېغىنىمەن. ھېچقانداق سەۋەب يوق تۇرۇپ، بىر مۇسۇلماننى ئۆلتۈرەمدىم؟! ھاياتلا بولسام، ھېچكىمنى ئۆلتۈرمەيمەن.(700)

ئۇ دادىسى ۋە تاغىسى بىلەن شامغا بېرىپ، خېلى ئۇزۇن مەزگىل ئۇ يەردە تۇرۇپ قالدى. بىر مەزگىل مىسىردا تۇردى. ئابدۇلئەزىز ئىبنى مەرۋاننىڭ يېنىدا تۇرۇۋاتقاندا، تالانتلىق بىر ناخشىچى يېنىغا كېلىپ، ئابدۇلئەزىزنى ماختايدىغان شېئىرلارنى ئوقۇدى. ئابدۇلئەزىز ئەيمەنگە قاراپ:

- بۇ شائىر سەندىن ياخشى،- دېدى. ئەيمەن:

- ياق، ئۇنداق ئەمەس، مېنىڭچە سەن ئۇزۇندىن بېرى يېنىڭدا بولغانلىقىم ئۈچۈن، مەندىن زېرىكتىڭ،- دەپ خاپا بولدى. ئابدۇلئەزىز:

(700) ئىبنى ئابدىلبەر، ئىستىئاب، 1/130؛ ئىبنى سەئد، تەباقات، 6/38؛ ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 5/101.



由 扫描全能王 扫描创建

- ئۇنداق ئىش بولامدۇ؟ شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى دوستلۇقىمىز داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ،- دەپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشقا تىرىشتى.

ئەيمەننىڭ قولىدا سەدەپ كېسىلى بولغانلىقتىن، قولىدىكى سىرنىقلىقنى يوشۇرۇش ئۈچۈن، داۋاملىق ئۈستىگە زەپىرەڭ سۈركەيتتى. ناھايىتى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن بۇ ساھابىنىڭ قاچان، قەيەردە ۋاپات بولغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات يوق.(701)

(701) ئىبنى مەنزۇر، 5/102.



由 扫描全能王 扫描创建

# مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ مەشھۇر ئالىم ساھابىلەردىن ئابدۇللاھ ئىبنى سالامنىڭ ئوغلى بولۇپ، ھەزرىتى يۇسۇفنىڭ نەسلىدىندۇر. ئۇ يەھۇدىي ئىرقىدىن بولغان ئائىلە تەرەپدارلىرىنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق ئىرقچىل بېسىمىغا پەرۋا قىلماي، ھەقىقەتنى تونۇپ ئىسلامنى قوبۇل قىلدى.

مۇھەممەد، پەيغەمبىرىمىز مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ بىر قانچە يىلدىن ئۆتكەندىن كېيىن دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، ئائىلىسىنىڭ خۇشاللىق مەنبەسى بولدى. دادىسى پەيغەمبىرىمىزنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغان بولغاچقا، ئوغلىنىڭ ئىسمىنى مۇھەممەد، دەپ قويدى ۋە بالىنى قۇچاقلاپ پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا ئېلىپ باردى. پەيغەمبىرىمىز ئۇنى سۆيدى، ئۇنىڭغا دۇئا قىلدى.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەتراپىدىن كەتمەيدىغان مۇھەممەدنىڭ نۇرغۇن گۈزەل ئەسلىمىسى بار ئىدى.

مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى پەيغەمبىرىمىز بىزنىڭ ئۆيگە كەلگەندى. پاراڭ ئەسناسىدا مۇنداق دېدى:

- ئاللاھ پاكىزلىقىڭلار سەۋەبىدىن سىلەرنى ماختايدۇ. نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىڭلارنى ماڭا ئېيتىپ بېرەمسىلەر؟- دەپ سورىدى. ئۇ يەردە تۇرغانلار:

- تەۋراتتا ‹سۇ بىلەن ئىستىنجا قىلىش لازىم› دەپ يېزىلغانلىقى ئۈچۈن، بىزمۇ ھاجەتخانىغا كىرگەندە سۇ ئىشلىتىمىز.- دېيىشتى.»(702)

(702) ئىبنۇل ئەسىر، ئۇسدۇلغابە، 4743؛ ئىبنى ھەجەر، ئىسابە، 7789.

مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ قېرىندىشى يۇسۇفكە ئوخشاش دادىسى باشقا قېرىنداشلىرىنىڭ ئارىسىدا چوڭ بولغان بولۇپ، ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە مەدىنىدە ياشىدى. مۇھەممەد تىنىچ ھايات كەچۈرۈش يولىنى تاللىۋالغان بولۇپ، ئىلىم ۋە ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولدى. ۋەقەلەردىن يىراق تۇرغانلىقى ئۈچۈن ماتېرىياللاردا ھاياتى ۋە ۋاپاتى ھەققىدە يېتەرلىك مەلۇمات يوق.(703)

(703) ئىبنى ئابدىلبەر، ئىستىئاب، 3/1374.



由 扫描全能王 扫描创建

# يۇسۇف ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

يۇسۇف چوڭ ساھابىلەردىن ئابدۇللاھ ئىبنى سالامنىڭ يەنە بىر ئوغلى بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىدىكى يىللاردا دۇنياغا كەلدى. ئاتا - ئانىسى مۇھەممەد دۇنياغا كەلگەن چاغدىكىگە ئوخشاشلا، ئۇ تۇغۇلغاندىمۇ ناھايىتى خۇشال بولدى. ئۇلار ئوغۇللىرىنىڭ ئىسىملىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قويۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن تۇغۇلۇپ كۆپ ئۆتمەيلا، بالىسىنى ئېلىپ ئۇدۇل پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھۇزۇرىغا باردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوماق بوۋاقنى قولىغا ئېلىپ، تىزلىرى ئۈستىدە ئولتۇرغۇزۇپ، بېشىنى سىلاپ سۆيدى. ئۇنىڭغا چوڭ دادىسى يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمىنى قويۇپ، ياخشى دۇئالارنى قىلدى.(704)

يۇسۇفمۇ باشقا بارلىق ساھابىلەرگە ئوخشاش، پەيغەمبىرىمىزگە يېقىن تۇرۇش، ئۇنىڭ خۇتبىلىرىنى ئاڭلاش ۋە ئىش - ھەرىكەتلىرىنى كۆزىتىش ئارقىلىق ئىلىم ئۆگىنىشكە تىرىشاتتى. پۇرسەت تاپسىلا پەيغەمبىرىمىزنى كۆرۈپ، خۇتبىلىرىنى ئاڭلاپ ھاياتى بويىچە قەتئىي ئۇنتۇيالمايدىغان نۇرغۇن گۈزەل ۋەقەلەرگە شاھىت بولدى.(705)

يۇسۇف ئىبنى ئابدۇللاھ بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى ئاللاھ ياراتقان مەخلۇقاتلارنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىكى بولغان پەيغەمبىرىمىز ئارپا نېنىنىڭ ئۇۋاقلىرىنى ئېلىپ، ئۈستىگە ئازراق خورما قويۇپ، ئەتراپىدا

(704) ئىبنى ئابدىلبەر، 4/1590؛ ئىبنۇل ئەسىر، ئۇسدۇلغابە، 5653.

(705) ئەبۇ داۋۇد، سالات، 213.



由 扫描全能王 扫描创建

تۇرغانلارغا قاراپ: ‹بۇ، بۇنىڭ قېتىقىدۇر› دېدى ۋە ئۇنى ئىشتىھا بىلەن يېدى».[706]

يەنە باشقا بىر ئەسلىمىسىدە مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خورما قورۇتقان يەردىن چىقىۋېتىپ ئۇسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۈستىگە ئۇن، ياغ ۋە ھەسەل ئارتىلغان تۆگىسىنى يېتىلەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭغا:

- تۆگىنى چۆكتۈرگىن، - دېدى. ئۇسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تۆگىسىنى چۆكتۈرگەندىن كېيىن، پەيغەمبىرىمىز يېنىدىكىلەرگە:

- ماڭا بىر قازان ئېلىپ كېلىڭلار! - دېدى. قازاننى ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن، تۆگىگە يۈكلەنگەن ئۇن، ياغ ۋە ھەسەلدىن ئازراق ئېلىپ، ساھابىلەرگە:

- ئوت يېقىڭلار! - دېدى. تائامنى تەييارلىغاندىن كېيىن پىشۇرۇش ئۈچۈن ئوتقا قويدى. تاماق پىشقاندىن كېيىن ساھابىلەرگە:

- كېلىڭلار، يەڭلار! - دېدى. ساھابىلەر يەۋاتقاندا:

- بۇ ئىرانلىقلارنىڭ خورما تاتلىقى دېگەن تامىقىدۇر، - دېدى.»[707]

يۇسۇف، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، ساھابىلەرنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇلاردىن ئىلىم ئۆگەندى. شامغا بېرىپ ئەبۇ دەرداننىڭ يېنىدا ئۇنىڭ ۋاپاتىغىچە تۇردى.

يۇسۇف ئۇ چاغلارنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇزۇن مەزگىل ئەبۇ دەرداننىڭ يېنىدا تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن ئىلىم ئۆگەندىم. كېسەل بولۇپ قېلىپ، ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ماڭا:

- كىشىلەرگە ئۆلۈش ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلىقىمنى ئېيتقىن! - دېدى. مەن ‹بولىدۇ› دەپ، بېرىپ كىشىلەرگە ئەھۋالنى خەۋەر قىلدىم. ئۇلار ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئەندىشە قىلغان ھالدا ئۇنىڭ ئۆيىگە

(706) ئەبۇ داۋۇد، ئەتئىمە، 41؛ تەبەرانى، ئەلمۇئجەمۇل كەبىر، 22/286؛ زەھەبى، سىيەر، 6831.
(707) ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 23/333.



由 扫描全能王 扫描创建

يوگۇرۇشتى. ئۆينىڭ ئىچى تولۇپ تاشتى. ئۇ كەلگەنلەرگە:

- مېنى سىرتقا ئېلىپ چىقىڭلار!- دېدى. سىرتقا ئېلىپ چىقتۇق. كېسىلى ئېغىر بولغاچقا، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ھەركەت قىلالمايتتى.

- مېنى ئولتۇرغۇزۇڭلار!- دېدى. ئولتۇرغاندىن كېيىن ئەتراپىدىكىلەرگە نەسىھەت قىلدى. كېيىن ئەبۇ دەردانىڭ يېنىغا بارغان ۋاقتىمدا ماڭا:

- جىيەنىم، بۇ شەھەرگە نېمە ئۈچۈن كەلدىڭ؟- دەپ سورىدى. مەن:

- سەن بىلەن دادامنىڭ دوستلۇقى سەۋەبىدىن.- دەپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئالماقچى بولدۇم. ئەمما ئۇ:

- بۇ يالغان ئېيتىدىغان ۋاقىت ئەمەس، ئۇلارنى قوي. مەن ساڭا بىر ھەدىس سۆزلەپ بېرەي. پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەنىدى: «كىمكى تاھارەتنى كامىل ئېلىپ، ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇپ، رۇكۇ ۋە سەجدىنى مۇكەممەل قىلىپ، ئاللاھتىن مەغپىرەت تەلەپ قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ» دېدى.»(708)

يەھيا ئىبنى سەئىد بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر ھېيت كۈنى ئەتىگەندە يۇسۇف ئىبنى ئابدۇللاھنى يوقلاپ باردىم. سالام بېرىپ ھال - ئەھۋال سورىغاندىن كېيىن:

- ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەۋرىدە ھېيت نامىزىنى قانداق ئوقۇلاتتى؟- دەپ سورىدىم. ئۇ:

- نامازدىن بۇرۇن خۇتبە سۆزلىنەتتى.- دېدى.»(709)

## ئەڭ گۈزەل ھەدىيە

يۇسۇف ئىبنى ئابدۇللاھ ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولغان بولۇپ، ئائىلە

(708) ئىبنى مەنزۇر، 28/84.
(709) ئىبنى مەنزۇر، 28/84.



由 扫描全能王 扫描创建

ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك بىر ئىشنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «قەيس ئىبنى رۇممان ئائىلە دوستىمىز ئىدى. زىيارەت قىلىپ پات - پات بىر - بىرىمىزنىڭ ئۆيىگە بېرىپ - كېلىپ تۇراتتۇق. قەيسنىڭ ئۆيىگە بارغان ۋاقتىمىزدا، ئوغلۇمغا ھەر خىل ھەدىيەلەرنى بېرەتتى. ئۇلار بىزنىڭ ئۆيگە كەلگەن ۋاقتتا، مەن ئۇنىڭ ئوغلىغا بەرگۇدەك بىرەر نەرسە تاپالمايتتىم. بىر كۈنى ئۇنىڭغا:

- سىلەرنىڭ ئۆيۈڭلارغا بارغان ۋاقتىمىزدا بىزگە نۇرغۇن ھەدىيەلەرنى بېرىسىلەر. ئەمما بىزنىڭ ئۆيگە كەلگەن ۋاقتىڭلاردا مەن سىلەرگە نېمە ھەدىيە قىلىشىمنى بىلەلمەيمەن. خالىساڭ ساڭا ھېكمەتلىك بىر ۋەقەنى سۆزلەپ بېرەي، ئۇنى يادلىۋالغىن، ئۇنتۇمىغىن. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇھاسىرىگە ئېلىنغان ۋاقتتا، دادام ئۇنىڭغا:

- خالىساڭ ئۇلار بىلەن سۆزلىشىپ، بىر مەزگىل ئۇلارنى سەندىن يىراق تۇتۇشقا تىرىشاي،- دېدى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ‹بولىدۇ› دېگەندىن كېيىن دادام سىرتقا چىقتى. ئىسيانچىلار ئۇنى كۆرۈپلا:

- خائىن! خائىن! خائىن!- دەپ ۋارقىراشتى. ئۇ يەردە تۇرغان ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىسيانچىلارغا مۇداخىلە قىلىپ:

- قويۇۋېتىڭلار، سۆزنى قىلسۇن! ئاندىن خالىساڭلار سۆزنى قوبۇل قىلارسىلەر، خالىمىساڭلار رەت قىلارسىلەر،- دېدى. ئىسيانچىلار بۇ پىكىرنى توغرا تېپىپ، دادامنىڭ سۆزلىشىگە رۇخسەت قىلدى. دادام:

- زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئون بەشىنچى كۈنىگىچە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا رۇخسەت قىلىڭلار. ئۇ كۈنگىچە ئۆلمىسە ياكى ئۆلتۈرۈلمىسە، مېنى تۇتۇپ بېشىمنى كېسىڭلار!- دېدى. ئىسيانچىلار يەنە:

- خائىن! خائىن! خائىن!- دەپ ۋارقىراشتى. دادام قولۇمنى تۇتۇپ تۇرۇپ ماڭا:

- ئوغلۇم! بۇنىڭدىن كېيىن ياخشىلىقنى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىدىغان سۇلتانلىق ئەمەلدىن قېلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا قىلىچ ئارقىلىق



由 扫描全能王 扫描创建

ھۆكۈم سۈرىدىغان سۇلتانلىق كېلىدۇ. بۇ تاكى قىيامەتكىچە شۇنداق داۋاملىشىدۇ...- دېدى.»[710]

يۈسۈف ئىبنى ئابدۇللاھ دادىسىنىڭ تەۋسىيەسىگە ئاساسەن قالايمىقانچىلىقلاردىن يىراق تۇرۇپ، ئىلىم ۋە ئىبادەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىگىچە ياشىدى.



(710) ئىبنى مەنزۇر، 16/206.

由 扫描全能王 扫描创建

# ئابدۇللاھ ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

دادىسى ئامىر ئىبنى رەبىئە يەمەننىڭ ئەنزە دېگەن شەھىرىدىن مەككىگە كېلىپ يەرلىشىپ قالغانلاردىن بىرى ئىدى. ئۇ كۈنلەردىكى قائىدە بويىچە سىرتتىن كېلىپ يەرلەشكەنلەر، بىرى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشى يەنى باشقا بىر مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بىرىنىڭ ھىمايىسى ئاستىغا كىرىشى كېرەك ئىدى. ئۇ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دادىسى خەتتاب بىلەن توختاملاشتى. خەتتاب ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئۇنىڭغا ئامراق بولۇپ قېلىپ، ئابدۇللاھنىڭ دادىسىنى بالا قىلىۋالدى. دادىسى مەككىگە يەرلىشىپ بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، لەيلا بىنتى ھەسمە بىلەن ئۆيلەندى. ئۇنىڭدىن بىر ئوغلى بولدى. ھاياتىغا خۇشاللىق ئېلىپ كەلگەن بۇ ئوغلىغا ئابدۇللاھ دەپ ئىسىم قويدى.

خەندەك ئۇرۇشىدىن كېيىن يەنە بىر ئوغلى بولدى. ئۇلار ئىنتايىن سۆيۈندى ۋە دەرھال بالىنى بىر رەختكە يۆگەپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئېلىپ باردى. پەيغەمبىرىمىز ئۇنى ئېغىزلاندۇرۇپ، سۆيۈپ قويدى.

ئىسلام قوشۇنى مەككىنى پەتھى قىلىشقا ماڭغاندا، چوڭ بالىسى ئابدۇللاھ ياش قۇرامىغا يېتىپ قالغانىدى. دادىسى بىلەن بىللە مەككىنىڭ پەتھى قىلىنىشىغا قاتناشتى. ئارقىدىن ھۆنەيىن ئۇرۇشىغا ۋە تائىفنىڭ مۇھاسىرە قىلىنىشىغا ئىشتىراك قىلدى. تائىفتا شېھىت بولغان ئابدۇللاھ ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا كەتتى. ئائىلىسى شېھىت بولغان ئوغلىنىڭ ئىسمىنى ئىككىنچى ئوغلىغا قويدى. ئۇ ۋاقىتلاردا ئىككى - ئۈچ ياشلاردا بولغان ئىككىنچى ئوغلىنىڭ ئۆز ئىسمى ئۇنتۇلۇپ، ئاكىسىنىڭ «ئابدۇللاھ



由 扫描全能王 扫描创建

دېگەن ئىسمى بىلەن چاقىرىلىدىغان بولدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئائىلىگە ناھايىتى كۆڭۈل بۆلىدىغان بولۇپ، پات - پات يوقلاپ باراتتى. ئابدۇللاھ بۇنىڭغا ناھايىتى خۇشال بولاتتى، پەيغەمبىرىمىزدىن بىرەر نەرسە ئۆگىنىۋېلىش ئۈچۈن، پۈتۈن دىققىتى بىلەن سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىپ، ئىش - ھەرىكەتلىرىنى كۆزىتەتتى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئامىر بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ ئۆيگە كەلگەنىدى. ئۇ كەلگەندىن كېيىن ئانام ماڭا ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇشۇمنى ئېيتتى. مەن ئۇ ۋاقىتتا ئويۇن ئويناش ئۈچۈن سىرتقا چىقماقچى ئىدىم. ئانام سىرتقا چىقىپ ئويىنىشىمنى توسۇش ئۈچۈن:

- كەل، ساڭا بىر نەرسە بېرىمەن، - دېدى. ئۆيگە كەلگەن ۋاقتىمدا، پەيغەمبىرىمىز ئانامدىن:

- بالىغا نېمە بەرمەكچى ئىدىڭ؟ - دەپ سورىدى. ئانام:

- خورما، - دېدى. پەيغەمبىرىمىز:

- ئەگەر بالىغا بىر نەرسە بەرمىگەن بولساڭ، ساڭا بىر يالغان (نىڭ گۇناھى) يېزىلاتتى، - دېدى.»[711]

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىسيانچىلار تەرىپىدىن مۇھاسىرىگە ئېلىنغان ۋاقىتتا، خەلىپىنى قوغداش ئۈچۈن دەرھال ئۆيگە باردى. خەلىپە <قوراللىرىڭلارنى تاشلاڭلار> دېگەنگە قەدەر ئۇنى قوغدىدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئامىر بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى قوغداش ئۈچۈن ئۆيگە بارغانلارنىڭ ئارىسىدا مەنمۇ بار ئىدىم. بىر كۈنى خەلىپە بىزگە:

- سۆزۈمگە قۇلاق سېلىپ ئىتائەت قىلغانلارنى، قوراللىرىنى تاشلاپ مېنى قوغداشتىن ۋاز كېچىشكە بۇيرۇشنى قارار قىلدىم، - دەپ

(711) مۇسنەد، 3/447؛ ئىبنۇل ئەسىر، ئۇسدۇلغابە، 7253؛ ئىبنى ھەجەر، ئىسابە، 11704.



由 扫描全能王 扫描创建

قۇراللىرىمىزنى تاشلاشنى تەلەپ قىلدى. بىزمۇ بۇيرۇق بويىچە ئىش قىلدۇق.»[712]

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇھاسىرە ئىچىدە تۇرۇۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، دادام ئادىتى بويىچە كېچىسى ئورنىدىن تۇرۇپ ناماز ئوقۇدى. نامازدىن كېيىن ئۇخلاپ چۈش كۆردى. چۈشىدە بىرسى ئۇنىڭغا: <ئورنۇڭدىن تۇرغىن! سالىھ ئىنسانلارغا ئوخشاش سەنمۇ پىتنىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئاللاھقا سېغىن!> دېدى. ئۇ قورقۇنچ ئىچىدە ئويغىنىپ كەتتى ۋە دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ تاھارەت ئېلىپ دۇئا قىلىشقا باشلىدى. دۇئا قىلىۋېتىپ بىئارام بولدى ۋە شۇ كېچىسى روھىنى ئاللاھقا تەسلىم قىلدى.»[713]

پەيغەمبىرىمىز ۋاپات بولغاندا بەش ياشتا ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان ئابدۇللاھ ئىبنى ئامىرنىڭ ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك كۆپ مەلۇمات بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ ھىجرىيەنىڭ 85 - يىلى ۋاپات بولغانلىقى بايان قىلىنماقتا.[714]

(712) ئىبنى ئابدىرراببىھ، ئىقدۇلفەرىد، 5/46.
(713) ئىبنۇل ئەسىر، ئۇسدۇلغابە، 2691.
(714) ئىبنى سەئد، تەباقات، 5/9؛ ئىبنى ھەجەر، ئىسابە، 4779؛ زەھەبى، سىيەر، 3261.



由 扫描全能王 扫描创建

# ئابدۇللاھ ئىبنى ھىشام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

ئابدۇللاھ مەككىلىك ھىشام ئىبنى زۆھرە بىلەن زەينەب بىنتى ھۇمەيدنىڭ ئوغلى بولۇپ، ھىجرىيەنىڭ تۆتىنچى يىلى مەدىنىدە دۇنياغا كەلگەن. ئاتا - ئانىسى دەۋەتنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ئىمان ئېيتىپ، ئىسلامغا دەۋەت قىلغۇچىلار بىلەن بىرلىكتە كۆلپەتلەرگە دۇچار بولغانلاردىن ئىدى.

ئابدۇللاھ تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن دادىسى ئۆلۈپ كەتكەن بولۇپ، پەيغەمبىرىمىزگە ئوخشاشلا تېخى ئانىسىنىڭ قورسىقىدىكى چېغىدىلا يېتىم قالغانىدى. ئانىسى دادىسىنىڭ يوقلۇقىنى بىلىندۈرمەسلىككە تىرىشىپ، مېھرى - شەپقەت بىلەن باغرىغا باسقان ئوغلىغا ئابدۇللاھ، دەپ ئىسىم قويدى. ئابدۇللاھ چوڭ بولۇپ ئەمدىلا گەپ قىلىشقا باشلىغاندا، ئانىسى ئۇنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھۇزۇرى سائادىتىگە ئېلىپ بېرىپ:

- ئى، رەسۇلۇللاھ! ئابدۇللاھنىڭ ساڭا بەيئەت قىلىشىغا ئىجازەت قىلساڭ!- دېدى. پەيغەمبىرىمىز:

- ئۇ تېخى ناھايىتى كىچىك،- دېدى ۋە ئابدۇللاھنىڭ بېشىنى سىلاپ سۆيۈپ، ياخشى دۇئالارنى قىلدى.(715)

بىر ئاز چوڭ بولۇپ بەش - ئالتە ياشلىرىغا كەلگەندە، ئانىسىنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى بىلەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا بېرىشقا باشلىدى. مۇشۇ خىل بېرىپ - كېلىشلەر جەريانىدا نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنىپ، نۇرغۇن ئىشلارغا شاھىت بولدى. ئۇلارنىڭ بىرى دۇئا ھەققىدە بولۇپ، ئابدۇللاھ

(715) بۇخارى، شىركەت، 13؛ مۇسنەد، 4/233؛ ئىبنى ھەجەر، ئىسابە، 5008.



由 扫描全能王 扫描创建

بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبىرىمىز بىزگە قۇرئاننى ئۆگىتىش بىلەن بىرگە، ھەر ئايدا ياكى يىلنىڭ بېشىدا ‹پەرۋەردىگارىم! بىزنى بۇ يىلغا ئىشەنچ، ئىمان، سالامەتلىك ۋە ئىسلام بىلەن رەھمانغا يېقىنلىشىپ، شەيتاندىن يىراقلاشقان ھالدا كىرىشكە نېسىپ قىلغىن.› دېگەن مۇشۇ دۇئانى ئوقۇشىمىزنى بۇيرۇيتتى.»(716)

ئۇ يەنە بىر ئەسلىمىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا بارغانىدۇق. پەيغەمبىرىمىز ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قولىدىن تۇتۇۋالغانىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- ئى، رەسۇلۇللاھ! ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سىزنى ئۆز نەپسىمدىن باشقا ھەرقانداق نەرسىدىن بەك ياخشى كۆرىمەن،- دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- كىشى مېنى ئۆز نەپسىدىنمۇ ئارتۇق ياخشى كۆرمىگۈچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ،- دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ھازىر سىزنى ئۆز نەپسىمدىنمۇ بەك ياخشى كۆرىمەن،- دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ئى، ئۆمەر! مانا ئەمدى بولدى،- دېدى.»(717)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن نۇرغۇن يىللار ئۆتۈپ كەتتى. مەدىنىدە ياشىغان ئابدۇللاھ بىر كۈنى نەۋرىسى زۆھرە ئىبنى مەئبەد بىلەن بىر ئاز ئوزۇقلۇق سېتىۋېلىش ئۈچۈن بازارغا باردى. بازاردا ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بۇ ساھابىلەر ئۇنىڭغا:

- بىز بىلەن بىللە تىجارەت قىلامسەن؟ پەيغەمبىرىمىز ساڭا بەرىكەت دۇئاسى قىلغانىدى. ئۇ دۇئانىڭ بەرىكىتى بىلەن تىجارىتىمىزنىڭ يۈرۈشۈپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز،- دېدى. ئۇ:

(716) ئىبنى ھەجەر، ئىسابە، 5008.

(717) مۇسنەد، 4/233؛ ئىبنى ھەجەر، ئىسابە، 5008.



由 扫描全能王 扫描创建

- بولىدۇ،- دەپ ئۇلار بىلەن بىرلىكتە تىجارەت قىلدى. توختامنامە تۈزۈلدى. دەل شۇ ۋاقىتتا بىر سودا كارۋىنى ئۇلار تۇرغان يەرگە كېلىپ قوندى. كارۋاندىن مال ئېلىپ سېتىپ خېلى كۆپ پايدا ئالدى.(718)

(718) بۇخارى، شىركەت، 13، دەئۋەت، 31؛ مۇسنەد، 4/233؛ ئىبنى ھەجەر، ئىسابە، 5008؛ ئىبنى ئابدىلبەر، ئىستىئاب، 3/1000؛ ئىبنۇل ئەسىر، ئۇسدۇلغابە، 3227.



由 扫描全能王 扫描创建

# ئابدۇللاھ ئىبنى سەئلەبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

ئەسلى قۇزائە قەبىلىسىدىن بولغان ئەجدادلىرى ئۇزۇن يىللار ئىلگىرى مەدىنىگە كېلىپ يەرلىشىپ، بۇ يەردە زۆھرە ئوغۇللىرىنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى بولغانىدى. شەھەرگە يەرلىك بولمىغانلىقى ئۈچۈن دادىسى سەئلەبە ئىبنى سائىر كۆپ تونۇلمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئابدۇللاھنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى ھەققىدە پەرقلىق مەلۇماتلار بېرىلمەكتە.

تەتقىق قىلىنغان نۇرغۇن ماتېرىياللارغا كۆرە، ئابدۇللاھ ھىجرىيەنىڭ ئالتىنچى يىلى تۇغۇلغان بولۇپ، مەككە پەتھى قىلىنغان يىلى دادىسى ئۇنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ باردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشقا بالىلارغا ئوخشاشلا ئۇنىڭمۇ بېشىنى سىلاپ، سۆيۈپ، ياخشى دۇئالارنى قىلدى.[719]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندا ئۇ ئەمدىلا بەش - ئالتە ياشلارغا كىرگەنىدى. تاغىسى ئۇنىڭ ئىلىم ئۆگىنىشكە ھەۋەس قىلىدىغانلىقىنى بايقاپ، ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈپ، نەسەب (ئائىلە شەجەرىسى) ئىلمىنى ئۆگەتتى. فىقھى ئىلمى ھەققىدە چۈشەنچە بېرىپ تەربىيەلىدى.[720]

ئابدۇللاھنىڭ چۈشىنىش ۋە ئەستە قالدۇرۇش قابىلىيىتى كۈچلۈك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە پاساھەتلىك سۆزلىرى بىلەنمۇ باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىشقا باشلىدى شۇنداقلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنىڭ بەرىكىتى بىلەن شائىر ۋە نەسەب ئىلمى ساھەسىدە داڭلىق ئالىم بولۇپ

(719) ئىبنۇل ئەسىر، ئۇسدۇلغابە، 2847.

(720) ئىبنى ھەجەر، ئىسابە، 4578؛ ئىبنى ئابدىلبەر، ئىستىئاب، 3/876.



由 扫描全能王 扫描创建

يېتىشىپ چىقتى. تابىئىن ئالىملىرىنىڭ بايراقدارلىرىدىن ھېسابلىنىدىغان سەئىد ئىبنى مۇسەييىب، ئىبنى شىھاب ۋە زۆھرىگە ئوخشاش ئالىملار، ئۇنىڭدىن نەسەب ئىلمى ۋە بەزى فىقھى مەسىلىلىرىدە دەرس ئالدى.(721)

زۇھرى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئابدۇللاھ ئىبنى سەئلەبەنىڭ يېنىغا پات - پات بېرىپ، ئۇنىڭدىن قەبىلەمگە ئائىت نەسەب ئىلمىنى ئۆگىنەتتىم. بىر كۈنى نادان ئادەمدىن بىرى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، تالاققا مۇناسىۋەتلىك قالايمىقان سوئاللارنى سورىدى. ئابدۇللاھ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى سەۋرچانلىق بىلەن ئاڭلىغاندىن كېيىن:

- سوئاللىرىڭنىڭ جاۋابىنى مەن بىلمەيمەن، سەن سەئىد ئىبنى مۇسەييىبنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن سورىغىن، ئۇ ياخشى بىلىدۇ،- دېدى. ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئۆز- ئۆزۈمگە ‹ئابدۇللاھ، سەئىد ئىبنى مۇسەييىبتىن بۇرۇن ياشىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ماڭا پەيغەمبىرىمىزنى كۆرگەن ۋاقتتا ئۇنىڭ سۆزلىرىنى چۈشەنگۈدەك ياشتا ئىكەنلىكىنى ئېيتقان ئىدى› دەپ سوئالنىڭ جاۋابىنى بىلمەيدىغانلىقىدىن ھەيران قالدىم. ئۇ ئادەم يېنىمىزدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، مەنمۇ ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدىم. ئېيتقاندەك، سەئىدنىڭ يېنىغا بېرىپ، سوئالنى ئۇنىڭدىن سورىدى. سەئىد دەرھال جاۋاب بەردى. كېيىن بىلدىمكى، ئۇ ساھابە بولمىسىمۇ، مەدىنىدە پەتىۋا بېرىدىغان، ئىلىم دائىرىسى كەڭ، كەم ئۇچرايدىغان ئالىملاردىن ئىكەن. ئۇلارنى بىلگەندىن كېيىن ساھابىلەرگە بولغان ھەيرانلىقىم، كەمتەرلىكىگە بولغان يۇقىرى باھاغا ئايلاندى.(722)

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مەشھۇر جابىيە نۇتقىنى ئاڭلىغان ئابدۇللاھ ئىبنى سەئلەبە، ئۇنىڭ بامدات نامىزىدا ھەج سۈرىسىنى ئوقۇيدىغانلىقىنى، سەجدە ئايىتىنى ئوقۇپ، ئايرىم ئىككى قېتىم سەجدە قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

(721) زەھەبى، سىيەر، 3177.
(722) ئىبنى سەئىد، تەباقات، 2/382.



由 扫描全能王 扫描创建

ئۇزۇن ۋە گۈزەل ھايات كەچۈرگەن ئابدۇللاھ ئىبنى سەئلەبە ھىجرىيەنىڭ 89 - يىلى ۋاپات بولغان.[723]

(723) ئىبنى مۇنزىر، مۇختەسەر، 12/54.



由 扫描全能王 扫描创建

# ئابدۇللاھ ئىبنى شەدداد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

ئابدۇللاھ مەككىلىك بولۇپ، لەيس ئوغۇللىرىدىن شەدداد ئىبنى ئۇسامە بىلەن مەشھۇر ئايال ساھابىلەردىن ئەسما بىنتى ئۇمەيسنىڭ قىز قېرىندىشى سەلما رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئوغلى ئىدى.

سەلما رەزىيەللاھۇ ئەنھا دەسلەپتە ھەزرىتى ھەمزە بىلەن توي قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئۇمارە ئىسىملىك بىر قىزى بولدى. سەلما رەزىيەللاھۇ ئەنھا تۇنجى قېتىم مۇسۇلمان بولغانلاردىن بىرى بولۇپ، مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ ئۈچ يىلدىن كېيىن، يولدىشى ھەمزە ئۇھۇد ئۇرۇشىدا شېھىت بولۇپ كەتتى.

ئاردىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن شەدداد ئىبنى ئۇسامە سەلما رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ئەلچى كىرگۈزدى. سەلما رەزىيەللاھۇ ئەنھا تەكلىپنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆيلەندى ۋە ئابدۇللاھ، ئابدۇرراھمان ئىسىملىك ئىككى ئوغلى بولدى.[724]

ئابدۇللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات چاغدا تۇغۇلغان بولۇپ، باشقا ساھابىلەرگە ئوخشاشلا، دادىسى ئۇنىمۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا ئېلىپ باردى. پەيغەمبىرىمىز ئۇنى قۇچىقىغا ئېلىپ، بېشىنى سىلاپ، سۆيۈپ ئېغىزلاندۇرغاندىن كېيىن، ياخشى دۇئالارنى قىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى مەيمۇنە ئانىمىز ئابدۇللاھنىڭ ھاممىسى ئىدى. بۇ خىل يېقىنلىق سەۋەبىدىن ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسقا

(724) ئىبنى سەئد، تەباقات، 5/61؛ ئىبنۇل ئەسىر، ئۇسدۇلغابە، 3004.ئەتراپلىق مەلۇمات ئۈچۈن، «ئايال ساھابىلەر ئىنسىكلوپېدىيەسى» گە قاراڭ.



由 扫描全能王 扫描创建

ئوخشاش ئۇنىڭغىمۇ پات - پات ھاممىسىنىڭ يېنىغا بېرىش پۇرسىتىنى يارىتىپ بېرەتتى. ئۇ پەيغەمبىرىمىزنى چوڭقۇر تونۇدى. مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ۋە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئانىمىزدىن ھەر خىل ھەدىسلەرنى رىۋايەت قىلدى.(725)

ئابدۇللاھ ئىبنى شەدداد بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «دوستلىرىم بىلەن بىرلىكتە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىغا بارغان ئىدۇق. بىزگە مۇنۇلارنى سۆزلەپ بەردى:

- بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېنىمغا كەلدى. بارماقلىرىمدا چوڭ تاشسىز ئالتۇن ئۈزۈكلەر بار ئىدى. ماڭا:

- ئى، ئائىشە، بۇلار نېمە؟- دېدى. مەن:

- ئى، رەسۇلۇللاھ! سەن ئۈچۈن تاقاي دەپ ياساتتىم،- دېدىم. پەيغەمبىرىمىز:

- زاكىتىنى بەردىڭمۇ؟- دەپ سورىدى. مەن:

- ياق،- دېدىم. پەيغەمبىرىمىز:

- ئۇنداقتا بۇ سەن ئۈچۈن بىر پارچە ئوتتۇر،- دېدى.»(726)

ئالىم ساھابىلەردىن ھېسابلىنىدىغان ئابدۇللاھ ھەر خىل تېمىلاردا پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويالاتتى، ساھابىلەر بىلەن ئىلمىي مۇھاكىمە ئېلىپ باراتتى.(727) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن بىر مەزگىل مەدىنىدە تۇرغان ئابدۇللاھ، كۇفە پەتھى قىلىنغاندىن كېيىن، دادىسى بىلەن پات - پات ئۇ يەرگە بېرىپ كېلىشكە باشلىدى. كېيىنچە پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن بىرلىكتە كۇفەگە بېرىپ ئورۇنلاشتى.

سىففىن ئۇرۇشىدا ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىدا ئىدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شېھىت قىلىنغاندىن كېيىن بىر قېتىم مەدىنىگە كەلدى.

---

(725) بۇخارى، ھەيز، 30.

(726) ئەبۇ داۋۇد، زاكات، 4.

(727) بۇخارى، سالام، 2، 3؛ ئەبۇ داۋۇد، بۇيۇ، 55.



由 扫描全能王 扫描创建

ئىياز ئىبنى ئۆمەر بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھوزۇرىدا ئولتۇراتتۇق. دەل شۇ ۋاقىتتا ئىراقتىن قايتىپ كەلگەن ئابدۇللاھ ئىبنى شەدداد يېنىمىزغا كەلدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇنىڭغا:

- ئى، ئابدۇللاھ! سوئال سورىسام توغرا جاۋاب بېرەلەمسەن؟- دېدى. ئابدۇللاھ:

- ئەلۋەتتە جاۋاب بېرىمەن. نېمە ئۈچۈن جاۋاب بېرەلمىگۈدەكمەن؟- دېدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

ماڭا ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئۆلتۈرگەن كىشىلەرنى ئېيتىپ بېرەمسەن؟ ئۇنى قانداق ئۆلتۈردى؟- دەپ سورىدى. ئابدۇللاھ:

- ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سىففىن ئۇرۇشىدىن كېيىن يېنىدا قالغان 8000 قارىي بىلەن يولنى داۋاملاشتۇردى. كۇفەگە يېقىن ھارۇرە دېگەن يەرگە كېلىپ چۈشتى. ئەسكەرلەردىن بىر قىسمى ھەكەم ۋەقەسى سەۋەبىدىن ئۇنى ئەيىبلەپ: «ئۇ، ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا كىيگۈزگەن كىيىمىنى، بەرگەن خەلىپىلىك سۈپىتىنى سېلىپ تاشلىدى. ئاللاھنىڭ دىنى ھەققىدە ھۆكۈم قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلدى» دېيىشتى. قوشۇن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىدىن كەتتى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن ئۇقتۇرۇش قىلىپ: «قۇرئاننى يادلىغان قارىيلارنىڭ ھەممىسى يېنىمغا كەلسۇن» دېدى. قارىيلارنىڭ ھەممىسى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كەلدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارغا ھەكەم ۋەقەسىنىڭ ئىسلامغا زىت ئەمەسلىكى ھەققىدە قۇرئاندىن دەلىل كەلتۈرۈپ چۈشەندۈردى. ئاندىن ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسنى ھارۇرە رايونىدىن ئايرىلىپ چىققانلىقى ئۈچۈن، ئۆزلىرىنى «ھارۇرىيلار» دەپ ئاتىۋالغان كىشىلەرنىڭ يېنىغا سۆھبەتلىشىشكە ئەۋەتتى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمىنى قايىل قىلدى.- دېدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

- ئى، شەددادنىڭ ئوغلى! ئۇلار بىلەن نېمە ئۈچۈن ئۇرۇشتۇڭلار!-



由 扫描全能王 扫描创建

دەپ سورىدى.

- ئۇلار بولاڭچىلىق قىلىپ قان ئاققۇزدى، قەرزدارلارنى ئۆلتۈرۈشنى ھالال دەپ قارىدى،- دېدى.

- خۇدا ھەققى، مۇشۇنداق ئىشلارنى قىلدىمۇ؟

- بىردىنبىر ۋە يېگانە ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، شۇنداق قىلدى.

- ئىراق خەلقى زۇسۇدا دەپ ئاتايدىغان كىشى ھەققىدە مەلۇمات بېرەمسەن؟

- ئۇنى كۆردۈم، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىرلىكتە ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىگە شاھىت بولدۇم. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلقنى چاقىرىپ، ئۇلاردىن:< بۇ ئادەمنى تونۇمسىلەر؟> دەپ سورىدى. ھەممەيلەن دېگۈدەك ئۇنى تونۇيتتى. ھەر بىرى:

<بىز ئۇنى بەنى پالاننىڭ مەسچىتىدە كۆرگەنىدۇق> دېيىشتى. ئۇنى مەسچىتنىڭ سىرتىدا كۆرۈپ تونۇيدىغانلار يوق ئىدى. ئۇ مەسچىتمۇ مەسجىد ئايلىنىپ يۈرۈپ پىتنە - پاسات ئۇرۇقلىرىنى تېرىيدىكەنمىش.

- ئىراق خەلقى ئۇنىڭغا قارشى سۆزلەرنى قىلغاندىن كېيىن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نېمە دېدى؟

- ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھ توغرا سۆزلەيدۇ،- دېدى.

- بۇنىڭدىن باشقا نېمە دېدى؟

- باشقا بىر نەرسە دېمىدى.

ئاللاھ ئەلىگە رەھمەت قىلسۇن، ھەر دائىم بىر ئىشقا ھەيران بولسا شۇنداق دەيتتى.»[728]

ئابدۇللاھ ئىبنى شەدداد ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن پۈتۈن ئۇرۇشلارغا قاتناشقان ۋە ئۇنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭغا قىلىنغان

(728) ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 12/255.

由 扫描全能王 扫描创建

ناھەقچىلىكلەرنى كۆرۈپ كۆڭلى يېرىم بولاتتى. بىر كۈنى قەلبىنى ئېچىشتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئازابىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي، ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە مۇنداق دېدى: «ئاۋۇ مۇنبەرگە چىقىپ، ئەتىگەندىن ئاخشامغىچە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەزىلەتلىرىنى سۆزلەشنى ناھايىتى ئارزۇ قىلىمەن. ئۇنىڭدىن كېيىن مۇنبەردىن چۈشەر - چۈشمەس بېشىمنى ئالسا، قەتئىي قارشى چىقماستىن رازى بولاتتىم.»[729]

ئۇ جىھادتىن قەتئىي قاچمىدى. ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ھىجرىيەنىڭ 81 - يىلى ئابدۇرراھمان ئىبنى مۇھەممەد بىلەن بىرلىكتە قاتناشقان دۇجەيل غازىتىدا شېھىت قىلىندى.[730]

(729) زەھەبى، سىيەر، 3249؛ ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 12/257.

(730) ئىبنى سەئىد، تەباقات، 5/61؛ ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 12/257.



由 扫描全能王 扫描创建

# ئەرابە ئىبنى ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

مەدىنىلىك مۇسۇلمانلاردىن بولغان ئەرابە ئىبنى ئەۋس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندا سەككىز - توققۇز ياشلارغا كىرگەن بىر بالا ئىدى. ئۇ ۋاقىتتا ئائىلىسى تېخى مۇسۇلمان بولمىغان ئىدى. پەقەت خەلقنىڭ ھاياجانلانغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارغا قوشۇلغان ئەرابە، مەھەللىدىكى بالىلار بىلەن بىرلىكتە پەيغەمبىرىمىزنى كۈتۈۋېلىشقا باردى. ئۇ ھېيت كۈندەك تەنتەنىلىك ئۆتكەن ئۇ كۈننى پەقەتلا ئەستىن چىقارمىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن، تېخى مۇسۇلمان بولمىغان مەدىنە خەلقى ئىسلامغا قىزىقىپ كۆپىنچىسى پەيغەمبىرىمىز بىلەن مەڭگۈلۈك سائادەتتە ئۇچراشتى. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن خەلق ئىچىدە يالغۇز قېلىشقا باشلىغان بەزى مەدىنىلىكلەر، ئەمەلىيەتتە ئىمان ئېيتمىسىمۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا بېرىپ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئېيتتى. بۇلاردىن بىرى ئەرابەنىڭ دادىسى ئەۋس ئىبنى قەيزى ئىدى. باشقىلارنىڭ ئالدىدا مۇسۇلمان بولغاندەك كۆرۈنۈپ، بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇرۇشقا چىقىشقا چاقىرىق قىلىنغاندا، ئەۋس <ئائىلىمىز خەتەر ئىچىدە> دەپ ئۇرۇشتىن قاچقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ھەققىدە ئەھزاب سۈرىسىنىڭ 13 - ئايىتى نازىل بولۇپ، قىلغان سۆزلىرى تۈپەيلى ئەيىبلەندى. يەنە باشقا بىر قېتىم مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇرۇش قىلغان نەزى ئوغۇللىرىنى جاسارەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئۇمۇ دوستلىرىغا ئوخشاشلا «ئەگەر سىلەر يۇرتلىرىڭلاردىن چىقىرىۋېتىلسەڭلار، بىزمۇ چوقۇم سىلەر بىلەن بىللە چىقىپ كېتىمىز. سىلەرگە قارشى بىر ئادەمگە ھەتتا پەيغەمبەر



由 扫描全能王 扫描创建

بولسىمۇ ھەرگىز ئەگەشمەيمىز. سىلەرگە ئۇرۇش ئېچىلسا، چوقۇم سىلەرگە ياردەم بېرىمىز» دېدى.[731]

دادىسى مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقىسىدىن ئاغدۇرمىچىلىق قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقاندا، ئۇ ئون ياشلاردىكى ئوغلى ئەرابە سەمىمىي بىر مۇسۇلمان بولغانىدى. دادىسى جىھادتىن قېچىۋاتقاندا، ئۇ ئەمدىلا ئون ئۈچ يېشىدا بولۇشىغا قارىماي جىھاد قىلىش ئۈچۈن، ئىسلام قوشۇنىغا قېتىلىپ ئۇھۇدقا ماڭدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوشۇننى تەكشۈرگەندە، يېشىنى كىچىك بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش باشقا بالىلارنى قايتۇرۇۋەتكەندە، پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىدا بولالمىغانلىقى ئۈچۈن ئىنتايىن قايغۇرغانىدى.[732]

ئەرابە ئون بەش ياشقا كىرگەندىن كېيىن پۈتۈن ئۇرۇشلارغا قاتناشتى. ئۇ ناھايىتى سېخىي، كىشىلەر تەرىپىدىن ياخشى كۆرۈلىدىغان بىرىگە ئايلاندى. سېخىيلىقى ئەرەب يېرىم ئارىلىدا كەڭ تونۇلغان ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر ۋە قەيس ئىبنى سەئىد بىلەن تەڭلەشكۈدەك دەرىجىدە ئىدى.

مۇبەررىد بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەرابە بىر كۈنى شائىر شەمماھ بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. شەمماھ مەدىنىگە كېتىۋاتاتتى. ئەرابەنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا:

- ئائىلەمگە ئوزۇقلۇق سېتىۋېلىش ئۈچۈن مەدىنىگە كېتىۋاتىمەن. ئۇلىغىڭنى ماڭا بېرىپ تۇرامسەن؟- دېدى. ئۇ ۋاقىتتا ئەرابەنىڭ يېنىدا ئىككى تۆگە بار ئىدى.

- بولىدۇ، خۇشاللىق بىلەن،- دەپ يېنىدىكى تۆگىلەرگە خورما، بۇغداي ۋە باشقا ئوزۇق - تۈلۈكلەرنى ئارتىپ، تۆگىلەرنى يۈكلىرى بىلەن قوشۇپ شەمماھقا ھەدىيە قىلدى. شەمماھ مەدىنىگە بېرىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئەرابەنى ماختايدىغان شېئىرلارنى ئوقۇدى.[733]

(731) ھەشر سۈرىسى، 11 – ئايەت؛ قۇرتۇبى، ئەھكامۇل قۇرئان، 7/443، 456، 9/291.

(732) ۋاقىدى، مەغازى، 1/216.

(733) ئىبنۇل ئەسىر، ئۇسدۇلغابە، 3621؛ ئىبنى ھەجەر، ئىسابە، 5500.



由 扫描全能王 扫描创建

# ھەبەشلىك ئەسلەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

ھەبەشىستانلىق ئەسلەم ھەبەشىستانلىق بىلالغا ئوخشاشلا بىر چاغلاردا ئەركىنلىكى قولدىن ئېلىنىپ، بازارمۇ بازار ئېلىپ بېرىلىپ سېتىلغانىدى. ئۇنى ئەڭ ئاخىرىدا خەيبەر يەھۇدىيلىرىدىن بىرى سېتىۋالدى. ئۇ چاغلاردا يېشى تېخى كىچىك بولغان ئەسلەم خېلى يىللارغىچە مەزكۇر يەھۇدىينىڭ قويلىرىنى باقتى. كېيىن ئۇنىڭ بىلەن توختاملىشىپ ئەركىنلىككە چىقتى. ئەمما ئائىلىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۈزۈلۈپ قالغاچقا، كېتىدىغان باشقا يېرى بولمىغانلىقتىن يەھۇدىينىڭ يېنىدا قېلىپ، پۇل ئېلىپ قوينى بېقىشنى داۋاملاشتۇردى.

مۇسۇلمانلار خەيبەرنى مۇھاسىرىگە ئالغاندا، ئۇ پادىچىلىق قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن، ئەتراپىدىكى يەھۇدىيلاردىن پەيغەمبىرىمىزگە مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئاڭلىغانىدى. ئاڭلىغان ھەر بىر سۆزى ئۇنى ئىسلامغا تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرىۋاتاتتى. پەيغەمبىرىمىز بىلەن كۆرۈشۈپ ئىسلام ھەققىدە چۈشەنچىگە ئىگە بولۇش، قەلبى ۋە ئەقلى «بولدۇ» دېسە، مۇسۇلمان بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. ھەر قانچە ئارزۇ قىلسىمۇ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا بارغۇدەك پۇرسەت تاپالمىدى. ھازىر پەيغەمبىرىمىز ئۇ تۇرۇۋاتقان يەرگىچە كېلىپ، خەيبەر قەلئەسىنى مۇھاسىرىگە ئالدى. ئەسلەمە قويلىرىنى ئېلىپ ئىسلام قوشۇنلىرى بار يەرگە كەلدى. ساھابىلەردىن سوراپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تاپقاندىن كېيىن:

- ئى، رەسۇلۇللاھ! ماڭا ئىسلامنى چۈشەندۈرسەڭ،- دېدى.



由 扫描全能王 扫描创建

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېچكىمنى كەمسىتمەي، چوڭ - كىچىك، باي - كەمبەغەل، قۇل - ئازاد، كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈپ، سورىغان سوئاللىرىغا ئەستايىدىللىق بىلەن سەممىي ھالدا جاۋاب بېرەتتى. پەيغەمبىرىمىز ئەسلەمگىمۇ ئىسلامنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇنى ئىسلامغا دەۋەت قىلدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۆزلىرىنى ناھايىتى ياقتۇرۇپ قېلىپ، سۆزى تۈگىگەندىن كېيىنلا دەرھال مۇسۇلمان بولدى.

ئەسلەم ناھايىتى ۋاپادار بولۇپ، بىردەمدىن كېيىن ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ قويلىرىنى ئىگىلىرىگە تاپشۇرۇپ بەرمەكچى بولۇپ، پەيغەمبىرىمىزدىن:

- ئى، رەسۇلۇللاھ! مەن بۇ قويلارنىڭ ئىگىسىنىڭ يېنىدا پۇل ئېلىپ ئىشلەيمەن. بۇ قويلار ماڭا ئامانەت، بۇلارنى قانداق قىلىمەن؟- دەپ سورىدى. پەيغەمبىرىمىز ئامانەت مەسىلىسىدە ئىنتايىن سەزگۈر بولغانلىقى ئۈچۈن:

- ئۇلارنى قەلئە تەرەپكە قارىتىپ ھەيدىۋەتسەڭ، ئىگىسىنىڭ يېنىغا بارىدۇ،- دېدى. ئەسلەم قويلارنى قەلئەنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ:

- مەن بۇنىڭدىن كېيىن سىلەرنىڭ ئىگەڭلار ئەمەس، قېنى ھەقىقىي ئىگەڭلارنىڭ يېنىغا كېتىڭلار!- دەپ ئۇلارنى ھەيدەپ ئىگىسىنىڭ يېنىغا ئەۋەتتى. قويلار خۇددى ئالدىدا بىرسى يول باشلاپ ماڭغاندەك قەلئەگە كىرىپ، ئىگىسىنىڭ يېنىغا باردى.

ئەسلەم قايتىپ كېلىپ ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن قوشۇنغا قاتناشتى. ئۇرۇشۇپ بارغانسېرى ئالغا ئىلگىرىلەپ قەلئەگە كىردى. دەل شۇ ۋاقىتتا يەھۇدىيلار ئاتقان تاشتىن بىرى تېگىپ كېتىپ شېھىت بولدى. جىنازىسى پەيغەمبىرىمىز تۇرغان يەرگە ئېلىپ كېلىندى. ئۈستى يۆگەكلىك ئىدى. پەيغەمبىرىمىز ئەسلەمنى ئېلىپ كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، بىر توپ ساھابىلەر بىلەن بىرلىكتە ئۇ تەرەپكە يېقىنلاشتى. ئاز قالغاندا، دەرھال ئارقىسىغا

قايتتى. ساھابىلەر نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي:

- ئى، رەسۇلۇللاھ! نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا قارىماي، باشقا ياققا قارىۋالىسەن؟- دەپ سورىدى. پەيغەمبىرىمىز:

- ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا جەننەتتىكى ئايالى - ھۆرلەئەيىن يېنىدا تۇرۇۋاتىدۇ،- دېدى.

ئەسلەم، بىر ۋاقىت ناماز ئوقۇپمۇ باقماي تۇرۇپ جەننەتكە كىردى. ئۈستىگە تۇپراق تاشلانغاندا، ھۆرلەر:

- ئاللاھ ئۈستۈڭگە تۇپراق تاشلىغانلارنىڭ يۈزلىرىنى يورۇق قىلسۇن. سېنى شېھىت قىلغانلارنى قەتلى قىلسۇن! دەۋاتاتتى.(734)

(734) ئىبنى ھىشام، 1 - 2 /344؛ ئىبنۇل ئەسىر، ئۇسدۇلغابە، 115؛ ئىبنى ھەجەر، ئىسابە، 132.



由 扫描全能王 扫描创建

# ھەبىب ئىبنى مەسلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

ھەبىب ئىبنى مەسلەمە قۇرەيشلەرنىڭ فىھر ئۇغۇللىرى جەمەتىدىن بولۇپ، دادىسىنىڭ يالغۇز ئوغلى ئىدى. مەككە پەتھى قىلىنغاندا، ئۇ ئون ياشقا كىرگەن بولۇپ، ناھايىتى ئەقىللىق، زېرەك ۋە جەسۇر بالا ئىدى. مەككىنىڭ پەتھى قىلىنىشى بىلەن مەككىلىكلەر بەس - بەس بىلەن ئىسلامنى قوبۇل قىلىشقا باشلىغاندا، ئۇلارمۇ ئىسلامنى قوبۇل قىلدى. ھەبىب ئىسلامغا چىن كۆڭلىدىن ئىشتىياق باغلاپ، كۈچلۈك ئىشقى ۋە ھەۋەس بىلەن رەببىنىڭ بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلىرىنى ئۆگىنىشكە باشلىدى. ئاللاھنى ۋە رەسۇلۇللاھنى تونۇغانسېرى قەلبىدىكى سۆيگۈ كۈچەيدى. ئۆيىنىڭ يالغۇز ئوغلى بولغاچقا ناھايىتى ياخشى كۆرۈلسىمۇ، بۇ ئۇنىڭغا كۇپايە قىلمايتتى. ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋەتمەستىن دەرھال پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۆزىنى ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ يولىغا ئاتاشنى ئارزۇ قىلاتتى.

ئىسلامنى قوبۇل قىلغىنىغا بىر يىل بولغانىدى. قەلبىنىڭ چاقىرىقىغا قۇلاق سېلىپ، دادىسىنىڭ ئۆيىدىن ئايرىلىپ مەدىنىگە كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا باردى. چۈنكى ئۇ جىھاد قىلىشنى، ئىسلامنىڭ ئالدىدىكى كۇپۇر ۋە جاھالەت توسالغۇلىرىنى يوقىتىشنى ئارزۇ قىلاتتى.

دادىسى ئوغلىنىڭ مەدىنىگە كەتكەنلىكىنى ئۇقۇپ، ئارقىسىدىن مەدىنىگە كەلدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ، ئوغلىنى قايتۇرۇپ كېتىش ئۈچۈن، پەيغەمبىرىمىزگە يالۋۇرۇپ:

- ئى، رەسۇلۇللاھ! ھەبىب مېنىڭ يالغۇز ئوغلۇم، ئۇنىڭدىن باشقا بالام يوق. ئۇ مېنىڭ پۇت - قولۇم. ماللىرىمنىڭ بېشىدا تۇرۇپ ئۇلارغا قارايدۇ،



由 扫描全能王 扫描创建

ئائىلەمنى قوغدايدۇ. ئۇئۇنۇپ قالاي، ئۇنى قايتۇرۇۋەتكىن،- دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دادىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ھەبىبكە قاراپ:

- ئى، ھەبىب! داداڭ بىلەن قايتىپ كەتكىن. بىر مەزگىلدىن كېيىن سېنى قوبۇل قىلىشىم مۇمكىن،- دېدى.

ھەبىب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قايتىپ كېتىشكە بۇيرۇق قىلغاچقا قارشى چىقمىدى. چىقالمايتتى. قەلبى جىھاد ئىشقىدا كۆيۈۋاتسىمۇ، دادىسى بىلەن بىللە قايتىپ كەلدى. يۇرتىدا ئۇزاق تۇرالمىدى. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن پەيغەمبىرىمىزنىڭ بېشارىتى رېئاللىققا ئايلىنىپ، دادىسى ۋاپات بولدى. ئۇنى دەپنە قىلغاندىن كېيىن، ئۆيىدىكى ئىشلارنى ھەل قىلىۋېتىپ، مەدىنىگە كەلدى.(735)

## كىچىك قوماندان

پەيغەمبىرىمىز بىلەن بىرلىكتە كۆپ ۋاقىت ئۆتكۈزۈشنى ئارزۇ قىلغان بولسىمۇ، ئۇنداق بولمىدى. ئۇ مەدىنىگە كېلىپ بىر قانچە ئايدىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولدى. شۇ قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگەندى، نۇرغۇن ۋەقەلەرگە شاھىت بولدى.

ھەبىب ئىبنى مەسلەمە بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىدىكى تىكىنى بار بىر ياغاچ بىلەن، ئۆزىمۇ بايقىماي بىر بەدەۋىنىڭ بەدىنىنى يارىلاندۇرۇپ قويدى. بەدەۋى پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا بېرىپ، بۇنىڭ قىساسىنى ئېلىشنى تەلەپ قىلدى. شۇ ۋاقىتتا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام، پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا كېلىپ:

- ئى، مۇھەممەد! ئاللاھ سېنى زالىم ۋە زومىگەر بولسۇن، دەپ ئەۋەتمىدى،- دېدى. پەيغەمبىرىمىز بەدەۋىنى يېنىغا چاقىرىپ:

(735) شامى، سۇبۇلۇل ھۇدا، 10/109؛ ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 6/190.



由 扫描全能王 扫描创建

- قىساسىڭنى ئالغىن،- دېدى. بەدەۋى:

- ئى، رەسۇلۇللاھ! ئاتا - ئانام ساڭا پىدا بولسۇن، سەندىن رازى بولدۇم. سەندىن قىساس ئالمايمەن،- دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ياخشى دۇئالارنى قىلدى.»[736]

ھەبىب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنمۇ مەدىنىدە تۇرۇپ قالغان بولۇپ، جىھاد قىلىش ئۈچۈن قارارگاھقا بېرىشقا ئالدىراۋاتاتتى. ئاخىرى ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشتى.

ئەمدىلا ئون بەش ياشقا كىرگەن ھەبىبنى تۇنجى قېتىم شامدىكى جىھاد مەيدانلىرىدا، قوماندان بولغان ھالەتتە ئۇچرىتىمىز. ھىجرىيەنىڭ 14 - يىلى ناھايىتى كۆپ ئادەم بىلەن دەمەشق سېپىلىنىڭ ئالدىغا بارغان ئىسلام قوشۇنى، شەھەرنى پەتھى قىلىشقا تەييارلىنىۋاتاتتى. ئۇ ۋاقىتتا خالىد ئىبنى ۋەلىد، ھەبىب بىلەن بۇسەير ئىبنى ئەرتاب قوماندانلىقىدىكى كىچىك گۇرۇپپىلارنى ئەتراپتىكى يېزىلارغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى.[737] ۋەزىپىسىنى غەلىبىلىك ئادا قىلغان ھەبىب، ئارقىدىن دەمەشقنىڭ پەتھى قىلىنىشىغا قاتناشتى.

ھەبىب ئىبنى مەسلەمە ئىسلام قوشۇنى بىلەن غەلىبە ئۈستىگە غەلىبە قازىنىپ، ھىجرىيەنىڭ 15 - يىلى ئون ئالتە ياش چېغىدا قىلىچلىق قىسىملار ئالدىنقى سەپ بىرلىكىنىڭ قوماندانى بولدى. بۇ ئالدىنقى سەپ بىرلىكى يەرمۇك ئۇرۇشىغا، ئارقىدىن سۈرىيەنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ پەتھى قىلىنىشىغا قاتناشتى.

ھەبىبنىڭ ئۇرۇشتا كۆرسەتكەن قەھرىمانلىقلىرى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قۇلىقىغا يەتكەندە، خەلىپە ئۇنىڭدىن ناھايىتى مەمنۇن بولدى، ئۇنىڭغا يۇقىرى باھا بەردى. ھەبىب ھەج قىلىش ئۈچۈن قارارگاھتىن ئايرىلىپ مەككىگە بارغاندا، ئۇ يەردە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن

(736) ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 14/335.

(737) بەلازۇرى، فەتھۇل بۇلدان، 132.



由 扫描全能王 扫描创建

ئۆچۈرۈشۈپ قالدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچرىشىش ئەسناسىدا تونۇشتى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: شۇ قېتىملىق ئۇچرىشىش

- سەن قوشۇننىڭ ئارقا تەرەپلىرىدىمۇ؟- دەپ سورىدى. ھەبىب:

- ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ھەم ئۇ تەرەپلەردە ھەم ئالدىنقى سەپتە،- دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى سىناپ باقماقچى بولۇپ، خىزمەتچىلىرىگە:

- ئۇنىڭغا خەزىنىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ بېرىڭلار، خالىغىنىنى ئالسۇن!- دەپ بۇيرۇق قىلدى.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇيرۇقى بويىچە خىزمەتچىلەر خەزىنىنىڭ ئىشىكىنى پۈتۈنلەي ئېچىۋەتتى. ھەبىب ئۇ يەردىكى ماللارنىڭ ھېچ بىرىگە قول تەگكۈزمەي، پەقەت قورال - ياراغ ئالدى.(738) ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ، قارارگاھتىن كەلگەن خەۋەرلەرنىڭ توغرىلىقىغا قانائەت قىلغاندىن كېيىن، ئۇنى تېخىمۇ ھۆرمەتلىدى.

جىھاد ئىشقى ئۇنىڭ ئىلىم ئۆگىنىشىگە توسالغۇ بولالمىغانىدى. پۇرسەت تاپسىلا چوڭ ساھابىلەرنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ تەۋسىيەلىرىنى ئاڭلايتتى. بىر كۈنى ئەبۇ دەردا ئۇنىڭغا مۇنداق تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

- ئاجىزلارنىڭ بەد دۇئاسىدىن ساقلانغىن! چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: «بىر قول زۇلۇم قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا ياردەم قىلمايدۇ، ئۇ ئۆزىگە ياردەم قىلىدىغانغا ھېچكىمنى تاپالمايدۇ.»(739)

ھەبىب ئىبنى مەسلەمە ئەبۇ دەردا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى پەقەت ئۈزۈپ قويمىغان بولۇپ، ئۇنىڭ كېسەل بولۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ دەرھال يوقلاپ باردى. ئەھۋالدىن ئۆلۈمنىڭ يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلغاندىن كېيىن:

(738) ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 6/190.
(739) ئىبنى مەنزۇر، 29/230.



由 扫描全能王 扫描创建

- ئى، ئەبۇ دەردا! قانداق ئەھۋالىڭ؟- دەپ سورىدى. ئەبۇ دەردا:

- كېسەلىم بارغانسېرى ئېغىرلىشىۋاتىدۇ.- دېدى. ھەبىب:

- مېنىڭچە، پەرۋەردىگارىڭنىڭ يېنىغا كېتىدىغاندەك قىلىسەن، ئاللاھ سېنى ياخشىلىق بىلەن مۇكاپاتلاندۇرسۇن!- دېدى.

- ئامىن!

يوقلاپ كەلگەنلەر:

- ئى، ئەبۇ دەردا، قانداق شىكايىتىڭ بار؟- دەپ سورىدى.

- گۇناھلىرىمدىن شىكايەت قىلىمەن.- دېدى.

كۆڭلۈڭ نېمە تارتىدۇ؟

- جەننەتنى.- دېدى.

- ساڭا دوختۇر چاقىرايلىمۇ؟

- مېنى كېسەل قىلغان، ئەمەلىيەتتە ئۇ.- دېدى.(740)

بىر كۈنى يولدا كېتىۋېتىپ بىر دوستىنى ئۇچراتتى. دوستى بىر ئىش سەۋەبىدىن ناھايىتى قىيىن ئەھۋالدا ئىدى. ھەبىب كىشىلەر قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا، تېخىمۇ كۆپ خاتالىق ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا:

- ئەخلاقىڭنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈدىغانلىقىڭغا ئىشەنىسەن، دەرھال ئۇ ئىشنى قىلغىن. ئۇنداق قىلالمىساڭ، ھېچ بولمىغاندا قىيىنچىلىق ئىچىدە قالغان ۋاقتىڭدىمۇ ئەسلىدىكى ھالىڭ بويىچە مۇئامىلە قىلىشقا تىرىشقىن.- دېگەنلەرنى تەۋسىيە قىلدى.(741)

ھەبىب ئىبنى مەسلەم ۋەقەلەرگە ھېكمەت كۆزى بىلەن قارايدىغان بولۇپ، بىر كۈنى مەئن ئىبنى سەرۋە:

- خىرىستىيانلارنىڭ نېمە ئۈچۈن راھىبلارنى «رەب (پەرۋەردىگار)»

---

(740) ئىبنى سەئد، تەبەقات، 3/393.

(741) ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 29/230.

دەپ ئاتايدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟- دەپ سورىدى، ئۇ:

- ھۆكۈمدارلار دۇنيانى قولغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن، پەيغەمبەرلەرنىڭ بۇيرۇقلىرىنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇپ، بىدئەتلەرگە بوي سۇندى. توغۇز گۆشى يېيىشكە ئوخشاش ھارام ئىشلارنى قىلدى. بۇلارنى خاتىرجەم ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، دىن مەسىلىسىدە خەلقنى راھىبلارغا تاشلاپ بەردى. راھىبلارمۇ ھۆكۈمدارلارنىڭ بۇ پۇرسىتىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ بىدئەتلەرنى ۋە ئىبادەتلىرىنى تەرك قىلىشىنى كۆرمەسكە سالدى. سىلەرنىڭچە قانداق؟ - دېدى، مەئىن ئىبنى سەرۋە:

- لېكىن، ھازىرچە بىزدە ئۇنداق ئىشلار يوق،- دېدى.[742]

## ئاناتولىيە ئېغىزلىرىدا

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە جىھاد قىلىشنى داۋاملاشتۇرغان ھەبىب، ھىجرىيەنىڭ 17 - يىلى ئىياز ئىبنى غەنەم بىلەن بىرلىكتە ئىككىنچى قېتىم ئاناتاكيەنى پەتھى قىلدى. ئارقىدىن جۇرجۇمە يېزىسىنى مۇھاسىرىگە ئالدى. ئاھالە بىر مەزگىل قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، كېيىن سۈلھى تۈزۈشكە مەجبۇر بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن مالاتيا ئەتراپىدىكى ھەدەس قەلئەسىنى قولغا كىرگۈزدى.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھىجرىيەنىڭ 20 - يىلى ئىياز ئىبنى غەنەمنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاپ، ئۇرنىغا ھەبىبنى جەزىرەگە ۋالىي قىلىپ بەلگىلىدى. كېيىن پەتھى قىلىنغانىسىرى تەسىر دائىرىسى كېڭىيىپ، ئەرمېنىيە ۋە ئەزەربەيجانمۇ ئۇنىڭ باشقۇرۇشىغا بېرىلدى. ۋالىيلىق ۋەزىپىسى ئۇنىڭ ئىلاھى كەلىمىنى تېخىمۇ يىراقلارغا يەتكۈزۈشكە ۋاستە بولدى. ئىككى يىلدىن كېيىن ئەبۇ ئەدۋادنىڭ پەتھى قىلىنىشىدا سۇراقە ئىبنى ئامىرغا ياردەمگە باردى.

ھىجرىيەنىڭ 24 - يىلى ئۇسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىكىنىڭ

---

(742) ئىبنى مەنزۇر، 25/149.



由 扫描全能王 扫描创建

دەسلەپكى مەزگىللىرىدە شامغا ۋالىي بولغان ھەزرىتى مۇئاۋىيىنىڭ قول ئاستىدا ۋەزىپە ئۆتىدى. 8 - 10 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن پەتھىگە - پەتھىگە يۈگۈردى. ئۇنىڭغا رىملىقلارنىڭ 80 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن شامغا قاراپ كېتىۋاتقانلىق خەۋىرى كەلدى. شام ۋالىيسى ھەزرىتى مۇئاۋىيىگە دەرھال خەۋەر يوللاپ، كېلىۋاتقان قوشۇننى توختىتىش ئۈچۈن ياردەم تەلەپ قىلدى. ئۇمۇ خەلىپىگە ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپ بىر پارچە مەكتۇپ يېزىپ، ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلدى. خەلىپە كۇفەدىكى ۋەلىد ئىبنى ئۇقبەگە مەكتۇپ يېزىپ، شامدىكى مۇسۇلمانلارغا ياردەم قىلىشنى بۇيرۇدى. ۋەلىد ئىبنى ئۇقبە دەرھال 8 مىڭ كىشىلىك قوشۇن تەشكىللەپ، سەلمان ئىبنى رەبىئەنى قوماندان قىلىپ شامغا ئەۋەتتى.

خەۋەرلىشىش جەريانىدا خېلى ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەن بولغاچقا، رىم قوشۇنلىرى ھەبىب ئىبنى مەسلەمە بار يەرگە يېقىنلاپ قالغانىدى. ئىش يەنە ئۇنىڭغا قالدى. چارىسىز ھالدا ئۆزىدىن ئون ھەسسە كۆپ بولغان قوشۇن بىلەن ئۇرۇش قىلدى. ھەبىب ئىبنى مەسلەمە ناھايىتى زېرەك بولۇش بىلەن بىللە يەنە، ئۇرۇش ئىستراتېگىيەلىرىنى ياخشى بىلىدىغان ۋە ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان بىر قوماندان ئىدى. ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن قول ئاستىدىكى قوماندانلارنى يىغىپ، ئۇلارغا:

- بۈ كېچە ھۇجۇم قىلىمىز، ئۇچرىشىش نۇقتىمىز رىم قوشۇنى قوماندانىنىڭ چېدىرى بولىدۇ.- دېدى. ئاندىن پىلاننى ئەتراپلىق چۈشەندۈردى. پىلاننى ئاڭلىغان ئايالى ئۇممۇ ئابدۇللا يولدىشىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغانلىقىنى ئىپتىپ بېرىپ مۇنداق دەيدۇ، قوماندانلار:

- ئۇچرىشىش نۇقتىمىز قەيەر؟- دەپ سورىدى. ئۇ:

- رىم قوشۇنى قوماندانىنىڭ چېدىرى ياكى جەننەت.- دەپ جاۋاب بەردى.

ئايالىمۇ ئۆزىگە ئوخشاش جەسۇر بىر ئەسكەر ئىدى. ئۇمۇ ئەسكەرلەرگە



由 扫描全能王 扫描创建

قوشۇلۇپ كېچىسى ھۇجۇمغا قاتناشتى. ئۇرۇش باشلىنىشتىن بۇرۇن قوللىرىنى كۆتۈرۈپ:

- پەرۋەردىگارىم! بىز ئۈچۈن ئاي يورۇقىنى ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ئۆچۈرگىن، يامغۇر ئارقىلىق ئۇلارنىڭ بىزنىڭ ئۈستىمىزگە كېلىشىگە توسالغۇ بولغىن، ئەسكەرلىرىمىزنىڭ جېنىنى قوغدىغىن. ئۇلارغا شېھىتلىك ساۋابىنى يازغىن،- دەپ دۇئا قىلدى.

بۇ ھەقتە توختالغان سەئىد ئىبنى ئابدۇلئەزىز مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدى. ئۇ كېچە دۈشمەنىنىڭ ئۈستىدىكى ئاينىڭ يورۇقىنى ئۆچۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە چېلەكتە قۇيغاندەك شارقىراپ يامغۇر ياغدۇردى.»

ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن پىلانى ئەمەلگە ئاشتى. ئىسلام قوشۇنى 80 مىڭ كىشىلىك رىم قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، كاتتا غەلىبىگە ئېرىشتى. ئەتىسى ئەتىگەن ئەسكەرلەر رىم قوماندانىنىڭ چېدىرىدا توپلانغاندا، ھەبىب ئىبنى مەسلەمەنىڭ ئايالىمۇ ئالدىدا تۇراتتى. ئۇمۇ باشقا ئەسكەرلەرگە قوشۇلۇپ ئۇرۇش قىلغانىدى. ئايالىنىڭ جاسارىتىنى بىلىدىغان ھەبىب بۇ ئەھۋالدىن قەتئىي ھەيران قالمىدى.

پەتھى قىلىش ھەرىكىتى داۋام قىلىنىۋاتاتتى. قوشۇن ئەرزۇرۇم ۋە ئەتراپىدىكى بىرقانچە شەھەر - بازارلارنى ئۇرۇش قىلمايلا قولغا كىرگۈزدى؛ رايون خەلقى بىلەن سۈلھى تۈزۈپ سۈرىيەگە قايتىپ كەلدى.(743)

ھەبىب ئىبنى مەسلەمە ھەر دائىم ئۇرۇشتىن بۇرۇن قوشۇندىكىلەرگە سۆز قىلاتتى. سۆزى تۈگىگەندىن كېيىن دۇئا قىلاتتى. شامىلىقلار ئۇنىڭ دۇئاسىنىڭ قوبۇل بولىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. بىر قېتىم قوشۇنغا خىتاب قىلغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «بىر گۇرۇپپا ئىنسان بىر يەرگە يىغىلغان ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى دۇئا قىلىپ، يەنە بىر قىسمى ئامىن دېسە، ئاللاھ ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى چوقۇم قوبۇل قىلىدۇ.»

(743) ئىبنى كەسىر، ئەلبىدايە ۋەننىھايە، 1/1095؛ تەبەرانى، تارىخ، 790.



由 扫描全能王 扫描创建

دىگەنلىكىنى قەيت قىلدى.

ئاندىن ئۇ «ئاللاھقا ھەمدۇ- سانا ئېيتىمەن. پەرۋەردىگارىم! قاتىللىرىمىزنى تۇتقىن، بىزگە شېھىتلىكنىڭ ساۋابىنى يازغىن!» دەپ دۇئا قىلدى.

ھەبىب ئىبنى مەسلەمە دۇئاسىنى تۈگەتمەستىن دۈشمەن قوماندانى ئۇنىڭ چېدىرىغا كىلىپ، تىنچلىق ئورنىتىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى.[744]

## ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شېھىت قىلىنغاندا

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىسيانچىلار تەرىپىدىن مۇھاسىرىگە ئېلىنىپ مەلۇم مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، ياردەم تەلەپ قىلىپ شامغا خەۋەر يوللىدى. ھەزرىتى مۇئاۋىيە ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن دەرھال ھەبىب ئىبنى مەسلەمەنى يېنىغا چاقىرىپ:

- ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆيىنى قورشىۋاپتۇ، دەرھال ئىشەنچلىك ۋە ۋەقەلەرنى ياخشى كۆزىتەلەيدىغان بىر ئادەمنى ئۇ يەرگە ئەۋەتىپ، ئەھۋالنى ئۇققىن. قەتئىي بىرەر ئىشقا بېرىلىپ كېتىپ، ئەھۋالغا سەل قارىمىسۇن! ئۇ يەردىن كەلگەن خەۋەرنى مەندىن باشقا ھېچكىم بىلمىسۇن! سەنمۇ دەرھال چاققان كىشىلەرنى يېنىڭغا ئېلىپ، مەدىنىگە قاراپ يولغا چىققىن!- دېدى. ھەبىب:

- ئەسكەرلەر بىلەنمۇ ياكى باشقا كىشىلەر بىلەنمۇ؟- دەپ سورىدى.

مۇئاۋىيە:

- سەن بىلەن بارىدىغان كىشىلەر شاملىقلاردىن بولسۇن،- دېدى.

ھەبىب:

- شام خەلقىدىنمۇ؟- دەپ سورىدى. مۇئاۋىيە:

ئەسكەرلەرنى مەقسەت قىلغان بولسام ساڭا ئېيتاتتىم. شاملىقلاردىن

(744) ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 6/191.



由 扫描全能王 扫描创建

باشقا سەن ياخشى تونۇمايدىغان ئەسكەرلەر بىللە ماڭساڭ، يولدا ساڭا خائىنلىق قىلىشى مۇمكىن.- دېدى. ھەبىب:

- دەسلەپتە كىمنى ئەۋەتمەن؟- دەپ سورىدى. مۇئاۋىيە:

- يەزىد ئىبنى شۇجائنى ئېلىۋالغىن، ئۇنى سەنمۇ ياقتۇرۇپ قالىسەن. قېنى ئەمسە، بۇ يەردە ۋاقىت ئۆتكۈزمەي، بېرىپ مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرىگە ياردەم قىلىڭلار! يولۇڭلار ئۇچۇق بولسۇن. ئى، زەيد، سەنمۇ تېز بولغىن!

- ئى، ھەبىب! ئۇ يەرگە بارغان ۋاقتىڭدا ئەگەر ئۇسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھايات بولسا، ئۇ بىزنىڭ خەلىپىمىزدۇر، ئۇنىڭ بۇيرۇقى مېنىڭ بۇيرۇقۇمدۇر، نېمىگە بۇيرىسا شۇنى قىلغىن. ئەگەر ئۆلگەن بولسا، ئۇنى ئۆلتۈرگەنلەرنى ۋە ئۇلارغا ياردەم قىلغانلارنى ساق قويمىغىن. مەدىنىگە يېتىپ بېرىشتىن بۇرۇن بىرەر خەۋەر ئالساڭ، شۇ يەردە ساقلاپ، مېنىڭ پىكرىمنى ئالغىن!-دېدى.

قوشۇن يولغا چىققان بولسىمۇ، ئەمما كېچىكىپ قالغان ئىدى. قوشۇن ۋادىلقۇرا دېگەن يەرگە كەلگەندە، ئۇسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شېھىت قىلىنغانلىقىدىن خەۋەر تاپتى. نۇئمان ئىبنى بەشىر ئۇسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قانلىق كۆينىكى بىلەن ئايالى نائىلە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ كېسىلگەن قولىنى يېنىدا ئېلىپ كەلگەنىدى. كۆڭۈللىرى ناھايىتى يېرىم بولۇپ، قايغۇ ئىچىدە شامغا قايتىپ كەلدى. شام خەلقى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ناھايىتى پەرىشان بولدى. نەچچە كۈنگىچە كۆز يېشى تۆكۈپ، كېچىلىرى ئۇخلىمىدى. ئۇسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قانلىق كۆينىكى بىلەن ئايالىنىڭ كېسىلگەن قولىنى مەسجىدكە ئېسىپ قويۇپ، ئىسيانچىلاردىن ئۇسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىشقا قەسەم قىلىشتى.(745)

ئارقىدىن مۇسۇلمانلار ھازىرغىچە ئۇنتۇيالمىغان ۋەقەلەر ئارقا- ئارقىدىن يۈز بەردى. سىففىن ئۇرۇشىدا ھەزرىتى مۇئاۋىيىنىڭ قوماندانلىرىدىن بىرى

(745) ئىبنى مەنزۇر، 16/216، 27/360.



由 扫描全能王 扫描创建

بولغان ھەبىب قانچە يىل رىملارغا قارشى پۇلاڭلاتقان قىلىچىنى، بۇ قېتىم يۈرىكى قان يىغلىغان ھالدا، قاتتىق ئازاب ئىچىدە مۇسۇلمانلارغا قارشى پۇلاڭلاتتى.[746]

كېيىنچە ھەزرىتى ھۇسەيىن بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ھەزرىتى ھۇسەيىن دادىسى بىلەن قىلىنغان ئۇرۇشلارنى كۆزدە تۇتقان ھالدا:

- ئى، ھەبىب! ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش ھېساپلانمايدىغان نۇرغۇن ئۇرۇشلارغا قاتناشتىڭ، - دەپ ئۇنى ئەيىبلىدى. ئۆزىچە ئۇرۇنسىز ئەمەسلىكىنى ئويلىغان ھەبىب:

- داداڭ بىلەن قىلىنغان ئۇرۇشلارنى كۆزدە تۇتقان بولساڭ، بۇ ئۇلاردىن بىرى ئەمەس، - دېدى. ھەزرىتى ھۇسەيىن:

- ئەكسىچە ئۇلاردىن بىرىدۇر. يوق بولىدىغان ئەھمىيەتسىز دۇنيا ئۈچۈن، مۇئاۋىيىنىڭ يېنىدىن يەر ئالدىڭ. سېنى دۇنيا ئۈچۈن يوكۈرتتى، ئاخىرىتىڭ ئۈچۈن ئولتۇرغۇزدى. قىلغان خاتا ئىشلىرىڭنى گۈزەل سۆزلەر بىلەن ئاقلىمىغان بولساڭ كاشكى. بۇنداق قىلساڭ، ئاللاھ تەۋەندىكى ئايەتتە سۆزنى قىلغان كىشىلەردىن بولسەن: «يەنە بىر قىسىم كىشىلەر گۇناھلىرىنى ئېتىراپ قىلدى. ئۇلار ياخشى ئىشقا يامان ئىشنى ئارىلاشتۇرۇپ قويدى.»[747] ئەمما سېنىڭ ئەھۋالىڭ تۆۋەندىكى ئايەتتىكى كىشىلەرگە ئوخشايدۇ: «ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى تۇپەيلىدىن دىللىرى قارىيىپ كەتكەن.»[748]

ھەزرىتى ھۇسەيىننىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭ قەلبىگە خۇددى ئوقتەك تەگكەندى. كۆڭلى يېرىم بولۇپ يىقىلىپ كەتكۈدەك ھالغا كېلىپ، جىھاد مەيدانلىرىدا يوقىتىپ قويغانلىرى، پىتنىنىڭ ئۇلارنى قانداق ھالغا چۈشۈرۈپ قويغانلىقىنى ئويلاپ ئىنتايىن بىئارام بولدى.

---

(746) ئىسئۇل ئەسىر، ئۇسدۇلغابە، 1068.

(747) تەۋبە سۈرىسى، 102 - ئايەت.

(748) مۇتەففىفىن سۈرىسى، 14 - ئايەت؛ ئىبنى ئابدۇلبەر، ئىستىئاب، 1/321.



由 扫描全能王 扫描创建

ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە ھەزرىتى مۇئاۋىيىنىڭ قول ئاستىدا تۇرۇپ باشقۇرۇش ۋە ئەسكىرى ۋەزىپىلەرنى نەتىجىلىك ئادا قىلدى. ھىجرىيەنىڭ 42 - يىلى 50-45 ياشلار ئەتراپىدا ۋاپات بولدى.

ھەزرىتى مۇئاۋىيە سۈننەتكە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدىغان ھەبىب ئىبنى مەسلەمەنى «ئاللاھ ماڭا ناھايىتى قابىلىيەتلىك ئىككى ياردەمچى بەردى؛ ئۇلارنىڭ بىرى مەندىن دائىم ھوقۇق تەلەپ قىلدى. يەنە بىرى يەنى ھەبىب بولسا، دائىم <سۈننەت، سۈننەت> دەپ ئاگاھلاندۇردى.» دېگەن سۆزلىرى ئارقىلىق ئەسكە ئالاتتى.[749]

(749) ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 6/192.



由 扫描全能王 扫描创建

# ھارىسە ئىبنى سۇراقە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

ھارىسە ئەنەس ئىبنى مالىكنىڭ ھامىسى رۇبەيئە بىنتى نەدىر بىلەن سۇراقە ئىبنى ھارىسەنىڭ ئوغلىدۇر. ئانىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ۋە ھامىسىنىڭ جەمەتىدىن بولغان نەججار ئوغۇللىرىدىندۇر. ھارىسە كىچىك ياشتىلا دادىسىدىن ئايرىلىپ يېتىم قالدى. رۇبەيئە ناھايىتى كۆيۈمچان بىر ئانا بولۇپ، ئوغلىنى باغرىغا چىڭ باستى، يېتىملىكنى ئۇنتۇلدۇرۇشقا تىرىشتى، ئۇنىڭغا ھەم دادا ھەم ئانا بولدى.

ھارىسە يېقىن تۇغقانلىرىمۇ ناھايىتى ياخشى كىشىلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ يار - يۆلەكتە بولۇشى بىلەن ناھايىتى ئەخلاقلىق بىر بالا بولۇپ چوڭ بولدى. مەدىنە خەلقى ئىسلامنى قوبۇل قىلىشقا باشلىغاندا، ئانا - ئوغۇل ئىككىسىمۇ خەلقنىڭ ئارقىسىدا قالماي بىرلىكتە مۇسۇلمان بولدى. قەلبى ئىسلام نۇرى بىلەن يورۇتۇلغاندىن كېيىن، پۈتۈن ئىش - ھەرىكەتلىرى ئىسلام ئەخلاقى بىلەن زىننەتلەندى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنىگە تەشرىپ قىلىشى ئۇلارنى ناھايىتى خۇشال قىلدى. ئۇ شۇ كۈنى، ئۆمۈر بويى ئۇنتۇمىغۇدەك بىر بايرام كۈنىنى باشتىن كەچۈرگەندى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ كېلىشى بىلەن ھاياتى تېخىمۇ گۈزەللەشكەن، تېخىمۇ چوڭقۇر مەنىگە ئىگە بولغاندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرنى بىر - بىرى بىلەن قېرىنداش قىلغاندا، ھارىسەنى ئۆزىنى ئىبادەتكە ئاتىغان ئوسمان ئىبنى مەزئۇننىڭ ئوغلى سەئىد بىلەن قېرىنداش قىلىپ قويدى.[750]

(750) ئىبنى سەئىد، تەباقات، 3:511؛ ئىبنۇل ئەسىر، ئۇسدۇلغابە، 993.



由 扫描全能王 扫描创建

سەئىدمۇ دادىسىغا ئوخشاش ئىبادەت قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان، كۆڭلى - كۆكسى كەڭ بىر ياش ئىدى. ھارىسە ئۇنىڭدىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگەندى. ئىككى ياش بىر - بىرىدىن ئايرىلماي، ئىلىم ئۆگىنىش ئۈچۈن ئۇزۇن يوللارنى باستى. باللىقتىن ياشلىق دەۋرىگە يېڭىلا قەدەم باسقان ھارىسە، كىچىك ياشتىلا ھەقىقىي مەنىدىكى ئىمانغا ئىگە بولغاندى. ھەممىگە مەلۇم بولغاندەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چوڭ - كىچىك دېمەستىن ھەممە كىشىگە ئوخشاش كۆڭۈل بۆلەتتى. بىر كۈنى يولدا ھارىسە بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇنىڭغا كۆيۈنۈپ ھال- ئەھۋال سوراپ:

- ئى، ھارىسە! قانداق ئەھۋالىڭ؟ - دەپ سورىغاندى، ئاجايىپ مەنىلىك قىلىپ:

- ئاللاھقا ھەقىقىي مەنىدە ئىمان ئېيتقان ئەھۋالدا مەن،- دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبىرىمىز ئەجەبلىنىپ:

- نېمە دەۋاتقانلىقىڭنى بىلەمسەن؟ بۇلارنى بىلىپ تۇرۇپ سۆزلەۋاتامسەن؟ ھەرقانداق نەرسىنىڭ بىر ھەقىقىتى، بىر بېشارىتى بولىدۇ. سېنىڭ ئىمانىڭنىڭ ھەقىقىتى نېمە؟- دەپ سورىدى. ھارىسە:

- نەپسىم دۇنيادىن يۈز ئۆرىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن كېچىلىرىم ئۇيقۇسىز، كۈندۈزلىرىم سۇسىز ئۆتۈۋاتىدۇ. رەببىمنىڭ ئەرشىنى ئۇچۇق كۆرگەندەك قىلىمەن. جەننەت ئەھلىنىڭ ئۇ يەردە رەببىمىزنى زىيارەت قىلغىنىنى، جەھەننەم ئەھلىنىڭ ۋارقىراشلىرىنى ئاڭلىغاندەك قىلىمەن،- دېدى. پەيغەمبىرىمىز:

- ئى، ھارىس! سەن بىر نەرسىلەرنى بىلگىلى باشلاپسەن، بۇ ئەھۋالىڭنى داۋاملاشتۇرغىن، ئۇنى مەھكەم قۇچاقلىغىن،- دېدى. ھارىسە:

- ئى، رەسۇلۇللاھ! ماڭا شېھىت بولۇشۇم ئۈچۈن دۇئا قىلغىن،- دېدى.

پەيغەمبىرىمىز ئىمانى كامالەتكە يەتكەن بۇ ياشنىڭ ئارزۇسىنىڭ



由 扫描全能王 扫描创建

ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن دۇئا قىلدى.(751)

ئىلىم ئۆگىنىش يولىدا ئۆزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان هارىسە، ئانىسىنىمۇ ئۇنتۇپ قالمىدى، ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈپ ياخشى مۇئامىلە قىلدى. ھەممە ئىشىغا ياردەملىشىپ، كۆڭلىنى ئاغرىتماسلىققا، خۇشال قىلىشقا تىرىشتى. ئاللاھ ئۇنىڭ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن بۇ تىرىشچانلىقىنىڭ مۇكاپاتىنى بەردى. بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرگە:

- جەننەتكە كىرگەن ۋاقتىتا، ئۇ يەردە هارىسەنى كۆردۈم. بۇنىڭ سەۋەبى ئۇنىڭ ئانىسىغا قىلغان ياخشىلىقىدۇر، - دېدى.(752)

## فىردەۋس جەننىتىدىكى شېھىت

مۇسۇلمانلار بەدرىگە بېرىپ جىهاد قىلىشقا چاقىرىلدى. هارىسە بۇ چاقىرىقنىڭ ئۆزى ئۈچۈنمۇ قىلىنغان چاقىرىق ئىكەنلىكىنى ئويلاپ، ئانىسى بىلەن ۋىدالىشىپ، ئۇنىڭ ياخشى دۇئالىرىنى ئېلىپ بەدرىگە قاراپ يولغا چىقتى. شېھىت بولۇشنى چىن قەلبىدىن شۇنچىلىك ئارزۇ قىلاتتىكى، ئۇرۇشنىڭ باشلىنىشىنى كۈتۈشكىمۇ تاقەت قىلالماي، پەرۋەردىگارى بىلەن ۋە مەنىۋى دېرىزىسىدىن كۆرگەن گۈزەللىكلەر بىلەن تېزرەك ئۇچرىشىشنى ئارزۇ قىلاتتى. پەرۋەردىگارى ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسىنى يەردە قويمىدى؛ ئۆزى بىلەن تېزرەك كۆرۈشۈشنى تىلىگەن بۇ ياشنى ساقلاتماي، دەرھال يېنىغا ئالدى.

تېخى ئۇرۇش باشلانمىغانىدى. ئۈمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىتتىپاقدىشى مىھجە بىلەن هارىسە ئىبنى سۇراقە سۇ ئىچىش هەم ئەتراپىنى كۆزىتىپ بېقىش ئۈچۈن، بەدىر قۇدۇقىنىڭ يېنىغا بارغانىدى. مۇشرىكلار مۇسۇلمانلارنىڭ قۇدۇقنىڭ يېنىغا يېقىنلىشىشىنى خالىمىغاچقا، ئۇلارغا ئوق ئېتىشقا باشلىدى.

(751) ئىبنۇل ئەسىر، ئۇسدۇلغابە، 907.
(752) ئىبنۇل ئەسىر، 907.



由 扫描全能王 扫描创建

بۇ ئوقلاردىن بىرى مىھجەگە تېگىپ، ئۇنى شېھىت قىلدى. ئۇ <ئاللاھ> دېگىنچە يەرگە يىقىلغاندا، ھىببان ئىبنى ئەرىقەنىڭ ئاتقان يەنە بىر ئوقى ھارىسە ئىبنى سۇراقەنىڭ بوغۇزىغا تېگىپ ئۇنىمۇ شېھىت قىلدى. ھارىسە ئۇ ۋاقىتتا ئەمدىلا ئون بەش ياشقا كىرگەن ناھايىتى قاملاشقان بىر يىگىت ئىدى. ئۇ ئىچمەكچى بولغان سۇيىگە قانالماي تۇرۇپ، شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا شېھىت بولدى.(753)

ئۇنىڭ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشقان بولۇپ، جەننەتكە كىرگەن ۋە پەرۋەردىگارى بىلەن ئۇچراشقان ئىدى.

ئۇرۇش ئاخىرلىشىپ ئىسلام قوشۇنى قايتىپ كېلىۋاتاتتى. رۇبەييە رەزىيەللاھۇ ئەنھا قوشۇن مەدىنىگە كەلمەستىن بۇرۇن ئوغلىنىڭ شېھىت بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپقانىدى. قەلبىگە بىر ئوت چۈشكەن رۇبەييە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ئىچ ئاغرىتقان ھالدا قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، تەڭداشسىز غەيرەت بىلەن مۇنۇ سۆزلەرنى قىلدى:

- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەلگەندە ئۇنىڭدىن سورىغانغا قەدەر كۈتىمەن. ئەگەر ئوغلۇم جەننەتتە بولسا، يىغلىمايمەن. ئەجرىمنى ئاللاھتىن تىلەپ سەۋر قىلىمەن. ئەگەر ئوغلۇم جەھەننەمدە بولسا، ئۇ چاغدا مېنىڭ قانداق يىغلايدىغانلىقىمنى كۆرۈڭلار!

ئىسلام قوشۇنى مەدىنىگە كىرگەندە، دەرھال پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ:

- ئى، رەسۇلۇللاھ! ھارىسەنىڭ مەن ئۈچۈن قانچىلىك قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلىسەن. ئەگەر ئوغلۇم جەننەتتە بولسا، ساۋابىنى ئاللاھتىن ئۈمىد قىلىپ، سەۋر قىلىمەن. ئەگەر ئۇ يەردىن باشقا يەردە بولسا، مېنىڭ قانداق قىلىدىغانلىقىمنى كۆرىسەن. پۈتۈن كۈچۈم بىلەن يىغلايمەن، - دېدى. پەيغەمبىرىمىز:

- ئىست ساڭا! ئۇنىڭغا يىغلامسەن؟ ئۇنى يالغۇز بىر جەننەتتە دەپ

(753) ئىبنى ھىشام، سىيرە، 1 – 627:2؛ ئىبنى سەئىد، تەباقات، 510:3.



由 扫描全能王 扫描创建

ئۆيلامسەن؟ ئۇ ناھايىتى كۆپ جەننەتتە. ئۇ فىردەۋسلئەلا جەننەتتىدە، - دېدى.[754]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئوغلى ھەققىدىكى خۇشخەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قەلبى خۇشاللىققا تولدى. ئەتراپتىكى كىشىلەرگە قاراپ، خۇشاللىقنى ئىزھار قىلغان ھالدا:

- پاھ پاھ، ئى، ھارىسە، ئاپىرىن ساڭا! - دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر قۇتا سۇ كەلتۈرۈلىشىنى تەلەپ قىلدى. سۇ كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، قولىنى قۇتىغا سېلىپ بىر ئۇچۇم سۇ ئالدى. سۇنى ئاغزىغا ئېلىپ غار - غار قىلدى. ئاندىن سۇ قۇتىسىنى رۇبەيئە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا بەردى. رۇبەيئە رەزىيەللاھۇ ئەنھا سۇدىن بىر ئاز ئىچىپ قالغىنىنى قىزىغا بەردى. ئارقىدىن پەيغەمبىرىمىز سۇنى كۆكسىگە سېپىشنى ئېيتتى. ئانىلىرىمىز سۇنى ئېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دېگىنى بويىچە قىلىپ ئارام تېپىپ قالدى.

بۇلارنى رىۋايەت قىلغان كىشى مۇنداق دەيدۇ: ئالغان خوشخەۋىرى سەۋەبىدىن ھاياتى بويىچە خۇشال ياشىدى. مەدىنىدە ئۇنىڭدەك خۇشخۇي بىر ئايال كۆرمىدىم. ئۇ سەۋر قىلىشى ۋە ئىمانى بىلەن ئاياللارغا ئۈلگە بولدى.[755]

(754) بۇخارى، جىھاد، 14؛ مەغازى، 9؛ رىكاك، 51.

(755) ئايىنى، ئۇمدەتۇل قارى، 116:10. مەقرىزى، ئىمتائۇل ئەسماي، 142:5. ئەتراپلىق مەلۇمات ئۈچۈن «جەننەت بىلەن خوشخەۋەر بېرىلگەن ئاياللار» غا قاراڭ.



由 扫描全能王 扫描创建

# ئىياس ئىبنى مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

ئىياس ئىبنى مۇئاز مەدىنىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان بولۇپ، بالىلىقىنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرىدىغان چاغلىرىدا، چوڭلىرى كىچىككىنە ئىشلارنى باھانە قىلىپ جېدەل - ماجىرا چىقىرىپ، ئۇنى بۇنىڭدىن مەھرۇم قىلدى. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تېخىمۇ كۈچەيگەن بۇ جېدەل - ماجىرا ئاخىرى قېرىنداش ماجىراسىغا ئايلاندى. مۇئاز بالىلىقىنى ئۇنتۇپ، قورقۇش ۋە ئەندىشە ئىچىدە ياشاشقا باشلىدى. ئادەم ئۆلمەيدىغان ياكى يارىلانمايدىغان بىرمۇ كۈن يوق ئىدى. ھەر كۈنى بىر ئۇرۇش ياكى بىر ئۆلۈم خەۋىرى بىلەن ئىزتىراپ چېكەتتى. مۇشرىكلار مەككىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالغان يىللاردا، مەدىنىدە بۇئىس ئۇرۇشى دەپ ئاتالغان بۇ ئېچىنىشلىق ۋەقەلەر يۈز بېرىۋاتاتتى. بۇرۇندىن تارتىپ مەدىنىگە يەرلىشىپ، ئۇ يەردە ياشاۋاتقان ئىككى چوڭ قەبىلە - ئەۋس ۋە خەزرەجلىكلەر ئەمدى شىددەت بىلەن بىر - بىرىنى ئۆلتۈرۈۋاتاتتى.

مەدىنىلىكلەر ھالى خاراب ۋە نەپەسلىرى سىقىلغان ھالەتتە ياشاۋاتقان بولۇپ، كىچىككىنە يورۇقلۇقنى كۆرسە، دەرھال يۈگۈرگىدەك دەرىجىدە بىچارە ئىدى. ئەسىرلەردىن بېرى بىر شەھەردە، ئوخشاش يول ۋە كوچىلاردا بىللە ياشىغان بۇ قېرىنداشلار، ئەمدىلىكتە بىر - بىرىنىڭ قېنىنى تۆكۈپ، ھېچكىمنى كوچىلاردا خاتىرجەم ماڭالمايدىغان، كېچىلىرى قورقماي ئارام خۇدا ئۇخلىيالمايدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويغانىدى. چارىسىزلىك ئىچىدە چارە ئىزدەيتتى. ئويلاپ ئەقلىگە كەلگەن پۈتۈن يوللارنى سىناپ باقتى،



由 扫描全能王 扫描创建

ئاماللارنى قىلاتتى. لېكىن ھەممىسى بىكارغا كېتەتتى.

ئۇرۇش داۋاملىشىۋاتاتتى. كىشىلەر چارە ئىزدىمەكتە ئىدى، ئىزدىنىشكە ياشلارمۇ قوشۇلدى. ئىياس ئىبنى مۇئاز يېشى كىچىك بولسىمۇ، ناھايىتى ئەقىللىك، زېرەك ۋە ھوشيار بىرى بولغاچقا، بۇ پالاكەتلەرگە كۆڭۈل بۆلىدىغان ئۆزىگە ئوخشاش ياشلار بىلەن بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىپ، ھەل قىلغۇچ بىر چارە تېپىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتاتتى.

ئەۋس قەبىلىسىدىن ئون بەش ياش ئۆز ئارىسىدا بىر گۇرۇپپا تەشكىللەپ، لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان بۇ پىتنە ئوتىنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىۋاتاتتى. قانچە كۈن پاراڭلىشىش ۋە تالاش - تارتىش قىلىش ئارقىلىق، ئاخىرىدا مەككىگە بېرىپ، ئۇ يەردىكى ئىككى ئائىلە دوستلىرى بىلەن پاراڭلىشىپ، مەسلىھەتلىشىپ، ئۇلاردىن ياردەم سوراش قارارىغا كەلدى.

بۇ ئون بەش يىگىت ھەم ئۆمرە قىلىش ھەم بۇ پىتنىدىن قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىنى تېپىش ئۈمىدى بىلەن مەككىگە كەلدى. بۇ ياشلارنىڭ باشلىقى ھارىس بىلەن ئۇلارغا قوشۇلغان ئاتىسى ئەنەس ئىبنى رافىئ ئىدى. ئارىسىدا ئامىر ئىبنى مۇئاز ۋە ئۇنىڭ يېقىن تۇغقانلىرىدىن بولغان ئىياس ئىبنى مۇئازمۇ بار ئىدى. ئۇلار مەككىگە مەككىگە بارغاندىن كېيىن كەبىنى تاۋاپ قىلدى. تاۋاپتىن كېيىن توپتوغرا مەككىلىك رەئىسلەرنىڭ يېنىغا بېرىپ ئەھۋالنى ئېيتىپ، ئۇلاردىن ياردەم تەلەپ قىلدى. مەككىلىك رەئىسلەر ئەھۋالنى ئاڭلاپ، قېرىنداش ماجىراسىغا ئارىلىششىنى خالىمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ياشلارنى رەنجىتمىگەن ئاساستا سىپايىلىك بىلەن<ياق> دېدى. ھەتتا بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق تەلەپلەرنى ئاڭلىماسلىق ۋە دوستلىرى ئالدىدا قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالماسلىق ئۈچۈن، مەدىنىلىكلەردىن يىراق تۇرۇشقا تىرىشتى.

ئۇ چاغلاردا پەيغەمبىرىمىزمۇ خۇددى مەدىنىلىكلەرگە ئوخشاشلا قىيىن ئەھۋالدا بولۇپ، ئىسلام دەۋىتىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن چارە



由 扫描全能王 扫描创建

ئىزدەۋاتاتتى. ھەتتا مۇسۇلمانلار مەككىدە تۇرالمىغۇدەك ھالغا كېلىپ قالغانىدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبىرىمىز زور ئۈمىد بىلەن مەككىگە ئۆمرە قىلىش ياكى ھەج قىلىش ئۈچۈن كەلگەن ھاجىلارنىڭ چېدىرلىرىنى بىرمۇبىر ئايلىنىپ، ئۆزلىرىنى قوبۇل قىلىپ قوغدايدىغان بىر يەر ئىزدەۋاتاتتى. ئەمما قەيەرگىلا بارمىسۇن، كىمنىڭ ئىشىكىنى چەكمىسۇن، ھەممە ئىشىكلەر يۈزىگە يېپىلماقتا ئىدى. مەككە رەئىسلىرى، بولۇپمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ئەبۇ لەھەب پۈتۈن ئىش - كۈچىنى تاشلاپ، پەيغەمبىرىمىز بارغان ياكى بارماقچى بولغان پۈتۈن چېدىرلارنى ئايلىنىپ چىقماقچى بولدى. پەيغەمبىرىمىزدىن بۇرۇن ياكى ئۇنىڭدىن كېيىن چېدىرلارغا بېرىپ كىشىلەرنى پەيغەمبىرىمىزگە قارشى كۈشكۈرتۈپ، ئۇنىڭغا قارشى چىقىشقا ئۈندەيتتى. پەيغەمبىرىمىز زىيارەتچىلەرنىڭ چېدىرى ئالدىغا بارغاندا، غەيۋەت - شىكايەتچىلەرنىڭ كۈشكۈرتۈشى تۈپەيلى ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاقمۇ سالماستىن، ئۇنى كۆرۈپلا ئىشىكلىرى ئالدىدىن قوغلىۋېتەتتى. ئەمما پەيغەمبىرىمىز زېرىكمەستىن چەكسىز ئۈمىد بىلەن يەنە باشقا بىر ئىشىكنى چېكەتتى.

ئىلاھى ھېكمەت ھەم مەدىنىلىكلەر ھەم ئىنسانلارنىڭ قۇتۇلۇشى ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئۆتكەن. ئىلاھى پىلان ئاللىقاچان ئەمەلىيلىشىشكە باشلىغانىدى. ئاللاھ مەدىنىلىكلەرنى ئىسلامغا كىرىشكە تەييار ھالەتتە كەلتۈرۈپ، مەدىنىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يۇرت قىلىپ بېرىشنى ئىرادە قىلغانىدى. كائىناتنىڭ پەرۋەردىگارى رەھمان سۈپىتى بىلەن مەدىنىگە نەزەر سېلىپ، بۇئىس ئۇرۇشىدىن ئىبارەت ئۇ ئېغىر پالاكەتنى تەڭداشسىز رەھمەتكە ئايلاندۇردى. ئىسلامغا يېتەكلەيدىغان يولنى ئىزدەپ تېپىشى ئۈچۈن، مەزكۇر ئۇرۇش ئارقىلىق ئىسلامدىن باشقا پۈتۈن يوللارنى توسۇپ قويۇۋاتاتتى. ئۇلار توختاۋسىز ھالدا چىقىش يولى ئىزدەۋاتقان بولسىمۇ، ئىسلامدىن باشقا پۈتۈن يوللار بىر - بىرلەپ توسۇلۇپ قېلىۋاتاتتى.

ئۇ ياشلار ئاللاھنىڭ رەھمەت پىلانىدىن خەۋەرسىز بولغاچقا، ئۇتبە ئىبنى رەبىئەگە ئوخشاش مەككە رەئىسلىرىنىڭ ئۆزلىرىنى رەت قىلغانلىقى



由 扫描全能王 扫描创建

ۋە ئۆزلىرىدىن قاچقانلىقىدىن كۆڭلى ناھايىتى يېرىم بولغانىدى. ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ رەت قىلىنىشى، پەۋقۇلئاددە بىر خۇشاللىقنىڭ باشلانغۇچى ئىدى. ئەگەر ئۇتبە ئۇلارنى رەت قىلمىغان بولسا ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچرىشالمىغان بولاتتى، ئۇلارمۇ باشقا ھاجىلارغا ئوخشاش پەيغەمبىرىمىز كەلسە ئىشىكلىرىنى يېپىۋالغان بولاتتى.

مەككە كاتتىلىرىنىڭ مەدىنىلىكلەرنى كۆرگەندە بولۇق - پوچاقلارغا قىچىشى، ئۇلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى كۈشكۈرتۈشتىن ۋە قەلبلىرىنى ئىسلامغا پۈتۈنلەي ئېتىۋېلىشىدىن ساقلاپ قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام داۋاملىق مەككىنىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىدىغان بولغاچقا، بۇ ئەھۋالنى ۋاقتىدا بايقىۋالدى. ھەم دەرھال ھەرىكەتكە ئۆتمەكچى بولدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇتبە ۋە باشقا قۇرەيشلەرنىڭ مەدىنىلىك ياشلاردىن يىراق تۇرۇۋاتقانلىقىنى بايقاپ، ھەققە ئىشەنگەنلەر ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى بىر ئىشىكنىڭ ئېچىلغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى، ۋە ۋاقىت ئۆتكۈزمەيلا ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ، چېدىرىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا تۇرۇپ، ئىجازەت سورىدى. ئۇلار كەلگەن كىشىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسىمۇ، مەككىلىكلەرگە خاپا بولۇپ قالغان بولغاچقا، پەيغەمبىرىمىزنىڭ كىرىشىگە رۇخسەت قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىچكىرىگە كىرىپ، ياشلار كۆرسەتكەن يەردە ئولتۇردى. ئۆزئارا تونۇشقاندىن كېيىن، ئۇلارغا ئىسلامنى چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى. «كېلىش سەۋەبىڭلار ھەققىدە سىلەرگە ياخشى يولنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ مەن ئاللاھنىڭ قۇللىرىغا ئەۋەتكەن ئەلچىسىمەن. ئۇلارنى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا ۋە ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەسلىككە چاقىرىمەن. ئاللاھ ماڭا ئىنسانلارغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن كىتاب چۈشۈردى» دېيىش ئارقىلىق ئىزدەۋاتقان قۇتۇلۇش يولىنىڭ ئۇتبەدە ئەمەس، ئىسلامدا ئىكەنلىكىنى ئۇچۇق بىلدۈردى. ئۇلارغا قۇرئان ئوقۇپ بەردى. گۇرۇپپىنىڭ ئەڭ كىچىكى بولغان ئىياس ئىبنى مۇئاز يېشىنىڭ كىچىك بولۇشىغا قارىماي، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، قۇتۇلۇشنىڭ ئىسلامدا ئىكەنلىكىنى دەرھال چۈشەندى. ئورنىدىن تۇرۇپ



由 扫描全能王 扫描创建

ئاغىنىلىرىگە:

- ھەي ئاغىنىلەر! ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بۇ زاتنىڭ ئېيتقانلىرى، سېھىرنىڭ ئۇتبەگە قويغان تەكلىپىگىلاردىنمۇ ياخشىدۇر، - دەپ ئۇلارنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۆزلىرىنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن قايىل قىلىشقا تىرىشتى. ئەمما، مەككىدىكى پىتنە - پاساتلار ئۇلارنىڭمۇ ئەقىللىرىنى ئېلىشتۇرۇۋەتكەن بولۇپ، قەلبلىرى گۇمانغا تولغانىدى. كېيىنكى يىللاردا مەككىگە كېلىپ ئەقەبە بەيئىتىگە قاتنىشىدىغان ئەنەس ئىبنى رافىئ ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىگە ناھايىتى ئاچچىقلىنىپ، دەرھال يەردىن بىر ئۇچۇم توپا ئېلىپ ئىياس ئىبنى مۇئازنىڭ يۈزىگە چاچقاندىن كېيىن:

- بىزنى بۇ ئادەمنىڭ سۆزلىرى بىلەن كاشىلا قىلما! ئەگەر ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى قوبۇل قىلساق، قەۋمىمىزنى تېخىمۇ چوڭ بىر بالاغا تىقىپ قويغان بولىمىز، - دەپ پەيغەمبىرىمىز بىلەن بولغان كۆرۈشۈشنىڭ داۋاملىشىشىغا توسالغۇ بولدى.

كۆرۈنۈشتە مەدىنىلىكلەر مۇسۇلمان بولماي، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتى يېرىم قالغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە بىر چوغ چۈشكەنىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇ ئارقىلىق ئەۋەتىلگەن ئىسلام، بۇ قېتىمقى ئۇچرىشىشتىن كېيىن ئۇلارنىڭ كۆنتەرتىپىگە كىرگەنىدى. ئۇ ۋاقىتتا بەزىلىرى قوپاللىق قىلىپ ئىسلامنى قوبۇل قىلمىغان بولسىمۇ، كۆپىنچىسىنىڭ قەلبى ئىسلامغا مايىل بولغانىدى. ئەمەلىيەتتە بۇ ئۇچرىشىش ئىياسنىڭ قەلبىنى يۇمشاتقىنىغا ئوخشاش ئامىر ئىبنى مۇئاز ۋە ئۇنىڭ قېرىندىشى سەئىد ۋە باشقىلىرىنىڭمۇ قەلبىنى يۇمشاتقانىدى.

مەككە لىدېرلىرىدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن ياشلار ئۆمرە قىلىپ بولغاندىن كېيىن مەدىنىگە قايتىپ كەلدى. ئىياس دوستلىرىنىڭ يېنىدا مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئاشكارا قىلمىغان بولسىمۇ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۆزلىرىگە تولۇق مەنىدە ئىشىنىپ ئاڭلىق بىر مۇسۇلمان بولغانىدى.

مەدىنىگە قايتىپ ئۆزىنى يەنە بۇئىس ئۇرۇشىنىڭ ئىچىدە كۆرگەن

ئىياسنىڭ قەلبى، دائىم ئاللاھ بىلەن بىللە ئىدى. داۋاملىق ئۇنى زىكىر قىلىپ، ئۆزىنى ئىسلامغا مۇيەسسەر قىلغانلىقى ئۈچۈن شۈكۈر قىلاتتى.

ئۇ كۈن بۇئىس ئۇرۇشىدا يەنە بىرى ئۆلدى؛ ئۇ ئەمدىلا ئۆمرىنىڭ باھار مەزگىلىگە قەدەم قويغان ئىياس ئىبنى مۇئاز ئىدى. دوستلىرى مەككىدىن قايتىپ كەلگەندىن بىرى، ئۇنىڭ دائىم«لائىلاھە ئىللەللاھ. ئاللاھۇ ئەكبەر، ئەلھەمدۇ لىللاھ» دەپ زىكىر قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرەتتى. ئۆلىدىغان ۋاقتىتمۇ بۇ سۆزلەرنى تەكرارلىغان ئىياس، روھىنى رەببىگە تەسلىم قىلىدىغان چاغدىمۇ ئۇنىڭ نامىنى زىكىر قىلىشنى توختاتمىدى.(756)

(756) ئىبنى ھىشام، سىيرە، 1 – 2:427؛ ئىبنۇل ئەسىر، ئۇسدۇلغابە، 347؛ سۇھەيلى، راۋزۇل ئۇنۇف، 2/244؛ مەقرىزى، ئىمتائۇل ئەسمائ، 9/186.



由 扫描全能王 扫描创建

# مۇھەممەد ئىبنى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

مۇھەممەد مەدىنىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان كۈنلەردە دۇنياغا كەلگەنىدى. ئانىسى ئاسىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىلەن دادىسى ئەنەس ئىبنى فەدالە بىر ۋاقىتتا ئىككى خۇشاللىقنى باشتىن ئۆتكۈزدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنىگە تەشرىپ قىلىشى بىلەن ئوغلىنىڭ تۇغۇلۇشىنىڭ بىرلا ۋاقىتتا بولۇشى، ئۆيلىرىنى بايرام كۈنىدەك قىلىۋەتكەنىدى. دادىسى ئايالىغا:

- بالىنى تەييارلا! ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئېلىپ بارىمەن،- دېگەن ۋاقىتتا، ئۇ ئەمدىلا ئىككى ھەپتىلىك بولغانىدى. دادىسى ئوغلىنى قۇچىقىغا ئېلىپ، ئۇدۇل ئەييۇب ئەلئەنسارىنىڭ ئۆيىگە باردى. ئۇ ئىنتايىن ھاياجانلانغان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ سالام بەرگەندىن كېيىن:

- ئى، رەسۇلۇللاھ! بۇ مېنىڭ ئوغلۇم بولىدۇ.

- قاچان تۇغۇلدى؟

- ئىككى ھەپتە بۇرۇن.

- ئۇنىڭ ئىسمىنى قويدۇڭمۇ؟

- ياق، ئى، رەسۇلۇللاھ!

- ئۇنداقتا، ئۇنىڭغا مېنىڭ ئىسمىمنى قويۇڭلار، ئەمما لەقىمىمنى بەرمەڭلار،- دېدى.

رەسۇلۇللاھ كىچىك بوۋاققا ئۆز ئىسمىنى قويغانىدى. كىچىك



由 扫描全能王 扫描创建

مۇھەممەدنىڭ دادىسى خۇشاللىقىدىن قانات چىقىرىپ ئۇچقۇدەك بولۇپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى قۇچىقىغا ئېلىپ بېشىنى سىلىدى، سۆيدى ۋە ياخشى دۇئالارنى قىلدى. ئۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ دۇئاسىنىڭ بەرىكىتى بىلەن ناھايىتى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆردى. جەمئىي يىگىرمە ئىككى بالىسى بولدى. پۈتۈن چاچ - ساقاللىرى ئاقىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ قولى تەگكەن يەر قاپ - قارا تۇراتتى.(757)

بۇ مۇبارەك ئۇچرىشىشتىن ئۈچ يىل كېيىن، مۇھەممەد ئۈچ ياشقا كىرگەندى. دادىسى ئىسلام قوشۇنى بىلەن ئۇھۇدقا كېتىۋاتاتتى. يولغا چىقىدىغان چاغدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ دادىسى بىلەن تاغىسىغا:

- سىلەر ئالدىدا بېرىپ، مۇشرىكلار قوشۇنىنىڭ ئارىسىغا كىرىپ، ئەھۋالنى ئېنىقلاپ قايتىپ كېلىڭلار!- دېدى. ئىككى قېرىنداش تېزلىك بىلەن يولغا چىقتى. ئەقىق دېگەن يەردە دۈشمەن قوشۇنلىرىنىڭ ئارىسىغا قېتىلىپ، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى، سانىنى، كۈچلىرىنى ئېنىقلىغاچ خېلى بىر يەرگىچە ئۇلار بىلەن بىللە ماڭدى. قوشۇن ۋېتا دېگەن يەردە توختىغاندا، يوشۇرۇن ھالدا ئۇلاردىن ئايرىلىپ، كېچىكمەستىن توپتوغرا پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھۇزۇرىغا كەلدى. مۇشرىكلارنىڭ ئەھۋالىنى، سانىنى، توختايدىغان يەرلىرىنى ئەتراپلىق چۈشەندۈرۈپ، ئاخىرىدا:

- ئى، رەسۇلۇللاھ! مۇشۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە مۇشرىكلار ئاتلىرىنى، تۆگىلىرىنى ئوتلاققا قويۇۋېتىپ ئارام ئېلىۋاتىدۇ.- دېيىشتى.(758)

ئۇھۇدتا قەھرىمانلارچە ئۇرۇش قىلغان ئەنەس ئىبنى فەدالە، ئۇزۇن ئۆتمەي شېھىت بولدى.(759)

رەسۇلۇللاھ ۋاپادارلىقتا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدىغان زات بولغاچقا، ئۇھۇدتىن قايتىپ كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئەنەس ئىبنى فەدالەنىڭ تۇغقانلىرىدىن زەپەر ئوغۇللىرىنى يوقلاپ باردى. ئۇھۇدتا شېھىت بولغانلار

(757) ئىبنى ئابدىلبەر، ئىستىئاب، 3/365؛ ئىبنى سەئىد، تەباقات، 8/342.

(758) ئىبنى سەئىد، 2/37؛ ۋاقىدى، مەغازى، 1/206.

(759) ئىبنۇل ئەسىر، ئۇسدۇلغابە، 254.



由 扫描全能王 扫描创建

ئۈچۈن ئۇلارغا تەزىيە بىلدۈردى. تۇغقانلىرى شۇ ۋاقىتتا ئۈچ ياشقا كىرگەن مۇھەممەدنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئېلىپ كېلىپ:

- بۇ ئەنەس ئىبنى فەدالەنىڭ ئوغلىدۇر، - دېيىشتى. پەيغەمبىرىمىز ئۇنى قۇچىقىغا ئېلىپ سۆيدى. كىچىك مۇھەممەدنىڭ قىيىنچىلىق تارتىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ساتماسلىق ۋە ھەدىيە قىلماسلىقنى جېكىلەپ بىر خورما باغچىسى بەردى.[760]

كىچىك مۇھەممەد يېشى چوڭايغانسىرى پات - پات مەسجىدى نەبەۋىگە بېرىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ۋاقىت ئۆتكۈزۈشكە تىرىشتى. ئۇ مۇشۇنداق بېرىپ - كېلىش ئارقىلىق پەيغەمبىرىمىزنى تېخىمۇ ياخشى تونۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. كېيىنكى يىللاردا كۆز ئالدىدىكى ئۇ مەنزىرىلەرنى باشقىلارغا سۆزلەپ بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەپەر ئوغۇللىرىنىڭ مەسچىتىگە كەلگەندى. يېنىدا ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد ۋە مۇئاز ئىبنى جەبەل بار ئىدى. پەيغەمبىرىمىز نامازدىن كېيىن بىر تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، يېنىدىكىلەردىن بىرىنى قۇرئان ئوقۇشقا بۇيرۇدى. ساھابە قۇرئان ئوقۇشقا باشلىدى. ئوقۇپ «بىز ھەر بىر ئۈممەتتىن بىر گۇۋاھچىنى كەلتۈرگەن ۋە (ئى مۇھەممەد) سېنى ئۇلارغا (يەنى ئۈممىتىڭ ئىچىدىكى ئىمانسىزلارغا ۋە گۇناھكارلارغا) گۇۋاھچى قىلىپ كۆرسەتكەن چېغىمىزدا ئۇلارنىڭ ھالى قانداق بولىدۇ؟»[761] دېگەن ئايەتكە كەلگەندە پەيغەمبىرىمىز يىغلاشقا باشلىدى ۋە:

- ئى، رەببىم! مەن بۇلارغا گۇۋاھچىمەن. ئۇنداقتا، كۆرمىگەنلىرىمگە قانداق گۇۋاھچى بولىمەن؟- دەپ، كۆز ياشلىرى ساقىلىنى ھۆل قىلىۋەتكۈچە يىغلاشنى داۋاملاشتۇردى.[762]

ئۇ ئون ياشقا كىرگەن چېغىدا، پۈتۈن ساھابىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ

(760) ئىبنى ھەجەر، ئىسابە، 7759.

(761) نىسا سۈرىسى، 41 - ئايەت.

(762) تەبەرانى، ئەلمۇئجەمۇل، تەپسىرى، 19/244؛ ئىبنى ھەجەر، 7759.



由 扫描全能王 扫描创建

دېگۈدەك ھەجگە كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ۋىدا ھەجگە قاتناشتى. پەيغەمبىرىمىزدىن كېيىن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆردى.[763]

(763) تەبرانى، ئەلمۇئجەمۇل كەبىر، 19/244.



由 扫描全能王 扫描创建

# مۇھەممەد ۋە ھارىس ئىبنى خاتىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم

مەككىلىك بۇ ئاكا - ئۇكىلار فاتىمە بىنتى مۇجەللە بىلەن خاتىب ئىبنى ھارىسەنىڭ ئوغۇللىرىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلامغا دەۋەت قىلىشقا باشلاپ ئۇزۇن ئۆتمەي، خاتىب بىلەن ئايالى فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇسۇلمان بولغان بولۇپ، باشقا مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش ئۇزۇن مەزگىل مۇشرىكلارنىڭ بېسىمى ئاستىدا ياشاشقا باشلىغانىدى. رەسۇلۇللاھ مۇسۇلمانلارغا ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىشنى تەۋسىيە قىلغان چاغدا، فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھامىلدار ئىدى. مۇشرىكلارنىڭ بېسىمى كۈنسېرى كۈچىيىپ، چىدىيالمىغۇدەك ھالغا كەلگەنلىكتىن ھامىلدار بولۇشىغا قارىماي، يولدىشى بىلەن بىرلىكتە ھىجرەت قىلىشقا قارار قىلدى.

ھازىرلا تۇتۇلۇپ قالىدىغاندەك قورقۇنچ ئىچىدە يوشۇرۇنچە مەككىدىن چىقتى. ئىنتايىن قىينالغان ھالدا كۈندۈزلىرى يوشۇرۇنۇپ، كېچىلىرى يول مېڭىپ، پايانسىز چۆللەردىن ئاشتى. ھەممىيلەن ئۈچۈن ناھايىتى قىيىن بولغان بۇ سەپەر، تۇغۇش ئالدىدا تۇرغان فاتىمە ئۈچۈن تېخىمۇ مۇشكۈل ئىدى. ساھىلغا بېرىپ، ئۇلارنى ھەبەشىستانغا ئېلىپ بارىدىغان كېمىگە چىقتى. ئەتىسى تولغاقلىرى باشلىنىپ كېمىدە تۇغدى. ناھايىتى ئوماق بىر ئوغلى بولدى. ئۇنىڭغا چوڭ دادىسىنىڭ ئىسمىنى قويدى. دۇنياغا كەلمەي تۇرۇپلا مۇشرىكلارنىڭ زۇلۇمىغا ئۇچرىغان ھارىس، ئانىسى ۋە دادىسىغا ئوخشاش «مۇھاجىر» دېگەن نامنى ئالدى.

پادىشاھنىڭ ئۇلارغا قول ئۇزارتىشى سايىسىدا، مۇسۇلمانلار بۇرۇنقىغا قارىغاندا بىر ئاز بولسىمۇ خاتىرجەم بولدى. ئۇ يەرگە ھىجرەت قىلىپ



由 扫描全能王 扫描创建

بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ يەنە بىر بالىسى بولدى. ئۇنىڭغا مۇھەممەد دەپ، ئىسىم قويدى. كىچىك مۇھەممەد مۇسۇلمانلار <مۇھەممەد> دەپ ئىسىم قويغان تۇنجى بالا ئىدى. مۇھەممەد بۇ يەردە جەئفەر ئىبنى ئەبۇ تالىبنىڭ ئايالى ئەسما بىنتى ئۇمەيسنىڭ سۈتىنى ئېمىپ، ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ بىلەن سۈت قېرىنداش بولدى. بۇ قېرىنداشلىق چوڭ بولغان ۋاقتىدىمۇ بۇرۇنقىدەكلا داۋاملاشتى ۋە ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە بىر-بىرىدىن پەقەت ئايرىلمىدى.(764)

تاغىسى خەتتاب ۋە ئۇنىڭ ئايالى فۇكەيھەمۇ ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغانىدى. مۇھەممەد ۋە ھارىس يېشى كىچىك بولغانلىقى ئۈچۈن، مۇساپىرچىلىق ئازابىنى تارتمىغانىدى. ئەمما بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، دادىسىدىن ئايرىلىپ قېلىپ كىچىك ياشتىلا ئازاب بىلەن تونۇشتى. ئۇلار ياقا يۇرتلاردا يېتىم قالغانىدى. تاغىسى ئۇلارغا دادىسىنىڭ يوقلۇقىنى بىلىندۈرمەسلىككە تىرىشقان بولسىمۇ، بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇمۇ ۋاپات بولدى. كىچىككىنە قەلبلىرى ئىككىنچى قېتىم ئازابنىڭ تەمىنى تېتىدى. شۇنداق قىلىپ، ئانىسى ۋە يەڭگىسى بىلەن يالغۇز قالدى. ئۇلار ئارقا- ئارقىدىن يۈز بەرگەن بۇ ئازابلاردىن كېيىن خۇددى ياشاش مۇددىئاسىنى يوقۇتۇپ قويغاندەكلا بولۇپ قالغانىدى. كۆڭلەر ئۆتمەيۋاتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنىگە چاقىرىشى بىلەن خۇددى يېڭىدىن تۇغۇلغاندەكلا بولدى. ھەبەش پادىشاھى ئۇلارنى كېمىلەرگە ئولتۇرغۇزۇپ مەدىنىگە يولغا سېلىپ قويدى. مەدىنىگە يېتىپ كەلگەن چاغدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەيبەرنى پەتھى قىلىش ئالدىدا تۇراتتى.(765)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەبەشىستاندىن كەلگەن بۇ ئالاھىدە مېھمانلارنى مەدىنىدە مۇۋاپىق ئۆيلەرگە ئورۇنلاشتۇردى. ئۇلارنىڭ يىللاردىن بېرى تەشنا بولۇپ كېلىۋاتقان چۈشلىرى رېئاللىققا ئايلىنىپ، پەيغەمبىرىمىز بىلەن بىر

---

(764) ئىبنۇل ئەسىر، ئۇسدۇلغابە، 4710؛ ئىبنى ھەجەر، ئىسابە، 7767.

(765) ئىبنى سەئد، تەباقات، 4/201؛ ئىبنى ھەجەر، ئىسابە، 1541.



由 扫描全能王 扫描创建

شەھەردە، دىنى ئىبادەتلىرىنى ئەركىن قىلالايدىغان بىر مۇھىتتا ياشاشقا باشلىغانىدى. ئۇلار قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۆزئارا ماسلىشىپ كەتتى.

پۈتۈن ساھابىلەرگە ئوخشاش ئۇلارمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشاتتى. ئانىسى فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھەبەشىستاندىن كېلىپ ئىككىنچى كۈنى نامرات ۋە كەمبەغەل بولسىمۇ، پەيغەمبىرىمىزگە بولغان ھۆرمىتىنى ئىپادىلەش ۋە ئۇنى مەمنۇن قىلىش ئۈچۈن، تاماق ئېتىپ ئېلىپ بارماقچى بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوچاققا ئوت يېقىپ، قازاننى ئاستى. تاماق پىشىپ بولغۇچە ئوچاقتىكى ئوتۇن كۆيۈپ بولدى. ئانىسى ئوتۇن ئەكىرىش ئۈچۈن سىرتقا چىقتى. ئۇ چاغدا ئون ياشلاردا بولغان مۇھەممەد ئانىسى ئوتۇن ئەكىرىشكە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئوچاقنىڭ يېنىغا باردى. قانداق قىلدى، قازان ئۆرۈلۈپ كېتىپ قايناق سۇ مۇھەممەدنىڭ ئۈستىگە تۆكۈلدى. كىچىك مۇھەممەد قاتتىق بىر چىرقىرىغاندىن كېيىن ئاغرىقتىن تولغىنىشقا باشلىدى. قولى باشتىن – ئاياق كۆيگەنىدى. فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇھەممەدنىڭ ۋاقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قولىدىكى ئوتۇننى تاشلاپ ئوقتەك ئېتىلغىنىچە ئۆيگە كىرىپ، مۇھەممەدنىڭ يېنىغا باردى. بۇ شەھەرگە يېڭى كەلگەن تۇرسا، نەگە بېرىپ كىمدىن ياردەم تەلەپ قىلسۇن؟ ئوغلىنى كۆتۈرگەن پېتى ئۇدۇل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

– ئى، رەسۇلۇللاھ. ئاتا – ئانام ساڭا پىدا بولسۇن! بۇ سېنىڭ جىيەنىڭ مۇھەممەد ئىبنى خاتىب. ئۇ سېنىڭ ئىسمىڭنى قويغان تۇنجى بالا. ئۈستىگە قايناقسۇ تۆكۈلۈپ كېتىپ قوللىرى كۆيدى. ئۇنىڭغا دۇئا قىلغان بولساڭ؟ – دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇھەممەدنى يېنىغا چاقىرىپ بېشىنى سىلاپ دۇئا قىلغانىدى، قولىدىكى كۆيۈكلەر شۇ ھامان ساقىيىپ كەتتى.(766)

(766) مۇسنەد، 3/418؛ ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 16/75.



由 扫描全能王 扫描创建

كېيىنكى كۈنلەردە مۇھەممەد ئىبنى خاتىبتىن بۇ ۋەقەنى سورىغاندا مۇنداق دېدى: «ئوچاقنىڭ ئۈستىدىكى قازاننىڭ يېنىغا بارغان ئىدىم، قازان قايناۋاتاتتى. قولۇمنى ئىچىگە تىقىشىمغىلا قازان ئۆرۈلۈپ كېتىپ، قولۇم ناھايىتى ئېغىر دەرىجىدە كۆيۈپ كەتتى ۋە شۇ ھامانلا ئىششىدى. ئاغرىققا چىدىماي ۋارقىرىسام، ئانام يۈگۈرۈپ يېنىمغا كەلدى ۋە مېنى كۆتۈرۈپ پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا ئېلىپ باردى. پەيغەمبىرىمىز دۇئا قىلىپ ماڭا سۈيلىدى. بېشىمنى سىلاپ سۆيدى. نېمە دەپ دۇئا قىلغانلىقىنى بىلەلمىدىم. كېيىن ئانامدىن سورىدىم. ئانام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەن ئۈچۈن: ‹ئى ئىنسانلارنىڭ رەببى! كېسەللىكنى كەتكۈزگىن، ئۇنىڭغا شىپالىق ئاتا قىلغىن، سەن شىپالىق بەرگۈچىسەن، سەندىن باشقا شىپالىق بەرگۈچى يوقتۇر.› دەپ دۇئا قىلغانلىقىنى ئېيتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدىن چىققان ۋاقتىمىزدا، قولۇمدا ھېچقانداق ئاغرىق ۋە يارىنىڭ تارتۇقى قالمىغان ئىدى.[767]

مۇھەممەد ئىبنى خاتىبنىڭ ھاياتى ھەققىدە دېگەندەك كۆپ مەلۇمات يوق. ئۇ، ھىجرىيەنىڭ 74 - يىلى ۋاپات بولدى. قېرىندىشى ھارىسمۇ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆردى. ھىجرىيەنىڭ 66 - يىلى ئابدۇللەھ ئىبنى زۇبەير ئۇنى مەككىگە ۋالىي قىلىپ تەيىنلىگەندى.[768]

(767) مۇسنەد، 3/418. تەبەرانى، ئەلمۇئجەمۇل كەبىر، 19/240؛ زەھەبى، سىيەر، 5066؛ شامى، سۇبۇلۇل ھۇدا، 10/22.

(768) ئىبنۇل ئەسىر، ئۇسدۇلغابە، 865.



由 扫描全能王 扫描创建

# مەھمۇد ئىبنى لەبىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

مەھمۇد مەدىنىلىك بولۇپ، ھىجرىيەنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، دادىسى لەبىد ئىبنى رافىئ، ئانىسى مەشھۇر ساھابىلەردىن مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمەنىڭ قىزى ئۇممۇ مەنزۇردۇر.

مەھمۇد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلەرنىڭ مۇھىتىدا، ئۇلارنىڭ تەربىيەسى ئاستىدا چوڭ بولدى. ئاڭلىغان ۋە كۆرگەنلىرىنى ئوبدان ئۆزلەشتۈرۈپ، ياخشى بىر ئىنسان بولۇپ يېتىشىپ چىقتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەتراپىدىن كەتمەيدىغان مەھمۇدنىڭ نۇرغۇنلىغان گۈزەل ئەسلىمىلىرى بار ئىدى. ئۇ بۇ ئەسلىمىلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «سەئىد ئىبنى مۇئاز شېھىت بولغان كۈنى يېرىم كېچىدە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا كېلىپ:

- بۈگۈن ئۆلگەن سالىھ كىشى كىم؟ ئۇ ئۆلگەندە ئاسماننىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلدى، ئەرش تىترىدى، جىنازىسىغا 70 مىڭ پەرىشتە قاتناشتى،- دېدى. رەسۇلۇللاھ جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، سەئىد ئىبنى مۇئازنىڭ ئۆلگەنلىكىنى بىلىپ، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ يېنىغا كېتىۋاتقاندا، ئالدىرىغانلىقتىن ساپما كەشىنىڭ تاسمىلىرى ئۈزۈلۈپ تونى مۈرىسىدىن چۈشۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئالدىراش كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بىزمۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ماڭدۇق. تېز ماڭغاچقا بىزنىڭمۇ كەشلىرىمىز يىرتىلىپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەئىد ئىبنى مۇئازنىڭ ئۆيىگە بارغاندا، يېنىدا ھېچكىم



由 扫描全能王 扫描创建

يوق بولۇپ، ۋاپات بولغىنىغا ئۇزۇن بولمىغانىدى.»(769)

ئۇ يەنە بىر بىر ئەسلىمىسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ مەھەللىگە كېلىپ، مەھەللىدىكى مەسجىدتە جامائەت بىلەن شام نامىزىنى ئوقۇدى. سالام بەرگەندىن كېيىن، شام نامىزىنىڭ سۈننىتى ھەققىدە سۆز ئېچىپ:

- بۇ ئىككى رەكئەتنى ئۆيۈڭلاردا ئوقۇڭلار!- دېدى.

مەھمۇد ئىبنى لەبىب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن تۆيلەنگەن بولۇپ، ھۇدەير، ئۇمارە، ئۇممۇ گۈلسۇم، شەيبە، ئۇممۇ لەبىب ئىسىملىك بەش بالىسى بولدى.(770)

مەھمۇد ئىبنى لەبىد ئالىم ساھابىلەردىن ھېسابلىنىدىغان بولۇپ، نۇرغۇن ھەدىس رىۋايەت قىلغان. بۇلاردىن بىرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ بىر قۇلىنى ياخشى كۆرسە، خۇددى سىلەرنىڭ سالامەتلىكىدىن ئەندىشە قىلغان كېسەلنى تاماق ۋە سۇدىن توسقىنىڭلارغا ئوخشاش ئۇنى دۇنياغا بېرىلىپ كېتىشتىن ساقلايدۇ.»(771)

مەھمۇد ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە باشقا ساھابىلەرنىڭ يېقىن ئەتراپىدا يۈرۈپ، ئۇلاردىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگەندى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شامغا بارغاندا، ئۇممۇ شامدا ئىدى. ئۇ ۋاقىتتا ناھايىتى خەتەرلىك بىر يۇقۇملۇق كېسەل تارقىلىۋاتاتتى. خەلقنىڭ ھالى خاراب ئىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا:

- كېسەلگە پالانى شاراب پايدا قىلىدۇ،- دېيىشتى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئورنىغا كېسەللەرگە ھەسەل ئىچكۈزۈڭلار،- دېدى، ئۇلار:

(769) ئىبنى ھەجەر، ئىسابە، 7823؛ زەھەبى، سىيەر، 6055؛ ئىبنى ھىشام، سۇبۇل، 10/379.
(770) تىرمىزى، تىب، 1؛ ئۇسنەد، 5/427. ئىبنى سەئىد، تەباقات، 5/77.
(771) ئىبنى ئابدىلبەر، ئىستىئاب، 1379؛ ئىبنۇل ئەسىر، ئۇسدۇلغابە، 4773.

- ھەسەل ساقايتالمايدۇ،- دېيىشتى. بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان بىر ئادەم ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا:

- ئەگەر خالىسىڭىز مەست قىلمايدىغان، ئەمما كېسەلنى ساقايتالايدىغان بىر دورا ياساپ بېرەلەيمەن،- دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- بولىدۇ،- دېدى. ئۇ كىشى دورىنى ياساپ بەردى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دورىنى تەكشۈرگەندىن كېيىن، بىمارلارنىڭ ئىچىشىگە رۇخسەت قىلدى.[772] ساھابىلەرنىڭ كاتتا ئالىملىرىدىن ھېسابلىنىدىغان ئۇبەيد ئىبنى كەئبدىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگەندى، ئۇنىڭدىن كۆپلىگەن ھەدىسلەرنى رىۋايەت قىلدى.[773] ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن مەھمۇد ھىجرىيەنىڭ 96 - يىلى ۋاپات بولدى.

(772) مۇۋەتتا، ئەشرىبە، 14.

(773) مۇۋەتتا، تاھارەت، 74.



由 扫描全能王 扫描创建

# مەھمۇد ئىبنى رەبىيئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

مەھمۇد مەدىنىلىك بولۇپ، رەبىيئ ئىبنى سۇراقە بىلەن جەملە بىنتى ئەبۇ ساسەنىڭ ئوغلىدۇر. ئۇلارنىڭ ئۆيى مەدىنە شەھەر مەركىزىدىن 5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان قۇبا دېگەن يەردە ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجرەت قىلىپ كېلىپ خېلى مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن دۇنياغا كەلگەن مەھمۇد، كىچىك ياشتا بولسىمۇ پەيغەمبىرىمىزنى كۆرۈش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولدى. دادىسى ھىجرىيەنىڭ 5 - يىلى تۇغۇلغان مەھمۇدنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئېلىپ باردى. پەيغەمبىرىمىز ئۇنى سۆيۈپ، بېشىنى سىلاپ قويدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پات - پات قۇباغا بېرىپ، ئۇ يەردىكى مۇسۇلمانلارنى يوقلايتتى. ئۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇلارنىڭ ئۆيىگە زىيارەتكە كەلدى. مەھمۇد ئىبنى رەبىيئ يىللار بويىچە ئېسىدىن چىقمىغان شۇ گۈزەل لەھزىلەرنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ ئۆيگە كەلگەنىدى. ئۇ چاغدا مەن بەش ياشتا ئىدىم. باغچىمىزدا بىر قۇدۇق بار ئىدى. پەيغەمبىرىمىز قۇدۇقنىڭ يېنىغا بېرىپ بىر ئاز تۇرغاندىن كېيىن، چېلەك بىلەن قۇدۇقتىن سۇ تارتتى. ئاندىن تارتقان سۇدىن يۈزۈمگە چېچىپ چاقچاق قىلدى.»[774]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن مەدىنىدە تۇرۇپ قالغان مەھمۇد، ئىستانبۇلنىڭ مۇھاسىرىگە ئېلىنىشى قاتارلىق نۇرغۇن غازاتلارغا قاتناشتى. ھىجرىيەنىڭ 97 - يىلى 93 يېشىدا ۋاپات بولدى.[775]

(774) بۇخارى، ئىلىم، 77؛ ئىبنى ماجە، مەساجىد، 8؛ ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 24/7120.

(775) ئىبنى ئابدۇلبەررى، ئىستىيئاب، 3/1378؛ زەھەبى، سىيەر، 6036؛ ئىبنى ھەجەر، ئىسابە، 7820.



由 扫描全能王 扫描创建

# مۇجەممىئ ۋە زەيد ئىبنى جارىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم

مۇجەممىئ ۋە زەيدتىن ئىبارەت مەدىنىلىك بۇ ئىككى ئاكا - ئۇكا ئەۋس قەبىلىسىدىن بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلەر مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەلگەندىن كېيىن دادىسى بىلەن بىرلىكتە مۇسۇلمان بولدى. پەيغەمبىرىمىز ھىجرەت قىلغان چاغدا زەيد توققۇز ياشتا، ئاكىسى مۇجەممىئ ئۇنىڭدىن بىر ئاز چوڭ ئىدى. بالىلىرى سەممىي يۈسۇندا مۇسۇلمان بولغان بولسىمۇ، دادىسى جارىيە ئىبنى ئامىر ئېغىزىدىلا مۇسۇلمان بولۇپ، چىن قەلبىدىن «ئىمان ئېيتتىم» دېيەلمىگەنىدى. جارىيە بۇ ئەھۋالنى ھەتتا بالىلىرىدىنمۇ يوشۇرغان بولۇپ، خېلى يىللارغىچە شۈبھە پاتقىقىدا تېپىرلاپ يۈردى.

ئىككى ئاكا - ئۇكا ناھايىتى ئىشتىياق بىلەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىدىن ئايرىلماي، ئىسلامنى ئۆگىنىپ قۇرئان ئەخلاقى بىلەن بېزەندى. بىر كۈنى زەيد ئىبنى جارىيە پەيغەمبىرىمىزدىن:

- ئى، رەسۇلۇللاھ! سىزگە قانداق سالام بېرىشنى ئۆگەندۇق، بۇنىڭدىن كېيىن سىزگە شۇ شەكىلدە سالام بېرىمىز. لېكىن سىزگە قانداق سالات ئېيتىمىز؟- دەپ سورىدى. پەيغەمبىرىمىز:

- ئاللاھۇممە بارىك ئەلا مۇھەممەد ۋە ئالا ئالى مۇھەممەد. كەما بارەكتە ئەلا ئىبراھىمە ۋە ئالا ئالى ئىبراھىمە ئىننەكە ھەمىيدۇن مەجىد.- دەپ سالات ئېيتىڭلار!- دېدى.(776)

مۇجەممىئ ناھايىتى زېرەك، غەيرەتلىك ۋە ئۆگىنىشكە ھېرىسمەن بىر

(776) ئىبنى ئابدىلبەر، ئىستىئاب، 2/541؛ ئىبنى ھەجەر، ئىسابە، 2884.



由 扫描全能王 扫描创建

بالا ئىدى. دائىم پەيغەمبىرىمىز ۋە ساھابىلەرنىڭ يېنىغا بېرىپ، ناھايىتى ئىشتىياق بىلەن ئۇلاردىن قۇرئان ئۆگىنىشكە تىرىشاتتى. مۇجەممىئنىڭ بۇ غەيرىتى مېۋە بېرىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندا، ئىككى سۈرىنى ھېساپقا ئالمىغاندا پۈتۈن سۈرىلەرنى يادلاپ بولغانىدى.(777)

مۇسۇلمانلار ئۇھۇد ئۇرۇشىغا بارىدىغان چاغدا، بۇ ئىككى قېرىنداش ئەڭ ئالدىنقى سەپتە قوشۇنغا قېتىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىدىن چىققاندىن كېيىن، قوشۇننى كۆزدىن كەچۈرۈپ يېشى كىچىكلەرنى مەدىنىگە قايتۇرۇۋەتتى. بۇلارنىڭ بىرى زەيد ئىبنى جارىيە ئىدى. جىھاد ئىشقىدا ئوت بولۇپ يانغان كىچىك زەيد، كۆڭلى ئىنتايىن يېرىم بولغان ھالدا، بېشىنى ساڭگىلىتىپ يىغلىغان پېتى مەدىنىگە قايتىپ كەلدى.(778)

تۇنجى قېتىم خەيبەر ئۇرۇشىغا قاتناشتى. بۇ يەردە ئاللاھ ئۇچۈن جېنىنى پىدا قىلىشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ناھايىتى ياخشى ئۆگەندى. ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغىمۇ خەيبەر غەنىيمەتلىرىدىن پېيىغا چۈشكەن نېسىۋىسىنى بەردى.(779)

بۇ ئىككى ئاكا - ئۇكىلارنىڭ دادىسىنىڭ قەلبىدىكى مۇناپىقلىقتىن خەۋىرى بولمىغاچقا، ئۇنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كېتىشتىن قۇتۇلالمىدى. دادىسىنىڭ ئالدام خالتىسىغا تۇنجى بولۇپ مۇجەممىئ چۈشتى. ئىسلام قوشۇنى تەبۇكتىن مەدىنىگە قايتىپ كېلىۋاتقاندا، جارىيەنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئون ئىككى كىشىلىك بىر تۈركۈم مۇناپىق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سۇيىقەست قىلماقچى بولدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تار ۋە ئېگىز بىر يولدا قىستاپ پەسكە ئىتتىرىۋەتمەكچى بولۇشتى. مۇجەممىئ ئىبنى جارىيەمۇ خەۋەرسىز ھالدا دادىسى بىلەن بۇ گۇرۇپپىغا قاتناشقانىدى.(780)

(777) ئىبنۇل ئەسىر، ئۇسدۇلغابە، 4673.
(778) ئىبنى ئابدىلبەر، ئىستىئاب، 2/541؛ ئىبنى ھەجەر، ئىسابە، 2884.
(779) ئىبنۇل ئەسىر، ئۇسدۇلغابە، 4673.
(780) شامى، سۇبۇلۇل ھۇدا، 10/262.



由 扫描全能王 扫描创建

بۇ ئاكا – ئۇكىلارنىڭ مۇناپىقلارنىڭ تۇزىقىغا چۈشۈپ كەتكەن يەنە بىر ۋەقەسى دىرار مەسجىدى (زىيانلىق مەسچىت) ۋەقەسىدۇر. مەدىنىلىك مۇناپىقلارنىڭ رەئىسلىرىدىن بىرى بولغان ئەبۇ ئامىر بىر كۈنى مۇناپىقلارنى ئەتراپىغا توپلاپ:

- بىزمۇ ئامىر ئىبنى ئەۋف ئوغۇللىرىغا ئوخشاش بىر مەسجىد سالايلى، ئۇ يەردە ئىبادەت قىلىشنىڭ ئورنىغا يوشۇرۇنچە ئۆزىمىزگە قورال - ياراغ ۋە كۈچ توپلايلى. مەن ۋىزانتىيە ئىمپېراتورىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن ياردەم تەلەپ قىلاي، ئۇلارنىڭ قوللىشى بىلەن مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىنى بۇ يەردىن قوغلاپ چىقىرىمىز.- دەپ پىلانىنى چۈشەندۈردى.

بىنا قىلغان مەسچىتنى نىفاق ئۇۋىلىرىنىڭ مەركىزى قىلىپ ئىشلەتتى. زەيد ۋە مۇجەممىئمۇ نۇرغۇنلىغان مۇسۇلمانلارغا ئوخشاشلا ساددا ۋە پاك - پاكىز تۇيغۇلىرى بىلەن مەسجىدنىڭ بىنا قىلىنىشىغا ياردەملەشتى. مەسجىد پۈتكەندىن كېيىن، قۇرئان كەرىمنى ناھايىتى ياخشى ئوقۇيدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن، مۇجەممىئنى بىر مەزگىل مەسجىدنىڭ ئىمامى قىلدى. ئۇ بىلمەستىن مۇناپىقلارغا ئىمام بولۇپ بېرىشكە باشلىدى.

بۇ ۋاقىتتا ئەبۇ ئامىر ياردەم تەلەپ قىلىش ئۈچۈن ۋىزانتىيە ئىمپېراتورىنىڭ يېنىغا كەتتى. مەدىنىدە قالغان مۇناپىقلار بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتسە، يەنە بىر تەرەپتىن مەسچىتنىڭ نامىنى چىقىرىش ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەسجىدكە كېلىپ ناماز ئوقۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئۇ پەيتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەبۇكقا بېرىشقا تەييارلىنىۋاتاتتى. ئاللاھ، ئەھۋالنى پەيغەمبىرىمىزگە بىلدۈرۈپ خەۋەردار قىلغاندىن كېيىن، مۇناپىقلارنىڭ پۈتۈن پىلانى سۇغا چىلاشتى...[781]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇپ، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىگە كەلگەندە، يېقىنلىرى خەلىپىنىڭ يېنىغا بېرىپ،

(781) شامى، 5/471.



由 扫描全能王 扫描创建

مۇجەممىئنىڭ مەھەللىسىدىكى مەسجىدكە ئىمام بولۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- ياق، قەتئىي بولمايدۇ. بىر چاغلاردا مەسجىدى دىراردا مۇناپىقلارغا ئىماملىق قىلغان سەن ئەمەسمۇ؟- دەپ قارشى چىقتى. بۇ سۆزلەردىن رەنجىگەن مۇجەممىئ:

- يىگانە ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىدىن خەۋىرىم يوق ئىدى،- دەپ ئۆزرىنى ئاقلىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ، ئىماملىق قىلىشىغا رۇخسەت قىلدى.(782)

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كېيىنچە مۇجەممىئنى قۇرئان ئۆگىتىش ئۈچۈن كۇفەگە ئەۋەتتى. ئۇ يەردە كۇفەلىكلەرگە قۇرئان ئۆگەتكەندىن باشقا يەنە ساھابىلەرنىڭ چوڭ ئالىملىرىدىن ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدقا يادلىمىغان سۈرىلىرىنى ئۆگەتتى.(783)

مادىكەرىبە بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدنىڭ يېنىغا بېرىپ:

- ماڭا تا سىن مىم (قەسەس) سۈرىسىنى ئۆگىتىپ قويامسەن؟- دەپ سورىدىم. ئۇ:

- مەن ئوقۇيالمايمەن، مۇجەممىئ ئىبنى جارىيەنىڭ يېنىغا بارغىن، ئۇ ئۆگىتىپ قويسۇن،- دېدى.(784)

زەيد ئىبنى جارىيە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەردىن بۇرۇن ۋاپات بولدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ئۇنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، ناھايىتى قايغۇردى ۋە ئۇنىڭغا ئاللاھتىن رەھمەت تىلىدى. سىففىن ئۇرۇشىدا ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قوشۇنىغا قاتناشقان زەيد ئىبنى جارىيەنىڭ قاچان ۋاپات بولغانلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق.(785)

(782) ئىبنى ھىشام، سىيرە، 1 – 2 /522؛ ئىبنى ھەجەر، ئىسابە، 7735.
(783) ئىبنى ھەجەر، 7735؛ شامى، سۇبۇلۇل ھۇدا. 11/232.
(784) مەقرىزى، ئىمتائۇل ئەسمائ، 4/288.
(785) ئىبنى ھەجەر، ئىسابە، 1826.



由 扫描全能王 扫描创建

# سەئىد ئىبنى بۇجەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

مەدىنىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان سەئىد ھەبتە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىلەن بۇجەير ئىبنى مۇئاۋىيىنىڭ ئوغلىدۇر. بۇ ئائىلە مەدىنىدە ئىسلام تارقىلىشقا باشلىغان دەسلەپكى كۈنلەردە مۇسۇلمان بولۇپ، دۇنيا ئاخىرەتلىك سائادەتكە ئېرىشكەنىدى.

ئىمام ئەزەمنىڭ ئۇقۇغۇچىسى ئىمام ئەبۇ يۇسۇفنىڭ چوڭ دادىسى[786] بولغان سەئىد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان ۋاقىتتا ئون ياشلاردا ئىدى.

ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن تەڭ ياشتىكى دوستلىرى بىلەن بىرلىكتە، مۇبارەك مېھماننى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن بارغان كۈندىكىدەك مەنىلىك بىر ئەسلىمىسى يوق ئىدى. ئۇ كۈن سەئىد ئۈچۈن بايرام كۈنىدەك ئۆتكەن بولۇپ، قەتئىي ئۇنتۇمىدى.

ئانىسى ھەبتە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ناھايىتى تىرىشچان ئايال ئىدى. بۇ سەۋەبتىن سەئىد كۆپ ھاللاردا ئانىسىنىڭ ئىسمى بىلەن ئەسكە ئېلىندى.

پەيغەمبىرىمىز مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندا، ئانىسى سەئىدنىڭ قولىنى تۇتۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئېلىپ باردىغانلىقىنى ئېيتقاندا، خۇشاللىقتىن پەرۋاز قىلىپ ئۇچقۇدەك بولۇپ كەتكەنىدى.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھوزۇرى سائادىتىگە بارغاندا، سەئىدنىڭ بېشىنى سىلاپ سۆيدى. ئۇنىڭغا دۇئا قىلىپ، بەرىكەتلىك ھايات كەچۈرۈشىنى تىلىدى.[787]

---

(786) ئىبنى ئابدىلبەر، ئىستىئاب. 2/585؛ ئىبنى سەئىد. تەباقات. 6/52.

(787) ئىبنۇل ئەسىر، ئۇسدۇلغابە. 1970.



由 扫描全能王 扫描创建

## قەھرىمان ياش

سەئىد ساھابىلەرنىڭ ئۇھۇد ئۇرۇشىغا بېرىشقا تەييارلىنىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ تولىمۇ ھاياجانلاندى ۋە تەييارلىق قىلىپ قوشۇنغا قېتىلدى. پەيغەمبىرىمىز شەيخەين دېگەن يەرگە كەلگەندە، قوشۇننى تەكشۈرۈپ ساھابىلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، سەئىدكە ئوخشاش يېشى كىچىك باللارنى قايتۇرۇۋەتتى. كۆڭلى ناھايىتى يېرىم ھالدا ئۆيگە قايتىپ كەلگەن سەئىدنىڭ پۈتۈن خىيالى ئۇھۇدتا قالغانىدى. ئۇ يەردە نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئويلاپ، چىن قەلبىدىن مۇسۇلمانلارنىڭ غەلىبە قىلىشى ئۈچۈن دۇئا قىلاتتى.

ئۇ مۇشۇنداق خىياللار بىلەن تولغىنىۋاتقاندا، مەدىنىدىكى بارلىق مۇسۇلمانلارنى چوڭقۇر قايغۇغا سالىدىغان ئېچىنىشلىق بىر خەۋەر تارقالدى. مۇشرىكلار تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغان بولغاچقا، مۇسۇلمانلار ھەر تەرەپكە تارقىلىپ كەتكەنىدى. ھەتتا ‹پەيغەمبىرىمىز شېھىت بولدى› دېگەن سۆز - چۆچەكلەرمۇ بولۇۋاتاتتى.

كىچىك سەئىد ئەقلىدىن ئېزىپ قالغۇدەكلا بولۇپ كەتتى. قىلىچىنى چىقىرىپ، ئۇھۇد مەيدانىغا قاراپ يۈگۈرۈشكە باشلىدى. ئۇ ئۇھۇدقا يېتىپ بارغان چاغدا ئۇرۇش تېخىچە داۋاملىشىۋاتاتتى. مۇسۇلمانلار توپلىنىپ ئۆزىنى قوغداشقا ئۆتكەنىدى. مۇشرىكلار داۋاملىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇرغان يەرگە قاراپ ئىلگىرىلەيتتى، ساھابىلەر ئۇلارنى توختىتىشقا ۋە پەيغەمبىرىمىزنى قوغداشقا تىرىشىۋاتاتتى. بۇلاردىن بىرى چوڭ قەھرىمانلاردىن ئەبۇ قەتابە ئىدى. ئۇ بىر ئاز تىنچلانغاندىن كېيىن، تۇنجى بولۇپ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەھۋالى ئەقلىگە كەلدى. ئۇچقاندەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا باردى. ئۇھۇدقا بېرىپ ئەبۇ قەتابەنى كۆرگەن سەئىد، قىلىچىنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا ياردەملەشتى.

ئەبۇ قەتابە بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبىرىمىزنى ئىزدەشكە باشلىدىم. مۇشرىكلار پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەتراپىنى قورشىۋالغان يەرگە

يېتىپ بېرىپ، ئۇلاردىن بىرىگە شىددەت بىلەن زەربە ئۇردۇم. ئادەم دەلدەڭشىپ كەتتى. ئارقامدىن كەلگەن سەئىد ئىبنى بۇجەير ئىككىنچى زەربە بىلەن ئۇنى يەرگە چاپلىۋەتتى.»(788)

سەئىد ئۇھۇدتىن كېيىن خەندەك ئۇرۇشىغا قاتناشتى. ناھايىتى چىدامچانلىق بىلەن ئۇدا بىر قانچە كۈن خەندەك كولىدى. خەندەك كولاش ئىشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، دەرھال قوراللىنىپ قوشۇنغا قېتىلدى. ئۇ تېخى ئون بەش ياشقا كىرمىگەن بولسىمۇ، قەھرىمانلارچە ئۇرۇش قىلاتتى. ئۇنىڭ بۇ ئەھۋالى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆزىدىن قاچمىدى. پەيغەمبىرىمىز سەئىدنى يېنىغا چاقىرىپ، ئۇنىڭدىن:

- ئى، ياش! سەن كىم بولىسەن؟- دەپ سورىدى. ئۇ:

- مەن سەئىد ئىبنى بۇجەير،- دېدى. پەيغەمبىرىمىز:

- ئاللاھ مەغپىرەت قىلسۇن! قېنى يېنىمغا كەلگىن،- دېدى. سەئىد بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ناھايىتى سۆيۈنگەن ۋە ھاياجانلانغان ھالدا، پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا كەلدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ، مېھرىنى ئىپادىلىدى.(789)

سەئىد باشقا ئۇرۇشلارغىمۇ دائىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە قاتناشتى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن كۇفەگە يەرلەشتى. ئۇنىڭ ھۇنەيس ئىسىملىك بىر ئوغلى بولغان ئىدى. ماتېرىياللاردا سەئىدنىڭ قاچان، قەيەردە ۋاپات بولغانلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق. ئەمما جىنازا نامىزىنى بالا ساھابىلەردىن زەيد ئىبنى ئەرقەمنىڭ ئوقۇغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. بۇ مەلۇمات ئۇنىڭ زەيد ئىبنى ئەرقەمدىن بۇرۇن ۋاپات بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.(790)

(788) ئىبنى ئابدىلبەر، ئىستىئاب، 2/584؛ ئىبنى ھەجەر، ئىسابە، 3131.
(789) ئىبنى ئابدىلبەر، ئىستىئاب، 2/584؛ ئىبنى ئەسىر، ئۇسدۇل غابە، 1970.
(790) ئىبنى سەئىد، تەباقات، 6/52.

# سائىب ئىبنى يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

سائىب ئىبنى يەزىد ھىجرىيەنىڭ ئىككىنچى يالى ئۈچىنچى يىلى مەدىنىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ئىسلامنىڭ ھۇزۇر بەخش ئەتكۈچى مەنىۋى ھاۋاسىدا چوڭ بولدى. دادىسى يەزىد ئىبنى سەئىد ئۇنىڭغا ناھايىتى كۆيۈنەتتى، ئۇنى دائىم مەسجىدى نەبەۋىگە ئېلىپ باراتتى. سائىب ناھايىتى زېرەك بولۇش بىلەن بىرگە ئىنتايىن ھوشيار بىر كۆزەتكۈچى ئىدى. دادىسى بىلەن نامازغا بارغاندا، ئەتراپىدا بولۇۋاتقان ئىشلارنى دىققەت بىلەن كۆزىتىپ، پىكىر يۈرگۈزۈپ ئۆگەنگەن نەرسىلىرى بىلەن زامان، ماكان ۋە ئىنسانلار ئارىسىدا مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا تىرىشتى.

سائىب ئىبنى يەزىد بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەقەت بىرلا مۇئەززىنى بار ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقىسى ئەزان ئوقۇمايتتى. جۈمە كۈنلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنبەردە ئولتۇرغاندا، مۇئەززىن مەسجىدنىڭ ئىشىكىدە ئەزان ئوقۇيتتى. خۇتبىسىنى تۈگىتىپ مۇنبەردىن چۈشكەندىن كېيىن قامەت توۋلايتتى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرلىرىدىمۇ بۇ شەكىلدە ئەزان ئوقۇلدى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەۋرىدە شەھەردە ئادەم كۆپىيىپ كەتكەنلىكتىن خۇتبىنى باشلاشتىن بۇرۇن مۇئەززىنگە بازاردىكى زەۋرا دېگەن يەرگە بېرىپ ئەزان ئوقۇشنى ئېيتاتتى. بۇ ئەزان ئوقۇلغاندىن كېيىن خەلق نامازنىڭ باشلىنىش ئالدىدا ئىكەنلىكىنى بىلەتتى.»[791]

(791) مۇسنەد، 3/449؛ تەبەرانى، ئەلمۇئجەمۇل كەبىر، 7/173.



由 扫描全能王 扫描创建

سائىب يەنە بىر كۈنى نامازغا مۇناسىۋەتلىك بىر سوئالغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى: «بۇرۇن ناماز ئىككى رەكەت قىلىپ پەرز قىلىنغانىدى. كېيىن كۆپەيتىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن سەپەردە قانداق ناماز ئوقۇش كېرەكلىكى ھەققىدە چۈشەنچە بېرىلدى.»[792]

ئۇ مەسجىدكە بېرىپ - كېلىش جەريانىدا نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنىپ، بىلىملىك ۋە سەممىي بىر مۇسۇلمان بولۇپ چوڭ بولۇۋاتاتتى.

سائىب ئىبنى يەزىد بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر قېتىم مەسجىدى نەبەۋىدە ناماز ئوقۇۋاتاتتۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازدا تۇرۇپ ئارقىسىدىكى بىرىنىڭ شېغىل تاشلار بىلەن ئويناپ ئولتۇرغانلىقىنى بايقاپ قالدى. ناماز تۈگىگەندىن كېيىن:

- شېغىل تاشلارنى ئويناپ ئولتۇرغان كىم؟- دەپ سورىدى. بىر ئادەم:

- ئى، رەسۇلۇللاھ! ئۇ مەن،- دېدى. پەيغەمبىرىمىز:

- ئوقۇغان نامىزىڭدىن ئالغان نېسىۋەڭ، مانا مۇشۇنچىلىك،- دېدى.»[793]

## ئەسرى سائادەتكە دائىر بەزى ئەسلىمىلەر

كىچىك سائىب ھەردائىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەتراپىدا ۋاقىت كەچۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرەتتى ۋە شۇنداق چاغلاردا نۇرغۇن گۈزەل ئىشلارغا شاھىت بولاتتى. ئۇ، بۇ ئەسلىمىلىرىدىن بىر قانچىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرىسى ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى سۆيۈپ قويغانلىقىنى كۆرگەن ئەقرەئ ئىبنى ھابىس:

- مېنىڭ ئون بالام بار. ئەمما ھازىرغىچە ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى بىرەر قېتىممۇ سۆيۈپ باقمىدىم،- دېگەنىدى، پەيغەمبىرىمىز:

- مەرھەمەت قىلمىغان كىشى مەرھەمەتكە ئېرىشەلمەيدۇ،-دېدى.»[794]

(792) تەبەرانى، 7/185.
(793) تەبەرانى، ئەلمۇئجەمۇل كەبىر، 7/189.
(794) تەبەرانى، 7/191.



由 扫描全能王 扫描创建

يېشى كىچىك بولغاچقا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگە خاتىرجەم ھالدا بېرىپ، ئۇ ئۆيدە يۈز بەرگەن ئىشلارغا شاھىت بولاتتى. بىر كۈنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىدا تۇرۇۋاتقان چېغىدا ئۇنىڭ يېنىغا بىر ئايال كەلدى. پەيغەمبىرىمىز ئايالدىن:

- ئى، ئائىشە! ئۇ ئايالنى تونۇمسەن؟- دەپ سورىدى. ئايالى:

- ياق تونۇمايمەن، ئى، رەسۇلۇللاھ!- دېدى. پەيغەمبىرىمىز:

- بۇ پالانى قەبىلىنىڭ ناخشىچىسى، خالىساڭ ساڭا ناخشا ئېيتىپ بەرسۇن،- دېدى.

ئايال ناخشا ئېيتتى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا تىڭشىدى.[795]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناخشا ئېيتىشقا رۇخسەت قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ناخشىنىڭ تېكىستىدە ئىسلام، ئىمان ۋە ئەخلاققا زىت بىرەر سۆز بولسا، ھەتتا ئەدەپ - قائىدىگە مۇناسىۋەتلىك بىرەر خاتالىق بولسىمۇ ياقتۇرماي دەرھال تۈزىتىپ بېرەتتى. توي بولۇۋاتقان بىر ئۆينىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئاياللارنىڭ: «سىلەرگە كەلدۇق، سىلەرگە كەلدۇق. بىزگە سالام بەرسەڭلار، بىزمۇ سىلەرگە سالام بېرىمىز...» دەپ ناخشا ئېيتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى ۋە دەرھال مۇداخىلە قىلىپ تۈزەتتى. ساھابىلەردىن بىرى:

- ئى، رەسۇلۇللاھ! كىشىلەرنىڭ بۇنداق ناخشا ئېيتىشىغا رۇخسەت قىلامسىز؟- دەپ سورىدى. پەيغەمبىرىمىز:

- شۇنداق، بۇ دېگەن توي مۇراسىمى، زىنا ئەمەس. نىكاھ بولغاندا ئۆلارنى تەبرىكلەڭلار!- دېدى.[796]

## پەيغەمبىرىمىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك بالىلىق ئەسلىمىلىرى

بىر قېتىم سائىب كېسەل بولۇپ قالغانىدى. ئۇ مەزگىللەردە دوختۇر ناھايىتى ئاز ئىدى. ھاممىسى خېلى ئۇزۇنغىچە نېمە قىلىشنى بىلەلمەي،

(795) مۇسنەد، 3/449.

(796) مۇسنەد، 3/391؛ تەبەرانى، مۇئجەم، 7/181؛ شامى، سۇبۇلۇل ھۇدا، 9/52.



由 扫描全能王 扫描创建

ئاخىرى كىچىك سائىبنى قۇچىقىغا ئېلىپ ساقىيىشىغا دۇئا قىلىشى ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئېلىپ باردى. سائىب ئۇ بەختلىك مىنۇتلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «كېسەل بولۇپ قالغان چېغىمدا ھاممام مېنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا ئېلىپ باردى. ئىچكىرىگە كىرگەن چېغىمىزدا، ئالدىدا چوڭقۇر بىر تەخسە بار ئىدى. تەخسىنىڭ ئىچىدە نان ۋە قورۇتۇلغان گۆش بار ئىدى. تامىقىنى يەپ بولغاندىن كېيىن، تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن سۇ بار قۇتىنىڭ يېنىغا ماڭدى. بىزمۇ دەرھال ئورنىمىزدىن چاچراپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن يېنىغا باردۇق. بىرىمىز قولىغا سۇ قۇيۇپ بەردۇق، بىرىمىز پۇتىغا سۇ قويۇپ بەردۇق. تاھارەت ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، ھاممام:

- ئى، رەسۇلۇللاھ! قىز قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى كېسەل بولۇپ قالغانتى، - دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى يېنىغا چاقىرىپ، سۆيۈپ قويغاندىن كېيىن قولى بىلەن بېشىمنىڭ ئالدى تەرىپىنى سىلىدى. مەن تاھارەت ئېلىپ ئېشىپ قالغان سۇنى ئىچتىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا يېقىنلاشقاندا، قۇرئان ئوقۇپ ماڭا سۈپكۈشلىدى. ئاندىن فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇدى. ئورنۇمدىن تۇرۇپ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئارقىسىغا ئۆتتۈم. مۈرىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قۇش تۇخۇمىچىلىك بىر مەڭ بار ئىدى.»[797]

ئىكرىمە ئىبنى ئەممار سائىبقا مۇناسىۋەتلىك بىر ئەسلىمىسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «سائىب ئىبنى يەزىدنىڭ چېچىنىڭ ئالدى تەرىپى پەقەت ئاقارمىغان بولۇپ قاپقارا تۇراتتى. ئارقا تەرەپلىرى ۋە ساقىلى بولسا ئاپئاق ئىدى. ئۇنىڭدىن:

- ئۇستازىم! ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ھازىرغىچە چېچى سېنىڭكىدەك بىرىنى كۆرۈپ باقمىدىم. بىر تەرىپى ئاپئاق، بىر تەرىپى قاپقارا، - دەپ سورىدىم. ئۇ:

(797) بۇخارى، ۋۇزۇ، 40؛ مۇسلىم، فەدائىل، 111؛ تىرمىزى، مەناقىب، 11؛ ئىبنى ھەجەر، ئىسابە، 3078؛ ئىبنى ئابدىلبەر، ئىستىئاب، 2/577.



由 扫描全能王 扫描创建

- نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق ئىكەنلىكىنى ساڭا ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ بىر كۈنى باللار بىلەن بىرلىكتە ئويۇن ئويناۋاتاتتۇق. پەيغەمبىرىمىز يېنىمىزدىن ئۆتتى. دەرھال يېنىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ سالام بەردىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئىسمىڭ نېمە؟- دەپ سورىدى. مەن:

- نەمىر ئىبنى قاسىتنىڭ جىيەنى سائىب ئىبنى يەزىد،- دېدىم. پەيغەمبىرىمىز بېشىمنى سىلاپ، سۆيۈپ قويۇپ:

- ئاللاھ سېنى مۇبارەك قىلسۇن!- دەپ دۇئا قىلدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ قولى تەگكەن يەر ئاقارمىدى.

سائىب ئىبنى يەزىد ۋاپات بولغاندا 94 ياشقا كىرگەن بولۇپ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ دۇئاسىنىڭ بەرىكىتى بىلەن يۈزىدە پەقەت قورۇق يوق ئىدى. ۋاپات بولۇشىغا يېقىن نېمە ئۈچۈن بۇنداق ساغلام تۇرغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى سورىغاندا:

- كۆزلىرىم ۋە قۇلاقلىرىمنىڭ بۇنداق ساغلام بولۇشىنىڭ سەۋەبىنىڭ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ دۇئاسى ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلىمەن،- دەپ جاۋاب بەرگەندى.[798]

بىزگە ئوخشاشلا ساھابىلەر بىلەن دەۋرداش ياشىغانلارمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەسلىمىلەرنى بىلىشنى ئارزۇ قىلاتتى. پۇرسەت تاپقان ھامان ئۇچرىشىپ قالغان ساھابىلەردىن سورايتتى.

يەھيا ئىبنى تەلھە بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «تاغام ئىسا ئىبنى تەلھە بىلەن مەسچىتتە ئولتۇراتتۇق. تاغام سائىب ئىبنى يەزىدنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ماڭا:

- ئاۋۇ ياشانغان كىشىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن ‹تاغام سەندىن

(798) تەبەرانى، ئەلمۇئجەمۇل كەبىر، 7/290؛ بەيھەقى، دەلائىلۇن نۇبۇۋۋە، 6/209.



由 扫描全能王 扫描创建

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرگەنمىدىڭ؟، دەپ سورىۋاتىدۇ، دېگىن.-دېدى.

ياشانغان ئادەمنىڭ يېنىغا بېرىپ، تاغامنىڭ ئېيتقىنى بويىچە سورىدىم.

- شۇنداق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆردۈم. بىر كۈنى بىر قانچە دوستلىرىم بىلەن ئۇنىڭ يېنىغا باردۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر قانچە ساھابە بىلەن خورما يەۋاتاتتى. بىزنى كۆرۈپ يېنىغا چاقىردى. قولتىنىڭ ئىچىدىكى خورمىلاردىن سىقىمداپ بىزگە ئېلىپ بەردى. بېشىمىزنى سىلاپ، سۆيۈپ قويدى،- دەپ سۆزلەپ بەردى.»(799)

سائىب ئىبنى يەزىدنىڭ پەقەتلا ئىسىدىن چىقىپ كەتمىگەن ئەسلىمىسىدىن بىرى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۈتۈۋېلىشقا بارغان كۈنى ئىدى.

سائىب ئىبنى يەزىد بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ناھايىتى ئىسسىق كۈنلەرنىڭ بىرىدە مىكبىر مۇشەققەتتە تەبۇكقا كەتكەن ئىسلام قوشۇنىنىڭ مەدىنىگە كېلىش ئالدىدا ئىكەنلىكىنى ئاڭلىدۇق. باللار بىلەن بىرلىكتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ۋەدا تۆپىلىكىگە باردۇق. ئۇ يەردە ناھايىتى ھاياجانلانغان ھالدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قارشى ئالدۇق.»(800)

## كىچىك ھاجى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە ۋىدا ھەجگە بارغاندا، ئەمدىلا يەتتە ياشقا كىرگەنىدى. يۈزمىڭ ئەتراپىدا ساھابە قاتناشقان بۇ ھەيۋەتلىك تارىخى ھەجگە شاھىت بولۇپ، پەيغەمبىرىمىز بىللە ھەج قىلدى.(801)

(799) تەبەرانى، ئەلمۇئجەمۇل كەبىر، 7/191.
(800) تەبەرانى، 7/188.
(801) مۇسنەد، 3/449.



由 扫描全能王 扫描创建

ئۇ يەردە شاھىت بولغان بىر خاتىرىسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بامدات نامىزىدا كەبىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۇچراتتىم. ناماز ئوقۇشقا تەييارلىنىۋاتاتتى. ناماز باشلاشتىن بۇرۇن ئاياغلىرىنى چىقىرىپ سول تەرىپىدە قويدى. نامازدا فاتىھە سۈرىسىدىن كېيىن مۆئمىنۇن سۈرىسىنى ئوقۇدى. مۇسا ۋە ئىسا ئەلەيھىسسالاملار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئايەتكە كەلگەندە يۆتىلىپ كەتتى. بۇ سەۋەبتىن ئوقۇشنى توختىتىپ رۇكۇغا باردى...»(802)

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تەرىپىدىن قازى قىلىپ بېكىتىلگەن دادىسى يەزىد ۋە باشقا ساھابىلەردىن ئىلىم ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇردى.

سائىب ئىبنى يەزىد بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەسجىدى نەبەۋىدە تۇرسام، بىرسى ماڭا قارىتىپ شېغىل تاشلارنى ئاتتى. ئارقامغا ئۆرۈلۈپ قارىسام، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ماڭا باشقا تەرەپتە تۇرغان ئىككى كىشىنى ئىشارەت قىلىپ:

- ئۇلارنى يېنىمغا چاقىرغىن، - دېدى. ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ:

- خەلىپە سىلەرنى چاقىرىۋاتىدۇ، - دېدىم. ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا باردى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- سىلەر قەيەرلىك ؟- دەپ سورىدى. ئۇلار:

- تائىفلىق، - دەپ جاۋاب بەردى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- ئەگەر بۇ يەرلىك بولغان بولساڭلار سىلەرگە قوپاللىق قىلغان بولاتتىم، پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەجلىسىدە قانداقسىگە ئاۋازىڭلارنى يۇقىرى كۆتۈرىسىلەر؟- دەپ ئاگاھلاندۇردى.»(803)

(802) بۇخارى، ئەزان، 106؛ مۇسلىم، سالات، 163؛ ئەبۇ داۋۇد، سالات، 88.
(803) بۇخارى، سالات، 83.



由 扫描全能王 扫描创建

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ خىل شەكىلدىكى ۋاراڭ - چۇرۇڭ ۋە يۇقىرى ئاۋازدا پاراڭلىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، جامەنىڭ بىر تەرىپىگە بۇتھايا دەپ ئاتايدىغان بىر راۋاق ياساتقاندىن كېيىن، خەلققە:

- بۇنىڭدىن كېيىن شېئىر ئوقۇش، سۆھبەتلىشىش ۋە يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلەشنى خالايدىغانلار ئۇ راۋاققا بارسۇن،- دېدى.[804]

سائىب ئىبنى يەزىد شېئىرغا مۇناسىۋەتلىك بىر ئەسلىمىسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف بىلەن ھەج قىلىش ئۈچۈن مەككىگە قاراپ كېتىۋاتاتتۇق. ئابدۇرراھمان يولدا گۇرۇپپىدىن ئايرىلدى. رەباھ ئىبنى مۇغتەرىبە ناھايىتى يېقىملىق شېئىر ئوقۇيدىغان بولۇپ، ئۇنىڭغا:

- ئى، ھەسەننىڭ دادىسى كەلگىن، بىللە شېئىر ئوقۇيلى!- دېدى. رەباھ شېئىر ئوقۇۋاتقاندا، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يانلىرىغا كېلىپ:

- نېمە ئىش قىلىۋاتىسىلەر؟- دەپ قوپاللىق قىلدى. ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف:

- بۇنىڭ زىيىنى يوق، يولنى قىسقارتىش ئۈچۈن كۆڭۈل ئېچىۋاتىمىز،-دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- ئەگەر بۇنداق قىلغۇڭلار بولسا، دىرار ئىبنى خەتتابنىڭ شېئىرىنى ئوقۇڭلار- دېدى.»[805]

سائىب ئىبنى يەزىد ساھابىلەرنىڭ ھەدىس رىۋايەت قىلىشتىن ناھايىتى ئېھتىيات قىلىدىغانلىقىنى، ئۆزىمۇ ناھايىتى ئاز ھەدىس رىۋايەت قىلغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف، تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ، سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس، مىقداد ئىبنى ئەسۋەد بىلەن ئاغىنە ئىدۇق. پەقەت تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ پات - پات

(804) مۇۋەتتا، قەسرۇسسالات، 93.

(805) ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 11/158.



由 扫描全能王 扫描创建

ئۇھۇد ئۇرۇشى ھەققىدە سۆزلەپ بېرەتتى.»(806)

ئۇنىڭ تۆۋەندىكى بىر – ئىككى ۋەقەنى بايان قىلىش شەكلىدىن ئۇنىڭ ئىلمىنىڭ قانچىلىك كەڭ ئىكەنلىكىنى، ۋەقەلەرگە ناھايىتى ئەتراپلىق مۇئامىلە قىلىدىغان ۋە ئەڭ ئىنچىكە تەرەپلىرىگىچە دىققەت قىلىدىغان بىر ئالىم ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەۋرىدە ھېكايە سۆزلەپ بېرىدىغان ھېچكىم يوق ئىدى. ھېكايە سۆزلىگەن تۇنجى كىشى تەمىم ئىبنى دارى ئىدى. ئۇ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئىجازەت ئېلىپ ھېكايە سۆزلەشكە باشلىدى.»(807)

«رەسۇلۇللاھ ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۈزۈكى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، ئۇنىڭدىن كېيىن ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قالدى. ئۈزۈك ئىرىس قۇدۇقىغا چۈشۈپ يوقاپ كەتكەنگە قەدەر ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدا تۇردى.»(808)

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ياش، قابىلىيەتلىك ساھابىلەرگە كۆڭۈل بۆلىدىغان بولۇپ، سائىب ئىبنى يەزىدكىمۇ ناھايىتى كۆڭۈل بۆلەتتى. ئۇنى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدنىڭ جىيەنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇتبە بىلەن بىرلىكتە مەدىنە بازارلىرىنى تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىگە تەيىنلىدى.(809)

چوڭ ساھابىلەر ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن مەدىنىدە پەتىۋا بېرىشكە باشلىغان سائىب ئىبنى يەزىد، ئۇزۇن ۋە بەرىكەتلىك ھايات كەچۈردى.

---

(806) ئىبنى مەنزۇر، 25/221.

(807) تەبەرانى، ئەلمۇئجەمۇل كەبىر، 7/188؛ ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 5/321.

(808) تەبەرانى، ئەلمەئجەمۇل كەبىر، 7/178.

(809) مەقرىزى، ئىمتائۇل ئەسمائ، 9/394.

由 扫描全能王 扫描创建

# ئۆمەير ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

ئۆمەير ئىبنى سەئىد مەدىنىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان بولۇپ، كىچىك ياشتىلا دادىسىدىن ئايرىلىپ قالدى. ئانىسى دادىسىنىڭ يوقلۇقىنى چاندۇرماسلىقا تىرىشىپ يېتىم قالغان ئوغلىنى مېھرى - شەپقەت بىلەن باغرىغا باستى؛ بىر ئاز بولسىمۇ ئازابىنى يەڭگىللىتىپ، كۆڭلىنى خوش قىلىشقا تىرىشتى. ھەتتا ئوغلى ئۈچۈن ياخشى بولارمىكىن، ئازابىنى ئازراق بولسىمۇ ئۇنتۇشى مۇمكىن دەپ ئويلاپ، يولدىشىنىڭ قېرىندىشى جۇلاس ئىبنى سۇۋەيدىنىڭ ئۆيلىنىش تەكلىپىنى رەت قىلمىدى. ئۇمۇ يولدىشىغا ئوخشاش ئامىر ئىبنى ئەۋف ئوغۇللىرىنىڭ كاتتىلىرىدىن بىرى ئىدى.

جۇلاس ئەتراپىدىكى كىشىلەر ياخشى كۆرۈپ ھۆرمىتىنى قىلىدىغان، مۇلايىم، باي كىشى ئىدى. ئۇنىڭغا ۋە بالىسىغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشى مۇمكىن ئىدى. نېمىلا بولمىسۇن تاغىسى ئەمەسمۇ؟ خاتالاشمىغان ئىدى. جۇلاس ئۇنىڭغا ۋە ئوغلى ئۆمەيرگە ناھايىتى ئوبدان قارىدى ۋە ياخشى مۇئامىلە قىلدى.[810]

ئۆمەير دادىسىنى ئۇنتۇمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ يېنىدا ھەر دائىم خۇشال ئىدى. يىللار بۇ شەكىلدە ئۆتۈۋاتقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن تونۇشۇپ مۇسۇلمان بولغان ساھابىلەرنىڭ كىشىلەرنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى. خاتىرجەملىكىنىڭ بۇزۇلۇپ، راھەتسىز بولۇپ قېلىشىنى ئويلىغان جۇلاس ۋە يېقىن تۇغقانلىرى بىر مەزگىل ئىسلامدىن يىراق تۇردى ۋە ئائىلىسىنىمۇ يىراق تۇتتى. ئەمما، مۇسئەب

(810) ئىسئۇل ئەسىر، ئۇسدۇلغابە، 769.



由 扫描全能王 扫描创建

ئىبنى ئۇمەيرنىڭ مەدىنىگە كېلىشى بىلەن ئىسلام ناھايىتى تېز تارقىلىشقا باشلىدى. جۇلاس ئەتراپىدىكىلەرنىڭ سۆز - چۆچەكلىرىگە قالماسلىق ئۈچۈن چىن كۆڭلىدىن مايىل بولمىسىمۇ، كۆرۈنۈشتە مۇسۇلمان بولدى. ئايالى ۋە ئۇمەيرمۇ ئىسلامنى قوبۇل قىلغان بولۇپ، بۇ ئانا - ئوغۇل ئۇنىڭغا ئوخشاش گۇماندا ئەمەس، چىن قەلبىدىن سەممىي ھالدا ئاللاھقا ۋە رەسۇلۇللاھقا ئىمان ئېيتقانىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنىگە تەشرىپ قىلىشى بىلەن جۇلاس ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەر ناھايىتى بىئارام بولدى. جۇلاس بۇ بىئاراملىقنى چاندۇرماسلىققا تىرىشسىمۇ، پات - پات چىدىيالماي سۆزلىرى ۋە ئىش - ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق چاندۇرۇپ قوياتتى. جۇلاسنىڭ قېرىندىشى ھارىسمۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ كېلىشىدىن خېلىلا بىئارام بولغانىدى. بىراق ئۇ جۇلاسقا ئوخشاش سەۋر قىلالمىدى. ئىسلامنىڭ مەدىنىدە تەرەققىي قىلىپ كېڭىيىشىگە بۇنىڭدىن ئارتۇق تاقەت قىلالمىدى. ئۇھۇد ئۇرۇشىغا قاتناشقاندا، مۇجەززىر ئىبنى زىياد بىلەن ئوخشاش سەپتە بولسىمۇ، بۇئىس ئۇرۇشىدىن قالغان ھېساب كىتابىنى قىلىپ، ئۇنى رەھىمسىزلەرچە شېھىت قىلدى. بۇ ئارقىلىق بۇئىس ئۇرۇشىدا دادىسىنى ئۆلتۈرگەن كىشىدىن ئىنتىقامىنى ئالغان بولدى. ئۇرۇشتىن كېيىن ئۆزى بىلەن ئوخشاش پىكىردىكى ئون مۇناپىق بىلەن بىرلىكتە مەككىگە باردى. بۇنىڭدىن كېيىن مۇشرىكلارنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ئىسلامنى ۋە مۇسۇلمانلارنى يوقىتىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلماقچى بولدى.(811)

ئۆيلىرى قۇبادا بولغان ئۇمەير، تاغىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش ئۇياقتا تۇرسۇن، پۇرسەت تاپسىلا مەسجىدى نەبەۋىگە بېرىپ ئىسلامنى ئۆگىنىپ، ئۆگەنگەنلىرىنى ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ھەقىقىي بىر مۇسۇلمان بولۇشقا تىرىشىۋاتاتتى. ئۇمەير كىچىك بولغاچقا ئۇھۇد ۋە بەدر ئۇرۇشىغا قاتنىشالمىغان بولۇپ، تۇنجى قېتىم بەنى مۇستەلەق ئۇرۇشىغا قاتناشتى.

(811) ئىبنى ھىشام، سىيرە، 1 – 2: 520.

مۇناپىقلارمۇ بۇ سەپەرگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، نۇرغۇن كىشى بىلەن قاتناشقانىدى. مۇناپىقلار سەپەر جەريانىدا پۇرسەت تاپسىلا ئۇنى غەنىمەت بىلىپ، قالايمىقانچىلىق چىقاردى. ھەر دائىم كىشىلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى كۈشكۈرتۈپ، ئۇنى قىيىن ئەھۋالدا قويماقچى بولدى. بىر قېتىم ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي «مەدىنىگە بارغاندا كىم ئەزىز، كىم خار بولىدۇ» كۆرىمىز دېگەن سۆزلىرى بىلەن ئۆزىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەھدىت سالماقچى بولدى. ئۇنىڭدىن ئىلھام ئالغان بەزى مۇناپىقلار چىدىماي قەلبىدىكى مۇناپىقلىقنى ئاشكارىلىدى. بۇلاردىن بىرى ئۇمەيرنىڭ ئۆگەي دادىسى جۇلاس ئىبنى سۇۋەيد ئىدى. ئۇ دوستلىرى بىلەن پاراڭلىشىۋېتىپ:

- ئەگەر مۇھەممەدنىڭ ئېيتقانلىرى توغرا بولسا، بىز ئېشەكتىنمۇ يامان ئەھۋالغا قالايلى،- دەپ ئىچىدىكى كۇفرىنى ئاشكارىلىدى. ئۇمەير ئۆگەي دادىسىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، قۇلاقلىرىغا ئىشىنەلمەي قېتىپلا قالدى. ئۇ بۇنداق سۆزلەرنى قىلىشقا قانداقمۇ جۈرئەت قىلالىسۇن؟ ئۇمەير تېخىمۇ ئۆزۈن چىداپ تۇرالماي ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، ئۆگەي دادىسىغا:

- توغرا ئېيتتىڭىز، سەن ھەقىقەتەن ئېشەكتىنمۇ بەتتەر سەن،- دەپ قوپاللىق قىلدى.(812)

ئۇمەيرگە بالىلىق ۋاقتىدىن تارتىپ ياخشى قاراپ كەلگەن جۇلاس، ئۇنىڭ بۇنداق قاتتىق سۆزلەرنى قىلىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. كىشىلەرنىڭ ئالدىدا رەسۋا بولۇشتىن قورقۇپ ئەنسىرەشكە باشلىدى. ئۆزىچە بولسا، ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىپ قۇتۇلالايتتى. قانداقلا بولمىسۇن باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بىرى ئەمەسمۇ؟ كىشىلەر ئەلۋەتتە بىر بالىنىڭ سۆزىگە ئەمەس، ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشىنەتتى. ھېچ بولمىغاندا قېرىندىشىغا ئوخشاش مەككىگە بېرىپ ئۇ يەردە ياشايتتى.

(812) ئىبنى ئابدىلبەر، ئىستىئاب، 3/315؛ ئىبنۇل ئەسىر، ئۇسدۇلغابە، 4070؛ ئىبنى ھەجەر، ئىسابە، 6037؛ بەزى مەنبەلەرگە ئاساسەن بەزى مۇناپىقلارنىڭ تەبۇك غازىتى جەريانىدا پەيغەمبەر (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم) گە سۇيىقەست قىلماقچى بولغانلىقى بايان قىلىنغان. ئىبنى سەئد، تەباقات، 4/376.



由 扫描全能王 扫描创建

# ئى، ياش! قۇرئان سېنى تەستىقلىدى

بىر بالىنىڭ ئۆگەي دادىسى بولسىمۇ بۇنداق قوپاللىق قىلىشى ئەلۋەتتە توغرا ئەمەس. ئەمما بۇ ئالاھىدە بىر ئەھۋال ئىدى. بۇ يەردە مەسىلە ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھ بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ئۇنىڭ بۇنداق قوپاللىق قىلىشىغا پەيغەمبىرىمىزگە بولغان سۆيگۈسى ۋە ئىمانى سەۋەب بولغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىرنى يوشۇرۇش ئارقىلىق دادىسىغا ياخشىلىق قىلغان بولمايدىغانلىقىنى ئويلاۋاتاتتى. ھەممىدىن بەكرەك بۇ ئەھۋالنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن ئايەت نازىل بولۇش ئارقىلىق پەيغەمبىرىمىزگە بىلدۈرۈلىشىدىن قورقاتتى.

پەيغەمبىرىمىزگە ئىمان كۆزىنىكىدىن قاراش پۇرسىتىگە ئېرىشىپ بولالمىغان جۇلاس، سىرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ قېلىشىنى خالىمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇمەيرگە:

- ئوغلۇم! ئۆتۈنۈپ قالاي بۇ سۆزلەر ئارىمىزدا قالسۇن. ھېچكىمگە ئېيتمىغىن، - دەپ يالۋۇردى. لېكىن ئۇمەير باشقىچە ئويلايتتى. شۇڭا دادىسىغا:

- دادا! ئىنسانلار ئارىسىدا سېنى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرىمەن. مېنىڭ ئۈستۈمدە ناھايىتى كۆپ ھەققىڭ بار. ساڭا بىرەر يامانلىق بولۇپ قېلىشىنى خالىمايمەن. ئەگەر سېنىڭ سۆزلىرىڭنى يوشۇرۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئېيتمىسام، بىزنىڭ ھەققىمىزدە ئايەت نازىل بولىدۇ. ئۇ ۋاقىتتا مەنمۇ سۈكۈت قىلغانلىقىم ئۈچۈن، سېنىڭ گۇناھىڭغا شېرىك بولۇپ قېلىشتىن قورقىمەن. ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىپ سېنىڭ قىلغان سۆزلىرىڭنى ئېيتسام سېنى رەسۋا قىلغان بولىمەن. سۈكۈت قىلسام سېنىمۇ، ئۆزۈمنىمۇ مەڭگۈلۈك ھالاكەتكە ئىتتىرگەن بولىمەن. سېنىڭچە قايسىسى تېخىمۇ يامان؟! مېنىڭچە ئېيتىشىم سەن ئۈچۈنمۇ، مەن ئۈچۈنمۇ ياخشى، - دېدى.

ئۇمەير دادىسىدىن ئەپۇ سوراپ، بۇ سۆزلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا



由 扫描全能王 扫描创建

سۆزلىمىسە بولمايدىغانلىقىنى تەكرارلىدى ۋە ئۇ يەردىن چىقىپ ئۇدۇل پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا باردى. بولۇنغان گەپ - سۆزلەرنى پەيغەمبىرىمىزگە يەتكۈزگەندىن كېيىن، پەيغەمبىرىمىز جۇلاس ئىبنى سۇۋەيدنى يېنىغا چاقىرىپ:

- ئۇمەيرنىڭ ئېيتقانلىرى توغرىمۇ؟- دەپ سورىدى. جۇلاس:

- ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن ئۇنداق سۆزلەرنى قىلمىدىم،- دەپ قىلغان سۆزلىرىنى ئىنكار قىلدى. ئۇمەير ھەيران قېلىپ:

- ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، دېدىڭ. ئەگەر بۇ ھەقتە ئايەت نازىل بولسا، سېنىڭ سۆزلىرىڭ سەۋەبىدىن مەنمۇ مەسئۇل بولمەن،- دەپ قايغۇرغانلىقىنى ئىپادىلىدى.

دەل شۇ چاغدا پەيغەمبىرىمىزگە ئايەت نازىل بولدى. «ئۇلار ھېچنېمە دېمىگەنلىكى توغرىسىدا ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىدۇ. ئۇلار ھەقىقەتەن كۇفرى سۆزنى ئېيتتى. ئىسلام دىنىغا كىرگەنلىكىنى ئىپادىلىگەندىن كېيىن كاپىر بولدى... ئەگەر ئۇلار تەۋبە قىلسا، ئۆزلىرىگە ياخشىدۇر...»(813)

ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ، قىلغان بارلىق مۇشۇنداق يامانلىقلىرىغا قارىماي، ئۇلار ئۈچۈن تەۋبە ئىشىكلىرىنى دائىم ئۈچۇق تۇتاتتى. جۇلاس ئۇمەيرنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىغا قۇلاق سالماي، ئاللاھ تەرىپىدىن يالغانچىغا چىقىرىلغاندىن كېيىن، قەلبى يورۇپ ھەقىقەتنى ئېنىق كۆردى ۋە شۇ ھامان تەۋبە قىلىپ:

- تەۋبە قىلدىم، گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، ئۇ توغرا سۆزلىدى. ئى، رەسۇلۇللاھ! مەن ئۈچۈن ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلىگىن،- دەپ مەغپىرەت تەلەپ قىلدى.

جۇلاس ئىبنى سۇۋەيد ھاياتى بويىچە تەۋبىسىگە ئەمەل قىلىپ، ياخشى بىر مۇسۇلمان بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن مەيلى ئۇمەير ياكى باشقىلار بولسۇن، ئۇنىڭ يامان سۆزلەرنى قىلغانلىقىنى ئاڭلىمىدى.

(813) تەۋبە سۈرىسى، 74 - ئايەت.

ئۇمەير ئىبنى سەئىد بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «دادام ھەققىدە ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبىرىمىز ئاستا قۇلاقلىرىمنى سىلاپ تۇرۇپ:

- قۇلاقلىرىڭ ۋاپا قىلسۇن، ئى، ياش! قۇرئان سېنى تەستىقلىدى، - دەپ مەندىن مەمنۇن بولغانلىقىنى ئىپادىلىدى.»(814)

## ھىمسىنىڭ ياش ۋالىيسى

ئۇمەير ئىبنى سەئىد ھاياتى بويىچە ئۆگىنىش ۋە ئۆگەنگەنلىرىگە ئەمەل قىلىپ ياشىغان بولۇپ، ھەر قايسى جەھەتتىن ئىنسانلارغا ئۈلگە بولغۇدەك پەزىلەتكە ئىگە ئىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىرسىنى ۋالىي قىلىپ ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش تۇتاتتى. ۋالىيدا بىر قاتار گۈزەل سۈپەتلەرنىڭ مۇجەسسەملەشكەن بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى. ئۇمەير ئەمدىلا ئوتتۇز ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دىققىتىنى تارتتى. خەلىپە ئۇنى يېنىغا چاقىرىپ ھىمسقا ئەۋەتتى.

ھىمسقا بارغان ياش ۋالىي ۋەزىپىسىنى ناھايىتى ياخشى ئورۇندىدى. ئاردىن خېلى ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، ھېچكىم ئۇنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلمىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلقنىڭ خاتىرجەملىكىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدىغان بولغاچقا، دائىم ۋالىيلارنى سۈرۈشتە قىلىپ، خەلقنىڭ ئۇلاردىن مەمنۇن ياكى ئەمەسلىكىنى تەكشۈرۈپ تۇراتتى.

ئۇمەير ئىبنى سەئىدتىن ھېچقانداق خەۋەر كەلمىگەنلىكى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى گۇمانلاندۇرۇپ قويغاندىن كېيىن، كاتىپىغا:

- ئۇمەيرگە بىر پارچە مەكتۇپ يازغىن، بۇ يەرگە كەلسۇن! ئۇنىڭ خاتا ئىش قىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەۋاتىمەن، - دېدى. مەكتۇپنىڭ ئاخىرىغا «مەكتۇپنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن دەرھال مۇسۇلمانلاردىن

(814) ئىبنى ئابدىلبەر، ئىستىئاب، 3/1315؛ ئىبنى سەئىد، تەباقات، 4/375؛ ئىبنى كەسىر، تەپسىر، 4/120؛ قۇرتۇبى، ئەھكامۇل قۇرئان، 4/533.

بىر تۈركۈم كىشىلەر بىلەن بىرلىكتە بۇ يەرگە كەلگىن!> دېگەنلەرنىمۇ قوشۇپ قويدى.

ئۆمەير مەكتۇپنى ئوقۇغاندىن كېيىن، سەپەر خالتىسىنى ئېلىپ ئوزۇق - تۈلىكىنى قويدى. نەرسە كېرەكلىرى ۋە ئۆچكىسىنىمۇ ئېلىپ يولغا چىقتى. ھىمستىن مەدىنىگە بارغۇچە بىر قانچە ھەپتە يول ماڭدى. خەلىپىنىڭ ھوزۇرىغا بارغان ۋاقتىدا چىرايى سارغىيىپ، چاچلىرى ئۆزىراپ يۈز - كۆزلىرى چاڭ - توزان ئىچىدە قالغانىدى.

- ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئى، مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى!- دەپ سالام بېرىپ ئىچكىرىگە كىردى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى.

- بۇ نېمە ھال؟ ساڭا نېمە بولدى؟- دەپ سورىدى. ئۇمەير:

- مېنىڭ ساق - سالامەت تۇرۇۋاتقىنىمنى كۆرمەيۋاتامسەن؟ ئەلھەمدۇ لىللاھ سالامەتلىكىم ياخشى، دۇنيالىقىممۇ مانا يېنىمدا،- دېدى.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى يىغقان باج ۋە زاكاتلارنى يېنىدا ئېلىپ كەلدى، دەپ ئويلاپ:

- يېنىڭدا نېمىلەر بار؟- دەپ سورىدى. ئۇمەير:

- يېمەك - ئىچمىكىمنى سالغان خالتا، تاماق يەيدىغان قاچام، غۇسلى تاھارەت ئېلىپ كىيىملىرىمنى يۇيىدىغان داس، سۇ ئىچىپ تاھارەت ئالىدىغان سۇ قۇتىسى، سۇتىدىن پايدىلىنىدىغان ۋە بىرسىنى ئۇچراتسام سۇتىدىن ئۇنىڭغىمۇ بېرىدىغان ئۆچكەم، مانا بۇلار مېنىڭ دۇنيارىم،- دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭدىن:

- مېڭىپ كەلدىڭمۇ؟- دەپ سورىدى.

- شۇنداق.

- ساڭا ئۇلىغىنى بېرىپ تۇرىدىغان بىرسى يوقمىدى؟

- ئۇلار بەرمىدى، مەنمۇ تەلەپ قىلمىدىم.



由 扫描全能王 扫描创建

- سەن يېنىدىن كەلگەن ئۇ مۇسۇلمانلار نېمىدېگەن بىپەرۋا.

- ئى، ئۆمەر، ئاللاھتىن قورققىن! ئاللاھ غەيۋەت قىلىشنى چەكلىدى. ھەم ئۇلار ناماز ئوقۇيدىغان كىشىلەردۇر.

- ئالغان پۇلۇڭ نەدە؟ ئۇ يەردە نېمە ئىشلارنى قىلدىڭ؟

- ئى، مۆمىنلەرنىڭ ئەمرى، باشقا سوئالىڭ بارمۇ؟

- سۇبھانالللاھ!

- سوئالىڭغا جاۋاب بەرسەم، سېنىڭ رەنجىپ قېلىشىڭدىن قورقىمەن.

- مەيلى، قېنى ئېيتقىن.

- مېنى ئەۋەتكەندىن كېيىن ئۇدۇل شەھەرگە بېرىپ، ياخشى كىشىلەرنى بىر يەرگە توپلىدىم. ئۇلارنى باج يىغىشقا مەسئۇل قىلدىم. يىغىلغان پۇللارنى كېرەكلىك يەرلەرگە ئىشلەتتىم. شۇ سەۋەبتىن ساڭا ئېلىپ كەلگۈدەك بىر نەرسە قالمىدى.

- بىزگە ھېچنەرسە ئېلىپ كەلمىدىڭمۇ؟

- ياق.

- ئۆمەيردىن ۋەدە ئېلىڭلار!

- مەن بۇنداق ۋەدە بېرەلمەيمەن. مەيلى ساڭا ياكى سەندىن كېيىن كېلىدىغانلارغا بولسۇن بۇنداق ئىشنى قىلمايمەن. ئۇلارنىڭ مېلىنى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ئىشلەتتىم. ئۇلارنىڭ مېلىنى مەيلى ھازىر ياكى كېيىن بولسۇن ساڭا تاپشۇرۇپ بەرمەيمەن. ھەتتا بىر خىرىستىياننىڭ مېلى بولسىمۇ بەرمەيمەن. ئى، ئۆمەر! ماڭا بۇنداق تەكلىپنى قويمىغىن! بۈگۈن سەن بىلەن ئۆتكۈزگەن ئەڭ ناچار كۈنۈم بولدى.

ئۇ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئىجازەت سوراپ ھىمىستىكى ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. بۇ ھەقتە قىلنى قىرىق ياردىغان ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا تولۇق قايىل بولمىغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ كەتكەندىن كېيىن ھارىس ئىسىملىك بىرىنى يېنىغا چاقىرىپ ئۇنىڭغا 100 دىنار بېرىپ:



由 扫描全能王 扫描创建

- ھەمسىقا بېرىپ ئۇنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولغىن! ئەگەر باياشات ياشاۋاتقان بولسا، دەرھال قايتىپ كەلگىن! ئەگەر قىيىنچىلىقتا ياشاۋاتقان بولسا، ئۇنىڭغا بۇ يۈز دىنارنى بەرگىن!- دېدى.

ھارىس يولغا چىقىپ ھەمسىقا كەلدى. ئۇمەيرنىڭ ئۆيىنى تېپىپ يېنىغا باردى. ئۇمەير تامنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ كۆينىكىنى يۇيۇۋاتاتتى. ھارىس تۆگىسىدىن چۈشۈپ، ئۇنى بىر يەرگە باغلاپ قويدى. ئۇمەير ئۇنىڭدىن:

- نەدىن كەلدىڭ؟- دەپ سورىدى. ھارىس:

- مەدىنىدىن،- دەپ جاۋاب بەردى.

- مەدىنىنىڭ ئەمرى قانداقراق؟

- ياخشى.

- مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟

- ئۇلارمۇ ياخشى.

سۆھبەت مۇشۇ شەكىلدە داۋاملاشتى. ھارىس ئۇمەيرنىڭ ئۆيىدە ئۈچ كۈن مېھمان بولدى. ئۈچ كۈن بويىچە پەقەت ئارپا نېنىلا يېدى. ھەتتا بۇمۇ يەتمەي كۆپىنچە داستىخاندىن ئاچ قوپۇپ كەتكەن چاغلىرىمۇ بولدى. ھارىسنىڭ ئۇلارنىڭ ئەسلىدىلا ئاز بولغان تائاملىرىغا ئورتاق بولۇشى سەۋەبىدىن ئائىلە ئەزالىرىنىڭ بەدىنى ئاجىزلاپ كەتتى. ئائىلىسىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرگەن ئۇمەير ئۇنىڭغا:

- دوستۇم بىزنى ئاچ قويۇۋاتىسەن. كەتمەكچى بولساڭ سېنى يولۇڭدىن توسمايلى،- دېدى. ھارىس خەلىپە بەرگەن يۈز دىنارنى چىقىرىپ ۋالىيغا تەڭلەپ:

- بۇلارنى خەلىپە ساڭا ئەۋەتتى. بۇلارنى ئېلىپ ئائىلەڭنىڭ ئېھتىياجىنى قامدىغىن،- دېدى. ئۇمەير ناھايىتى ئاچچىقلىنىپ، يۇقىرى ئاۋازدا:

- مېنىڭ بۇلارغا ئېھتىياجىم يوق،- دەپ، خەلىپە ئەۋەتكەن ئالتۇنلارنى



由 扫描全能王 扫描创建

رەت قىلدى. بىر بۇلۇڭدا ئۇلارنى ئۈن - تۈنسىز كۆزىتىپ تۇرغان ئايالى سۆزگە ئارىلىشىپ:

- خەلىپىنىڭ ئەۋەتكەنلىرىنى ئالغىن، ئېھتىياجىمىز چۈشسە ئىشلىتەرسەن، بولمىسا ئېھتىياجى بولغانلارغا بېرەرسەن ،- دېدى. ئۆمەير:

- ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئالمايمەن، دېگەن بولسىمۇ، ئايالى كۆينىكىنىڭ ئاستى تەرىپىدىن كىچىككىنە يىرتىپ ئېلىپ، خەلىپە ئەۋەتكەن يۈز دىنارنى ئۇنىڭغا يۆگەپ قويدى. ھارىس كەتكەندىن كېيىن ئالغان دىنارنى يولدىشىغا بەردى. ئۆمەير ئالتۇنلارنى ئېلىپ ئورنىدا تۇرالماي دەرھال ئۆيىدىن چىقىپ، ئۇلارنى كەمبەغەللەر ۋە شېھىتلەرنىڭ بالىلىرىغا تارقىتىپ بەردى. ھارىس ۋالىينىڭ ئايالى ئالتۇنلارنى ئالغاندىن كېيىن نېمىگە ئىشلىتىدىغانلىقىنى بىلمەستىن شەھەردىن ئايرىلىپ مەدىنىگە قاراپ يولغا چىقتى. ھارىس كېتىۋاتقاندا ئۆمەير خەلىپىدىن رەنجىمىگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن:

- مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرىگە مەندىن سالام ئېيتقىن!- دېدى. ھارىس سالامنى قوبۇل قىلىپ، خەلىپىنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ ھال - ئەھۋال سورىغاندىن كېيىن، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭدىن:

- نېمىلەرنى كۆردۈڭ؟- دەپ، ئۆمەيرنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. ھارىس:

- ناھايىتى قىيىنچىلىقتا ياشاۋېتىپتۇ،- دېدى.

- ئېلىپ بارغان دىنارلارنى قانداق قىلدى؟

- بىلمەيمەن.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قايتىدىن بىر پارچە خەت يېزىپ، ئۆمەير ئىبنى سەئىدكە ئەۋەتتى. خەتتە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا:

- خەتنى تاپشۇرۇپ ئالغان ھامان بۇ يەرگە كەلگىن!- دەپ بۇيرۇدى. ئۆمەير بۇيرۇققا بىنائەن دەرھال يولغا چىقىپ مەدىنىگە كەلدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھۇزۇرىغا كىرگەندە:



由 扫描全能王 扫描创建

- ئەۋەتكەن دىنارلارنى قانداق قىلدىڭ؟- دەپ سورىدى.

- ماڭا ئەۋەتمىدىڭمۇ؟ ئايرىلىشىپ نېمە قىلىسەن. قانداق قىلغۇم كەلسە، شۇنداق قىلدىم،- دەپ جاۋاب بەردى.

- خۇدا ھەققى، قانداق قىلغانلىقىڭنى ئېيتقىن!- دېدى.

- باشقىلارنى ئۆزۈمدىن ئەلا بىلدىم.

- ئاللاھ ساڭا رەھمەت قىلسۇن!

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا بىر ئاز ئوزۇقلۇق ۋە ئىككى كۆينەك بەردى. ئۇمەير ئىبنى سەئىد:

- يېمەكلىككە ئېھتىياجىم يوق، كېلىشتىن بۇرۇن ئىككى سا ئارپا قويۇپ كەلگەندىم، ئۇنى يەپ تۈگەتكەنگە قەدەر ئاللاھ ئۇلارنىڭ رىزقىنى بېرىدۇ. كۆينەكلەرنىمۇ پالانى - پالانىنىڭ ئايالىغا بېرىڭ. ئۇلارنىڭ بۇ كۆينەكلەرگە ئېھتىياجى بار،- دەپ ئۇلارنى قوبۇل قىلمىدى.

ئۇمەير ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن خوشلىشىپ، ھىمىستىكى ئۆيگە قايتىپ كەلدى ۋە بۇ ئىش بولۇپ مەلۇم مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ۋاپات بولدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇنى ئاڭلاپ، كۆڭلى ناھايىتى يېرىم بولدى. ئۇنىڭغا ياخشى دۇئالارنى قىلدى.[815]

(815) تەبەرانى، ئەلمۇئجەمۇل قۇرئان، 17/51.

# ئۇتبە ئىبنى ئەبد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

بەنى سۇلەيم قەبىلىسىدىن بولغان ئۇتبە ئىبنى ئەبدىنىڭ ئەسلى ئىسمى ئۇتلە ئىدى. ھۇدەيبىيە توختامىنامىسىدىن كېيىن، ئىسلام مەدىنە چېگرالىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئەتراپتىكى قەبىلىلەر ئارىسىغا تارقىلىشقا باشلىدى. ھەر قايسى قەبىلىلەردىن نۇرغۇن ھەيئەتلەر مەدىنىگە كېلىپ مۇسۇلمان بولدى. بۇ ھەيئەتلەردىن بىرى بەنى سۇلەيم ھەيئىتى ئىدى. ئىبراز ئىبنى سارىيە ۋە ئۇتبە ئىبنى ئەبد قاتارلىقلاردىن تەشكىل تاپقان بۇ يەتتە كىشىلىك ھەيئەت مەدىنىگە كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى زىيارەت قىلدى. ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن ئاڭلىغانلىرىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ مۇسۇلمان بولدى.

ھەيئەتنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى بالىلار ۋە ياشلاردىن تەشكىللەنگەنلىكى ئىدى. ھەممىسى بىر - بىرىدىن جاسارەتلىك ۋە تىرىشچان بۇ ياشلار، قەبىلىسىگە كەلگەن ئىسلام دەۋەتچىلىرىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، مۇسۇلمان بولۇش قارارىغا كەلگەنىدى. ئىبراز ئىبنى سارىيەنىڭ خېلى بۇرۇن مۇسۇلمان بولغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

ئۇتبە ئۇ ۋاقىتلىرىنى پەقەت ئەستىن چىقارمىغان بولۇپ، ئەسكە ئالغان ھامان ئىنتايىن ھاياجانلانغان ھالدا سۆزلەپ كېتەتتى: «يەتتە كىشىلىك بىر گۇرۇپپا بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بارغان ۋاقتىمىزدا، ھەممىمىز ياش ئىدۇق. ھەيئەتنىڭ ئەڭ كىچىكى مەن، ئەڭ چوڭى بولسا، ئىبراز ئىبنى سارىيە ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبىرىمىز مىنى يېنىغا



由 扫描全能王 扫描创建

چاقىردى. ئۇ چاغدا تېخى كىچىك ياشتىكى بىر بالا ئىدىم. مەندىن:

- ئىسمىڭ نېمە؟- دەپ سورىدى. مەن:

- ئۇتلە،- دېدىم.

- بۇنىڭدىن كېيىن ئىسمىڭ ئۇتبە بولسۇن،- دەپ ئىسمىمنى ئۆزگەرتىۋەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرى يېنىغا كەلسە، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئىسمىنى سورايتتى. ئىسمىنى ياقتۇرمىسا ئۆزگەرتىۋېتەتتى. مېنىڭكىنىمۇ شۇنداق قىلدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ماڭا:

- قېنى، قىلىچىڭنى كۆرسەت!- دېدى. قىلىچىمنى ئۇنىڭغا بەردىم. قىلىچنى قولىغا ئېلىپ قاراپ، ئوڭ - سول تەرەپكە پۇلاڭلاتتى. قىلىچنىڭ ئاجىز ۋە ئىنچىكە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ:

- بۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلالمايسەن، پەقەت بىرىنى يارىلاندۇرالايسەن،- دېدى.(816)

## سۇففە ساھابىسى

ئۇتبە مەدىنىگە كەلگەندىن كېيىن قايتىپ كەتمەي، ئۇ يەردە قېلىپ ئىسلامنى ئۆگىنىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تېخىمۇ يېقىن بولۇش، ئۇنى ياخشى تونۇش ۋە ئۇنىڭدەك گۈزەل ئەخلاقلىق بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. بۇ سەۋەبتىن سۇففىگە يەرلەشتى.(817) ئۇ يەردە پەيغەمبىرىمىزدىن ۋە ساھابىلەردىن ئىسلامنى ئەڭ گۈزەل شەكىلدە ئۆگىنىپ، ھاياتىنىڭ ئۆزگەرمەس بىر پارچىسىغا ئايلاندۇردى. سۇففەدە بەزىدە ئاچ، بەزىدە توق، ئەسكى - تۈسكى كىيىملەر بىلەن ياشىغۇدەك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالسىمۇ، رەببىنى تېخىمۇ ياخشى تونۇش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈن دائىم ھەمدە ئېيتاتتى. بىر نەرسىگە ئېھتىياجى بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ

---

(816) ئىبنۇل ئەسىر، ئۇسدۇلغابە، 3546 ـ 3544؛ ئىبنى ھەجەر، ئىسابە، 5409 - 5417؛ ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 16/67.

(817) ئەبۇ نۇئەيم، ھىليەتۇل ئەۋلىيا، 2/15.

پاكى ساھابىلەرنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇلاردىن ياردەم سورايتتى.

ئۇتبە ئىبنى ئەبد بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «كىيىملىرىم بەك كونىراپ كەتكەچكە، پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا بېرىپ ئەھۋالىمنى ئېيتىپ، كىيىم بېرىشنى تەلەپ قىلدىم. ماڭا ئىككى يۇڭ كىيىم بەردى. ئۇ ۋاقىتتا مېنى كۆرسەڭ، ساھابىلەر ئىچىدىكى ئەڭ گۈزەل كىيىمنى كىيگەن كىشى مەن ئىدىم.»[818]

ئۇ ئىسلامغا كىرگەندىن باشلاپ ئۆزىنى ئىلىمگە ۋە جىھادقا ئاتىدى. ھەر ۋاقىت پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىدا بولۇشقا تىرىشتى. سوئاللارنى سوراپ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىش - ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ ۋە ئۇنى ئۆزىگە ئۈلگە قىلىپ، سالىھ ئىنسان بولۇشقا غەيرەت قىلدى. بۇ جەرياندا كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈپ، ھەقىقەتنى ئۆگىنىشكە ۋەسىلە بولدى.

«بىر كۈنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىدىكى چېغىمىزدا بىزگە ‹تا سىم مىم› سۈرىسىنى ئوقۇپ بەردى. مۇسا ئەلەيھىسسالام بايان قىلىنغان يەرگە كەلگەندە، بىزگە چۈشەنچە بەردى. ساھابىلەر ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك سوئاللارنى سوراپ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىدىن خەۋەردار بولدى.»[819]

ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن پەيغەمبىرىمىزگە بولغان يېقىنلىقىنى ئىپادىلەپ، ھەتتا ئۆلۈشكە تەييار ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ نۇرغۇن قېتىم بەيئەت قىلدى.

ئۇتبە ئىبنى ئەبد بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا جەمئىي يەتتە قېتىم بەيئەت قىلدىم؛ بۇلارنىڭ بەش قېتىمىدا ئىتائەت قىلىش، ئىككى قېتىمىدا بولسا، ئۆلۈش ئۈچۈن بەيئەت قىلدىم.»[820]

## جىھادى

ئۇتبە ئىبنى ئەبد ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىن، مۇسۇلمانلار بەنى

(818) ئەبۇ داۋۇد، لىباس، 5.
(819) تەبرانى، ئەلمۇئجەمۇل كەبىر، 17/135؛ ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 25/310.
(820) ئىبنى مەنزۇر، 16/68.

قۇرەيزە بىلەن ئۇرۇش قىلدى. بەنى قۇرەيزە قەلئەلىرىگە چېكىنگەندىن كېيىن، ئۇلارنى مۇھاسىرىگە ئالدى. مۇھاسىرە داۋاملىشىۋاتقاندا ئۇتبە ئىبنى ئەبد پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەتراپىدىكىلەرنى جىھاد قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ:

- كىمكى ئوق ئېتىپ، شۇ قەلئەگە كىرگۈزەلىسە، ئۇنىڭغا جەننەت ۋاجىپ بولىدۇ، - دېگەنلىكىنى ئاڭلىدى ۋە دەرھال ساداقلىرىدىن ئوقلىرىنى چىقىرىپ، ئۇلارنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قەلئەگە ئاتتى. ئۈچ ئوقىنىڭ ھەممىسى قەلئەدىن ئىچكىرىگە كىردى.(821)

ئۇتبە ناھايىتى ئۇستا مەرگەن بولۇپ، بەنى قۇرەيزەنىڭ مۇھاسىرىسىدىن كېيىن پەيغەمبىرىمىز بىلەن نۇرغۇن ئۇرۇشلارغا قاتنىشىپ، باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلدى. بۇ ئۇرۇشلارنىڭ بىرىدە پەيغەمبىرىمىز ساھابىلەرگە ئۇرۇشنى باشلاشنى بۇيرۇدى. ساھابىلەردىن بىرى دۈشمەنگە بىر تال ئوق ئاتقاندى، پەيغەمبىرىمىز: «ۋاجىپ بولدى» دېدى. ساھابىلەر:«بىز ساڭا بەنى ئىسرائىلغا ئوخشاش ‹سەن بېرىپ رەببىڭ بىلەن بىرلىكتە ئۇرۇش قىلغىن، بىز بۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرايلى› دېمەيمىز. ئەكسىچە ‹سەن بېرىپ رەببىڭ بىلەن بىرلىكتە ئۇرۇش قىلغىن، بىزمۇ سەن بىلەن بىرلىكتە ئۇرۇش قىلىمىز› دەيمىز» دەپ، ئاخىرغىچە ئۇنىڭغا بولغان ساداقىتىنى ئىپادىلىدى.

ئىبراز ئىبنى سارىيە<ئۇتبە مەندىن ياخشىدۇر> دېگەن بولسا، ئۇتبە <ئىبراز مەندىن ياخشىدۇر> دېگەندى.

ئۇتبە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئەڭ يېقىن دوستى ئىبراز بىلەن بىرلىكتە شامغا بېرىپ يەرلەشتى ۋە ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇ يەردە ياشىدى. ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن ئۇتبە ھىجرىيەنىڭ 87 - يىلى 94 يېشىدا ۋاپات بولدى.(822)

ئۇنىڭ شامدا ۋاپات بولغان ئەڭ ئاخىرقى ساھابە ئىكەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

(821) ئىبنى ئەسىر، ئۇسدۇلغابە، 3546.

(822) ئىبنى سەئىد، تەباقات، 7/413؛ ئىبنى مەنزۇر، مۇختەسەر، 16/67.



由 扫描全能王 扫描创建

# ئۇسەيد ۋە ئەنەس ئىبنى زۇھەير ئاكا - ئۇكىلار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم

ئۇسەيد بىلەن ئەنەس مەدىنىلىك ئاكا - ئۇكىلار بولۇپ، فاتىمە بىنتى بەشر بىلەن زۇھەير ئىبنى رافىئنىڭ ئوغۇللىرىدۇر. تۇنجى تۈركۈم مۇسۇلمانلاردىن بولغان دادىسى ئىككىنچى ئەقەبە بەيئىتىگە قاتناشتى. باشقا ساھابىلەرگە ئوخشاش ئۇمۇ مەدىنىدە ئىسلامنىڭ تارقىلىشىدا ناھايىتى كۈچلۈك تىرىشچانلىق كۆرسەتتى.

ئۇسەيد ۋە ئەنەس ئىسىملىك ئىككى ئوغلى بولغان زۇھەيرنىڭ ئائىلىسى بەختلىك ئىدى. پۈتۈن ئائىلە ئەزالىرى ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ بەختكە ئېرىشكەنىدى. پەيغەمبىرىمىز ھىجرەت قىلىپ كەلگەن چاغدا ئوغۇللىرىدىن ئۇسەيد ئون بىر، ئەنەس بولسا ئون ئىككى - ئون ئۈچ ياشلاردا ئىدى.[823]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرگە ناھايىتى كۆڭۈل بۆلىدىغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئەھۋاللىرىنى سوراپ يول كۆرسىتەتتى. زۇھەير دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا مۇنداق تەۋسىيە قىلغانىدى:

رافىئ ئىبنى ھۇدەيج بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى تاغام زۇھەير يېنىمىزغا كېلىپ:

- پەيغەمبىرىمىز بىزگە داۋاملىق قىلىپ كەلگەن بىر ئىشنى

(823) ئىبنى ئابدىلبەر، ئىستىيئاب، 1/195.



由 扫描全能王 扫描创建

قىلىشنى چەكلىدى،- دېدى.

- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نېمە دېگەن بولسا ئۇ ھەقتۇر،- دېدىم. تاغام:

- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ زىرائەت تېرىلغان يەرلىرىمىزنى كۆرۈپ، ساھابىلەرگە: «زۇھەيرنىڭ زىرائەتلىرى ئاجايىپ ئوخشاپتۇ» دەپتۇ. ساھابىلەر: «ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ زىرائەتلەر زۇھەيرنىڭ ئەمەس» دەپتۇ. پەيغەمبىرىمىز: «بۇ يەر زۇھەيرنىڭ ئەمەسمۇ؟» دەپ سوراپتۇ. ساھابىلەر: «شۇنداق، يەر زۇھەيرنىڭ. ئەمما، زىرائەتلەر پالانىنىڭ» دەپتۇ. پەيغەمبىرىمىز مېنى يېنىغا چاقىرىپ: «تېرىلغۇ يەرلىرىڭلارنى قانداق قىلىسىلەر؟» دەپ سورىدى. مەن: «ئۈچتە بىر ياكى بىرقانچە ۋەسەق[824] ئارپا ۋە ياكى خورمىغا ئىجارىگە بېرىمىز» دېگەنىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنداق قىلماڭلار، ئۇ يەرنى ئۆزۈڭلار تېرىڭلار ياكى بولمىسا، ئاق تاشلاپ قويۇڭلار» دېدى. مەن: «ئاڭلىدىم ۋە ئىتائەت قىلدىم» دېدىم.[825]

ئىسلام قوشۇنى ئۇھۇدقا بارىدىغان چاغدا، زۇھەير ئىككى ئوغلى ۋە جىيەنى بىلەن بىرلىكتە يولغا چىقتى. ئۇ چاغدا ئۇسەيد تېخى ئون تۆت ياشتا بولغانلىقى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى قايتۇرۇۋەتتى.[826]

ئۇسەيد تۇنجى قېتىم ئون بەش ياش چېغىدا خەندەك ئۇرۇشىغا قاتناشتى. خەندەك كولاش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئۇرۇشقا قاتنىشىپ - قاتناشماسلىق ھەققىدە پەيغەمبىرىمىزدىن ئىجازەت سورىدى. ئون بەش ياشقا كىرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇرۇشقا قاتنىشىشقا رۇخسەت قىلدى.[827]

ئۇسەيد ئىبنى زۇھەير ناھايىتى تىرىشچان ۋە جاسارەتلىك ئىدى. ئۇيەينە ئىبنى ھىسنىنىڭ ئادەملىرى مەدىنىگە يېقىن بىر يەردە ئوتلاۋاتقان

---

(824) بىر ۋەسەق، تەخمىنەن، 200 كىلوگرام.

(825) بۇخارى، مۇزارا، 18؛ مۇسلىم، بۇيۇ، 114؛ تەبەرانى، ئەلمۇئجەمۇل كەبىر، 4/289.

(826) ئىبنۇل ئەسىر، ئۇسدۇلغابە، 2654؛ ئىبنى ھەجەر، ئىسابە، 188، 270.

(827) ئىبنى ھىشام، سىيرە، 3 - 4/66.



由 扫描全能王 扫描创建

تۆگىلەرگە ھۇجۇم قىلغاندا، ئۇلارنى تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن ئەڭ ئالدىدا يۈگۈرگەن ساھابىلەردىن بىرى ئۇسەيد ئىدى. ھۇجۇم قىلغۇچىلار بەنى غىفارى قەبىلىسىدىن بولغان پادىچى بىلەن ئايالىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئۇ چاغدا تۆگىلەرنىڭ يېنىدا تۇرىۋاتقان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزمەتچىلىرىدىن رەباھ:

- تېز كېلىڭلار، بىزگە ھۇجۇم قىلدى،- دەپ پۈتۈن كۈچى بىلەن ۋارقىرىدى. ۋاقىرىغان ئاۋازنى ئاڭلىغان بەزى باتۇر ساھابىلەر يالىرى ۋە قىلىچلىرىنى ئېلىپ، ھۇجۇم قىلغانلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ ماڭدى. بۇلارنىڭ بىرى ئۇسەيد ئىبنى زۇھەير ئىدى. قىلىچىنى ۋە ئوقلىرىنى ئالغان پېتى ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلىدى.[828]

ئۇسەيد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن بولۇپ، ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان دەۋرىدە ۋاپات بولدى. قېرىندىشى ئەنەس ئىبنى زۇھەيرنىڭ قاچان ۋاپات بولغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات يوق.[829]

---

(828) ئىبنى ھىشام، 3 – 4 /282.

(829) ئىبنۇل ئەسىر، ئۇسدۇلغابە، 174، 252.

# پايدىلانغان ئەسەرلەر


- ئابدۇلھەمىد مۇھەممەد تاھماز: سەييەتۇ خەدىيجە، بېيرۇت، 1990.
- ئابدۇرراھمان بىن ھەممام: ئەلمۇسەننەف، -1 12، بېيرۇت، 1983.
- ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل: مۇسنەد، 6-1، ئىستانبۇل، 1992، چاغرى نەشرىياتى.
- ئەھمەد خەلىل جۇمئە: ئۇلەمائۇسساھابە، بېيرۇت، 2006.
- ئەلئەينى: ئۇمدەتۇلقارىئ، 16-1، بېيرۇت، 1998.
- بەدىئۇززامان سەئىد نۇرسى: رىسالەئى نۇر كۇللىياتى، 2-1، نەسىل نەشرىياتى، ئىستانبۇل، 2004.
- ئەلبەلازۇرى: ئەنسابۇل ئەشراف، 25-1، دەمەشق، 1997.
- ئەلبەيھەقى، ئەھمەد بىن ھۇسەيىن: دەلائىلۇنۇبۇۋۋە، 7-1، بېيرۇت، 1985.
- ئەلبەيھەقى، سۇنەن، 10-1، بېيرۇت.
- بۇخارىي: سەھىھ، 8-1، ئىستانبۇل، 1992، چاغرى نەشرىياتى.
- بۇخارىي: ئەدەبۇلمۇفرەد، قاھىرە، 2005.
- دارىمى: ئەسسۇنەن، 2-1، ئىستانبۇل، 1992، چاغرى نەشرىياتى.
- د ئ ئا: تۈركىيە دىيانەت ۋەقفى ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى، ئىستانبۇل.
- ئەبۇ داۋۇد: ئەسسۇنەن، 5-1، ئىستانبۇل، 1992، چاغرى نەشرىياتى.
- ئەبۇ نۇئەيىم ئەلئىسباھانى: ھىليەتۇل ئەۋلىيا، 10-1، بېيرۇت.
- ئەبۇ نۇئەيىم ئەلئىسباھانى: دەلائىلۇنۇبۇۋۋە، ھەيدەرئاباد، 1950.
- ئەبۇ نۇئەيىم ئەلئىسباھانى: مەئرىفەتۇسساھابە، 5-1، بېيرۇت، 2002.
- ئەبۇ يەئلا: مۇسنەد، 7-1، بېيرۇت، 1998.
- ھاكىم: ئەلمۇستەدرەك، 4-1، رىياد.
- ھەيسەمى، مەجمۇئۇززەۋائىد ۋە مەنبەئۇلفەۋائىد، 10-1، بېيرۇت، 1967.
- ئەلھىندى، ئەلىيىۇلمۇتتەقى: كەنزۇلئۇممال، 2-1، بېيرۇت، 2005.
- ئىبنى ئابدىلبەر، مۇھەممەد: ئەلئىستىيئاب فى مەئرىفەتىل ئەسھاب، 4-1، قاھىرە.
- ئىبنى ئابدىرراببىھ: ئىقدۇلفەرىيد، 3-1، قاھىرە، 1293.
- ئىبنى ئەبى شەيبە، ئابدۇللاھ ئىبنى مۇھەممەد: مۇسەننەف، 16، رىياد، 2004.




由 扫描全能王 扫描创建

- ئىبنى جەۋزى: سىفاتۇسسەفۋە، بېيرۇت، 2005.
- ئىبنى ھەجەر ئەلئەسقەلانى: ئەلئىسابە فى تەمىيزىسساھابە، 4-1، بېيرۇت، 2004.
- ئىبنى ھەجەر ئەلئەسقەلانى: فەتھۇلبارى بىشەرھى سەھىھۇلبۇخارى، 12-1، مىسىر، 1319-1329.
- ئىبنى ھەييان، مۇھەممەد ئىبنى خەلەف ۋەكىئ: ئەخبارۇل قۇدات، بېيرۇت، 2001.
- ئىبنى ھىشام، ئەسسىيرەتۇننەبەۋىييە، 4-1، مىسىر.
- ئىبنى كەسىر: ئەلبىدايە ۋەننىھايە، 2-1، بەيتۇلئەفكار، لۇۋان، 2004.
- ئىبنى كەسىر: تەفسىرۇل قۇرئانىل ئەزىم، 8-1، ئىستانبۇل، قەھرىمان نەشرىياتى، 1985.
- ئىبنى كەسىر: سىيرەتۇننەبەۋى، 2-1، بېيرۇت.
- ئىبنى قۇدامە، مۇھەممەد ئەلمەقدەسى: ئەتتىبيان تد ئەنسابىل قۇرەيشىيىن، بېيرۇت، 1988.
- ئىبنى ماجە: سۇنەن، 2-1، ئىستانبۇل، 1992، چاغرى نەشرىياتى.
- ئىبنى مەنزۇر: مۇختەسەر تارىخى دەمەشىق لىئىبنى ئەساكىر، 29-1، سۇرىيە، 1984.
- ئىبنى سەئىد: ئەتتەبەقاتۇلكۇبرا، 8-1، بېيرۇت.
- ئىبنى شەببەھ، ئەبۇ زەيد ئۆمەر: تارىخۇل مەدىنەتۇلمۇنەۋۋەرە، 4-1، بېيرۇت. 1990.
- ئىبنۇلئەسىر: ئۇسدۇلغابە فى مەئرىفەتۇسساھابە، 7-1، قاھىرە، 1970.
- ئىبنۇلئەسىر: ئەلكامىل فىتتارىخ، بەيتۇلئەفكار، بېيرۇت.
- قەلئەجى، مۇھەممەد رەۋۋاس: مەۋسۇئەتۇ فىقھى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس، بېيرۇت، 1996.
- قەلئەجى، مۇھەممەد رەۋۋاس: مەۋسۇئەتۇ فىقھى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر، بېيرۇت، 1995.
- قەلئەجى، مۇھەممەد رەۋۋاس: مەۋسۇئەتۇ فىقھى زەيد ئىبنى سابىت ۋە ئەبۇ ھۇرەيرە، بېيرۇت، 1993.
- ئەلكاندەھلەۋى، يۇسۇف: ھاياتۇسساھابە، 3-1، دارۇلمەئرىفە، بېيرۇت.
- قۇرئان – كەرىم ئاچىكلامالى مەئالى، تۈركىيە دىيانەت ۋەقفى، ئەنقەرە، 1999.
- قۇرتۇبى: ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان، 7-1، قاھىرە، 2005.
- ئەلمەقرىزى: ئىمتائۇل ئەسما، 15-1، بېيرۇت، 1999.
- مۇھەممەد ھۇسەيىن، ئەززەھەبى، دوكتور: ئەتتەفسىر ۋەلمۇفەسسىرۇن، 2-1، دارۇل كۇتۇبول ھەدىس، 1976.
- مۇھەممەد سەئىد مۇبەييىز: مەۋسۇئەتۇ ھاياتۇسساھابىييات، سۇرىيە، 1990.
- مۇھىيددىن مۇستەۋى: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر، دەمەشىق، 1973.
- مۇۋەتتا، ئىمام مالىك، 2-1، ئىستانبۇل، 1992، چاغرى نەشرىياتى.




由 扫描全能王 扫描创建

- مۇسلىم، سەھىھ، 3-1، ئىستانبۇل، 1992، چاغرى نەشرىياتى.
- نەسەئى، سۇنەن، 8-1، ئىستانبۇل، 1992، چاغرى نەشرىياتى.
- نەۋەۋى، ئەلمىنھاج شەرھۇ سەھىھۇلمۇسلىم، 18-1، بېيرۇت، 1998.
- ئەررازى، فەخرۇددىن: ئەتتەفسىرۇلكەبىر، 32-1، تېھران.
- ئەسسابۇنى، مۇھەممەد ئەلى، ئەتتىبيان فى ئۇلۇمىل قۇرئان، بېيرۇت، 1985 .
- سەللابى، دوكتور ئەلى مۇھەممەد: ئۇسمان بىن ئەففان، مەككە، 2003.
- سەللابى، دوكتور ئەلى مۇھەممەد: ئۆمەر ئەلخەتتاب، بېيرۇت، 2003.
- ئەسسۇيۇتى، جالالۇددىن: دۇررۇلمەنسۇر فىتتەفسىرى بىلمەسۇر، 8-1، بېيرۇت، 2001.
- ئەسسۇيۇتى، جالالۇددىن: تارىيخۇل خەلەفائ، ئىستانبۇل، 1952.
- ئەسسۇيۇتى، جالالۇددىن: ئەلئىتقان فى ئۇلۇمىل قۇرئان، 2-1، ئىستانبۇل، 1988.
- ئەششامى: سۇبۇلۇل ھۇدا ۋەررەشاد، 14-1، بېيرۇت، 1993.
- تەبەرانى: ئەلمەجمۇئۇل كەبىر، 25-1.
- تابەرى، ئەبۇ جەئفەر مۇھەممەد بىن جەرىر: تارىيخۇل ئۇمەم ۋەلمۇلۇك، 1، بەيتۇلئەفكار.
- تىرمىزى: سۇنەن، 6-1، ئىستانبۇل، 1992، چاغرى نەشرىياتى.
- ۋاقىدى: مەغازى، 3-1، بېيرۇت، 1984.خا
- ئەززەھەبى: سىيەرۇ ئەئلامۇننۇبەلا، 3-1، بېيرۇت، 2004.
- زەركانى، مۇھەممەد ئەبۇلئەزىم: شەرھۇلمەۋاھىبۇل لەددۇنىييە، 7-1، بېيرۇت، 1996.
- زەركانى، مۇھەممەد ئەبۇلئەزىم: مەناھىلۇل ئىرفان، 2-1، قاھىرە، 1918.



由 扫描全能王 扫描创建

# خاتىرە قالدۇرۇڭ

ئوقۇشنى باشلىغان ۋاقتىڭىز:
ئوقۇپ بولغان ۋاقتىڭىز:

由 扫描全能王 扫描创建

由 扫描全能王 扫描创建

# ئۆسمۈر ساھابىلەر

دوكتور ھىلال قارا - ئابدۇللاھ قارا

THG
0865043
CPC
THG 0865043 CPC

9 786051 623719
facebook.com/nesilyayinlari
twitter.com/nesilyayinlari
www.nesilyayinlari.com

由 扫描全能王 扫描创建